

مىخايىل شولوخوپ

# تىنچ دون

تىنچ دون

(1)

شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى

نومۇرى: M10124·80

باھاسى: 1 يۈەن 60 پۇڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مىخائىل شولوخوپ

# تىنچ دون

(1 - كىتاپ)

تەرجىمە قىلغۇچى: رەھمەتۇللا جارى

مەسئۇل موھەررىرى: ئوجەك خۇداۋەردى

شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى

بۇ كىتاپ خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 - يىلى 7 - ئايدا
نەشر قىلىنغان خۇبېي 5 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى
本书根据人民文学出版社一九八二年七月湖北第五次印刷本翻译

# تىنىچ دون (1)

*

شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش كوچىسى 9 - قورا)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
شىنجاڭ گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 850 × 1168 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 23.875
1984 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
1984 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M10124·80
سانى: 1 —— 10,300
باھاسى: 1 يۈەن 60 پۇڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاساسىي مەزمۇنى

«تىنچ دون» — سوۋېت ئىتتىپاقى ھازىرقى زامان يازغۇچىسى شولوخوپ يازغان رومان بولۇپ، 4 قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. 1 - قىسىمدا دون دەرياسى ۋادىسىدىكى كازاكلارنىڭ 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى تۇرمۇشى بايان قىلىنىدۇ. ئاپتور رومانىنىڭ باش قەھرىمانى گىرىگورىي مېلېخوپنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق، كازاكلارنىڭ ئەمگەك تۇرمۇشىنى، ئائىلە تۇرمۇشىنى، كازاك ياشلىرىنىڭ مۇھەببەتلىشىشىنى ھەم ھەر قايسى تەبىقىلەرنىڭ بۆلۈنۈش ۋە زىددىيىتىنى تەسۋىرلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كازاكلارنىڭ گازارما تۇرمۇشىنى ۋە كازاك ئوفىتسېرلىرى بىلەن سولداتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىمۇ بايان قىلىدۇ. 1 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى، كازاكلارنىڭ 1 - دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتنىشىش ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ كازاك يېزىلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى قاتارلىقلار كىتاپتا تەپسىلى بايان قىلىنىدۇ. شۇنداقلا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ كازاك رايونلىرى ۋە ئارمىيىسىدىكى پائالىيىتى بىلەن تەسىرى ھەم پارتىيىنىڭ قانداق قىلىپ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنى غەلىبىگە باشلىغانلىقىمۇ بايان قىلىنىدۇ.

«تىنچ دون» 1941 - يىلى 1 - دەرىجىلىك ستالىن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.



ئۇ ئاتنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ، نېمىشكە قويۇۋەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەستىن، ئۆزى چېپىپ تاشلىغان ئاۋستىرىيىلىك سولداتنىڭ قېشىغا كەلدى.

(521 - بەتكە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



«... ئۇ نېمەگە خۇشتار بولىدۇ؟ سېنى ساق ۋاقتىڭدا تاشلى-
ۋەتكەن، ئەمدى تارتۇغىڭغا ئىچى كۆيەمدۇ؟ گېرىشكەندىن ئۈمىدىڭنى
ئۈز. مېنىڭ گېپىم شۇ! قېنى كەشىڭنى توغرىلا! (697 - بەتكە)



«گورکا، گورکا!» ...

(200 - بەتکە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇلار ئۈچ ئاخشام قاتتىق ئولتۇرۇپ ئوقۇشتى. پېۋگاچېۋ توغرىسىدا، ئەركىن هايات توغرىسىدا، ستېپان رازىن ھەم كوندراتىي بۇلاۋىن توغرىسىدا يېزىلغان ئىدى.
(306 - بەتكە)



ھەي قۇتۇرغان شەيتان! ئاتقا دەسسىتىۋېتىشكە تاس قالدىڭ!
توختاپ تۇر، ئاتنى قانداق چاپتۇرغانلىقىڭنى داداڭغا ئېيتىمەن.
(42 - بەتكە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



«سەن مېنىڭ نېمەم بولىسەن؟ قېيىناتامىمۇ ھەە؟ قېيىناتامىمۇ؟...
ماڭا نېمىنى ئۆگەتمەكچى بولىسەن؟» (98 ـ بەتكە)



پەلەمپەينىڭ تاختايلىرى ئاۋالقىدەكلا غىچىرلاپ كەتتى.

(759 - بەتكە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىزنىڭ شانلىق يېرىمىز ھەيدەلمىگەن سوقىدا ...
چەيلەنگەندۇر بۇ زېمىن ئاتىنىڭ تۇياقلىرىدا.
ئەزىز يەرگە چېچىلغان كازاكلارنىڭ باشلىرى،
تىنچ دوننىڭ زىننىتى — ئەرسىز ئايال ياشلىرى.
تىنچ دوننىڭ بويىنى گۈللەتكەندۇر يېتىملار،
ئەجداتلارنىڭ يېشىدۇر دولقۇنلانغان ئېقىملار.

ئەي تىنچ دون، سەن بىزگە ئەڭ قەدىردان ئاتىسەن!
قەدىردانىم تىنچ دون، نىمانچە لاي ئاقىسەن؟
ئاھ، تېگىمدە ساناقسىز مۇزدەك بۇلاق قايناسا،
ئېقىمىمنى لايلىتىپ ئاپپاق بېلىق ئوينىسا،
نىمە قىلاي، چارەم يوق لايلانماستىن ئېقىشقا!

(قەدىمقى كازاك قوشاقلىرى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى قىسىم

www.uyghurkitap.com

# 1

مېلېخوپلارنىڭ ھويلىسى يېزىنىڭ ئەڭ چېتىدە ئىدى. مال قوراسىنىڭ دەرۋازىسى شىمالغا — دون دەرياسىغا قارىغان. ئۈستىنى يېشىل موخ قاپلىغان ئاپپاق خاداتاشلارنىڭ ئارىلىقىدا ئىگىزلىكى سەككىز سارجىن① كېلىدىغان تىك قىيا بولۇپ، شۇ يەردىن چۈشكەندە دەريا قىرغىقى: قىرغاقتا بولسا سەدەپتەك قۇلۇلىلەر چېچىلىپ ياتاتتى. دولقۇن يالاۋېرىپ كۆكىرىپ كەتكەن ئۇششاق شېغىللار گويا غىجىملانغان جىيەكتەك ئەگرى - بۈگرى سوزۇلغان ئىدى. سەل نېرىدا شامالدا جۇش ئۇرۇپ، قاپ - قارا دۇغلىنىپ ئېقىۋاتقان دوننىڭ تېز ئېقىمى، شەرقتە، ئەتراپى قىزىل تالدىن توقۇلغان قاشا تاملار بىلەن ئورالغان ئوت - چۆپ خامىنىنىڭ ئارقىسىدا «گېتمان كوچىسى»②، ئۇنىڭ نېرىسىدا شالاڭ ئۆسكەن ئەمەنلىك ۋە ئات تۇياقلىرىدا چەيلىنىپ كەتكەن جىتنى مەھكەم يوغان قولاق ياۋا گۈللەر يېپىلىپ ياتاتتى؛ يولنىڭ ئاچىمىقىدا

---

① سارجىن — 2 مېتىر 13 سانتىمېتىرغا باراۋەر.

② گېتمان — بۇرۇنقى زاماندا كازاكلارنىڭ قوشۇن باشلىقى ياكى ئالىي ھاكىم.

كىچىككىنە چىرىكاۋ جايلاشقان. ئۇنىڭ ئارقىسىدا سەداپىنەك جىمىرلاپ تۇرغان دالا؛ جەنۇپتا — ئاق گەج تاغ تىزمىلىرى؛ غەرپتە — مەيداننى كېسىپ ئۆتكەن كوچا سايلىققا قاراپ كىرىپ كەتكەن.

تۈركىيە بىلەن بولغان ئاخىرقى ئۇرۇشلارنىڭ ئالدىنقى بىرسىدە كازاك پروكوفىي مېلېخوپ يېزىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ تۈركلەر يۇرتىدىن يۈزىگە رومال ئورىۋالغان ۋىجىككىنە بىر ئايالنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ ئايال ھەمىشەم يۈزىنى يېپىپ يۈرەتتى. ناگان ـ ناگاندىلا غەمكىن ياتسىرىغان كۆزلىرىنى كۆرسىتىپ قوياتتى. شايى رومىلىدىن ياتلا بىر پۇراق كېلەتتى، ئۇنىڭ كېپىنەك گۈللىرى قىز ـ چوكانلارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايتتى. ئەسىرگە چۈشكەن بۇ تۈرك قىزى پروكوفىينىڭ ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە تۇتقاچقا، پروكوفىينىڭ ئاتىسى قېرى مېلېخوپ كوپ ئۆتمەي ئوغلىنى بۆلەك قىلىپ قويدى، تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەلەمىنى ئىچىدىن چىقارماي، ئوغلى پروكوفىينىڭ ئۆيىگە دەسسىمىدى.

پروكوفىي تېز ئارىدا ئۆزىگە ئۆي سېلىۋالدى: تاختاي ئۆيلەرنى ياغاچچىلار ياساپ بەردى، مال قوراسىنىڭ قاشا تاملىرىنى ئۆزى چورىدىۋالدى، كۈز پەسلىگە يېقىن ئۆزىنىڭ چەت يۇرتلۇق دۈمچەك خوتۇنىنى يېڭى ئۆيگە ئېلىپ كەلدى. مال ـ مۈلكى بېسىلغان ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن پروكوفىي ئايالى بىلەن بىللە يېزىدىن ئۆتكەندە، ئۇلارنى كورۇش ئۈچۈن چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئادەم كوچىغا چىقىشتى. كازاكلار مۇلايىملىق بىلەن مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇشاتتى، ئا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

يالالارچا ئۇلداپ بىر ـ بىرى بىلەن چۇرۇقلىشىپ كەتتى، بىر توپ يۇزىنى يۇمايدىغان مەينەت باللار پروكوفىينىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ، «كۇ ـ كۇ ـ كۇ...، كۇ ـ كۇ ـ كۇ...» دەپ مازاق قىلىشتى، ئەمما پروكوفىي چەكمىنىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋېتىپ، شۇدىگەرلىكتە ماڭغاندەك ئاستا قەدەم تاشلاپ كېتىۋەردى، قارا قولىرى بىلەن ئايلىنىڭ نازۇك بىلىكىنى مەھكەم تۇتۇپ، مەللە چاچ بېشىنى ئېگىز كوتىرىپ باراتتى، ـــ پەقەت قـوۋزىنىڭ ئۇستىدە تومپىيىپ تۇرغان بەزدەك بىر نىمە غىلدىرلاپ تۇراتتى، تـاشتەك قېتىپ زادىـلا مىـدىرلىمايدىغان قاشلىرى ئارىسىدا تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى.

شۇ چاغدىن تارتىپ ئۇنى يېزىدا كىشىلەر ناھايىتى ئاز كورۇشەتتى، مەيدان يىغىنلىرىغىمۇ بارمىدى، ئۇ، دون ياقىسىدىكى ئويىدە ياۋايى ئادەمدەك يەككىلىنىپ ياشىدى. ئۇنىڭ ھەقـقىدە يېزىدا ئاجايىپ ـ غارايىپ ئـوسەكلەر پەيدا بولغىلى تۇردى. ئوتلاقتا موزاي بېقىپ يۇرگەن پادىچى بـالىلارنىڭ سوزلەپ بېرىشىچە، پروكوفىي ھەر كۇنى كەچقۇرۇن قاش قارايغان پەيتتە خوتۇنىنى ئىككى قولىدا كوتىرىۋېلىپ، تـاتار قورغـىنىغا ئېلىپ بارمىش، بالىلار بۇنى ئوز كوزى بىلەن كورۇپتۇ. ئۇ يەردە ئايلىنى قورغاننىڭ ئەڭ ئۇستىدىكى چوققىغا ئېـلىپ چىقىپ، ئەسىرلەردىن بۇيان نېپىزلەپ ھوتمە تـوشۇك بولۇپ كەتكەن تاشقا يولەندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئوزىمۇ يېـنىدا بىللە ئولتۇرۇپ، دالىغا ئۇزاق ۋاقىت كوز تىكەرمىش. ئۇلار تاكى شەپەق نۇرى يوقالغىچە قاراپ تۇرارمىش، ئۇنـدىن كېيىن پروكوفىي ئايلىنى چەكمەنگە يـوگەپ، ئىككى قولىدا كوتەرگەن پېتى ئويگە ئېلىپ كېلەرمىش. پۇتۇن يېـ

زىدىكىلەر بۇنداق غەلىتە قىلىقنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي بېشى قاتاتتى. ئاياللار بىر ۋاقىتقىچە مۇشۇ گەپ - سۆز بىلەن بولۇپ كەتتى. پروكوفېينىڭ ئايىلى توغرىسىدا ھەر خىل گەپلەر تارالدى: بەزىلەر ئۇنى ھوسنى - جامالدا تەڭدىشى يوق گۈزەل ئىكەن دېسە، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ تەتۇرىسىنى ئېيتىشاتتى. ئاياللارنىڭ ئەڭ نوچىسى سولدات خوتۇنى مارۋا پروكوفېينىڭكىگە يېڭى ئېچىتقۇ سوراش بانىسى بىلەن كىرىپ چىققاندىن كېيىن پۈتۈن ئىش چۈشىنىشلىك بولدى. پروكوفېي ئېچىتقۇ ئۈچۈن گەمىگە چۈشۈپ چىققىچە مارۋا بۇ ئايالنى باشتىن - ئاياق سەپسېلىپ كۆرۈپ ئۈلگۈرگەن — پروكوفېي تۈرك خوتۇنلىرى ئىچىدە ئەڭ سەت بىر ئايالغا ئۇچقاشقان ئىكەن...

بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بېشىدىكى رومىلى يان تەرەپكە قىيشىيىپ چۈشكەن، يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن مارۋا بىر توپ ئايالنى تار كوچىغا يىغىۋېلىپ بىلجىرلاشقا باشلىدى:

— ماڭا قاراڭلار، سۆيۈملۈكلىرىم، پروكوفېيغا ئۇنىڭ قەيىرى يېقىپ قالغاندۇ؟ كاشكى ئۇنىڭ ئايال دېگۈچىلىكى بولسا مەيلى ئىدىغۇ... نە دۈمبىسى بولسۇن، نە قوسىقى، بار - يوقى بىر مەخلۇق! بىزنىڭ قىزلىرىمىز ئۇنىڭدىن مىڭ چەندان تۈزۈك. ئۇنىڭ ھەردەك ئىنچىكە بېلى سەللا تارتىلسا ئۈزۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن؛ كۆزلىرى قاپ - قارا، يوغان يوغان،خۇدا يا توۋا، بۇ كۆزلەر بىر چەكچەيسە بارمۇ بەئەينى ئالۋاستىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئېغىرئاياق بولسا كېرەك، راست ئېيتىمەن!

www.uyghurkitap.com

— ئېغىراياق؟ — ھەيران قېلىشتى ئاياللار.

— مەن كىچىك بالا ئەمەسقۇ، 3 بالا بېقىپ چوڭ قىلـغان تۇرسام، بۇنى بىلمەمدىمەن؟

— ئەپتى - بەشىرىسى قانداقراقكەن؟

— ئەپتى - بەشىرىسىنى دەمسىلەر؟ يۈزى ساپ - سېرىق، كۆزلىرى غەمكىن، ئېھتىمال، يات يۇرتتا. كـۆڭلى كۆتۈرۈلۈك ئۆتمەيۋاتسا كېرەك، قارىمامسىلەر، ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىنى؟ تېخى پروكوفيېۋنىڭ شالۋۇرىنى كىيىۋېلىپتۇ.

— شۇنداقمۇ؟... — ئاياللار چۇچۇپ بىردەك ئۇھ-ئۇھلاشتى.

— شالۋۇر كىيىۋالغىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئەمما جىيەك تۇتۇلمىغان شالۋۇر، بەلكىم ئېرىنىڭ ئۆي ئىچىدە كىيىدىغان شالۋۇرى بولسا كېرەك. ئۈستىگە ئۇزۇن كۆينەك كىيـگەن بولسىمۇ، شالۋۇرى ئاستىدىن كۆرۈنۈپ قاپتۇ، ئىككى پاچىقىنى پايپېقىنىڭ ئىچىگە تىقىۋاپتۇ. بىر قاراپ، شۇنداق كۆڭلۈم ئاينىدىكى...

يېزىدا، پروكوفيېۋنىڭ خوتۇنى جادىگەرلىك قىلىۋېتىپتۇ، دېگەن مىش - مىش گەپلەر تارالدى. ئاستاخوپلارنىڭ كېلىنى (ئاستاخوپنىڭ ئۆيى يېزىنىڭ چېتىدە بولۇپ، پروكوفيېغا خوشنا ئىدى)، «ترويىتسا① بايرىمىنىڭ ئىككىنچى كۈنى تاڭ ئاتار چاغدا پروكوفيېۋنىڭ خوتۇنىنىڭ يالاڭۋاش، يالـڭاياق ھالدا كالا قوتىنىغا كىرىپ، ئىنەكلىرىمىزنى سېغىۋاتـقانلىقىنى كۆردۈم» دەپ خۇدانى شەپى كەلتۈرۈپ، قەسەم ئىچكەن. شۇ چاغدىن تارتىپ كالىسىنىڭ يېلىنى تارتىلىپ، كىچىك بالىنىڭ مۇشتىدەكلا بولۇپ قاپتۇمىش، سۈتى قۇرۇپ، كۆپ ئۆتـ

① ترويىتسا — خرىستىيان دىنىدىكىلەرنىڭ بىر بايرىمى.

مەي ئۆزىمۇ ھارام بولۇپ قاپتۇ.

شۇ يىلى ماللار ئارىسىدا يۇقۇملۇق كېسەل تارىلىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەن ئىدى. دونيا-قىسمىدىكى قوتانلاردا ھەر كۈنى مال ئۆلۈۋېرىپ، قۇملۇقلار ئىنەك بىلەن موزايىنىڭ ئۆلۈكىگە تولۇپ كەتتى. يۇقۇملۇق كېسەل ئاتلارغىمۇ ئۆتتى. يېزا يىلقىلىرىدا قويۇۋېتىلگەن ئاتلارمۇ ئازىيىشقا باشلىدى. مانا شۇ مەزگىلدە كوچا-كويلاردا ھېلىقى شۇم خەۋەر تارقالغان ئىدى...

يېزا يىغىنىدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان قازاقلار پروكوفېيىنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

ئۆي ئىگىسى پىشايۋانغا چىقىپ تازىم قىلدى.

— ھورمەتلىك ئاتىلار، نىمە ئىش بىلەن بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلىشتىڭىز؟

كىشىلەر توپى ئۈنچىقماستىن پەلەمپەيىنىڭ قېشىغا يېقىن كېلىشتى.

ئاخىرى، ئازراق قىزىۋالغان بىر بوۋاي بىرىنچى بولۇپ جىملىقنى بۇزدى:

— جادىگەرىڭنى قېشىمىزغا ئېلىپ چىق، سوراق قىلىمىز!...

پروكوفېي ئۆيىگە ئېتىلىپ كىرىپ كەتتى، ئەمما ئۇنى قوغلاپ دەھلىزدە يېتىشىۋېلىشتى، كوچا-كويلاردا «بىكارچى» دەپ نام چىقارغان ئىگىز بويلۇق زەمبىرەكچى يىگىت پروكوفېينىڭ بېشىنى تامغا نىقتاپ، تەھدىت سالدى:

— ئۇنىڭنى چىقارما، چوقان سالما، چوقان كۆتەرگەندەك ھېچ ئىش يوق!... ساڭا تەگمەيمىز، ئەمما خوتۇنىڭنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەر بىلەن يەكسان قىلىمىز. پۈتۈن يېزا مالسىز قېلىپ ھالاك بولغاندىن كورە ئاشۇ جادىگەرنى يوقاتقىنىمىز تۈزۈك. ئۇنىڭنى چىقارساڭ بېشىڭنى تامغا يەملەپ، بىر يولى تامنى ئۆرۈۋېتىمەن!

— ئۇ قانجىقنى سورەپ بۇيانغا ئېلىپ چىق، قوتانغا! ... — دەپ ۋاقىراشتى پەلەمپەيىنىڭ ئالدىدا تۇرغانلار.

پروكوفېي بىلەن بىر پولكتا خىزمەت قىلغان بىر كازاك تۇرك ئايالىنىڭ چېچىنى قولىغا ئوراپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ دات - پەرياد كوتەرگەن ئاغزىنى ئېتىپ، يۈگۈرگەن پېتى ئۇنى دەھلىزدىن سورەپ چىقىپ، ئايالىنىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلىدى. ۋاڭ - چۇڭ ئىچىدە قۇلاقنى يارغىدەك چىقىراق ئاۋاز ئاڭلاندى.

پروكوفېي 6 كازاكنى ئىككى تەرەپكە ئۇلاقتۇرۇۋېتىپ تاشلىدى - دە، ئويىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، تامدىكى قىلىچنى ئېلىپ چىقتى. كازاكلار بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ، دەھلىزدىن ئۇيۇر - تويۇر بولۇپ قېچىشتى. پروكوفېي ۋاللىداپ تۇرغان قىلىچنى باش ئۇستىدە ئوينىتىپ، پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشتى، ئالمانچىلار توپى ئالاقزادە بولۇپ بۇلۇڭ-پۇشقاقلارغا تارىلىپ كەتتى.

پروكوفېي ئامبارنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈشكە ھالى قالمىغان زەمبىركچى «بىكارچى»نى قوغلاپ يەتتى - دە، ئارقا تەرەپتىن سول مۈرىسىگە قىلىچ ئۇرۇپ، ئۇنى بىلىكىچە ئىككى نىمتە قىلىپ تاشلىدى. قاشا تاملاردىن قوزۇق سۇغۇرۇۋاتقان كازاكلار ئوت - چوپ بېسىلغان خامان ئارقىلىق دا-

لىغا تومتاراقاي قېچىشتى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن، خەلق توپى قايتىدىن جۈرئەت پەيدا قىلىپ هويلىغا يېقىنلىشىپ كەلدى. ئەهۋال ئۇقۇش ئۈچۈن ئالدىدا ماڭغان ئىككى كازاك ئاستا سىقىلىپ دەهلىزگە كىردى. ئاشخانىنىڭ بوسۇغىسىدا پروكوفېينىڭ خوتۇنى قانغا بۇلۇنۇپ، بېشى ئارقىسىغا قىيشايغان هالدا ياتاتتى؛ جان ئازاۋىدا كاسىلداپ تۇرغان چىشلىرى ئارىسىدا تىلى قىسىلىپ، مىدىرلاپ تۇراتتى. پروكوفېينىڭ بېشى تىتىرەپ، كوزلىرى بىر جايغا تىكىلىپ تۇرۇپ قالغان ئىدى، ئۇ توختىماي ئىڭەلەپ يىغلاۋاتقان بىر پارچە گوشنى — چالا تۇغۇلغان بوۋاقنى جۇۋىسىغا يوگىدى.

× ×

پروكوفېينىڭ ئايلى شۈكۈنى كەچقۇرۇن جان ئۈزدى. ئاي، كۈنى توشماستىن تۇغۇلغان بالىنى پروكوفېينىڭ ئانىسى ئىچ ئاغرىتىپ ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

ئۇنى قىزىتىلغان كېپەككە ياتقۇزۇپ، بىيە سۈتى بىلەن بېقىشتى، بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن بۇ قاراقۇمچاق تۈرك چىراي ئوغۇلچاقنىڭ هايات قالىدىغانلىقىغا كوزلىرى يەتكەندىن كېيىن، چىركاۋغا ئېلىپ كېلىپ چوقۇندۇرۇشتى. ئۇنىڭغا پانتېلېي دەپ بوۋىسىنىڭ ئېتىنى قويۇشتى، پروكوفېي سۈرگۈندىن 12 يىلدىن كېيىن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كالتە قىلىپ قىرقىلغان مەلىرەڭ، ئالا - بۇلا ئاق كىرگەن چاساقىلى ۋە ئۇستىدىكى ئاددى رۇسچە كىيىمى ئۇنى يات،

كازاكقا ئوخشمايدىغان بىر قىيا پەتىكە كىرگۈزگەن ئىدى. ئۇ ئوغلىنى ئېلىپ، ئۆز ئېگىلىگىنى تىكلەشكە كىرىشتى.

پانتېلېي قارا قۇمچاق، جەسۇر يىگىت بولۇپ ئۆستى. يۈزى ۋە كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى ئانىسىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

پروكوفېي ئۇنى كازاك قىزغا ـــ خوشنىسىنىڭ قىزىغا ئۆيلەندۈرۈپ قويدى.

شۇچاغدىن تارتىپ، تۈرك قېنى بىلەن كازاك قېنى ئارىلىشىپ كەتتى. يېزىدا قىر بۇرۇن، ئاجايىپ چىرايلىق كازاك مېلېخوپلار دەپ، كوچا ـ كويدا بولسا، «تۈركلەر» دەپ نام چىقىرىش ئەنە شۇنىڭدىن باشلانغان.

پانتېلېي دادىسىنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن ئېگىلىك ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى: ئۆيلىرىنى يېڭىۋاشتىن ياپتى، يېرىم گېكتارچە ئاق تاشلانغان بوز يەرنى ئۆز ئېگىلىگىگە قوشۇۋالدى، يېڭى ئامبار ـ سارايلارنى سېلىپ، ئۆستىنى تۇنىكە بىلەن ياپتى. تۇنىكچى ئۇستا ئۆي ئىگىسىنىڭ بۇيرۇتمىسى بويىچە بىر جۈپ تۇنىكە خورازنى ياساپ، ئامبارنىڭ ئۆگزىسى ئۈستىگە بېكىتىپ بەردى. بۇ خورازلار مېلېخوپ هويلىسىغا تولىمۇ يارىشىپ، ئۇنىڭغا باياشات، دۆلەتلىك ئائىلە تۈسىنى بەردى.

پانتېلېي پروكوفېيېۋىچنىڭ يېشى ئۇلغىيىپ، قېرىلىققا ئاقىقانسېرى ئۇ توغرىسىغا يوغىناپ، بىر ئاز مۈكچەيگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا تېتىك بىر بوۋاي بولۇپ كورۇنەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرى قاتمال، ئۆزى ئاقساق (ياشلىقىدا ئىمپېراتور كۆرىكىدە بەيگىدە ئات چاپتۇرغاندا سول پۇتى سۇن-

قان ئىدى)، سول قۇلىغىغا يېرىم ئاي شەكلىدە كۈمۈش سىر-
غا سېلىپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ چاچ - ساقىلىنىڭ قارىلىقى تاكى
قېرىغانغا قەدەر بىر تۇستە تۇرۇۋەردى؛ ئۇ ئۆزىنى يوقىتىپ
قويىدىغان دەرىجىدە ئاچچىقى يامان ئىدى، شۇ سەۋەپتىن
بولسا كېرەك، بىر زامانلاردا ناھايىتى چىرايلىق بولغان ئا-
يالىنى بىمەزەل قېرىتىۋەتتى، ئەمدىلىكتە بۇ قاۋۇل ئايال-
نى قورۇق بېسىپ كەتكەن ئىدى.

ئويلۇك - ئوچاقلىق بولغان چوڭ ئوغلى پېترو ئانىسىغا
ئوخشايتتى: گەۋدىسى كىچىكرەك، پۈچۈق بۇرۇن، قوي كۆز،
بۇغداي ئۆڭلۈك، چاچلىرى جىڭگىلەك ئىدى؛ كىچىك ئوغلى
گىرىگورىي دادىسىغا تارتقان: گەرچە پېترودىن 6 ياش كىچىك
بولسىمۇ، بويى بىر غېرىچ ئېگىز بولۇپ، دادىسىغا ئوخشاش
قۇشبۇرۇن، بىر ئاز قىيپاچراق كوكۇمتۇل بادام قاپاق چا-
ناقلىرىدا كوزلىرى ئوتتەك چاقناپ تۇراتتى، ياڭاق سوڭگى
بۇرتۇپ چىققان، يۈزى قارامتۇل قىزىل ئىدى. گىرىگورىيمۇ
دادىسىغا ئوخشاش مۈرىسىنى سەل ئېگىپ ماڭاتتى، ھەتتا
ھەر ئىككىسىنىڭ كۈلۈشلىرى ئوخشاش بولۇپ، سەل ياۋاپىس-
راق ئىدى.

دادىسىنىڭ ئەكە قىزى دۇناشكا قوللىرى ئۇزۇن، كوز-
لىرى چوڭ، تېخى بويىغا يەتمىگەن قىز ئىدى، بۇنىڭ-
دىن باشقا پېترونىڭ ئايىلى داريە ۋە ئۇنىڭ ئەمچەكتىكى
بالىسىمۇ بار — مېلېخوپىنىڭ پۈتۈن ئائىلە تاۋابىئاتى
مانا شۇلاردىن ئىبارەت ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## 2

تاڭ چېغىنىڭ كۆلرەڭ ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار ناھايىتى شالاڭ چىمىرلىشىپ تۇراتتى. بۇلۇتلارنىڭ ئاستىدىن شامال سىيلاپ يۈرەتتى. دون دەرياسىدىن كۆتىرىلگەن تۇمان گەج تاغنىڭ يانباغرىنى ياقىلاپ، باشسىز يىلاندەك يېشىل ـ كۆك تۈستە تولغىنىپ، يارلىقنىڭ ئارىسىغا ئۆمىلەپ كىرىپ كەتمەكتە. دوننىڭ سول قىرغىقىدىكى قۇملۇقلار، چاتقاللار، قومۇش قاپلىغان ساسلىقلار، شەبنەم باسقان ئورمانلار — سوغاق شەپەق نۇرىدا تاۋلىناتتى. كۈن ئۈپۈقتىن باش كۆتىرەلمەي، ھالىدىن كەتكەندەك ئىدى.

مېلېخوپلار ئائىلىسىدە ھەممىدىن بۇرۇن پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ئۇيقۇدىن باش كۆتەردى. ئۇ كىرىست گۈللۈك چاقماق كۆينىگىنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىۋېتىپ، پىشايۋانغا چىقتى. ئوت باسقان ھويلىغا كۈمۈش شەبنەم چۈشكەن ئىدى.ماللارىنى تار كوچىغا قويۇپ بەردى. دارىيە كۆينەكچان ئىنەك سېغىشقا ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يالىڭاچ ئاپپاق پاچاقلىرىغا سۈتتەك شەبنەم چاچرايتتى، ئاياق ئاستىدا يەنچىلگەن ئوتلار قوتانغىچە سۇس ئىز قالدۇردى.

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ دارىيەنىڭ ئايىغى ئاستىدا يەنچىلگەن ئوتلارنىڭ قايتا بېشى كۆتىرىلىۋاتقانلىقىنى بىردەم كۆزىتىپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ

كەتتى.

يوغان ئېچىپ قويۇلغان دەرىزە تۈۋىدە باغچىدىكى گىلاس دەرىخىدىن توكۇلگەن چىچەكنىڭ بەرگىلىرى يەردە قىزىرىپ تۇراتتى. گرىگورىي قوللىرىنى ئىككى ياققا تاشلاپ، يۈزىنى تۈۋەن قىلىپ ئۇخلاۋاتاتتى.

— گرىنشكا، بېلىق تۇتۇشقا بارامسەن؟

— نېمە دېدىڭ؟ — ئۇ پىچىرلاپ سورىدى-دە، پۇتلىرىنى كارىۋاتتىن چۈشۈردى.

— يۈر، تاڭ ۋاقتىدا بىر دەم ئولتۇرىمىز.

گرىگورىي پىشىلداپ نىمكەش شالۋۇرىنى قوزۇقتىن ئېلىپ كىيىپ، ئۇنىڭ ئىككى پاقالچىقىنى ئاپپاق يۇڭ پايپاقنىڭ ئىچىگە تىقتى، ئاندىن قونجى تۈرۈلۈپ كەتكەن چورۇقىنى ئوڭلاپ بىر ھازادا كىيىپ بولدى.

— ئانام قارماققا ئىلىدىغان دانىنى پىشۇرۇپ قويۇپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا، دادىسىنىڭ كەينىدىن چىقىۋېتىپ.

— پىشۇرۇپ قويىدى. سەن قېيىقنىڭ قېشىغا بېرىپ تۇرغىن، مەن ھازىرلا بارىمەن.

بوۋاي دۇملەپ پىشۇرۇلغان پۇراقلىق دانىنى كوينىكىنىڭ ئېتىكىگە توكتى. توكۇلۇپ قالغانلىرىنى سىپىلاپ ئالىقىنىغا ئالدى-دە، سول پۇتىغا ئېغىرلىقىنى سېلىپ ئاقساغان پېتى پەسكە قاراپ ماڭدى. گرىگورىي قېيىقتا شۇمشىيىپ ئولتۇراتتى.

— قاياققا ھەيدەيمەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— قارا يارلىققا، قايسى كۈنى بېلىق تۇتقان ئاشۇ دەرەخ چوككەن يەرگە قارماق تاشلاپ باقمىز.

قېيىق قۇيرۇغى بىلەن يەرنى جىجىپ سۇغا چۈشتى-دە، قىرغاقتىن يىراقلىشىپ كەتتى. شىددەتلىك ئېقىم ئۇنى تەۋرىتىپ، يان تەرەپكە قىيشايتۇرۇپ ئاققۇزۇپ كەتتى. گىرگورىي پالاقنى سۇدىن ئالماستىن، ھەيدەپ كېتىۋەردى.

— ھەيدىسەڭچۇ.

— توختاپ تۇر، ئوتتۇرىسىغىراق بېرىۋالايلى.

قېيىق دەريانىڭ تېز ئاقىدىغان يېرىنى كېسىپ ئوتۇپ، سول قىرغاققا قاراپ يول ئالدى. يېزا تەرەپتىن خورازلارنىڭ قىچقىرغان ئاۋازى سۇدا غۇۋا ئاڭلىناتتى. قېيىق سۇنىڭ ئۇستىگە چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان كىمىرچەك قارا تاشقا يېنى بىلەن ئۇرۇلۇپ ئوتۇپ، بىر چوڭقۇرچاققا كېلىپ توختىدى. قىرغاقتىن بەش سارجىن نېرىدا سۇغا چوكۇپ تۇرغان قارىياغاچنىڭ ئەگرى - بوگرى شاخلىرى چوقچىيىپ كورۇنۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا لاي كوپۇكلەر قايىنامىدا ئايلىناتتى.

— يېپنى يەش، مەن قارماققا دان ئىلىمەن، — دادىسى گىرىگورىيغا پىچىرلىدى - دە، قولىنى ھور چىقىپ تۇرغان كوزىچاقنىڭ ئىچىگە تىقتى.

سۇغا چېچىلىپ كەتكەن دان، گويا بىرسى "شىرت!" دېگەندەك ئېنىقلا شىرىلدىدى. گىرىگورىي پىشۇرۇلغان داننى قارماققا ئىلىۋېتىپ كۇلۇمسىرەپ قويدى.

— چۇشۇڭلار، بېلىقلار، چۇشۇۋېرىڭلار، چوڭ - كىچىك ھەممىڭلار ئىلىنىڭلار.

سۇغا دائىرە شەكلىدە چۇشكەن قارماق يىپى تارىدەك
تارتىلىپ يەنە بوشاشتى، قوغۇشۇنى دەريانىڭ تىگىگە تې-
گەي - تېگەي دەپ قالغان ئىدى، گىرىگورىي قارماق دەس-
تىسىنى پۇتى بىلەن بېسىپ تۇرۇپ، ئاستا تاماكا خالتىسى-
نى ئالدى.

— ئىش ئەپلەشمەيۋاتىدۇ، دادا... ئاي كىچىكلەپ
قاپتۇ.

— سەرەڭگە ئېلىۋالغانمىدىڭ؟

— ھەئە.

— ياندۇر.

بوۋاي تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇۋېلىپ، سۇغا چوكۇپ
تۇرغان دەرەخ تەرەپتە بىر جايدا قېتىپ تۇرۇپ قالغان
قۇياشقا قاراپ قويدى.

— سازاڭ بېلىق ھەرقانداق چاغدا قارماققا چۇشۇ-
ۋېرىدۇ. بەزىدە ئاي كىچىكلەپ قالسىمۇ چۇشىدۇ.

— ئاجايىپ ئىش. كىچىك بېلىقلار داننى يەپ قېچى-
ۋاتىدۇ، — دېدى گىرىگورىي خۇرسىنىپ.

قېيىقنىڭ يېنىدا بىرنەمە چوكۇلداپ، سۇ تەۋرىنىپ
كەتتى - دە، ئۇزۇنلۇغى ئىككى گەز كېلىدىغان، مىستەك
قىپ - قىزىل بىر بېلىق ئاچا قۇيرۇغىنى سۇدا تولغاپ
شالاپلاپ ئۇستىگە چىقتى. قېيىقنىڭ ئىچىگە سۇ چاچرىدى.

— ئەمدى كۇتۇپ تۇر! — پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ھول
ساقىلىنى يېڭى بىلەن ئەرتتى.

**سۇغا چوكۇپ تۇرغان قارىياغاچنىڭ يېنىدا ئادەمنىڭ**

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلىكىگە ئوخشاش يالىڭاچلىنىپ قالغان ياپراقسىز شاخلار
ئارىسىدا ئىككى سازاڭ بېلىق بىر يولى سەكرەپ چىقتى؛
ئۈچىنچى كىچىكىرەك بىرسى يارغا ئۆزىنى ئۇرۇپ، پىلتىڭ-
لاشقا باشلىدى.

× ×

گىرىگورىي تاماكا ئورىغان قەغەزنىڭ
ئەملەنگەن ئۇچىنى سەۋرسىزلىك بىلەن
چاينايتتى، نۇرسىز قۇياش نەيزە بويى كۆتىرىلدى. پانتېلېي
پروكوفيېۋىچ قارماققا ئىلىدىغان دانىنى ئىشلىتىپ بولغاندىن
كېيىن لەۋلىرىنى كوڭۇلسىز پۈرۈشتۈرۈپ، مىدىرلىماي تۇرغان
قارماق دەستىسىنىڭ ئۇچىغا قاتتىق كوز تىكىپ تۇراتتى.
گىرىگورىي تاماكىسىنىڭ قالدۇغىنى پۈپ قىلىپ ئاغزى-
دىن چۈشۈرۈۋەتتى-دە، ئۇنىڭ شىددەت بىلەن ئۇچۇپ
چۈشۈۋاتقانلىقىغا غەزەپ بىلەن قاراپ قويدى. ئۇ ئۆزىنى
ئۇخلىغىلى قويماي بالدۇرلا ئويغىتىۋەتكەن دادىسىنى ئىچىدە
تىللايتتى، ناشتا قىلماي چەككەن تاماكىدىن ئاغزى قۇيقا
پۇرىغىدەك لاۋزىلاشتى. چاڭگىلىدا سۇ ئىچمەكچى بولۇپ
ئېڭىشكەن ئىدى، شۇ چاغدا سۇدىن يېرىم گەز كۆتىرىلىپ
تۇرغان قارماق دەستىسىنىڭ ئۇچى سەل مىدىرلىدى-دە،
ئاستا تۆۋەنگە ئېگىلدى.
— تارت! — دېدى بوۋاي بىر ئۇھ تارتىپ.
گىرىگورىي ئالدىراپ قارماقنى تارتتى، ئەمما قارماق
دەستىسىنىڭ ئۇچى شۇئاندىلا سۇغا كىرىپ كېتىپ، كاماندەك

ئېگىلىپ كەتتى. گويا چاقپىلە كتەك بىر نەرسە زور كۈچ بىلەن قىزىل دەستىلىك قارماقنى بوي بەرمەستىن پەسكە تارتاتتى.

— چىڭ تۇت! — دەپ ئىگرىدى بوۋاي قېيىقنى قىرغاقتىن چەتلەندۈرۈپ.

گىرىگورىي قانچىلىك كۈچىگەن بولسىمۇ، قارماقنى تارتىۋالالمىدى، يوغان كاناپ شويناشارتلا ئۈزۈلۈپ كەتتى، گىرىگورىي مۇۋازىنەتنى يوقىتىپ ئىككى تەرەپكە تەۋرىنىپ كەتتى.

— ئۇزىمۇ بالادەك زور بىر نىمە ئوخشايدۇ! — دىدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ قارماققا دان ئىلالماي قولىتەمتىرەپ.

گىرىگورىي ھاياجان ئىچىدە ھىجىيىپ قويۇپ، باشقا بىر قارماققا يىپ بېكىتىپ سۇغا تاشلىدى.

قارماقنىڭ چوكتۇرگۇچىسى سۇنىڭ تىگىگە يېتەر - يەتمەستىن دەستىنىڭ ئۇچى يەنە ئېگىلدى.

— ھەي، شەيتان! ... — دەپ غىڭشىپ قويدى گىرىگورىي ۋەشۇئاندىلا دەريانىڭ تېز ئاقىدىغان يېرىگەسورەپكېتىۋاتقان بېلىقنى سۇنىڭ ئاستىدىن مىڭ تەسلىكتە يۇقۇرىغا بۇرىۋالدى.

قارماقنىڭ شوينىسى ۋىشىلداپسۇنى كەسكەندە، ئۇنىڭ ئارقىسىدا سۇ قىيپاچ يېشىل پەردە ھاسىل قىلاتتى، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ كالتە بارماقلىرى بىلەن پالاقنىڭ سېپىنى ساز چالغاندەك تىرىڭشىتاتتى.

— سۇ تەرەپكە تارت! مەھكەم تۇت، ئۇنداق بولمىغانىدا يەنە ئۈزۈۋېتىدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەك تارقىتىسى

— ئەلۋەتتە!

يوغان بىر توق سېرىق سازاڭ سۇنىڭ ئۈستىگە بىر چىقىپلا كۆپۈك پەيدا قىلىپ، ياپىلاق بېشى بىلەن يەنە سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى.

— نىمە دىگەن ئېغىر نەرسە ئۇ، قولۇمنىڭ جېنى قالمىدى... ياق، توختاپ تۇر، سەۋىر قىل.

— چىڭ تۇت، گىرىشكا!

— ھە - ھە، چىڭ تۇتۇۋاتىمەن!

— قارا، قېيىقنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتمىسۇن!...ھوشيار بول!

گىرىگورىي دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ياپىلاق قالغان بېلىقنى قېيىقنىڭ يېنىغا سورەپ ئەكەلدى. بوۋاي ئۇنى پالاق بىلەن بىر سالاي دىۋىدى، ئاغزى چەشمىدەك بېلىق بار كۈچىنى يىغىپ سۇنىڭ چوڭقۇر يېرىگە بېرىۋالدى.

— بېشىنى سۇدىن چىقار! ئاغزىغا شامال كىرسۇن، ھازىرلا يۇۋاشلىشىپ قالىدۇ.

گىرىگورىي ھالىدىن كەتكەن بېلىقنى تارتىپ چىقىرىپ، يەنە قېيىقنىڭ يېنىغا سورەپ كەلدى. بېلىق ئاغزىنى ماك - ماك يوغان ئېچىپ، سەنتىرەكلەپ كەتكەن قېيىقنىڭ باغرىغا تۇمشۇغىنى بىر ئۇردى - دە، تىنجىپ قالدى، ئۇنىڭ توق سېرىق ئالتۇندەك قانىتىلىرى ۋاللىداپ كەتتى.

— ئەمدى ئېلىشقا ھالى قالمىدى!— دەپ قويدى پانتېلىي پروكوفيېۋىچ، ئۇنى پالاق بىلەن ئۇتتىرىپ.

ئۇلار يەنە يېرىم سائەت ئولتۇرۇشتى، بېلىق جېگى

تۈگىگەن ئىدى.

— قارماقنى يىغىشتۇر گىرىشكا، بىزنىڭ تۇتقىنىمىز ئاخىرقىسى بولسا كېرەك. ئەمدى باشقىسىنى كۈتمەيمىز.

ھەممىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇشتى. گىرىگورىي قېيىقنى قىرغاقتىن ئىتتەردى. يولنىڭ يېرىمىنى بېسىپ ئۆتكەندە گىرىگورىي دادىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ. ئۇنىڭ بىر نىمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى، ئەمما بوۋاي ئۈنچىقماستىن، تاغ ئېتىكىدە قاتار سالپىيىپ ياتقان يېزا ھويلىلىرىغا قاراپ - قاراپ قوياتتى.

— سەن، گىرىگورىي، مانا شۇ ئاكسىنيە ئاستاخوۋا بىلەن... — بوۋاي ئايىغى ئاستىدىكى قاپنىڭ بۇقۇچىنى ئويناپ ئاخىر سوز باشلىدى.

گىرىگورىي چوغدەك قىزىرىپ، تەتۈر قارىۋالدى، كويىنىكىنىڭ ياقىسى ئاپتاپتا كويگەن گوشلۇك بوينىغا پېتىپ، ئاپپاق ئىز قالدۇرغان ئىدى.

— ماڭا قارا، يىگىت، — دېدى بوۋاي قەھرى بىلەن سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن سەن بىلەن چاقچاقلىشىۋاتقىنىم يوق. ستېپان بىزنىڭ خوشنىمىز بولىدۇ! ئۇنىڭ ئايىلى بىلەن شوخلۇق قىلىشقا يول قويمايمەن. بۇ ئىش سېنى بىر بالاغا يولۇقتۇرۇشى تۇرغان گەپ. ئالدىدىن ئېيتىپ قوياي: مۇندىن كېيىن كورۇپ قالسام — كالتەك بىلەن دۇمبالايمەن!

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ مۇشتىنى قاتتىق تۈگۈپ، ئىششىق كوزلىرىنى مىتىلدىتىپ ئوغلىغا قارىدى. گىرىگورىينىڭ يۈزىدىن قان تامغاندەك تۈيۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئۇسەك سۆزلەر، — دەپ غۇدۇڭشىدى گرىگورىي دادىسىنىڭ كوكۇش رەڭ قاڭشارىغا تىكىلىپ.

— ئۇنىڭنى ئۇچەر!

— كىشىلەر نىمىلەرنى توقۇپ چىقارمايدۇ...

— ئاغزىڭنى يۇم دەيمەن، ئىتنىڭ بالىسى.

گرىگورىي پالاقىنىڭ ئۈستىدە دۇم يېتىۋالدى. قىيپىق ساپچىپ ـ ساپچىپ يورۇشكە باشلىدى، قۇيرۇغىنىڭ ئارقىسىدا سۇ غىجىلىنىپ ۋىشىلدايتتى.

پىرىستانىغا يەتكىچە ھەر ئىككىسى ئۈنچۈقمىدى. قىرغاققا يېقىن قالغاندا دادىسى يەنە ئاگاھلاندۇردى:

— ماڭا قارا، ئېسىڭدىن چىقمىسۇن! ئۇنداق بولمايدىكەن بۇگۈندىن باشلاپ ئويۇن ـ تاماشىنى يىغىشتۇرىسەن، قورادىن بىر قەدەم نېرى سىلجىمايسەن، گەپ مانا شۇ.

گرىگورىي لام ـ جىم دېمىدى. ئۇ قېيىقنى جايىغا باغلاۋېتىپ سورىدى:

— بېلىقنى ئويدىكىلەرگە ئەپكىرىپ بېرەمدىمەن؟

— سودىگەرلەرگە ئاپىرىپ سات، — دېدى بوۋاي بىر ئاز يۇمشاپ، — تاماكا پۇلى قىلارسەن.

گرىگورىي لىۋىنى چىشلەپ، دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئاستا ماڭدى. «نېمە دېسەڭ ـ دەۋەر، دادا، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە، — پۇتۇمنى چۇشەپ قويساڭمۇ ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىۋېرىمەن». ئۇ دادىسىنىڭ قاتتىق گەجگىسىگە غەزەپلىك نەزەر بىلەن تىكىلەتتى.

گرىگورىي ئۆيدە بېلىقنىڭ تەڭگىلىرىگە يېپىشىپ قالغان قولىنى ئاۋايلاپ يۇيۇپ، ئاندىن قولىغىدىن تال چىۋىق

ئۆتكۈزۈپ چەگدى.

دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئۆزى بىلەن تەڭقۇر قەدىناس دوستى مىتكا كورشۇنوپ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. مىتكا كۆمۈش توقىلىق كەمىرىنىڭ ئۈچىنى ئويناپ كېلىۋاتاتتى. ماي باسقان ساغۇچ يۇمۇلاق كوزلىرى تار چاناقلىرىنىڭ ئىچىدە بېزىرىپ، ئىككى قارچۇغى مۆشۈكنىڭكىدەك پاقىراپ تۇراتتى، شۇڭا كىشىلەرگە تىك قارىيالماي، تىنىمسىز پىرىلداپ تۇراتتى.

— بېلىق كوتىرىپ قاپسەنغۇ، نەگە ماڭدىڭ؟

— بۇگۈنكى ئولجا، سودىگەرلەرگە ئېلىپ كېتىۋاتىمەن.

— موخوپلارغىمۇ؟

— ھەئە، شۇلارغا.

مىتكا كوز چېنى بىلەن چامىلاپ:

— ئون بەش پۇت كېلەرمىكىن؟ — دىدى.

ئون بەش يېرىم پۇت. تارازىدا تارتىپ كوردۇم.

— بىللە بارايمۇ؟ سېتىشىپ بېرەرمەن.

— بارساڭ ـ بار.

— شىرىنكا نىسىنى چىقىرارسەن؟

— بىر نىمە قىلارمىز. تولا گەپنىڭ مەزىسى يوق.

چۇشلۇك ئىبادەتتىن قايتقان خەلق كوچىلاردا تارقىلىشىۋاتاتتى.

شامىل دەپ لەقىمى بار ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىلار يولدا تەڭ قەدەم تاشلاپ يانمۇ ـ يان كېلىۋاتاتتى.

چوڭى، قولى چولاق ئالېكسەي ئوتتۇرىدا ماڭغان ئىدى. مۇندىرىنىڭ ① تار، قاتتىق ياقىسى تومۇرى كوپۈپ

① مۇندىر — ھەربىچە كىيىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرغان بويىنىنى سىقىپ تۇراتتى، سول كۆزى دائىم پىر - پىر ئۇچاتتى. بىر زاماندا مەشق مەيدانىدا ئالېكسەينىڭ قولىدىكى مىلتىقى يېرىلىپ كېتىپ، تەپكىنىڭ سۇنىقى يۈزىگە تېگىپ، مەڭزىنى مېيىپ قىلىپ قويغان ئىدى. شۇ چاغدىن تارتىپ كۆزى بىكاردىن - بىكار پىرىلدايدىغان بولۇپ قالغان، يۈزىدىكى تارتۇقنىڭ بىر ئۇچى چېچىنىڭ قويۇق يېرىگىچە كىرىپ كەتكەن؛ سول قولى جەينىكىدىن ئۈزۈلۈپ كەتكەن. لېكىن ئالېكسەي بىر قولى بىلەنمۇ كېلىشتۈرۈپ تاماكا ئوراۋېرەتتى: تاماكا خالتىسىنى كۆكرىكىگە بېسىپ تۇرۇپ، بىر ئورامغا لايىق قەغەزنى چىشى بىلەن يىرتىۋالاتتى - دە، ئىچىگە تاماكا سېلىپ، ئۇنى بارمىقى بىلەن نوكەشتەك يوگەۋېرەتتى. كىشىلەر قاراپ ئۇلگۇرگىچە، ئالېكسەي ئاللىقاچان يوگىگەن تاماكىسىنى چىشلەپ، كۆزىنى پىرىلدىتىپ، ئوت سورايتتى.

قولى چولاق بولسىمۇ، يېزىدا بىرىنچى مۇشتلاشچى ھېساپلىناتتى. ئۇنىڭلىك دىگۈدەك چوڭ مۇشتىمۇ يوق، چوڭلىقى غوڭ قاپاقچىلىك كېلەتتى؛ بىر كۈنى قوش ھەيدەۋاتقاندا كالا ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغان، ئۇ قامچىسىنى تاپالماي، مۇشتى بىلەن ھوكۈزنى بىرنى سالغان، ھوكۈز شۇدىگەرگە يىقىلىپ، چاپاقدەك ياتقان، قۇلىقىدىن قان كەتكەن، بىر ھازادا ئاران ئۆزىگە كەلگەن. قالغان ئىككى ئۇكىسى ئالېكسەيگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. بۇلارمۇ پاكار بويلۇق، ئەمما ھەر ئىككىسىنىڭ قوللىرى ساق ئىدى.

كىرىگورىي شامىلار بىلەن سالاملاشتى، مىتكا شارتلا بېشى-

نى تولغاپ ئۆتۆپ كەتتى. بۇ نەرسەۋەتنى ماسلېنىتسا ① بايرىمىدا مۇشتلاش بولغاندا ئالىيوشا شامىل مىتكىننىڭ ئىككى چىشىنى توكۇۋەتكەن ئىدى، مۇشتىسى ئايلاندۇرۇپ شۇنداق ئۇرغان ئىدىكى، بىچارە مىتكا ئىككى ئېزىغىنى ئاياق پاشنىسىنىڭ ئىزى چۈشۈپ قالغان كوك مۇز ئۈستىگە تۈكۈرۈپ تاشلىغان ئىدى.

ئالېكسەي بۇلارغا يېقىن كەلگەندە، ئارقا - ئارقىدىن بەش قېتىم كوزىنى قىستى.

— بېلىقىڭنى ماڭا ساتامسەن؟

— بولۇپتۇ، ئال.

— قانچە پۇل؟

— بىر جۈپ ھوكۇز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايىلىڭنى قوشۇپ بېرىسەن.

ئالېكسەي كوزىنى قىسىپ، چولاق قولىنى شىلتىدى:

— تەنتەك، ھەي تەنتەكەي!... خا - خا - خا، تېخى خوتۇنىنى... باللىرىنىمۇ قوشۇپ ئالارسەن؟

— باللىرى ئوزەڭگە قالسۇن، ئۇنداق بولمىغاندا، شامىللارنىڭ نەسلى تۈگەپ كېتىدۇ، — دېدى گىرىگورىي چاقچاق قىلىشىپ.

چېركاۋ ئالدىدىكى مەيداندا خالايىق توپلىشىۋالغان ئىدى. توپنىڭ ئىچىدە چېركاۋ ئاقساقىلى بىر غازنى بېشىدىن ئىگىز كوتىرىۋېلىپ ۋاقىرايتتى: «يېرىم سوم! كىم ئوشۇقراقا ئالىدۇ؟ سېتىپلا كېتىمەن».

① ماسلېنىتسا بايرىمى — ئىسلاۋيان خەلقىدە دېخانچىلىق باھار بايرىمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غاز بوينىنى ھەر تەرەپكە سوزۇپ، زۇمرەت كوزلىرىنى يىرگەنگەن ھالدا چىملدىتاتتى.

ياندىكى يەنە بىر توپنىڭ ئىچىدە چاچلىرى ئاقارغان، مەيدىسىگە كىرىېست ئوردېنى ۋە مېداللار تاقىغان بىر قېرى ھەدەپ گەپ ساتاتتى.

— بوۋىمىز گىرىشاكا تۇركىيە ئۇرۇشى تـوغرىسىدىكى ھىكايىسىنى بـاشلىغان ئـوخشايدۇ، — دىدى مىتكا كـوزى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، — بېرىپ ئاڭلامدۇق؟

— ئاڭلايمىز دىسەڭ، بېلىق پۇراپ، كوپۇپ كېتىدۇ.

— كوپۇپ كەتسە ئېغىرلىقى ئاشىدۇ، بىزگە پـايدا.

مەيداندا، ئوت ئوچۇرۇش كـامـاندىسىنىڭ قاغجىراپ كەتكەن بوچكىلىرى ۋە سۇنغان ھـارۋا شوتىلىرى دوۋىلىشىپ تۇرغان ئامبارنىڭ ئارقىسىدا موخوپلار ئـوينىڭ يېشىل سىر- لانغان ئوگزىلىرى كورۇنۇپ تۇراتتى. گىرىنگـورىي لاپاسىنىڭ يېنىدىن ئوتۇۋاتقاندا «تـۇفـى!» دەۋەتتى - دە، بـۇرنىنى ئېتىۋالدى. بـوچـكىنىڭ ئـارقىسىدىن كـەمىرىنى چىشـلەپ، شالۋۇرىنىڭ تۇگمىسىنى ئېتىپ بىر قېرى دوڭغاقلاپ چىقىۋاتاتتى.

— تازا قىستىغان ئىكەن - دە؟ — دىدى مىتكا سوزنى ئېچىتىپ.

قېرى تۇگمىسىنى ئېتىپ بـولغاندىن كېيىن، كـەمەرنى ئاغزىدىن ئالدى.

— ساڭا نىمە بولدى؟

— دۇرىنگنى شۇ يەرگە تىقىش كېرەك ئىدى! ساقىلىڭ بىلەن قوشۇپ! ساقىلىڭ بىلەن! ئۇ چاغدا مومىيىڭ بىر ھەپ- تىگىچە تازىلاپ تۇگىتەلمەس ئىدى.

— ئەدىۋىگىنى بىرىمەن، بەچچىغەر! — دىدى بوۋاي رەنجىپ.

مىتكا مۇشۇكتەك كوزلىرىنى پىرىلدىتىپ قاراپ تۇراتتى.

— سەن قايسىبىر ئىسلزادە ئىدىڭ، يوقال، ئىتنىڭ بالىسى! نىمەئانچە ئالىيسەن؟ بولمىسا تاسما بىلەن سالىمەن!

— گىرىگورىي كۆلگەن پىتى موخوپلارنىڭ پىشايۋىنى ئالدىغا بىرىپ قالدى. ۋادەكلەرنى ياۋا ئۈزۈمنىڭ تەكلىرى چىرمىغان ئىدى، ئۇنىڭ ئالا - بۇلا سايىسى پىشايۋانغا چۈشۈپ تۇراتتى.

— كوردۈڭمۈ، مىترى؟ ئادەم دىگەن مانا شۇنداق ياشىسا...

— ئىشىگىنىڭ تۇتقۇچىغىمۇ ئالتۇن سۈيى يالىتىلغان، — مىتكا ئىشىكنى قىيا ئىچىپ ئايۋانغا قارىدى: — ھىلىقى بوۋاينى مۇشۇ يەرگە يوللايدىغان گەپ ئىكەن...

— كىم بۇ؟ — دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ئايۋاندىن.

گىرىگورىي ئەيمىنىپ ئىچكىرىگە بىرىنچى بولۇپ كىردى. سىرلانغان پولنىڭ ئۈستىدە بىلىقنىڭ قۇيرۇغى سورۇلۇپ قالدى.

— سىلەر كىم بىلەن كورۈشمەكچى؟

بىر قىز توقۇلما ئورۇندۇقتا تەۋرىنىپ ئولتۇراتتى. قولىدا بىر تەخسە قۇلۇپنىڭ مىۋىسى بار ئىدى. گىرىگورىي ئۇنىڭ بىر دانە قۇلۇپنىكنى قىسىپ تۇرغان قىپ - قىزىل گىلاستەك لەۋلىرىگە قاراپ بىردەم ئۇنچۇقماي تۇردى. قىز بىشىنى ئىگىپ، كەلگەن يىگىتلەرگە باشتىن - ئاياق سەپسىلىپ چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

مىتكا گىرىگورىيغا ياردەملىشىپ يوتىلىپ قويدى:

— بېلىق ئالامسىزلەر؟

— بېلىق؟ مەن ھازىرلا سوراپ كېلەي.

قىز ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، ئورۇندۇقنى تەۋرىتىۋەتتى. پايپاقسىز كىيىۋالغان كەشتىلىك توفلىينى سورەپ شىپىلداپ مېڭىپ كەتتى. ئۇنىڭ يۇقىرى كويىنىگىدىن قۇياش نۇرى ئۆتۈپ، ھەممە يېرىنى يورۇتىۋەتتى، كويىنەك ئاستىدىن كۆرۈنگەن سېمىز ئاياقلىرىغا ۋە ئىچ كويىنىگىنىڭ ئېتىكىگە تۇتۇلغان جىمجىمدار چىلتىگىگە مىتكىنىڭ كوزى چۈشتى، ئۇ، قىزنىڭ پاچاقلىرىنىڭشا يىدەك ئاقلىقىغا ۋە سىلىقلىقىغا ھەيران قالدى، پەقەت يۇمۇلاق تاپانلىرىنىڭ تېرىسى سۈت رەڭگىدەك ساغۇش ئىدى.

مىتكا گىرىگورىينى نوقۇپ:

— گىرىشكا، قارىغىنا، يوپكىسى... ئەينەكتەك، ھەممە يېرى كورۇنۇپ تۇرىدۇ.

قىز دەھلىزنىڭ ئىشىگىدىن چىقتى - دە، ئاستىلا ئورۇندۇققا ئولتۇردى.

— ئاشخانىغا ئاپىرىڭلار.

گىرىگورىي يوتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ ئويگە كىرىپ كەتتى. مىتكا ئاپىغىنى بىرياققا سۇرۇپ، كوزلىرىنى چىملدىتىپ قىزنىڭ ئالتۇندەك چاچلىرىنى ئىككى يېرىم دا ئىرىدىگە ئاجرىتىپ تۇرغان بېشىدىكى ئاپپاق ئىزلارغا قارايتتى. قىزمۇ ئۇنىڭ شوخ، ئەنسىز كوزلىرىگە نەزىرىنى تىكەتتى.

— سىز مۇشۇ يەرلىكمۇ؟

— ھە - ئە، مۇشۇ يەرلىك.
— كىمنىڭ ئوغلى بولىسىز؟
— كورشۇنوپنىڭ.
— ئىسمىڭىز نىمە؟
— مىترى.
قىز، ھالرەڭ تىرناقلىرىغا سىنچىلاپ قاراپ، پۇتلىرى-
نى تېزلا يىغىۋالدى.
— ئىككىڭلاردىن قايسىڭلار بىلىق تۇتىسىلەر؟
— گىرىگورىي تۇتىدۇ، ئۇ مىنىڭ دوستۇم.
— سىز تۇتمامسىز؟
— كوڭلۇم تارتقان چاغدا مەنمۇ تۇتىمەن.
— قارماق بىلەنمۇ؟
— قارماق بىلەنمۇ تۇتىمىز، بىزنىڭچە ئۇيتقاندا ئىل-
گەك بىلەن.
— مىنىڭمۇ بىلىق تۇتۇشقا بارغىم بار ئىدى، — دىدى
قىز بىرئازدىن كېيىن.
— مەيلى، قىزىقسىڭىز، بارايلى.
— قانداق قىلسام بولار؟ ئەمما بۇ سوزىڭىز راستمۇ؟
— ئەتىگەنرەك تۇرۇش كېرەك.
— تۇرالايمەن، ئەمما بىرسى ئويغىتىپ قويسا.
— ئويغىتىپ قويۇشقا بولىدۇ... ئەمما دادىڭىز نىمە
دەركىن؟
— دادام نىمە دەيتتى؟
مىتكا ھەجىيىپ قويدى.
— ئوغرى دەپ ئويلاپ قالماسمۇ.. تېخى ئىتلىرىغا تالاتسىچۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بۇ كىيىمىڭىز ئەخمىقانىلىق! مەن بۇلۇڭدىكى ئۆيدە يالغۇز ئۇخلايمەن. دەرىزىسى مانا مۇشۇ، — قىز بارمىقى بىلەن كۆرسەتتى. — ئەگەر كەلسىڭىز، دەرىزەمنى چېكىڭ، دەرھال تۇرىمەن.

ئاشخانىدىن چاقىلىدىغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى: بۇ، قورقۇنچاق گىرىگورىي بىلەن مايلىشىپ كەتكەن يوغان ئاشپەز خوتۇننىڭ ئاۋازى ئىدى.

مىتكا كازاكچە كەمەرنىڭ قارىيىپ كەتكەن كۈمۈش توقىسىنى ئويناپ جىم تۇراتتى.

— سىز ئويلەنگەنمۇ؟ — دەپ سورىدى قىز سىرلىق تەبەسسۇم بىلەن.

— قانداق دەيسىز؟

— ئۆزەمچە شۇنداقلا سوراپ قويدۇم.

— ياق، بويتاقمەن.

مىتكا قىزىرىپ كەتتى، قىز بولسا مۇنىسى يەرگە توكۈلگەن قۇلۇپىنىكىنىڭ شېخىنى ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن ئويناپ تۇرۇپ سورىدى:

— خوش، مىتە، قىزلار سىزنى ياخشى كورەمدۇ؟

— بەزىلىرى ياخشى كورىدۇ، بەزىلىرى ياخشى كورمەيدۇ.

— ئېيتىڭا، نىمىشقا كوزلىرىڭىز مۇشۇكنىڭكىگە ئوخشايدۇ؟

— مۇشۇكنىڭكىگە...؟ — دەپ گاڭگىراپ قالدى مىتكا.

— خۇددى مۇشۇكنىڭ كوزىگە ئوخشايدىكەن.

— ئانامغا تارتقان بولسام كېرەك... مەندە نىمەگۇنا؟
— نىمىشقا سىزنى ئويلەپ قويمىدى؟
مىتكا دەرھال ئوزىنى ئوڭشىۋالدى - دە، قىزنىڭ سوزىدىن ئوزىنى گەپكە سېلىپ، مازاق قىلىۋاتقانلىغىنى سېزىپ، ساغۇش كوزلىرىنى مىتىلدىتىپ قويدى.
— كېلىن تېخى چوڭ بولماپتۇ.
قىز ھەيران بولۇپ قاشلىرىنى چىمىردى - دە، يۈزى ئوتتەك يېنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
كوچا تەرەپتىن پەلەمپەي تەرەپكە كېلىۋاتقان قەدەم ئاۋازى ئاڭلاندى.
قىزنىڭ قوڭغۇراقتەك جىرىڭلىغان يېقىملىق كۈلكىسى مىتكىنى مەپتۇن قىلىپ قويدى. شۇ پەيتتە خوجا يىنىنىڭ ئوزى — سېرگەي پلاتونېۋىچ موخوپ كىرىپ كەلدى: سېمىزگەۋدىلىك موخوپ ئازادە چىگرىن بەتىنكىسىنى يېنىك - يېنىك دەسسەپ، ئوزىنى چەتكە ئېلىپ تۇرغان مىتكىنىڭ يېنىدىن مەغرۇرلۇق بىلەن ئوتۇپ كەتتى.
— مېنىڭ قېشىمغا كەپتىكەنمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ بېشىنى بۇرىماستىنلا.
— بىلىق ئېلىپ كەلگەن ئىكەن، دادا.
گىرىگورىيمۇ قۇرۇق قول ئاشخانىدىن چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 3

گىرىگورىي كەچكى تاماشىدىن باش توخۇ چىللىغان مەھەلدە قايتىپ كەلدى. دەھلىزگە كىرىشى بىلەنلا ئىچىتقۇ پۇرىغى بىلەن قۇرۇتۇلغان دورا ئۇسۇملۇكلىرىنىڭ خۇشبۇي ھىدى گۇپۇلدەپ بۇرنىغا ئۇرۇلدى.

ئۇ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ياتاق ئويىگە ئوتتۇۋالـ دى ـ دە، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يەشتى، ئىككى يېنىغا ئۇۋـ زۇن جىيەك تارتىلغان بايراملىقشالۇۋۇرىنى ئاۋايلاپ قوزۇقـ قا ئاستى، چوقۇنۇپ بولۇپ، ئورنىغا ياتتى. ئاينىڭ ئالتۇن شولىسى چۈشۈپ تۇرغان پولغا دەرىزىدىن كىرىست شەكلـ دە سايە چۈشۈپ تۇراتتى، ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدا كەشتە تۇتۇلـ غان لوڭگىلەرنىڭ ئاستىدا غۇۋا پارقىراپ تۇرغان كۈمۈش بۇتـ لار كورۇنۇپ تۇراتتى. كارۋات ئۇستىدىكى پەردىگە قونغان چىۋىنـ لەر غۇژۇلدىشىپ قوزغىلىپ كەتتى.

گىرىگورىينىڭ كوزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا بارغان ئىدى، ئاشخانىدىن ئاكىسىنىڭ بوۋاق بالىسىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

بوشۇگى ياغىسراپ كەتكەن ھارۋىدەك غىچىلداشقا باشلىدى. دارىيە ئۇيقۇلۇق ئاۋاز بىلەن:

— بولدى قىل، ھارىمى! يا ئۇيقۇ بەرمەيدۇ، يا ئاـ راملىق، — دەپ كوتۇڭلىدى. ئاندىن ئاستا ئەللەي ئېيتىشـ قا باشلىدى:

— ئەي ئەخمىغىم، نەي چېلىپ،
سەن قەيەرگە بارغانتىڭ؟
— ئات بېقىشقا بارغانتىم.
— قانداق ئاتنى باققانتىڭ؟
— ئىگەرلەنگەن دۇلدۇل ئات،
جابدۇقلىرى ئالتۇن ئات.

گرىگورىي بوشۇكنىڭ غىچىرلىشىغا ماس ئېيتىلىۋاتقان ئەللەي قوشاقلىرىنىڭ بەزلىشى ئاستىدا كوزى ئۇيقۇغا كېتىۋېتىپ ئويلىدى: ئەتە پېترو لاگىرغا كېتىدۇ. داشكا بالىسى بىلەن قالىدۇ ... ئوت - چۆپنى ئورۇش ئۆزىمىزگە قېلىپتۇ - دە.
ئۇ بېشىنى باستۇققا مەھكەم بېسىۋالدى، شۇنداق بولسىمۇ، ئەللەي ئاۋازى قۇلىقىغا كىرىپ تۇردى:

— نەگە قويدۇڭ ئېتىڭنى؟
— دەرۋازىنىڭ تېشىدا.
— كورۇنمەيدۇ دەرۋازاڭ؟
— ئېقىپ كەتكەن تاشقىندا.

شۇ پەيتتە بىر ئاتنىڭ قاتتىق كىشنىشى گرىگورىينى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ پېترونىڭ ھەربىي سەپتە مىنىدىغان ئېتى ئىكەنلىكىنى ئاۋازىدىن تونۇدى.
ئۇيقۇلۇقتا بوشىشىپ كەتكەن بارماقلىرى بىلەن كوينەكنىڭ تۈگمىلىرىنى ئۇزاقتا ئېتىپ بولدى، ئەمما لەرزان ئېيتىلىۋاتقان ئەللەي ئاۋازى بىلەن يەنە ئۇيقۇغا كېتىپ قالدى:

— قېنى باققان غازلارىڭ؟
— قومۇشلىققا كېتىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— قومۇشلىقنىڭ قەيەردە؟
— قىزلار ئورۇپ كېتىشتى.
— قىزلار قېنى، قەيەردە؟
— ئەرگە تېگىپ كېتىشتى.
— ئەر كازاكلار قەيەردە؟
— جەڭگە يۈرۈپ كېتىشتى.

ئۇيقۇ بىلەن ئېزىلىپ قالغان گىرىگورىي ئات ئېغىلىغا تارانلا يېتىپ بېرىپ، ئاتنى يېشىپ تار كوچىغا ئېلىپ چىقتى، يۈزىگە يېپىشىۋالغان بىر ئومۇچۇك غىدىغىنى كەلتۈرۈپ بىردىنلا ئۇيقۇسىنى قاچۇردى.

دون دەرياسى بويلاپ قىيا چۈشكەن ئاي نۇرى، ھېچكىم مېڭىپ باقمىغان ئايدىڭ يول ھاسىل قىلغان ئىدى. دون ئۈستىنى تۇمان باسقان، ئاسماننى يۇلتۇز قاپلىغان. ئات ئارقا پۇتلىرىنى ئاۋايلاپ باسماقتا. سۇغا چۈشىدىغان پەسلىك ناھايىتى يامان ئىدى. نېرىقى تەرەپتىن ئۆدەكلەرنىڭ غاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى، قىرغاق يېنىدىكى توختام سۇدا ئۇششاق بېلىقنى ئوۋلاپ يۈرگەن لاققا بېلىقلار پىلىڭگلاپ، سۇنى شاپىلدىتىپ ئۈزەتتى.

گىرىگورىي خېلى ۋاقىتقىچە سۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قالدى. قىرغاقتىن نەم ۋە سېسىق پۇراق كېلەتتى. ئاتنىڭ ئاغزىدىن سۇ تامچىلايتتى. گىرىگورىينىڭ يۈرىكىدە بىر خوشلۇق ئورۇن ئالغان، ئۇزى ناھايىتى خۇشچاق بولۇپ، ھېچنىمىنى ئويلىغىسى كەلمەيدۇ. ئۇ قايتىپ كېلىۋېتىپ كۈن چىقىش تەرەپكە قارىدى. ئاسمان سۈزۈلۈپ، قاراڭغۇلۇق تارقىلىۋېتىپتۇ.

ئېغىلنىڭ يېنىدا ئانىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— گىرىشكىمۇ سەن؟
— مەن بولماي، كىم بولاتتى.
— ئاتنى سۇغۇردىڭمۇ؟
— سۇغۇردۇم، — خالار-خالىماس جاۋاپ بەردى گىرىڭگورىي.

مومای ئۇزىنى ئارقىغىراق ئېلىپ، ئاندىن ئېتىكىدىكى ئۇتتۇن-تېزەكلەرنى ئاران-ئاران كوتىرىپ، قىرىسلارغا خاس يادائىغۇ پۇتلىرىنى شىپىرلىتىپ ماڭاتتى.

— ئاستاخوپلارنىڭكىگە كىرىپ، ستېپاننى ئويغىتىپ قويساڭ بولاتتى، ئۇ بىزنىڭ پېترو بىلەن بىللە ماڭماقچى ئىدى.

سەھەر سالقىنى گىرىڭگورىينى توڭدۇرۇپ، تېتىكلەشتۈرۈپ قويدى. بەدىنى چومۇلە چاققاندەك چىمىلداپ كەتتى. ئۈچ سەكرەپلا ئاستاخوپلارنىڭ جاراڭلاپ تۇرىدىغان پىشايۋىنى ئالدىغا بېرىپ قالدى. ئىشىك ئوچۇق ئىدى، ئاشخانىدا، يەرگە سېلىنغان توشەكتە ستېپان ئۇخلاۋېتىپتۇ، قولتۇغىدا ئايىلىنىڭ بېشى كورۈنەتتى.

غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا گىرىڭگورىي، ئاكسىنىيىنىڭ كوينىگى تېزىنىڭ ئۈستىگىچە قايرىلىپ قېلىپ يوتىسى ئېچىلىپ قالغانلىقىنى كوردى، ئاپپاق پۇتلىرى ھاياسىزلارچە سوزۇلغان ئىدى. ئۇ بىردەم قاراپ، تامىقى قۇرۇپ كەتكەندەك بولدى، قۇلىقى زىڭىلداپ، بېشى ئېغىرلىشىپ كەتتى.

ئۇياق-بۇياققا ئوغرىلىقچە كوز تاشلىدى. ئاندىن ئاۋازىنى ئوزگەرتىپ خىرىلدىدى:

— ھەي، بۇ يەردە كىم بار؟ تۇرۇڭلار!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاكسىنىيە چوچۇپ ئويغىنىپ كەتتى.

— ۋاي، كىم بۇ؟ كىم كىرگەندۇ؟ — ئاكسىنىيە پايـ پاسلاپ يالىڭاچ قولى بىلەن ئېتىگىنى تارتىپ پۇتلىرىنى ياپتى، ئۇيقۇچىلىقتا ئاغزىدىن تامغىن شولگەيلىرى ياستۇقتا داغ قالدۇرغان ئىدى. چۈنكى ئايال كىشىنىڭ تاڭ ئالدىدا ئۇيقۇسى قاتتىق بولىدۇ.

— بۇمەن، ئانامسىلەرنى ئويغىتىشقا ئەۋەتكەن ئىدى...

— بىز ھازىر تۇرىمىز ... بۇ يەرگە ئاياق باسقىلى بولمايدۇ ... بۇرگە ئارام بەرمەي، ھەممىمىز پولدا ياتقان ئىدۇق. ستېپان تۇرمامسەن، قۇلىقىڭ ئاڭلىمىدىمۇ؟

گىرىگورىي ئاكسىنىيىنىڭ ئاۋازىدىن ئوڭايسىزلىنىۋاتـ قانلىقىنى سېزىپ، دەرھال كېتىشكە ئالدىرىدى.

× ×

بۇ قېتىم يېزىدىن ماي ئېيىدىكى يازلىق لاگىرغا 30 كاـ زاك ماڭدىغان بولدى. يىغىلىدىغان جاي — مەيدان ئىدى. سائەت يەتتە بولاي دېگەندە مەيدانغا ئۈستى بېرزېنت بىـ لەن يېپىلغان ھارۋىلار، يازلىق كاناپ گىمناستيوركا كىيگەن، ياراق ئاسقان پىيادە ۋە ئاتلىق كازاكلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى.

پېترو پىشايۋاندا ئالدىراشلىق بىلەن چۇلۇۋۇرنىڭ سوـ كۇلگەن يېرىنى تىكىۋاتاتتى. پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ پېتروـ نىڭ يېنىدا ئاتقا تەگنە تۇتۇپ سۇلۇ يىگۈزۈۋاتاتتى. ئانداـساندا ۋاقىراپ قوياتتى:

— دۇناشكا، سۇخارى قاچىلىغان خالتىنى تىكتىڭمۇ؟
مايغا تۇز سەپتىڭمۇ؟

قىزىل گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەن دۇناشكا هويلىدا قا-
لىغاچتەك ئۇچۇپ، ئامبار بىلەن ئۆينىڭ ئارىلىغىدا چېپىپ
يۈرەتتى. ئۇ دادىسىنىڭ جوروشلىرىغا كۈلۈمسىرەپ قول
شىلتىيتتى:

— دادا، سىز ئۇز ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، مەن ئاكا-
مىنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى شۇنداق جايلاپ بېرىمەنكى، چېر-
كاسسىككە بارغىچە مىدىرلىماي بارىدۇ.

پېترو تاسمىنى تۆكۈرىگى بىلەن يوللەپ، ئېتىنى ئىما
بىلەن كورسىتىپ سورىدى:

— يەپ بولدىمۇ؟

— چاينىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى دادىسى سى-
پايىلىق بىلەن، ئۇ قاداق قوللىرى بىلەن ئاتنىڭ تەرلىگىنى
سىپىلاپ كوردى. كىچىككىنە بىر ئىش بىلەن — ئۇششاق غەل-
دى-غاچ نەرسە تەرلىككە يېپىشىپ قېلىش بىلەن بىر مەن-
زىلگە بارماي تۇرۇپ، ئاتنىڭ دۈمبىسى يېغىر بولۇشى
مۇمكىن.

— بوغۇزىنى يەپ بولغاندىن كېيىن تورۇقنى سۇغۇرۇپ
قويۇڭ، دادا.

— گىرىشكا دونغا ئېلىپ چۈشىدۇ. هەي، گىرىگورىي
ئاتنى سۇغۇرۇپ كەل!

ماگلىيىدا يۇلتۇز قاشقىسى بار، بويىنى ئۇزۇن نەسىل-
لىك قارا تورۇق ئويناقلاپ تۇراتتى. گىرىگورىي ئاتنى دەر-
ۋازىنىڭ تېشىغا ئېلىپ چىقتى، سول قولى بىلەن ياپلىدىن

تۆتۈپ، شارتلا ئۈستىگە مىندى ـ دە، سىلىققىنا يـورغىلىتىپ
كەتتى. ئۇ پەسكە چۈشىدىغان يەرگە كەلگەندە تـىزگىنىدىن
قاتتىق تارتقان بولسىمۇ، ئـات بويۇن بەرمەستىن سـورەپ،
پەسلىككەچىپىپ چۈشۈپ كەتتى. گىرىگورىي ئارقىسىغا قاتىيىپ،
ھەتتا ئاتنىڭ ئۈستىدە ئوڭدىسىغا يېتىۋېلىپ، ھە دەپ تىز-
گىننى تارتاتتى، شۇ ئەسنادا دوڭدىن چىلەك كوتىرىپ چۈ-
شۈۋاتقان بىر ئايالنى كورۈپ قالدى. ئاتنى چەتكە بۇراپ،
چاڭ ـ توزاڭ كوتىرىپ، سۇ تـەرەپكە ئات قـويۇپ دەرياغا
چۈشتى.

ئاكسىنىيە ئىككى تەرەپكە تەۋرىنىپ دوڭلۈكتىن چۈشۈ-
ۋاتقان ئىدى، ئۇ يىراقتىنلا ۋاقىراپ كايىشقا باشلىدى:

ــ ھەي قـۇترىغان شەيتان! ئـاتقا دەسـسىتىۋېتىشكە
تاس قالدىڭ! توختاپ تۇر، ئاتنى قانداق چاپتۇرغانلىغىڭ-
نى داداڭغا ئېيتىمەن.

ــ ھىچ گەپ يوق، خوشنام، تىللىمىغىن. ئېرىڭنىلاگىرغا
ئۇزاتساڭ، مەنمۇ ئىش ـ پىشلىرىڭغا ياراپ قالارمەن.

ــ سەندەك شەيتاننىڭ ماڭا نىمە كېرىگى بار؟

ــ ئوت ئورۇش باشلانغاندا ئوزەڭ يالۋۇرىسەنمىكىن
تېخى، ــ دىدى گىرىگورىي كۈلۈپ.

ئاكسىنىيە تاختاي بېكىتىلگەن يەردىن ئەپكەش بىلەن
چاقىقانلىق بىلەن چىلىگىنى سۇغا كومۇرۇپ ئالدى ـ دە، شا-
مالدا ئۈچۈپ تۇرغان يوپكىسىنىڭ ئېتىگىنى ئـىككى تـىزى
ئارىسىغا قىسىپ، گىرىگورىيغا قاراپ قويدى.

ــ قانداق، سېنىڭ ستىپانىڭ تەييارلىنىپ بولدىمۇ؟ ــ
دەپ سورىدى گىرىگورىي.

— سىنىڭ نىمە ئىشىڭ بار؟

— ئاجايىپ ئىكەنسەن ... سوراشقا بولمامدىكەن؟

— تەييارلىنىپ بولدى. خوش كېپىڭ بارمۇ؟

— ئۇنداق بولسا، يالغۇز قالىدىكەنسەن - دە؟

— شۇنداق بولسا كېرەك.

ئات بېشىنى سۇدىن كوتەردى، ئاغزىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سۇنى چايناپ، دوننىڭ نېرىقى ياقىسىغا تىكىلىپ، ئالدىنقى پۇتى بىلەن سۇنى چاپچىدى. ئاكسىنىيە ئىككىنچى چېلەكنىمۇ سۇغا كومۇرۇۋالدى - دە، ئەپكەشنى مۈرىسىگە ئېلىپ، يېنىك - يېنىك تەۋرىنىپ، دوڭنىڭ ئۈستىگە مېڭىپ كەتتى. گىرىگورىيمۇ ئېتىغا دەم بېرىپ ئارقىدىن ماڭدى. شامال ئاكسىنىيەنىڭ يوپكىسىنى يەلپۈلدىتەتتى، قارا قۇمچاق بوينىغا چۈشۈپ تۇرغان يىپەكتەك سىلىق ئورۇم چاچلىرىنى ئويناتتى. مەشۇت بىلەن گۈل تىكىلگەن تەقى دوپپىسى چەمبىرەك چاچلىرى ئۈستىدە چوغدەك قىزىرىپ تۇراتتى. هالرەڭ كوينىگى يوپكىسىنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇلغان، بۇ كوينەك ئۇنىڭ لىغىرلاپ تۇرغان دۈمبىسى ۋە تولۇق كەلگەن يەلكىسىگە لىق كەلگەن بولۇپ، سىپ - سىلىق تارتىلىپ تۇراتتى. ئاكسىنىيە دوڭدىن چىقىۋېتىپ، ئالدىغا ئېڭىشكەندە، دۈمبىسىدىكى نودەك ئۇزۇنچاق چوڭقۇرچىغى كوينىگىنىڭ ئاستىدىن ئوچۇق بىلىنىپ تۇراتتى. كوينىگىنىڭ قولتۇق ئاستىلىرى تەر بىلەن سارغىيىپ، داغ بولۇپ قالغانلىغىنى گىرىگورىي ئوچۇق كوردى، ئۇ ئاكسىنىيەنىڭ هەر بىر هەركىتىنى كوزلىرى بىلەن كۆزىتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئاكسىنىيە بىلەن يەنە سوزلەشكۈسى كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

— بەلكى، ئېرىڭنى سېغىنىپ قالارسەن ئىككىن؟ ھە؟
ئاكسىنىيە كېتىۋېتىپ قايرىلدى - دە، كۈلۈپ قويدى.
— سېغىنىمايچۇ ... سەن ئويلىنىپ باققىنا. — ئاكسىنىيە ھاسىراپ سوزلەيتتى، — ئاۋال ئويلەن، يارىڭنى سېغىنامسەن - يوق، ئاندىن بىلىسەن.
گىرىگورىي ئۇنىڭ بىلەن تەگلەشتى - دە، كۆزلىرىگە تىكىلدى.
— ئەمما بەزى ئاياللار ئېرىنى ئۈزۈتۈپ قويغىنىغا تولىمۇ خوشال بولۇشىدۇ... مەسىلەن، بىزنىڭ دارىيە پېترو بولمىسا سەمرىشكە باشلايدۇ.
ئاكسىنىيە بۇرنىنى ئۇچۇرۇپ، تېز - تېز نەپەس ئالاتتى. ئۇ چاچلىرىنى تۈزىتىپ تۇرۇپ:
— ئەر دېگەن ئەر ئەمەس، قان شورايدىغان نەرسە، خوش سېنى قاچان ئويلەپ قويىمىز؟ — دېدى.
— بىلمەيمەن، دادام نىمىنى ئويلاۋاتىدىكىن، بەلكىم ئەسكەرلىككە بېرىپ كەلگەندىن كېيىن ئويلەپ قويارمىكىن.
— تېخى ياشسەن، ئويلەنمەي تۇر.
— نىمىشقا؟
— بېشىڭغا بالا بولىدۇ، — ئاكسىنىيە يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ، لەۋلىرىنى يۇمماستىن، خالار - خالىماس كۈلۈمسىرىدى، ئەنە شۇ پەيتتە ئۇنىڭ لەۋلىرى بىھايا - چاڭقاپ كەتكەن، قىلدىن ئىنچىكە نازۇك گىرىگورىي بىرىنچى قېتىم بايقاپ قالدى.
ئۇ ئاتنىڭ يايلىنى تۈزەۋېتىپ:

— ئۆيلەنگىنىم يوق، قانداق بولمىسۇن بىرەرسى مېنى ياخشى كۆرۈپ قالار، — دېدى.

— ئىشانلاپ قويغىنىڭ بارمۇ؟

— ئىشانلاپ نېمە قىلىمەن؟...سەن مانا ستېپانىنى ئۆزىتىپ قويۇۋاتىسەن...

— سەن مەن بىلەن ئوينىشما!

— ئۆرۈپ بىر نېمە قىلىشىۋېتەتتىڭمۇ؟

— ستېپانغا ئېيتىمەن...

— ستېپانىڭنى مەن...

— ھېزى بول، جەسۇر يىگىت، كۆزۈڭدىن ياش تامچىلىمىسۇن يەنە.

— مېنى قورقۇتما، ئاكسىنىيە!

— قورقۇتۇۋاتقىنىم يوق، سەن قىزلار بىلەن بول. ئۇلار ساڭا قولياغلىق تىكىپ بەرسۇن. ماڭا قاراۋەرمە.

— ئەتەي قارايمەن.

— قارىساڭ، قاراۋەر.

ئاكسىنىيە ئۇنىڭ بىلەن ئەپلىشىپ قالغاندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى-دە، سوقماق يولدىن چىقىپ، ئاتنىڭ چەتلەپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى. ئەمما گرىگورىي ئېتىنى يانغا بۇراپ، يولىنى توستى.

— يولۇمغا ماڭغىلى قوي، گرىشكا!

— ماڭغىلى قويمايمەن.

— تەنتەكلىك قىلما، مەن ئېرىمنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى جايلاپ بېرىشىم كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گىرىگورىي كۆلۈمسىرەپ، ئېتىنى ئوينىتاتتى: ئاتتى-
پىرلاپ ئاكسىنىيىنى يارغا قىستاپ قويدى.

— قويۇۋەت شەيتان، ئەنە ئادەملەر تۇرۇپتۇ! كورۇپ
قالسا، نىمە دەپ ئويلىشىدۇ؟

ئاكسىنىيە كوزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىپ ئۇياق - بۇ-
ياققا قاراپ، ھومىيىپ ئوتۇپ كەتتى، ئارقىسىغا ئىككىنچى
قارىمىدى.

پىشايۋاندا پېترو ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇققانلىرى
بىلەن خوشلىشىۋاتاتتى. گىرىگورىي ئاتنى ئېگەرلىدى. پېترو
قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ، پەلەمپەيدىن ئالدىراپ چۈشتى-دە،
گىرىگورىيىنىڭ قولىدىن تىزگىننى ئالدى.

ئات سەپەرگە چىقىشىنى سىزىپ، جايىدا جىم تۇرالماي
تىپىرلايتتى ۋە يۈگەننىڭ سۇلىغىنى چايناپ، ئاغزىنى كوپۈك-
لەندۈرەتتى، پېترو پۇتىنى ئۇزەڭگىگە قويۇپ، ئېگەر قېشىنى
تۇتتى - دە، ئاتىسىغا گەپ تاپىلىدى:

— دادا، سەمەن ئاتنى ئىشلىتىپ، ھالىدىن كەتكۈز-
مىگىن! كۈزگىچە سەمرىسۇن — سېتىۋېتىمىز. گىرىگورىيغىمۇ
ئات ئالارمىز. ماڭا قارىغىنا، دالىدىكى ئوت - چۆپلەرنى
سېتىۋەتمىگىن، ئاشۇ ئوتلاقتىن قانچىلىك ئوت چىقىشىنى
ئوزەڭمۇ بىلىسەن.

— خەير - خوش، خۇداغا ئامانەت. ئاق يول بولسۇن، —
دىدى بوۋاي چوقۇنۇپ.

پېترو ئادەتتىكى چاققانلىقى بىلەن ئېغىر گەۋدىسىنى
لىپپىدە ئېگەرنىڭ ئۈستىگە ئالدى. كوينىكىنىڭ كەمەر بىلەن
تارتىشىپ، پۈرلىشىپ كەتكەن ئارقا تەرىپىنى تۈزەپ قويدى.

ئات دەرۋازا تەرەپكە قەدەم تاشلىدى. قىلىچىنىڭ سېپى ئاپ-تاپتا خىرە پاقىراپ، ئاتنىڭ يورغىلىشى بىلەن ماس ھالدا تەۋرىنەتتى.

بالىسىنى كۆتىرىۋالغان دارىيە ئېرىگە ئەگەشتى. ئانى-سى يېڭى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، قىزىرىپ كەتكەن بۇرنى-نى ئېتىكى بىلەن ئېرتىپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى.

— ئاكا، سامىسىنى ئۇنتۇپ قاپتۇق! سامسا! كارتوشكا سامسا!...

دۇناشكا ئۆچكىگە ئوخشاش دەرۋازا تەرەپكە يۈگۈردى.

— نىمە ئانچە ۋاقىرايسەن، ئەخمەق! — دەپ توۋلىدى گىرىگورىي ئۇنىڭغا ئەلەم بىلەن.

— سامسا قېپقېلىپتۇ! — دۇناشكا ئىشىككە يۆلىنىپ ئېسەدەشكە باشلىدى، كۆز يېشى قارا تەككۈزۈۋالغان مەڭزىگە، مەڭزىدىن كوپتىسىغا ئاققىلى تۇردى.

دارىيە قولىنى كۆزىگە تۇتۇپ، چاڭ ئارىسىدا ئاران كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاق كوينەكلىك ئېرىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ دەرۋازا ئالدىدىكى لىڭشىپ قالغان تۈۋرۈكنى مىدىرلىتىپ تۇرۇپ گىرىگورىيغا قارىدى.

— دەرۋازىنى ئوڭلاپ قوي، بۇرجىكىگە تىيەك ئور-نات، — بوۋاي بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، بىرەر يېڭى خەۋەرنى يەتكۈزگەندەك قوشۇپ قويدى: — پېترومۇ كەتتى.

گىرىگورىي قاشا تامنىڭ ئارىلىغىدىن ستېپانىڭمۇ تەييارلىنىۋاتقانلىغىنى كۆردى. يېشىل يۇڭ يوپكا كىيىپ يا-سىنىۋالغان ئاكسىنىيە ئۇنىڭغا ئېتىنى ئەپكېلىپ بەردى. ستې-پان كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭغا بىر نىمىلەرنى دىدى. ئۇ ئالدىرى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماستىن، ئايىلنى قانغىدەك سويىدى ۋە ئۇزاققىچە قولىنى ئۇنىڭ يەلكىسىدىن ئالمىدى. ئاپتاپتا كويگەن ۋە ئىشتا قارىيىپ كەتكەن قولى ئاكسىنىيىنىڭ ئاپپاق كوپتىسى ئۈستىدە قاراكوسەيدەك كورۈنەتتى. ستىپپان گىرىگورىي تەرەپكە ئارقىسىنى قىلىپ تۇراتتى؛ ئۇنىڭ چىچى چۇشۇرۇلگەن چىرايلىق بويىنى، كەڭ، بىر ئاز ئىگىزرەك يەلكىلىرى قاشا تام ئارىلىغىدىن ئوچۇق كورۇنۇپ تۇراتتى، ئايىلغا ئىگىشكەندە تولغىنىپ تۇرغان ساپ - سىرىق بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنىمۇ كورۇش مۇمكىن ئىدى.

ئاكسىنيە بىر ئىشقا كۈلگەندەك بولۇپ، ئۇنى ماقۇل تاپمىغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدى. ستىپپان ئۇزەڭگىگە پۇت قويغاندا ئىگىز قارا ئارغىماق تەۋرىنىپ كەتتى. ستىپپان دەرۋازىدىن تېز چىقىپ كەتتى، ئۇ ئىگەرنىڭ ئۇستىدە مەھكەم چاپلىشىپ ئولتۇرغان ئىدى. ئاكسىنيە ئۇزەڭگىسىنى تۇتۇپ يېنىدا بىللە ماڭدى. ئۇ بېشىنى ئىگىز كوتىرىپ، ئېرىنىڭ كوزلىرىگە زوقلىنىپ، تەشنالىق بىلەن باقاتتى.

ئۇلار ئاشۇ ھالەتتە خوشنىسىنىڭ ئويىدىن ئوتۇپ، دوقمۇشقا كەلگەندە بىر - بىرىدىن ئايرىلىشتى.

گىرىگورىي كوزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئۇزاققىچە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇردى.

# 4

كەچكە يېقىن ھاۋا تۇتۇلۇپ، گۈلدۈرماما باشلاندى.
يېزىنىڭ ئۈستىنى قارا بۇلۇت قاپلىدى. شامال بىلەن قۇت-
رىغان دون دەرياسى ئات ياپلىدەك دولقۇنلىرى بىلەن قىر-
غاققا ئۆرۈلەتتى. بوستانلىقنىڭ ئارقىسىدا چاقماق چېقىپ،
ئاسماننى يورۇتۇپ تۇراتتى، گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز يەرنى
لەرزىگە كەلتۈرەتتى. بۇلۇتلارنىڭ ئاستىدا چوڭ بىر سا
قاناتلىرىنى كېرىپ ئايلىنىپ يۈرەتتى، بىر توپ قاغىلار قا-
قىلدىشىپ، ئۈنى قوغلايتتى. غەرپ تەرەپتىن سوغاق قارا بۇ-
لۇت دون دەرياسىنى بويلاپ كېلىۋاتاتتى. سايلىقنىڭ نېرىقى
تەرىپىدە ئاسمان قارىيىپ دەھشەتلىك تۈس ئالدى. كەڭ دالا
بىر نەرسىنى كۈتۈۋاتقاندەك سۈكۈتكە چۆمگەن ئىدى. يېزىدا
كىشىلەر ئىشىك - دەرىزىلىرىنى تاراقشىتىپ يېپىشقا باشلى-
دى، كەچكى ئىبادەتتىن قايتقان مومايلار چوقۇنۇپ، ئۆيلى-
رىگە ئالدىرىشاتتى، مەيداننىڭ ئۈستىدە كۆلرەڭ چاڭ - تو-
زاڭ قۇيۇنى كوتىرىلدى. باھارنىڭ تەپتىدىن قۇرۇپ كەت-
كەن يەر ئۈستىگە يامغۇر بىرىنچى قېتىم تامچىلىرىنى سىپىش-
كە باشلىدى.

دۈناشكا ئورۇم چاچلىرىنى پۇلاڭلىتىپ ھويلىدا يۈگۈ-
رۈپ يۈرۈپ، توخۇ كاتىكىنىڭ ئىشىگىنى ئەتتى - دە، تۇساق
ئالدىدا توختاپ قالغان ئاتتەك بۇرنىنىڭ توشۇكلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىرىپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالدى. كوچىلاردا باللار سەكرىشىپ ئويناۋاتاتتى. خوشنا ھويلىدىكى 8 ياشلىق مىشكا بىر پۇتىنىڭ ئۈستىدە زوڭزىيىپ، پىر - پىر ئايلىناتتى، دادىسىنىڭ يوغان شەپكىسىنى كوزلىرىگىچە كىيىۋالغان بولۇپ، بېشىدا پىرقىراپ تۇراتتى، ئۇ چىرقىراپ ناخشا ئېيتاتتى:

يامغۇر ياققىن ھەر يانغا،
بىز بارىمىز بوستانغا.
يېلىنىمىز خۇداغا،
چوقۇنىمىز ئەيساغا.

دۇناشكا گۈسۈلدىتىپ يەر تېپىپ ئويناۋاتقان مىشكىنىڭ لاي چاچرىغان يالاڭ ئاياقلىرىغا ھەۋىسى كېلەتتى. ئۇنىڭمۇ يامغۇردا سەكرەپ ئوينىغۇسى، بېشىنى ھول قىلغۇسى كېلەتتى، چاچلىرىنىڭ قويۇق، جىڭگىلەك بولۇپ ئۆسۈشىنى خالايتتى؛ خۇددى مىشكىنىڭ دوستىغا ئوخشاش تىكەنىنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ چۈشۈشتىن قورقماي. يولنىڭ چېتىدىكى توپىدا پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ موللاق ئاتقىسى كېلەتتى، بىراق ئانىسى دەرىزىدىن قاراپ، ئاچچىغى بىلەن لەۋلىرىنى ھىملەيتتى. دۇناشكا خۇرسىنىپ ئويگەچاپتى، يامغۇر چوڭ - چوڭ تارىسىلداپ چۈشكىلى تۇردى. نەق ئۆگزىنىڭ ئۈستىدە گۈلدۈرماما قاراسلاپ، ساداسى دونىڭ نېرىقى تەرىپىگىچە تارالدى.
دادىسى ۋە تەرگە چومگەن كىرىشكا يوگەپ قويۇلغان بېلىق تورىنى يان ئويدىن تارتىپ چىقىرىۋاتاتتى.
— كاناپ بىلەن جۇۋالدۇرۇزنى ئەپكەل، تېز بول! — دەپ بۇيرۇدى كىرىگورىي دۇناشكىغا.

ئاشخانىغا چىراق يېقىشتى، دارىيە يورۇقتا ئولتۇرۇپ تورنى تىكىشكە باشلىدى. موماي بالا ئەۋرىتىۋېتىپ غودۇڭشىيتتى:

— سەن قىرىنىڭ تېچ ئولتۇرغان ۋاقتىڭنى كورگىلى بولارمۇ؟ چىراقنى ئوچۇرۇپ يېتىڭلار، يەر يېغىنىڭ نەرقى كۈندىن كۈنگە ئورلەۋاتىدۇ، سەن ھەدەپ يېقىۋېرىسەن. شۇ تاپتا بېلىق تۇتۇشنىڭ نىمە كېرىگى بار؟ سىلەرگە نىمە بالا تەگدى؟ سۇغا غەرق بولۇپ كەتمەڭلار يەنە، ھويلىغا چۇشۇۋاتقان ئاللانىڭ دەھشىتىنى كورمەيۋاتامسەن؟ خۇدا يا تووۋا، يا ئەيسا، ئوزەڭ ساقلىغىن، ئەي ئاسماننىڭ مەلىكىسى بۇۋى مەرىيەم...

ۋال - ۋۇل چاقماق چېقىپ، كوكۇش نۇر ئاشخانىنىڭ ئىچىنى بىر سېكۇنت يورۇتىۋەتتى. جىمجىتچىلىق باشلاندى: ئىشىك - دەرىزىلەرنى يامغۇر تىكىرلىتىۋاتقانلىقى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئارقىدىنلا يەنە ھاۋا تاراقلىدى. دۇناشكا ۋايجان دەپ تورنىڭ ئۇستىگە دۇملا يېتىۋالدى. دارىيە ئىشىك - دەرىزىلەرگە قاراپ، تېز - تېز چوقۇنۇپ قويدى.

موماي ئايىغىدىكى ئەركىلەۋاتقان مۇشۇككە ئالاچەكمەن بولۇپ قارايتتى.

— دۇناشكا! ھەيدىسەڭچۇ، مۇنۇ لەنىتىنى... ئەي بۇۋى مەرىيەم ئانا، گۇنايىمنى كەچۇر، دۇنكا، مۇشۇكنى ھويلىغا ئەپچىقىۋەت. پەش، نېرى كەت، ئىبلاس! سېنى...

گىرىگورىي قولىدىكى تورنى پەسكە چۇشۇرۇۋېتىپ پىخىلداپ كۈلەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— نېمە ۋاقىتلاردا ۋىرىنسىلەن؟ بولدى قىلىڭلا! — دەپ ۋاقىراپ قويدى پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ. — قىزلار، تېزرەك تىكىڭلار! قايسى كۈنى تورغا قاراپ قويۇڭلار، دەپ تاپىلاپ قويغان ئىدىمغۇ!

— شۇ تاپتا قانداق بېلىق تۇتىدىغاندۇ؟ — موماي يەنە غودۇڭشىقا باشلىغان ئىدى. بىراق چال ئۇنىڭ سوزىنى سىلكىپ تاشلىدى:

— سەن ئۇقمىغاندىن كېيىن جىم ئولتۇر! ھازىر نەق ستېرلەت بېلىقى تۇتىمىز. بېلىق بوراندىن قورقۇپ، ئوزىنى قىرغاققا ئۇرىدۇ. سۇ ئاللىقاچان لېيىغان بولۇشى مۇمكىن. قېنى بول، دۇناشكا، چىقىپ قۇلاق سالغىنا، ئېرىق شاقىراپ ئېقىۋاتامدىكىن؟

دۇناشكا خوشيا قىلمىغاندەك يېنىچە مېڭىپ ئىشىككە چىقتى.

— تورنى كىم سورەيدۇ؟ دارىيە بارمىسۇن، كوكرىكىگە شامال تېگىپ قالىدۇ، — موماي ھامان سوزىنى توختاتماي يىتتى.

— مەن گىرىشكا بىلەن سورەيمەن، يەنە بىر تورنى سورەشكە ئاكسىنىيىنى چاقىرايلى، يەنە بىرەر ئايال بولسا يېتىدۇ.

دۇناشكا ھاسىراپ كىرىپ كەلدى. كىرپىكلىرىدە يامغۇر تامچىلىرى تىترەپ تۇراتتى. ئۇستى - بېشىدىن نەم قارا تۇپراق پۇرىقى كېلەتتى.

— ئېرىق شارقىراپ ئېقىۋاتىدۇ، بەك دەھشەت!

— بىز بىلەن بىللە بارامسەن؟

— يەنە كىم بارىدۇ؟

— خوشنا ئا يا للارنى چاقىرىمىز.
— بارىمەن!
— ئۇنداق بولسا چەكىمەننى يېپىنىپ ئاكىسىنىيىنىڭ قېشىغا بۇگۇر. ناۋادا بارىدىغان بولسا، مالاشكا فرولوۋانى چاقىرىۋالسۇن!
— مالاشكىغا سوغاق ئۆتۈپ قالماسمۇ؟ — دەپ كۈلدى گىرىگورىي، — ئۆزىمۇ چوشقىدەك سەمرىپ كېتىپتۇ.
— گىرىشۇنكا، سەن قۇرۇغان ئوتتىن ئېلىۋالغىن، — دېدى ئانىسى، — كوكرىگىڭگە قويۇۋالسەن، ئۇنداق بولمىسا، بەدىنىڭگە سوغاق ئۆتىدۇ.
— گىرىگورىي، سەن قۇرۇق ئوت ئېلىپكەل، موما يىنىڭ ئېيتقىنى ناھايىتى توغرا.
كوپ ئۆتمەي دۇناشكا ئا يا للارنى باشلاپ كەلدى. ئاكسىنىيە يىرتىق كوپتا بىلەن كوك يوپكا كىيىپ بىلىنى تانا بىلەن باغلىۋالغان ئىدى. تۇرقىدىن پاكار، ئورۇقراق كورۇنەتتى. ئۇ دارىيە بىلەن بىر - بىرىگە كۈلۈشۈپ، بېشىدىن رومىلىنى ئالدى، چېچىنى چەمبىرەك قىلىپ تۈگدى - دە، رومىلىنى قايتىدىن ئوراۋېتىپ گىرىگورىيغا سوغاققىنا قاراپ قويدى. سېمىز مالاشكا بوسۇغىنىڭ ئالدىدا پايپاقلىرىنى چېگىۋاتاتتى، سوغاق تەككەن ئاۋازى خىرىلداپ چىقاتتى:
— قاپ ئالدىڭلىمۇ؟ ھەي خۇدايىمەي، بىز بېلىقتۇتقىلى بارىمىزغۇ!

**ھەممەيلەن ھويلىغا چىقىشتى، لومشۇپ كەتكەن يەرگە شارقىراپ يامغۇر قۇيۇۋاتاتتى، يىغىلغان سۇلار كوپۇكلىشىپ، ئېقىن ھاسىل قىلىپ دونغا ئېقىپ چۈشەتتى.**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گرىگورىي ئالدىدا ماڭدى، ئىمىشقىدۇر ئۇنى خوشال-لىق چۇلغىۋالغان ئىدى.

— كوزۇڭگە قارا، دادا، ئالدىڭدا ئېرىق بار.

— راست دىگەندەك قاراڭغۇنى قارىمامدىغان!

— مېنى تۇتۇۋال، ئاكسۇشا، تۇرمىدە بىللە بولىمىز، — دەپ خىرىلداپ كۇلدى مالاشكا.

— ھەي گىرىگورىي، مۇنۇ مەيدانىكوپلارنىڭ پىرىستا-نى ئەمەسمۇ؟

— ھە، شۇ پىرىستان.

— شۇ يەردىن باشلايمىز... — دەپ ۋاقىرىدى پانتې-لېي پروكوفيېۋىچ شامالدا ئاۋازىنى چىقىرىشقا كۇچىنىپ.

— تاغا، گېپىڭىزنى ئاڭلىيالمىدۇق! — دەپ خىرىل-دىدى مالاشكا.

— سورەۋە، ئەجرىنى تاپىسەن... چوڭقۇر يەرگە مەن چۇشىمەن. ھەي، ئوزەم چۇشىمەن دەۋاتىمەن... مالاشكا، پاك قۇلاق ئالۋاستى، تورنى نەگە تارتىۋاتىسەن؟ چوڭقۇرغا مەن چۇشىمەن!... گىرىگورىي، گىرىشكا! ئاكسىنىيە تورنى قىر-غاقتا تۇرۇپ تاشلىسۇن!

دونىنىڭ ئۇستىدە گۇكىرىگەن ئاۋاز توختىمايتتى. شا-مال قىيپاش يوپۇرىلىپ چۇشۇۋاتقان يامغۇرنى پارچىلى-ۋېتەتتى.

گىرىگورىي ئايىغى بىلەن پايپاسلاپ، بىلىگىچە سۇغا كىردى. سۇ كوكرىگىچە چىقىپ، سوغاق جېنىدىن ئوتتى. دولقۇن يۇزىگە ھەمدە مەھكەم يۇمۇۋالغان كوزلىرىگە قام-چىدەك تىگەتتى. تور شاردەك قوساق سېلىپ چوڭقۇرلۇققا

سوره يتتى. گىرىگورىينىڭ يۇڭ پايپاق كىيىۋالغان پۇتلىرى سۇنىڭ ئاستىدىكى قۇمدا تېيىلىپ كېتەتتى. قولىدىن تور چىـ قىپ كېتىشكە تاس - تاس قالاتتى... سۇ بارغانسىرى چوڭـ قۇرلاشتى. ئۇنىڭ نېرىسى پەلەمپەيدەك تىك چوڭقۇرلۇق، ئايا قلىرى تېيىلىپ تۇراتتى. ئېقىم ئۇنى ئوتتۇرىغا سوره يتتى، سۇبولسا تېگىدە تارتىپ تۇراتتى. گىرىگورىي ئوڭ قولى بىلەن كۆـ چىنىڭ بىر بىچە قىرغاقنىڭ قېشىغا ئۆزەتتى. تېگى يوقها گدەكقار ـ قاراڭغۇ بىر چوڭقۇرلۇق ئۇنىڭغا ۋەھىمە سالاتتى، بۇنى ھېچـ قاچان كورمىگەن ئىدى، ئاخىر پۇتى يۇمشاق يەرگە تىگىپ كوڭلى جايىغا چۈشتى، بىر بېلىق تىزىغا ئۇرۇلدى.

— چوڭقۇر يەرنى چەتلەپ ئوت! — قەيەردىندۇر، قاـ راڭغۇلۇق ئىچىدىن دادىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

تورقىيشىيىپ يەنە چوڭقۇرلۇققا سوره شكەباشلىدى، كۆچلۈك ئېقىم ئايىغى ئاستىدىكى قۇمنى يەنە ئاققۇزغىلى تۇردى؛ گىرىگورىي بېشىنى ئېگىز كوتىرىپ، سۇ ئۈزەتتى ۋە ھەدەپ تۆكۈرەتتى.

— ئاكىسىدىيە، سەن تىرىكمۇ؟

— ھازىرچە تىرىكمەن.

— يامغۇر توختاي دەمدۇ؟

— كىچىگى توختىسا، دەرھال چوڭى باشلىنىدۇ.

— ئاستىراق گەپ قىل، دادام ئاڭلىسا تىللايدۇ.

— دادامدىن قورقۇپ يۈرەمسەن، تېخى...

بىر مىنۇت ئارىغا جىملىق چۈشتى. سۇ خېمىرغا ئوخـ شاش يېپىشۇپلىپ مىدىرلاشقا ئىمكان بەرمەيتتى.

— گىرىشا، قىرغاقنىڭ تۇۋىدىكى كوتەكلەرنىڭ ئاسـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىدا چوڭقۇر كامار بار بولسا كېرەك، تور تاشلاپ باقايلى.

قورقۇنۇچلۇق بىر تۈرتكە گىرىگورىينى يىراققا ئۇلاقتۇرۇپ تاشلىدى. گويا يارنىڭ ئۈستىدىن يوغان خادا تاش ئورۇلۇپ چۈشكەندەك سۇ شالاقشىپ، چايقىلىپ كەتتى. قەيەردىندۇر، قىرغاقنىڭ بىر يېرىدىن ئاكسىنىيىنىڭ:

— هو - هو - هو - هوا — دەپ چىقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

قاتتىق چوچۇگەن گىرىگورىي، سۇدىن شۇڭغۇپ، ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە ئۈزۈپ كەتتى.

— ئاكسىنىيە!

شامالنىڭ گۈكىرىگەن ئاۋازى بىلەن سۇنىڭ شاۋقۇنىلا ئاڭلىناتتى.

— ئاكسىنىيە! — گىرىگورىي قورقىنىدىن تىترەك ئاۋاز بىلەن ۋاقىرايتتى.

— ئە - هەي! گىرىگو - رىي! — يىراقتىن دادىسىنىڭ غۇۋا ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

گىرىگورىي غۇلىچىنى كەڭ يېيىپ ئۈزۈشكە باشلىدى. پۇتىغا نىمىدۇر، بىر نەرسە يېپىشقاندەك بولدى. قولى بىلەن تۇتۇپ باققان ئىدى، تور ئىكەن.

— گىرىشا، نەدىسەن؟... — ئاكسىنىيىنىڭ يىغلامسىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— نىمىشقا ئۈن بەرمىدىڭ؟... — گىرىگورىي ئاچچىقى بىلەن توۋلىدى قىرغاققا يامىشىپ چىقىۋېتىپ.

ئىككىسى زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، چىگىشلىنىپ قالغان

تورنى ئىتىرەپ تۇرۇپ يىشىشكە باشلىدى. شۇ پەيتتە پارچى-
لانغان بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن ئايمۇ پاقىراپ كورۈندى.
سايىنىڭ ئىرىقى تەرىپىدە گۈلدۈرماما سالماقلىق گۈلدۈرلە-
ۋاتاتتى. يەردىكى سىڭگەي قالغان سۇ يالت - يۇلت كورۈ-
نۈپ قالاتتى. يامغۇر بىلەن تازىلىنىپ قالغان ئاسمان تى-
نىق ھەم ئوچۇق ئىدى.

گىرىگورىي تورنى يېشىۋېتىپ ئاكسىنىيىگە نەزەر سال-
دى. ئۇنىڭ يۈزى ئاپپاق ئاقىرىپ كەتكەن ئىدى، لېكىن
سەل - پەل كوپۈپ قالغان قىپ - قىزىل لەۋلىرى كۈلۈپ
تۇراتتى.

— دولقۇن مېنى قىرغاققا شۇنداق ئېتىپ ئۇردىكى،—
ئاكسىنىيە دېمىنى راسلىۋالغاندىن كېيىن ھېكايە قىلىشقا
باشلىدى،— ئەقلىمدىن ئېزىشقا تاس قالدىم. ئولگىدەك قورق-
تۇم! مەن سېنى تېخى غەرق بولۇپ كەتتىمىكىن دەپ
ئويلاپتىمەن.

ئۇلارنىڭ قوللىرى بىر - بىرىگە تېگىپ كەتتى. ئاكسى-
نىيە قولىنى گىرىگورىينىڭ كوينىكىنىڭ يېڭىگە تىقىشتۇردى.

— يېڭىڭنىڭ ئىچى ئەجەپ ئىسسىق ئىكەن، — دېدى
ئۇ، — مەن بولسام توڭۇپ كېتىپتىمەن، بېقىنىمغا سانچىق
تۇرۇپ كەتتى.

— ئەنە ئاشۇ لەنىتى لەھەك، تورنى تېشىپ قېچىپتۇ!

گىرىگورىي تورنى يېيىپ كوردى، لەھەك تورنىڭ قاپ
ئوتتۇرىسىدىن توغرىسىغا بىر يېرىم گەز كېلىدىغان يەرىنى
تېشىۋەتكەن ئىكەن.

يان تەرەپتىكى ئېگىزلىكتىن بىرسى يۈگۈرۈپ كېلىۋا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاتتى. گىرىگورىي ئۇنىڭ دۇناشكا ئىككەنلىكىنى بايقاپ، يىراقتىنلا ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سەندە يىپ بارمۇ؟

— بار، مانا.

دۇناشكا ھاسىراپ ئۇلارنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى.

— بۇ يەردە نىمە قىلىپ ئولتۇرىسىلەر؟ دادام سىلەرنى قىيالىقتا دەرھال يېتىپ كەلسۇن، دەپ مېنى ئەۋەتتى. بىز ئۇ يەردە بىر قاپ ستېرلەت بېلىغى تۇتتۇق! — دۇناشكىنىڭ ئاۋازىدىن بەك خوشال بولغانلىغى چىقىپ تۇراتتى.

ئاكسىنىيە يىپنى چىشلەپ تۇرۇپ، تورنىڭ توشۇگىنى ياماشقا باشلىدى. ئۇندىن كېيىن ئۇلار ئىسسىنىۋېلىش ئۈچۈن قىيالىققا يۈگۈرۈشۈپ كەتتى.

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ سۇدا ئاپپاق كوپۈپ كەتكەن بارماقلىرى بىلەن تاماكا ئوراۋاتاتتى؛ ئۇ نايناقشىپ ماختىنىشقا باشلىدى:

— بىر قېتىم سالغىنىمىزدا سەككىزنى تۇتتۇق، يەنە بىر قېتىمدا... — ئۇ دېمىنى ئېلىۋېلىپ تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى - دە، ئۇنچىقماستىن پۇتى بىلەن قاپنى كورسەتتى.

ئاكسىنىيە قىزىقىپ قاپقا كوز سالدى. جېنى مەھكەم ستېرلەتلەر قاپنىڭ ئىچىدە پىلتىڭلىشاتتى.

— سىلەر نىمىشقا ئۇ يەردە يۈردۈڭلار؟

— لاققا بېلىق تورنى يىرتىپ تاشلىدى.

— ياماندىڭلارمۇ؟

— ئۇ يەر، بۇ يېرىنى ئۇلاپ قويدۇق...

— ئۇنداق بولسا، تىزغىچە بىر چۈشەيلى - دە، ئۇيە

گەقايتايلى. گىرىشكا تورنى سورە، نىمىنى ئويلاپ تۇرىسەن؟

گىرىگورىي ياغاچتەك قېتىپ كەتكەن پۇتىنى ئاران سورەپ، ئاستا مېڭىپ كەتتى. ئاكسىنىيە شۇنداق تىترىدىكى، ئۇنىڭ تىترىگىنىنى گىرىگورىي تور ئارقىلىق سېزىپ تۇردى.

— نىمانچە تىترەيسەن؟

— شۇنچە قىلسامۇ ئوزەمنى باسالمايۋاتىمەن.

— مانا شۇنداق گەپ، قوي ئەمدى، چىقىپ كېتىمىز، ئاشۇ بېلىق دىگەن نەرسىگە مىڭ لەنەت!

يوغان بىر سازاڭ ئوزىنى تورغا ئۇردى. گىرىگورىي قەدىمىنى تېزلىتىپ، تورنى ئورىدى، ئاندىن ھالقىسىدىن تارتىشقا باشلىدى، ئاكسىنىيە ئالدىغا ئېڭىشىپ، قىرغاققا يۈگۈرۈپ چىقتى. قۇمنىڭ ئۈستىدە ئارقىغا قايتقان سۇ شىرىلدايتتى. تورنىڭ ئىچىدە بىر بېلىق تىپىرلايتتى.

— سايلىق بىلەن ماڭامدۇق؟

— ئورمان بىلەن ماڭساق يېقىنراق. ھەي، ئۇ يەردىكىلەر تېزرەك بولساڭلارچۇ؟

— كېتىۋېرىڭلار، ئارقاڭلاردىن يېتىۋالىمىز. مانا، تورنى چايقاۋاتىمىز.

ئاكسىنىيە چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ يوپكىسىنى سىقتى، ئاندىن بېلىق سېلىنغان قاپنى مۈرىسىگە يۈدۈۋالدى ـ دە، تېز ـ تېز مېڭىپ كەتتى. گىرىگورىي تورنى كوتىرىپ ماڭدى. يۈزسارجىن يول ماڭغاندىن كېيىن ئاكسىنىيە ئاھ ـ ئۇھ قىلىپ:

— ئەمدى ماڭغۇچىلىكىم قالمىدى! پۇتۇم ئاغرىپ كەتتى، — دىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— مۇنۇ بۇلتۇرقى ئوتنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىسسىنىۋالامسەن؟

— شۇنداق قىلسام بولامدىكىن، ئويگە يېتىۋالغىچە مۇزلاپ ئۆلىدىغان ئوخشايمەن.

گىرىگورىي ئوت دۆۋىسىنىڭ ئۈستىنى يان تەرەپكە قايرىپ تاشلاپ، ئارىسىنى يېرىپ چوڭقۇرچاق ياساپ بەردى. بېسىلىپ كەتكەن ئوتتىن ئىسسىققىنا بىر پۇراق بۇرنىغا ئۇرۇلدى.

— ئارىسىغا كىرىۋال، مەشنىڭ ئۈستىدە ياتقاندەك بولىسەن.

ئاكسىنىيە قاپنى تاشلىۋېتىپ، بويىنىغىچە ئوتنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى.

— ۋاي - ۋۇي، نىمە دىگەن راھەت!

سوغاقتىن لاغىلداپ تىترىگەن گىرىگورىي ئۇنىڭ يېنىدا ياتتى. ئاكسىنىيىنىڭ ھۆللىنىپ كەتكەن چاچلىرىدىن يېقىملىق پۇراق كېلەتتى. بېشىنى ئارقىسىغا ئىگىشتۇرۇپ ياتقان ئاكسىنىيە چالا ئىچىلغان ئاغزىدىن تەكشى نەپەس ئالاتتى.

— چاچلىرىڭدىن ئاجايىپ كىشىنى مەس قىلغۇدەك پۇراق كېلىۋاتىدۇ، بىلەمسەن، قانداقتۇر ئاق گۈلنىڭ پۇرىقى... — گىرىگورىي ئىگىشىپ تۇرۇپ پىچىرلىدى.

ئاكسىنىيە ئۈنچىقمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ يىراق يىراققا، دۆڭلەك ئاينىڭ گەردىشىگە تىكىلگەن ئىدى.

گىرىگورىي قولىنى يانچۇغىدىن چىقىرىپ، بىردىن ئۇنىڭ بېشىنى ئۆزى تەرەپكە تارتتى. ئاكسىنىيە چوچۇپ ئۆزىنى ئارقىسىغا تارتتى - دە، بېشىنى كۆتىرىپ ئولتۇردى.

— قويۇۋەت!

— ئۇنىڭنى چىقارما.
— قويۇۋەت دەيمەن، بولمىسا ۋاقىرايمەن!
— توختاپ تۇر، ئاكسىنىيە...
— پانتېلېي تاغا!...
— هاي، ئېرىپ قالدىڭلارمۇ؟ — يېقىنلا بىر يەردىن، چاتقاللىق ئارىسىدىن پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

گرىگورىي چىشلىرىنى مەھكەم چىشلەپ، ئوتنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشتى.

— نېمىشقا ۋاقىرايسەن؟ ئېزىپ قالدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى بوۋاي يېقىنراق كېلىپ.

ئاكسىنىيە چوپىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، گەجگىسىگە چۈشۈپ قالغان رومىلىنى تۈزەپ، قايتىدىن چەگدى، ئۈستىنۋېشىدىن هور چىقاتتى.

— ئېزىقىپقۇ قالمىدىم، ئەمما قاتتىق مۇزلاپ كەتتىم.
— ۋاي ئەخمەق ئايال، ئالدىڭدا چوپ تۇرمامدۇ؟ ئىچىدىگە كىرىپ ئىسسىنىۋالمامسەن؟

ئاكسىنىيە كۈلۈمسىرەپ يەردىن قاپنى ئالدى.

## 5

لاگىر جايلاشقان سېتراكوپ يېزىسى 60 چاقىرىم يىراقلىقتا ئىدى. پېترو مېلېخوپ بىلەن ستېپان ئاستاخوف بىر

ھارۋىدا ماڭغان ئىدى. يەنە بىر يېزىلىق 3 كازاك ئۇلار بىلەن بىللە ماڭغان ئىدى: بىرى — قالماق چىراي چوقۇر يىگىت فېدوت بودوۋىسكوپ، ئىككىنچىسى — ئىمتىيازلىق قىسىم ئاتامان پولكىنىڭ ئىككىنچى قارار ئەسكىرى خىرىسانىن توكىن — لەقىمى خىرىستونە؛ ئۈچىنچىسى — توپچى قىسىم جەڭچىسى ئىۋان تومىلىن بولۇپ، كېيىنكىسى پىرىسىيانوپكا يېزىسىغا كېتىۋاتقان ئىدى. ئاتلارغا دەسلەپكى بېكەتتە يەم - خەشەك بېرىلگەندىن كېيىنلا خىرىستونەنىڭ ئىككى ۋېرشوكلىك ① ئېتى بىلەن ستېپاننىڭ تورۇق ئېتى ھارۋىغا قوشۇلغان ئىدى. قالغان 3 ئات ئىگەرلەنگەن پېتى ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭاتتى. ھارۋىنى خىرىستونە ھەيدىدى، ئۇ، ئاتامان پولكىنىڭ ھەممە ئەسكەرلىرىگە ئوخشاش گەۋدىلىك، ئوچۇق كۆڭۈل كازاك ئىدى. خىرىستونە ھارۋىنىڭ ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇۋالغانلىقتىن ئىچ تەرەپكە يورۇقنى توسۇۋالغان ئىدى. ھە دېسە، يوغان باس ئاۋازى بىلەن ئاتلارنى قورقىتاتتى. ئۈستى يېپ - يېڭى بىرزېنت بىلەن يېپىلغان سايىۋانلىق ھارۋىدا پېترومىلېخوپ، ستېپان ۋە توپچى ئەسكەر تومىلىن تاماكا چېكىشىپ ياتاتتى. فېدوت بودوۋىسكوپ ئارقىدىن پىيادە ماڭدى؛ مۈنچىلىك بىر چاڭ - توزاڭ كۆتۈرۈلگەن يولدا ئۇزۇننىڭ قالماقچە قىڭغىر پۇتلىرى بىلەن مېڭىش ئۇنىڭغا ئانچىلىك ئېغىر كەلمىگەندەك كۆرۈنەتتى.

---

① ئىككى ۋېرشوكلىك ئات — ئېگىزلىكى ئىككى گەز، ئىككى ۋېرشوك كېلىدىغان ئات، چاررۇسىيە دەۋرىدە ئارمىيىگە ھەر بىر كازاك ئىككى گەز، يېرىم ۋېرشوكتىن پەس بولمىغان ئېتىنى مىنىپ كېلىشى شەرت ئىدى.

خىرىستونەنىڭ ھارۋىسى ئەڭ ئالدىدا ماڭغان ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بەنە يەتتە ياكى سەككىزچە ھارۋا ۋە ئىگەرلەنگەن ھەم ئىگەرسىز ئاتلار قاتار سوزۇلۇپ ماڭغان ئىدى.

يول ئۈستىدە قاقاقلىغان كۈلكىلەر، ۋاقىراشلار، سوزۇپ ئېيتىلىۋاتقان ناخشىلار، ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازلىرى، ئۈزەڭگىلەرنىڭ جىرىڭلاشلىرى چۆلنى بىر ئالغان ئىدى.

پېترو سۇخارى سېلىنغان خالتىنى بېشىغا قويۇپ ياتقان ئىدى، ئۇ ساپ - سېرىق شاپ بۇرۇتلىرىنىڭ ئۇچىنى تولغاپ خىيال سۈرەتتى.

— ستېپان!

— ھە!

— قېنى، سولداتچىسىغا بىر غەزەل توۋلايلى.

— كۆن ئىسسىق، تامىغىم قۇرۇپ كەتتى.

— يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلاردا قاۋاق يوق، ئۈمىت كۈتمىسەڭمۇ بولىدۇ!

— ئەمىسە، باشلا، سەنغۇ تازا ئۇستا ئەمەسسەن، لېكىن گىرىشكاڭنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق، تازا كوتىرىلگەندە كۆمۈشتەك جاراڭلايدۇ، بىز ئۇنىڭ بىلەن ئويۇن - تاماشىنى قىزىتاتتۇق.

ستېپان بېشىنى ئارقىغا تاشلاپ، بىر يوتىلىۋالدى-دە، پەس جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ناخشىنى باشلىدى:

تاڭ چولپىنى، ئەي چولپان،
بالدۇر چىقتىڭ ئاسمانغا.

تومىلىن ئالقىنىنى ئايالچىسىغا مەڭزىگە يېقىپ، ئىنـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىكە، مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن جور بولدى. پېترو كۆلۈمسىرەپ بۆرۆتىنىڭ ئۇچىنى سىلاپ قويدى ـ دە، كۈچىنىپ ناخشا ئېيتىۋاتقان كەڭ يەلكىلىك توپچى ئەسكەرنىڭ چىكە تومۇرلىرى كۆكىرىپ، كۆپـۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا كۆز سالاتتى.

سۇغا ماڭدى ياش جۇۋان،
كېچىكىپ دەريا تامانغا.

بېشىنى خىرىستونە تەرەپكە قويۇپ ياتقان ستېپان بىر قولىغا تايىنىپ تۇرۇپ، بۇ يېنىغا ئۆرۈلدى؛ ئۇنىڭ سىپ ـ سىلىق، چىرايلىق بويىنى قىزىرىپ تۇراتتى.

ــ خىرىستونە، قوشۇلغىنا!

يىگىت سەزگەچ كۆڭلىدە،
ئېتىنى ئىگەرلەيدۇ ...

ستېپان پـال كۆزلىرىنى پېتروغا تىكىپ ھىجىيىپ قويـدى، پېترو بۆرۆتىنىڭ ئۇچىنى ئاغزىدىن چىقىرىۋېتىپ ناخـشىغا قوشۇلدى.

خىرىستونە ساقال ـ بۇرۇت باسقان ئاغزىنى يوغـان ئېچىپ، شۇنداق چىقىراشقا باشلىدىكى، ھارۋىنىـڭ بېرزېنت سايىۋىنى تىترەپ كەتتى:

تورۇق ئاتنى چاپتۇرۇپ،
دەرھال قىزنى قوغلايدۇ...

خىرىستونە بىر گەز ئۇزۇنلۇقتىكى يالىڭاچ پۇتىنى توغـرىسىغا قويۇۋېلىپ، ستېپاننىڭ قـايتا نـاخشا بـاشلىشىنى

كۆتەتتى. ستېپان كوزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ، تەر تامچىلىرى قاپلىغان يۈزىنى سايە تەرەپكە ئېلىپ، زوق - شوق بىلەن ناخشىنى باشلىدى - دە، ئاۋازىنى بىر پەسەيتىپ، بىر جاراڭلىتىپ، ئەۋجىگە چىقىراتتى:

رۇخسەت قىلغىن جانان قىز،
ئات سۇغىرىمەن دەريادىن...

خىرىستونە يەنە ناخشىغا قوشۇلدى. ئۇ گۈدۈك - گۈدۈك ئۇرۇلغان چىركاۋ قوڭغۇرىقىدەك بوم ئاۋاز بىلەن ھەممىنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشەتتى. ناخشىغا ئارقىدا كېلىۋاتقان ھارۋىدىكىلەرمۇ قوشۇلدى. تومۇر قاپلانغان چاقلار غاچىر - غاچىر ئايلىناتتى، ئاتلار چاڭ - توزاڭدىن پۇشقۇراتتى، سوزۇپ ئېيتىلغان ناخشا سادالىرى يول ئۈستىدە دەريا تاشقىنىدەك ئاقماقتا. قاغجىراپ تۇرغان چۆل يانتاقزارلىقىدا ئاپتاپتا كۆيگەن بېغىرەڭ قىياقلار ئارىسىدىن بىر ئاق قاناتلىق قوتان قۇش ئۇچۇپ چىقتى - دە، ھاۋادا قاقىرلاپ، ئويمانلىققا يول ئالدى. ئۇ بېشىنى بۇراپ، قاتار تىزىلىپ كېتىۋاتقان ئاق سايىۋانلىق ھارۋىلارغا، تۇياقلىرى پاغا - پاغا چاڭ - توزاڭ كوتىرىپ كېتىۋاتقان ئاتلارغا، يولنىڭ ئىككى چېتىدە ئاپپاق كوينەكلىرىگە چاڭ قوندۇرۇپ قەدەم تاشلاپ ماڭغان ئادەملەرگە زۇمرەت كوزلىرى بىلەن قاراپ - قاراپ قوياتتى. قوتان ئويمانلىققا چۈشتى - دە، يىرتقۇچ ھايۋانلار چەيلەپ سولاشتۇرۇپ قويغان ئوتلارغا قاپ - قارا باغرىنى يېقىپچىم يېتىۋالدى. يولدا نىمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى كورگىسى كەلمىدى. يولدا بولسا ھارۋىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هامان گۈلدۈر ـ گۈلدۈر ئاۋاز بىلەن ماڭماقتا. تەرگە چۆمـگەن ئىگەرلىك ئاتلار هامان خوشياقمىغاندەك قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى. پەقەت سۇركوينەكلىك كازاكلار ئـوزلـىرىنىڭ هارۋىسىدىن ئالدىنقى هارۋىغا چېپىـپ بېرىپ، بـۇ هـارۋىنى ئورىۋالدى ـ دە، قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى.

ستېپان بىر قولى بىلەن بېرزېنت سايىۋاننىڭ ئۈستىنى تۇتۇۋېلىپ، هارۋىنىڭ ئۈستىدە ئورە تـۇرۇۋالدى، يەنە بىـر قولىنى ئاخشىغا ماسلاشتۇرۇپ، قىسقا ـ قىسقا شىلتاپ قوياتـتى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن قوشاق ياڭغۇرەدەك توكۇلۇشكە باشلىدى:

ئولتۇرمىغىن يېنىمغا،
ئولتۇرمىغىن يېنىمغا،
خەلق ئىچىدە بولۇر گەپ،
سېنى ماڭا كويگەن دەپ،
كېلىۋالساڭ يېنىمغا،
ئويلار سېنى كويگەن دەپ،
كېلىۋالساڭ يېنىمغا،
ئاددى ئەۋلات ئەمەسمەن ...

ئۇنىڭغا ئولتۇرغان كىشلەرنىڭ يىرىك ئاۋازلىرى جور بولدى، بۇ ئاۋازلار يولنى چاڭ كەلتۇردى:

ئاددى ئەۋلات ئەمەسمەن،
ئاددى ئەۋلات ئەمەسمەن،
ۋورووۋسكى زاتىمەن،
ۋورووۋسكى زاتىمەن،

ئاددى ئەۋلات ئەمەسمەن،
بەگزاددىنى سۆيىمەن.

فېدوت بودوۋىسكوپ ئىسقىرتىشقا باشلىدى؛ ئاتلار ھۆر-كۆپ ھارۋىنىڭ شوتىسىدىن يۇلقىنىپ زوڭ ئولتۇرۇپ قالدى. پېترو سايىۋاندىن بېشىنى چىقىرىپ، شەپكىسىنى سىلكىتىپ كۇلۇشكە باشلىدى. ستېپان شوخلۇق بىلەن يەلكىسىنى ئۇ-چۇرۇپ، كۇلۇپ، گۇل - قەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. يول بو-يى چاڭ - تـوزاڭ كـوتىرىلىپ بـاراتتى؛ خىرىستونە بـولسا ئۇزۇن كوينىگىدىن كەمىرىنى يېشىپ تاشلاپ، پەشلىرىنى يەلپۈلدىتىپ، تەرگە چومۇپ، زوگزىيىپ ئۇسۇلغا چۈشۈپ كەت-تى. ئۇ بىر قاش ئېتىپ چاقپىلەكتەك پىرقىرىسا، بىر ئۇھ - ئۇھلاپ كازاچوك پەدىسىگە يەر تېپىپ ئويناپتتى، يىپەكتەك يۇمشاق چاڭ قونغان يول ئۈستىدە ئۇنىڭ يالاڭئاياق پۇتلىـ رىنىڭ ئالقانلىرى ئاچايىپ ئىز قالدۇراتتى.

## 6

كازاكلار، سېرىق قۇم باسقان تاقىر بىر قورغاننىڭ يې-نىدا تۈنەش ئۈچۈن توختاشتى.

غەرپتىن بۇلۇت بېسىپ كەلمەكتە ئىدى. ئـۇنىڭ قارا قاناتلىرىدىن يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى. ئـاتلارنى كولدە سۇغۇرۇشتى. تۆغان ئۈستىدىكى غەمكىن تاللار شامالدا ئېگىـ لىپ تازىم قىلىشاتتى. ئۈستىنى يېپىشىل لـەش بـاسقان ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇششاق دولقۇن تەنگىچىلىرى پاقىراپ تۇرغان سۇنىڭ يۈزىدە چاقىناق ئۇچقۇنلار ئەكس ئېتەتتى. شامال بېخىللىق بىلەن ئانچە - مۇنچە يا مغۇرتامچىلىرىنى چېچىپ، گويا قاغجىراپ كەتكەن قارا يەرنىڭ ئالقىنىغا نەزىر - سەدىقىسىنى بەرگەندەك قىلاتتى.

چۈشەپ قويۇلغان ئاتلار ئوتلاقتا قويۇۋېتىلدى، ئۈچ ئادەم قاراۋۇللۇققا بەلگىلەندى. قالغانلار ئوت قالاپ، هارۋا شوتىلىرىغا قازان ئېسىشقا كىرىشتى.

خىر ىستونە تاماق ئەتتى. ئۇ چۈمۈچ بىلەن قازاننى قوچۇپ تۇرۇپ، ئەترا پتا ئولتۇرغان كازاكلارغا ھىكايە سوزلەپ بېرەتتى:

— ... خۇددى مۇشۇنداق ئىگىز بىر قورغان ئىدى. مەن مەرھۇم دادامغا: «بىز ھېچقانداق رۇخسەت ئالماستىن بۇ قورغاننى قېزىشقا باشلىساق، ئاتامان ① بىزنى جازالىماسمۇ؟» — دېدىم.

— ئۇ يەنە نىمە توغرىلىق گەپ سېتىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئاتنىڭ يېنىدىن كەلگەن ستېپان.

— ئاتام رەھمەتلىك بىلەن (جايى جەننەتتە بولسۇن) غايىپ غەزنە ئىزلىگەنلىكىمىزنى سوزلەپ بېرىۋاتىمەن.

— ئۇنى نەدىن ئىزلىگەن ئىدىڭلار؟

— ھەي، بۇرادەر، ئۇنى ئاۋۇ فېتىسوپ سايلىغىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن ئىزلىگەن ئىدۇق. سەن بىلىسەن — مېركۇلوپ قورغىنىنى ...

① ئاتامان — چاررۇسىيە دەۋرىدە كازاكلارنىڭ باشلىغى، دەرىجىسى ھەر خىل بولىدۇ: قوشۇن ئاتامانى — قوشۇن باشلىغى، يېزا ئاتامانى — يېزا باشلىغى ۋەزىپىسىدە بولىدۇ.

— ھە - دە ... — ستېپان زوڭزىيىپ ئولتۇردى-دە، ئالقىنىغا بىر تال چوغ ئالدى. ئاندىن ئۇنى ئالقىنىدا ئايلاندۇرۇپ پۈۋلەپ، تاماكىسىنى ئاران تۇتاشتۇرۇۋالدى.

— شۇنداق، بىر كۈنى دادام: «يۈر، خىردىستان، مىر-كۈلوپ قورغىنىنى قازىمىز» دېگەن ئىدى. ئۇ چوڭ دادامدىن شۇ يەردە غايىپ غەزنە بارلىقىنى ئاڭلىغان ئىكەن، ئەمما غەزنە ھەر كىمگە ئۇچراۋەرمەيدۇ. دادام خۇداغا يالۋۇرۇپ: «ئەگەر شۇ غەزنىنى ماڭا بەرسەڭ، چىرايلىق بىر چېركاۋ سالدۇراتتىم» دەپ ۋەدە قىلغان. خوش، ئاتام بىلەن ئىككى-مىز شۇ قارارغا كېلىپ، ئاشۇ قورغانغا يول ئالدۇق. بۇ جاي چوڭ بىر يېزىغا قاراشلىق بولغانلىقتىن، پەقەت ئاتامىزدىن ئەندىشە قىلاتتۇق. كەچقۇرۇن يېتىپ باردۇق، قاراڭغۇ چۈ-شۈشنى كۈتۈپ تۇردۇق؛ بايتالنىڭ پۇتىنى چۈشەپ قويۇپ، ئوزىمىز گۈرجەكلەرنى ئېلىپ، قورغاننىڭ توپىسىگە چىقتۇق - دە، قاپ ئوتتىدىن بۇزۇۋشقا باشلىدۇق. بىر - ئىككى گەزچە ئورا كولىغان ئىدۇق — نەق تەشتەكلا چىقتى، ئەلىساقتىن بېرى قېتىپ تاشقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. مەن تەرلەپ، سۇ بو-لۇپ كەتتىم. دادام ھە دەپ پىچىرلاپ دۇئا ئوقۇيتتى، ئەمما بۇرادەرلەر، ئىشەنسەڭلار، شۇ چاغنىڭ ئوزىدە ئىچىمدە تول-غاق پەيدا بولدىكى ... ياز ۋاقتىدا يەيدىغىنىمىز ئوزەڭ-لەرگە مەلۇم: قېتىق بىلەن كۆۋاس ... قورسىقىم شۇنداق تولغاپ ئاغرىشقا باشلىدىكى، كوزۇمگە ئەجەل كورۇنۇپ كەت-تى — ئوندىن كېيىن نىمە بولغىنىنى سورىمايلا قويۇڭلار! دادام مەرھۇم، جايى جەننەتتە بولسۇن، مۇنداق دىدى: «توۋا، ئىپلاس، مەن دۇئا ئوقۇۋاتسام، سەن بىردەم ئىچىڭ-

نى چىلىك تۇتساق بولماسمىدى، ھۇ ھارام ئولگۇر. ئوقۇغانلىرىم بىكارغا كەتتى ... يوقال ... قورغاندىن چۈشۈپ كەت، بولمىسا گۇرجەك بىلەن بېشىڭنى يېرىۋېتىمەن، سېنىڭ كاساپىتىڭ بىلەن غەزنە يەرنىڭ تىگىگە كىرىپ كېتىشى مۇمكىن». مەن قورغاندىن چۈشۈپ پەستە ياتتىم. قوسىغىمنى تولغاق تۇتۇپ، ئازاپلىناتتىم، كېيىن سانچىق تۇتتى؛ دادام رەھمەتلىك، ساغلام، كۈچلۈك ئادەم ئىدى! يالغۇز ئۆزى قېزىشقا باشلىدى. بىر مۇنچە قازغاندىن كېيىن تاش تاختا كۆرۈنۈپتۇ ... دادام مېنى چاقىردى. مەن لوم تومۇرنى پەشاك قىلىپ ئاستىدىن كۆتەردىم ... ئىشەنسەڭلار، بۇرادەرلەر، ئاپپاق ئايدىڭ ئىدى، تاش تاختىنىڭ ئاستىدىن بىر نەرسە يالت قىلىپ پارقىراپ كەتتى...

— يالغاننى توقۇۋېرىسەن - دە، خىرىستونە! — پېترو چىداپ تۇرالماي، بۇرۇتىنى تولغاپ ھىجىيىپ قويدى.

— «يالغاننى توقۇش» دىگەن نىمە؟ بار، ئىشىڭنى قىلغىنا، سەن! — خىرىستونە كەڭ شالۋۇرىنى يۇقۇرى كۆتىرىپ قويدى - دە، ئاكىلىغۇچىلارغا بىر قۇر كوز سېلىپ چىقتى، — ياق، يالغان ئېيتىۋاتقىنىم يوق! خۇدا ھەققى راست گەپ!

— ماقۇل، ئاخىرىنى ئېيتىۋەر!

— شۇنداق، بۇرادەرلەر، يالت - يۇلت قىلىپ قالدى. مەن سىنچىلاپ قارىسام، قاپ - قارا كومۇر ئىكەن. چامامدا ئۇ يەردىكى كومۇر قىرىق چىلەك كېلەر. دادام: «قېنى، چۈش، خىرىستان، گۇرجەك بىلەن توپىگە تاشلاۋەر» دىدى. ئورىغا چۈشتۈم. مەن كولاپ تاشلاۋەردىم، تاكى تاڭ ئاتقىچە كول-

دىم. ئەتىسى ئەتىگەن شۇنداق قارىسام، ئۇستىمىزدە ئاشۇ ئادەم تۇرۇپتۇ.

— كىم؟ — دەپ سورىدى يوپۇقنىڭ ئۇستىدە ياتقان تومىلىن.

— كىم بولاتتى، ئاتامان. ئۇ پوچتىغا چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئىكەن. بىزنى كورۇپ: «كىم رۇخسەت قىلدى، هەي پالانچى - پۇستانچى؟» دەپ ۋاقىرىدى. بىز ئۇنچۇقمىدۇق. ئۇ بىزنىڭ هارۋىسىغا بېسىپ يېزا بازىرىغا ئېلىپ باردى. ئوزاقى يىلى بىزنى كامىنىسكى يېزىسىغا سوتقا چاقىردى. لېكىن دادام بۇنى بىلگەندەك، ئولۇپ تۇگىگەن ئىدى. بىز، ئۇ كىشى دۇنيادىن ئوتكەنلىگى ئۇچۇن بارالمايدۇ، دەپ قەغەز ئارقىلىق مەلۇمات يېزىپ قۇتۇلدۇق.

خىرىستونە قازاندىكى هور چىقىپ تۇرغان شويلىنى يەرگە چۈشۈردى-دە، قوشۇق ئېلىپ كېلىش ئۇچۇن هارۋا تەرەپكە كەتتى.

— كېيىن ئاتاڭ قانداق قىلدى؟ چېركاۋ سالىمەن دەپ ۋەدە قىلغان ئىكەن، قېنى سالماپتىغۇ؟ — دەپ سورىدى ستېپان، خىرىستونە قوشۇق ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن.

— تازا ئەخمەق ئىكەنسەن، ستيوپا، قاپ - قارا كومۇر ئۇچۇن چېركاۋ سالالاتتۇقمۇ؟

— ۋەدە قىلغاندىن كېيىن، — سېلىش كېرەك - تە.

— بىز غەزنە چىقسا، دەپ ۋەدە قىلغان، هېچبىر كومۇر توغرىلىق گەپ بولغان ئەمەس.

قاقاقلىغان كۈلكىدىن ئوت لاۋۇلداپ كەتتى. خىرىستونە قازاننىڭ ئۇستىدىن ساددا بېشىنى كوتىرىپ، ئىشنىڭ نىملىگىنى ئوزىمۇ چۈشەنمەي، كازاكلارغا قوشۇلۇپ كۇلدى-دە، هەممىنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشتى.

# 7

ئاكسىنىيىنى 17 ياشقا كىرگەندە ستېپانغا ياتلىق قىلىشقان ئىدى. ئۇ دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى قۇملۇق دۇبروۋكا يېزىسىدىن كېلىن بولۇپ چۈشكەن ئىدى.

تۇرمۇشقا چىقىشتىن بىر يىل بۇرۇن كۈز پەسلىدە ئۇ يېزىدىن 8 چاقىرىم نېرىدىكى دالىدا يەر ھەيدەۋاتقان ئىدى. بىر كېچىسى ئۇنىڭ دادىسى — 50 ياشتا كىرگەن قېرى ئۇنىڭ قوللىرىنى چۈلۋۈر بىلەن باغلاپ، نومۇسىغا تەگدى.

— بىرسىگە ئېيتساڭ، ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، ئەگەر ئۈن چىقماي كېتىۋەرسەڭ، دۇخاۋا كوپتا، قونچىلىق بەتىنكە، كالاچ ئېلىپ بېرىمەن. ئېسىڭدە بولسۇن: ئەگەر غىرىڭ-پىرىڭ دىسەڭ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن ... — دەپ تەھدىت سالدى قېرى.

كېچىسى ئاكسىنىيە يىرتىلىپ ئەبجىغى چىققان ئىچ كۆينىكى بىلەنلا يېزىغا قېچىپ كەلدى. ئانىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ھۆكرەپ يىغلاپ، ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى ... ئانىسى ۋە ئاتامان پولكىدا خىزمەت قىلىپ، يېقىندا ھەربىلىكتىن قايتقان ئاكىسى دەرھال ھارۋىنى قوشتى، ئاكسىنىيىنىمۇ ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇشتى - دە، ئاشۇ يەرگە، دادىسىنىڭ قېشىغا يۈرۈپ كەتتى. ئاكىسى 8 چاقىرىم يەرگە يېتىپ

بارغىچە ئاتلارنى قامچىلاپ ئۇلتۇرۇشكە تاسلا قالدى. دادى-
سىنى كەپىنىڭ يېنىدىن تېپىشتى. ئۇ چەكمىنىنى ئاستىغا
سېلىپ مەس پېتى ئۇخلاۋاتقان ئىكەن، ئالدىدا بوشىغان
هاراق شىشىسى يېتىپتۇ. ئاكسىنىيىنىڭ كوز ئالدىدا ئاكسى
هارۋىدىن بىر تال كالتەكنى سۇغۇرۇۋالدى، ئۇخلاۋاتقان دا-
دىسىنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى، ئۇنىڭدىن قىسقىلا گەپ سورى-
دى - دە، هېلىقى ياغاچ بىلەن قاڭشىرىغا ئۇردى. ئانىسى
بىلەن ئاكسى ئۇنى بىر يېرىم سائەت راسا دۇمبالىدى.
ئومۇربويى يۇۋاش ئوتكەن بۇ ياشانغان ئانا خۇدىنى يوقات-
قان هالدا جان - جەهلى بىلەن ئېرىنىڭ چاچلىرىنى يۇلات-
تى، ئاكسى هەدەپ پۇتى بىلەن تېپەتتى، ئاكسىنىيە هار-
ۋىنىڭ ئاستىدا بېشىنى پۇركۈۋېلىپ، ئۇنچۇقماي، لاغىلداپ
تىترەيتتى ... تاڭ يورۇش ئالدىدا قېرىنى ئويگە ئەپكې-
لىشتى. ئۇ سەكراتتا قىينىلىپ ئىڭرايتتى، كوزلىرى
چانىغىنىڭ ئىچىدە غىلدىراپ، يوشۇرۇنۇۋالغان
ئاكسىنىيىنى ئىزلەيتتى. يۇلۇپ تاشلانغان قۇلىقىدىن ياس-
تۇقنىڭ ئۇستىگە قان، زەرداپ تامچىلايتتى. قېرى كەچكە
يېقىن ئولدى. كىشىلەرگە «قاتتىق مەس ئىكەن، هارۋىدىن
يىقىلىپ ئولۇپتۇ» دەپ ئۇقتۇرۇشتى.

بىر يىلدىن كېيىن بىر ياسىداق هارۋىدا ئاكسىنىيىنى
كورۇش ئۈچۈن ساۋچىلار كېلىشتى. ئىگىز بويلۇق، قەددى -
قامەتى كېلىشكەن ستېپان كېلىنگە ياقتى. تويىنى كەچ كۈز-
دە ئوتكۈزمەكچى بولۇشتى. هەش - پەش دېگۈچە كۈزمۇ
كېلىپ قالدى. قىش كىرىش ئالدىدا، سوغاق ئۇرۇپ تۇرغان،
دەريادا مۇزلار جىرىڭلاپ ئېقىشقا باشلىغان ئاجايىپ كوكۇل-

لۇك بىر كۈنى ئىككى ياشنىڭ باشلىرىنى قوشۇپ قويۇشتى؛ مانا شۇ چاغدىن تارتىپ ئاكسىنىيە ئاستاخوپلار ئائىلىسىگە كوچۇرۇلۇپ، بۇ ئۆينىڭ ياش خوجايىنى بولۇپ قالدى. قېيىنانىسى، قانداقتۇر بىر ئاياللار كېسىلى بىلەن قاتتىق ئاغرىپ، مۈكچىيىپ قالغان ئىگىز بويلۇق بىر ئايال ئىدى. ئۇ توينىڭ ئەتىسىلا سەھەردە ئاكسىنىيىنى ئويغىتىپ، ئاشخانىغا ئېلىپ كىردى-دە، لاقشىگىرنى ئىسكارلا نېرى-بېرى سۈرۈپ قويۇپ گەپ باشلىدى:

— خوش، سۆيۈملۈك كېلىنىم، بىز سېنى چۈشكىچە نازلىنىپ ياتسۇن دەپ كېلىن قىلىپ ئەپكەلگىنىمىز يوق، ماڭ يۈگۈر، ئىنەكنى ساغ؛ ئۇندىن كېيىن مەشىنىڭ يېنىدا تاماق ئېتىسەن، مەن قېرىپ، كۈچۈمدىن قالدىم، ئۆي ئىشلىرىنى ئۆز قولۇڭغا ئال. پۈتۈن ئىش ئەمدى سېنىڭ زىممەڭگە چۈشتى.

شۇ كۈنلا ستېپان ياش ئايىلىنى ئامبارنىڭ ئىچىگە قاماپ غەرەزلىك ھالدا قاتتىق ئۇردى. ئاكسىنىيىنىڭ قوسىغىغا، كوكرىكىگە ۋە دۈمبىسىگە مۇشتلىدى. ئەتەي كىشى كورمەيدىغان ئاشۇنداق جايلىرىغا ئۇردى. شۇ چاغدىن تارتىپ ستېپان ئويۇن-تاماشىغا بېرىلىدىغان، سالپا-ساياق تۇل خوتۇنلار بىلەن يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ھەر ئاخشىمى دىگۈدەك ئاكسىنىيىنى ئامبارنىڭ ئىچىگە ياكى ھۇجرىغا قاماپ قويۇپ، ئۆزى چىقىپ كېتەتتى.

ئاردىن بىر يېرىم يىل ئوتۇپ، ئاكسىنىيە بالا تۇغقاندىن كېيىن، ئۇ ئاران ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بىر ئاز تىنجىپ قالدى، لېكىن ئايىلىنىڭ كوڭلىنى ئېلىشقا يەنىلا

بېخىللىق قىلاتتى، ئاۋالقىدەكلا ئۆيدە ئاز قوناتتى.

ئائىلە ئىگىلىگى چوڭ بولۇپ، مال - قارىلىرى كۆپ بولغانلىقتىن، ئاكسىنيە ھەممىشەم ئىش بىلەن بەنت ئىدى، ستېپان خوشياقسا ئىشلەپ، بولمىسا چېچىنى تاراپ، ئىلپەتلىرى بىلەن تاماكا چېكىشكە، قارتا ئويناش ۋە يېزا يىگىتلىرى توغرىلىق گەپ ئاڭلاشقا ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتى. مالغا قاراش، ئېغىل تازىلاش، ئائىلە ئىشلىرىنى يولغا سېلىش ئاكسىنيىگە قالغان ئىدى. قېينانا تۈزۈك ياردەملىشەلمەيتتى. بۇ ئايال ئازراق پالاقلاپقويۇپلا، ئۆزىنى كارۋاتقا تاشلايتتى - دە، سۇلغۇن لەۋلىرىنى ئۈمچەيتىپ، ئاغرىغىغا چىدىيالماي، كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكىپ، تۈگۈلۈپ ئىڭرايتتى، مۇنداق پەيتلەردە قاپ - قارا سوگەل باسقان يۈزى تەرگە چۈمەتتى، كۆزلىرىگە ياش تولۇپ، تامچىلاپ چۈشۈشكە باشلايتتى. ئاكسىنيىنىڭ قولى ئىشقا بارماي، بىر بۇرجەككە تىقىلىۋېلىپ، قورقۇش ۋە ئېچىنىش بىلەن قېينانىسىنىڭ يۈزىگە قاراپ تۇراتتى.

بىر يېرىم يىلدىن كېيىن موماي ۋاپات بولدى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئاكسىنيىنىڭ تولغىقى باشلانغان ئىدى، ئەمما چۈشكە يېقىن، بالا چۈشۈشتىن بىر سائەت بۇرۇن قېينانىسى مېڭىپ كېتىۋېتىپ، كونا ئات ئېغىلىنىڭ ئىشىگى ئالدىدا يىقىلىپلا جان ئۈزدى، تۇغۇت ئانىسى مەس ستېپاننى كوزى يورۇۋاتقان ئايىلىنىڭ قېشىغا كىرمىگىن دەپ ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆينىڭ ئىچىدىن يۈگۈرۈپ چىققاندا ئاياقلىرى پۈكۈلۈپ ياتقان قېينانىسىغا كوزى چۈشتى.

www.uyghurkitap.com

بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئاكسىنىيە ئېرىگە ئۆگىنىپ قالدى، ئەمما كۆڭلىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن مۇھەببەتتىن يوق ئىدى، پەقەت ئۇنىڭ خوتۇنى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئادەتتىكىچە ئېرىگە ئىچ ئاغرىتاتتى. بالا بىر ياشقا تولماستىنلا ئۆلۈپ قالدى. شۇندىن كېيىن تۇرمۇش يەنە كونا ئىزىغا چۈشتى. ئاشۇ كۈنى گىرىشكا مېلېخوۋ ئاكسىنىيىنى گەپكە سېلىپ، ئۇنىڭ يولىنى توسۇۋالغاندا ئاكسىنىيە بۇ قارا قۇمچاق ئوماق يىگىتكە كۆڭلى تارتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قورقۇپ كەتتى. گىرىگورىي بولسا ئاغامچىنى ئۈزگەن بۇقىدەك ئاكسىنىيىگە يېپىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى تېپىشقا تىرىشاتتى. ئاكسىنىيە ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنۇچلۇق بولغىنى ئۇنىڭ مانا شۇ يېپىشقاقلىقى ئىدى. ئاكسىنىيە ئەمدى گىرىگورىينىڭ ستېپاندىن تەپ تارتماسلىقىغا، گىرىگورىيدىن ئاسانلىقچە قۇتۇلۇپ كېتەلمەسلىكىگە كۆزى يەتكەن ئىدى، ئەمما كۆڭلىدە بۇ ئىشنى خالىماسلىققا تىرىشىپ. يۈتۈن كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنى ئۆزى ئالداپ، بايرام كۈنلىرى ۋە باشقا كۈنلەردە ئەپچىل ياسىنىپ، تولاراق گىرىگورىينىڭ كۆزى چۈشىدىغان يوللاردا ماڭىدىغانلىقىنى سېزىپ قالدى. گىرىگورىينىڭ قارا كۆزلىرى ئاكسىنىيىگە قاتتىق تىكىلگەندە، بىر تۈرلۈك يېقىملىقلىق ۋە راھەت ھېس قىلاتتى. ئاكسىنىيە تاڭ ۋاقتىدا كالا سېغىشقا ئويغىناتتى-دە، ئۆزىچە تەبەسسۇم قىلاتتى، لېكىن نېمىشقا تەبەسسۇم قىلغانلىقىنى ئاڭقىرالماي، ئويلىنىشقا باشلايتتى: «يۈگۈن قانداقتۇر بىر خۇشاللىق بار، بۇ نېمە خۇشاللىقتۇر؟ گىرىگورىي... گىرىشا...» ئەمما ئاكسىنىيىنىڭ كۆڭلىنى قاپلى-

ۋالغان بۇ يېڭى تۇيغۇ ئۇنى ۋەھىمىگە سالاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پىكىر - خىياللار ئىچىدە شۇڭغۇپ، خۇددى مارت ئېيىدا مۇزى ئېرىشكە باشلىغان دون ئۈستىدىن ئوتتۇۋاتقاندەك ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن پىكىر يۈرگۈزەتتى.

ئاكسىنىيە، ستېپاننى لاگىرغا ئۇزاتقاندىن كېيىن، گىرىشكا بىلەن مۇمكىن قەدەر كەمرەك ئۇچرىشىشقا نىيەت قىلدى. قايسى كۈنكى بېلىق تۇتۇشتىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ قارارى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى.

8

ترويىتسا بايرىمىدىن 2 كۈن بۇرۇن يېزىدىكىلەر ئوتلاقنى بولۇشۇۋېلىشتى. يەر بولۇشكە پانتېلېي پروكوفيېۋىچمۇ قاتناشتى. ئۇ چۈش ۋاقتىدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. پۈتىدىكى چورۇقنى ئىنجىقلاپ بىر ھازادا يەشتى - دە، تولا مېڭىپ چارچاپ كەتكەن ئاياقلىرىنى ھوزۇر بىلەن قاشلاۋېتىپ گەپ باشلىدى:

— بىزگە قىزىل بار قېشىدىكى يەر تەگدى، ئوت - چۆپى ئۈنچىلىك بولۇق ئەمەس. يۇقۇرقى بېشى ئورمانغىچە بارىدۇ، بەزى جايلىرى تاقىر، ئاندا - ساندا ئاپىخانمۇ ئۇچرايدۇ.

— قاچان ئورۇشقا كىرىشىمىز؟ — دەپ سورىدى گىرىشكا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئابرام ئۇتسۇن.

— دارىيىمۇ بارامدۇ؟ — دېدى موماي قاپىغىنى سىلىپ.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ «بولدى قىلساڭچۇ» دېگەندەك قولىنى شىلتىدى.

— لازىم تېپىلسا ئۆزىمۇ ئېلىۋالارمىز. چۇشلۇك تاماقنى ئەپكەلمەمسەن، نېمىگە كېرىلىپ تۇرىسەن؟

موماي مەشنىڭ قاپقىقىنى تاراقشىتىپ، ئۇ يەردىن ئىسسىتىلغان كاپوستا شورپىسىنى ئېلىپ شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ داستىخان ئۈستىدە يەر بولۇش ئىشلىرىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىگىنى، ئاتامانىڭ مۇغەمەبەرلىگىنى، پۈتۈن يىغىندىكى جامائەتنى ئالداپ قولغا چۈشۈرۈشكە تاس قالغانلىغىنى بىرمۇ-بىر سوزلەپ بەردى.

— ئۆتكەن يىلمۇ ئۇ مۇتەھەملىك قىلغان ئىدى، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى دارىيە. — بىز ئوز ئۈلۈشىمىزنى ئورۇۋاتقىنىمىزدا ئۇ قېشىمىزغا كېلىپ مالاشكا فرولوۋانى گەپكە تۇتۇپ ئازدۇرۇشقا باشلىغان ئىدى.

— ئەزەلدىن مۇتەھەم، — دېدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ تاماقنى چايناپ تۇرۇپ.

— دادا، ئۆتنى كىم يىغىپ دۆۋە قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى دۇناشكا بىر ئاز قورقۇمسىراپ.

— سەنچۇ، باشقا نېمە ئىش قىلاتتىڭ؟

— دادا، مەن يالغۇز يېتىشەلمەيمەن.

— ئاكسىيوتكا ئاستاخوۋانى ئېلىپ بارىمىز. ستېپان قايسى كۈنى بىزنىڭكىلەرنىمۇ قوشۇۋېلىڭلار دەپ ئىلتىماس قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ سوزىنى ئېتىۋارغا ئېلىش كېرەك.

ئەتىسى ئەتىگەن مىتكا كورشۇنوپ ئىگەرلەنگەن ئاق تۇياق ئايغىرنى مىنىپ، مىلىخوپلارنىڭ ھويلىسىغا يېتىپ كەلدى. يامغۇر تامچىلاپ تۇراتتى، يېزا ئۈستىنى بۇلۇت قاپلىغان. مىتكا ئىگەر ئۈستىدىن ئېڭىشىپ كوچا ئىشىگىنى ئاچتى ـ دە، ھويلىغا ئاتلىق كىرىپ كەلدى. پەلەمپەي تەرەپتىن موماي تووۋلىدى:

— ھەي، بەڭۋاش نېمە دەپ كەلدىڭ؟ — موماي نارازى بولغان ئەلپازدا سورىدى. بۇ قارام، تەنتەك مىتكىنى ئۇ ئانچە ياخشى كورمەيتتى.

— ساڭا نېمە بولدى، ئىلىئىنچىنا، نىمانچە كايىيسەن؟ — مىتكا ئايغىرنى پەنجىرىگە باغلاۋېتىپ ئەجەپلەندى. — مەن گىرىشكىنىڭ قېشىغا كەلگەن ئىدىم، قېنى ئۇ؟

— لاپاسىنىڭ ئاستىدا ئۇخلاۋاتىدۇ. نېمە بولدۇڭ، شامال تېگىپ پالەچ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ پىيادە ماڭالمامسەن؟

— ھاممىچا، ئۆزەڭمۇ ھەممە ئىشقا ئارىلىشىۋالىدىغان بوپ قاپسەن! — دەپ ئاچچىقلاندى مىتكا. ئۇ يىپەك چۇچا بېكىتكەن قامچىسى بىلەن پاقىراپ تۇرغان خۇرۇم ئوتۇكىنىڭ قونچىغا ئۇرۇپ لاپاسنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتتى.

گىرىگورىي ئالدى ياغىچى ئېلىپ تاشلانغان ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاۋاتاتتى. مىتكا بىر نەرسىنى مولچەلگە ئالغاندەك سول كوزىنى قىسىپ، تۇرۇپ، گىرىگورىينى قامچىنىڭ ئۇچى بىلەن نوقىدى.

— تۇر ئورنىڭدىن سەرالىق!

«سەرالىق» سوزى مىتكىنىڭ قاتتىق تىللىغان سوزى ئىدى. گىرىگورىي چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟

— كۆن چىققىچە يېتىۋېرەمسەن؟

— تەنتەكلىك قىلما، مىتري، ئەگەر ئاچچىغىمنى كەلتۈرىدىغان بولساڭ...

— تۈردەيمەن، ئىش بار.

— خوش، نېمە ئىش؟

مىتكا ھارۋىنىڭ چېتىگە ئولتۇرۇپ ئوتتۇغىدىكى قۇرۇپ قالغان لاينى قامچىسى بىلەن تازىلاپ تۇرۇپ:

— گىرىشكا، ماڭا تازا ئەلەم قىلدى ... — دېدى.

— نېمە ئىش؟

— قانداقمۇ ئەلەم قىلمىسۇن، ئاۋۇ... — مىتكا ئاغزىغا كەلگەننى ئايىماي قويۇۋەتتى، — ئاۋۇ يۈز بېشى① ئۆزىگە شۇنداق تەمەننا قىلىدۇكى...

مىتكىنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، چىش - چىشىغا تەگمەي سوزۇلەپ كەتتى، پۇتلىرى تىترەيتتى. گىرىگورىي ئورنىدىن تۇردى.

— قايسى يۈز بېگى؟

مىتكا گىرىگورىينىڭ يېڭىدىن تۇتۇپ، بىر ئاز پەسلەپ قالدى - دە، مۇنداق دېدى:

— ئېتىگىنى ھازىرلا ئىگەرلە، سايلىققا قاراپ چاپىمىز. مەن ئۇنىڭغا كورسىتىپ قويىمەن! مەن ئۇنىڭغا: «بوپتۇ، جانابى ئالىيلىرى، بەيگىدە سىنىشىپ كورەيلى!» — دېدىم. ئۇ

① يۈز بېشى (رۇسچە COTHNK — يۈز ئەسكەر باشلىقى دېگەن مەنىدە) — چار پادىشاسى دەۋرىدە كازاك ئارمىيىسىدە لىيەنجاڭ (روتا باشلىقى) دەرىجىدىكى ئوفىتسېرلىق ئۇنۋانى.

ماڭا: «يۇگۇر، ھەممە ئاغىنىلىرىڭنى چاقىرىپ كەل، مەن ھەممىڭنى ئارقىدا قالدۇرىمەن، ئۇنىدىن كېيىن بىلىپ قويگى، بۇ بايتىلىمنىڭ ئانىسى پېتېربورگدا ئوفىتسېرلار بەيگىسىدە ھەمىشەم بىرىنچىلىكنى ئېلىپ كەلگەن» دەيدۇ. مېنىڭچە، ئۇنىڭ بايتىلى ۋە بايتىلىنىڭ ئانىسى نىمە بولسا، بولىمامدۇ، لەنىتىلەر! مەنلا بولسام، ئايغىرىمدىن ئۇزۇپ كېتەلمەيدۇ!

گىرىگورىي ئالدىراپ — سالدىراپ كىيىندى. مىتكا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى؛ ئۇ غەزەپتىن دۇدۇقلاپ:

— سودىگەر موخوپنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كەلگەن ئىكەن ئاشۇ يۈز بېشى، توختاپ تۇرغىنا، ئۇنىڭ لەقىمى نىمىدى؟ لىستىنىتىسكى بولسا كېرەك. ئۆزى شۇنداق جىددى، سىپايى. كوزەينەك تاقىۋالغان. تاقىسا، تاقاۋەرسۇن! نەچچىنى تاقىغىنى بىلەن بىكار. مېنىڭ ئايغىرىمدىن ئۇزۇپ ئوتۇپ كېتەلمەيدۇ!

گىرىگورىي ئۇنىڭ سوزلىرىگە كۈلە — كۈلە، يىلقىغا قالدۇرۇلغان قېرى بايتالنى ئىگەرلىدى — دە، ئاتنىغا كورۇنمەسلىك ئۈچۈن ئوت بېسىلغان ھويلا دەرۋازىسىدىن دالىغا چىقتى. ئۇلار تاغ ئېتىكى بىلەن سايلىققا قاراپ چېپىپ كېتىشتى. ئات تۇياقلىرى لايدا شالاقلايتتى. سايلىقتا قۇرۇپ قالغان تېرەكنىڭ قېشىدا بۇلارنى بىر توپ ئاتلىقلار كۈتۈپ تۇرۇشاتتى: ئۇلارنىڭ بىرى ئەپچىلگىنە بىر بايتالنى مىنگەن يۈز بېشى لىستىنىتىسكى، قالغان 7 ئاتلىق بولسا، يېزىنىڭ يىگىتلىرى ئىدى.

يۈز بېشى كوزەينىكىنى تۈزەپ، مىتكا مىنگەن ئايغىرنىڭ گوشلۇك توشىگە زوق بىلەن قاراپ:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— چېپىشنى نەدىن باشلايمىز؟ — دەپ سورىدى.

— تېرەكتىن پادىشا كۆلىگىچە.

— پادىشا كۆلى قەيەردە؟ — دەپ سورىدى ناماز شام قارغۇسى يۈز بېشى كوزىنى مىتىلدىتىپ.

— جانابى ئالى، ئاۋۇ ئورمانىنىڭ قېشىدا.

ئاتلار سەپكە تىزىلدى. يۈز بېشى قامچىسىنى بېشىنىڭ ئۈستىگە كوتەرگەن ئىدى، مۈرىسىدىكى پاگونى بىردىنلا تومپىيىپ قالدى.

— «ئۇچ» دېيىشىم بىلەن تەڭلا ئاتنى قويۇۋېتىسلەر! قېنى؟ بىر، ئىككى ... ئۇچ!

ئىگەرنىڭ ئۈستىگە ئىگىشىۋېلىپ، شەپكىسىنى مەھكەم تۇتۇۋالغان يۈز بېشى ھەممىدىن بۇرۇن ئېتىلىپ چىقتى - دە، باشقىلاردىن بىر سېكۇنت ئالدىدا ئۆزۈپ كەتتى، مىتكا رەڭگى ئۆچكەن، پەرىشان ھالدا ئۆزەڭگىنىڭ ئۈستىدە بىر ئاز تۇرۇپ قالدى — گىرىگورىيغا ئۇنىڭ پولاڭلاتقان قامچىسى باش ئۈستىدىن ئايغىرنىڭ ساغرىسىغا كېلىپ تەككىچە خېلى پۇرسەت قولدىن بېرىپ قويۇلغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

تېرەك تۈۋىدىن پادىشا كۆلىگىچە 3 چاقىرىملىق يول ئىدى. يېرىم يولغا كەلگەندە مىتكىنىڭ ئايغىرى ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئوقيادەك سوزۇلۇپ، يۈز بېشىنىڭ بايتىلىغا يېتىشىۋالدى. گىرىگورىي خوشياقمىغاندەك چېپىپ كېلەتتى. ئۇ باشتىلا ئارقىدا قالغان بايتىلىنى ئۇششاق يورغا بىلەن چاپتۇرۇپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئۇزاقلىشىپ كېتىۋاتقان بەيگىچىلەرنىڭ ئارقىسىدىن زوق بىلەن كۆزىتىپ باراتتى.

پادىشا كۆلىنىڭ يېنىدا يامغۇر سۇلىرى قۇمنى ئاققۇ-

زۇپ بىر دۇمبە ھاسىل قىلغان ئىدى. توگە لوككىسىغا ئوخ-
شايدىغان ساپ ـ سېرىق بۇ دوگىنى ئىنچىكە يوپۇرماقلىق يې-
لان ئوت باسقان ئىدى. گىرىگورىي يۇز بېشى بىلەن مىتكى-
نىڭ دوگىنىڭ ئۇستىگە تەگمۇ ـ تەڭ چېپىپ چىقىپ، تەگمۇ-
تەڭ چېپىپ چۇشكە نىلىگىنى كوردى؛ قالغان ئاتلىقلار بۇلاردىن
كېيىن بىر ـ بىرلەپ دوگدىن چۇشۇشكە باشلىدى. گىرىگورىي
كولنىڭ بويىغا يېتىپ كەلگەندە، تەرگە چومگەن ئاتلار ئال-
لىقاچان بىر يەرگە توپلىشىپ تۇرۇشاتتى، يىگىتلەر ئوپۇر ـ
توپۇر بولۇشۇپ يۇز بېشىنى ئورىۋاپتۇ. مىتكىنىڭ گۇلقەقەل-
رى ئېچىلىپ كېتىپتۇ، لېكىن ئۇ خوشاللىغىنى سەزدۇرمەي ئو-
زىنى باساتتى، ئۇنىڭ ھەربىر ھەركىتىدىن زەپەر تەنتەنىسى
بىلىنىپ تۇراتتى. يۇز بېشى گىرىگورىينىڭ كۇتكىنىنىڭ ئەك-
سىچە، قىلچە خىجالەت بولماستىن، دەرەخكە يولىنىپ پاپ-
روس چېكەتتى ۋە تەرگە چومۇپ سۇ بولۇپ كەتكەن بايتال-
نى چىمچىلىغى بىلەن كورسىتىپ گەپ قىلىۋاتاتتى:
ـــ مەن بۇ بايتال بىلەن بىر يۇز ئەللىك چاقىرىم يول
يۇرگەنمەن. تېخى تۇنۇگۇنلا يېڭا بازىرىدىن كەلدىم. ئەگەر
بايتىلىم چارچىمىغاندا سەن كورشۇنوپ مەندىن ھەرگىز ئۇزۇپ
كېتەلمىگەن بولاتتىڭ.
ـــ ئېھتىمال، شۇنداقتۇر، ـــ دېدى مىتكا كەڭ قوساق-
لىق قىلىپ.
لېكىن بەيگىنىڭ ئەڭ ئارقىسىدا كەلگەن يۇزب-
ېشى سەپكىل باسقان يىگىت مىتكىنىڭ ئېتىغا ھەۋىسى كېلىپ:
ـ بۇنداق ئۇچقۇر ئايغىر پۇتۇن ۋىلايەتتە كەم تېپىل-
دۇ، ـ دەپ ماختىدى.

www.uyghurkitap.com

— ئات يامان ئەمەس، — دەپ قويدى مىتكا، ئۇبەيە-
گىنىڭ تەسىرىدىن ھامان تىترەۋاتقان قولى بى-
لەن ئايغىرىنى ئەكىلىپ، بويىنىنى سىلاپ قويدى ۋە
سوغاققىنا كۈلۈمسىرەپ گىرىگورىيغا قارىدى.

بۇ ئىككىسى باشقىلاردىن ئايرىلىپ كوچا بىلەن ماڭ-
ماي، تاغ ئېتىكى بىلەن كېتىشتى. يۈز بېشى بۇلار بىلەن
سوغاققىنا خوشلىشىپ، ئىككى بارمىقىنى شەپكىسىنىڭ كوزىر-
كىسىغا تەككۈزدى - دە، ئارقىغا بۇرۇلدى.

گىرىگورىي تار كوچا بىلەن ھويلىسىغا يېقىنلىشىپ
كەلگەندە، ئۇدۇلىدىن ئاكسىنىيەنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ
قالدى. ئاكسىنىيە قولىدا بىر تال چىۋىقنى ئويناپ كېلىۋاتات-
تى؛ گىرىشكىنى كۆرۈش بىلەنلا بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى.

— نىمە ئىزا تارتىسەن؟ بىز يالىڭاچ كېلىۋاتقىنىمىز
يوققۇ؟ — دەپ توۋلىدى مىتكا ۋە كوزىنى قىسىپ قويدى: —
ھەي، كالىنۇشكام، تىكىنىڭ نىمە ئانچە ئاچچىق!

گىرىگورىي ئاكسىنىيەنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ،
ئاستا ماڭغان ئېتىغا تۇيۇقسىز بىر قامچا سالغان ئىدى،
بايتال زوڭ ئولتۇرۇپ قېلىپ ئاكسىنىيەگە لاي چاچرىتىۋەتتى.

— ھەي قۇترىغان شەيتان!

گىرىگورىي ئېتىنى بۇراپ، ئاكسىنىيەنىڭ ئۈستىگە بې-
سىپ كېلىۋەردى - دە:

— نىمىشقا سالاملاشمايسەن؟ — دەپ سورىدى.

— سالامغا ئەرزىمەيسەن!

— شۇنىڭ ئۈچۈن لايغا بۇلغاندىڭ. تولا گىردەيمە!

— ماڭغىلى قوي! — دەپ ۋاقىرىدى ئاكسىنىيە ئىككى

قولى بىلەن ئاتنىڭ تۇمشۇغىنى تۇساپ، ــ بۇ نىمە قىلغىنىڭ، مېنى ئات بىلەن باستۇرۇۋەتمەكچىمۇ؟

ــ بۇ ئات ئەمەس، بايتال.

ــ ئوخشاش بىر گەپ، يولۇمنى توسما!

ــ نىمىشقا ئاچچىقلىنىسەن ئاكىسىنىيە؟ ئۇكۇنكى سايلىقتا بولغان ئىشقا شۇنچىلىك قىلامسەن ـ يا؟...

گىرىگورىي ئۇنىڭ كوزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى. ئاكسىنىيە بىر نىمە دىمەكچى بولۇۋىدى، بىراق، قارا كوزلىرىنىڭ قۇيرۇغىدا توساتتىن ياش پەيدا بولدى، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ ئوپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، پىچىرلايتتى:

ــ مەندىن ئوزەڭنى تارت، گىرىگورىي... سەندىن خاپا بولۇۋاتقىنىم يوق... مەن...ــ ئۇ كىيىنىڭ ئاخىرىنى دىمەي كىتىپ قالدى.

ھەيران قالغان گىرىگورىي مىتكىغا دەرۋازا ئالدىدا يىتىۋالدى.

ــ بۇگۇن تاماشىغا كىلەمسەن؟ ــ دەپ سورىدى مىتكا.

ــ ياق.

ــ نىمىشقا؟ ياكى جانانىڭ بۇ كىچە ئويىگە تەكلىپ قىلدىمۇ؟

گىرىگورىي پىشانىسىدىكى تەرنى ئالقىنى بىلەن ئەرتىپ، جاۋاپ بەرمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 9

يېزا ھويلىلىرىدا تروييتسا بايرىمىدىن پەقەت تووۋەندىكى بەلگىلەر قالغان ئىدى: ئۆينىڭ پوللىرى ئۈستىدە چېچىلىپ كەتكەن قۇرۇق ئادراسمان ۋە ئۇنىڭ بەرگىلىرى دەسسىلىۋېرىپ چاڭ - توزاڭغا ئايلانغان، دەرۋازا يانلىرىغا ۋە پىشايۋانغا قىستۇرۇپ قويۇلغان دۇپ ۋە سەندەل دەرەخلىرىنىڭ چۈۋىقلىرى سولاشقان ئىدى.

بايرام ئۆتۈش بىلەنلا ئوت ئورۇش باشلاندى، قاق سەھەردىن تارتىپ پۈتۈن سايلىقنى رەڭمۇ - رەڭ يوپكا كىيگەن، زەر ئۇقىلىق گۈلدار رومال چەككەن قىز - جۇۋانلار بايرام تۈسىگە كىرگۈزگەن ئىدى. ئوت ئورۇشقا پۈتۈن يېزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ياپپىسىغا چىقىشتى. چاغىچىلار ۋە باغلاق كوتىرىۋالغان ئاياللار يىلدا بىر كېلىدىغان ھېيتقا ياسانغاندەك ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىشكەن ئىدى. بۇ قەدىمدىن كېلىۋاتقان بىر ئادەت ئىدى. دوندىن تارتىپ تاكى يىراقتىكى چاتقاللىقچە سوزۇلغان ۋەيران بولۇش ئالدىدا تۇرغان كەڭ ئوتلاق چاغلارنىڭ تەسىرىدىن ئىندىكىپ نەپەس ئالاتتى.

مېلىخوپلار ئومىغا كېچىكىپ قېلىشتى. ئۇلار يولغا چىققاندا يېزىدىكىلەرنىڭ دېيەرلىك يېرىمى ئاللىقاچان ئوتلاقتا ئىش باشلىۋەتكەن ئىدى.

— تاڭدىكى ئۆيقۇڭ بەك ئۆزۈن ئوخشايدۇ، پانتېلېي
پروكوفيېۋىچ! — دېيىشتى تەرگە پىشىپ كەتكەن چالغىچىلار.
— مەندە گۇنا يوق، موماينىڭ ئىشى! — دېدى بو-
ۋاي كۈلۈپ، ئاندىن چالا ئېشىلگەن قامچىسى بىلەن ئوكۈز-
لەرنى ساۋاپ چاپتۇرۇپ كەتتى.
— سالام، هارمىغايسەن، دوستۇم! كەچ قاپسەنغۇ، بۇ-
رادەر، كەچ قاپسەن ... — يول ياقىسىدا چالغىسىنى بىلە-
ۋاتقان پاخال شلەپىلىك ئۈزۈنتۇرا كازاكمۇ بېشىنى چاي-
قاپ سوز قىستۇردى.
— كەچ قالساق ئوت قۇرۇپ قالاتتىمۇ؟
— تېزرەك ماڭساڭ ئۈلگۈرىسەن، ئۇنداق بولمىغاندا
ئوت قۇرۇپ قالىدۇ، ئۈلۈشىڭ قەيەردە؟
— قىزىل يارنىڭ ئاستىدا.
ئۇنداق بولسا تېزرەك هەيدە، بۇ يۇرۇشتە بۇگۈن يې-
تىپ بارالمايسەن.
ئاكسىنىيە هارۋىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان بولۇپ،
ئاپتاپتىن ساقلىنىش ئۈچۈن يۈزىنى رومال بىلەن پۈتۈنلەي
ئورىۋالغان ئىدى، كوزى ئۈچۈن قالدۇرۇلغان كىچىككىنە تو-
شۈكتىن ئالدىدا ئولتۇرغان گىرىگورىيغا بىپەرۋالىق بىلەن
سوغاققىنا قاراپ قوياتتى. ياسىنىۋالغان دارىيمۇ يۈز - كو-
زىنى رومال بىلەن ئورىغان بولۇپ، هارۋىدىن پۈتىنى ساڭ-
گىلىتىپ ئۈزۈن ۋە تومۇرلىرى پۈرتۈپ چىققان ئەمچىكى بى-
لەن قولىدىكى ئۈخلاي دەپ قالغان بالىسىنى ئېمىتىپ ئول-
تۇراتتى. دۇناشكا بولسا خوشاللىغىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي،
هارۋىنىڭ ئۈستىدە ئىرغىپ - ئىرغىپ، چاقنىغان كوزلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىلەن بىپايان ئوتلاقتا ۋە يولدا ئۇچرىغان كىشىلەرگە نەزەر تاشلايتتى. ئۇنىڭ ئاپتاپتا قارايغان ۋە بۇرنىنىڭ ئۈستىنى ئازراق سەپكىل باسقان چىرايى: «بۈگۈن كۆپ - كۆك بۇلۇتسىز ئاسمان ئاستىدا جىمى ئالەم خۇشاللىقتا تولغان ئىكەن، مەنمۇ خۇددى شۇنداق شادمان ۋە بەختىيارمەن؛ شۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلۈم كۆك ئاسماندەك بىغۇبار، ھېچقانداق تەشۋىشىم يوق. مەن شاتلىقتىن باشقا ھېچنەرسىنى خالىمايمەن» دېگەندەك ئىپچىلىپ كېتەتتى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ماتا كوينىگىنىڭ يەڭ ئۇچى بىلەن ھەدەپ پېشانىسىدىن ئاققان تەرنى ئەرتەتتى. مۆكچەيگەن دۈمبىسىگە كوينىگى چىپپىدە يېپىشقان بولۇپ، بەزى جايلىرى ھۆل داغ بىلەن قارىيىپ تۇراتتى. قۇياش ئالا - بۇلا بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ ئاپپاق نۇرىنى يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆمۈش تاغلارغا، چول - دالا، ئېدىرلارغا، سايلىق ۋە يېزا ئۈستىگە چاچاتتى.

كۈن قىزىپ، ھەممە ياق تونۇردەك ياناتتى. شامال توزىتىۋەتكەن بۇلۇت پارچىلىرى ئاستا ئۈمىلىشەتتى، ھەتتا يولدا سورۇلۇپ كېلىۋاتقان پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ ئۆكۈزلىرىدىنمۇ كەينىدە قالاتتى. بوۋاي قامچىسىنى ئاران كۆتىرەتتى - دە، ئۆكۈزنىڭ ياغاق ساغرىسىغا ئۇرايمۇ - ئۇرمايمۇ دېگەندەك، قۇرۇق شىلتىپلا قوياتتى. ئۆكۈزلەرمۇ بۇنى بىلگەندەك، قەدىمىنى قىلچە تېزلەتمەستىن، بۇرۇنقى مېڭىشىدا ئاستا سورۇلۇپ كېلەتتى، ئاندا - ساندا قۇيرۇغىنى شىپاڭلىتىپ قوياتتى. ئالتۇندەك پارقىراق توق سېرىق كۆكۈيۈن ئۆكۈزلەر ئۈستىدە ئايلىناتتى.

يېزىدىكى ئوت ـ چۆپ خاماننىڭ يېنىدىكى ئوتى ئورۇلغان ئوتلاقلار ئاچ يېشىل بولۇپ كۆرۈنەتتى؛ ئەمما ئوتى ئورۇلمىغان جايلىرى كۆپ ـ كۆك يېپەكتەك شامالدا يەلپۈنەتتى.

— بىزگە بولۇنگەن يەر ئەنە شۇ، — دەپ كۆرسەتتى پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ قامچىسى بىلەن.

— ئورمان تەرەپتىن باشلامدۇق؟ — دەپ سورىدى گىرىگورىي.

— بۇ چەتتىن باشلىساقمۇ بولۇۋېرىدۇ. چېگرىسىنى كۆرجەك بىلەن ئويۇپ بەلگە سالغانىمەن.

گىرىگورىي ھېرىپ كەتكەن ئوكۇزلەرنى ھارۋىدىن چىقاردى. بوۋاي قولىغىدىكى پاقىراپ تۇرغان سىرغىسىنى لىكىلدىتىپ، گۆرجەك بىلەن ئويۇلغان جاينى تاپقىلى كەتتى.

كوپ ئوتمەيپانتېلېي پروكوفىيېۋىچ قولىنى پۇلاڭلىتىپ:

— چالغىلارنى ئەپكەل! — دەپ ۋاقىرىدى.

گىرىگورىي ئوتلارنى دەسسەپ، دادىسى تەرەپكە ماڭدى؛ ھارۋىنىڭ يېنىدىن تاكى بارغان يېرىگىچە ئوتلار بېسىلىپ يىلان ئىزىدەك يول چۈشۈپ قالدى. پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ يىراقلاردىكى قوڭغۇراقخانا ئۈستىدە ئاقىرىپ كۆرۈنگەن بۇتقا قاراپ چوقۇنۇپ قويدى ـ دە، چالغىنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ قوش بۇرنى لاك بىلەن سىرلانغاندەك پاقىرايتتى، قارىيىپ كەتكەن ياڭاقلىرىنىڭ چوڭقۇرچاقلىرىدا تەر تامچىلىرى چىمىرلاپ تۇراتتى. ئۇ كۈلۈمسىرىگەن ئىدى، قاپ ـ قارا ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئارىسىدىن ئاپپاق، پاكىزە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىشلىرى بىردىنلا كورۇندى، قورۇق باسقان بوينىنى ئـوڭغا بـۇراپ، ئـوتقا چـالغا سـالدى. بـىر سـارجىن كېلىدىغان يېرىم دائىرە يەردىكى كوكات ئـۇنىڭ ئـايىغى ئـاستىدا توپلاندى.

گىرىگورىي ئاتىسىنىڭ ئىزىدىن ماڭدى، ئۇ كوزلىرىنى قىسىپ چالغا سىلىپ، ئوت ئورۇشقا كىرىشتى. ئالدىدا ھەسەن - ھۇسەندەك رەڭمۇ - رەڭ پەرتۇق تارتقان ئـاياللار كورۇنەتتى، ئەمما ئۇ كوزلىرى بىلەن بىر ئايالنى — كەشتە جىيەكلىك ئاق پەرتۇق تارتقان ئـاكسىنيىنى ئىزلەيتتى؛ ئۇنىڭغا قاراپ - قاراپ قويۇپ، يەنە ئـاتىسىغا ئـەگىشىپ چالغا سالاتتى.

ئـاكسـىنيە ئـۇنىڭ پـىكىر - خـىيالىدىن زادىلا كـەتمەيتتى؛ كـوزلىرىنى قىسىپ، ئـوز كـوڭلىدە ئۇنى سۇيـەتتى، قـەيەردىدۇر تـىل ئـۇچىغا كـەلگەن قىـزغىن ۋە شىرىن سوزلەرنى ئۇنىڭغا ئېيـتاتتى، ئارقىدىنلا بـۇ پىكىر - خىيالنى كوڭلىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، بىر، ئىككى، ئۈچ دەپ قەدەم تاشلايتتى؛ ئوتكەن ۋەقەلەر يەنە ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى: «ئىككىسى دوۋىلەنگەن ھول ئوتنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالدى... كولچەكتە سازاڭ چىرىلدايتتى... سايلىق ئۇستىدە ئـاي ئۇزمەكتە... يامـغۇر سۇيـى دەرەخلەردىن توختـام سۇ ئۇستىگە خۇددى شۇنداق — بىر، ئىككى، ئۈچ دەۋاتقاندەك تامچىلايتتى... ياخشى، نىمە دىگەن ياخشى!...»

ھارۋا تۇرغان تەرەپتىن كۇلكە ئاۋازى ئاڭلاندى. گىرىگورىي بۇرۇلۇپ قارىسا، ئاكسىنيە ئىڭىشىپ، ھارۋا تېگىدە ياتقان دارىيىگە بىر نىمىلەرنى دەۋېتىپتۇ. دارىيە ئېتىراز

قىلغاندەك قول شىلتىدى ـ دە، يەنە ھەر ئىككىلىسى كۆلۈ-
شۈپ كەتتى، دۇناشكا ھارۋىنىڭ شوتىسى ئۈستىدە زىل ئاۋاز
بىلەن ناخشا ئېيتىپ ئولتۇراتتى.

گىرىگورىي: «ئاۋۇ چاتقاللىقنىڭ قېشىغا بېرىپ چالـ
غىنى بىلەيمەن» دەپ تۇراتتى، تۇيۇقسىز چالغىنى يۇمشاقـ
قىنە بىر نەرسىنى كېسىپ تاشلىغاندەك تۇيۇلدى، ئېگىشىپ
قارىسا، ئايىغىنىڭ ئاستىدىن كىچىككىنە ياۋا ئۆدەك چۆجىسى
چىرىلدىغان پېتى ئوتلاقنىڭ ئىچىگە قېچىپ كىرىپ كەتتى.
ئۆدەك ئۇۋۇۋا سالغان ئورەكنىڭ يېنىدا ئىككى نىمتە بولۇپ
كەتكەن يەنە بىر ئۆدەك بالىسى ياتاتتى، قالغانلىرى چۇ-
كۇلدىشىپ، ئوتلارنىڭ ئارىسىغا قاراپ كەتتى. چالغا كەسـ
كەن ئۆدەك چۆجىسىنى گىرىگورىي ئالقىنىغا ئالدى. يېقىنـ
دىلا تۇخۇمدىن چىققان بۇ ساپ ـ سېرىق چۆجىنىڭ تۈكلىرى
ئاستىدىكى ئىسسىقلىق تېخى كەتمىگەن ئىدى، ياپيا ئېچىلىپ
قالغان تۇمشۇغىدا ئاچ قىزىل بىر تامچە قان كۆرۈنەتتى،
مونچاقتەك كۆزلىرى قىسىلىپ قالغان، تېخىچە ئىسسىق تۇر-
غان ئاياقلىرى دىر ـ دىر تىترەيتتى.

گىرىگورىي ئالقىنىدىكى يۇمرانجانىۋارغا تىكىلىپ قا-
راپ، بىردىنلا ئىچى ئاغرىپ كەتتى.

— نىمە تېپىۋالدىڭ، گىرىشۇنكا؟...

ئوت ئورۇلغان تەرەپتىن دۇناشكا تاپىتاكلاپ يۈگۈرۈپ
كېلىۋاتاتتى. ئۇششاق ئورۇلگەن چاچلىرى كوكىرىكىدە سىلـ
كىنىپ ئويناتتى، گىرىگورىي قاپىغىنى تۈرۈپ، چۆجىنى
قولىدىن چۈشۈرۈۋەتتى، ئاچچىقى بىلەن چالغىنى شىلتاپ
قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلار تېزلىك بىلەن چۈشلۈك تاماقنى يېيىشتى. ئېرىت-كەن ياغ، كازاكلارنىڭ غەلىتە تامىغى ـــ ئويەدىن ئالغاچ كەلگەن خالتىدىكى سۇزمە ـــ بار - يوق تامىغى مانا شۇلا ئىدى.

ـــ ئويگەقايتىشنىڭ ھاجىتى يوق، ـــ دېدى داستىخان ئۈستىدە پانتېلېي پروكوفيېۋىچ، ـــ ئوكۈزلەر ئورماندا ئوت-لاۋېرىدۇ، ئەتە ئاپتاپ چىقىپ، شەبنەم قۇرىغىچە ھەممىنى ئوروپ بولىمىز.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئاياللار ئوتنى يىغىشقا كىرىش-تى. ئورۇلغان ئوت سولىشىپ قۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن قاندا قتۇر بىر خىل پۇراق كېلىپ، كوڭۇلنى ئاينىتاتتى.

قاش قارايغان پەيتتە ئوت ئومىسى توختىتىلدى. ئاك-سىنىيە يىغىپ ئۈلگۈرەلمىگەن قاتاردىكى ئوتلارنى توپلاپ بولدى - دە، تاماق پىشۇرۇش ئۈچۈن ھارۋا يېنىغا كەتتى. كۈنبويى ئۇ، گىرىگورىينى قاتتىق مازاق قىلىپ كۈلەتتى، ئۇنىڭدا قاتتىق ئوچى باردەك نەپرەت بىلەن قارايتتى. گىرى-گورىينىڭ تەرى تۇرۇلگەن، رەڭگى ئوڭگەن، كوڭلى غەش ھالدا ئوكۈزلەرنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن دونغا ھەيدەپ كەتتى. دادىسى ئوغلى بىلەن ئاكسىنىيىنى دائىم دىگۇدەك نەزەر ئاستىغا ئېلىپ تۇردى. ئۇ گىرىگورىيغا ھومىيىپ تىكىلدى - دە، دېدى:

ـــ كەچكى تاماقنى يەپ بولۇپ، ئوكۈزلەرنى ئوتلى-تىسەن، ئۇبدانراق قارا، ئوتلاققا كىرىپ كەتمىسۇن، چەكمە-نىمنى ئېلىۋال.

دارىيە بالىسىنى ھارۋىنىڭ ئاستىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ،

دۇناشكا بىلەن بىللە ئورمانغا شاخ ـ شۇمبا، ئوتۇن تېرىپ كېلىش ئۈچۈن كەتتى.

سايلىقنىڭ ئۈستىدە قاراڭغۇچىلىق قاپلىۋالغان ئاسماننىڭ قەرىدە يېڭى ئاي قىيپاچ ئۈزۈپ كەلمەكتە ئىدى. گۈلخان ئەتراپىدا كېپىنەكلەر پەرۋانىدەك ئايلىناتتى. ئوتنىڭ يېنىغا داستىخان سېلىنىپ، كەچكى تاماققا ئولتۇرۇشتى. ھور قاپلىغان دالا قازىنىدا شويلا ئاش پىلتىقلاپ قايناۋاتاتتى. دارىيە يوپكىسىنىڭ ئېتىكى بىلەن قوشۇقلارنى سۈرتتى ـ دە:

ـــ كەل، تامىغىڭنى يە! ـــ دەپ گىرىگورىينى قىچقاردى.

يەلكىسىگە چەكمەن تاشلىۋالغان گىرىگورىي قاراڭغۇچىلىق ئىچىدىن چىقىپ، گۈلخاننىڭ يېنىغا كەلدى.

ـــ نېمە ئانچە قاپىغىڭدىن قار ياغىدۇ؟ ـــ دەپ كۈلۈمسىرىدى دارىيە.

ـــ ياغمۇر ياغىدىغان ئوخشايدۇ، بېلىم سىقىراپ ئاغرىۋاتىدۇ، ـــ دەپ چاقچاقلاشتى گىرىگورىي.

ـــ ئۇنىڭ ئۇيقۇزىنى باققۇسى يوق، خۇدا ھەققى! ـــ دەپ كۈلدى دۇناشكا ۋە ئاكسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنى گەپكە سالماقچى بولدى، لېكىن گەپ يۈرۈشمەي قالدى.

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ شويلىنى خولۇپلىتىپ تازا ئىچىشكە باشلىدى، چالا پىشقان سوكنى غۇچۇرلىتىپ چاينايتتى. ئاكسىنىيە بېشىنى كوتەرمەستىن تامىغىنى يەيتتى، دارىيەنىڭ چاقچاقلىرىغا زورمۇ زور كۈلۈپ قوياتتى. ئىككى مەڭزى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لاۋۇلداپ ئوت ئېلىپ قىزىرىپ كەتكەن ئىدى.

ئالدى بىلەن گىرىگورىي ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوكۇزلەرنىڭ قېشىغا كەتتى.

— ھېزى بول، ھوكۇزلەر بىراۋنىڭ ئوتىنى نابۇت قىلىۋەتمىسۇن! — دەپ تاپىلىدى ئارقىسىدىن دادىسى ۋە قېقىلىپ كېتىپ، ئۇزۇنغىچە يوتەلدى.

دۇناشكا كۆلكىسىنى باسالماي، ئىككى قوۋۇزىنى دومبايتىپ پۇپ - پۇپلەپ كەتتى. ئوت ئوچۇشقە باشلىدى. بۇرۇقسىپ تۇتەپ تۇرغان شاخ ئوتۇننىڭ كويگەن يوپۇرماقلىرى يېقىملىق پۇراق تارقىتىپ، ئولتۇرغانلارنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلاتتى.

× ×

يېرىم كېچىدە گىرىگورىي ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ھارۋىنىڭ قېشىغا كەلدى - دە، ئون قەدەم نېرىدا توختاپ قالدى. ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاۋاتقان پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ قاتتىق خورەك تارتىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاخشامدىن بۇيان ئۆچمەي قالغان ئوتنىڭ كۆلى ئاستىدىن تاۋۇسنىڭ كوزىگە ئوخشاش ئالتۇندەك ساپ - سېرىق چوغ مارىلاپ تۇراتتى.

ھارۋا تەرەپتىن مەھكەم پۈركىنىۋالغان كۆلەڭ بىر ئادەم پىگورىسى يۇلقۇنۇپ چىقتى - دە، ئەگرى - بوگرى مېڭىپ، ئاستا گىرىگورىي تەرەپكە ئىلگىرىلەپ كەلدى. ئىككى - ئۈچ قەدەم قالغاندا توختىدى. بۇ ئاكسىنىيىنىڭ

ئەق ئۆزى ئىدى. گىرىگورىينىڭ يۈرىگى قېپىدىن چىققىپ كەتكىدەك دەرىجىدە دۈپۈلدەپ كەتتى؛ زوكزىيىپ ئالدىغا بىر قەدەم تاشلىدى ـ دە، چەكمىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋېتىپ ئۆتتەك ئىسسىپ كەتكەن ئىتائەتمەن ئاكسىنىيىنى باغرىغا باستى. ئاكسىنىيىنىڭ يۈتلىرى بوشىشىپ، ئىككى تىزى پۈ- كۈلۈپ قالدى، ھەممە ئەزايى تىترەپ، چىشلىرى كاسىلداپ كەتتى. بۇغۇزلانغان قوينى بورە يەردىن يۈلۈۋېلىپ، دۈمـ بىسىگە ئارتىۋالغاندەك، گىرىگورىيمۇ ئۇنى دەس كوتەردى ـ دە، چەكمىنىگە يوگەپ، ھاسىراپ مېڭىپ كەتتى.

ـــ ھەي، گىر ـ ىشا ... گىرىشىنكا ! ... داداڭ ...

ـــ ئۈنىڭنى چىقارما !...

يۇڭ چەكمەنىنىڭ ئاچچىق پۇرىغىدا نەپەس ئالالماي قالغان ئاكسىنىيە كەلگىنىگە مىڭ پۇشايمان قىلىپ، تىپىر- لاپ گىرىگورىينىڭ قولىدىن چىقىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى ۋە پەس ئاۋاز بىلەن زارلىنىپ:

ـــ قويۇۋەت، بولغىلىق ئىش بولدى ... ئەمدى ئۆزەم ماڭىمەن !...

## 10

ئايال كىشىنىڭ بەك كېيىن ئويغانغان مۇھەببىتى ـــ لالىدەك قىپ ـ قىزىل بولۇپ گۈللىيەلمەيدۇ، بەلكى يول ياقـ سىدا ئۆسىدىغان ياۋايى گۈلگە ئوخشاش ئېچىلىدۇ، كىشىنى

ئەسكى مەس قىلدۇ.

ئاشۇ ئوت ئورىغان كۈندىن تارتىپ ئاكسىنىيە ئاندىن يېڭى تۇغۇلغانداەك پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى. خۇددى بىرسى يۈزىگە قىزىتىلغان تامغا بېسىپ، بەلگە سېلىپ قويغاندەك ئىدى. ئاياللار ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا چىرايىنى سەت پۈرۈشتۈرۈپ، بېشىنى لىڭشىتاتتى، قىزلار ھەسەت قىلىشاتتى، ئاكسىنىيە بولسا بەخت قۇشى قونغان شەرمەندە بېشىنى ئېگىز كوتىرىپ، مەغرۇرلۇق بىلەن يۈرۈۋېرەتتى.

گىرىشكا بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۇزۇن ئوتمەي ھەممە كىشى بىلىپ كەتتى. باشقا كىشىلەر بۇ توغرىلىق پىچىرلاپ سوزلىشەتتى، بەزىلەر ئىشەنسە، بەزىلەر ئىشەنمەيتتى، ئەمما يېزىنىڭ پادىچىسى بۇرنى پاناق كۈزكا تاڭ ۋاقتىدا شامال تۈگمىنىنىڭ يېنىدىكى پاكارئوسكەن بۇغدايلىقنىڭ ئىچىدە بۇ ئىككىسى پېتىپ كېتىۋاتقان ئاينىڭ غۇۋا يورۇقىدا ياتقانلىقىنى كورۇپ قالغاندىن كېيىن، بۇ مىش - مىش گەپلايلىنىپ ئاقان كەلكۈندەك تېشىپ ھەممىگە پۇر بولۇپ كەتتى.

بۇ خەۋەر پانتېلېي پىروكوفيېۋىچنىڭمۇ قۇلىقىغا يېتىپ باردى. ئۇ بىر يەكشەنبە كۈنى موخوپنىڭ دۇكىنىغا بارغان ئىدى. ئادەمنىڭ كوپلىگىدىن پۇت قويغىدەكجاي يوق ئىدى. ئىچكىرىگە كىردى — گويا ئۇنىڭغا كىشىلەر يول بېرىپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرغانداەك تۇيۇلدى. قېرى بىر ئامال بىلەن گەزمال سېتىلىدىغان يەرگەبېرىۋالدى. ئۇنىڭغا مال كورسىتىشكە خوجا يىنىنىڭ ئوزى — سېرگەي پلاتونېۋىچ كىرىشىپ كەتتى.

— ئۇزاقتىن بۇيان كورۇنمەيدىغان بولۇپ كەتتىڭغۇ، پىروكوفيېۋىچ؟

— ھەممىشەم ئىش بىلەن بەنت، ئائىلە ئىشىنى يولغا سالالماي ئاۋارە.

— نېمىشقا؟ شۇنداق ئوغۇللىرىڭ بارغۇ، نېمىشقا يولغا سالالمايسەن؟

— ئوغۇللىرىم نېمە قىلىپ بېرەلەيتتى: پېترونى لاگېرغا يولغا سالدىم، ھەممە ئىش گېرىشكا بىلەن ئىككىمىزگە قالدى.

سېرگېي پلاتونوۋىچ قوڭۇر چاڭگا ساقىلىنى سىلاپ ئىككى ياققا ئايرىدى ۋە توپلىشىپ تۇرغان كازاكلارغا مەنىلىك قىلىپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— خوش، ئەزىزىم، نېمىشقا بۇ ئىشنى ئۈندىمەي يۈرۈۋېرىسەن؟

— نېمىنى دەيسەن؟

— نېمىنى دېگىنىڭ قانداق گەپ؟ ئوغلۇڭنى ئۆيلەندۈرمەكچى بولۇپسەن، ئۇزەڭ بىر ئېغىز گەپ قىلمايسەنغۇ؟

— قايسى ئوغۇلنى؟

— سېنىڭ گرىگورىيىڭ ئۆيلەنمىگەنغۇ؟

— ھازىرچە ئۇنى ئۆيلەندۈرۈش نىيىتىمدە يوق.

— ستېپان ئاستاخوۋنىڭ خوتۇنى... ئاكسىنيىنى كېلىن قىلارمىش دەپ ئاڭلىدىم.

— مەنمۇ؟ ئېرى تىرىك تۇرسا... بۇ نېمە دېگىنىڭ پلاتونوۋىچ، مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟

— نېمىشقا مەسخىرە قىلاتتىم؟ كىشىلەردىن ئاڭلىدىم.

پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ پوكەي ئۈستىدە يېيىقلىق تۇرغان بىر توپ گەزمالنى سىلاپ، سىلىقلاپ شارتلا ئارقىسىغا بۇرۇلدى ـ دە، ئاقساقلاپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇ توپ ـ

توغرا ئۆيگە قاراپ يول ئالدى. بوۋاي بېشىنى ئۆكۈزدەك تۆۋەن سېلىپ، تومۇرلىرى كۆپۈپ تۇرغان مۇشتىنى مەھكەم تۈگۈپ، ئاقساق ئايىغىنى ئېغىرلىغىنى سېلىپ ماڭاتتى. ئاستاخوپىنىڭ ھويلىسى يېنىدىن ئۆتكەندە قاشا تامدىن ئىچكىرىگە قارىدى: ياسىنىۋالغان، ياشىرىپ قالغان ئاكسىنيە قۇرۇق چېلەكنى كۆتىرىپ، پىلتىڭلاپ ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

— ھەي توختىغىنا!

پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ كوچا ئىشىگىدىن پايپاسلاپ كىردى. ئاكسىنيە توختاپ، ئۇنى كۈتۈپ تۇردى. ئىككىيلەن ئۆيگە كىرىشتى. ئۆي پاكىز سۈپۈرۈلگەن، يەرگە قىزغۇچ قۇم ياتقۇزۇلغان، ئېغىز ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا ئورۇندۇق ئۈستىدە پېچتىن يېڭىلا ئېلىنغان سامسىلار قويۇلغان ئىدى. مېھمانخانا تەرەپتىن ساندۇقتا سېلىنغان كىيىم-كېچەكنىڭ پۇرىقى كېلەتتى ۋە نىمىشقىدۇر تاغ ئالمىسىنىڭ ھىدىمۇ پۇرايتتى.

پانتېلېي پروكوفېيېۋىچنىڭ ئايىغى ئاستىغا بېشى يوغان بىر تاغىل مۈشۈك يېقىن كېلىپ ئەركىلىمەكچى بولدى-دە، دۈمبىسىنى دۈمچەكلەشتۈرۈپ، ئۆتۈكىگە سۈركەلگەن ئىدى، لېكىن پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ ئۇنى ئورۇندۇققا ئىرغىتىپ تاشلاپ، ئاكسىنيەنىڭ قاشلىرىغا تىكىلىپ تۇرۇپ ۋاقىرىدى:

— بۇ نىمە دېگەن گەپ؟ ... ھە؟ ئېرىڭنىڭ ماڭغان ئىزى قاتماي تۇرۇپ، قۇيرۇغىڭنى شىپاڭلىتىدىغان بولۇپ قالدىڭمۇ؟ بۇ ئىش ئۈچۈن گىرىشكىنىڭ بۇرۇندىن بولاق قىلىمەن،

بۇ توغرىلىق سېنىڭ ستېپانىڭغا خەت يازىمەن!... ئۇمۇ بىلىپ قويسۇن!... ھەي بىنومۇس، شۇنچە كالتەك ساڭا ئازلىق قىلغان ئوخشايدۇ... بۈگۈندىن باشلاپ ھويلامغا قەدەم باسقۇچى بولما! ئوغلۇم بىلەن ئاشىق - مەشۇق بولۇپ يۈرۈپسىلەر، ستېپان كەلسە ماڭا...

ئاكسىنىيە كوزىنى قىسىپ سوزگە قۇلاق سالاتتى، بىردىنلا ئۇياتسىزلىق بىلەن ئېتىگىنى پۇلاڭلىتىپ، يوپكىسىنىڭ پۇرىغىنى تارتىپ، پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ ئۇستىگە كوكسى بىلەن بېسىپ كەلدى.

— سەن مېنىڭ نىمەم بولىسەن؟ قېيناتاممۇ؟ ھە؟ قېيناتاممۇ؟ ماڭا نىمىنى ئۈگەتمەكچى بولىسەن؟ بېرىپ ئويۈڭدىكى يوغان قوساق خوتۇنىڭغا ئۈگەت! ئوزەڭنىڭ ھويلاڭغا بېرىپ خوجايىنلىق قىل!... مەن سەن ئېبلىسنى، ئاقساقنى، چولاق قېرىنى كورەرگە كوزۇم يوق!... ھازىرلا چىقىپ كەت، مېنى قورقۇتالمايسەن!

— توختىغىنا، ئەخمەق، كالۋا!

— كالۋا بولسام، كېلىن قىلماسسەن!... قېنى يولۇڭغا ماڭ، نەدىن كەلگەن بولساڭ، شۇ يەرگە كەت! ئەمما خالىسام گىرىشكاڭنى پىشۇرۇپ يەيمەن، مېنى ھېچنىمە قىلالمايسەن!... مە!... مانا بۇنى چىشلە! مەن گىرىشكىنى ياخشى كورىمەن، قېنى قانداق قىلىسەن؟ مېنى ئۇرامسەن؟... ئېرىمگە خەت يازامسەن؟... مېنى دىسەڭ، ئاتاماننىڭ ئوزىگە ياز، لېكىن گىرىشكا مېنىڭكى! مېنىڭكى! مېنىڭكى! مەن ئۇنى ئىلكىمگە ئېلىپ بولغانمەن. ھېچكىمگە بەرمەيمەن ئۇنى...

ئاكسىنىيە ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالغان پانتېلېي پروكوفيېۋىچنى كوكسى بىلەن تۈرتۈپ باراتتى (كوكسىمۇ تار كوينىگىنىڭ ئىچىدە تۇزاقتا چۈشكەن كەپتەردەك چوقچىيىپ تۇراتتى). قاپ - قارا كۆزلىرىدىن چالغا ئوت ياغدۇراتتى، بىر - بىرىدىن دەھشەت، بىھايا سۆزلەر ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىقاتتى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ قاشلىرىنى چىمىرلىتىپ ئىشىك تەرەپكە چېكىنىشكە باشلىدى، بىر بۇلۇڭغا يۆلەپ قويغان ھاسىسىنى پايپاسلاپ قولىغا ئالدى - دە، قولىنى شىلتىغان پېتى، ئارقىسى بىلەن ئىشىكنى ئاچتى، ئاكسىنىيە ئۇنى دەھلىزدىنمۇ سۈرۈپ چىقاردى ۋە ھاسىراپ-ھومىدەپ، غەزەپ بىلەن ۋاقىراپ قالدى:

— نابۇت بولغان ئۆمرۈمنىڭ ئەلىمى ئۈچۈن خۇماردىن چىققىچە سۆيگىنىم - سۆيگەن!... نېمە بولسا پېشانەمدىن كۆردۈم، يامىنىغا كەلسە — ئۆلتۈرۈۋېتەرسىلەر! ئەمما گرىشكا مېنىڭ! مېنىڭ!

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بىر نېمىلەرنى دەپ غۇڭشىغان پېتى دىكاڭلاپ، ئۆيى تەرەپكە كەتتى.

ئۇ گرىشكىنى مېھمانخانىدا ئۇچراتتى - دە، بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن ھاسىسى بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرغىلى تۇردى. گرىگورىي ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، دادىسىنىڭ قولىدىكى ھاسىسىغا ئېسىلدى.

— نېمىشقا ئۇرىسەن، دادا؟

— قىلغان ئىشىڭ ئۈچۈن، ئىتنىڭ بالىسى!...

— نېمە قىلىپتىمەن؟

— خوشناڭنى رەسۋا قىلما! داداڭنى شەرمەندە قىلما!

كەلسە ـ كەلمەس قاتراۋەرمە. ئىتنىڭ كۈچۈگى! — پانتېلېي پروكوفيېۋىچ خىرىلداپ، گىرىگورىينى ئۆينىڭ ئىچىدە سۆرۈپ ـ توقاي قىلىپ، ھاسىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇناتتى.

— ئۇرغۇزمايمەن! — دەپ ئاستا غۇدۇڭشىدى گىرىگورىي ۋە چىشىنى چىشلەپ، ھاسىنى دادىسىنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى ـ دە، ئۇنى تىزى بىلەن پۈكلەپ سۇندۇرۇۋەتتى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئەمدى ئۇنىڭ گەجگىسىگە ئارقا ـ ئارقىدىن مۇشتلىغىلى تۇردى.

— قاراپ تۇر، تېخى، يېقىندا ئەبجىغىڭنى چىقىرىمەن! ... ھەي لەنىتى شەيتان! — ئۇ ئايىغىنى كوتىرىپ، يەنە تەپمەكچى بولاتتى. — سېنى مەرپۇشكا سارائىغا ئۆيلەندۈرۈپ قويىمەن! ... شۇنداق ئەدىۋىڭنى بېرەيكى، قاراپ تۇر!...

بۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ئاڭلاپ، ئانىسى يۈگۈرۈپ كەلدى.

— پروكوفيېۋىچ! ھەي پروكوفيېۋىچ! ... ئۇزەڭنى بېسىۋال!... توختا!...

ئەمما چال راستىنلا غەزىۋىنى باسالماي قالغان ئىدى، خوتۇنىنىمۇ بىر مۇشت ئۇرۇۋەتتى، كېيىم تىكىش ماشىنىسى تۇرغان شىرەدىمۇ ئۇرۇۋەتتى، ئاخىرى، ھالى قالمىغاندا ھويلىغا ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. گىرىگورىي يېڭى يىرتىلغان كوينىكىنى سېلىپ تاشلاي دېگۈچە، ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلدى ـ دە، ئەرەپلەنگەن پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بوسۇغىدا يەنە پەيدا بولدى.

— بۇ ئىتنىڭ بالىسىنى ئۆيلەندۈرۈش كېرەك! ... دەپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يەرنى تېپىپ، ۋاقىرىدى ۋە گىرىدگورىينىڭ مۇسكۇللۇق دۈم-
بىسىگە تىكىلىپ قارىدى، — ئۆيلەندۈرىمەن! ... ئەتىلا ساۋ-
چىلىققا بارىمەن! سېنىڭ دەستىڭدىن خەقلەر مېنى كورسە
كۈلۈشىدىغان بولۇپ قالدى!

— كوينىگىمنى كىيگىلى قوي، ئۇندىن كېيىن
ئۆيلەندۈرەرسەن.

— ئۆيلەندۈرىمەن!...ئەنتەكقىزغا ئۆيلەندۈرىمەن!...—
دەپ ۋاقىرىدى ئۇ، ئاندىن ئىشىكنى تاراقلىتىپ ياپتى، پە-
شايۋاندا دۈكۈلدەپ ماڭغىنى ئاڭلاندى، ئاخىرىدا قەدەم ئا-
ۋازىمۇ جىمىپ قالدى.

## 11

سېتراكوپ يېزىسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە دالىدا بىرى-
زېنت سايىۋەنلىك هارۋىلار قاتارتىزىلىشىپ، ئۇزۇندىن ئۇ-
زۇنغا سوزۇلغان ئىدى. ناهايىتى تېز ۋاقىت ئىچىدە بۇ يەر-
دە ئىككى تەرىپىگە ئاپپاق چېدىرلار تىكىلگەن، كوچىلىرى
توپ-توز، چاققانغىنا بىر كىچىك شەھەر پەيدا بولدى.
قاق ئوتتۇرىسىدىكى كىچىكرەك مەيداندا قاراۋۇل ئايلىنىپ
يۈرەتتى.

لاگېردا ئادەتتە ماي ئېيىدا بولىدىغان، هەر يىلى
بىر خىلدا ئوتىدىغان قايىنام-تاشقىنلىق هايات باشلىنىپ
كەتتى. كېچىسى يايلاقتا ئوتلاپ يۈرگەن ئاتلارغا قارايدىغان

بىر توپ كازاك ھەر ئەتىگىنى ئۆلارنى لاگىرغا ھەيدەپ كې‍لەتتى. ئۇندىن كېيىن ئاتلارنى قاشلاش، ئىگەرلەش ئىشى باشلىناتتى. ئارقىدىنلا يوقلىما قىلىش، سەپكە تىزىلىش ئې‍لىپ بېرىلاتتى. شاۋقۇن - سورەننى ياخشى كۆرىدىغان لاگىر مۇدىرى ئىشتاپ - ئوفىتسېر دەرىجىسىدىكى قوشۇن باشلىغى پوپوپ كانىيى يىرتىلغىدەك ۋاقىراپ - جاقىراپ يۈرەتتى، يېڭى كەلگەن ياش كازاكلارنى مەشق قىلدۇرۇۋاتقان تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشماي ۋاراڭ - چۇ-رۇڭ كۆتىرەتتى. دوڭلۇكنىڭ ئارقىسىدا كازاكلار تويلىنىپ ھۇجۇمغا تەييارلىنىۋاتاتتى، «دۈشمەنلەر»گە ھىلە ئىشلىتىپ مۇھاسىرىگە ئالاتتى ۋە ئايلانما يول بىلەن ئارقا تەرەپكە ئۆتۈۋالاتتى. چاچما ئوقلۇق مىلتىقلاردىن نىشانغا ئوق ئېتىشاتتى، ياش كازاكلار قىلىچۋازلىق قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. يېشى چوڭراقلىرى بىر بانا تېپىپ مەشغۇلاتتىن قېچىشاتتى.

كىشىلەر كۆزنىڭ ئىسسىقى ۋە ھاراقنىڭ تەسىرىدىن خىرىلدىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇزۇندىن - ئۇزۇزۇنغا سوزۇلۇپ، قاتار تىزىلىشىپ تۇرغان هارۋىلارنىڭ ئۈستىدىن يۇمشاققىنا خۇشبۇي شامال سىيپىلاپ ئۆتەتتى، يىراقلاردا چېكەتكىلەر چىرىلدايتتى، كەڭ دالىنىڭ نېرىقى بېشىدىن ئاقىرىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆي - ئىمارەتلەردىن چىقىۋاتقان تۈتۈن يىراقتىن خىرە - شىرە كۆرۈنەتتى.

لاگىردىن كېتىشكە بىر ھەپتە قالغاندا تويچى قىسىم ئەسكىرى ئىۋان تومىلىننىڭ بىر تۇققان ئىنىسى ئاندىرېينىڭ خوتۇنى ئېرىنى كۆرگىلى كەلدى. بۇ ئايال بۇغۇرساق، ھەرخىل يىمەكلىكلەر ۋە يېزىدىكى يېڭىلىقلارنى ئالغاچ كەلگەن ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئەتىسى سەھەردىلا قايتىپ كەتتى. كازاكلار ئۆزلىرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، يارۇ بۇرادەرلىرىگە سالام ئېيتىپ قويۇشنى ۋە باشقا ئىشلارنى شۇ ئايالغا جېكىلەپ تاپشۇردى. پەقەت ستېپان ئاستاخوپ بۇ ئايالغا ھېچنەرسە تاپشۇرمىدى. ئۇ بىر كۈن بۇرۇن ئاغرىپ قالغان بولۇپ، هاراق بىلەن داۋالىنىۋاتقان ئىدى، شۇڭا تومىلىنىڭ خوتۇنى تۈگۈل، يورۇق ئالەمنىمۇ كۆرمىگەن ئىدى. مەشق قىلىشقىمۇ چىقمىدى؛ ئۇنىڭ ئىلتىماسى بويىچە فېلدشېر ئۇنىڭ مەيدىسىگە سەككىز - ئون زۇلۇك قويۇپ، قېنىنى شوراتقۇزدى. ستېپان يالاڭ كۆينەك بىلەن ئۇزھارۋىسىنىڭ چاقىغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى،— ئاپپاق شەپكىسى چاق قازنىسىنىڭ قارامېيىغا سۈركىلىپ قاپقارا داغ بولۇپ كەتتى، لېكىن ئۇ ئىشۇنى تومپا يىتىپ، كۆكسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە يېپىشىۋالغان زۇلۇكلەرنىڭ شورىشىنى، هارام قانغا تويۇپ، ئىششىغانلىغىنى كۆزدىن كەچۈرەتتى.

ئۇنىڭ ئالدىدا پولك فېلدشېرى تاماكا چېكىپ تۇراتتى، ئۇ تۇتۇننى شالاڭ چىشلىرى ئارىسىدىن چىقىرىپ:

— يېنىكلىشىپ قالدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— كۆكسۈمنىڭ تېگى تېگىدىن تارتىپ شورىشىۋاتىدۇ، يۈرىگىم بىر ئاز ئارام ئالغاندەك قىلىۋاتىدۇ...

— زۇلۇك ئەڭ ياخشى داۋا.

بۇلارنىڭ يېنىغا ئاندىرېي تومىلىن كەلدى ۋە كۆزىنى قىسىپ ئىملەپ:

— ستېپان، ساڭا بىر ئېغىزگەپىم بار ئىدى، — دېدى.

— ئېيتىۋەر.

— بىردەملىك چەتكە چىقسالىڭ.

ستېپان ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، تومسلىن بىلەن بىر چەتكە ئۆتتى.
ــ قېنى، سوزلە.
ــ ئايىلىم كەلگەن ئىدى ... بۈگۈن يولغا سالدىم.
ــ ھە...
ــ سېنىڭ ئايىلىڭ توغرىلىق يېزىدا ھەر خىل گەپ ـ سوز بار ئىكەن...
ــ قانداق گەپ؟
ــ ئەمما ياخشى گەپ ئەمەس.
ــ خوش؟
ــ گىرىشكا مېلېخوپ بىلەن يۈرەرمىش ... ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق...
ستېپاننىڭ چىرايى ئوڭۇپ، مەيدىسىدىن زۇلۇكلەرنى ئېلىپ تاشلىدى ـ دە، ئايىغى بىلەن دەسسەپ ئولتۇردى. كېيىنكى بىر زۇلۇكنى مىجىقلىۋەتتى، كوينىگىنىڭ ياقىسىنىڭ تۈگمىسىنى ئەتتى، لېكىن بىر نىمىدىن قورققاندەك، تۈگمىلىرىنى يەنە يېشىۋەتتى... ئاقىرىپ كەتكەن لەۋلىرى تىترەپ، غەلىتە ھىجىيىۋاتتى ۋە كوكىرىپ، ھۆررەك ـ ھۆررەك بولۇپ كېتەتتى ... تومىلىنگە، ستېپان قاتتىق، چىشى ئوتمەيدىغان بىر نەرسىنى چايناۋاتقاندەك تۇيۇلدى. بارا ـ بارا يۈزىگە قان يۈگۈردى، تولا چىشلىنىپ زېدە بولۇپ كەتكەن لەۋلىرى مىدىرلىماي تاشتەك قېتىپ قالدى. ستېپان بېشىدىن شەپكىسىنى ئېلىپ، چاقنىڭ مېيى بىلەن بۇلغانغان قارا داغنى يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېرىپ، ئاپپاق قېپىنى بىر يولى ئېپلاس قىلىۋەتتى، ناھايەت ئۆزىنى چىقىرىپ:

— ئېلىپ كەلگەن خەۋىرىڭ ئۈچۈن رەھمەت! — دېدى.
— شۇنى دېمەكچىدىم، ... كەچۈرسەن ... ئۆيۈڭدە شۇنداق گەپلەر بارئىمىش...

توشلىن ئېچىنغان كىشىدەك ئىشتىنىنى قېقىپ قويدى-دە، ئىگەرلىك ئېتىنىڭ قېشىغا كەتتى. لاگېرنىڭ ئىچى ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋاز بىلەن تولغان ئىدى. كازاكلار قىلىچ-ۋازلىق مەشقىدىن قايتىشقان ئىدى. ستېپان شەپكىسىدىكى قارا داغىقا قاتتىق تىكىلىپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى. چالا ئۆلۈك بىر زۇلۇك ئوتتۇكىگە ياپىشىپ چىقماقتا ئىدى.

## 12

كازاكلارنىڭ لاگېردىن قايتىشىغا بىر يېرىم ھەپتە قالغان ئىدى.

ئاكسىنيە كېچىكىپ ئويغانغان مۇھەببەت ئوتىدا ئۆرتەنمەكتە. گرىگورىي ئاتىسىنىڭ تەھدىدىگە قارىماستىن، ھەر كېچىسى تۈيدۈرمايلا ئۇنىڭكىگە باراتتى ۋە تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇنلا قايتىپ كېلەتتى.

ئىككى ھەپتە داۋامىدا گرىگورىي يىراق يول ماڭغان ئاتتەك، ھېرىپ تېنىدە مادارى قالمىدى.

كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنلىكتىن ياڭاق سۆڭەكلىرى چىقىپ، يۈزىنىڭ قىزىل تېرىسى كوكىرىپ كەتتى، قاپ-

قارا كۆزلىرى ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ، ھارغىنلىق بىلەن قا-
رايدىغان بولۇپ قالدى.

ئاكسىنىيە يۈزىنى رومال بىلەن ئورىماي يۈرۈۋېرەت-
تى، كۆزىنىڭ ئاستىلىرىدا قارا چوڭقۇرچاقلار پەيدا بولدى؛
گىلاستەك پولتىيىپ تۇرغان چاڭقىغان لەۋلىرى سەل - پەل
پەسكە ساڭگىلاپ، خاتىرجەم ھىجىيىپ تۇراتتى.

ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەجنۇنلارچە ئىشىق - مۇھەب-
بەت ئادەتتىن تاشقىرى كۈچىيىپ، بارا - بارا ئاشكارا تۈس-
كە كىردى. ئۇلار ھاياسىز ئىشىق ئوتىدا بىرلىكتە ئورتىنەت-
تى، ئار - نومۇسنى بىر يەرگە قايرىپ قويۇپ، خوشنىلىرىنىڭ
كۆز ئالدىدا ئوچۇق - ئايدىڭ ۋەبىمالال يۈرۈۋېرەتتى. ئۇلار
كۈندىن - كۈنگە ياداپ، يۈزلىرى قارىيىپ كەتتى: كىشىلەر
ئىمىشقىدۇر بۇلارنى ئۇچراتقاندا يۈزلىرىگە تىكىلىپ قاراش-
تىن ئۇيۇلاتتى.

گىرىگورىينىڭ دوستلىرى بۇرۇن ئاكسىنىيە بىلەن
بولغان ئالاقە تۈپەيلى ئۇنىڭغا ئانچە - مۇنچە تىگىشىپ
قويغان بولسا، ئەمدىلىكتە لام - جىم دىمەيدىغان بولۇشتى.
گىرىگورىي بىلەن بىر يەردە بولغاندا ئوڭايسىزلىق ھىس
قىلىشاتتى، گەپ - سۆزدىنمۇ چەكلىنەتتى. ئاياللار ئاكسى-
نىيىنى ھەر نىمە دىگەن بىلەنمۇ، ئىچىدە رەشىق قىلاتتى،
ستېپاننىڭ كېلىشىنى توت كۆز بىلەن كۈتۈشۈپ، نىمە ئەھ-
ۋال بولۇشىنى بىر كۆرۈپ باققۇسى كېلەتتى. بۇ ئىشنىڭ
ئاقىۋىتى ئۈستىدە تەخمىنى مولچەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشاتتى.

ئەگەر گىرىگورىي ئېرى يېنىدا يوق ئاكسىنىيىنىڭ قې-
شىغا كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇنغاندەك بىر تۈس بىلەن

بارغان بواسا، ئاكسىنىيىمۇ گىرىگورىي بىلەن بولغان باردى-
كەلدىسىنى بىر قەدەر مەخپىي تۇتقان بولسا ۋە ئەيى زا-
ماندا باشقىلارنىمۇ رەت قىلمىغان بولسا، ئۇ چاغدا مونچە-
لىك گەپ - سوز بولۇپ كەتمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ ئالاقىلى-
رى مۇنچىلىك كوزگە چۈشمەس ئىدى. يېزىدىكىلەرمۇ سور-
لەپ - سوزلەپ توختاپ قالغان بولاتتى. لېكىن بۇلار دىيەر-
لىك ئاشكارا ئالاقەقىلىشاتتى،ئۇلارنى ھېچبىر قىسقا مۇددەت-
لىك ئالاقىغا ئوخشىمايدىغان قاندا قتۇر كۈچلۈك بىر ئالاقە
ئوز ئىلكىگە ئالغان ئىدى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن يېزىدىكىلەر
بۇنى زور جىنايەت، ئەخلاقسىزلىق دەپ ھېساپلىشاتتى ۋە
ستېپان كەلسە ئوزى بىر ياقلىق قىلار، دىگەن قارارغا كې-
لىپ جىمغىنا كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

ياتاق ئويدە كارۋات ئۈستىگە تانا تارتىلغان. تانى-
غا يىپسىز ئاق ۋە قارا قۇرۇق عالتەكلەر ئوتكۈزۈلگەن. بۇ
عالتەكلەر ئوينى بېزەش ئۈچۈن ئېسىلغان ئىدى. پاشا - چى-
ۋىنلەر شۇلارنىڭ ئۈستىدە تونەيدۇ. ئومۇچۇكمۇ چىقارغان
يىپىنىڭ بىر ئۈچىنى شۇ عالتەكلەرگە، يەنە بىر ئۈچىنى تورۇس-
قىچە تارتىپ تور توقۇيدۇ. گىرىگورىي بېشىنى ئاكسىنىيىنىڭ
مۇزدەك يالىڭاچ قولىنىڭ ئۈستىگە قويغان ھالدا تورۇسقا
قاراپ، عالتەكلەرنى كوزدىن كەچۈرەتتى. ئاكسىنىيە يەنە
بىر قولى بىلەن — تولا ئىشلەپ قوپاللىشىپ كەتكەن بارماق-
لىرى بىلەن ئوڭدا ياتقان گىرىگورىينىڭ ئات يالىدەك
قاتتىق جىڭگىلەك چاچلىرىنى سىلايتتى. ئاكسىنىيىنىڭ بار-
ماقلىرىدىن يېڭى سېغىلغان كالا سۈتىنىڭ پۇرىغى كېلەتتى؛
گىرىگورىي بېشىنى قايرىغاندا بۇرنى ئاكسىنىيىنىڭ قولتۇقى-

غا تاقىلىپ قالاتتى ـ دە، ئاياللارغا خاس يېقىملىق ئۆتكۈر
تەرنىڭ پۇرىقى گۇپۇلدەپ دىمىغىغا ئۇرۇلاتتى.

ئۇيىنىڭ ئىچىدە تۆت بۇرجەكلىكە ياڭاقتەك يۇمۇلاق شار نەقىش قىلىپ بېكىتىلگەن سىرلانغان ياغاچ كارىۋاتتىن باشقا، ئىشىكنىڭ تۈۋىدە يەنە بىر دانە ئۈستى تۈنىكە بىلەن قاپلانغان يوغان ساندۇق تۇراتتى. ئاكسىنىيىنىڭ تويلۇغىغا ئېلىنغان نەرسىلەر ۋە باشقا كىيىم ـ كېچەكلەر شۇ ساندۇقتا ئىدى. تور تەرەپتىكى بۇلۇڭغا شىرە قويۇلغان، ئۈستىگە كېلىيونكا سېلىنغان، كېلىيونكىدا گېنېرال سكوبېلېۋنىڭ قات ـ قات ئېگىلگەن بايراقلار تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان سۈرىتى بار؛ ئىككى دانە ئورۇندۇق قويۇلغان بۇلۇڭنىڭ ئۈستى تەرىپىگە يالتىراق قەغەز بىلەن ياسالغان مېھراپ ئىچىدە بۇتنىڭ سۈرىتى ئېسىقلىق تۇراتتى. يان تەرەپتە، تامدا چىۋىن ئېپلاس قىلىۋەتكەن فوتو سۈرەتلەر ئېسىلغان. بۇ سۈرەتتە چاچلىرى ھورپىيىپ تۇرغان، كەڭ كوكرەكلىرىگە سائەت زەنجىرلىرىنى تاقىۋالغان، يالىڭاچلانغان قىلىچلىرىنى تۇتۇپ تۇرغان بىر گۇرۇپپا كازاكلار قاراپ تۇراتتى، بۇ — ستېپاننىڭ ھەقىقى ھەربى خىزمەت ئۆتەپ تۇرغان دەۋرىدە يولداشلىرى بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرىتى ئىدى. كىيىم ئىلغۇچتا ستېپاننىڭ يىغىشتۇرۇلماي قالغان ھەربى كىيىمى ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. دەرىزىنىڭ كوزنىكىدىن ئاي مارىلايتتى، گويا ئاشۇ كىيىمنىڭ پاگونىدىكى ئىككى ئاق بالداق ئوفىتسېرلىك بەلگىسىنى ئىشەنمەسلىك بىلەن سىيپىلاۋاتقاندەك ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاكسىنىيە بىر ئۆھ تارتىپ نەپەس ئالدى ـ دە، گىرى-
گورىينىڭ ئىككى قېشى ئارىلىقىدىن سۆيدى.
— گىرىشكا، باغرىم...
— ھە، نىمە دەيسەن؟
— پەقەت ۋە كۆن قالدى...
— تېخى ئۇزاق ئىكەن.
— گىرىشا، ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟
— مەن نەدىن بىلەي.
ئاكسىنىيە ئاھ ـ ئۇھتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ،
گىرىشانىڭ چۈۋۈلغان چېچىنى قايتىدىن سىلاپ، چىگىشلىرى-
نى ئايرىشقا باشلىدى.
— ستېپان مېنى تىرىك قويمايدۇ... — بۇ سوزنى ئۇ
سوئال تەرىقىسىدە دىدىمۇ ياكى قەتئى قىلىپ ئېيتتىمۇ بىل-
گىلى بولمايتتى.
گىرىگورىي ئۈنچىقمىدى. ئۇنىڭ ئۇخلىغىسى كېلەتتى،
يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان كوزلىرىنى ئاران ئاچاتتى، ئۈستىدە ئاكسىنى-
يىنىڭ قارا كوزلىرى مولدۇرلەپ تۇراتتى.
— ئېرىم كەلسە مېنى تاشلىۋېتەرسەن نىمۇ؟ قورقامسەن؟
— مەن نىمىسىدىن قورقىمەن، سەن ئايال كىشى،سەن
قورقساڭ بولىدۇ.
— سەن بىلەن بىللە بولسام، ھەرگىز قورقمايمەن.
ئەمما كۈندۈزلىرى خىيال قىلسام يۈرىكىم ئارقامغا تارتىپ
كېتىدۇ...
گىرىگورىي ئەسنەپ، بېشىنى ئارقا تەرەپكە تاشلى-
دى ـ دە، دىدى:

— ستېپاننىڭ كېلىشى تۇرغان گەپ. ئەمما دادام مېنى ئۆيلەندۈرمەن دەۋاتىدۇ، بۇنىسى چاتاق!

گىرىگورىي كۈلۈپ قويدى، يەنە بىر نىمە دېمەكچى ئىدى، لېكىن بېشى ئاستىدىكى ئاكسىنيىنىڭ قولى بىردىنلا بوشىشىپ، ياستۇققا پاتتى - دە، تىترەپ كەتتى، يەنە بىر ئازدىن كېيىن جان كىرگەندەك بولۇپ، ئاۋالقى ھالىغا كەلدى.

— كىمنىڭكىگە ساۋچىلىققا بېرىپتۇ؟ — دەپ سورىدى ئاكسىنيە پىچىرلاپ.

— بېرىشقا ئەمدى تەييارلىنىۋاتىدۇ. ئانامنىڭ كېپىنىڭ ئۇرامىغا قارىغاندا، كورشۇنوپنىڭ قىزى — ناتالىيە ئۈچۈن ساۋچى بولۇپ بارسا كېرەك.

— ناتالىيە... ناتالىيە — چىرايلىق قىز... ناھايىتى چىرايلىق. بوپتۇ ئۆيلىنىۋەر. قايسى كۈنى ئۇنى چېركاۋدا كۆرگەن ئىدىم... ياسىنىۋالغان ئىكەن...

ئاكسىنيە تېز - تېز سۆزلەيتتى، ئەمما ئۇنىڭ پايمۇ-پاي سۆزلىرى ئاران ئاڭلىناتتى.

— مەن ئۇنىڭ جامالىغا نان چىلاپ يەمتىم؟... مەنچە بولغاندا ساڭا ئۆيلەنسەم بولاتتى.

ئاكسىنيە قولىنى گىرىگورىينىڭ بېشى ئاستىدىن شارتلا تارتىۋالدى - دە، قۇرۇق كۆزلىرى بىلەن دەرىزىگە قارىدى. ھويلىغا كېچىنىڭ ساغۇچ چېدىرى يېپىلغان ئىدى. لاپاستىن ۋەھىمىلىك سايە چۈشۈپ تۇرۇپتۇ. چېكەتكىلەر چىرىلدايتتى. دون ياقىسىدا سۇ ئۆكۈزلىرى مورەيتتى، ئۇلارنىڭ يوغان باس ئاۋازى يالاڭ قات دەرىزىدىن بىمالال ئاڭلىناتتى.

www.uyghurkitap.com

— گرىشا!

— نېمە چارىنى ئويلاپ تاپتىڭ؟

ئاكسىنىيە گرىشكىنىڭ ئەكىلىشكە ئۈگىنىگەن قوپال قوللىرىنى تۇتۇپ، كۆكسىگە باستى، ئاندىن قېنى قاچقان مۇزدەك يۈزىگە سۈرتۈپ تۇرۇپ زارلانغان ئاۋاز بىلەن:

— سەن، لەنىتى قانداق قىلىپ ماڭا باغلىنىپ قالدىڭ-ھە؟ ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟... گرى-شى-كا!... يۈرىگىمنى تەلكە-پارە قىلدىڭغۇ!... مەن گۇم بولدۇم... ستېپان كەلسە نېمە دەپ جاۋاپ بېرىمەن؟... كىم مېنىڭ ئارامغا كىرىدۇ؟... — دېدى.

گرىگورىي ئۈندىمىدى. ئاكسىنىيە ئۇنىڭ چىرايلىق ئىلمەك بۇرنىغا، سايە توسقان كۆزلىرىگە، مىدىرلىماي تۇرغان لەۋلىرىگە غەمگە چۆمگەن ھالدا قارايتتى. بىردىنلا تۇيغۇ ئېقىمى كەلكۈندەك تېشىپ، سەۋرى تاقىتىنى بۇزۇپ تاشلىدى: ئاكسىنىيە ئۆزىنى باسالماي، گرىگورىينىڭ يۈز-كۆزلىرىنى، بويىنى ۋە قوللىرىنى، قاپ-قارا جىڭگىلەك يۇڭ باسقان مەيدىسىنى سۆيۈشكە باشلىدى. سۆيۈش ئارىلىقلىرىدا نەپەسلىرى تىقىلىپ، ھاسىراپ پىچىرلايتتى، ئۇنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى گرىگورىي سېزىپ تۇراتتى.

— گرىشا، سۆيۈملۈك يارىم،... جان-جىگىرىم... بۇ يەردىن كېتەيلى. ئەزىزىم! ھەممىدىن كېچەيلى، بىز كېتەيلى. ئېرىمدىنمۇ كېچىمەن، ھەممىنى تاشلايمەن. ماڭا سەن بولساڭ — بولىدى... كانغا كېتىمىز، بۇ يەردىن بەك ئۇزاقتا، سېنى كۆز قارچۇغۇمدەك ئاسرايمەن... دەردىڭگە دەرمان بولىمەن... پارامونوپ كېنىدا تاغام بار، قاراۋۇل بو-

لۇپ ئىشلەيدۇ، ئۇ بىزگە ياردەم قىلىدۇ... گېرىشا! بىر نەرسە دېسەڭچۇ!

گىرىگورىي سول قېشىنى تۇرۇپ ئويلىنىپ قالدى ۋە ئۇتۇلمىگەندە ئۇتتەك چاقنىغان كوزلىرىنى ئاچتى. بۇ كوزلەر مازاق ئارىلاش كۇلەتتى.

— سەن ئەخمەق ئىكەنسەن، ئاكسىنيە، ئەخمەق! بايا تىن بېرى ئۇنداق دەيسەن، بۇنداق دەيسەن، ھېچ گېپىڭنىڭ تايىنى يوق. خوش، مەن ئىگىلىكنى تاشلاپ نەگە بارىدىكەنمەن؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇيىل ھەربىي خىزمەتكە بارىدىغان تۇرسام، ئىش سەن دېگەندەك بولمايدۇ... يېرىمىزنى تاشلاپ ھېچيەرگە كېتەلمەيمەن. بۇ يەرلەرنىڭ ئېتىگى كەڭ، ياياراپ نەپەس ئالىسەن، ئۇياقتا نېمە بار؟ بۇلتۇر قىشتا دادام بىلەن يېزا مەركىزىگە بارغان ئىدىم، نەپىسىم بوغۇلۇپ ئولۇشكە تاس قالدىم. پاراۋۇزلار ھوكىرەيدۇ، بەتبۇي كومۇر ئىسى ھەممە ياقنى قاپلىغان، ئادەملەر قانداق تىرىكچىلىك قىلىدىكىن ـ تاڭ، ھېچ بىلمىدىم، ئۇلار ئاشۇ قاپ ـ قارا ئىسقا ئۇگىنىپ قېلىشقانمىكىن... — گىرىگورىي بىرنى تۇكۇردى ـ دە، يەنە ئاۋالقى سوزىنى دېدى: — مەن يېزىدىن ھېچيەرگە كەتمەيمەن.

ھويلا قارا كۇلەڭگۈسىدا تاتتى، ئاي بۇلۇتنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇندى. ھويلىنى يورۇتۇپ تۇرغان ساغۇچ شويلا بىر پەستە ئوچتى ـ دە، سايىلار يوقىلىشقا باشلىدى ۋە قاشانىڭ تېشىدا قارىيىپ كورۇنگەن نەرسە — بۇلتۇر كېسىپ كېلىنگەن شاخ ـ شۇمبۇمۇ ياكى قاشانىڭ تۇۋىدە ئوسكەن شىۋاقمۇ، بۇنى پەرق ئېتىپ بولمايتتى.

ئۇنىڭ ئىچىمۇ قاراڭغۇلاشتى. دەرىزە يېنىدا ئېسىقلىق تۇرغان ستېپاننىڭ مۇندىرىدىكى ئوفىتسېرلىك ئاق نىشانلىرىمۇ غۇۋالىشىپ قالدى. لېكىن جىمجىت قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئاكسىنىيىنىڭ يەلكىلىرى دىرىلدەپ تىترەۋاتقانلىقىنى، ئىككى ئالقىنى بىلەن سىقىۋالغان بېشى ياستۇق ئۈستىدە سىلكىنىۋاتقانلىقىنى گىرىگورىي كۆرمەيتتى.

## 13

تومىلىنىڭ ئايلى كېلىپ كەتكەندىن بۇيان ستېپاننىڭ چىرايى يامانلىشىپ كەتتى. قاش - قاپىقى ساڭگىلاپ، پېشانىسىنى چوڭقۇر ھەم سەت قورۇق باستى، ستېپان يولداشلىرى بىلەن كەم سۆزلەشەتتى، ئانچىكىملا بىر ئىشقا تېرىكىپ، جېدەل چىقىراتتى؛ ۋاخمىستىر① پلىشكوپ بىلەن بىكاردىن-بىكار تىللىشىپ قالدى، پېترو مېلېخوپقا قارىمۇ قويمايتتى. بۇ ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن دوستلۇق رىشتىسى ئۈزۈلدى. ستېپان خۇددى ئىگىسىنى ئېلىپ قاچقان ئاتتەك ئۆزىنىڭ قايناپ تېشىۋاتقان غەزەپ - ئەلىمىنىڭ يارلىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئىككى دوست ئۆز ئۆيلىرىگە بىر - بىرىگە ئەشەددى دۈشمەن بولۇپ قايتىشتى.

كېيىنكى چاغلاردا بۇ ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىلە-

① ۋاخمىستىر — چار پادىشاسى ئارمىيىسىدە ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسمىدا تۆۋەن دەرىجىلىك كوماندىرلىق ئۇنۋانى.

گىلى بولمايدىغان دۈشمەنلىك مۇناسىۋەتلىرىنى تېزدىن ھەل قىلىشقا سەۋەپ بولغان بىر ھادىسىمۇ بولۇپ ئۆتتى. بىللە كەلگەن بەشەيلەن لاگىردىن يەنە بىللە قايتىشقان ئىدى. ھارۋىغا پېترو بىلەن ستېپاننىڭ ئاتلىرى قوشۇلدى. خىرىستونە ئۆز ئېتىنى مىندى، ئاندىرېي تومىلىننىڭ بەزگىگى تۇتۇپ قالغانلىقتىن، شىنېلىگە يوگىنىپ سايىۋەن ھارۋا ئىچىدە ياتاتتى.

فېدوت بودوۋىسكى ھارۋا ھەيدەشكە ئېرىنگەنلىكتىن، ھارۋىنى پېترو ھەيدىدى. ستېپان ھارۋىنىڭ يېنىدا پىيادە ماڭغان بولۇپ، يول ياقىسىدىكى ياۋا ئۆتلارنىڭ قىزىل ئېچىلغان باشلىرىنى قامچىسى بىلەن ئۇرۇپ قىرىپ باراتتى، يامغۇر يېغىۋاتاتتى. قاپ ـ قارا لاي يىلىمدەك يېپىشىپ چاق بىلەن بىللە ئايلىناتتى. ئاسماننى كۆز پەسلىدىكىدەك بۇلۇت قاپلىغان بولۇپ، كۆلرەڭ تۇس ئالغان ئىدى. كەچ كىردى. ھەر قانچە تىكىلىپ قارىغان بىلەنمۇ يىراق تەرەپتىن چىراق يورۇغى كورۈنمەيتتى. پېترو ئاتلارنى ئاستا قامچىلايتتى. مانا شۇ چاغدا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ستېپان:

— نىمە قىلغىنىڭ بۇ؟... ئۆز ئېتىڭنى ئايايسەنۇ، ھەدەپ مېنىڭ ئېتىمنى قامچىلايسەنغۇ؟!... — دەپ ۋاقىرىدى.

— كۆزۈڭنى ئېچىپ قارا، قايسى ئات تارتمىسا، شۇنى قامچىلىدىم.

— ئۆزەڭنى ھارۋىغا قوشۇپ قويايمۇ؟ تۆركلەر ھارۋا تارتىشقا ئۇستا...

پېترو تىزگىننى تاشلىۋەتتى.

— سەن نىمە قىلماقچىسەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— چايىكىدىن قوزغالما، ئولتۇر!

— سەنمۇ تىلىڭنى تارتساڭ بولارمىكىن.

— نېمىشقا ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىسەن؟ — دەپ غودۇڭشىدى ئاتلىق ماڭغان خىرىستونە ستېپانغا يېقىن كېلىپ.

— ستېپان لام-جىم دېمىدى، قاراڭغۇدا ئۇنىڭ يۈزى كۆرۈنمەيتتى. يېرىم سائەتچە ئۈنچىقماي مېڭىشتى. چاقلارنىڭ ئاستىدا لاي شالاقلايتتى. سايىۋەن ئۈستىگە چۈشۈۋاتقان ئۇششاق يامغۇرنىڭ شىتىرلىشى كىشىنىڭ ئۇيقۇسىنى كەلتۈرەتتى. پېترو تىزگىننى تاشلىۋېتىپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى. ئۇ ستېپان بىلەن يەنە تۇتۇشۇپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئېيتىش ئۈچۈن ئۆز كۆڭلىدە يامان سۆزلەرنى تېپىشقا تەييارلىنىپ تۇراتتى. بارغانسېرى ئۇنىڭ غەزىپى ئۆرلەيتتى. ئەنە شۇ رەزىل ستېپاننى راسا بىر تىللىۋالغۇسى، مازاق قىلىپ كۈلگىسى كېلەتتى.

— نېرىراق تۇر، ھارۋىغا چىقىۋالاي، — دەپ ستېپان پېتروني ئىتتىرىۋەتتى-دە، ئىرغىپ ھارۋا ئۈستىگە چىقتى.

شۇ چاغدا ھارۋا بىر سىلكىندى-دە، توختاپ قالدى. ئاتلار لايدا تېيىلىپ، تىپىرلاشقا باشلىدى، تاقىلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى، شوتىنىڭ ياغىچى تاراقشىدى.

— تىررر! — دەپ ۋاقىرىدى پېترو ۋە ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ ھولۇقتى ستېپان.

خىرىستونە ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلدى.

— بىر يېرىنى سۇندۇرۇۋەتتىڭلارمۇ؟ ئاپلا!...

— كۆكۈت ياق.

— كىمدە سەرەڭگە بار؟

— ستېپان سەرەڭگەڭنى بەرگىنە!

ھارۋا ئالدىدا ئات خىرىلداپ، تىپىرلاۋاتاتتى، بىرسى سەرەڭگە ياقتى، كىچىككىنە يەرىيورۇپ، گۇگۇت يەنە ئۆچۈپ قالدى. پېترو تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن يىقىلغان ئاتنىڭ ساغرىسىنى سىلاپ كوردى. يۇگەنىنىڭ ئاستىدىن تارتتى.

— چۇ!...

ئات خارقىراپ يېنىچە يىقىلدى. ستېپان يۇگۇرۇپ كېلىپ ئارقا ئارقىدىن سەرەڭگە چاقتى. يىقىلغان ئات ئۆلگىنىدى. ئات بېشىنى كوتىرىپ - كوتىرىپ قوياتتى. ئالدىنقى پۇتى تىزىغىچە دالا چاشقىنىنىڭ كامىرىغا تىقىلىپ قالغان ئىكەن.

خىرىستونە يۇگۇرۇپ يۇرۇپ ئاران بالالىقتا تاسمىلىرىنى يېشىپ تاشلىدى.

— پۇتىنى تارتىۋال!

— پېترونىڭ ئېتىنى ھارۋىدىن چىقار! قېنى، چاققان بول!

— تەك - تەك، لەنىتى! تىررر!...

تېپچەكلەۋاتىدۇ، شەيتان، ئېرىراق!

ئۇلار ستېپاننىڭ ئېتىنى ملك تەسلىكتە تۇرغۇزۇشتى. ھەممە يېرى بۇلغىنىپ كەتكەن پېترو ئاتنى تىزگىنىدىن تۇتۇپ تۇردى، خىرىستونە تىزىغىچە لايغا كىرىپ ئاتنىڭ مېيىپ بولغان پۇتىنى سىلاپ كوردى.

— سۇنغانغا ئوخشايدۇ، — دەپ غودۇڭشىدى ئۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

فېدوت بودوۋىسكوپ دىربىلدەپ تىترەۋاتقان ئاتىنىڭ دۇمبىسىنى شاپىلاقلاپ قويدى.

قېنى، يېتىلەپ باقىڭلا، بەلكى مېڭىپ قالار.

پېترو تىزگىنىدىن تارتتى، ئات ئالدىنقى سول ئايىغىنى باسالماي، دىڭگاكلىدى ۋە كىشنەپ قويدى. تومىلىن قولىنى شىنېلىنىڭ يېڭىگە سىپىرۋېتىپ، ئېچىنغان ھالدا ئاتىنىڭ قېشىدىن نېرى كەتمەيتتى.

— ئاتنى موخوقىلىدىڭلار، نابۇت قىلدىڭلار، ۋاي ئىسىت!..

شۇ چاقتىچە ئۈندىمەي تۇرغان ستېپان خۇددى شۇ گەپنى كۈتكەندەك، خىرىستونەنى ئىتتىرىۋەتتى - دە، پېتروغا ئېتىلدى. بېشىنى مولچەللەپ بىر مۇشت ئاتقان ئىدى، ئەمما يەلكىسىگە تەگدى. ئىككىيلەن ئېلىشىپ كەتتى، لايغا مىلەندى. بىرسىنىڭ كوينىگى «ۋەرت» قىلىپ يىرتىلدى، ستېپان پېترونى تېگىگە بېسىۋالدى ۋە تىزى بىلەن بېشىنى بېسىپ تۇرۇپ، راسا مۇشتلىدى. خىرىستونە تىللاپ تۇرۇپ ئىككىسىنى ئاجرىتىۋەتتى، پېترو قان تۈكۈرۈپ:

— نېمىشقا ئۇرىسەن؟... — دەپ ۋاقىرىدى.

— دۇرۇس ھەيدىمىسەن، ئەبلەخ! يول يوق يەردىن ماڭما!...

پېترو خىرىستونەنىڭ قولىدىن بوشىنىپ چىقماقچى بولۇۋىدى، ئەمما خىرىستونە بىر قولى بىلەن ئۇنى ھارۋىغا تىرەپ:

— بولدى - بولدى - بولدى! مەن بىلەن ئېلىشقىنا!— دەپ ۋاقىرىدى.

پېترونىڭ ئېتى يېنىغا فېدوت بودوۋىسكوپنىڭ پاكار، ئەمما قالتىس تارتىدىغان ئېتىنى قوشۇشتى.

— مېنىڭ ئېتىمغا سەن مەنىۋال! — دېدى خىرىستونە ستېپانغا، ئۆزى هارۋىغا چىقىپ، پېترونىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

گىنىلوۋىسكى يېزىسىغا يېتىپ كەلگەندە، يېرىم كېچە بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلار ئەڭ چەتتىكى بىر ئۆينىڭ ئال-دىدا توختاشتى. خىرىستونە شۇ ئۆيدە قونۇشقا ئىلتىماس قىلغىلى كەتتى. ئۇ شىنېلىنىڭ ① پېشىگە ئىت ئېسىلغىنىغا قارىماستىن، دەرىزىنىڭ قېشىغا بېرىپ، دەرپەردىنى ئاچتى-دە، تىرنىغى بىلەن ئەينەكنى چەكتى.

— خوجايىن!

يامغۇر شارىلداپ يېغىۋاتاتتى. ئىت هەدەپ قاۋايتتى.

— خوجايىن! هەي، ياخشى كىشىلەر! ئەيسا پەيغەمبەر هەققى، بىر كېچە قونۇپ كېتىشكە رۇخسەت قىلىڭلار، هە؟ بىز هەربى خىزمەتتىن قايتقانلار، لاگېردىن كېلىۋاتىمىز. قانچە كىشى دەمسىز؟ بەشەيلەن.هە، ماقۇل، يا ئەيسا، ئۆز پانا-يىڭدا ساقلا.

ئۇ دەرۋازا تېشىدىكىلەرگە بۇرۇلۇپ:

— هەي، كىرىۋېرىڭلار! — دېدى.

فېدوت ئاتلارنى هويلىغا ئېلىپ كىردى، هويلىنىڭ ئوتتۇ-رىسىغا تاشلاپقويۇلغان ياغاچ ئوقۇرغا پۇتلىشىپ كېتىپ تىل-لاپ قويدى. ئاتلارنى لاپاسنىڭ ئاستىغا باغلاشتى. تومىلىن-نىڭ بەزگىگى تۇتۇپ، چىشلىرى كاسىلدىغان هالدا ئۆيگە كىردى. پېترو بىلەن خىرىستونە هارۋىدا قېلىشتى.

تاڭ ئاتقاندا مېڭىشقا هازىرلىنىشتى. ستېپان ئۆيدىن چىقتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن دۈمچەك بىر يېزا مومىيى دىكىل-

① شىنېل — هەربىچە ئۇزۇن پەلتو.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

داپ كېلەتتى. ئاتلارنى هارۋىغا قوشۇۋاتقان خىرىستونە، ئۇ- نىڭغا ئېچ ئاغرىتقاندەك گەپ قوشتى:

— ۋاي، ئانىكا، نىمانچە مۇكچىيىپ كەتكەنسەن! ساڭا چېركاۋدا سەجدە قىلىش ئاسان بولسا كېرەك، يەنە بىر ئې- گىلسەڭ — بېشىڭ يەرگە تېگىدۇ.

— لېچىنىم، ئاتا مانىچى يىگىت، مەن سەجدە ئۈچۈن يارىتىلغان ئىكەنمەن، ساڭا بىر ئىتنى ئېسىپ قويسىمۇ بو- لۇۋېرىدىكەن... هەركىمنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى بار،— موماي سوغاققىنا كۈلۈپ قويدى، خىرىستونە ئۇنىڭ هەممە چىشلىرىنىڭ ساق تۇرغىنىنى كۆرۈپ هەيران قالدى.

— هەي، سەندىكى نىمە دىگەن چىشلار، خۇددى چور- تان بېلىغىدەك. مەن بىچارىگە ئۇن چىشىڭنى بىرىۋەتسەڭمۇ بولۇۋېتىكەن، ياش بولسامۇ كەمشۈكمەن، تاماق چايناشقا چىشىم يوق.

— ساڭا بېرىۋەتسەم، ئۆزەم قانداق قىلىمەن، ياخشى يىگىت؟

— ساڭا، ئانىكا، ئاتىنىڭ چىشىنى سالدۇرىمىز. بەرى- بىر، سەن ئۆلسەڭ، ئۇ دۇنيادا سېنىڭ چىشلىرىڭ كورۇنمەي قالىدۇ. سوراقچى پەرىشتىلەر سىڭا نلاردىن ئەمەسقۇ.

— سوزلىگىن، سوزلەۋەر، — دەپ كۈلدى هارۋىغا چې- قىۋاتقان تومىلىن.

موماي ستېپان بىلەن لاپاسىنىڭ ئاستىغا كەتتى.

— قايسى ئات؟

— قارا ئات، — دەپ بىر ئۆھ تارتتى ستېپان. موماي هاسىسىنى يەرگە قويدى ۋە ئاتىنىڭ مېيىپ

بولغان پېتىدىن تۇتۇپ، ئەر كىشىدەك دەس كۆتەردى. ئېگى-لىپ كەتكەن ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن ئاتنىڭ تىزىنى خې-لى ئۇزاق سىيپىلاپ كۆردى. ئات قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ، چىشلىرىنى ھېجايتىپ، ئاغرىقتا چىدىماي زوڭ ئولتۇرۇپ قالدى.

— سۇنماپتۇ، كازاك، پۇتى ساق. قالدۇرۇپ قوي، داۋالايمەن.

— پايدىسى بولارمۇ ئانىكا؟

— پايدىسى؟ بۇنى كىم بىلىدۇ، قوزام... پايدىسى بو-لار دەيمەن.

ستېپان قول شىلتىدى ــ دە، هارۋا تەرەپكە كەتتى.

— ھەي، قالدۇرامسەن ــ يوقمۇ؟ — موماي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كوزىنى چىملدىتىپ سوردى.

— مەيلى قالسۇن.

— ئاشۇ قېرى ساقايتىدۇ، ساق قالغان ئۈچ پۇتى بىـ-لەن تاپشۇرساڭ، بىراقلا ھەممە پۇتىنى ئىشتىن چىقىرىپ قو-لۇڭغا بېرەرمىكىن، دوك مال دوختۇرىنى تېپىپسەن، بۇرا-دەر، — دەپ قاقاقلاپ كۈلدى خىرىستونە.

## 14

— ... مەن ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيىمەن، جېنىم ئانا، كۈن-دىن ــ كۈنگە سارغىيىپ، قۇرۇپ كېتىۋاتىمەن، يوپكا منى تىكىپ

ئۆلگۈرتەلەيۋاتىمەن، — بۈگۈنى سوكۈپ تارا بىسام، ئەتىسى كەڭ كېلىدۇ... ئىشىگىمنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەنلىكىنى كورسەم، يۈرىكىم پىژىلدايدۇ... يەرگە ئۇزەمنى تاشلاپ، ماڭغان ئىز- لىرىنى سۆيگۈم كېلىدۇ... ياكى مېنى ئىسىتقۇ قىلدىمىكىن؟... بىر ئىلاجىنى قىل، ئانىكا! ئۇنى ئۆيلەندۈرمەكچى بولۇشۇ- ۋاتىدۇ... بىرچارە تاپقىن، جان ئانا! نىمە دىسەڭ بىرىمەن، ھەتتا ئىچ كوينىكىمدىن تارتىپ بىرىشكە رازىمەن، پەقەت مېنى قۇتقۇزۇۋالغىن.

دروزدىخا موماي قورۇق باسقان ئوتكۈر كوزلىرىنى ئاكسىنيىگە تىكىپ، ئۇنىڭ ھەسرەتلىك سوزلىرىنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قوياتتى.

— كىمنىڭ ئوغلى؟

— يانتېلېي مېلېخوپنىڭ.

— ھېلىقى تۈركنىڭمۇ؟

— ھە، شۇنىڭ.

موماي لەۋلىرىنى چىشلەپ جاۋاپ بىرىشنى كېچىكتۈرەتتى.

— ئەتە بالدۇرراق قېشىمغا كەلگىن، چوكان. تاڭ بو- راي دىگەندىلا كەل. دون ياقىسىغا بارىمىز، پىراق - ھىج- راننى سۇغا ئاققۇزۇۋېتىمىز. ئويىڭدىن بىر چىمدىم تۇز ئال- غاچ كەل... شۇنداق بولسۇن.

ئاكسىنيە سېرىق گۈللۈك رومىلى بىلەن يۈزىنى ئور- دى - دە، مۈكچىيىپ دەرۋازىدىن چىقتى.

ئۇنىڭ قارىيىپ كورۈنگەن گەۋدىسى كېچىنىڭ قاراڭ- غۇلىغىدا غايىپ بولدى. پەقەت كەشىنىڭ شىپىلدىشى ئاڭلى-

ناتتى. بارا ـ بارا قەدەم ئـاۋازىمۇ بېسىلدى. يېزىنىڭ بىر چېتىدىن چىقىراپ ئېيتىلغان ناخشا ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

كېچىچە ئۇخلىماي چىققان ئاكسىنىيە تاڭ ئېتىش بىلەنلا دروزدىخا موماينىڭ دەرىزىسى ئالدىغا كەلدى.

— چوڭ ئانا!

— كىم سەن؟

— مەن، ئانىكا، قوپ.

— هازىرلا كىيىنىپ بولىمەن.

ئىككىيلەن تـار كـوچا بىلەن دوننىڭ بـويىغا چۈشتى. پىرىستاننىڭ ئالدىدىكى ياغاچ كوۋرۈك يېنىدا سۇغا تاشلىۋېتىلگەن هارۋىنىڭ ئالدى ياغىچى سۇغـا چىلىشىپ تۇراتتى. سۇ بويىدىكى مۇزدەك قۇم ئاياققا تىكـەنـدەك سانچىلاتتى، دوندىن كۆلرەڭ سوغاق تۇمان كوتىرىلەتتى.

دروزدىخا ياداڭغۇ قولى بىلەن ئاكسىنىيەنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئۇنى سۇ تەرەپكە تارتتى.

— تۇز ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟ ماڭا بەر، كۈن چىقىشقا قاراپ چوقۇن.

ئاكسىنىيە چوقۇندى. كۈن چىقىۋاتقان چاغدىكى قۇتلۇق شەپەققە غەزەپ بىلەن كوز تىكتى.

— بىرچاڭگال سۇ ئېلىپ ئىچ. — دەپ بۇيرۇدى دروزدىخا.

ئاكسىنىيە يەڭلىرىنى هول قىلىپ سۇ ئىچتى. مـوماي ئېرىنچەكلىك بىلەن دولقۇنلاپ تـۇرغان سۇ يـاقىسىدا قـارا ئومۇچۇكتەك چوقچىيىپ ئـولتۇرۇپ، پىچىرلاپ دۇئا ئوقۇشقا باشلىدى:

— ئەزىم دەريا ئاستىدىن چىققان سـوغاق بۇلاقلار...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كويگەن جىسمىنى... ياشغان يۈرىگىنى... پىراق ـ ھىجراندىن، بالا ـ قازادىن... مۇقەددەس كىرىست بىلەن... ئەڭ پاك، ئەڭ مۇقەددەس... يا بى ـ بى مەريەم، يا ئەرۋاھلار ... خۇدانىڭ بەندىسى گىرىگورىينى...ـــ دىگەن سۆزلەر ئاكسىن‍ـ يىنىڭ قۇلىغىغا ئاڭلىناتتى.

دروزدىخا تۇزنىڭ بىر قىسمىنى پۇتىنىڭ ئاستىدىكى نەم قۇمغا سەپتى، بىر چىمدىمىنى سۇغا ۋە قالغان بىر قىس‍ـ مىنى ئاكسىنيىنىڭ قوينىغا چاچتى.

ـــ يەلكەڭدىن سۇ ئۇرۇپ چاچ، تىزرەك بول!

ئاكسىنيە ئۇنىڭ دىگىنىنى قىلدى. غەم ـ قايغۇغا چۈمۈپ، دروزدىخانىڭ جىگەر رەڭ يۈزىگە غەزەپ بىلەن قارىدى.

ـــ تۈگىدىمۇ؟

ـــ يۈگۈر ئەمدى، چىرايلىغىم، ناشتا قىل، تۈگىدى.

ئاكسىنيە ھاسىراپ-ھومىدەپ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كەلدى، ئىنەكلىرى ھويلىدا مورىشەتتى. ئۇيقۇدىن يىڭىلا ئويغانغان قىزىل يۈزلۈك دارىيە مېلېخوۋا كامانىدەك چىرايلىق قاشلى‍ـ رىنى ئوينىتىپ، ئۆز كالىلىرىنى پادىغا ھەيدەپ باراتتى. ئۇ يىنىدىن يۈگۈرۈپ ئوتۇپ كەتكەن ئاكسىنيىگە ھىجايدى:

ـــ خوشنام، كىچىنى ئوبدان ئوتكۈزدىڭمۇ؟

ـــ خۇداغا شۈكۈر.

ـــ ئەتىگەندە نەنى چوگىلەپ كەلدىڭ؟

ـــ بىر ئىش بىلەن بىر جايغا بىرىۋىدىم.

چىركاۋدا ئەتىگەنكى ئىبادەتنىڭ قوڭغۇرىغى چىلىندى. مىس قوڭغۇراقنىڭ جاراڭلىغان ساداسى دولقۇنلىنىپ ئەتراپ‍ـ

قا يېپىلاتتى. تاركوچا تەرەپتىن پادىچى بالا قامچىسىنى قاسىلدىتىپ كېلىۋاتاتتى.

ئاكسىنىيە چاپسانلىق بىلەن ئىنەكلىرىنى پادىغا ھەيدەپ چىقىرىپ، ساققان سۈتىنى سۈزۈش ئۈچۈن دەھلىزگە كىردى. جەينەكچە تۈرۈلگەن قوللىرىنى پەرتۇغا ئېرتتى؛ خىيالىدا باشقا ئىشلارنى ئويلاپ، كۆپۈكلىشىپ كەتكەن سۈزگۈچكە سۈتنى قانداق قۇيۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى.

كوچىدا گۈلدۈرلىگەن ھارۋا چاقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ئاتلار كىشنىدى. ئاكسىنىيە چېلەكنى يەرگە قويۇپ، تالاغا قاراش ئۈچۈن دەرىزىگە ماڭدى.

ستېپان قىلىچىنى تۇتقان ھالدا كوچا ئىشىكى تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. كازاكلار مەيدان تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ ئارقىمۇ ئارقا ئۆتۈشەتتى. ئاكسىنىيە پەرتۇغىنى چاڭگاللىغان پېتى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ قالدى... پەلەمپەيدىن قەدەم ئاۋازى ئاڭلاندى... بۇ ئاۋاز دەھلىزگە يېقىنلىشىپ كەلدى... نەق ئىشىك ئالدىغا يەتتى...

ياداپ، چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەن ستېپان بوسۇغىدا پەيدا بولدى.

— خوش...

بەدىنى راسا تولۇشقان ئاكسىنىيە تەمتىرەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— مانا مەن، ئۇر! — دېدى-دە، يېنىچە تۇرۇپ بەردى.

... خوش، ئاكسىنىيە...

— نېمىسىنى يوشۇرىمەن، گۇناھ مەندە. ئۇر، ستېپان!

www.uyghurkitap.com

ئاكسىنىيە بوينىنى قىسىپ، تۈگۈلۈۋېلىپ، ئۇنىڭغا يۈزمۇ يۈز تىك قادىلىپ تۇراتتى، پەقەت ئىككى قولى بىلەن قوسىقىنى ھىمايە قىلىپ تۇراتتى. قورقۇنچىدىن گاڭگىراپ، چىرايىدا قان قالمىغان ئىدى، قارىيىپ چانىغى ئىچىدە كۆزلىرى قېتىپ قالغاندەك، كىرپىك قاقماستىن قاراپ تۇراتتى. ستېپان بىر دەلدەڭشىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى - دە، ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ستېپاننىڭ ئەركىشىگە خاس بەدىنىدىن، يولدا چاڭ باسقان كىر كۆينىكىدىن ئاچچىق تەرنىڭ پۇرىغى كېلەتتى. ئۇ شەپكىسىنىمۇ ئالماستىن كاراۋاتقا بېرىپ ياتتى. بىر ئاز ياتقاندىن كېيىن گەۋدىسىنى كۆتىرىپ، يەلكىسىدىكى تاسما باغلارنى ۋە كەمىرىنى يېشىپ تاشلىدى. ھەمىشەم بۇرۇلۇپ تۇرىدىغان كېلىشكەن بۇرۇتى ھازىر ساڭگىيىپ قالغان ئىدى. ئاكسىنىيە بېشىنى بۇرىماستىن كۆز قىرىنى ئۇنىڭغا تىكەتتى، ئاندا - ساندا چوچۇپ كېتەتتى. ستېپان پۇتلىرىنى كاراۋاتنىڭ ئارقا يۆلەنچۈكىنىڭ ئۈستىگە قويدى، ئۆتۈكىگە چاپلاشقان لاي ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ تورۇسقا قاراپ، قىلىچىنىڭ تاسما بېغىنى بارمىقى بىلەن تىكىلدىتەتتى.

— تېخى تاماق يېمىگەنسەن؟

— ياق...

— ئەمىسە، بىر نەرسە يەۋال.

ستېپان بۇرۇتىنى تەككۈزۈپ كاسىدىن سۈت ئىچتى. ناننى ئۇزاق چايىنىدى، ئىككى مەڭزىدە قىپ - قىزىل دومباق پەيدا بولۇپ، ئۇياق - بۇياققا غىلدىرلاپ تۇراتتى، ئاكسىنىيە پېچىنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇراتتى. ئېرىنىڭ تاماق

يەۋاتقاندا مىدىرلاپ تۇرغان كىچىككىنە قۇلاقلىرىغا قاتتىق ۋەھىمە بىلەن كوز سالاتتى.

ستېپان شىرەنىڭ قېشىدىن تۇرۇپ چوقۇندى.

— سوزلە، جانان قىز، — دىدى ئۇ.

ئاكسىنىيە ئېگىشىپ شىرە ئۈستىنى يىغىشتۇراتتى، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئىدى.

— قېنى ئېيتقىنا، ئېرىڭنى قانداق كۈتتۈڭ، ئېرىڭ ئۈچۈن ئار - نومۇسنى ساقلىدىڭمۇ؟ خوش؟

تۈيۇقسىز بېشىغا تەككەن دەھشەتلىك زەربە ئاكسىنىيىنى بوسۇغا تەرەپكە ئۇلاقتۇرۇپ تاشلىدى. ئۇ ئارقىسى بىلەن ئىشىكنىڭ ماڭلىيىغا جاق قىلىپ ئۇرۇلدى - دە، «ئاھ» دەۋەتتى.

ستېپان، يالغۇز نىمجان ۋە ھىمايىچىسى يوق ئاياللار تۈگۈل، مەنمەن دىگەن نوچىلارنىمۇ بېشىغا بىر ئۇرۇپ، غۇلىتىۋېتەلەيتتى. ئاكسىنىيە قورققانلىقىدىنمۇ ياكى جېنى مەھكەملىكىدىنمۇ، بىر ئازدىن كېيىن دېمىنى راسلىۋېلىپ بېشىنى كوتەردى ۋە ئورنىدىن تۇردى.

ستېپان ئۈينىڭ ئوتتۇرىسىدا تاماكىسىنى چېكىپ تۇرۇپ، ئاكسىنىيە ئورنىدىن تىك تۇرۇۋالغىچە قاراپ تۇردى. ئاندىن تاماكا خالتىسىنى شىرە ئۈستىگە تاشلاپ قويدى، ئاغىچە خوتۇنى پەيتىنى تېپىپ تۇرۇپ، ئىشىكنى غاچ قىلىپ ياپتى - دە، بەدەر قاچتى. ئېرى ئارقىسىدىن قوغلىدى.

ئاكسىنىيە قانغا مىلەنگەن ھالدا شامالدەك ئۇچۇپ، ئۆز قوراسى بىلەن مېلېخوپلار قوراسى ئوتتۇرىسىدىكى قاشا-

تام تەرەپكە يۈگۈردى. بىراق ستېپان قاشا ئالدىدا ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى. ئۇنىڭ قاپ - قارا چاڭگىلى خۇددى لېچىنىدەك ئاكسىنىيىنىڭ چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ، بىر سىلكىدى - دە، ئۇنى يەرگە، كۆلنىڭ ئۈستىگە يۇمۇلىتىۋەتتى (بۇ كۆللەرنى ئاكسىنىيە ھەر كۈنى مەشتىن ئېلىپ چىقىپ مۇشۇ قاشانىڭ تۈۋىگە توكەتتى).

ئېرى قولىنى ئارقىسىغا قىلىۋېلىپ، خوتۇنىنى ئۇتۇكى بىلەن تېپىۋەردى، ئەمما بۇنىڭ بىلەن كىمنىڭ كارى بولسۇن!... بىر قولى چولاق ئالېيوشا شامىل كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بۇلارغا قاراپ، كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ قويدى، ھىجايغاندا بومبا ساقىلى تەۋرەندى. ستېپاننىڭ نېمىشقا بۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشەنگەچكە، ئىچىدە: «ئۇرسا ئۇرمامدۇ، ئۆزىنىڭ قانۇنى خوتۇنىغۇ...» دەيتتى.

لېكىن شامىل توختاپ، ستېپان خوتۇنىنى ئۆلگىچە ئۇرامدۇ - يوق، تاماشىسىنى بىر كۆرەيچۇ، دىدى (بۇنداق تاماشىنى كىمنىڭ كۆرگىسى كەلمەيدۇ، دەيسىز)، ئەمما ۋىجدانى بۇنىڭغا يول قويمىدى، چۈنكى نىمە دىگەن بىلەن بۇ — ئەر كىشىگە لايىق ئىش ئەمەس - تە.

يىراقتىن قارىغان كىشى ستېپاننى كازاكچە ئۇسۇل ئويناۋاتسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىشى مۇمكىن ئىدى. گىرىشكىمۇ ستېپاننىڭ سەكرەشلىرىنى ئۆيىنىڭ دەرىزىسىدىن كۆرۈپ، شۇنداق ئويلىغان ئىدى. لېكىن دىققەت بىلەن قاراپ، ۋەقەنىڭ نېمىلىگىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۆيدىن چاچراپ چىقتى. مەھكەم تۈگۈلگەن مۇشتلىرىنى مەيدىسىگە

قاتتىق بىسىپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا قاشا تەرەپكە يۇگۈردى؛ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئوتتۇگى بىلەن يەرنى قاتتىق دەسسەپ پېترومۇ يېتىپ كەلدى.

گىرىگورىي ئىگىز قاشا تام ئۈستىدىن قۇشتەك ئۇچۇپ ئوتتى ـ دە، يۈگۈرگەن پېتى ستېپانىنىڭ ئارقىسىدىن راسا بىرنى مۇشتلىۋىدى، ستېپان سەنتىرەكلەپ كەتتى، ئەمما ئارقىسىغا قايرىلىپ گىرىگورىيغا ئېيىقتەك چاڭ سالدى.

ئاكا ـ ئۇكا مېلىخوپلار ئۇنىڭ بىلەن جان ـ جەھلى بىلەن ئېلىشىشقا باشلىدى. ستېپانىنى گويا قۇزغۇن تاپنى چوقۇغاندەك چوقۇشتى. ستېپانىنىڭ قوغۇشۇندەك ئېغىر مۇشتىنىڭ زەربىدىن گىرىگورىي بىرنەچچە قېتىم يەرگە دومىلاپ چۈشتى. ئۈستىخانلىرى قاتقان ستېپانىنىڭ ئالدىدا ئۇ چوڭدەك ئاجىزلىق قىلاتتى. ئەمما چاققان، پاكىنەك پېترو مۇشت يېسىمۇ، قومۇشتەك ئېگىلىپ، پەقەت يىقىلمايتتى.

ستېپانىنىڭ بىر كوزى ئالا بولغان ئالۇچىدەك كوكىرىپ ئىششىپ كەتكەن ئىدى، ساق كوزىنى پالدىرلىتىپ پىشايۋانغا سۈرۈلۈشكە باشلىدى.

پېترودىن يۈگەن سوراپ كەلگەن خىرىستونە ئۇلارنى ئاجرىتىپ قويدى.

ــ ئويۇڭلەرگە كىرىپ كېتىڭلار! ــ دەپ ۋاقىرىدى ئۇ قولىنى شىلتىپ، ــ كىرىپ كېتىڭلار! بولمىسا، ئاتاماڭغا بېرىپ ئېيتىمەن!

پېترو قان ئارىلاش بىر چىشىنىڭ سۇنۇغىنى ئالقىنىغا ئاۋايلاپ تۇكۈردى ـ دە، خىرىلداپ دېدى:

ــ كېتەيلى گىرىشكا، كىشى يوق يەردە قولىمىزغا چۈشەر...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— سەن قۇلۇمغا چۈشمەيسەن ـ ھە؟ — ھەممە يېرى كوكىرىپ كەتكەن ستېپان پىشايۋاندا تۇرۇپ دوق قىلدى.

— مەيلى ـ مەيلى، كورەرمىز!

— مەيلى دىمىسەڭمۇ كورىسەن، ئۈچـەي ـ بـاغرىڭنى چۇۋۇپ تاشلايمەن!

— راست ئېيتىۋاتامسەن ياكى چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟

ستېپان پەلەمپەيدىن سەكرەپ چۈشتى، گىرىشكا ئۇنىڭ ئالدىغا ئوقتەك ئېتىلىپ باردى، ئەمما خرىستونە ئۇنى كوچا ئىشىگى تەرەپكە ئىتتىرىپ:

ئەمدى بولدى قىلمىساڭ،ئىتتىنىڭ كۈچۈكىنى ئۇرغاندەك ئەبجىغىڭنى چىقىرىۋېتىمەن، — دىدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ مېلېخوپلار بىلەن ستېپان ئاستاخوپ ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت يېشىلمەس تۈگۈنگە ئايلاندى.

ئارىدىن 2 يىل ئوتكەندىن كېيىن گىرىگورىي مېلېخوپ شەرقىي پروسىيىدە، ستولپىـن شەھىرى يېنىدا بۇ تۈگۈننى يې-شىشكە مۇيەسسەر بولدى.

## 15

— پېتروغا ئېيتقىن، بايتال بىلەن ئوزىنىڭ ئايغىرى-نى ھارۋىغا قوشسۇن.

گىرىگورىي ھويلىغا چىقتى.پېترو لاپاس ئاستىدىن ھار-ۋىنى تارتىپ كېلىۋاتقان ئىدى.

— دادام بايتال بىلەن سىنىڭ ئىتىڭنى هارۋىغا قوشـ
ـسۇن دەيدۇ.
— دىمىسىمۇ ئۇنى بىلىمىز، تولا سوزلـەۋەرمـەي، ئىـ
شىنى قىلسۇنا! — دىدى پىتروهارۋا شوتىسىنى توغرىلاۋىتىپ.
پانتىلىي پروكوفىيىۋىچ، چۈشلۈك ئىبادەتكە تەييارلىـ
نىۋاتقان چىركاۋ موللىسىدەك، تەرگـە چومگەنلىگـكە قاـ
رىـماستـن، كـاپوستـا شـورپىسىنـى سـالاپەتلىـك هالـدا
ئىچىۋاتاتتى.
دۇناشكا كوز قىرى بىلەن گىرىگورىيغا قاراپ قوياتـ
تى، ئەمما ئۇزىنىڭ قىزلارغا خـاس نـازۇك تەبەسسۇمىنـى
ئىگىلىپ تۇرغان كىرپىكلىرى ئاستىغا يوشۇردى. بويى پاكارـ
راق بولسىمۇ، سالاپەتلىك ئىلئىنىچنا بىشىغا بايراملىق ئاچـ
قىزىل رومىلىنى ئورىـۋالغان ئىدى؛ ئانىلىـق تەشۋىشىنـى
لىۋىنىڭ بۇرجەكلىرىگە يوشـۇرۇپ، گىرىگورىيـغا قارىدى ـ
دە، چالغا:
— بولدى قىل، ئەمدى، پروكوفىيىۋىچ، يەۋىرەمسەن،
نەچچە يىل ئاچ قالغان ئادەمدەك؟ — دىدى.
— تاماق يىگىلىمۇ قويمايدۇ، بۇ شاپشىكەش!
ئىشىك قىيا ئىچىلىپ، پىترونىڭ ساپ ـ سىرىق شـاپ
بۇرۇتى كورۇندى.
— مەرھەمەت قىلىڭلار، پەيتون تەييار!
دۇناشكا پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى ـ دە، شۇ ئاندىلا يىڭى
بىلەن ئاغزىنى توسىۋالدى.
دارىيە ئىنچىكە قاشلىرىنى ئۈيىنىتىپ، كۆيىو يىگىتكە باشـ
تىن ـ ئاياق سەپ سىلىپ ئاشخانا ئارقىلىق ئوتـۇپ كەتتى.

ئىلئىنىچنانىڭ بىر نەۋرە ھەمشىرىسى — گەپدان تۇل ئايال ۋاسىلىسا ھامما ساۋچى بولۇپ بارماقچى ئىدى. ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن ھارۋىغا چىقتى؛ ۋاسىلىسا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يۇپ - يۇمىلاق ساي تېشىغا ئوخشاش بېشىنى ھەر تەرەپكە تولغاپ، ھېجىيىپ كۈلەتتى، كالپۇكلىرى ئارىسىدىن قارىيىپ كەتكەن كاماك چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— سەن ۋاسېنكا①، ئۇ يەرگە بارغاندىمۇ ھېجىيىپ كۈلۈۋەرمە، — دەپ ئاگاھلاندۇردى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ، — ئاغزىڭنى ئېچىۋەرسەڭ ھەممە ئىشنى بۇزۇپ قويۇشۇڭ مۇمكىن ... چىشلىرىڭ مەس ئادەم تىزىپ قويغاندەك، بىرسى ئۇياققا، بىرسى بۇياققا ئېگىلگەن.

— ھەي، غوجىكا، مەن ئۈچۈن ساۋچىلىققا كېتىۋاتقىنىڭلار يوققۇ، مەن كۈيوغۇل ئەمەسقۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، ھەر ھالدا كۈلمىگىن، چىشلىرىڭ ئۇنداق تۇرسا... قاپ - قارا، كىشى كۆرسە كۆڭلى ئايىنىيدۇ.

ۋاسىلىسا خاپا بولدى؛ ئەمما شۇ چاغدا پېترو دەرۋازىنى يوغان ئېچىۋەتتى. گىرىگورىي تېرىنىڭ پۇرىغى كېلىپ تۇرغان قىيىش تىزگىنىنى قولىغا ئېلىپ، ھارۋىنىڭ ئالدى تاختىسىغا لىككىدە ئىرغىپ ئولتۇردى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بىلەن ئىلئىنىچنا ھارۋىنىڭ ئارقىسىدا خۇددى يېڭى تۇرمۇش قۇرغان ئەر - خوتۇندەك يانمۇ يان ئولتۇرۇشتى.

— سال قامچىڭنى! — دەپ ۋاقىرىدى پېترو تىزگىننى قويۇۋېتىپ.

— چۇ، ھارامزادە! — گىرىشكا لىۋىنى چىشلىدى -

① ۋاسېنكا — ۋاسىلىسانىڭ ئەركىلەتمە ئاتىلىشى.

دە، قۇلىغىنى مىدىرلىتىپ تۇرغان ئاتقا قامچا ئۇردى.
ئىككى ئات تەڭلا كۆچىنىپ چاققان چاپىدىن قوزغالدى.
— كوزۇڭگە قارا! دەرۋازىغا ئۇزەڭگىنى ئۇرۇۋالىسەن!— دەپ چىرقىرايتتى دارىيە. ئەمما ھارۋا شارتلا قايرىلىپ يول چېتىدىكى دوڭلۇك ئۈستىدىن ئىغاڭلاپ، چوڭ كوچىغا چىقىۋالدى - دە، كوچا بويلاپ تاراقلاپ كېتىۋەردى.
گىرىگورىي يان تەرەپكە قىيشىيىپ ئولتۇرۇپ، پېترونىڭ ئېتىغا قامچا تەڭلەپ ئوينىتىپ باراتتى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ، گويا ساقىلىنى شامال ئۇچۇرۇپ كېتىدىغاندەك قولى بىلەن مەھكەم تۇتىۋالغان ئىدى.
بوۋاي ئەتراپىغا كوز يۈگۈرتۈپ، گىرىگورىينىڭ يەلكىسىگە ئىڭىشىپ:
— پايتالنى ئۇر! — دەپ خىرىلدىدى.
ئىلىنچىدا شامالدا ياشلانغان كوزلىرىنى كوپتىسىنىڭ تور ئۇقا تۇتقان يېڭى بىلەن ئېرتىپ، كوزلىرىنى پات - پات پىرىلدىتىپ، گىرىگورىينىڭ ئۇچىسىدىكى كوك لەمبۇق كوينىگىنىڭ شامالدا ناغرىدەك تومپىيىپ كەتكەنلىكىگە نەزەر تاشلايتتى. يولدا ئۇچرىغان كازاكلار ئۇزلىرىنى چەتكە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزۇنغىچە قاراپ قېلىشاتتى. ھويلىلاردىن ئىتلار چىقىپ، ئاتلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا يۇمۇلىشىپ يۇرەتتى. يېڭى تومۇر قېقىلغان چاقلارنىڭ گۈلدۈرلىشىدىن ئىتلارنىڭ قاۋۇشى ئاڭلانماي قالاتتى.
گىرىگورىي قامچىنىمۇ، ئاتلارنىمۇ ئايىماس ئىدى. ئون مىنۇت ئوتكەندىن كېيىن يېزا ئارقىدا قالدى، ئەڭ كېيىنكى ھويلىلارنىڭ يول چېتىدىكى ياپ - يېشىل باغلىرى بىر بىرلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇتۇپ كەتتى، كورشۇنوپىنىڭ هويلىسى كەڭ، ئازادە بولۇپ، كوچا تاملىرى تاختىلاردىن ئىدى. گىرىگورىي تېزگىنىنى قاتتىق تارتتى، بايانىن بېرى گۈلدۈر - گۈلدۈر ئاۋاز چىقىرىپ كەلگەن هارۋا ئۇنىنى چىپپىدە ئۈچۈرۈپ، سىرلانغان، ئويما نەقىشلىك دەرۋازا ئالدىدا توختىدى.

گىرىگورىي ئاتلارنىڭ قېشىدا قالدى، پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ئاقساقلاپ پەلەمپەي تەرەپكە ماڭدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن، يوپكىسىنى يەلپۈلدىتىپ، لالىدەك قىزىرىپ كەتكەن ئىلىنىچنا ۋە لەۋلىرىنى مەهكەم يەملەشتۇرۇۋالغان ۋاسىلىسا ئەگىشىپ ماڭدى، يول بويى تەييارلىنىپ كەلگەن بوۋاي دادىللىغىنى يوقىتىپ قويارمەنمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىپ، ئالدىراپ قالغان ئىدى. ئۇ ئىگىز بوسۇغىغا پۇتلىشىپ كېتىپ، ئاقساق پۇتىنى ئاغرىتىۋەتتى - دە، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، يېڭىلا يۇيۇلغان پەلەمپەيدىن چىك - چىك دەسسەپ چىقاتتى.

ئۇ ئۆيگە ئىلىنىچنا بىلەن دىگۇدەك بىللىلا كىردى. ئايلى ئۇنىڭدىن بىر غېرىچ ئىگىز بولغانلىقتىن، يانمۇ - يان تۇرغانىدا سەت كورۇنۇپ قېلىنىشىنى بىلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بوسۇغىدىن بىر قەدەم بالدۇرراق ئاتلاپ كىرىپ، خورازدەك پاچاقلىرىنى جۇپلەشتۇردى - دە، شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، قارىيىپ كەتكەن خىرە بۇتقا قاراپ چوقۇندى.

— سالامەت تۇردۇڭلىمۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، — دەپ جاۋاپ بەردى ئۆي ئىگىسى ئورنىدىن تۇرۇپ؛ بۇ كىشى ئوتتۇرا بويلۇق، يۈزىنى سەپكىل باسقان، ياشانغان كازاك ئىدى.

— مېهمان بولۇپ كەلدۇق، كۇتۇۋال، مىرون گىرىگورىيېۋىچ.

— بىز مېھمان كەلسە دائىم خۇرسەن بولىمىز، مارىيە مېھمانلارغا ئورۇندۇق قويې.

— ياشىنىپ قالغان، مەيدىسى تۈز بىر ئايال ئورۇندۇقلارنى ئېرى - بېرى سۈرتكەن بولدى، ئۇلارنى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ياغلىقى بىلەن تەرلەپ كەتكەن قارا قۇمچاق پېشانىسىنى ئېرتىپ ئورۇندۇقنىڭ بىر چېتىگە ئولتۇردى.

— بىز سىزلەرگە بىر ئىش بىلەن كەلگەن ئىدۇق، — دەپ سۆز باشلىدى چال گەپنىڭ ئۇچۇغىنىلا ئېيتىپ.

ئاغىنىچە ئىلىنىچنا بىلەن ۋاسىلسامۇ يوپكىلىرىنى قايرىپ ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشتى.

— قولىمىز كۆكسىمىزدە، قانداق ئىش بىلەنكىن؟ — دەپ كۈلۈمسىرىدى ساھىپخان.

گىرىنگورىيمۇ كىرىپ كەلدى. ئەتراپىغا بىر قۇر كۆز تاشلىدى.

— كېچەگىلەر خەيرىلىك ئۆتتۇۋاتامدۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، — دەپ سوزۇپ جاۋاپ بەردى ساھىپخان ئايال.

— خۇداغا شۈكۈر، — دەپ تەكرارلىدى ساھىپخان. ئۇنىڭ يۈزىدىكى سەپكىللىرى كۆپىيىپ كەتكەندەك بولدى؛ شۇندىن كېيىنلا ئۇ مېھمانلارنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى چۈشەندى. — مارىيە ئېيتىپ قويغىن، مېھمانلارنىڭ ئاتلىرىنى قوراغا ئېلىپ كىرىپ، ئوت - چۆپ بەرسۇن، — دەپ ئايىلىغا بۇيرىدى.

ئايىلى چىقىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بىز سىزلەرگە ئازراق ئىش بىلەن كەلگەن ئىدۇق... — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ. ئۇ قارا چاڭگا ساقىلىنى چىمدىپ - چىمدىپ قويىۋاتتى، قولىغىدىكى سىرغىسى ھا ياجاندىن سىلكىنەتتى، — سىزلەردە بويىغا يەتكەن كېلىن بالا بار، بىزدە — كۈيوغۇل ... بىر-بىرىمىز بىلەن قۇدا بولۇش پۇرسىتى بولۇرمىكىن؟ قىزىڭىزنى ھازىر ياتلىق قىلىش نىيىتىڭىز بارمۇ - يوقمۇ، شۇنى بىلمەكچى ئىدۇق. ئۇرۇق - تۇققان بولۇشۇپ قالساق، قانداق بولۇركىن؟

— ئۇنى كىم بىلىدۇ... — ساھىپخان شالاڭلىشىپ قالغان چېچىنى قاشلىدى، — راستىنى ئېيتسام، بۇيىلقى كۈز كۈنلىرىدە ئۇنى ياتلىق قىلىش ئوي - خىيالىمىزدا يوق ئىدى، ھازىر ئىشلىرىمىز ناھايىتى ئالدىراش. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ يېشى كىچىك. شۇنداقمۇ مارىيە؟

— شۇنداق.

— ھازىر راسا گۈلدەك ئېچىلىپ ياشنىغان ۋاقتى ئىكەن، ساقلاپ نىمە قىلىسىز؟ ئەرگە چىقماي ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالغان قېرى قىزلار ئازمۇ؟ — دىدى ئورۇندۇقتا قىمتىلاپ ئولتۇرالماي قالغان ۋاسىلىسا گەپكە ئارىلىشىپ (ئۇ بۇيەرگە كىرىشتە دەھلىزدە تۇرغان سۇپۇرگىنى كوپتىسىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ ئېلىپ كىرگەن ئىدى،سۇپۇرگە ئۇنىڭ بەدىنىگە سانچىلاتتى، كېلىن بالىنىڭ ئۆيىدىكى سۇپۇرگىنى ئوغرىلىسا ساۋچىلار قۇرۇق قايتمايدۇ دىگەن ئېتىقات بار ئىدى).

— قىزىمىزغا باش باھاردىن تارتىپلا ساۋچىلار كېلىپ تۇرۇپتۇ، بىزنىڭ قىزىمىز ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالمايدۇ. قىز-

مىزنىڭ خۇدانىڭ مەرھەمىتىدىن ئاغرىنىدىغان يېرى يوق. ھەممە ئىش قولىدىن كېلىۋېرىدۇ: ئېتىزدا بولسۇن، ئۆيدە بولسۇن ئىش قىچىپ قۇتۇلمايدۇ...

— ياخشى كىشى ئۇچرىسا، ۋاقتىدا تۇرمۇشقا چىقىرىش كېرەك، — دەپ ئاياللارنىڭ گېپىگە ئارىلاشتى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ.

— ئەرگە بېرىش قىيىن ئىش ئەمەس، — دەپ يەنە بېشىنى تاتىلىدى ساھىپخان، — خالىغان چاغدا ياتلىق قىلسا بولۇۋېرىدۇ.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ، بىزنىڭ ساۋچىلىغىمىزنى رەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، بىر ئاز قايناپ قالدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، ئىختىيار ئۆزىڭىزلەردە ... كۆ-يوغۇل دىگەن چوڭ ئادەم‌دەكلا بىر نەرسە، نەگە ئېلىتىماس قىلىپ بارسا بولۇۋېرىدۇ، گېپىڭىزگە قارىغاندا، سىزلەر بىرەر سودىگەرنىڭ ئوغلىنى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كاتتىراق كىشىلەرنى ئىزلەۋاتقان بولسا ئىلار كېرەك، توغرا كەلمىگەن بولسا، كەچۈرۈڭ...

ئىش بۇزۇلۇشقا تاس قالغان ئىدى. پانتېلېي پروكو-فيېۋىچ پىخىلداپ، قىزىلچىنىڭ شىرنىسىدەك تەرگە چۆمگەن ئىدى. قىزنىڭ ئانىسى بولسا ئاسماندىكى سانىڭ سايىسىنى كورگەن توخۇدەك قاقىلدايتتى. ئەمما مۇھىم چاغدا ۋاسىلىسا گەپكە ئارىلاشتى، ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن ۋىچىرلاپ سايراپ كەتتى، ئۇنىڭ سوزى خۇددى يارىغا مەلھەم قويغاندەك بول-دى، بۇزۇلاي دىگەن ئىشنى ياراشتۇردى.

— نىمە دىگەن گەپ بۇ، جان - جىگەرلىرىم! بۇنداق ئومۇرلۇك ئىشنى جان كويدۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بالىلىرىمىز بەختىنى تاپسۇن، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولسۇن...
ناتالىيىدەك قىز يورۇق ئالەمدە تېپىلمايدۇ! ئۇنىڭ قولى
گۈل: يىڭنە ئىشلىرىنى دېمەمدىغان! ئۇينى تۇتۇشلىرىنى دې-
مەمدىغان! ھوسۇن - جامالىنى ماختاپ ئولتۇرمىسامۇ، ياخ-
شى كىشىلەر ئۆزەڭلار كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، — ۋاسىلىسا يۇمۇ-
لاقىنا قوللىرىنى يېقىملىقلىق بىلەن كېرىپ قويۇپ، پانتېلېي
پروكوفيېۋىچ بىلەن قاپىغى چۈشۈپ كەتكەن ئىلمىنچىناغا قا-
راپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى. — يىگىتمۇ جايىدا. ئۇنى كۆر-
سەم يۈرىكىم جىغىلداپ كېتىدۇ. خۇددى مەرھۇم دونۇشكامغا
ئوخشايدۇ ... يەنە كېلىپ بۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ
ھەممىسى ئىشچان ئادەملەر. پروكوفيېۋىچنى دېمەمسىز —
پۈتۈن ئولكە بويىچە نامى چىققان ئالىي ھىممەت ئادەم...
ياخشى نىيەت بىلەن پۈتۈشكىنىمىز تۈزۈك. ياكى ئۆز بالىلى-
رىمىزغا يامانلىقنى راۋا كۆرىدىغان ياۋۇز ئادەملەرمۇ بىز؟

ساۋچى ئايالنىڭ ئاۋازى پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ
قۇلىقىغا ياغدەك ياقاتتى. بوۋاي ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن زوقلى-
نىپ: «ھەي، بۇ كاسكاسىنىڭ تىلى نىمە دېگەن ئوتكۇر - ھە، —
دەپ ئويلىدى، — خۇددى پايپاق توقۇۋاتقاندەك يىپى -
يىپىگە ئۇلىنىپ كېتىۋېرىدىكەن، مەنىسىنى ھەزىم قىلىپ ئۇل-
گۈرەلمەيسەن، بەزى ئاياللار مەن - مەن دېگەن كازاكنى
گەپ بىلەن مات قىلىپ قويىدۇ ... يوپكا كىيىۋالغان بىلەن،
ئۆزى بالا نەرسىكەن!» چال بۇ ساۋچى ئايالنىڭ قىزنىۋەقىز-
نىڭ ئۆرۈك - تۇققان، ئاتا - بوۋىلىرىنى، يەتتە پۈشتىدىن تارتىپ
ماختاۋاتقانلىقىغا زوقلىنىپ قاراپلا قالغان ئىدى.

— ھەر نىمە دېگەن بىلەن، بىز ئۆز بالىمىزغا يامان-

لىقنى راۋا كورمەيمىز.

— مۇنداقچە ئېيتقاندا، ياتلىق قىلىش بەك بالدۇردەك تۇرىدۇ، — ساھىپجان بىر ئاز يۇمشىغاندەك كۇلۇمسىرەپ قويدى.

— بالدۇر ئەمەس! خۇدا ھەققى، بالدۇر ئەمەس! — دەپ ئۇنى كوندۇرمەكچى بولدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ.

— مەيلى بالدۇر بولسۇن، مەيلى كېيىن، ئاخىر بىر كۈنى ئايرىلىشقا توغرا كېلىدۇ... — دەپ پىخىلداپ يېرىمى يالغان، يېرىمى راست يىغلاپ قويغان بولدى قىزنىڭ ئانىسى.

— قىزىڭنى چاقىر، مىرون گىرىگورىيېۋىچ، بىر كورەيلۇق.

— ناتالىيە!

قىز تارتىنچاقلىق بىلەن ئىشىكنىڭ ئاغزىدا توختىدى ۋە نىمە قىلىشنى بىلمەي، قارا قۇمچاق بارماقلىرى بىلەن پەرتۇغىنىڭ پۇرمىلىرىنى ھولۇقۇپ تىتىملايتتى.

— كېلىۋەر، كېلىۋەر! شۇنچىلىكمۇ ئۇيۇلامسەن! — دەپ ئانىسى ئۇنى تېتىكلەشتۇردى ۋە كوز يېشى ئارىلاش كۇلۇمسىرەپ قويدى.

كونىراپ رەڭگى ئۇڭگەن يوغان ھاۋارەڭ ساندۇقنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان گىرىگورىي قىزغا كوز تىكتى.

قارا تور رومال ئاستىدىن قىزنىڭ ئوتكۇر ئوماق كوز-لىرى كورۇنۇپ تۇراتتى، سىپ - سىلىق يۇزىدە ئىزا تارتقان-لىقتىن ۋە بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇمدىن كىچىككىنە ئەتىرگۇلنىڭ رەڭگىدە زىناق پەيدا بولغان ئىدى. گىرىگورىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىزنىڭ قوللىرىغا نەزەر تاشلىدى: قوللىرى چوڭ - چوڭ، ئىش بىلەن پىشقان، بەدىنىگە زىچ يېپىشىپ تۇرغان يېشىل كوپتىسى ئاستىدا يەككە - يەككە ئۇستىگە كوتىرىلىپ تۇرغان ئالمىدەك قاتتىق كوكرەكلىرى لىغىلداپ تۇراتتى، ئۇچلىرى دىڭگىيىپ كورۇنەتتى.

گىرىگورىيى بىردەمنىڭ ئىچىدە قىزنىڭ بېشىدىن تارتىپ چىرايلىق ئىگىز ئاياقلىرىغىچە كوز يۇگۇرتۇپ چىقتى. بازاردا بىدىنىك سودا ئالدىدا باياتالىنى ئەتراپلىق تەكشۇرگەندەك، ئۇمۇ قىزغا سىنچىلاپ قاراپ، ئىچىدە «ياخشى ئىكەن» دەپ قويدى ۋە ئۇزىگە قاراپ تۇرغان قىز بىلەن كوز ئۇرۇشتۇرۇۋالدى. قىزنىڭ قارىشىدىن ساددا دىلىلىغى، راستچىللىغى ۋە بىر ئاز ئۇيانچانلىغى چىقىپ تۇراتتى، بۇ قاراش گويا: «مانا مەن تۇرۇپتىمەن، بار - يوقىم مانا شۇ، نىمە دىسەڭ، دەۋەر، ئىختىيار ئوزەڭدە» دىگەندەك تىكىلىپ تۇراتتى. گىرىگورىيمۇ «ياخشى ئىكەنسەن» — دەپ كوزلىرى بىلەن جاۋاپ قىلىپ، كۇلۇمسىرەپ قويدى.

— خوپ، ئىشىڭغا چىق، قىزىم، — دىدى ساھىپخان قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ.

ناتالىيە ئىشىكنى يېپىۋېتىپ، تەبەسسۇمىنى يوشۇرماستىن، گىرىگورىيغا قىزىقسىنىپ قاراپ قويدى.

— گەپ مۇنداق بولسۇن، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ، — دىدى ساھىپخان، ئايىلى بىلەن كوز ئۇرۇشتۇرۇۋېلىپ، — سىزلەرمۇ مەسلىھەتلىشىپ كورۇڭلار، بىزمۇ ئويدە بىر قۇر مەسلىھەتلىشىپ باقايلى. شۇندىن كىيىن قۇدا بولۇشامدۇق-يوقمۇ — ئىشنى بىر ياقلىق قىلارمىز.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ:
— كېلەر يەكشەنبە كۈنى بىر كېلىپ كېتەرمىز، — دەپ قويدى.

ئۆلارنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىققان ساھىپخان بۇ سوزنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئاڭلىماسلىققا سېلىپ، گەپ قىلمايلا قويدى.

## 16

ستېپان لاگېردا ئاكسىنىيە توغرىسىدىكى گەپلەرنى تومىلىندىن ئاڭلىغاندىن كېيىنلا خوتۇنىغا كوڭلى بارلىغىنى ۋە يۈرىگى نەپرەتكە تولغانلىغىنى ھېس قىلدى، تۇرمۇشى ئۇنىڭ بىلەن يامان ئۆتكەنلىگىگە، كونا ئەلەملىرى ئېسىدىن چىقمىغانلىغىغا قارىماستىن، ئايىلىنى نەپرەت ئارىلاش زور مۇھەببەت بىلەن سۆيگەنلىگىنى شۇ چاغدىلا چۈشەندى.

كېچىلىرى ھارۋىدا شىنېلىغا يوگىنىۋېلىپ، ئىككى قولىنى بېشىنىڭ ئۈستىدىن گىرەلەشتۈرۈپ ياتقان چاغلىرىدا، ئۆيگە قانداق بارارمەن، خوتۇنۇم قايسى يۈزى بىلەن كورۈشەر، دەپ ئويلايتتى، گويا كوكسىگە چايان كىرىۋېلىپ تاتلاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى ... كاللىسىدا ئايىلىنى مىڭ خىل ئازاپ بىلەن قىيناشنى ئويلايتتى ۋە شۇ ھامان چىشلىرى ئارىسىغا يېرىك قۇم كىرىۋالغاندەك ئىچى تىت - تىت بولاتتى. يولدا پېترو بىلەن مۇشتلىشىپ پۇخادىن چىققان بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيگە كەلگىچە بىرئاز بوشاشتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاكسىنيە ئاسانلا قۇتۇلغان ئىدى.

شۇكۇنىدىن تارتىپ ئاستاخوۋنىڭ ئۇيى كوزگە كورۈنمەيدىغان مۇردا بار بىر جايدەك بولۇپ قالغان ئىدى. ئاكسىنيە پۈتىنىڭ ئۈچىدا مېڭىپ يۈرەتتى، پىچىرلاپ گەپ قىلاتتى، ئەمما كوزلىرىدە قورقۇنۇچنىڭ كۆلى ئارىسىدا گىرىشا ياققان ئوتنىڭ چوغى بىلىنەر - بىلىنمەس يالقۇنجاپ تۇراتتى.

ستېپان ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ، ئۇنىڭ ئالامەتلىرىنى ئېنىق كورمىسىمۇ، يۈرىكى سېزەتتى. شۇ تۇيغۇ بىلەن ئازاپلىناتتى. كېچىلىرى ئاشخانىدا ئوچاق ئۈستىدە چىۋىنلەر توپ - توپ بولۇپ ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئاكسىنيە لەۋلىرىنى تىترىگەن هالدا يېتىشقا ئورۇن سالاتتى. ستېپان قاپ - قارا قاداق قولى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ، ئايىماي ئۇراتتى. گىرىشكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۇيالماستىن ئۇجۇر - بۇجۇرىگىچە سوراۋېرەتتى. ئاكسىنيە قوي تېرىسىنىڭ پۇرىغى كېلىپ تۇرغان قاتتىق كارۋاتنىڭ ئۈستىدە تولغىنىپ ياتالمايتتى، ئېغىر نەپەس ئالاتتى. ستېپان ئايىلىنىڭ چەيلەنگەن خېمىردەك يۇمشاق بەدىنىنى ئازاپلاشتىن چارچىغاندا، يۈزىنى سىلاپ، كوزلىرىدىن ياش ئىزلەيتتى. ئەمما ئاكسىنيىنىڭ ئوتتەك لاۋۇلداپ تۇرغان ئىككى مەڭزى قۇرۇق بولۇپ، ستېپاننىڭ بارماقلىرى ئاستىدا پەقەت ئۇنىڭ ئاغزى بىر ئېچىلىپ، بىر يېپىلىپ تۇرغانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى.

— ئېيتامسەن - يوق؟

— ياق!

— ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!

— ئۆلتۈرسەڭ - ئۆلتۈر! خۇداھەققى ئۆلتۈر ... ئازاپ-تىن قۇتۇلىمەن ... بۇنىڭدىن ئۆلگىنىم ياخشى ...

ستېپان چىشلىرىنى مەھكەم چىشلەپ، ئايىلىنىڭ تەر-دىن مۇزلاپ كەتكەن كوكسىنى چىمدىۋالاتتى، يۇپقا تېرىسىنى ئويا تتى.

ئاكسىنيە ھەربىر چىمدىغاندا ئورنىدىن ساپچىپ، ئىڭرايتتى.

— قېنى، ئاغرىدىمۇ؟ دەپ سورايتتى ستېپان.

— ئاغرىدى.

— مېنىڭ يۈرىگىمنى ئاغرىمايدۇ دەپ ئويلامسەن؟

ستېپان ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمايتتى. ياتقان يېرىدە تولغىنىپ، ئىششىپ كەتكەن قارا بارماقلىرىنىڭ ئۇگۇلىرىنى قاشىسلىدىتاتتى. ئاكسىنيە چەينىگىگە يولىنىپ بېشىنى كوتىرىپ، ئېرىنىڭ ئۇيقۇدا ئۆزگىرىگەن چىرايلىق يۈزىگە خېلى ۋاقىتقىچە قاراپ قالاتتى. ئۇنىدىن كېيىن بې-شىنى ياستۇققا تاشلاپ، بىرنىمىلەرنى پىچىرلايتتى.

گىرىشكىنى ئانچەكوپكورمەيتتى. بىر كۈنىدۇن بويىدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. گىرىگورىي ئوكۇزلىرىنى سۇغۇرۇپ بولۇپ، قىزىل تال چىۋىقنى شىلتاپ، بېشىنى كو-تەرمەستىن دوڭدىن چىقىپ كېلىۋاتاتتى. ئاكسىنيە ئۇدۇل-دىن كېلىپ دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇنى كورۇش بىلەنلا مۇر-سىدىكى ئەپكىشى قولىغا مۇزدەك تۇيۇلۇپ كەتتى، يۈزى لاۋۇلداپ ئوت ئالدى.

كېيىن بۇ ئۇچرىشىشنى ئەسلىگەندە، ئۇ چاغدا بول-

غان ئىش ئىكەنلىكىگە ئۆزىنى ئىشەندۈرۈشكە جىق كۈچىنىپ باققان بولسىمۇ، ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئاكسىنىيە نەق ئالدىغا كەلگەندىلا، گىرىگورىي ئاندىن ئۇنى كۆرگەن ئىدى. چىلەكلەرنىڭ غىچىرلىشىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتەردى، قاشلىرىنى چىمىلدىتىپ، مەنىسىز ھىجىيىپ قويدى. ئاكسىنىيە ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدىن يىراققا كۆز تىكىپ، دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان كۆپ-كۆك دون دەرياسىغا ۋە تېخىمۇ يىراقتىكى قۇملۇق دۆڭلەرگە قارىغان پېتى مېڭىپ كېتىۋەردى.

يۈزلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرىدىن ياش ئاقاتتى.

— ئاكسىيۇشا!

ئاكسىنىيە بىر نەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن تاياق ئاستىدا قالغان ئادەمدەك بېشىنى ئېگىپ توختاپ قالدى. گىرىگورىي ئارقىدا قالغان بىر كالىنى تاياق بىلەن تازا بىرنى سالدى-دە، ئارقىسىغا قايرىلماستىنلا:

— ستېپان ئوما ئورۇشقا قاچان ماڭىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھازىر ماڭىدۇ... ھارۋىسىنى قوشۇۋاتىدۇ.

— يولغا سالغاندىن كېيىن بىزنىڭ سايلىقتىكى ئاپتاپپەرەسلىككە بارغىن، مەنمۇ بارىمەن.

ئاكسىنىيە چىلەكلىرىنى غىچىلدىتىپ دوننىڭ بويىغا چۈشتى. قىرغاققا يىغىلغان ساغۇچ كۆپۈكلەر دولقۇننىڭ كۆك كۆينىكى ئېتىكىگە تۇتۇلغان تور جىيەكتەك غىجىملىنىپ تۇراتتى، ئاپپاق بېلىق ئالغۇچلار دوننىڭ ئۈستىدە قىقىراپ ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى.

سۇنىڭ ئۈستىدە ئۇششاق بېلىقلار كۈمۈش يامغۇر تام-



www.uyghurkitap.com

چىلىغاندەك چىمىرلىشىپ ئوينىشاتتى. ئىرىقى قىرغاقتا ئاقىـ
رىپ كورۇۇنۇپ تۇرغان قۇم دوۋىلىرىنىڭ ئارقىسىدا ئاسمانغا
قەد كوتەرگەن ئىگىز ئاق تېرەكلەر شامالدا سالاپەت بىلەن
تەۋرىنەتتى. ئاكسىنىيە دەريادىن سۇ ئېلىۋاتقان چاغدا چىـ
لىگىنى چۇشۇرۇۋەتتى. سول قولى بىلەن يوپكىسىنى كوتىرىپ
تىزىغىچە سۇغا كىردى. پاچىغىنىڭ رېزىنكە بوققان يەرلىرىنى
سۇ مۇزدەك غىدىقلايتتى. ئاكسىنىيە سىتېپان قايتىپ كەلگەنـ
دىن بۇيان بىرىنچى قېتىم، ئاستا، ئىشەنچسىزلىك بىلەن
كۇلۇپ قويدى.

ئاكسىنىيە گىرىشا كەتكەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارىغان
ئىدى، ئۇ ھامان كوكۇيۇنلەرنى قورۇۋاتقان ئادەمدەك چىۋىـ
غىنى پۇلاڭلىتىپ، ئاستا توپىلىككە قاراپ چىقىپ كېتىۋېتىپتۇ.

ئاكسىنىيە ياش يۇقى كوزلىرى بىلەن ئۇنىڭ مەردانە
قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقان ئاياقلىرىغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتـ
تى. گىرىشا كەڭ شالۋۇرىنىڭ پاقالچىغى ئۇستىگە ئاق يۇڭ
پايپاق كىيىۋالغان بولۇپ، شالۋۇردىكى يول - يول قىزىل
جىيەكلەر ئېنىق كورۇنۇپ تۇراتتى، دۇمبىسىدە، تاغىنىڭ
ئاستىدا كىر كوينىكىنىڭ يىرتىلغان بىر پارچە لاتىسى ساڭـ
گىلاپ قالغان ئىدى، ئۇچ بۇرجەك يىرتىق ئاستىدىن قارا
قۇمچاق بەدىنى كورۇنۇپ تۇراتتى. ئاكسىنىيە بىر چاغلاردا
ئوزىگە تېگىشلىك بولغان سويۇملۇك بەدەنىنىڭ ئەنە شۇ
بىر پارچىسىنى ھازىر يىراقتىن تۇرۇپ كوزلىرى بىلەن سوـ
يەتتى، كۇلۇپ تۇرغان ئاپپاق لەۋلىرىگە كوز ياشلىرى
تامچىلايتتى.

ئاكسىنىيە چېلەكلىرىنى قۇمنىڭ ئۇستىگە قويۇپ، ئەپـ

www.uyghurkitap.com

كىشىگە ئىلماقچى بولۇپ ئىگىشكەندە گىرىگورىينىڭ قۇمغا چۈشۈپ قالغان ئاياق ئىزلىرىغا كوزى چۈشتى. ئەتراپىغا بىر قارىۋالدى — ھېچكىم يوق ئىدى، پەقەت يىراقتىكى پىرىستاندا ئۇششاق بالىلار سۇغا چومۇلۇشۇۋاتاتتى. زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئالقىنىنى ئىز ئۈستىگە قويدى، ئاندىن كېيىن ئەپكىشىنى مۈرىسىگە ئېلىپ، قىلغان ئىشىغا كۈلۈپ قويدى-دە، ئالدىراپ ئۆيىگە ماڭدى.

داكىدەك غۇۋا نۇرغا پۈركەنگەن يېزىنىڭ ئۈستىدە قۇياش كېزەتتى. قەيەردىدۇر، توپ-توپ بولۇپ يۈرۈشكەن ئاپپاق بۇلۇتلارنىڭ ئاستىدا كوپ-كوك سالقىن ئوتلاقلار كەڭ ئېتەك يايغان ئىدى، ئەمما يېزىنىڭ ئۈستىدە، ئوتتەك قىزىپ كەتكەن تۈنىكە ئوگزىلەرنىڭ ئۈستىدە، چاڭ باسقان ئادەمسىز كوچىلار ئۈستىدە، كوكتاتلىرى سولىشىپ سارغىيىپ كەتكەن ھويلىلارنىڭ ئۈستىدە تومۇزنىڭ ئىسسىغى تىمتاس ئېسىلىپ تۇراتتى.

ئاكسىنىيە قاغجىراپ كەتكەن يەر ئۈستىگە چېلەكىدىن سۇ چاچرىتىپ ئىككى تەرىپىگە تەۋرىنىپ پەلەمپەينىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ستېپان قاسقىنى يوغان چىنغ قالپاق كىيىۋالغان بولۇپ، ئوما ماشىنىسىغا ئاتلارنى قوشۇۋاتاتتى، ئۇ ئاكسىنىيىگە قاراپ:

— سۇدانغا سۇ توشقۇزۇپ قوي، — دېدى.

— ئاكسىنىيە چېلەكتىن سۇ قۇيۇپ بولغىچە، سۇدانىنىڭ تومۇر چەمبەرلىرى قولىنى خېلى كويدۇردى.

— ئىچىگە مۇز سېلىش كېرەك ئىكەن، سۇ ئىسسىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئېرىنىڭ تەردىن چىپىلداپ كەتكەن يەلكىسىگە قاراپ.

— جۇگۇ، مىلىخوپلارنىڭكىدىن ئىلىپ كەل ... توختا، بارما! ... — دەپ ۋاقىردى بىردىن ئېسىگە كېلىپ.

ئاكسىنىيە ئۇچۇق قالغان كوچا ئىشىگىنى ئەتمەكچى بولۇپ ماڭغان ئىدى. ستىپان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، قامچىسىنى ئالدى:

— نەگە؟ ...

— ئىشىكنى يېپىپ كېلەي ...

— قايتىپ كەل، ھوي پەسكەش... بارما، دىدىم - غۇ؟

ئاكسىنىيە دەرھال پەلەمپەينىڭ ئالدىغا كەلدى، ئەپكەشنى ئېسىپ قويماقچى ئىدى، تىترىگەن قوللىرى ئىشلىمەي، ئۇنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى.

ستىپان ئۇما ماشىنىسىنىڭ ئولتۇرىدىغان يېرىگە بىرزىنت چاپىنىنى سالدى، ئولتۇرۇپ بولۇپ، تىزگىننى تۈزەشتۈردى.

— دەرۋازىنى ئاچ!

ئاكسىنىيە دەرۋازىنى ئېچىۋېتىپ:

— قاچان كېلىسەن؟ — دەپ سوراشقا جۈرئەت قىلدى.

— كەچكە يېقىن قايتىپ كېلىمەن. ئانىكۇشكا بىلەن بىللە ئورۇيدىغان بولدۇق. تاماقنى شۇنىڭغا بېرىپ قوي، تومۇرچىدىن قايتقاندا، ئېتىزغا بارىدۇ.

ئۇما ماشىنىسىنىڭ ئۇششاق چاقلىرى غىلدىرلاپ، يۇمشاق چاڭ - توپا ئۈستىدە ئىز قالدۇرۇپ، دەرۋازىدىن چىقتى. ئاكسىنىيە ئۇيگە كىرگەندىن كېيىن، قوللىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ، بىر دەم تۇرۇپ قالدى - دە، كېيىن رومىلىنى بېشىغا تاشلاپ، دونغا قاراپ يۈگۈردى.

"خوش، قايتىپ كېلىپ قالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا نېمە بو-

www.uyghurkitap.com

لار؟» — دېگەن پىكىر كاللىسىدىن يالت قىلىپ ئۆتتى. خۇددى تېگى يوق ھاڭنىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغاندەك شارتلا توختىدى، ئارقىسىغا بىر قارىۋېلىپ، چاپا - چاپا دوننىڭ ياقىسىنى بويلاپ توپ - توغرا سايلىققا چۈشتى.

قاشا تاملار ... باغچىلار ... ساپ - سېرىق ئېچىلىپ، كۈنگە سالام قىلىپ تۇرغان ئاپتاپپەرەسلەر، ئاق چېچەك ئاچقان ياڭيۇنىڭ ياپ - يېشىل غوللىرى ... ئەنە، ئاكا - ئۇكا شامىللارنىڭ خوتۇن، بالا - چاقىلىرى ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن ياڭيۇ چىپىقىغا چۈشۈپتۇ، ئۇلار ئېگىشىۋالغانلىقتىن. ھالرەڭ كوينەكلىرىنىڭ دۈمبىسىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. نەم چونەكلەرگە بىر چۈشۈپ، بىر كۆتىرىلىپ تۇرغان كىچىك كەتمەنلەر ۋال - ۋال ئۇچۇپ تۇراتتى. ئاكسىنىيە دېمىنى ئالماستىن مېلىخوپلارنىڭ كوكتاتلىقىغا يېتىپ باردى. ئوپ - چورىسىگە بىر قاراپ چىقتى؛ ئاندىن قاشادىن بىر تال چىۋىقنى سۇغۇرىۋېلىپ ئىشكنى ئاچتى. چىڭدىلىپ كەتكەن سوقماق يول بىلەن مېڭىپ، ئاپتاپپەرەسلەرنىڭ يېشىل باراقسانلىقىغا يېتىپ باردى. ئېگىشىپ يۇرۇپ ئەڭ قويۇق يېرىگە كىردى، يۈزىگە ئالتۇنسىمان چېچەكنىڭ پوتلىسى سۈۋالدى؛ يوپكىسىنى قايرىپ، سېرىق ئوت باسقان يەرگە ئولتۇردى.

ئاكسىنىيە تىڭتىڭلاپ باقتى: ھەممە ياق جىمجىت، پەقەت قۇلىقىنىڭ ئىچى جىرىڭلىغاندەك قىلاتتى. قەيەردىدۇر، يۇقۇرىدا بىر قاپاق ھەرە غوڭۇلدايتتى. ئاپتاپپەرەسلەرنىڭ يوغان - يوغان توكلۈك شادىلىرى يىلتىزلىرى ئارقىلىق يەرنى شورىماقتا ئىدى.

كېلەرمۇ - كەلمەسمۇ دېگەن گۇمان بىلەن يېرىم سائەتچە قىينىلىپ ئولتۇردى، ئەمدى كېتەي دېگەن ئوي بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، رومىلىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ قالغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ تۇرغاندا — ئىشىك «غىچ» قىلىپ ئېچىلغاندەك بولدى. ئارقىدىن قەدەم ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئاكسىيوشا!

— بۇياققا كەل ...

— ھە، كېلىپسەن - دە.

گىرىگورىي ياپراقلارنى شىلدىرلىتىپ، يېقىنلىشىپ كەلدى - دە، يېنىغا ئولتۇردى. ھەر ئىككىيلەن بىردەم ئۈنچۈقىشمىدى.

— يۈزۈڭگە نىمە يۇققاندۇ؟

ئاكسىنيە يۈزىدىكى سېرىق پوتلىنى يېڭى بىلەن سۈرتتى.

— ئاپتاپپەرەستتىن يۇققان ئوخشايدۇ.

— يەنە بار، مانا مەيەردە، كۆزۈڭنىڭ قېشىدا.

ئاكسىنيە سۈرتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىر - بىرلىرى بىلەن ئۇچراشتى. گىرىگورىينىڭ سۆزسىز سوئالىغا جاۋابەن ئاكسىنيە يىغلاپ تاشلىدى.

— ئەمدى تاقىتىم يوق ... مەن ... مەن تۈگەشتىم، گىرىشا.

— ئۇ نىمە قىلمەن دەيدۇ؟

ئاكسىنيە غەزەپ بىلەن كوپتىسىنىڭ ياقىسىنى ئاچتى. قىز بالىغا خاس تاشتەك چىڭ، ئەتىرگۈلرەڭگىدىكى كۆكرەكلىرى ئالۇچىدەك ھۈررەك - ھۈررەك بولۇپ كۆكىرىپ كەتكەن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەتى ئادرېسى

— نىمە قىلىشىنى بىلمەمسەن تېخى؟ ... ھەر كۈنى ئۆرىدۇ ... قېنىمنى شورايدۇ! ... سە نمۇتازا بىر نىمەئىكە نسەن... ئىتتەك يېپىشىپ قىلغۇلىغىڭنى قىلدىڭ، ئەمدىلىكتە قۇيرۇ-غىڭنى تۇتقۇزمايسەن ... سەنلەر ھەممىڭ شۇنداق ... — ئۇ تىترىگەن بارماقلىرى بىلەن تۈگمىلىرىنى ئەتتى - دە، — ئاچچىغى كېلىپ قالدىمۇ - يوق — دەپ تەتۈر قارىۋالغان گىرىگورىيغا قورقۇمسىراپ قاراپ قويدى.

— ئەيىپكارنى ئىزلەۋاتامسەن؟ — دىدى گىرىگورىي بىر تال چوپنى چىشى بىلەن چىشلەپ.

ئۇنىڭ خاتىرجەم ئاۋازى ئاكسىنىيىگە تازا ئەلەم قىلدى.

— سەن ئەيىپكار ئەمەسمۇ؟ — دەپ ۋاقىرىدى ئاكسىنىيە غەزەپلىنىپ.

— شامال چىقمىسا، دەرەخ لىڭشىمايدۇ.

ئاكسىنىيە ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالدى. بۇ ئېغىر گەپ ئۇنىڭغا ناھايىتى قاتتىق تەككەن ئىدى.

گىرىگورىي پېشانىسىنى پۈرۈشتۈرۈپ، كوز قىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى. ئاكسىنىيىنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن ياش-لىرى تارامىلاپ ئېقىۋاتاتتى.

قېلىن ئۇسكەن، چاڭ باسقان ئاپتاپپەرەسلەر ئارىسى-دىن قىيا چۈشكەن كۈن نۇرى سۈپ - سۈزۈك ياش تامچىلى-رىنى پارقىرىتاتتى، يۈزىدىكى ياش ئىزلىرىنى قۇرىتاتتى.

گىرىگورىي بۇنداق كوز يېشىغا چىداپ تۇرالمايتتى. ئۇ تىت - تىت بولۇپ، جايىدا ئولتۇرالماي قالدى، شالۋۇ-رىدا ئومىلەپ يۈرگەن بىر سېرىق چۈمۈلىنى ئاچچىغى بىلەن

قىقىپ تاشلىدى - دە، يەنە ئاكسىنىيەگە قاراپ قويدى. ئاكسىنىيە بايىقى پېتىچە ئولتۇراتتى، لېكىن قوللىرىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىر ئەمەس، ئۈچ يەردىن تاراملاپ ياش ئېقىۋاتاتتى.

— نىمىشقا يىغلايسەن؟ رەنجىتىپ قويدۇممۇ؟ ئاكسىيوشا! بولدى قىل ئەمدى... ماڭا قارا، ساڭا گېپىم بار ئىدى...

ئاكسىنىيە ھول بولۇپ كەتكەن يۈزىدىن قولىنى ئالدى.

— مەن بۇ يەرگە سەن بىلەن مەسلىھەتلەشكىلى كەلگەن ئىدىم، سەن نىمانداق گەپلەرنى قىلىسەن؟... مەن شۇنداق ئەلەم تارتقان تۇرسام، سەن - زە...

«ئولمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك قىلغان ئوخشايمەن...» دەپ ئويلىدى گىرىگورىي قىزىرىپ.

— ئاكسىيوشا... بۇ گەپ، بىلمەستىن ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى، خاپا بولما...

— مەن ساڭا چاپلىشىۋالغىلى كەلگىنىم يوق... قورقما!

شۇ ئاندىلا ئۇ گىرىگورىيغا يېپىشىۋېلىش ئۈچۈن كەلمەگەنلىكىگە ئۆزىمۇ ئىشەنگەن ئىدى؛ ئەمما بايا دونىڭ ياقىسىنى بويلاپ سايلىقتا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاندا ئىختىيارسىز: «ئۇنى يالتايتىمەن! ئىش قىلىپ ئويلىنىمسۇن! ئويلىنىسە، مەن ھاياتىمنى كىمگە باغلايمەن؟» دەپ ئويلىغان ئىدى. شۇ ئاندىلا ستېپان ئېسىگە كېلىپ، ئۇرۇنسىز كاللىسىغا كەلگەن بۇ پىكىرنى قوغلىماق ئۈچۈن بېشىنى لىڭشىتىپ قويغان ئىدى.

— دىمەك، ئارىمىزدىكى ئىشىق - مۇھەببەت تامام بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى گىرىگورىي، ئاندىن ئاغزىنى يەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېقىپ، ئىككى جەينىگىگە يۆلىنىپ ياتتى، باياتىن بېرى سوۋ ئارىلىغىدا چايناپ تۇرغان قىزىل ھەشقىپىچەكنىڭ بەرگىلىرىنى تۈكۈرۈشكە باشلىدى.

— قاندا قمۇتامام بولسۇن؟! ئاكسىنىيە قورقۇپ كەتتى، — بۇ نىمە دېگىنىڭ؟ — ئۇ سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاپ بەردى. گىرىگورىينىڭ كۆزلىرىگە قارىغۇسى، كۆڭلىدە نىمە بارلىغىنى بىلگۇسى كېلەتتى.

گىرىگورىي كۆكۈش پاقا كۆزلىرىنى پىقىرىتىپ چەتكە قارىۋالدى.

شامالدا قۇرۇپ، كۈننىڭ ئىسسىغىدا قاغجىراپ كەتكەن يەردىن چاڭنىڭ پۇرىغى كېلەتتى. شامال گۇرۇلدەپ ئاپتاپپەرەسلەرنىڭ يېشىل ياپراقلىرىنى ئۆگتەي - تۆگتەي قىلاتتى. لەيلەپ تۇرغان توپ - توپ بۇلۇتلار بىر پەسنىڭ ئىچىدە قۇياشنى توسىۋالدى - دە، دالىغا، يېزىنىڭ ئۈستىگە، ئاكسىنىيەنىڭ غەمگە پېتىپ، ئېگىلىپ تۇرغان بېشىغا، قىزغۇچ ھەشقىپىچەكنىڭ ئۈستىگە بۇلۇت سايىلىرى چۈشۈپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

گىرىگورىي بىر ئۇھ تارتتى — ئۇنىڭ نەپەسى خىرىلداپ چىقتى، شۇ زامات قىزىپ كەتكەن يەرگە دۈمبىسىنى يېقىپ ئوڭدا ياتتى.

— گەپ مۇنداق بولسۇن، ئاكسىنىيە، — ئۇ ئالدىرىماي، ھەر بىر سۆزىنى دانە - دانە قىلىپ سۆزلىدى، — كۆڭلۈم جايىدا ئەمەس، كۆكسۈمنى بىر نەرسە قاملاۋاتقاندەك بولىۋاتىدۇ، مەن مۇنداق نىيەتكە كەلدىم...

شۇ تاپتا كۆكتاتلىقنىڭ تۆپىسى تەرىپىدە ھارۋىنىڭ غىچىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— هو - هو، هى - هى، ئوش هارا مزەدىلەر!...

ئاكسىنىيەگە «ئوش!» دېگەن ئاۋاز شۇنداق قاتتىق ئاڭلاندىكى، شۇ زامات يەرگە دومىلاپ يېتىۋالدى. گىرىگورىي بېشىنى كوتىرىپ پىچىرلىدى:

— بېشىڭدىن رومىلىڭنى ئېلىپ تاشلا، ئاقىرىپ كورۇنىدۇ. ھەر ھالدا كورۇپ قالمىسۇن.

ئاكسىنىيە رومىلىنى ئېلىۋەتتى. ئاپتاپپەرەسلەرنىڭ ئارىلىرىدىن ئوتۇۋاتقان ئىسسىق شامال، ئۇنىڭ ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرغان مەيىن چاچلىرىنى توزىتاتتى. يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان ھارۋىنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى بارا - بارا پەسلەپ، تىندى.

— مەن مۇنداق نىيەتكە كەلدىم، — گىرىگورىي گېپىنى باشلىدى خېلىلا جانلىنىپ، — ئوتكەن ئىش ئوتتى، ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ، ئەيىپكارنى ئىزلەشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ بۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولىدىغانلىغىنى ئويلاش كېرەك...

ئاكسىنىيە سەگەكلىك بىلەن ئۇنىڭغا قۇلاق سالاتتى، گەپنىڭ ئاخىرىنى كۇتەتتى، چۇمۇلىدىن تارتىۋالغان بىر تال چوپنى سۇندۇردى.

گىرىگورىينىڭ يۇزىگە قاراپ، ئۇنىڭ كوزلىرى تەشۋىشلىك پارقىراپ تۇرغانلىغىنى كوردى.

— ... مەن مۇنداق پىكىرگە كەلدىم، ئەمدى بىز ئارىنى ئوچۇق قىلىۋېتەيلى...

ئاكسىنىيە سەسكىنىپ كەتتى. ئېگىلگەن بارماقلىرى بىلەن يوگۇمەچ ئوتنى چاڭگاللىغان پېتى قېتىپلا قالدى. بۇرنىنىڭ توشۇگىنى كېرىپ گەپنىڭ ئاخىرىنى كۇتەتتى، ئۇنىڭ يۇزىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قورقۇش ئارىلاش بىر تاقەتلىك ئوتى يالقۇنجايتتى. ئاغزى قۇ-رۇپ كەتتى. ئۆگىرىنگورىينى «... ستېپان بىلەن ئارىنى ئو-چۇق قىلايلى» دەرمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدى، ئەمما گىرى-گورىي قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى ئاچچىق ئەلەم بىلەن يا-لىدى (لەۋلىرى يېپىشىپ قالغان ئىدى).

— ... ئارىمىزدىكى ماجرانى بىر ياقلىق قىلايلى قانداق؟

ئاكسىنىيە ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، ئاپتاپپەرەسنىڭ ئې-گىلىپ قالغان ساپ - سېرىق بېشىغا كوكرىگىنى ئۇرۇۋالدى-دە، توپ - توغرا ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— ئاكسىنىيە! — دەپ چاقىردى پەس ئاۋاز بىلەن گىرىگورىي.

جاۋاپ ئورنىغا ئىشىكنىڭ غىچىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

## 17

قارا بۇغداي ئۈمىسى تۆگەپ، خامانغا توشۇپ ئۈلگۈر-مەستىنلا بۇغداي ئۈمىسىمۇ باشلاندى. قۇرغاق جايلاردا ۋە دوڭلۇكلەردە بۇغداي سارغىيىپ، بەرگى نەيچە بولۇپ قېرىپ قالغان غولى پۇتۇنلەي قۇرىغان ئىدى.

كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا قارىغاندا، مول ھوسۇل ئېلى-نىشى كېرەك ئىدى، چۈنكى باشاقلار تازا يېتىلگەن بولۇپ، دانلىرى تولۇق ۋە ئېغىر ئىدى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ، ئىلگىنىچىنا بىلەن مەسلىھەتلەش-

كەندە، ئەگەر كورشۇنوپنىڭ قىزىغا چاي ئىچىرىدىغان بولساق تويىنى كېيىنكى سىپاسقىچە ① كېچىكتۈرۈپ تۇرىمىز، دېگەن قارارغا كېلىشتى.

بىر تەرەپتىن ئوما، يەنە بىر تەرەپتىن بايرام كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن كورشۇنوپلارنىڭكىگە تويىنىڭ جاۋاۋىنى ئۈقۇشقا بېرىشالمىدى.

جۇمە كۈنى بۇغداي ئورۇشقا ئاتلاندى. كوسىلكىغا ② ئۈچ ئات قوشۇلغان ئىدى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ هارۋىنىڭ ئۈستىگە بېكىتىدىغان يان ياغاچلارنى يونۇپ بۇغداي ئۇنچىسى توشۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. بۇغداي ئورۇشقا پېترو بىلەن گرىگورىي كەتتى.

گرىگورىي ئاكىسى ئولتۇرۇۋالغان كوسىلكىنىڭ ئالدىنقى تەرىپىدىكى ئادەم ئولتۇرىدىغان تاختايىنى تۇتۇپ، يان تەرەپكە پىيادە ماڭغان ئىدى. قاپىقى تۈرۈلگەن، ئىڭىكى بىلەن ياڭاق سوڭىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەزدەك بىر نىمە تىترىگەندەك بولۇپ غىلدىرلاپ يۈرەتتى. بۇنى پېترو بىلەتتى: بۇ گرىگورىينىڭ تېرىكىپ ئارانلا تۇرغىنىنى، هەر قانداق ئەقىلسىز بىر ئىشنى قىلىپ قويۇشنى بىلدۈرىدىغان ئوچۇق ئالامەت ئىدى؛ شۇنداق بولسىمۇ پېترو مىيىغىدا كۈلۈپ، ئۇكىسىنىڭ چىشىغا تېگىۋەردى:

— خۇدا تۇرۇپتۇ، ھەممىسىنى سوزلەپ بەردى!

---

① خىرىستىيان دىنىدا ئۈچ سىپاس بايرىمى بولۇپ، بىرىنچى سىپاس بايرىمى 1 ‐ ئاۋغۇستتا، ئىككىنچىسى — 6 ‐ ئاۋغۇستتا؛ ئۈچىنچىسى 16 ‐ ئاۋغۇستتا ئۆتكۈزۈلەتتى.

② كوسىلكا — بۇغداي، ئوت ‐ چۆپ ئورۇيدىغان ماشىنا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— سۆزلىسە سۆزلەۋەرسۇن، — دەپ غۇدۇڭشىدى گىرىگورىي بۇرۇتىنىڭ بىر تال قىلىنى چىشلەپ.

— «كۆكتاتلىقتىن كېلىۋاتسام مېلېخوۋلارنىڭ ئاپتاپپەرەسلىرى ئارىسىدىن كىشىلەرنىڭ گۇدۇڭلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى»، دەيدۇ.

— پېترو، بولدى قىل!

— ھە ... «كىم ئىكەن دەپ قاشانىڭ ئارىسىدىن ئاستا مارىسام ...»

گىرىگورىي كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ:

— سۆزۈڭنى توختاتامسەن - يوقمۇ؟ — دەپ ۋاقىرىدى.

— ۋاي تەنتەك، گېپىمنى تۈگىتىۋالاي!

— ماڭا قارا، پېترو، بىكار مۇشتلىشىپ قالىمىز، — دەپ دوق قىلدى گىرىگورىي ئارقىدا قېلىپ.

پېترو قاشلىرىنى ئۆينىتىپ، ئات تەرەپكە ئارقىسىنى قىلىۋېلىپ، كەينىدە كېلىۋاتقان گىرىگورىيغا بۇرۇلۇپ ئولتۇردى.

— «قاشادىن شۇنداق قارىسام، ئىككى ئاشىق - مەشۇق ئىكەن، ئۇلار قۇچاقلىشىپ يېتىپتۇ» دەيدۇ. — «كىم» دەپ سورىسام، ئۇ: «كىم بولاتتى! ئاكسىيوشكا ئاستاخوۋا بىلەن سېنىڭ ئۇكاڭ» دەيدۇ، مەن مۇنداق دىدىم...

گىرىگورىي كۆسلىكنىڭ ئارقىسىغا قىستۇرۇپ قويۇلغان قىسقا ساپلىق ئارىنى قولىغا ئېلىپ پېتروغا ئېتىلدى، پېترو بولسا تىزگىننى تاشلىۋېتىپ كۆسلىكدىن سەكرەپ چۈشتى - دە، ئاتلارنىڭ ئالدىغا ئوتتۇۋالدى.

— ۋاي لەنىتى!... ئالجىپ قاپسەنغۇ!... ئالە كۇشكۇش! ئالە كۇشكۇش! ئۇنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىگە قاراڭلار...

— گىرىگورىي چىشلىرىنى چىلبۆرىدەك كاسىلدىتىپ ئارىنى ئاتتى. پېترو قولىنىڭ ئۈستىگە موككىدە يېتىۋالدى، ئارا ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، قاغجىراپ كەتكەن يەرگە توتلىك سانچىلدى، جىرىڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن پېترو چوقاندىن ھۈركىگەن ئاتلارنىڭ تىزگىنىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، تىللاپ قويدى:

— تاس قالدىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئەبلەخ!

— ئۆلتۈرۈۋەتسەم ئوبدان بولاتتى!

— ھۇ، ئەخمەق! قۇترىغان ئىبلىس! دادامنىڭ نەسلىگە تارتىپسەن، چەركەس بالىسى!

گىرىگورىي يەردىن ئارىنى ئېلىپ كوسىلكىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

پېترو قولى بىلەن ئىملاپ ئۇنى ئۆزىگە چاقىردى:

— قېشىمغا كەل، ئارىنى ماڭا بەر.

تىزگىننى سول قولىغا ئېلىپ، ئارىنىڭ پاقىراپ تۇرغان چىشلىرىدىن تۇتتى. بىپەرۋا كېلىۋاتقان گىرىگورىينىڭ ساغرىسىغا ئارىنىڭ سېپى بىلەن بىرنى سالدى.

— تاسما بىلەن ئۇرۇش كېرەك ئىدى! — دېدى پېترو ئۆزىنى چەتكە ئالغان گىرىگورىيغا قاراپ.

بىر مىنۇتتىن كېيىن ئىككىسى تاماكا چېكىشىپ، بىر-بىرلىرىنىڭ كۆزىگە قارىشىپ، قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

ئېرىقى يولدا ھارۋىدا كېتىۋاتقان خىرىستونەنىڭ ئايىلى، گىرىشكىنىڭ - ئاكىسىغا ئارىنى ئاتقانلىغىنى كۆرگەن ئى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دى. ئۇ ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇپ، شۇنچە قىلسىمۇ ئاكا - ئۇكا مېلېخوپلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى كۆرەلمىگەن ئىدى، چۈنكى ئۇلارنى كوسلىكا بىلەن ئاتلار توسۇۋالغان ئىدى. ئۇ تار كوچىغا كىرە كىرمەستىنلا خوشنىسىنى چاقىردى:

كىلەۋۋىنا! يۈگۈر، پانتېلېي تۈرككە ئېيت، باللىرى تاتار قورغىنىنىڭ يېنىدا بىر - بىرىگە ئارا سانچىشىۋاتىدۇ! ئۇلار راسا ئېلىشتى. گىرىشكا دېگەن سارالڭ نېمە ئوخشايدۇ! — پېترونىڭ بېقىنىغا ئارا بىلەن شۇنداق سانچىدىكى، ئۇمۇ قاراپ تۇرماي گىرىشكىنى... ھەممە يەرگە قان ئاقتى، دەھشەت!

بۇ چاغدا پېترو ھېرىپ كەتكەن ئاتلارغا ۋاقىراۋېرىپ ئاۋازى خىرىلداپ قالغان ئىدى، ئەمدىلىكتە ئىسقىرتىپ باراتتى. گىرىگورىي توپا - چاڭلاردىن قارىيىپ كەتكەن پۇتلىرىنى كوسلىكنىڭ بەل تومۇرىغا تىرەپ، قانىتىغا يېپىشىۋالغان خەس چاۋالارنى ئېرىغداپ ئولتۇراتتى. چىۋىن چېقىپ، ھەممە يېرى قان بولۇپ كەتكەن ئاتلار قۇيرۇقىنى تولغاپ، ھە دەپ سىلكىپ، ھەرقايسىسى تاسمىلارنى قالايمىقان تارتىپ كېتىۋاتاتتى.

كوپ - كوك ئۇپۇققىچە سوزۇلغان كەڭ دالىدا ئادەملەر قىمىلدىشىپ كەتكەن ئىدى. كوسلىكىلار تاراقلايتتى، چىشلىرى چىرىقلايتتى، ئورۇلۇپ بولغان بۇغداي ئۈنچىلىرى دالىدا يىراقتىن سان - ساناقسىز دومبەلچەك بولۇپ كورۇنەتتى. ئاغمخانلار ئات ھەيدەۋاتقان ئادەملەرنى مازاق قىلغاندەك ئۆز كامارلىرىنىڭ ئاغزىدا ئۇشقۇرتىشاتتى.

پېترو ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىدى ـ دە، كوسىلكا چالـ
غىنىنىڭ تاك ـ تىكلىرى، قانا تلىرىنىڭ ۋىژىلدىغان ئاۋازى
ئاڭلىنىپ تۇرۇپ قالدى:
ــ يەنە ئىككى قېتىم ئايلىنىپ، ئورۇنغاندىن كېيىن
تاماكا چېكىمىز! ــ دەپ ۋاقىرىدى.
گىرىگورىي بېشىنى لىڭشىتىپلا قويدى. شامالدا قۇرۇپ
بىر ـ بىرىگە يېپىشىپ قالغان لەۋلىرىنى ئاچقۇچىلىگى قالـ
مىغان ئىدى. قۇچاق ـ قۇچاق ئورۇلغان بۇغدايىنى ئىرغىتىپ
تاشلاش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئارىنىڭ سېپىنى قىسقا قىلىپ
تۇتۇۋالغان ئىدى، ھاسىراپ ئاران نەپەس ئالاتتى، تەردىن
چىلىق ـ چىلىق بولۇپ كەتكەن كۆكرىگى قىچىشاتتى، قالپـ
ىقىنىڭ ئاستىدىن ئاچچىق تەر قۇيۇلاتتى؛ كۆزلىرىگە چۈشكەن
تەر سوپۇندەك ئېچىشتۇراتتى. ئۇلار ئاتلارنى توختىتىپ، سۇ
ئىچىشتى ۋە تاماكا چېكىشتى.
پېترو قولىنى كۆزىگە تۇتۇپ:
ــ چوڭ يولدىن بىرسى ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، ــ
دېدى.
گىرىگورىي شۇ تەرەپكە كۆز تىكىپ، قاشلىرىنى ھەيـ
رانلىق بىلەن كۆتەردى ـ دە:
ــ دادام بولمىسۇن يەنە، ــ دېدى.
ــ ئېسىڭنى يوقاتتىڭمۇ؟ ئاتلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرـ
دە كوسىلكىنى تارتىپ مېڭىۋاتسا، نىمىنى مىنىدۇ؟
دادىمىنىڭ ئۆزىغۇ.
ــ تونۇيالمىغانسەن، گىرىشكا!
ــ خۇدا تۇرۇپتۇ، ئۆزى شۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

بىر مىنۇتتىن كېيىن چېپىپ كەلگەن ئاتمۇ، ئۈستىدىكى ئادەممۇ ئېنىق كورۇندى.

— دادام ... — دەپ قورقۇپ كەتتى پېترو ۋە تۇرغان جايىدا ھاڭ - تاڭ بولۇپ تىپىرچىلاپ قالدى.

گىرىگورىي خۇددى ئاكىسىنىڭ كوڭلىگە كەلگەنگە ئوخشاش بىر پىكىرنى ئېيتتى:

ئۇيەدە بىر ئىش بولغان ئوخشايدۇ ...

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ يۈز سارجىنچە مۇساپە قالغاندا ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئاستا سوكۇلدىتىپ كەلدى.

— ئەبجىغىڭلارنى چىقىرىمەن، ئىتنىڭ باللىرى!... دەپ ۋاقىرىدى ئۇ يىراقتىن قامچىسىنى بېشىنىڭ ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇپ.

— ئۇنىڭغا نىمە بولغاندۇ؟ — پېترو ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى، مەللىرەڭ بۇرۇتى يېرىمىغىچە ئاغزىغا كىرىپ كەتتى.

گىرىگورىي مىيىغىدا كۈلۈپ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۆزىنى كوسىلكىنىڭ ئارقىسىغا ئېلىپ:

كوسىلكىنىڭ ئارقىسىغا ئوتۇۋال! خۇدا ھەققى، قامچىسى بىلەن سالىدۇ. نىمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغىچە تاياق يەپ كېتىمىز... — دىدى.

تەرگە چومگەن ئات بۇغدا يىلىقىنىڭ ئىچى بىلەن سوكۇلداپ كېلەتتى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ پۇتلىرى بىلەن تىختاپ (ئۇ ئاتنى يايىداق مىنىپ كەلگەن ئىدى)، قامچىسىنى ھەدەپ بېشى ئۈستىدە ئايلاندۇراتتى.

— بۇ يەردە سەنلەر نىمە قىلىشتىڭ، شەيتانلار؟!

— بۇغداي ئوروۋاتىمىز... — دىدى پېترو قوللىرىنى

كېرىپ ۋە قورقۇمسىراپ كوز قىرى بىلەن قامچىغا قاراپ قويدى.

— كىم - كىمگە ئارا سانچىدى؟ نىمىشقا ئۇرۇشتىڭلار؟...

گىرىگورىي ئاتىسىغا ئارقىسىنى قىلىپ ئاسماندىكى شامالدا چېچىلغان بۇلۇتلارنى پىچىرلاپ سانايتتى.

— نىمە دەۋاتىسەن؟ قايسى ئارا بىلەن؟ كىم ئۇرۇشۇپتۇ؟... — دىدى پېترو كوزلىرىنى چىمىلدىتىپ، ئۇ ئاتىسىغا باشتىن - ئاياق قاراپ بىر ئورۇندا تىپىرچىلاپ تۇراتتى.

— ئۇنداقتا، ھىلىقى ۋالاقتەككۇر خوتۇن، پۇتى كويگەن توخۇدەك: «بالىلىرىڭ بىر - بىرىگە ئارا سانچىشتى» دەپ نىمىشقا چوقان كوتىرىدۇ؟ خوش، بۇ قانداق گەپ؟... — پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ بېشى تىترەپ تۇراتتى، ئۇ تىزگىنىنى قويىۋېتىپ، ھاسىراپ تۇرغان ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى، — مەن فېدكا سيومىشكىنىڭ ئېتىغا مىنىپ توختىماي چېپىپ كەلدىم!... بۇ نىمە گەپ - ھە؟

— بۇ گەپنى ساڭا كىم ئېيتتى؟

— بىر خوتۇن!...

— يالغان ئېيتىپتۇ، دادا! ئۇ لەنىتى ھارۋىدا ئۇخلاپ قالغان بولسا، شۇنداق ئىشنى چۈشىدە كورگەندۇ.

— بۇ خوتۇننى قاراڭلار! — پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ساقىلىنى سىلكىپ ۋاقىراپ قويدى، — كىلىمۇۋنا دىگەن جالاپ! خۇدايا توۋا!... بۇ قانداق ئىش - ھە؟ مەن ئۇ قانجىقنى شۇنداق ساۋايكى!... — ئۇ ئاقساق سول پۇتىغا ئېغىرلىغىنى سېلىپ دەپسىنىپ قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر مەنبەسى

گىرىگورىي يەرگە قاراپ ئۇنىنى چىقارماستىن كۈلەتتى، يەلكىلىرى كۈلكىدىن مىدىرلايتتى، پېترو ئاتىسىدىن كۆزىنى ئالماي، تەرلەپ كەتكەن بېشىنى ھەدەپ سىلايتتى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بىر قۇر جىددىيلىشىپ، كېيىن پەس كويغا چۈشۈپ قالدى. كوسىلكىغا ئولتۇرۇپ، ئۇنى ئىككى قېتىم ئايلاندۇرۇپ كەلدى، ئاندىن چورت دەپ تىللاپقويۇپ ئېتىغا مىندى. يېزا يولىغا چىققاندا، بۇغداي بېسىلغان ئىككى ھارۋىدىن ئۆزۈپ ئۆتتى ـ دە، كوچىنى چىگىتىپ يېزىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇششاق تورۇلگەن پوپۇكلۇك قامچىسىنى ئېسىدىن چىقىرىپ، قىرنىڭ بېشىدا قالدۇرۇپ كەتتى. پېترو ئۇنى قولىدا دەڭسەپ كورۇپ، بېشىنى لىڭشىتتى ـ دە، گىرىشكىغا قاراپ:

ــ ئىككىمىزنى راسا سالماقچى ئىكەن ـ دە، يىگىت-چاق، ــ دېدى. ــ ھەي، قامچىمۇ شۇنداق بولامدۇ؟ ئۇكام، بۇ قامچا بىرلا تەگسە، ئادەمنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ تاشلىشى مۇمكىن!

## 18

كورشۇنوپلار ئائىلىسى تاتار يېزىسىدا ئالدىنقى قاتاردىكى باي ئائىلە ھېساپلىناتتى. ئۇلارنىڭ 14 جۈپ ئوكۈزى، بىر پادا يىلقىسى، پروۋالىسك ئات فېرمىسىدىن سېتىۋېلىنغان بايتاللىرى، 15 تىن ئوشۇق ئىنىگى، ياياقتا ئورغۇن

قارا ماللىرى، قوتاندا نەچچە يۈزلىگەن قويى بار ئىدى. ئۆي ـ ئىمارەتلىرىگە بىر قاراپ بايلىغىنى بىلىش مۇمكىن ئىدى؛ ئۆيى موخوپىنىڭ ئۆيىدىن قېلىشمايتتى: 6 خانىلىق، ئوگزىسى تۈنىكە بىلەن قاپلانغان، ھەممە يېرى پۈختا، چەسۋەك قېقىلغان. ھويلىسىنىڭ پىشايۋان ـ لاپاسلىرىنىڭ ئوگزىسى كاھىش بىلەن يېپىلغان؛ ھەممىسى يېپ ـ يېڭى، پاقىراپ تۇرۇپتۇ؛ بېغىنىڭ چوڭلۇغى بىر يېرىم گىكتار كېلىدۇ، ئادەمگە بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە نىمە كېرەك؟

شۇنىڭ ئۈچۈن، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ دەسلەپ ساۋچىلىققا كېتىۋاتقاندا يۈرەكسىزلىنىپ، كۆڭلى تازا قىزىمىغان ئىدى. كورشۇنوپلارمۇ ئۆز قىزى ئۈچۈن گىرىنگورىيدىن ئارتۇقراق كۈيوغۇلنى تاپسا تاپالايتتى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بۇنى چۈشەنگەچكە، ئىلتىماسىنىڭ يەردە قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۆزەمچىل كورشۇنوپنىڭ ئالدىغا بويۇن ئېگىپ بارغىسى كەلمەيتتى؛ ئەمما ئىلئىنىچنا بارمىغىنىغا قويماستىن، تومۇرگە ئىككەك سالغاندەك ئىتتىمتىشكە كىرىشىپ، ئاخىرى چالنىڭ تەرسالىغىنى يەڭدى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ماقۇل بولۇپ، نائىلاج يولغا چىققان ئىدى، بىراق ئىچىدە گىرىشانىمۇ، ئىلئىنىچنانىمۇ ۋە بۇ يورۇق دۇنيانىمۇ لەنەتلىگەن ئىدى.

ئەمدى جاۋۋىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىم يەنە بېرىش كېرەك ئىدى. ئۇلار يەكشەنبە كۈننى كۈتۈشەتتى، لېكىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كورشۇنوپنىڭ ئوگزىسى قىزىل مىستەك سىرلانغان ئۆيىدە، ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدا كىشى بىلمەيدىغان جېدەل چىقتى. ساۋچىلار كەتكەندىن كېيىن ئانىنىڭ سوئالىغا قىزى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— مەن گىرىشكىنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭدىن باشـ
قا ھېچكىمگە تەگمەيمەن، — دەپ جاۋاپ بەردى.

— تاپقان يىگىتىڭنى قارىغىنا، ئەخمەق قىز، — دەپ
ئۇنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتماقچى بولدى ئاتىسى، — ماختايدىـ
غان نىمىسى بار، سىگاندەكلا قارا بىر نەرسە ئىكەن، ئارتۇقـ
چىلىغى شۇلا پەقەت. مەن ساڭا ئۇنىڭدىن ياخشىراق، كېـ
لىشكەن بىر يىگىتنى تېپىپ بېرەلمەسمەنمۇ قوزام؟

— ماڭا باشقىسى كېرەك ئەمەس، دادا ... — ناتالىيە
قىزىرىپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى. — باشقىسىغا تەگمەيـ
مەن، باشقىلاردىن ساۋچى كېلىپ ئاۋارە بولۇشمىسۇن، ئۇنداق
بولمىغاندا، مېنى ئۈست - مېدۇۋېدىسكىدىكى چوڭ چېركاۋغا
ئاپىرىپ قويۇڭلار ...

— ئۇ كوچا - كويلاردا قاڭقىپ يۈرىدىغان خوتۇنبازـ
غۇ، ئېرى ئەسكەرلىككە كەتكەن خوتۇنلارنىڭ ئارقىسىدىن
يۈرگىنى - يۈرگەن، — دىدى ئاتىسى ئەڭ ئاخىرقى بىر دەـ
لىلنى پەش قىلىپ، — پۈتۈن يېزىغا نامى پۇر كەتتى.

— نىمە بولسا مەيلى!

— ساڭا مەيلى بولسا، مېنىڭمۇ كارىم يوق! بۇنداق
ئىشتىن ماڭا قانچىلىك چوڭ زىيان؟

ناتالىيە — تۇنجى قىز بولۇپ، ئاتىسىنىڭ
ئەركىسى ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆيۈ تالاشتا قىزـ
نى بەك قىستىۋەتمىدى. تېخى ئۆتكەن يىل كۆزدىلا يىراق
بىر يەردىن — سوسكان دەرياسى بويىدىن ناھايىتى باي
ۋە بەكمۇ تەقۋادار كازاكلار ساۋچى بولۇپ كېلىشكەن ئىدى؛

خوپېر ۋە چىر① تەرەپتىنمۇ كازاكلار كېلىپ ئۆرۈنۈپ بېقىشقان ئىدى، بىراق ناتالىيە ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ياراتمىغانلىقتىن، ساۋچىلارغا بېرىلگەن زىياپەت بىكار كەتكەن ئىدى.

مىرون گىرىگورىيېۋىچ، گىرىشكىنىڭ كازاكلارغا خاس جەسۇرلىغىنى، ئىگىلىك ئىشلىرىغا مۇھەببەت قويىدىغانلىغىنى، ئەمگەك سۆيەرلىكىنى بىلگەچكە، ئۇنى ئۆز كۆڭلىدە ياقتۇراتتى. ئۆتكەن قېتىمقى يېزا مەركىزىدە بولغان بىر بەيگىدە گىرىشكىنىڭ بىر توپ يىگىتلەردىن ئۆزۈپ، چەۋەندازلىقتا بىرىنچى مۇكاپات ئالغانلىغىنى چال كۆرگەن بولۇپ، كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان ئىدى؛ لېكىن مال-دۇنياسى يوق، نامى بۇلغانغان ئادەمنى كۈيئوغۇل قىلىش كۆڭلىگە ئېغىر تۇيۇلاتتى.

— قولىدىن ئىش كېلىدىغان يىگىت، رەڭگى-روھمۇ جايىدا ... — دەپ پىچىرلايتتى ئايىلى ھەر ئاخشىمى. ئېرىنىڭ سەپكىل، ساپ-سېرىق تۈك باسقان قولىنى سىلاپ، — گىرىگورىيېۋىچ بىچارە ناتالىيە ئۇ يىگىتنىڭ ئىشقىدا ياداپ قۇرۇپ كەتتى ... بەك ياخشى كۆرۈپ قېلىپتۇ.

مىرون گىرىگورىيېۋىچ خوتۇنىنىڭ سوغاق ۋە قۇرۇق سۆڭەك كۆكسىگە ئارقىسىنى قىلىۋېلىپ ئاچچىغى بىلەن غۇدۇڭشىيتتى:

— بولدى قىلساڭچۇ، چاققان! خالىساڭ ئەخمەق پا-

---

① خوپېر ۋە چىر — دون دەرياسىنىڭ سول ۋە ئوڭ ياقىسىدىكى تارماقلىرى.

شاغا① بەر. ماڭا نېمە زىيىنى؟ خۇدا ئەقىلگىنى كالتە قىلغان!
«رەڭگى - روھى جايىدا ئىمىش»... — دەپ زەردە قىلدى
بوۋاي. — ھوسنى - جامالىغا نان تۇگۇرۇپ يەمتىڭ؟

— جامالىغا نان تۇگۇرۇپ...

— چۈشىنىۋاتىمەن، ئۇنىڭ تەققى - تۇرقى ساڭا نېمە
كەلتۈرەتتى؟ ئۇنىڭ تۇرقىلا ئادەم. راستىنى ئېيتسام، مەن
ئۇز قىزىمنى تۇركلەرگە بېرىشكە نومۇس قىلىمەن. كاشكى،
ئۇلار ئادەم سىياقىدىكى كىشىلەر بولسىچۇ... — مىرون گىرى-
گورىيېۋىچ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، ياتقان يېرىدىن ساپچىپ -
ساپچىپ قوياتتى.

— ھەممىسى ئىشچان ئادەملەر، توق تۇرمۇش كەچۈ-
رىدۇ... — دەپ پىچىرلايتتى خوتۇنى ئۇ ئېرىنىڭ دۈمبىسى-
گە يېقىنراق يېپىشىپ، ئۇنى يۇمشىتىش ئۈچۈن قولىنى
سىلايتتى.

— ھەي، قۇرۇپ كەتكۈر، نېرىراق ياتسالىچۇ! ساڭا
باشقا جاي تارلىق قىلدىمۇ؟.. مەن سوغاز كالا ئەمەسقۇ،
سىلاۋەرگىلى؟ ناتالىيىنى نېمە قىلساڭ - قىل. ھالىساڭ
يۇندىخورلىققا بەرگىن!...

— ئۇز قىزىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن. خۇدا ئۇ يىگىتنىڭ
بېشىنى ئامان قىلسا بولدى، ئۇنىڭ بالىغىنى نېمە قىلاتتى

① پاشا (پارسچە «پادىشا» سۆزىدىن كېلىپ چىققان) ئو-
رۇنقى تۈركىيە سۇلتانلىقىدا ۋە مىسىردا يۇقىرى دەرىجىلىك ھەر-
بى ۋە مەمۇرى ئەمەلدارلارنىڭ ئۇنۋانى بولۇپ ئىسمىدىن كېيىن
قوشۇپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: ئەھمەد پاشا ئەنۋەر پاشا دېگەندەك-
لەرگە ئوخشاش. ئاپتور بۇ سۆزنى تۈرك ئەيىبى ئىشلەتكەن — ت.

تىڭ؟ ... — دەيتتى لۈكنىنچىنا، مىرون گىرىگورىيېۋىچنىڭ يۈك باسقان قۇلىغىغا پىچىرلاپ. ئېرى پۈتى بىلەن تېپىشلەپ قويۇپ تامغا يېقىنراق ياتاتتى-دە، ئۆزىنى ئۇخلىغانغا سېلىپ، خورەك تارتاتتى.

ساۋچىلارنىڭ كېلىشى بۇلارنى ئالدىرىتىپ قويدى. پىشىن ۋاقتىدىكى ئىبادەتتىن كېيىن ساۋچىلارنىڭ توت چاقلىق هارۋىسى دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئىلەئىنىچىنا هارۋىنىڭ پەلەمپىيىگە دەسسەپ چۈشۈۋاتقاندا، هارۋا قىيشىپ ئۆرۈلۈپ كېتىشكە تاس قالدى، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بولسا چوچە خورازدەك دىككىدە سەكرەپ چۈشتى؛ پۈتى ئاغرىغان بولسىمۇ، بىلىندۈرمەستىن، چەبدەس قەدەم بىلەن ئاقسىغان پېتى قورانىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىۋەردى.

— ئەنە ئۇلار! شەيتان ئۇچۇرتىپ كەلگەندەكلا يېتىپ كېلىشتى! — مىرون گىرىگورىيېۋىچ دېرىزىدىن قاراپ، بىر ئۇھ تارتتى.

— ۋاي ئانىمەي، بايا تاماق ئەتكەن چاغدىكى كىر يوپكام بىلەن يۈرۈپتىمەنا! — دەپ كوتۇڭلاپ قويدى ئايال ساھىپخان.

— مۇشۇ كىيىمىڭ بىلەنمۇ دۇپ-دۇرۇس سەن! ئۇلار سېنى كېلىن قىلىشقا ساۋچى بولۇپ كېلىشكىنى يوققۇ؟ سەن قوتۇر ئاتىنى كىم لازىم قىلار! ...

— ئاغزىڭ ئەزەلدىن بەزەپ ئىدى، قېرىغاندا تېخىمۇ بەتتەرلىشىپ كېتىپسەن!

— بولدى، بولدى ئاغزىڭنى يۇمساڭچۇ!

— تازا كوينىكىڭنى كېيىۋالساڭ بولاتتى، يىرتىق يېـ

ريگەدىن ئومۇرتقالىك كورۇنۇپ قاپتۇ، ئۇيات ئەمەسمۇ؟ ۋاي-ۋاي ناپاك ئەرۋاھ! — دەپ كايىپ قويىدى لۇكىنىچنا. ساۋچىلار ھويلىدىن كىرىۋاتقاندا مىرونگىرىگورىيېۋىچنىڭ ئۇستىبېشىنى كوزدىن كەچۇرۇپ.

— مەيلى، كېرەك يوق، مۇشۇ كىيىم بىلەنمۇ مېنى تونۇۋېرىدۇ، چىپتا قاپتىن كىيىم كىيسەممۇ بۇلاردىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمەن.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دەپ چىقىراپ قالدى پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ بوسۇغىغا پۇتلىشىپ كېتىپ ۋە ئاۋازى غەلىتە چىققانلىقىغا خىجىل بولۇپ، ئىشىكنىڭ قېشىدىكى بىبى مەريەمنىڭ سۇرىتىگە بېرنى ئارتۇق چوقۇنۇۋەتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دەپ تېچلىق سوراشتى ساھىپخان ساۋچىلارغا كوزىنىڭ قىرى بىلەن قاراپ.

— بۇگۇنكى ھاۋانى قاراڭ، خۇدانىڭ مەرھەمىتى-دە.

— خۇداغا شۇكۇر، خېلى ياخشى.

— كىشىلەر ئىشنى تۇگىتىۋالدۇ.

— ئەلۋەتتە.

— شۇنداق.

— ھىم.

— شۇنداق قىلىپ، بىز يەنە كېلىپ قالدۇق، مىرون گىرىگورىيېۋىچ سىزلەرنى ئوز ئارا بىر قارارغا كەلدىمىكىن، قودا بولالامدۇق-يوقمۇ، شۇنى بىلىپ باقايلۇق دىۋىدۇق...

— قېنى تورگە مەرھەمەت قىلىڭلار، ئولتۇرۇڭلار، ئىلتىپات قىلىڭلار، — دەپ ساھىپخان ئايال تازىم بىلەن تاۋازۇ-

لۇق كۆرسەتتى. بۇرما يوپكىسىنىڭ ئېتىكى خىش ياتقۇزۇلغان پولنىڭ ئۈستىدە سۈرۈلۈپ يۈرەتتى.

— بىزاۋىتە بولماڭ، مەرھەمەت قىلىپ.

ئىلىئىنىچنا يېپەك كوينىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى شىلدىرلىتىپ ئۆزىنى تۈزەپ ئولتۇردى. مىرون گىرىگورىيېۋىچ يېپ - يېڭى كىلىيونكا سېلىنغان شىرەگە جەينىكىنى تىرەپ لام - جىم دېمەي ئولتۇراتتى. كىلىيونكىدىن نەم رېزىنكىنىڭ پۇرىقى ۋە باشقا قانداقتۇر بىر پۇراق گۇپۇلدەپ دىماققا ئۇرۇلاتتى: جىيەكلىك كىلىيونكىنىڭ 4 بۇرجىكىگە ئۆلگەن پادىشالار ۋە مەلىكىلەرنىڭ سۈرەتلىرى سىزىلغان: ئوتتۇرىسىدا ئاق شىلەپە كىيگەن ئىسىلزادە قىزلار ۋە ئىمپېراتور نىكولاي ئالېكساندىروۋىچنىڭ چىۋىن داغ قىلىۋەتكەن سۈرەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

مىرون گىرىگورىيېۋىچ جىمجىتلىقنى بۇزدى:

— خوش... قىزىمىزنى بېرىشكە قارار قىلىشتۇق، كېلىشەلىسەك، قۇدا بولىمىز...

گەپ شۇ يەرگە يەتكەندە ئىلىئىنىچنا بۇرمايەكلىك يۇڭ كوپتىسىنىڭ ئىچىدىن يوغان بىر قارا بولكا ناننى، خۇددى دۈمبىسىنىڭ بىر يېرىدىن ئالغاندەك شارتلا چىقىرىپ، ئۇنى دوقىقىدا شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ نىمىشقىدۇر چوقۇنماقچى بولۇپ، قولىنى كۆتەرگەن ئىدى، ئەمما قاپىرىپ قاداق بولۇپ كەتكەن بارماقلىرى ئىختىيارسىز ئېگىلىپ، پىشانىسىغا يەتمەستىن يېرىم يولدا توختاپ قالدى - دە، تىرنىغى، قارايغان باشمالتىقى ئۆزىچە ئوتتۇرا بارماق بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقى ئارىلىقىغا كىرىپ قالدى، شۇ ئوڭايسىزلىقى بىلەن كوك چەك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەنىنىڭ پېشىنى ئاستا قايرىپ، ئاغزى قىزىل پېچەتلەنگەن بىر شىشىنى ئالدى.

— قېنى ئەمىسە، ئەمدى بىز، ئەزىز قۇدىلىرىمىز، خۇداغا دۇئا قىلىپ، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئىچەيلى، بەزى ئىشلار توغرىلىق مەسلىھەتلىشىۋالايلى...

پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ كوڭلى ئېرىپ، كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ قۇدىسىنىڭ سەپكىل باسقان يۈزىگە تىكىلدى ۋە ئاتىنىڭ توۋرىقىدەك يوغان ئالقىنى بىلەن شىشىنىڭ ئاستىنى شاپىلاقلاپ، ئاغزىنى ئاچماقچى بولدى.

بىر سائەتتىن كېيىن ئىككى قۇدا شۇنداق يېقىن ئولتۇردىكى، مېلېخوۋنىڭ قاپ-قارا چاڭگا ساقىلى بىلەن كورشۇنوۋنىڭ بىر تۇتام ساپ-سېرىق ئۇچكە ساقىلى بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتتى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ تۇزلانغان تەرخەمەكنىڭ ئوبدان تەمىنى تېتىپ، قۇدىسىنى مەسلىھەتكە كوندۇرەتتى.

— ئەزىز قۇدام، — دەپسوز باشلىدى ئۇ پىچىرلاپ، — جېنىم قۇدا! — ئۇ بىردىنلا ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتەردى، — قۇدا! — دەپ قاپ-قارا كاماك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ۋاقىرىدى. — سېنىڭ سالغان بۇ تويلۇغىڭ مەن ئۈچۈن بەك ئېغىر! سەن ئويلاپ باق، جېنىم قۇدا، شۇنچە نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدىغان بولساڭ، مېنى قىيناپ قويامسەن؟ ئۆزەڭ ئويلاپ باق: قونجىلىق بەتىنكە كالىچى بىلەن — بۇ بىر، تۈلكە جۇۋا — بۇ ئىككى دېگىن، ئىككى دانە يۇڭ پىلاتىيە بۇ ئۈچ، شايى رومال — تۆت. مېنى خانىۋەيران قىلىسەنغۇ!...

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ قوللىرىنى كېرىۋىدى، كازاكچە ھەربى مۇندىرنىڭ چاكلىرى ئارىسىدىن توپا چىقىدى. مىرون گىرىگورىيېۋىچ بولسا، بېشىنى تۈۋەن سېلىپ، چىلانغان تەرخەمەك سۈيى بىلەن ھاراق توكۈلگەن كىلىيونكىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ كىلىيونكىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى جىمجىمدار ھالقا چىقىرىپ يېزىلغان خەتنى ئوقۇدى: «پۈتۈن رۇسىيە ھوكۈمدارلىرى»، ئاندىن تۈۋەنرەك يەرگە كوز يۈگۈرتتى: «ئىمپېراتور ھەزرەت ئالىيلىرى نىكولاي پادىشا...» ئۇنىڭ ئايىغىنى ياكيۇ شوپىگى توسۇۋالغان ئىدى. سۈرەتكە تازا تىكىلىپ قارىغان ئىدى، پادىشانىڭ يۈزىنى كورەلمىدى، چۈنكى بوشىغان ھاراق شىشىسى نەق يۈزى ئۈستىدە تۇراتتى، مىرون گىرىگورىيېۋىچ ئېھتىرام ھىسسى بىلەن كوزلىرىنى چىمىلدىتىپ، ئاپپاق كەمەر باغلانغان شاھانە ھەربى كىيىمنى ئوبدان بىر قاراپ چىقاي دېۋىدى، بىراق مۇندىرنىڭ ئۈستىگە ۋاچچىدە تەرخەمەك ئۇرۇقلىرى توكۈرۈلگەن ئىدى. بىر توپ ئوخشاشلا خۇنۇك قىزلارنىڭ ئىچىدە قاسقىنى كەڭ شىلەپە كىيگەن چوڭ مەلىكە ئۇزىگە تەمەننا قويۇپ، مەغرۇرانە قاراپ تۇراتتى. مىرون گىرىگورىيېۋىچنىڭ ئازارى تۇتۇپ، يىغلىغۇدەك بولۇپ كەتتى ـ دە، ئىچىدە: «سۆەت ئىچىدىكى چىشى غازدەك بويىنىڭنى سوزۇپ، مۇنچىلىك غادىيىپ قارايسەن، سەنمۇ بۇ قىزلىرىڭنى ئەرگە بېرىسەن، شۇ چاغدا مەن بىر كورەيچۇ، يەنە غادىيامسەن؟» دەيتتى.

ئۇنىڭ قۇلىغى تۇۋىدە ھىلىمۇ پانتېلېي پروكوفيېۋىچ قاپاق ھەرىدەك غوڭۇلدايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى www.uyghurkitap.com

كورشۈنۈپ ياش يۇقا كوزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، سوزد-
گە قولاق سالاتتى.

— ئەگەر سېنىڭ قىزىڭ ئۈچۈن، — ھازىر ئۇ بەرىبىر مېنىڭمۇ قىزىم بولۇپ قالدى... ئىككىمىزنىڭ قىزى ئۈچۈن مۇنچىلىك تويلۇقنى... ھېلىقى قونچىلىق بەتىنكە كالىچى بىلەن، تولكە جۇۋا... پالانلارنى سېتىۋالىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا قوتىنىمىزدىكى ماللارنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىشقا توغرا كېلىدۇ.

— مېلىڭنى ئايامسەن؟ — دەپ شىرەنى مۇشتلىدى مى-
رون گىرىگورىيېۋىچ.

— گەپ ئايىغانلىقتا ئەمەس...

— ئاياۋاتامسەن؟

— توختاپ تۇر قۇدا...

— ئايايدىغان بولساڭ، مانا!...

مىرون گىرىگورىيېۋىچ تەرلەپ كەتكەن، ئارىدەك قول-
لىرى بىلەن شىرە ئۈستىدىكى رومكىلارنى بىرلا سىرىپ يەر-
گە چۈشۈرۈۋەتتى.

— ھەممىسى سېنىڭ قىزىڭغا قالىدۇ، كېيىن ياخشىراق كۈن ئۆتكۈزسۇن دەيمەن!

— مەيلى شۇنداق بولسۇن! ئەمما مەھرىگە تېگىشلىك بولغان تويلۇقنى بەلگىلەپ قوي، ئۇنداق بولمىغاندا قۇدا بولالمايمىز!...

— قوتاندىن ماللارنى ئېلىپ چىقىپ ساتىدىغان ئوخشاي-
مەن.. — پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.
قولىغىدىكى سىرغىسى سىلكىنىپ، بىلىنەر بىلىنمەس پارقى-
راپ تۇراتتى.

— تويلۇقنى ئەلۋەتتە بېرىشىڭ كېرەك!... قىزىمنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ساندۇق - ساندۇقتا تولۇپ يېتىپتۇ، لې- كىن قىزىمىز كوڭلۇڭلارغا ياققان بولسا، ئىززىتىمىزنى جا- يىغا يەتكۈز!... بىز كازاكلارنىڭ قائىدە - يوسۇنى ئەنە شۇ. قەدىمدىن قالغان ئادەت، بىزمۇ كونىلارنىڭ رەسمى - يو- سۇنى بويىچە ئىش قىلىشىمىز كېرەك...

— ئىززىتىڭنى قىلىمىز!...

— قىل!

ئىززىتىڭنى قىلىمىز!...

— مال - دۇنيا تاپىدىغان بولسا، — ياشلار ئۆزى تاپسۇن. بىزمۇ تاپقانمىز، تۇرمۇشىمىز كىشىلەرنىڭكىدىن نا- چار ئەمەس، ئۇلارمۇ ئەمدى ئۆزى تېپىپ كورسۇن!...

ئىككى قۇدا رەڭگى ئوخشاشمايدىغان ساقاللىرىنى بىر - بىرىگە چىرماشتۇرۇپ سۆيۈشتى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ سۆيى قېچىپ سۇلاشقان تەرخەمەكنى چايناپ يېدى، تۇرلۇك ئىشلار ئېسىگە چۈشۈپ، ھاياجاندىن يىغلاپ تاشلىدى.

ئاپال قۇدىلار ساندۇقنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇپ، بىر بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، بىر - بىرىدىن قېلىشماي، ۋاراڭ - چۇرۇڭ كوتىرىشەتتى. ئىلىئىنچنا گىلاس ۋىنوسىنى ئىچىۋې- رىپ، راسا قىزارغان، قىزنىڭ ئانىسى بولسا ۋوتكىنىڭ تە- سىرى بىلەن خۇددى سوغاقتا ئۇششۇپ كەتكەن ياۋا ئامۇتتەك كوكىرىپ كەتكەن ئىدى.

— ... بۇنداق قىز ئائىلەمدە يوق! كېلىن دىگەن قېيى- نانىنىڭ گېپىگە كىرىدىغان، ئىززىتىنى قىلىدىغان بولسۇن، قىزىم ھوكمىگەدىن چىقمايدۇ. گېپىڭگە ھەرگىز گەپ قايتۇر-

مايدۇ، سويۇملۇك قۇدام.

— ھە - ھە - ھە، جان قۇدام، — دەپ ئىلتىنچىنا ئۇنىڭ گېپىنى بولدى ۋە سول قولىنى ئىڭىگىگە تىرەپ، ئوڭ قولى بىلەن سول قولىنىڭ جەينىكىنى تۇتۇۋالدى. — مەن بىر نەچچە قېتىم ئۇ ئىتنىڭ بالىسىغا كايىغان ئىدىم! ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنى كەچقۇرۇن كوچىغا چىقماقچى بولۇپ، خالتىسىغا تاماكا سېلىۋاتقان ئىكەن، ئاچچىقىم كېلىپ ئۇنىڭغا: «ھوي لەنىتى، بۇ ئىشىگىنى قاچان تاشلايسەن؟ — دىدىم، — قېرىغان چېغىمدا سېنىڭ دەردىڭنى قاچانغىچە تارتامەن؟ يالغۇز جايدا ستېپانىنىڭ قولىغا چۈشسەڭ بوينىڭنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ!...»

مىتكا ئاشخانىنىڭ ئىچىدە ئىشىكنىڭ يۇقۇرقى يوچۇغىدىن مېھمانخانىغا يوشۇرۇنچە قارايتتى، پەس تەرەپتىكى يوچۇقنى ناتالىيىنىڭ ئىككى سىڭلىسى ئىگەللىۋېلىپ پىچىرلىشاتتى.

ناتالىيە نېرىقى بۆلۈگىدىكى ئويدە كارۋاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، كوز يېشىنى كوپتىسىنىڭ تارغىنا يېڭى بىلەن سۈرتەتتى، بوسۇغىنىڭ سىرتىدىكى يېڭى تۇرمۇشقا قەدەم قويۇشتىن قورقاتتى. نامەلۇم ھايات ئۇنى قىينايتتى.

مېھمانخانىدا ئۈچىنچى شىشىدىكى هاراق تۈگەي دەپ قالغان ئىدى؛ قۇدىلار قىز بىلەن يىگىتنى بىرىنچى سىپاس كۈنى بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ قويۇشقا كېلىشىپ قويدى.

# 19

كورشۇنوپنىڭ قوراسىدا تويغا تەييارگەرلىك قىزىپ كەتتى. قىزنىڭ پۈتمەي قالغان بەزىبىر كىيىملىرى ئالدىراش تىكىلمەكتە ئىدى. ناتالىيە ئاخشاملىرى مەھكەم ئولتۇرۇپ، ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە كۆيوگە تارتۇق قىلىنىدىغان كۆڭ-رەك تىۋىت شارپا بىلەن، يۇڭ پەلەيىنى توقۇپ پۈتتۈرمەك-تە ئىدى.

ئانىسى لۇكىنىچنا پۈتۈن كۈن قاراڭغۇ چۈشكىچە كى-يىم تىكىدىغان ماشىنا يېنىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، يېزا مەر-كىزىدىن كەلگەن ماشىنچى ئايالغا ياردەملىشەتتى.

مىتكا ئېتىزدىن دادىسى ۋە باشقا خىزمەتكارلار بى-لەن بىللە قايتىپ كېلىپ، يۇيۇنماستىنلا ۋە قاداق بولغان ئايىغىدىكى قوپال ئېتىز چورۇغىنى سېلىۋەتمەستىنلا، توپ-توغرا مېھمانخانىغا ناتالىيىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئۇ ھەمىشەم سىڭلىسىنىڭ چىشىغا تېگىپ، ئۇنىڭدىن ھوزۇر-لىنىشنى ياخشى كورەتتى.

— توقۇۋاتامسەن؟ — دەپ قىسقىلا سورىدى ئۇ يۇڭ شارپىنىڭ چۈچىلىرىنى كوزى بىلەن ئىملاپ.

— توقۇۋاتىمەن، سېنىڭ نىمە كارىڭ؟

— توقۇ، توقۇۋەر، ئەخمەق، ئۇ رەھمەت دىيىشنىڭ ئورنىغا تومشۇغىڭغا ئۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— نىمىشقا؟

— ياخشى كۆن كېچۆرىشنىڭ ئۇچۇن، گىرىشكىنى مەن بىلىمەن، ئىككىمىز دوست. ئۇ شۇنداق بىر ئىتكى، چىشلىشۈپ لىپ، نىمىشقا چىشلىگەنلىگىنى ئېيتمايدۇ.

— يالغان سوزلىمە! مەن ئۇنى بىلمەمدىمەن.

— مەن ئۇنى سەندىن ياخشىراق بىلىمەن. مەكتەپكە بىللە بېرىپ، بىللە كەلگەن تۇرساق.

متكا ئارا تاتلىشۇەتكەن ئالقانلىرىغا قاراپ، مۇغەمبەر- لىك بىلەن ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويىدى - دە، ئىگىز قەد- دىنى ئېگىپ يەرگە ئىگىشتى.

— سەن ئۇنىڭ قولىغا چۇشسەڭ تۇگىشىسەن، ناتاشكا! تۇرمۇشقا چىقماي ئولتۇرغىنىڭ ياخشى، سەن ئۇنىڭ نىمە ئارتۇقچىلىغىنى كوردىڭ؟ خوش، قېنى؟ قورقۇنۇچلۇق ئادەم — ئات قىلىپ مىنەلمەيسەن، ئۇزى بىر ئاز تەنتەكرەك... سەن قايتىدىن ئۇبدانراق بىر قارا: يارىماس يىگىت!...

ناتالىيىنىڭ ئاچچىغى كەلدى، — كوز يېشىنى توكمەس- لىك ئۇچۇن شارپىنىڭ ئۇستىگە يۈزىنى قويۇۋالدى.

— ھەممىدىن يامىنى، — ئۇنىڭ سوغاقلىغى... — دەپ ئايىماستىن چىشىغا تىگەتتى متكا. — نىمە يىغلايسەن؟ سەن ئەخمەق - دە، ناتاشكا. ئۇنىڭدىن ۋاز كەچ! مەن ھازىر ئاتنى ئىگەرلەپ، ئولارنىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇندىن كېيىن بىزنىڭكىگە كەلمەڭلار دەيمەن...

گىرىشاكا بوۋا ناتالىيىگە بولۇشاتتى: ئۇ پۇتاقلىق ھا- سا تايىغى بىلەن پايپاسلاپ مېڭىپ، گويا تاختاينىڭ بوش ياكى مەھكەملىگىنى بىلمەكچى بولغاندەك پولنى دوك - دوك

ئۇرۇپ، مېھمانخانىغا كىرەتتى ـ دە، بىر باغ بەدىدەك ساغۇچ ئاق ساقىلىنى سىلاپ قوياتتى، ئارقىدىن مىتكىنى ھاسىسى بىلەن تۇرتۇپ:

— بۇ يەرگە نېمىشقا كىردىڭ، يارىماس؟ گەپ قىل! — دەپ سورايتتى.

— ئەھۋال سوراپ چىقاي دەپ كىرىۋىدىم، چوڭ دادا، — مىتكا ئۆزىنى ئاقلايتتى.

— ئەھۋال سوراي دەپ؟ نېمە دېدىڭ؟ مەن سېنى بۇ يەردىن كېتىشكە بۇيرۇيمەن، يارىماس، قەدەملەپ مارش!

بوۋاي ياداپ قۇرۇپ كەتكەن ئاياقلىرىنى ئاران بېسىپ، ھاسا تايىقىنى تەڭلەپ، مىتكىنىڭ ئۈستىگە بېسىپ كېلەتتى.

گىرىشاكا بوۋا يەر يۈزىنى دەسسەپ يۈرگىنىگە 69 يىل بولدى. 1877 ـ يىلدىكى تۈركىيە ئۇرۇشىغا قاتناشقان، گېنېرال گۇركونىڭ يېنىدا نەۋكەر بولۇپ تۇرغان، كېيىن ئۇنىڭ غەزىۋىگە ئۇچراپ، پولكقا قايتۇرۇلغان ئىدى. پلېۋنا ۋە روشچ بوسۇغىسىدىكى جەڭلەردە قەھرىمانلىق كۆرسەتكىنى ئۈچۈن ئىككى گېئورگى ئوردېنى ۋە بىر دانە گېئورگى مېدالى بىلەن مۇكاپاتلانغان. ھازىر ئوغلىنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى، قېرىغان بولسىمۇ ئەقلى جايىدا، راستچىل، ھالال، مېھماندوست ئادەم بولغىنى ئۈچۈن. پۈتۈن يېزىدا ئومۇمنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان: بوۋاي قالغان ئۆمرىنى ئەسلىمە يېزىشقا بېغىشلىغان ئىدى.

يازدا كۈن چىققاندىن تارتىپ تاكى كۈن پاتقانغا قەدەر تامنىڭ تۈۋىدىكى كىچىككىنە سۇپىدا ھاسىسى بىلەن

www.uyghurkitap.com

يەرنى سىزىپ، بېشىنى تۇۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى، ئۈنتۈپ قېلىۋاتقان ئۇتمۇش خاتىرىلىرى مېڭىسىدە جۇۋا جانلىناتتى، ئايرىم مەنزىرىلەر، ئۈزۈك-ئۈزۈك پىكىرلەر ئېسىگە كېلەتتى...

ئوڭۈپ كەتكەن كازاكچە شەپكىسىنىڭ كوزىركىسىدىن يۇمۇق كوزلىرىنىڭ قاش-قاپاقلىرىغا سايە چۈشۈپ تۇراتتى: بۇسايە يۈزىدىكى قورۇقلارنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق قىلىپ كورسەتەتتى، ئاقارغانسا قىلىغا كوكۇش تۇس بېرەتتى. ھاسا ئۇستىدە بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن بارماقلىرىدا، قولىنىڭ پەنجىلىرىدە، قاپ-قارا پولتىيىپ چىققان تومۇرلىرىدا ساسلىقتىكى قارا لايدەك قاپ-قارا قان ئاستا ئايلىنىپ تۇراتتى.

قېنى-يىلدىن يىلغا سۇۋۇپ، توڭىدىغان بولۇپ قالدى. گىرىشاكا بوۋا ئوزىنىڭ ياخشى كورىدىغان نەۋرىسى ناتالىيىگە:

— يۈك پايپاق كىيسەممۇ پۇتۇم ئىسسىمايدىغان بولۇپ قالدى. سەن ماڭا، جېنىم نەۋرەم، قات-قات قېلىن قىلىپ توقۇپ بەرسەڭ بولاتتى، — دەپ زارلىناتتى.

— نىمە دەۋاتىسەن، چوڭ دادا، ھازىر يازغۇ! — دەپ كۈلەتتى ناتالىيە ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ، ئاندىن چوڭ دادىسىنىڭ قورۇلۇپ كەتكەن ساپ-سېرىق يوغان قۇلاقلىرىنى كوزدىن كەچۈرەتتى.

— ھەي، جىگەر پارەم، يازلىقى ياز، ئەمما قېنىم يەرتېگىدىكى لايدىنمۇ سوغاق.

ناتالىيە بوۋىسىنىڭ تورغا ئوخشاش قول تومۇرلىرىغا قاراپ، مۇنۇ بىر خاتىرىنى ئەسلىدى: بىر كۈنى ھويلىدا قۇدۇق

كولاشقان ئىدى، — بۇ ناتالىيىنىڭ بالىلىق چېغى ئىدى، — شۇ چاغدا ئۇ چىلەك بىلەن تارتىپ چىقىرىلغان لايدىن بىر قوچاق ياسىدى، يەنە بىر مۇڭگۈزلۈك كالا ياسىغان ئىدى، بىراق كالىنىڭ مۈڭگۈزى ئۇشتىلىپ كەتتى. ناتالىيە ھازىر يەنە ئاشۇ بەش سارجىن چوڭقۇرلۇقتىن تارتىۋېلىنغان لاينىڭ قولىغا قانچىلىك مۇزدەك تەككەنلىكىنى ئەسلەپ، بەدىنى سەسكىنىپ كەتتى-دە، بوۋىسىنىڭ قېرىلىقتىن سەپكىل باسقان گىل رەڭگىدىكى قوللىرىغا قورقۇش ئىچىدە قاراپ قويدى.

قىزنىڭ نەزىرىدە بوۋىسىنىڭ قول تومۇرلىرىدا قىزىل قان ئەمەس، بەلكى كوكۇش سۇيۇق لاي ئېقىۋاتقاندەك ئىدى.

— ئولۇپ كېتىشتىن قورقامسەن، چوڭ دادا؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

گىرىشاكا بوۋا كونىراپ كەتكەن ھەربى كىيىمىنىڭ قاتۇرما ياقىسىدىن قورۇق باسقان، يادا ڭغۇ ۋە ئىنچىكە بويىنىنى ئاران بوشاتقاندەك بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە كوكۇش بولۇپ ئاقارغان بۇرۇتلىرىنى مىدىرلىتىپ قويدى.

— ئەجەلنى مەن ئەزىز مېھماندەك كۇتىمەن. ۋاقتىمۇ كېلىپ قالدى... ياشايدىغىنىمنى ياشاپ بولدۇم، پادىشالارغا خىزمەت قىلدىم، ھاراقنىمۇ ئارمانسىز ئىچتىم، — دەپ قوشۇپ قويدى كۇلۇمسىرەپ، ئاپپاق چىشلىرى كورۇنۇپ كوزلىرى ئەتراپىدىكى قورۇقلار تىترىگەندەك بولدى.

ناتالىيە چوڭ دادىسىنىڭ قوللىرىنى بىر قۇر سىلاپ كېتىپ قالاتتى، بوۋاي بولسا ھامان مۇكچىيىپ سۇپىدا ئولتۇرۇپ، توتقۇچى ئۇپراپ كەتكەن ھاسىسى بىلەن يەر سىزات-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تـى، رەڭگى ئۇڭۇپ كەتكەن، نۇرغۇن ياماق چۈشكەن مۇلـ دىرىنىڭ قاتۇرما ياقىسىدىكى قىزىل بەلگىلەر ياشىرىپ، كۆـ لۈپ تۇرغاندەكلا ئىدى.

ئۇ ناتالىيىگە چاي ئىچىرىشىپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭـ لىغاچ، كورۇنۇشتە خاتىرجەمدەك كورۇنسىمۇ، ئىچىدە قاتتىق ھايغۇردى ۋە غەزەپلەندى، چۈنكى ناتالىيە داستىخان ئۈستىـ دە ئۇنى ياخشى تاماق بىلەن كۈتەتتى، كىر-قاتلىرىنى يۇـ ياتتى، يامغىنى يامايتتى، پايپاق توقۇپ بېرەتتى ۋە كويـ نەك- ئىشتانلىرىنى تىكەتتى.شۇ خەۋەرنى بىلگەندىن كېيىن گىرىشاكا بوۋا ئىككى كۈندىن بۇيان نەۋرىسىگە ھۆمىيىپ قارايدىغان بولۇپ قالدى.

— مېلېخوپلار — نامدار كازاكلار، مەرھۇم پروكوفىي ئەزىمەت كازاك ئىدى، نەۋرىلىرى قانداقكىن، تاڭ؟

— نەۋرىلىرىمۇ يامان ئەمەس، — دەپ مۇجمەلـرەك جاۋاپ بەردى مىرون گىرىگورىيېۋىچ.

— گىرىشكىسى بىئەدەپ چوڭ بولۇپتۇ، يارىماس.قايسى كۈنى چېركاۋدىن كېلىۋاتسام، مەن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، سالام بەرمىدى. ئەمدى قېرىلارنى ھېچقايسىسى ھورمەت قىلىشـ مايدىغان بولۇپتۇ...

— ئۇ مۇئامىلىسى ياخشى يىگىت، — دىدى لۇكىنىچنا كەلگۈسىدىكى كۈيوغلىغا يان بېسىپ.

— نىمە؟ مۇئامىلىسى ياخشى دىدىڭمۇ؟ ئىلاھىم دېگـ نىڭ راست بولسۇن، ئىش قىلىپ، ناتاشكىغا ياقسۇن...

تـويلۇق سالىدىغان كۈنى مەسلىھەت بولۇۋاتقاندا، گىرىشاكا بوۋا دېيەرلىك ھېچنىمىگە ئارىلاشمىدى؛ ھوجرىسىدىن

چىقىپ، مېھمانخانىدا ئازراقلا ئولتۇردى ـ دە، ئاغزى تار رومكىدىن ۋودكىنى تەسلىكتە ئىچىپ سەل ـ پەل قىزىغاندىن كېيىن مەس بولۇپ قېلىشۋاتقانلىقىنى سېزىپ، دەرھال چىقىپ كەتتى.

ئىككى كۈندىن بۇيان ئۇ، تەشۋىشلىنىپ قالغان بەخـ تىيار ناتالىيىگە لام ـ جىم دىمەي قاراپ ـ قاراپ قوياتتى، ئاقىرىپ كوكۇش تۇس ئالغان بۇرۇتىنى مىدىرلىتىپ، ئۇچىنى چىشلەيتتى، كېيىن خېلىلا يۇمشاپ قالدى.

ــ ناتاشكا! ــ دەپ قىچقىرىپ قالدى بىر كۈنى.

ناتالىيە يېنىغا كەلدى.

ــ خوش، بالام، سەن ئوزەڭ خوشالمۇسەن؟ قانـداق؟

ــ مەن ئوزەممۇ بىلمەيمەن، چوڭدادا، ــ دەپ راستىنى ئېيتتى ناتالىيە.

ــ خا ـ خا ـ خا... شۇنداق دىگىن... مەيلى، ئـەيسا مەدەتكار بولسۇن، خۇداغا تاپشۇردۇم، ــ دىدى، لېكىن ئەـ لىمگە چىدىماي تەنە قىلدى: ــ بوۋام ئولۇپ كەتكىچە تۇـ رۇپ تۇراي دىمىدىڭ، يارىماس، كوزۇم يۇمۇلغاندىن كېيىن چىقساڭمۇ بولاتتى... سەنسىز تۇرمۇشۇم ئېغىر بولىدۇ.

بۇلارنىڭ گېپىگە مىتكا ئاشخانىدىن قۇلاق سېلىپ تۇـ راتتى، ئۇ:

ــ چوڭ دادا، سەن يەنە يـۈز يىل ئومـۈر كورىسەن، ئۇ كۈتۈپ ئولتۇرۇۋېرەمدۇ؟ سەن تـازا مېھرىۋانسەن ـ دە...

گىرىشاكا بوۋا قۇلىغىچە قىزىرىپ كەتتى، ھا......ى توكۇلدىتىپ ۋاقىرىدى:

ــ ئاغـزىڭـنى يـۇم، بەچچىغەر، ئىتنىڭ بالىسى! بوـ

قال!... ۋاي كاساپەت شەيتان! قۇلاق سېلىپ تۇرغان ئىكەن، بۇ دۈشمەن!...

مىتكا كۈلگەن پېتى هويلىغا قاچتى، گىرىشاكا بوۋا ئۇزاققىچە ئاچچىغىنى باسالماي، مىتكىنى تىللىدى، ئۇنىڭ كالتە يۇڭ پايپاق كىيگەن ئاياقلىرى تېزىغىچە تىترەيتتى.

ناتالىيىنىڭ ئىككى سىڭلىسى — 12 ياشلىق مارىشكا بىلەن 8 ياشلىق ئەركە ئۆسكەن شوق قىز گىرىپكا — توي كۈنىنى سەۋرىسىزلىك بىلەن كۈتەتتى.

كورشۇنوپلارنىڭكىدە دائىمى تۇرىدىغان خىزمەتكارلارنىڭمۇ خۇشال بولغانلىقى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار خوجايىنىنىڭ مول زىياپىتىدىن بەھرىمەن بولۇشنى، ئىككى كۈن ئىشتىن بوشاپ، پۇخادىن چىققىچە ئوينىۋېلىشنى ئۈمىت قىلىشاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇزۇنتۇرا — خۇددى قۇدۇق تۇرنىسىدەك ئېگىز① — گېت - بابا دېگەن غەلىتە پەملىك بىرسى بوگۇچاردىن كەلگەن ئوكرايىنلىق بولۇپ، يېرىم يىلدا بىر قېتىم ئىنتايىن قاتتىق ئىچەتتى. شۇ بىر ئىچىشتە ئۈستىدىكى پۈتۈن كىيىم - كېچەكلىرىنى ۋە تاپقان ئىش ھەققىنى ھاراققا سېلىپ بېرەتتى. گېت - بابا ئۆزىنىڭ ئىچىدىغان ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغاچ، خېلىدىن بېرى گېلى قىچىشىپ يۈرگەن بولسىمۇ، توي بولغىچە بىر ئىلاج قىلىپ سەۋر قىلىپ تۇرۇشقا نىيەت بېكىتكەن ئىدى.

يەنە بىر مىخېي ئىسىملىك قاتمال ۋە قارامتۇق كازاك خىزمەتكار مىگۇلىنىسكى يېزىسىدىن كورشۇنوپلارنىڭكىگە تېخى

① قۇدۇق تۇرنىسى — قۇدۇق بېشىغا سۇ تارتىش ئۈچۈن بېكىتىلگەن ئۇزۇن ياغاچ.

يېقىندىلا كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئۆيىگە ئوت كېتىپ خانىۋەيـ
ران بولغانلىقتىن، بۇ يەردە يالىنىپ ئىشلەۋاتاتتى، ئۇ
گېتكو (كىشلەر گېت ـ بابانى شۇنداق دەپ ئاتىشاتتى) بىـ
لەن ئۆلپەتلەشكەندىن كېيىن ئانچە ـ مۇنچە ئىچىشىپ تۇراتـ
تى، ئۇ ئاتقا بەك ئىشقىۋاز ئىدى. بىر ئاز ئىچىۋالسىلا يىغـ
لايتتى، كوز يېشىنى قاتمال، قاشسىز يۈزىگە سۈركەپ، مىرون
گىرىگور يېپۇنچقا يېپىشىۋالاتتى:

— خوجايىن! جېنىم خوجايىن! قىزىڭنى ياتلىق قىلغانـ
دا ئىزۋاش ھەيدەشنى پېقىر مىخېيكىغا تاپشۇر. مېنىڭ قانـ
داق ھەيدەيدىغانلىغىمنى شۇ چاغدا كورىسەن! گۇلخانىنىڭ
ئۈستىدىن ئات چاپتۇرۇپ ئوتۇپ كېتىمەن، ئەمما ئاتنىڭ بىـ
رەر تال موييغا ئوت تەككۈزمەيمەن. مېنىڭمۇ ئاتلىرىم بار
ئىدى... ئېھ!...

ھەمىشە قاپىغى سىلىق، كىشىنى ياقتۇرمايدىغان گېتكو
ئىمىشقىدۇر، مىخېيگە ئۆگىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن
چاقچاقلىشىپ چىشىغا تېگەتتى:

— مىخېي ئاتلاۋاتامسەن؟ سەن قايسى يېزا بازىرىـ
دىن؟ — دەپ سورايتتى، تىزىغىچە چۈشىدىغان ئۆزۈن قولـ
لىرىنى بىر ـ بىرىگە سۈركەپ، ئەمما شۇ ئانىلا ئاۋازىنى
ئوزگەرتىپ: «مىگولېۋىسكىلىقمەن» دەپ ئوزى جاۋاپ
بېرەتتى. — «ئەمما ئىمىشقا قولۇڭدىن ئىش كەلمەيدۇ؟» —
«نەسلىمىز شۇنداق بولسا كېرەك».

گېتكو دائىم تەكرارلىنىدىغان بۇ چاقچاقتىن ئوزى
ھوزۇرلىنىپ، خىرىلداپ كۈلەتتى، ئۆزۈن، ياداڭغۇ يوتىسىغا
ئىككى قولى بىلەن شاپىلاقلاپ قاقاقلاپ كېتەتتى، ئەمما

مىخېيىنىڭ ئاچچىغى كېلىپ، گېتكونىڭ ئۇستۇرا بىلەن قىرىل-
غان يۈزىگە ۋە تىترەپ تۇرغان كىكىرتىكىگە قاراپ: «ھۇقۇش»،
«قوتۇر» دەپ تىللايتتى.

تۈينى كۆز ئېيىدا قىلىشقا توختاشتى. يەنە ئۈچ ھەپ-
تە بار ئىدى. ئۇسپېنىيى① كۈنى گىرىگورىي كېلىننى كورگى-
لى كەلدى. خاس ھۆجرىدا يۇمۇلاق شىرە يېنىدا قىزنىڭ
دوستلىرى بىلەن بىللە سېمىچكا — گازىر، پىستە - ياڭاق
چېقىشىپ ئولتۇرۇپ، كېيىن كېتىپ قالدى. ناتالىيە ئۆنى
ئۇزىتىپ چىقتى. گىرىگورىينىڭ يېڭى ئىگەر توقۇلغان ئېتى
لاپاسنىڭ ئاستىغا باغلانغان ئىدى، ناتالىيە ئوقۇرنىڭ يېنىدا
قولىنى قويىنىغا سېلىپ بىر نىمىنى ئالدى - دە، ئۇزىنىڭ
قىزلىق كوكسىنىڭ ھارارىتى بىلەن ئىسسىغان كىچىككىنە بىر
تۈگۈنچەكنى گىرىگورىيغا ئاشقانە نەزەر بىلەن تىكىلىپ
تۇرۇپ قولىغا تۇتقۇزدى. گىرىگورىي بۇ سوغاتنى قوبۇل قى-
لىۋاتقاندا، ئاپپاق چىشلىرىنى كورسىتىپ قىزنى ھەيرەتتە
قالدۇردى.

— بۇ نىمە؟ — دەپ سورىدى گىرىگورىي.

— ئويۇڭگە بارغاندا كورىسەن ... مەن ساڭا تاماكا
خالتىسى تىككەن ئىدىم.

گىرىگورىي تارتىنىۋاراقناتالىيىنىئوز باغرىغا تارتىپ
سۆيمەكچى بولدى، بىراق قىز ئىككى قولىنى ئۇنىڭ كوكسى-
گە تىرەپ، چاققانلىق بىلەن ئارقىغا ئېگىلدى - دە، قور-
قۇش ئارىلاش دەرىزە تەرەپكە قارىدى.

① ئۇسپېنىيى — خىرىستىيانلاردا بىر بايرام كۈنى — 15 - ئاۋ-
غۇستقا توغرا كېلىدۇ.

— ئۇلار كورۇپ قالىدۇ!
— كورسە ـ كورمەمدۇ!
— ئىزا تارتىمەن ...
— بىرىنچى قېتىم شۇنداق بولىدۇ، — دەپ چۇشەندۇردى گىرىگورىي.

ناتالىيە يۈگەننى تۇتۇپ تۇردى. گىرىگورىي كوزىنى قىسىپ، مىڭىسىگە ياد بولۇپ كەتكەن ئۇزەڭگىنى پۇتى بىلەن ئىزلەيتتى. ئۇ ئىگەرنىڭ كورپىچىگە ئورۇنلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن هويلىدىن چىقىپ كەتتى. دەرۋازىنى ئېچىپ تۇرغان ناتالىيە قولىنى كوزىگە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى: گىرىگورىي ئىگەرنىڭ ئۇستىدە قالماقچىسىغا ئولتۇرۇپ، سول بېقىنىغا سەل قىيىشىيىپ، قامچىسىنى يىگىتلەرچە ئوينىتىپ كېتىۋاتاتتى.

«11 كۇن قالدى» — دەپ هېساپلىدى ناتالىيە ئىچىدە ۋە چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ، كۆلۈپ قويدى.

## 20

بۇغداي يۇمرانما يسا بولۇپ ئۇنۇپ چىقىپ، ئاندىن ئوسۇشكە باشلايدۇ؛ بىر يېرىم ئايدىن كېيىن ئارىسىغا قاغا كىرسە كورۇنمەيدۇ؛ بۇغداي يەرنىڭ شەرۋىتىنى ئېمىپ، باشاق چىقىرىدۇ؛ ئۇندىن كېيىن چېچەك ئاچىدۇ، باشاقلارنى ئالتۇندەك چاك-توپا باسىدۇ؛ كېيىن خۇشبۇي ۋە شىرىن سۇتكە تو-

لۇپ، بوغاز بولۇشقا باشلايدۇ. تېرىغان ئېگىنى دالىغا چىقىپ بۇغدايلىققا كۆز تىككەندە، خوشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمايدۇ. قەيەردىندۇر، بۇغدايلىققا بىر توپ مال بېسىپ كىرىدۇ: ھەممە يەرنى چەيلەپ، بولۇق باشاقلارنى يەنچىپ، يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلايدۇ. مال ئېغىنىغان يەرلەردە بۇغداي دائىرە شەكلىدە دەسسىلىپ يېتىپ قالىدۇ ... بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرگەندە كىشىنىڭ يىغلىغۇسى كېلىدۇ.

ئاكسىنيىنىڭ بېشىغا خۇددى شۇنداق كۈن كەلدى: ئۇنىڭ ئالتۇندەك قىزىرىپ، پورەكلەپ گۈل ئاچقان مۇھەببىتىنى گىرىشكا ئۆزىنىڭ قوپال تېرە چورىغى بىلەن دەسسەپ ئاياق ئاستى قىلىۋەتتى، ھەممىسى كۆلگە ئايلاندى.

مېلېخوۋلارنىڭ كوكتاتلىقىدىكى ئاشۇ ئاپتاپپەرەسلەر ئارىسىدىن قايتقاندا، ئاكسىنيىنىڭ كوڭلى خۇددى شۇۋاق بىلەن شور باسقان تاشلاندۇق خامانىدەك قۇپ - قۇرۇق تاقىر چولگە ئايلاندى.

ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا ھەدەپ رومىلىنىڭ ئۇچىنى چىشلەيتتى، كېلىگە بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك ۋاقىرىغۇسى كېلەتتى، دەھلىزگە كىرىش بىلەنلا ئۆزىنى يەرگە ئاتتى - دە، زار - زار يىغلاپ بوغۇنۇقۇپكەتتى، ئازاپ ئىچىدە مېڭىسىگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلدى... كېيىن ئۆزىگە كەلدى، ئەمما يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرى پىچاق سانچىلغاندەك ھامان ئازاپلىناتتى.

مال چەيلەپ تاشلىغان زىرائەت يەنە ئورنىدىن تۇردى. يەر بىلەن يەكسان قىلىنغان غوللىرى شەبنەم ۋە قۇياش نۇرىدىن بەھرى ئېلىپ، قەددىنى رۇسلىدى: دەسلەپتە، يۇ-

گىنى كۆتىرەلمەي قالغان ئادەمدەك مۈكچىيىپ، كېيىن گەۋ-
دىسىنى تۈزلەپ، بېشىنى كۆتەردى، يەنە بۇرۇنقىدەك كۈن
نۇرىنى ئېمىپ، يەنە شامالدا تەۋرىنىپ يايراشقا باشلىدى...

كېچىلىرى ئاكسىنىيە ئېرىگە ھەددىدىن تاشقىرى ئەك-
لىسىمۇ، خىيالى باشقا يەردە بولۇپ، قەلبىدە نەپرەت بىلەن
ئۇلۇغ مۇھەببەت تۇيغۇسى بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن
ئىدى. بۇ ئايالنىڭ ئوي - خىيالىدا ھامان ئاۋالقىدەك شەر-
مەندىچىلىك كوچىسىغا كىرىش ئازۇسى قالانغان ئىدى: ئۇ، مۇھەب-
بەتنىڭ قايغۇ ۋە شاتلىقىنى باشتىن كەچۈرمىگەن بەختىيار
ناتالىيەكورشۇنوۋادىن گىرىشكىنى تارتىۋېلىشقا نىيەت بېكىت-
تى. ھەر كېچىسى مىڭ تۈرلۈك پىكىرلەرنى ئويلاپ، قۇرغاق
كۆزلىرىنى قاراڭغۇچىلىقتا تىكىپ تاڭ ئاتقۇزاتتى، ئوڭ قولى-
نىڭ ئۈستىدە ئېغىر ئۇيقۇغا پاتقان ستېپاننىڭ چىرايلىق بېشى
ياتاتتى، ئۇنىڭ جىنگىلەك ئۇزۇن كوكۇلىسى بىر تەرەپكە ساڭ-
گىلاپ قالغان ئىدى. ستېپان سەل ئېچىلىپ قالغان ئاغزى بى-
لەن نەپەس ئالاتتى، ئۇ قارىيىپ كەتكەن قولىنى ئايالىنىڭ
كوكسىگە قانداق قويغان بولسا، شۇپېتى قالغان، ئىشتا پىش-
قان تومۇر بارماقلىرى مىدىرلاپ تۇراتتى. ئاكسىنىيە ھامان
ئويلىناتتى، چامىلاپ كورەتتى، قايتا - قايتا ئويلاپ، ئاخى-
رى مۇنداق بىر قەتئى قارارغا كەلدى: گىرىشكىنى ھەممىيە-
لەندىن تارتىۋالدۇ، ئۇنى ئۆزىگە شەيدا قىلىپ، ئاۋالقى-
دەك ئۇنىڭغا يەككە - يېگانە ئىگە بولىدۇ.

ئەمما يۈرىگىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە ھەرىنىڭ نەشتى-
رىگە ئوخشاش بىر نەرسە قاتتىق ئازاپ سالاتتى.

كېچىسى ئەھۋال شۇنداق ئىدى، كۈندۈزى بولسا ئاك-

سىنىيە كۆندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ئوي - پىكرى بىلەن غەرق بولۇپ، ئوي ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتەتتى، گىرىشكىنى بىرەر جايدا ئۇچرىتىپ قالسا، تاتىرىپ كېتەتتى - دە، ئۇنىڭغا تەشنا بولغان ئاكسىنىيە چىرايلىق قەددى - قامىتىنى يورغىلىتىپ، ئۇنىڭ قاپ - قارا كۆزلىرىگە ئۇيالماستىن كۆز تىكىپ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى.

ھەر ئۇچرىشىشتىن كېيىن گىرىشكا ھىجراندا قالغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. گىرىشكا بىكاردىن - بىكار غەزەپلىنىپ، دۇناشكا بىلەن ئانىسىغا زەھرىنى چاچاتتى، ئەمما كۆپ چاغلاردا قىلچىنى ئېلىپ، قورانىڭ ئارقىسىغا چىقىپ كېتەتتى - دە، ئۇيەردە تەرگە چۆمۈپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، يەرگە قادالغان شاخ - شۇمبىلارنى چېپىپ تاشلايتتى. بىر ھەپتە ئىچىدە بىر تالاي شاخلارنى چېپىپ تۈگەتتى. پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ قۇلىغىدىكى سىرغىسىنى پاقىرىتىپ، كۆزلىرىنى ئالايتۇرۇپ تىللاپ كېتەتتى:

— بىكارلا چېپىپ، نابۇت قىلىۋەتتى، لەنىتى شەيتان، ئىككى قاشا تامغا يېتەتتى! ئۇقتۇق، راسا قىلىچۋاز يىگىت ئىكەنسەن. ئاناڭ سېنى تۇغماي ئۆلسۇن! قولۇڭ قىچىشقان بولسا توقايلىقتا بېرىپ چاپمامسەن... ئالدىرىماي تۇر، يىگىت، ئەسكەرلىككە بارىسەن، شۇ چاغدا قىلىچۋازلىقنى قىلىپ كۆرسەن!... ئۇيەردە سەندەكلەرنىڭ تاناۋىنى بىر پەستە تارتىپ قويىدۇ...

# 21

كېلىن كۆچۈرۈش ئۈچۈن قوش ئات قوشۇلغان تۆت ھارۋا جابدۇتۇلغان ئىدى. بايرام كۈندىكىدەك ياسىنىۋالغان كىشىلەر مېلىخوپلارنىڭ قوراسىدا، ھارۋىلارنىڭ چۆرىسىدە توپ - توپ بولۇپ تۇرۇشاتتى.

يىگىت قولدىشى — پېترو، قارا كەمزۇل، يول - يول جىيەك تۇتۇلغان ھاۋارەڭ شالۋۇر كىيگەن، سول يېڭىگە 2 دانە ياغلىق چەككەن بولۇپ، ساپ - سېرىق بۇرۇتى ئاستىدىن توختىماي كۈلۈمسىرەپ، يىگىتنىڭ يېنىدا تۇراتتى.

— سەن، گىرىشكا، يۈرەكلىك بول! بېشىڭنى خورازدەك ئىگىز تۇت، نېمە ئانچە سۇلىشىپ تۇرىسەن؟

ھارۋىلارنىڭ يېنىدا كالدۇر - كۇلدۇر گەپ - سۆزلەر، ۋاراڭ - چۇرۇڭلار توختىمايتتى.

— تويى بېشى نەگە يوقالغاندۇر؟ ماڭىدىغان چاغ بولۇپ قالدىغۇ؟!

— كىچىك دادا!

— ھە؟

— كىچىك دادا، سەن ئىككىنچى ھارۋىغا ئولتۇر، ئاڭلىدىڭمۇ، ئاتا؟

— ھارۋىغا تۆشەك سالدىڭلارمۇ؟

— تۆشەك سالمىسىمۇ، قوۋۇرغاڭ سۇنمايدۇ، ھارۋىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

ئوزى يۇمشاق!

توق قىزىل يۇڭ يوپكا كىيگەن، تال چىۋىقتەك ئىنگىلىپ يۈرگەن دارىيە پەداز قىلىنغان كامان قاشلىرىنى ئۈينىتىپ پېترونى ئىنتىرەتتى.

ــ ماڭىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى، دادامنى چاقىر، ئۇ يەردىكىلەر ساقلاپ تۇرۇپ قالدۇ.

پېترو قەيەردىندۇر دىككاڭلاپ كېلىۋاتقان دادىسى بىلەن پىچىرلىشىپ سوزلەشكەندىن كېيىن بۇيرۇدى:

ــ هارۋىغا چىق! مېنىڭ هارۋامغا يىگىت بىلەن 5 كىشى چۈشسۇن. ئانىكەي، هارۋىنى سەن هەيدەيسەن.

هەممەيلەن هارۋىغا چىقىپ ئورۇنلاشتى. يۈزى قىزارغان ۋە كاتتا ياسانغان ئىلىئىنىچنا دەرۋازىنى ئاچتى. توت هارۋا كوچىدا بىر بىرىدىن ئوزۇپ، ئالدىغا ئوتۇپ كېتىش ئۈچۈن تىرىشاتتى.

پېترو گىرىگورىينىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان دارىيە چورىسىگە تور تۇتۇلغان قول ياغلىقىنى پۇلاڭلىتىپ باراتتى. ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يەرلەردە ناخشا ساداسى بىردىنلا ئۈزۈلۈپ قالاتتى. كازاكچە پكىلەرنىڭ قىزىل گەردىشى، كوك ۋە قارا مۇندىرلار، كالتە كەمزۇللار، ئاق لېنتا چىگىلگەن يەڭلەر، ئايالارنىڭ هەسەن ـ هۈسەندەك رەڭدار يىپەك روماللىرى، تۇرلۇك رەڭدىكى يوپكىلار... هەربىر هارۋىنىڭ ئارقىسىدىن كوتىرىلگەن ئاپپاق چاڭ ـ توزاڭ بۇلۇتى ... قىز كوچۈرىدىغانلار مانا شۇ يوسۇندا باراتتى.

مېلېخوپلارنىڭ خوشنىسى، گىرىگورىينىڭ ئىككى تۇققان

قېرىندىشى ئانىكەي ھارۋىنى ھەيدىدى. ئۇ شۇنچىلىك ئىگى-
شىپ ئولتۇرغان ئىدىكى، ھارۋىنىڭ ئالدى تاختىسىدىن پەس-
كە يىقىلىپ كېتىشكە تاس قالغاندەك كورۈنەتتى، قامچىسى-
نى قاسلىدىتىپ، «تىر - تىر!» دەپ چىرقىراپ قوياتتى، تەر-
گە چومگەن ئاتلار ئۈزۈن تاسمىلارنى ئۈزۈپ تاشلىغىدەك بو-
لۇپ، ئالغا ئۇچۇپ باراتتى.

— قامچىلا! ئۇر! — دەپ ۋاقىرايتتى پېترو.

ئايال مىجەز، كوسا ئانىكەي گىرىگورىيغا كوزقىسىپ،
سىپ - سىلىق يۈزىنى پۈرۈشتۈرۈپ ھىجىياتتى - دە، قامچى-
سىنى ئوينىتىپ ئاتلارنى ساۋىلايتتى.

— پوش-پوش!...— دەپ توۋلاپ قويىدى ئۇلارنى قوغلاپ يەت-
كەن ئىلىيە ئوۋ نىگىن، بۇگىرىگورىينىڭ ئاناتەرەپ تاغىسى ئىدى.
گىرىگورىي تاغىسىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان بەختىيار دۇناشكىنى
كورۈپ قالدى؛ ئۇنىڭ قارامتۇق مەڭزى خوشاللىقتىن لىكىل-
داپ تۇراتتى.

— ياق، تۇرۇپ تۇر! — دەپ ۋاقىرايتتى ئانىكەي ۋە
ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ قاتتىق ئىسقىرتتى.

ئاتلار پۈشقىرىپ، ئوقتەك ئۇچۇپ باراتتى.

— يىقىلىپ چۈشىسەن!... — دەپ چىقىردى دارىيە
جايىدىن قوزغىلىپ ۋە دەرھال ئانىكەيىنىڭ لاكلانغان پاقى-
راق ئوتتۇگىنى قۇچاقلىۋالدى.

— كوزۈڭگە قارا!... — دەپ توۋلىدى بىر تەرەپتە
ئىلىيە تاغا، ئۇنىڭ ئاۋازى چاقلارنىڭ گۈلدۈرلىگەن ساداسى
ئاستىدا ئاڭلانماي قالدى.

يەنە ئىككى ھارۋا يولدا يانمۇ يان چېپىپ كېلىشەت-

تى، بۇ ھارۋىلارنىڭ ئۈستىگە رەڭمۇ ـ رەڭ كىيىم كىيگەن ئادەملەر لىق تولغان ئىدى. دۇمبىسىگە قىزىل، ھاۋارەڭ ۋە شاپتۇل چېچىكى رەڭ يوپۇقلار يۆپىلگان ۋە يايلى بىلەن پېشانىسىغا قەغەز گۈل، لېنتە چىگىلگەن ئاتلار قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ، ئاغزىدىن ئاپپاق ماغزاپتەك كوپۇك ئاققۇزۇپ، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يولدا ئۇچۇپ بېرىشاتتى. شامال ئاتلارنىڭ تەرلىگەن ساغرىلىرى ئۈستىدىكى يوپۇقلىرىنى يەلپۈلدىتەتتى.

كورشۇنوپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بىر توپ بالا قىز كوچۇر گۈچىلەرنى ساقلاپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار يولدا چاڭ ـ توزاڭ پەيدا بولغانلىقىنى كورۇش بىلەنلا ھويلىغا چېپىپ كىرىشتى.

ــ كېلىشىۋاتىدۇ!

ــ راسا چاپتۇرۇپ كېلىشىۋاتىدۇ!

ــ ئەنە كورۇندى!

ئۇلار گېتكونى ئورۇۋېلىشتى.

ــ نىمە قىلىسىلەر بۇ يەردە، ئادەمنى قىستاپ! يولنى ئېچىۋېتىڭلار شۇمتەكلەر! چۇقىرىشىپ قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتتىڭلىغۇ!

ــخوخۇل، ياغلىقاپاقخوخۇل، كەل، سەنبىلەنتىركىشىمىز، خوخۇل، خوخۇل!... قارامايچى!... ــ دەپ چۇقىراشتى بالىلار. ئۇلار گېتكونىڭ تاغاردەك كەڭ شالۋۇرى ئەتراپىدا سەكرىشەتتى.

لېكىن ئۇ، قۇدۇقتا ئېگىشىپ قارىغان ئادەمدەك بېشىنى ئېگىپ، شوخلۇق قىلىۋاتقان بالىلارغا مەسلىكى كېلىپ، يوغان قوسىغىنى قاشلاپ، مۇلايىملىق بىلەن كۇلەتتى.

ھارۋىلار گۈلدۈرلەپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى، پېترو گىرىگورىيېنى پەلەمپەي تەرەپكە باشلاپ ماڭدى. قىز كوچۇرۈشكە كەلگەنلەر ئۈلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

دەھلىز بىلەن ئاشخانا ئارىلىغىدىكى ئىشىك تاقاپ قويۇلغان ئىدى.

پېترو ئىشىكنى قاقتى.

— يا ھەزرىتى ئەيسا، بىزگە رەھمەت قىلغىن.

— ئامىن، — دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ئىشىكنىڭ ئىچىدىن.

پېترو يەنە تاقىلداتتى، ھىلىقى سوزلەر ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى. ئىچكىرىدىكىلەرنىڭ ياندۇرۇق ئاۋازى غۇۋا ئاڭلىناتتى.

— كىرىشكە رۇخسەت قىلامسىلەر؟

— مەرھەمەت.

ئىشىك ئېچىلدى. ناتالىيىنىڭ چوقۇندۇرغان ئانىسى — ھازىر يەڭگە بولغان چىرايلىققىنا تول ئايال پېتروغا نازاكەت بىلەن تەبەسسۇم قىلىپ تازىم بەجا كەلتۈردى.

— قولداش يىگىت، سالامەتلىك ئۈچۈن كوتىرىۋەت!

يەڭگە ئايال بىر ئىستاكان سۈزۈلمىگەن كۈۋاسنى سۇندى، پېترو بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ، بىرلا ئىچىۋەتتى - دە، كوپچىلىكنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈرۈپ، تامىغىنى قىرىپ قويدى.

— يەڭگە، مېنى بۇ نىمەڭ بىلەن مېھمان قىلىپ، راسا باپلىدىڭ! توختاپ تۇر، جانان، مەنمۇ سېنى شۇنداق مېھمان قىلايكى، كوزۇڭدىن ياش چىقىپ كەتسۇن!...

— ئەپۇ قىلىڭ، مەرھەمەت قىلىپ، — دەپ تازىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تورى

قىلدى يەڭگە ۋە پېتروغا قاراپ مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى.

قولداش بىلەن يەڭگە سوزمەنىلىك قىلىپ بولغىچە، يىگىتنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرىغا، تويىنىڭ شەرتىگە مۇۋاپىق، ئۈچ رومكىدىن هاراق تۇتتۇلدى.

نىكا كوينىكىنى كېيىپ، بېشىغا ئاپپاق تور رومال ئارتقان ناتالىيىنى شىرە يېنىدا بىرقانچىسى قوغدىشاتتى. مارىشكا قولىنى سوزغان پېتى نوغۇچ تۇتۇپتۇراتتى، گىرىپ-كا بار كۈچى بىلەن غەلۋىرنى سىلكىتەتتى.

ۋوتكىدىن بېشى ئايلانغان، تەرگە چومگەن پېترو رومكا ئىچىكە يېرىم سوملۇق تەنگە سېلىپ، تازىم بىلەن قىزچاقلارغا ئۇزاتتى. يەڭگە ئايال مارىشكىغا كوز ئىشارىسى قىلىپ قويدى، قىز نوغۇچنى شىرەگە ئۇرۇپ:

— بەك ئاز! بۇنىڭغا كېلىنىنى ساتمايمىز!... — دىدى.

پېترو بىر قىسىم جىرىڭلاپ تۇرغان ئۇششاق تەڭگىلەرنى رومكىغا سېلىپ يەنە ئۇزاتتى.

— ساتمايمىز! — دەپ چۇقىراشتى سىڭىللەر يەرگە قاراپ تۇرغان ناتالىيىنى جەينىكى بىلەن ئىتتىرىپ.

— يەنە قانداق قىلىمىز! بەرگەن پۇلىمىز بەك كوپ بولۇپ كەتتى.

— بولۇپتۇ قىلىپبىر تەرەپكە تۇرۇڭلار، قىزلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى مىرون گىرىگورىيېۋىچ ۋە كۈلۈمسىرەپ شىرەگە يېقىنراق سۇرۇلدى. ئۇنىڭ سېرىق ياغ سۇرتۇپ تارالغان مەللەرەك چېچىدىن تەر بىلەن چىرىگەن ئوغۇتنىڭ پۇرىقى كېلەتتى.

شىرە ئەتراپىدا ئولتۇرغان قىزنىڭ ئۇرۇق - تۇققان، قوۋم - قېرىنداشلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، جاي بوشاتتى.

پېترو ياغلىقنىڭ بىر ئۇچىنى گرىگورىيغا تۇتقۇزۇپ، ئۇزۇن بەندىگىنىڭ ئۇستىگە چىقتى - دە، ئۇنى شىرەنىڭ يېنى بىلەن يېتىلەپ، بۇتنىڭ رەسمى ئاستىدا ئولتۇرغان كېلىنىنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى، ئىزا تارتىپ قوللىرىغىچە تەرلەپ كەتكەن ناتالىيە ياغلىقنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتتى.

شىرەنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغانلار پىشۇرۇلغان توخۇ گوشىنى شالاپلىتىپ چاينىشاتتى، قوللىرىنى چاچلىرىغا سۇرتەتتى، ئانىكەي توخۇنىڭ توشىنى غاجىلايتتى، ساپ - سېرىق يېغى ئېڭىگىدىن ئېقىپ ياقىسىغا چۈشەتتى.

گرىگورىي ياغلىق بىلەن چىگىپ قويۇلغان ئۇزىنىڭ ۋە كېلىنىنىڭ قوشۇقلىرىغا، سىرلانغان جاۋۇردىكى ھورى چىقىپ تۇرغان ئۇگرە ئاشقا زوقلىنىپ قارايتتى، قوسىغى ئاچ بولغانلىقتىن نەپسى تاقىلداپ، ئىچى كولدۇرلاپ كەتتى.

دارىيە ئىلىيە تاغىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بولۇپ، تىنىمسىز ئۇزىنى مېھمان قىلاتتى، ئىلىيە تاغا بورە چىشلىرى بىلەن قوي قوۋۇرغىسىنى غاجىلاشقا كىرىشىپ كەتكەن ئىدى، ئېھتىمال، دارىيە بىئەدەپ گەپلەرنى قىلغان بولسا كېرەك، شۇڭا كوزلىرىنى قىسىپ، قاشلىرىنى چىمىلدىتىپ، ئۇزىچە قىزىرىپ، كۇلۇپ قوياتتى.

مېمانلار بېشىنى كوتەرمەستىن، تويغىچە تاماق يېيىشتى. ئەرلەرنىڭ بەدبۇي تەرپۇرىغىغا ئاياللارنىڭ ئوتكۇر، خۇشبۇي ھىدلىرى ئارىلىشىپ كەتتى. ساندۇقلاردا بېسىلىپ قالغان يوپكا، ئەرلەرچا پىنىي ۋە تىۋىت روماللاردىن ناپتالىن ۋە قاندا قتۇر

ئاچچىق ـ چۇچۇك پۇراق گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇراتتى.

گىرىگورىي كوزقىرى بىلەن ناتالىيىگە قاراپ قويدى، ناتالىيىنىڭ توپە كالپۇكى بىر ئاز قىلىنراق بولۇپ، تىۋەنكى كالپۇكى ئۇستىدىن ئېسىلىپ چۇشكەنلىكىنى ئەمدىلا بايقىدى، يەنە ئۇڭ مەڭزىدە ياڭاق سوڭىكى ئۇستىدە جىگەررەڭ مېڭى بولۇپ، مەڭىنىڭ ئۇستىدە ئالتۇنسىمان ئىككى تال تۇك بار-لىقىنى كوردى ـ دە، ئىمىشقىدۇر بۇنىڭدىن كوڭلى غەش بولدى. شۇچاغدا ئاكسىنىيىنىڭ نازۇك بوينى ۋە گەجگىسىگە چۇشۇپ تۇرغان جىنگىلەك چاچلىرى ئېسىگە چۇشۇپ، شۇنداق بىر ھىس پەيدا بولدىكى، گويا بىرسى گىرىگورىينىڭ كوينىكىنىڭ ياقىسىدىن تەرلەپ كەتكەن دۇمبىسىگە يىرىك سامان تىقىپ قويغاندەك بولدى، ئۇ داستىخان ئۇستىدە ماچىلدىتىپ تاماق يەۋاتقان، شالاپلىتىپ بىرنەرسە ئىچىۋاتقان ئاچقوساق كى-شىلەرگە پەرىشانلىق بىلەن قاراپ، بەدىنى شۇركىنىپ كەتتى.

كوپچىلىك داستىخاندىن تۇرۇپ كەتكەندە، ئاغزىدىن ئېچىغان بۇغداي ئىىنى بىلەن ئاچچىق بوزا پۇرىقى كېلىپ تۇرغان بىر كىشى گىرىگورىيغا ئېگىشىپ، ئۇنىڭ ئوتۇگىنىڭ قون-چىغا بىر سىقىم سوك قۇيۇپ قويدى: بۇ ئىش كۈيوغۇلغا كوزتەگمىسۇن دىگەن نىيەت بىلەن قىلىنغان ئىدى، بۇ سوك قايتقان چاغدا يول بويى گىرىگورىينىڭ ئايىغىغا پاتاتتى، كوينىكىنىڭ تارياقىسى گېلىنى بوغاتتى، توي رەسمىيەتلىرىدىن بىزار بولغان گىرىگورىي ئاچچىق غەزەپ بىلەن ئوزىنى ئوزى مىڭنى تىللاپ كەتتى.

# 22

كورشۇنوپلارنىڭكىدە دەم ئالغان ئاتلار مېلېخوپنىڭ هويلىسىغىچە بار كۈچى بىلەن تىنماي چېپىپ باردى. قوشقۇن تاسمىلىرى ئاتنىڭ ساغرىسىدىن ئاققان تەردىن كۆپۈپ كەتتى.

شىركەيىپ بولغان هارۋىكەشلەر ئاتلارنى ئايىماستىن قامچىلايتتى.

قىز كۈچۈرگۈچىلەرنى قېرىلار كۈتۈۋېلىشتى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ كۈمۈشتەك ئاق ئارىلىغان قاراسا قىلىنى پارقىرىتىپ بۇتىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئىلىئىنىچنا مۇئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى؛ يۇپقا لەۋلىرى تاشتەك قاتقان گىرىنگورىي ناتالىيە بىلەن بىللە ئۈستۈۋېشىغا چېچىلغان بۇغداي، شاراپ ئىچىتقۇسىنىڭ پۇرىغىنى تارقىتىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا پاتىھە ئېلىش ئۈچۈن باردى، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ پاتىھە بېرىۋاتقاندا كۆزىدىن ياش تامچىلاشقا باشلىغاچ، كىشىلەر ئالدىدا كۆڭلى يۇمشاقلىقىنى بىلدۈرۈپ قويغانلىقىغا ئوڭايسىزلىنىپ، خىجىللىقتىن قاپىقىنى تۈرۈۋالدى.

يېڭى ئەر - ئايال ئۆيگە كىرىشتى. ۋودكىنىڭ تەپتىدىن قىزىرىپ كەتكەن ۋە يول ئازاۋى بىلەن ئاپتاپتا كۆيۈپ - پىشقان دارىيە پىشايۋانغا چىقىش بىلەنلا ئۇچاق بېشىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان دۇناشكىغا ۋاقىرىدى:

— پېترو قېنى؟..

— كۆرمىدىم.

— پوپقا تېزرەك خەۋەر بېرىش كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇ لەنىتى قەيەرگە يوقاپ كەتكەندۇر؟

ئادەتتىكىدىن كۆپرەك ئىچىپ قويغان پېترو ئالدى ياغىچى ئېلىپ تاشلانغان هارۋىنىڭ ئۈستىدە ئىڭراپ ياتاتتى، دارىيە ئۇنىڭغا لىچىندەك ئېتىلدى.

— ئۆلگىدەك ئىچىپسەن - ھە، ئەبلەخ! پوپنىڭ قېشىغا بېرىش كېرەك!... تۇر!...

— يوقال كۆزۈمدىن! سېنى تونۇمايمەن! سېنى كىم خوجايىن قىلىپ قويدى؟ — دەپ ئۆزىچە چوڭچىلىق قىلاتتى پېترو ۋە قولى بىلەن يەرنى كولاپ، توخۇنىڭ گەندىسىنى ۋە چېچىلىپ ياتقان سامانلارنى بىر يەرگە يىغاتتى.

دارىيە يىغلاپ تۇرۇپ، ئىككى بارمىقىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تىقتى - دە، ۋاتىلداپ تۇرغان تىلىنى بېسىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قۇسۇشىغا ياردەملەشتى، ئاندىن توساتتىن بېشىغا بىر چېلەك قۇدۇق سۈيىنى قۇيغان ئىدى، پېترو ئەندىكىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن قولىغا چىققان ئات يوپۇقى بىلەن پېترونىڭ باش - كۆزىنى پاكىز ئېرتىپ، ئۇنى پوپنىڭ قېشىغا باشلاپ كەتتى.

بىر سائەتتىن كېيىن گىرىگورىي چېركاۋدا يوپ - يورۇق شاملارنىڭ نۇرىدا يەنمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەن ناتالىيەنىڭ يېنىدا تۇراتتى، قولىدىكى موم شامنى سىقىملاپ ئېزىپ، پىچىرلىشىپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ قېلىن سېپىگە كۆز يۈگۈرتەتتى - دە، ئىچىدە: ئويۇن - تاماشا تۈگىدى، ئەمدى شوخلۇق قىلالمايمەن... دەپ تەكرارلايتتى. ئارقىسىدا يۈزى ئىششىپ كەتكەن پېترو يوتىلەتتى، قەيەردىدۇر، توپنىڭ ئىچىدە

دۇناشكىنىڭ پارقىراپ تۇرغان كوزلىرى كوزگە چېلىقاتتى؛ قايسى بىر كىشىلەرنىڭ تونۇش ۋە ناتونۇش يۈزلىرى كورۈنەتتى؛ ئىنچىكە ۋە يوغان ئاۋازلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان خور سادالىرى، پوپنىڭ سوزۇپ ئوقۇغان دۇئالىرى قۇلاققا كىرىپ تۇراتتى. گىرىگورىينىڭ ۋۇجۇدىنى بىپەرۋالىق تۇيغۇسى قاپلىۋالدى. ئۇ مۇنبەر ئەتراپىدىن ئايلانغاندا، بۇرنى پاناق پوپ ۋىسسارىئوننىڭ ماكچىيىپ كەتكەن ئوتۇگىنىڭ ئارقا تەرىپىنى دەسسىۋالاتتى، پېترو ئۇنىڭ كالتا كەمزۇلىنىڭ پېشىنى سەزدۈرمەستىن تارتىپ قويغاندىلا، توختاپ قالاتتى؛ گىرىگورىي ۋىلىلداپ يېنىپ تۇرغان شامالارنىڭ يورۇقىغا قاراپ، ئۇنى ئوز ئىلكىگە ئالماقچى بولغان ئۇيقۇغا قارشى كۈرەش قىلاتتى.

— قېنى، ئۆزۈكلىرىڭلارنى ئالماشتۇرۇڭلار، — دېدى پوپ ۋىسسارىئون گىرىگورىينىڭ كوزىگە مۇلايىملىق بىلەن قاراپ.

ئالماشتۇرۇشتى. «تېز تۈگەمدۇ» — دەپ سورىدى گىرىگورىي كوزى بىلەن ئىما قىلىپ يېنىدىكى پېترودىن، پېترو مۇھىجىسىيىپ، لېۋىنىڭ بۇرجىكىدە پىچىرلاپ: «ئازقالدى» دېگەندەك بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن گىرىگورىي ئايلىنىڭ چۆچۈمەل ھول لىۋىدىن ئۈچ قېتىم سويدى، چېركاۋدا ئوچۇرۇلگەن شامالارنىڭ بەدبۇي ئىسى ھاۋانى قاپلاپ كەتتى، كىشىلەر بىر بىرىنى ئىتتىرىشىپ، ئىشىككە تىقىلىشىپ كوچىغا چىقىشقا ئالدىراشتى.

گىرىگورىي ناتالىيىنىڭ يىرىك، قوپال قولىدىن تۇتۇپ چېركاۋنىڭ ئالدىغا چىقتى. كىمدۇ بىرسى ئۇنىڭ شەپكىسىنى بېشىغا بېسىپ كىيگۈزۈپ قويدى، جەنۇپ تەرەپتىن ئىللىق شامال شىۋاق پۇرىقىنى ئېلىپ كېلەتتى، دالىدىن سالقىن شامال چىقاتتى، دونىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئېرىقى تەرىپىدە چاقماق چېقىپ، يامغۇرنىڭ شەپىسى كېلەتتى.
ئاپپاق شالاسۇن تامالارنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان ئاتلار تىپىر-
لايتتى، قوڭغۇراقلارنىڭ نازۇك جاراڭلىغان ساداسى ۋاراك-
چۇرۇڭغا ئارىلىشىپ كېتەتتى.

## 23

يىگىت بىلەن قىزنى چېركاۋغا ئېلىپ كېتىشكەندىن كېيىنلا
كورشۇنوپلار كېلىشتى، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئاكىچە بىر
نەچچە قېتىم دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كوچىغا قارىدى،
ئەمما ياتاق باسقان كۆلرەك يولدا ئىنسى جىن كورۈنمەيتتى.
ئاندىن دوننىڭ نېرىقى تەرىپىگە قارىدى، ئۇ تەرەپتە ئور-
مانلار سارغىيىپ، پىشقان قومۇشلار بېشىنى كوتىرەلمەي، قىر-
غاقتىكى كول ۋە قىياق ئوتلار ئۈستىدە ئېگىلىشىپ تۇراتتى.
باش كۈزنىڭ ئارامبەخش سالقىنى ئاخشامنىڭ كوكۈش
قاراڭغۇلىغى بىلەن قوشۇلۇپ، پۈتۈن يېزىنى، دون دەرياسىنى،
گەج تاغ ئېتەكلىرىنى، دوننىڭ نېرىقى ياقىسىدىكى بىنەپشەرەڭ
قىزىللىقتا چومگەن ئورمانلارنى، كەڭ دالىنى قاپلاشقا
باشلىغان ئىدى، توت كوچىنىڭ چوڭ يولغا بۇرۇلىدىغان
دوقمۇشىدا قەدكوتەرگەن چېركاۋنىڭ ئۇچلۇق مۇنارىسى نەي-
زىدەك كوككە تىكىلگەن ئىدى.
پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ قۇلىغىغا هاۋا چاقلىرىنىڭ
غۇۋا تاراقشىغان ئاۋازى ۋە ئىتلارنىڭ قاۋىشى ئاڭلاندى، ئار-
قىدىنلا مەيدان تەرەپتىن كوچىغا ئىككى هارۋا تېز ئېتىلىپ

چىقتى، ئالدىدىكى ھارۋىدا يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا مىرون گىرىگورىيېۋىچ بىلەن لۈكىنىچنا ئىككى ياققا تەۋرىنىپ ئولتۇراتتى، بۇلارنىڭ ئالدىدا يېڭى مۇندىر كىيگەن، گىئورگىي ئوردېنلىرى بىلەن باشقا بىر قانچىلىغان مېداللارنى تاقىغان گىرىشاكا بوۋا ئولتۇرغان ئىدى. ھارۋىنى مىتكا ھەيدىگەن بولۇپ، ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن ئولتۇرۇپ، يولبويى چېپىشۋېرىپ قېنىدىن چىققان سېمىز، قارا ئاتلارنى يەنۇ قىزىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن قامچىسىنى ئولتۇرغان جايىنىڭ تېگىگە قىستۇرۇپ قويغان ئىدى. ئىككىنچى ھارۋىنى ھەيدىگەن مىخېي ئارقىسىغا تاشلىنىپ، تىزگىننى كۆچىنىڭ بېرىچە تارتىپ، چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتلارنى توختىتىۋېلىپ، ئاستا ماڭغۇزۇشقا تىرىشاتتى. مىخېينىڭ سوزۇق، قاشسىز يۈزى پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن، شەپكىسىنىڭ پۈكۈلۈپ قالغان كوزىركىسى ئاستىدىن چېپىلداپ تەر ئاقاتتى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ دەرۋازىنى چوڭ ئاچتى، ھارۋىلار بىر بىرلەپ قوراغا كىردى.

ئىلىنىچنا بويىنىغا زەدەك سوزۇپ، پېشايۋاننىڭ پەلەمپېيىدىن پەسكە چۈشتى ـ دە، كويئىگىنىڭ ئېتىكىنى ئەخلەتلەرگە سۆرەلدۈرۈپ قۇدىلارنىڭ قېشىغا كەلدى.

— مەرھەمەت، ئەزىز قۇدىلىرىم! بىزنىڭ پېقىرانە ئۆيىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىڭلار! — دېدى ـ دە، ئىگىز كېلىشكەن قامىتىنى ئېگىپ تازىم قىلدى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ، بېشىنى يان تەرەپكە قىشايتۇرۇپ، غۇلىچىنى كەڭ يايدى ـ دە:

— قەدەملىرىڭىزگە قۇللۇق، قۇدىلىرىم! قېنى مەرھە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەت! — دېدى. ئاندىن ئاتلارنى ھارۋىدىن چىقىرىشقا بۇيرۇپ، قۇدىلىرىنىڭ قېشىغا كەلدى.

مىرون گىرىگورىيېۋىچ شالۋۇرىغا قونغان چاڭ-توپىنى قېقىپ تازىلىدى. قۇدىلار ھال-ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن پەلەمپەيدىن چىقىشقا باشلىدى. ھارۋا بەك تېز ھەيدەلگەنلىكتىن، گىرىشاكا بوۋا بىئارام بولغان ئىدى، ئۇ ئارقىدىراق قالدى.

— مەرھەمەت قىلىڭلار، قۇدىلىرىم، كىرىڭلار! — دەپ تاۋازۇلۇق بىلدۈردى ئىلىنىچنا.

— خوش، خوش، رەھمەت سىزلەرگە... كىرىمىز...

— سىزلەرنى راسا كۈتتۇق، مەرھەمەت قىلىڭلار. مانا، قۇدامنىڭ مۇندىرىنى تازىلاشقا سۈپۈرگە بېرىمەن. يا ئاللا، چاڭ-توزاڭدىن نەپەس ئالغىلى بولمايدۇ.

— توغرا-توغرا، ھەممەيەر قۇرغاق، شۇڭا چاڭكوپ! بىزاۋىتە بولماڭ، قۇدام، مەن مانا ھازىرلا... — گىرىشاكا بوۋا كالتاپەم ئىلىنىچناغا تازىم قىلىپ، ئارقىسى بىلەن ئاستا-ئاستا لاپاس تەرەپكە سۈرۈلۈپ، سىرلانغان شامالدۇرغۇچ ماشىنىنىڭ يان تەرىپىگە ئۆتۈۋالدى.

— سەن ياشانغان ئادەمگە نىمە ئانچە يېپىشىۋالىسەن، ئەخمەق؟ — دەپ كايىپ كەتتى پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ پەلەمپەيىنىڭ ئالدىدا ئىلىنىچنا بىلەن دوقۇرۇشۇپ، — ئۆبىچارە ئادەم ئۆزىنىڭ قېرىلىقى سەۋىۋى بىلەن ھاجىتى قىستاپ، ئارانلا كەلگەن تۇرسا، بۇ ئەخمەقنىڭ ئىشىنى قاراڭلار... تۇۋى، خۇدايا تۇۋا، پەم بولمىسا تەس گەپ-دە!

— مەن بۇنى نەدىن بىلەي؟ — ئىلئىنچىنا خىجىل بولدى.

— ئويلاش كېرەك - دە. بولۇپتۇ، ھېچگەپ يوق، بار، قۇدا قۇشنانچىمنى ئويگە باشلاپ كىر!

داستىخان راسلانغان شىرە ئەتراپىدا شىركەيىپ مېھمانلارنىڭ گۈرۈڭلىگەن ئاۋازى بېسىلمايتتى. قۇدىلارنى مېھمانخانىغا ئېلىپ كىرىپ شىرە يېنىغا ئولتۇرغۇزۇشتى. كوپ ئوتمەي ياشلار چېركاۋدىن قايتىپ كېلىشتى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ شىشىدىن ھاراق قۇيۇۋاتقاندا كوزى ياشلىنىپ كەتتى.

— قېنى، قۇدىلار، بالىلىرىمىز ئۈچۈن ئىچەيلى، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئىناق ئوتۇپ، تەڭ قېرىسۇن... ھەر ئىككىسى بەختىيار بولۇپ، ئوز ئومرىنى ئاسايىشتا ئوتكۈزسۇن...

گىرىشاكا بىرۋىغا چوڭراق رومكىدا ھاراق تۇتقان ئىدى. ئۇ يېرىمىنى كوكۈش ساقال - بۇرۇت باسقان ئاغزىغا، يېرىمىنى مۇندىرىنىڭ قاتۇرما ياقىسىغا قۇيۇپ تۈگەتتى. رومكىنى سوقۇشتۇرۇپمۇ ئىچىشتى، سوقۇشتۇرمايمۇ ئىچىشتى. ۋاراڭ - چۇرۇڭلار خۇددى يەرمەنكىدەك ئىدى. شىرەنىڭ ئەڭ چېتىدە ئولتۇرغان كورشۇنوپلارنىڭ يىراق تۇققىنى، بۇرۇن ئاتامان پولكىدا خىزمەت قىلغان نىكىفور كولوۋېيدىن ھىلىلىدەك قورۇلۇپ كەتكەن قولىنى كوتىرىپ:

— گوركا! ① — دەپ ۋاقىرىدى.

— گور — كا! — دەپ باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

---

① رۇسلارنىڭ ئادىتى بويىچە، تويدا «گوركا!» دەپ توۋلىغاندا يىگىت بىلەن كېلىن قىز سويۇشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

— ئاھ، گوركا!... — دەپ ۋاقىراشتى ئاشخانىدا لىق تولغان ئادەملەرمۇ بىر يولى.

گىرىگورىي قاپىقىنى تۈرۈپ ئايلىنىش چۆچىمەل لىدىن سۆيدى - دە، ئەتراپىغا ئاچچىق نەزەر بىلەن كۆز يۈگۈرتتى.

شاراپتىن يۈزلەر قىزارغان، مەستلىكتە كۆزلەر خىرەلىشىپ، ھايا يامسىزلارچە ھەجىيىپ قارىشاتتى، ماچىلدىتىپ نەرسە چايناۋاتقان ئېغىزلار كەشتە تىكىلگەن داستىخانلارغا شولىگەيلەرنى ئېقىتىشاتتى، قىسقىسى، توي - تاماشا ئىدى.

نىكىفور كولوۋېيدىن كاماك چىش ئاغزىنى ئېچىپ قولىنى كۆتەردى.

— گوركا!... — ئۇنىڭ ھاۋارەڭ ئاتامانچە مۇندىرىنىڭ يېڭىگە ئۈچ ئالتۇن جىيەك تۇتۇلغان ئىدى، — بۇ — ھەربىيلىكتە بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن ئۇزۇن خىزمەت قىلغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى.

— گو - ر - كا!...

گىرىگورىي كولوۋېيدىنىڭ كاماردەك ئېچىلىپ تۇرغان كەمشۈك ئاغزىغا نەپرەت بىلەن قاراپ قويدى. بۇ قېرى «گوركا» دەپ تولۇلغاندا، كاماك چىشلىرى ئارىسىدىن قىپ - قىزىل تىلى نوغا ئوخشاش چىقىپ تۇراتتى.

— سويۇشكىلار، ئاشىق - مەشۇقلار ... — پېترو ھاراق بىلەن نەملىشىپ كەتكەن بۇرۇتىنىڭ ئۇچلىرىنى مىدىرلىتىپ پىچىرلىدى.

شىر كەيىپ بولۇپ لالىدەك قىزىرىپ كەتكەن داريە ناخشا باشلىدى، باشقىلار جور بولدى. ناخشا مېھمانخانىغا يوتكەلدى:

ئەنە دەريا ۋە كوۋرۇك،
بىز شۇ يەردىن ئۆتەيلۇق...

ناخشا ئاۋازلىرى بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتتى، خىرىستونەنىڭ ئاۋازى ھەممىنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ، دەرىزە ئەينەكلىرىنى جاراڭلىتىۋەتتى:

بىزگە قەدەھ تۇتسۇنچۇ،
ئىچىشىمىزنى كورسۇنچۇ.

ياتاق ئۆيدە بىرتوپ ئاياللار تەڭلا چىرقىراشتى:

ناخشا توۋلاپ قىش ـ يازىم،
پۈتۈپ قالدى ئاۋازىم.

كىمدۇ، بىر قېرى كىشىنىڭ بوچكا چەمبىرىدەك تىترىگەن ئاۋازى ئاياللارنىڭ ئاۋازىنى كۆچلەندۈردى.

توۋلاپ ھەي ـ ھەي ناخشىنى،
پۈتۈپ قالدى ئاۋازىم.
باققا كىرىپ شورىدىن،
ئوغرىلايسەن غورىدىن.

— ئۆينايلى، ياخشى كىشىلەر!...
— قوي گوشىدىن يەپ باق.
— قولۇڭنى تارت، ئىبرىم ئەنە قاراپ تۇرىدۇ.
— گور ـ كا!...
— يىگىت قولدىشى تازا بىئەدەپ ئىكەن، يەڭگە ئا-
يال بىلەن قىلغان مۇئامىلىسىنى قاراڭ.

— ياقەي، يا ـ ق، سەن بىزنى قوي گوشى بىلەن مېھمان قىلماي قوي... مەن سىتىپرلەت بىلىغى يېيىشىم مۈمكىن... ۋە شۇنى يەيمەن، ئۇ ياغلىق ئىكەن.

— پىروشكا، دوستۇم، كەل قاتتىقراق بىر ئۇرۇشتۇرۇپ ئىچەيلى.

— يائاللا نىمە دىگەن كۈچلۈك، گېلىمنى كۆيدۈرۈۋەتتىغۇ...

— سېمون گوردېيېۋىچ!

— ھە! نىمە دەيسەن؟

— سېمون گوردېيېۋىچ!

— ماڭ، يوقال!

ئاشخانىنىڭ پولى تەۋرىنىپ، ئوپـۇر ـ توپۇر بولۇپ كەتتى، ئاياق پاشنىلىرى دۈپۈرلەشكە باشلىدى، بىرسىتاكان يەرگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئىچىدە ئاڭلانماي قالدى. گىرىگورىي شىرە يېنىدا ئولتۇرغانلارنىڭ بېشى ئۈستىدىن ئاشخانا تەرەپكە نەزەر تاشلىدى: ئايالLار قىقاس ـ چۇقان كوتىرىپ، دائىرە شەكلىدە ئۇسۇلغا چۈشكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ يوغـان قۇيرۇقلىرى پىلـتىڭلاپ تۇراتتى (ئورۇق ئايالLار يوق ئىـدى، چۈنكى بۇلارنىڭ ھەربىرى بەش ـ ئالتىدىن يوپكا كىيىۋالغان ئىدى)، ئۇلار چېتىگە تور تۇتقان قول ياغلىقلىرىنى بېشى ئۈستىدە پىقىرىتىپ جەينەكلىرىنى لىكىلدىتىپ ئويناپتتى.

ئۈچ قاتار تۈگمىلىك گارمون ئاۋازىقۇلاقنى يارغىدەك جاراڭلىدى، گارمۇنچى باس ئاۋازلىق تۈگمىلەرنى مۇۋاپىق بېسىپ كازاچكا ئۇسۇلىغا چالدى.

— ئورتىنى ئېچىپ دەۋرە قۇرايلى! قېنى دا ئېرە بولايلى!

— بىر ئاز سۇرۇلەيلى مېھمانلار! — پېترو، ئۇسۇلغا چۈشۈپ تەرلەپ كەتكەن ئاياللارنىڭ قوسىغىدىن ئىتتىرىپ جاي بوشاتتى.

گرىگورىي بىردىن جانلىنىپ ناتالىيىگە كۆز قىستى:

— پېترو هازىر كازاچكىنى سويۈۋېتىدۇ، قاراپ تۇر.

— كىم بىلەن ئوينايدۇ؟

— كورمەيۋاتامسەن؟ سېنىڭ ئاناڭ بىلەن.

لۈكىنىچنا قوللىرىنى ئىككى بېقىنىغا تىرىدى. سول قولىدا ياغلىغى بار ئىدى.

— قېنى، چۈشمەمسەن، بولمىسا، ئۆزەم باشلىۋېتىمەن!...

پېترو ئۇششاق قەدەم بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە، تىزلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن ئېگىپ زوڭزىيىپ ئويناپ، يەنە ئۆز جايىغا قايتتى، لۈكىنىچنا خۇددى توختاق سۇنىڭ ئۇستىدىن ئاتلاپ ئۆتمەكچى بولغاندەك ئىتىكىنى يىغىپ، ئايىغىنىڭ ئۇچى بىلەن ئۇششاق، تېز ـ تېز چامداپ، «هوي بەللى!» دېگەن سادا ئاستىدا ئەركىشى پەدىسىگە ئايىغىنى تاقىلىتىپ ئويناپ كەتتى.

گارمۇنچى تۈۋەنكى تۈگمىلەرنى ئۇششاق بېسىپ چېلىشقا باشلىغاندا، پېترو جايىدىن بىرلا ئىرغىدى ـ دە، ئۇھ ـ ئۇھلاپ، تىزىنى پۈكۈپ زوڭزايغان پېتى ئويناپ كەتتى. ئۇ بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ، ئۆتىگىنىڭ قونچىغا شاپىلاقلاپ ئۇراتتى، ئاياقلىرى هەيران قالغىدەك تېز ئايلىناتتى، ماگلىيىدىكى تەردىن نەملىشىپ كەتكەن چوققا چېچى ئايى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەت ئادرېسى

منىڭ ھەركىتىگە يېتىشەلمەي، ئـۇيا قتىن بـۇيا قتا تاشلىنىپ تۇراتتى.

ئىشىك ئـالدىغا تـوپلاشقان كـىشىلەر گـىرىگورىينىڭ ئالدىنى توسىۋالغانلىقتىن، پېترونى كورەلمەي قـالدى. ئۇ پەقەت ناھال قېقىلغان پاشىلارنىڭ تاقىرلىغان ئاۋازىنى ۋە مەس بولۇپ قالغان مېھمانلارنىڭ «ھوي بـەللى!» دەپ ۋاـقىراشلىرىنىلا ئاڭلىيالىدى.

ئاخىرىدا مىرونگىرىگورىيېۋىچ ئىلگىرىچنا بىلەن ئۇسۇلغا چۈشتى، ئۇ قولىدىن كېلىشىچە بار ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ چاقـقان ھەم جىددى ئوينىدى.

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ چاسا ئورۇندۇقنىڭ ئـۈستىدە تۇرۇپ، توكۇر ئايىغىنى لـىكىلدىتىپ، تىلىنى چـوكۇلدىتىپ كەتتى، ئايىغى ئۇسۇل ئوينىيالمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا لەۋـلىرى بىلەن قۇلىقىدىكى سىرغىسى توختاۋسىز ئويناپ كەتتى.

ئەڭ ئۇستا ئۇسۇلچىلار، شۇنىڭدەك ئايىغىنى ئـوز قاـئىدىسى بويىچە ئېگەلمەيدىغان نائۇستىلارمۇ كازاچكا ئۇسۇلـغـا چـۈشۈپ، خۇماردىن چىققىچە ئويناشتى.

ھەممەيلەن تەڭ ۋاقىرىشاتتى:

— بوش كەلمە!

— ئۇششاقراق دەسسە، ھەي، قـارىغىنا سـېنى!...

ئـايىغـى يـېنىك ئـىكەن، ئـەمما قـۇيرۇغى كـاشىلا قىلىۋاتىدۇ.

— تېز، تېز!

— بىزنىڭ يېزا يېگىدىغان بولدى.

— شورپىدىن قوي، ئۇندا ق بولمىغاندا، مەن...

— ئۆلگەندەك ئىچىپسەن، ھايۋان، تۇر، ئوينا، بولمىسا شىشە بىلەن سالىمەن.

مەس بولۇپ قالغان گىرىشاكا بوۋا يېنىدىكى ئۈستىخانىلىق ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن قۇچاقلاپ، قۇلىغىغا پاشىدەك غىڭشىلدايتتى:

— سىز قايسى يىلى قەسەم ئىچكەن؟①

ئۇنىڭ يېنىدىكى ئادەم قېرىپ كەتكەن دوپدەرىخىدەك قامەتلىك بىر قېرى ئىدى؛ ئۇ قولىنى شىلتاپ گۇدۇڭلىدى:

— 39 - يىلى، ئوغلۇم.

— قايسى يىلى دېدىڭىز؟ ھە؟ — گىرىشاكا بوۋا قورۇق باسقان قۇلىغىنى يېقىن تۇتۇپ ئاڭلاشقا تىرىشاتتى.

— 39 - يىلى دېدىمغۇ ساڭا.

— سىز كىم بولىسىز؟ قايسى يۇرتتىن؟

— باكلانوپ پولكىنىڭ ۋاخمىستىرى② ماكسىم باگاتىرېپ بولىمەن، ئۆزەم يېزىلىق...قىزىل يار يېزىسىدىن.

— مېلېخوپلارنىڭ تۇققىنىمۇ؟

— نېمە؟

— ئۇلارنىڭ تۇققىنىمۇ دەۋاتىمەن؟

— ھەئە، يىگىتنىڭ چوڭ دادىسى.

— باكلانوپ پولكىدىن دەڭ؟

چال خىرە كۆزلىرى بىلەن گىرىشاكا بوۋىغا قاراپ، چاينىيالمىغان گوش پارچىسىنى ئاغزىنىڭ ئىچىدە ئۇيياققا

---

① قايسى يىلى ئەسكەر بولغان؟ — دېگەن مەنىدە ئېيتىلغان — ت.

② ۋاخمىستىر — چار رۇسىيە دەۋرىدە ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسمىدا تۆۋەن دەرىجىلىك كوماندىرلىق ئۇنۋانى.

ئېتتىرىپ، بۇيا قىقا ئېتتىرىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويا تتى.

— دېمەك، كافكاز ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئىكەنسىز — دە؟

— مەرھۇم باكلانوپ بىلەن بىللە خىزمەت قىلغان ئىدىم، جايى جەننەتتە بولسۇن. كافكازنى بويسۇندۇرغانمىز... بىزنىڭ پولكىمىزغا ئۇچرىغانلا كازاكنى ئېلىشۇرمەيتتى،...گۇۋاردىيەچىلەردەك قامەتلىك، ئەمما بىرئاز مۇكچەيگەن، قوللىرى ئۇزۇن، يەلكىسى كەڭ بولغانلىرىنى ئالاتتى، — ھازىرقى كازاكنى توغرىسىغا قويسا ئۇلارنىڭ يەلكىسىگە سىغاتتى... ئىلگىرىكى ئادەملەر ئاشۇنداق بولاتتى، ئوغلۇم... مەرھۇم گېنېرال جانابى ئاللىرى بىر كۈنى مېنى چېلىپنجى ئاۋۇلىدا قامچا بىلەن ئۇرۇپ ئىلتىپات كورسەتكەن ئىدى...

— مەن تۈركىيە ئۇرۇشىغا قاتناشقانمەن، نىمە؟ ھەئە، قاتناشقانمەن... — گىرىشاكا بوۋا قۇرۇپ قاخشال بولۇپ قالغان مەيدىسىنى كېرىپ، گېئورگىي مېداللىرىنى جىرىڭلىتىپ قويدى.

— بىز ئاشۇ ئاۋۇلنى تاڭ سەھەردە ئالدۇق، چۈش بولغاندا كانايچى تۇيۇقسىز ئاگاھلاندۇرۇشقا كاناي چالدى...

— بىزمۇ ئاق پادىشانىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا مۇيەسسەر بولغان ئىدۇق. روشچ شەھىرىنىڭ يېنىدا بىر جەڭ بولغان ئىدى،...بىزنىڭ 12 - دون كازاكلار پولكى تۈركلەرنىڭ يانچىرلىرى ① بىلەن سوقۇشقان ئىدى.

① يانچىر — تۈركچە «يېڭى چىرى — يېڭى ئەسكەر» دېگەن مەنىدە بولۇپ، تۈرك سۇلتانلىرى ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە خەللانغان مۇنتىزىم پىيادە قوشۇنلارنى كورسىتەتتى.

باكلانوپ پولكىدا خىزمەت قىلغان چال گىرىشاگىا بوۋىنىڭ سوزىگە قۇلاق سالماستىن ئۇز گېپىنى داۋام قىلدۇراتتى:

— كانايچى ئاگاھلاندۇرۇشقا كاناي چېلىۋىدى...

— ئۇلارنىڭ يانچىرلىرى خۇددى بىزنىڭ ئاتامان پولكىنىڭ ئەسكەرلىرىگە ئوخشاش ئىدى. ھە، شۇنداق ... —گىرىشاكا بوۋىنىڭ قېنى قىزىشقا باشلىدى، ئاچچىقلىنىپ قولىنى شىلتاپ كەتتى، — ئۇلار ئۇز پادىشالىرى ئۈچۈن جەڭ قىلغاندا، ھەممىسىنىڭ بېشىدا ئاق قاپ بار ئىدى. خوش؟ بېشىغا ئاق قاپ ئورىۋالغان ئىدى.

— مەن ئۇزەمنىڭ پولكدىشىمغا: «ھەي تىموشا: چېكىنىدىغان ئوخشايمىز، ئاۋۇ تامدىكى گىلەمنى ئال، ئاتنىڭ بوكتەمىسىگە باغلاپ ئېلىپ كېتىمىز» دېدىم.

— ئىككى گىئورگىي مېدالىم بار. جەڭدىكى قەھرىمانلىقىم ئۈچۈن مۇكاپاتلانغانمەن! بىر تۇرك ئوفىتسېرىنى تىرىك تۇتۇپ كەلگەن ئىدىم...

گىرىشاكا بوۋا يىغلاپ، باكلانوپچى بوۋاينىڭ ئېيىقىنىڭ كىدەكدۇمبىسىگە مۇشتلىۋەتتى؛ لېكىن بىرتوغرام توخۇ گوشىنى خىرىپ مۇرا بىاسىغا تۇگۈرىمەن دەپ، گىلاس مۇرا بىاسىغا تۇگۈردى، ئۇگرە توكۇلگەن داستىخانغا ئاجىز كوزلىرى بىلەن قاراپ چىشى توكۇلۇپ كەتكەن ئاغزىدا گېپى چاينىلىپ قالدى:

— مانا، بالام، كىشىنى شەيتان ئاشۇنداق ئازدۇرىدۇ... — بوۋاينىڭ نۇرسىز كوزلىرى ئاپپاق داستىخاننىڭ پۇرلەشكەن يېرىگە شۇنداق تىكىلدىكى، ئۇ، ھاراق بىلەن ئۇگرە توكۇلگەن داستىخاننى ئەمەس، بەلكى كافكاز تاغلىرى

نىڭ قارلىق چوققىلىرىنى كۆرۈۋاتقاندەك ئىدى. — شۇكەم-
گىچە مەن بىراۋنىڭ نەرسىسىنى ئالغىنىم يوق... چېركاس
ئاۋۇلىنى ئىشغال قىلغان چېغىمىزدىمۇ، تاغ ئارىلىرىدا يەك-
كە - يالغۇز ئۆيلەرنى كۆرگەندىمۇ، مەن بىرەرسىگە كۆز قى-
رىمنى سالغان ئەمەسمەن... بىراۋنىڭ نەرسىسىگە قول سوزۇش
ھارام... شۇ چاغدا نىمە بولدىكىن تاڭ، كۆزۈمگە ئاشۇ گىلەم
ياخشى كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ...... ئېتىمغا يۆپۈق تېپىلىپ قالدى
دەپ سۆيۈنۈپ كەتتىم...

— دۇنيادا بىز كۆرمىگەن ئاجايىپ - غارايىپلار قال-
مىدى. دېڭىزنىڭ نېرىقى قىرغىقىدىكى يۇرتلاردىمۇ بولغان-
تۇق. — گىرىشاكا بوۋا سوھبەتچىسىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ
قارىماقچى بولۇۋىدى، بىراق ئۇنىڭ ئورا كۆزلىرىنى خۇددى
چاتقالدەك بىر بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن ئاپپاق قاش -
ساقاللىرى توسىۋالغان ئىدى، شۇڭا گىرىشاكا بوۋا ئەتراپ-
نى چاڭگىدەك قويۇق يۇڭ قاپلىغان بۇ كۆزلەرنى كۆرەلمىدى.

گىرىشاكا بوۋا ھىلىگەرلىك ئىشلەتمەكچى بولدى؟ ئۇ
سوھبەتچىسىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن
گەپنى سوزۇپ ئولتۇرماي، ئۆز ھىكايىسىنى نەق ئوتتۇرىسى-
دىن — ئەڭ قىزىق يېرىدىن باشلىدى.

— ياساۋۇل تېرىسىنىپ توساتتىن: «ۋىزۋۇتلار كولون-
نا سەپ بولۇپ ئات قويۇڭلار، ئالغا - مارش!» دەپ كاماندا
بەردى.

باكلانوپچى بوۋاي كاناي ئاۋازىنى ئاڭلىغان جەڭ
ئاتلىرىدەك بېشىنى تىك تۇتتى - دە، تومۇرلىرى پولتىيىپ
تۇرغان مۇشتىنى شىرەگە ئۇرۇپ پىچىرلىدى:

— باكلانوپچىلار، نەيزىلەر جەڭگە ھازىرلانسۇن، قىلىچ-

لارنى غىلاپتىن سۇغۇرۇۋالسۇن!... — كېيىن ئۇنىڭ ئاۋازى بىردىنلا كۆچىيىپ كەتتى، خىرە كۆز قارچۇقلىرى چاقناپ، قېرىلىق بىلەن ئۇچۇپ قالغان ئوتى قايتىدىن يالقۇنلىدى. — باكلانوپچى ئەزىمەتلەر!... — ئۇ ساپ - سېرىق چىشسىز ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ھوركىرىدى. — ھۇجۇمغا... مارش - مارش!...

شۇنىڭ بىلەن ئۇ گىرىشاكا بوۋىغا مەنىلىكۋە ياشلار-دەك دادىل نەزەر تاشلىدى، ئاندىن ئىڭىكىگە ئېقىپ چۈشۈپ، غېشىنى كەلتۈرگەن كۆز ياشلىرىنى چەكمەنىنىڭ يېڭى بىلەن ئېرتتى. گىرىشاكا بوۋىمۇ جانلىنىپ كەتتى.

— ياساۋۇل بىزگە شۇنداق كامانىدا بېرىپ، قىلىچىنى پۇلاڭلاتتى، ئاتلارنى چاپتۇردۇق، يانچىرلار خۇددى مانا شۇنداق سەپ تارتىپ تۇرۇشقان ئىكەن، — ئۇ بارمىقى بىلەن داستىخاننىڭ ئۈستىگە ئەگرى - بۈگرى توت بۇرجەك سىزىق سىزدى، — بىزنى ئوققا تۇتتۇشتى. بىز ئۇلارغا ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلدۇق. ئەمما سەپنى بۇزۇپ ئۆتەلمىدۇق. كۆتۈلمىگەندە يان تەرەپتىكى ئورمان ئارىسىدىن ئۇلارنىڭ ئاتلىقلىرى پەيدا بولدى. بىزنىڭ يۈز بېشى كوماندىرىمىز كاماندا بەردى. بىز دەرھال ئوڭ قاناتقا بۇرۇلۇپ، سەپنى يېڭىۋاشتىن تۈزدۇق - دە، ئۇلارغا ئېتىلىپ، بىر ھەممىدە ئۇلارنى يەنچىپ تاشلىدۇق. كازاكلارغا تاقابىل تۇرالايدىغان ئاتلىقلار نەدە بولسۇن؟ بۇلارمۇ شۇنداق بولدى. ئۇلار ئور-مانغا قاراپ قۇيرۇغىنى تىكتۇەتتى. ۋاي - ۋاي دەپ داتـ لاشتى... قارىسام ئالدىمدا ئۇلارنىڭ توروق ئات مىنگەن ئوفىتسېرى قېچىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇزىمۇ تازا كېلىشكەن ئوفىتسېر ئىكەن، قاپ - قارا بۇرۇتلىرى تولغىنىپتۇراتتى.

ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ھەدەپ ماڭدى قارايدۇ، تاپانچىسىنى قىپىدىن ئالماقچى بولىدۇ. تاپانچىسىنىڭ قىپى ئىگەرگە قوشۇپ تىكىلگەن ئىكەن... ئوق چىقاردى-بۇ، ئەمما تەككۈزەلـ مىدى. ئاڭغىچە مەن ئىتىمنى شامالدەك چاپتۇرۇپ، ئۇنىڭغا يېتىۋالدىم. قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلاي دېدىمۇ، ئەمما ئويـ لىنىپ قالدىم. چۈنكى ئۇمۇ بىر ئىنسانغۇ... ئوڭ قولۇم بىلەن بىلىدىن تۇتۇپ، ئىگەردىن دەس كۆتەردىم، قولۇمنى چىشلەشكە باشلىدى، ئەمما بەرىبىر ئۇنى تىرىكلا تۇتۇۋالدىم.

گىرشاكا بوۋا يېنىدىكى بوۋايغا مەغرۇرلىنىپ قارىدى:
ئەمما بۇ بوۋاي يوغان بېشىنى ئالدىغان سائىگىلىتىپ، ۋاراڭـ چۇرۇڭنىڭ تەسىرىدە ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ، ھوزۇرلىنىپ خورەك تارتىۋاتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى قىسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 1

سېرگەي پلاتونېۋىچ موخوپىنىڭ نەسىل - نەسۋى خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە.

پيوتىر I ھوكۇمدارلىق قىلغان يىللاردا بىر كۈنى سۇخارى (قۇرۇتۇلغان نان) ۋە ئوق - دورا يۈكلەنگەن بىر پادىشالىق كېمە دون دەرياسىنى بويلاپ ئازوپ دېڭىزىغا كېتىۋاتقان ئىكەن. دون دەرياسىنىڭ يۇقۇرىسىدا، خوپىر دەرياسىنىڭ ئېغىزىغا يېقىن يەرگە جايلاشقان«قاراقچىلار» شەھىرى دەپ ئاتالغان چىگوناكى شەھىرىنىڭ كازاكلىرى كېچىسى ئاشۇ كېمىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇخلاپ قالغان قاراۋۇللارنى بوغۇزلاپ، سۇخارى بىلەن ئوق - دورىلارنى بۇلايدۇ، كېمىنى سۇغا پاتۇرۇۋېتىدۇ.

پادىشانىڭ بۇيرۇغى بىلەن ۋورونېژدىن قوشۇن كېلىپ، ئاشۇ «قاراقچىلار» شەھىرى — چىگوناكىنى ئوت قويۇپ كويدۇرۇۋېتىدۇ. كېمىگە بۇلاڭچىلىق قىلىشقا قاتناشقان كازاكلارنى جەڭدە بىتچىت قىلىپ تاشلايدۇ. ئەسىرگە ئېلىنغان ياساۋۇل ① ياركىركانى ۋە قىرىق كازاكنى سالنىڭ ئۈس-

① ياساۋۇل — كونا ئۇيغۇر تىلىدا (چىغاتاي تىلىدا) ھوكۇمەتنىڭ بۇيرۇغىنى ئىجرا قىلغۇچى ئەمەلدار مەنىسىدە بولىس-

تىگە دارقۇرۇپ ئېسىپ ئۆلتۈردى ـ دە، بۇ ئىش بىلەن دەر-
يانىڭ تووەن ئېقىمىدىكى توپىلاڭ كوتەرگەن يېزا بازارلى-
رىغا ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن،ئۆلۈككە تولغان ساللارنى دون-
غا ئاققۇزۇۋېتىدۇ.

ئارىدىن 10 يىل ئۆتكەندىن كېيىن چىگوناكى بازى-
رىنىڭ ئىلگىرى ئوت قويۇلغان يېرىگە يېڭىدىن كەلگەن
كازاكلار ۋە بۇرۇنقى سوقۇشتىن ئامان قالغان كونا كازاك-
لار ئورۇنلىشىدۇ. يېزا بازىرى يېڭىۋاشتىن ئاۋات بولۇپ،
ئەتراپى سېپىل ـ ئىستىھكاملار بىلەن ئىھاتەقىلىنىدۇ. مانا
شۇچاغلاردا موخوپ نىكىشكا دىگەن مۇژىك ـــ دىخانمۇ پا-
دىشانىڭ پەرمانى بىلەن ۋورونېژدىن بۇيەرگە كوچۇپ كېلى-
دۇ؛ ئۇ پادىشانىڭ كوز ـ قۇلىغى، يوشۇرۇن نازارەتچىسى
ئىدى. موخوپ كازاكلارغا ياپ كېلىدىغان ھەر خىل بۇيۇم-
لارنى: پىچاق دەستىسى، تاماكا، چاقماق تېشى ۋە شۇنىڭغا
ئوخشاش ئەسكى ـ تۇسكى نەرسىلەرنى سېتىپ يۈرەتتى؛
ئوغرىلانغان ماللارنى سېتىۋېلىپ، پايدىسىغا ساتاتتى ۋەمال
ئېلىپ كېلىش بانىسى بىلەن يىلىغا ئىككى قېتىم ۋورونېژغا
بېرىپ كېلەتتى؛ ئەمىلىيەتتە بولسا، يېزىدا ھازىرچە ئەھۋال
تىنچ، كازاكلارنىڭ قايتىدىن توپىلاڭ كوتىرىش نىيىتى يوق
دىگەن مەزمۇندا مەلۇمات بېرىپ كېلىش ئۈچۈن باراتتى.

ھازىرقى سودىگەر موخوپلار ئەۋلادى ئەنە شۇموخوپ نىكىشكا
ئۇرۇغىدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار كازاكلارنىڭ
تۇپرىغىغا مۇستەھكەم ئورۇنلىشىۋالغان ئىدى. ئاشۇ ئۇرۇق ـ
ئەۋلات كوپىيىپ، يېزىدا شۇۋاققا ئوخشاش يىلتىز تارتىپ،

ـ ئۇ، چاررۇسىيە دەۋرىدە كازاك قوشۇنلىرىدا كاپىتان (ليەنـ
جاڭ) دەرىجىسىگە تەڭ ئوفىتسېرلىك ئۇنۋانى ـــ ت.

يۇلسىمۇ تۈگىمەيدىغان ھالەتكە كەلگەن ئىدى. ۋورونېژ ۋالىسى موخوپلارنىڭ چوڭ بوۋىسىنى قوزغىلاڭچى يېزىغا ئەۋەتكەندە قولىغا بەرگەن پەخرى يارلىق كونىراپ تىتىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنى كوز قارچۇغىدەك ئاۋايلاپ ساقلىشاتتى. ئەگەر سىېرگەي پلاتونىۋىچنىڭ بوۋىسى ھايات ۋاقتىدا بۇتنىڭ مېھرابىدا ساقلىنىدىغان بۇ يارلىق چوڭ ئوت ئاپىتى بولغاندا ياغاچ قۇتا بىلەن بىللە كويۇپ كەتمىگەن بولسا، بەلكى بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان بولاتتى. بوۋىسى خانىۋەيران بولدى، پۈتۈن مال دۇنياسىنى قارتا ئويناپ ئۇتتۇرۇپ قويغان ئىدى: يېڭىۋاشتىن ئاياققا تۇرۇۋاتقاندا، مۈلكىگە ئوت كېتىپ، ھەممە نىمىسى كويۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن سىېرگەي پلاتونىۋىچقا ئىگىلىكنى قايتىدىن تىكلەشكە توغرا كەلدى. ئۇ پالەچ كېسەللى بىلەن ئۆلگەن ئاتىسىنى يەرلىككە قويغاندىن كېيىن، بىر سوملۇق يىرتىق پۇلنى دەسمايە قىلىپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. يېزىمۇ - يېزا يۈرۈپ يۇڭ، قىل ۋە ماموقلارنى سېتىۋالدى. بەش يىل جاپا تارتتى. ئەتراپتىكى يېزىلارنىڭ كازاكلىرىنى ئالداپ، بىر تىيىن ئۈچۈن تىك تۇرۇپ، سېروژكا قەلەندەردىن بىردىنلا سىېرگەي پلاتونىۋىچقا كوتىرىلدى، يېزىدا چەرچىن مالچىلىق دوكىنى ئاچتى، ئېلىشىپ قالغان بىر پوپنىڭ قىزىغا ئويلىنىپ، قېيناتىسىدىن نۇرغۇن قىز ھەققى پۇلى ئالدى ۋە گەزمالچىلىق ماگىزىنى ئاچتى. ئەينى ۋاقىتتا سىېرگەي پلاتونىۋىچ گەزمالچىلىق ئىشىنى باشلىۋەتتى. دوننىڭ سول قىرغىقىدىكى يەرلىرى تاشلىق، قۇملۇق ۋە ئۇنۇم بەرمەيدىغان يېزىلاردىكى كازاكلار ھەربىي ھوكۇمەتنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن دوننىڭ ئوڭ قىرغىقىغا پۈتۈن - پۈتۈن يېزا بويىچە

كوچۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ياش كىراسنوكۇت-
سىكا يېزىسى پەيدا بولۇپ، تېزلا ئاۋاتلاشتى. بۇرۇنقى پو-
مېششىكلارنىڭ يەرلىرى چېگرىسىدا، چىر، چيورنايا ۋە فرو-
لوپكا دەريالىرى بويىدا، دالا، ساي ۋە ئوتلاقلار ئۈستىدە،
ئوكراينلار يېزىلىرى بىلەن تۇتىشىدىغان يەرلەردە يېڭى -
يېڭى يېزىلار بارلىققا كەلدى. ئىلگىرى كازاكلار مال سېتى-
ۋېلىش ئۈچۈن 50 ـ 60 چاقىرىم يول يۈرەتتى، ئەمدىلىكتە
ماگىزىن ئالدىلىرىدا تۇرۇپتۇ-يېڭى قارىغاي تاختىيىدىن يا-
سالغان جاۋەنلەرگە رەڭمۇ رەڭ گەزماللار تىقىلىپ كەتكەن.
سېرگەي پلاتونىۋىچ ئىشنى ئۈچ رەتلىك گارمۇندەك كەڭ
قاناتيايدۇرۇۋەتتى، گەزمالدىن تاشقىرى، دېخانلارنىڭ كۈن-
دىلىك تۇرمۇشىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى: چەم ـ قېيىشلارنى،
تۇز، كىرسىن، چەرچىن ماللارنى ئېلىپ كېلىپ سېتىشقا باشلى-
دى. كېيىنكى چاغلاردا ھەتتا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىمۇ
يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بولدى. ياز كۈنلىرى سالقىن، يېشىل
پەنجىرىلىك دۇكان ئالدىدا ئاقساي زاۋۇدىدا ئىشلەپچىقىرىل-
غان ئوما ماشىنىلىرى، ئۇرۇق چاچىدىغان ماشىنىلار، تومۇر
ساپانلار، شامالدۇرغۇچ ماشىنىلار، ئوت ئورۇيدىغان ماشىنىلار
قاتار تىزىلىپ تۇراتتى. يات كىشىنىڭ يانچۇغىدا قانچىلىك
پۇل بارلىقىنى بىلىش تەس گەپ، لېكىن كاللىسى ئۆتكۈر
سېرگەي پلاتونىۋىچقا بۇ سودا ـ سېتىقلىرىدىن چوڭ پايدا
كېلىۋاتقانلىقى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇراتتى، ئۈچ يىل-
دىن كېيىن ئۇ ئاشلىق سېتىۋالىدىغان پونكىت ئاچتى ۋە
دەسلەپكى خوتۇنى ئۆلگەندىن بىر يىل كېيىن ھور تۈگمىنى
قۇرۇشقا كىرىشتى.

ئۇ تاتار يېزىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئوپچۆرىسىدىكى بارلىق

يېزىلارنى قاراقۇمچاق، شالاڭ قارا تۈك ئۆسكەن قولىدا مەھ-
كەم تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇما ماشىنىسى ياكى قىزىغا كىيىم-
كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋالغانلىقى ئۈچۈن موخوپقا
چورىسى توقسېرىق كوك قەغەز — تىلخەت بەرمىگەن بىرەر-
مۇ ئائىلە قالمىغان ئىدى (قىز چىقىرىدىغان ۋاقىت يېقىن-
لاشقاندا، پارامونوۋىنىڭ ئاشلىق پونكىتى بۇغداي باھاسىنى
دەرھال تۆۋەن چۈشۈرىدۇ، مانا — شۇ چاغدا «قەرز بېرىپ
تۇرۇڭ، پلاتونېۋىچ!» دەپ كېلىدىغانلارنى ئاز دەمسىز...)
موخوپنىڭ تۈگمىنىدە 9 ئىشچى، ماگىزىنىدا 7 مالساتقۇچى،
ئۆيىدە 4 خىزمەتكار بولۇپ — جەمى 20 جان ئىشلەيدۇ. بۇ-
لارنىڭ ھەممىسى باينىڭ شەپقىتىگە مۇھتاج، بەرسە يەيدۇ،
ئۇرسا ئۆلىدۇ. دەسلەپكى خوتۇنىدىن ئىككى بالا: قىزى لىزا
بىلەن ئوغلى ۋلادىمىر قالغان؛ ئوغلى لىزادىن ئىككى ياش
كىچىك بولۇپ، سېرىق كېسەلگە مۇپتىلا بولغانلىقتىن جانسىز
چوڭ بولغان. ئىككىنچى خوتۇنى — بۇرنى ئىنچىكە، ئورۇق-
راق كەلگەن ئاننا ئىۋانوۋنا — تۇغماس بولۇپ چىقتى. بۇ
ئايال سېرگەي پلاتونېۋىچقا يېشى 34 تىن ئاشقاندا تەككەن
بولۇپ، ئانا مۇھەببىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن، پۈ-
تۈن زەھىرىنى ئىككى ئۆگەي بالىغا چاچاتتى. ئۆگەي ئانىنىڭ مې-
جەزىنىڭ يامانلىقى بالىلارنىڭ تەربىيىسىگە يامان تەسىر قىلاتتى،
ئاتىسى بولسا ئۆز بالىلىرىغا ئانچە ئېتىۋار بەرمەيتتى — ئاشپەز
ئايال بىلەن ئات باقىدىغان نىكىتاغا قانداق قارىسا، ئۆز بالىلىرىغا
بۇنىڭدىن ئارتۇقراق قارىمايتتى. پۈتۈن ۋاقتى ئىش بىلەن،
سەپەر بىلەن ئۆتەتتى، بىردەم موسكۋاغا بارسا، بىردەم نىژنى-
غا كېتەتتى، بىردەم ئورىيوپىنسكاياغا بارسا، بىردەم يېزا
بازارلىرى يەرمەنكىسىگە كېتىپ قالاتتى. ئىككى بالا قاراي-

دىغان ئادەمسىزلا چوڭ بولۇشتى. مېھرىسىز ئانىنا ئىۋانوۋنا بالىلارنىڭ يۈرەك سىرلىرىنى بىلىشكىمۇ قىزىقمايتتى، چوڭ ئىگىلىك ئىشلىرى تۇرغان يەردە بۇنىڭغا چولىسىمۇ تەگمەيتـتى، شۇ سەۋەپتىن ئاچا بىلەن ئىنى بىر ـ بىرىگە يات تۇيـغۇ بىلەن ئۆستى، بۇلارنىڭ مىجەزى ھەر خىل بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭكىگە مۇتلەق ئوخشىمايتتى. ۋىلادىمىر كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان، بوشاڭ، يەر ئاستىدىن قارايدىغان ۋە بالىلارغا خاس بولمىغان جىددىلىك بىلەن چوڭ بولدى. لىزا بولسا ھەمىشە ئويي خىزمەتچىسى بىلەن ۋە كوپىنى كورگەن بۇزۇق ئاشپەز ئايال بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەچكە يېشىغا توشـماستىنلا تۇرمۇشنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرلىرىگە ئەقلى يېتىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ خوتۇنلار لىزىدا ساغلام بولمىغان ھىس ـ تۇيغۇلارنى ئويغىتىپ قويدى، شۇ سەۋەپتىن تېخى كوزى ئېـچىلمىغان، تەربىيىچىسى بولمىغان بۇ ئۇياتچان ئوسمۇر قىز ـــ خۇددى ئورماندىكى ياۋا ئوسۇملۇكتەك ئوز ئالدىغا چوڭ بولۇۋەردى.

يىللار ئاستا ـ ئاستا ئوتۇپ باراتتى.

كونىلار، ئادەت بويىچە، قېرىپ تۈگەيدۇ؛ ياشلار ياشـناپ ئوسىدۇ.

مانا بىر كۈنى كەچقۇرۇن چاي ئۈستىدە سېرگەي پلاتوـنىۋىچ قىزىغا قاراپ، ھەيران بولۇپ قېتىپلا قالدى (قىزى يىلىزاۋىتا شۇ چاغدا گىمنازىيىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، كوزگە كورۇنۇپ، خېلى كېلىشكەن قىز بولۇپ يېتىلگەن ئىدى)؛ بىر قاراش بىلەنلا قولىدىكى كەھرىۋادەك قېنىق چاي قۇيۇلغان پىيالە ئاستىدىكى تەخسە تەۋرىنىپ كەتتى: «رەھمەتلىك ئانىـسىغا ئوخشايدۇ، خۇدا ياتوۋا، قۇيۇپ قويغاندەكلا ئوزى!» ـــ

لىزا، قېنى مەن تەرەپكە قارىغىنا! — ئاتىسى قىزىنىڭ با-
لىلىق چېغىدىنلا ئانىسىغا ئوخشايدىغانلىقىنى سەزمەي، غەپ-
لەتتە قالغان ئىدى.

... گىمنازىيىنىڭ بەشىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىسى، كې-
سەللىك سەۋەبى بىلەن سارغىيىپ كەتكەن ئىنچىكە ئوسمۇر
بالا ۋىلادىمىر موخوپ تۈگمەننىڭ هويلىسىدا ئايلىنىپ يۈرەت-
تى. ئاچىسى بىلەن ئىككىسى يېقىندا يازلىق تەتىلگە كېلىش-
كەن ئىدى؛ ۋىلادىمىر، بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە، سەپەردىن كې-
لىش بىلەنلا تۈگمەننى كورگىسى، ئاپپاق ئۇن توزىڭى باس-
قان ئادەملەر ئارىسىدا ئىتتىرىلىپ يۈرگىسى، ماشىنا ئوقلى-
رىنىڭ بىر ئولچەمدە گۈلدۈرلىشىنى، قېيىش - تاسمىلارنىڭ
ۋىشىلدىشىنى ئاڭلىغۇسى كېلىپ، دەرهال بۇ يەرگە كەلگەن
ئىدى. ئۇ، ئۇن توشۇيدىغان كازاكلارنىڭ هورمەت بىلەن:

— خوجايىنىنىڭ ۋارىسى... دەپ پىچىرلىغىنىنى ئاڭ-
لىغاندا، كوڭلى يايراپ كېتەتتى.

ۋىلادىمىر هويلىدا دۆۋىلىشىپ تۇرغان كالا تېزەكلىرى
ۋە هارۋىلار ئارىسىدىن ئاۋايلاپ ئوتۈپ، دەرۋازا تەرەپكە
ماڭدى، ئەمما ماشىنا بولۇمىگە كىرمىگىنى ئېسىگە كېلىپ،
دەرهال ئارقىسىغا قايتتى.

ماشىنا بولۇمىنىڭ ئىشىگى ئالدىدىكى قىزىل سىرلان-
غان نېفىت تۇڭىنىڭ قېشىدا ماشىنا باشقۇرىدىغان ئىشچى
تىموفېي. ۋەلىت لەقەملىك تارازىچى ۋە ياردەمچى مېخانىكنىڭ
ئايياق چىش يىگىت داۋىدكا — ئىشتىنىنىڭ پاچىقىنى تىز-
غىچە تۇرۇپ يوغان بىر دۆۋە لاينى پىشۇرۇۋاتاتتى.

— هە، خوجايىن!... دەپ ئىستىهزا بىلەن سالاملاش-
تى ۋەلىت.

— سالامەتمۇسىلەر!

— ياخشىمۇسەن، ۋىلادىمىر سېرگېيېۋىچ!

— نىمە قىلىۋاتىسىلەر؟...

— لاي پىشۇرۇۋاتىمىز، — داۋۇدكا قىغىنىڭ پۇرىغى كېلىپ تۇرغان يىلىمدەك قويۇق لايدىن پۇتىنى ئاران تارتىپ زەھەرخەندە بىلەن كۈلۈپ قويدى. — داداڭ بىر سوملۇق تېزىنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدۇ، ئايال ئىشچى ياللاشقا پۇلنى ئاياپ، بىزنى ئىشلەتكىنى ئىشلەتكەن. داداڭ ئوتۇپ كەتكەن پېخسىق! — ئۇ، شۇ سوزنى قىلىۋېتىپ، بىر پۇتىنى لايدىن چىقارسا، يەنە بىر پۇتىنى لايغا پاتۇراتتى.

ۋىلادىمىر قىزىرىپ كەتتى. ئۇ، دائىم كۈلۈپ تۇرىدىغان داۋۇدكادىن، ئۇنىڭ مەنىستمەي قىلغان سوزلىرىدىن، ھەتتا ئاپپاق چىشلىرىدىن قاتتىق ئاداۋەت ھىس قىلاتتى.

— نىمىشقا پېخسىق دەيسەن؟

— نەق شۇنداق، ئولگەندەك بېخىل. ئۇ ئوزىنىڭ قوسقان نەرسىلىرىنى يېيىشتىن قايتمايدۇ، — داۋۇدكا كۈلۈپ تۇرۇپ گەپنى ئوچۇقلا قىلىۋەردى.

ۋەلىت بىلەن تىمۇفېي ئۇنىڭ سوزىنى ماقۇللاپ كۈلۈشتى. ۋىلادىمىرگە بۇ سوز خەنجەردەك سانچىلدى، ئۇ داۋۇدكىغا ھومىيىپ قاراپ قويدى.

— بۇ گېپىڭدىن چىقتىمكى، سەن... نارازى ئىكەنسەن - دە؟

— سەنمۇ لايغا چۈشۈپ، پېتىقلاپ باققىنا، شۇ چاغدا بىلىسەن، قايسى ئەخمەق رازى بولىدىكەن؟ داداڭ ئوزى قوسىقىنى تەۋرىتىپ لايىنى پېتىقلاپ كورسە بولاتتى!

داۋۇدكا ئىككى تەرەپكە تەۋرىنىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئېغىر چامادام بىلەن ئايلىنىپ، پۈتىنى ئىگىز كۆتىرىپ لايىنى پىتىقلايتتى ۋە ئەمدىلىكتە ئۆز-ئۆزىدىن خوشاللىنىپ كۈلەتتى. ۋىلادىمىر ئۇنىڭ ئەدىۋىنى بېرىشنى ئويلاپ، ئالدىن لەززەتلىنەتتى. كېرەكلىك جاۋاپمۇ تېپىلدى.

— ياخشى، — دىدى ئۇ سۆزىنى دانىمۇ-دانە قىلىپ، — سېنى خىزمەتتىن نارازى ئىكەن، دەپ دادامغا ئېيتىمەن.

ئۇ داۋىدكىغا كۆز قىرى بىلەن قارىدى-دە، ئېيتقان سۆزىنىڭ ئۇنىڭغا قانچىلىك تەسىر قىلغانلىقىنى كۆرۈپ هەيران قالدى: داۋىدكىنىڭ لەۋلىرى ئېچىنىشلىق ئۆمچىيىپ، زومۇ-زو هىجىياتتى، باشقىلىرىنىڭ قاپىغى چۈشۈپ كەتتى. هەر ئۈچىلىسى بىر مىنۇت ئۈنچىقماستىن قويۇق لايىنى پۈتى بىلەن چەيلەشتى. ئاخىرى، داۋىدكا لاي پۈتلىرىغا تىكىلگەن كۆزلىرىنى كۆتىرىپ، غەزەپ ئارىلاش خوشامەتكۆيلۈق بىلەن دىدى:

— هەي، مەن چاقچاق قىلىپ قويدۇم، ۋولودە ... بۇ گەپنى ئانچىكىم ئېيتقان ئىدىم...

— ئىمە دىگەنلىگىڭنى دادامغا يەتكۈزىمەن.

ۋىلادىمىر هەم ئۆزى ئۈچۈن، هەم دادىسى ئۈچۈن، شۇنىڭدەك داۋىدكىنىڭ ئېچىنىشلىق كۈلۈمسىرىگەنلىگىنى كۆرۈپ، خاپىچىلىقتا كۆزىگە ياش كەلگەنلىكىنى هىس قىلغىنى هالدا كىرىسىن قاچىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

— ۋولودە!... ۋىلادىمىر سېرگېيېۋىچ! ... — دەپ قورقۇش ئارىلاش قىچقاردى داۋىدكا ۋە لايدىن چىقىپ، تىزدىن-

چە لاي بولۇپ كەتكەن پۇتلىرىغا شىمىنىڭ پاچىقىنى چۈشۈرۈۋەتتى.
ۋىلادىمىر توختىدى. داۋىدكا قاتتىق ھاسىراپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى.
— دادىگىزغا ئېيتماڭ، چاقچاق بىلەن ئېيتىلغان ئىدى ... مەن ئەخمەقنى ئەپۇ قىلىڭ ... خۇدا تۇرۇپتۇ، غەرەز بىلەن ئېيتىلغان سوز ئەمەس! ... چاقچاق...
— ماقۇل، ئېيتمايمەن! ... — دېدى ۋىلادىمىر قاپىقىنى تۈرۈپ ۋە ئىشىك تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.
داۋىدكىغا بولغان رەھىمدىللىكى ئۈستۈن چىقتى. ئۇ يېنىكلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، ئاپپاق تاختاي تام يېنى بىلەن مېڭىپ كەتتى. تۆگمەن قوراسىنىڭ بىر بۇرجىكىگەجايلاشقان تومۇرچىلىك كارخانىسىدىن بولقىلارنىڭ تاراق - تۇرۇق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى: بولقا بىر قېتىم «گۈپ» قىلىپ تومۇر ئۈستىگە چۈشسە، سەندەل ئۈستىدە سەكرەپ، ئىككى قېتىم جاراڭلايتتى.
— نىمشقا ئېيتىشىسەن؟ — يىراقلاپ كېتىۋاتقان ۋىلادىمىرنىڭ قۇلىقىغا ۋەلىتنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى. — سەن تەگمىسەڭ ئۇمۇ سېسىمايتتى.
«ۋاي ئەبلەخ، — دەپ غەزەپلەندى ۋىلادىمىر، — قىلغان گېپىنى قاراڭ، ... داداڭغا ئېيتايمۇ - ئېيتمايمۇ؟»
ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىغان ئىدى، يەنە داۋىدكىنىڭ بايىقىدەك ئاپپاق چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈپ تۇرغانلىغىنى كوردى - دە، «ئېيتىمەن!» دەپ قەتئى قارارغا كەلدى.
مەيداندا، ماگىزىننىڭ قېشىدىكى سىم ياغاچقا بىر ھارۋىنىڭ ئېتى باغلاپ قويۇلغان ئىدى. ئوت ئوچۇرۇش جاب-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دۇقلىرى تۇرغان لاپاسنىڭ ئۇگزىسىدە باللار چۇرۇقلىشىۋاتـ
قان توپ ـ توپ قۇچقاچلارنى قوغلاپ ئويناۋاتاتتى. پىشايـ
ۋان تەرەپتىن ستودېنت بايارىشكىنىنىڭ يوغان ئاۋازى ۋە
يەنە كىمدۇر بىرسىنىڭ خىرىلداپ قالغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

ۋىلادىمىر پەلەمپەي بىلەن پىشايۋانغا چىقتى، پەلەمپەي
بىلەن پىشايۋانغا چىرمىشىپ كەتكەن ياۋا ئۈزۈم تەكلىرىنىڭ ياپراقـ
لىرى بېشىنىڭ ئۈستىدە تەۋرىنىپ تۇراتتى؛ پىشايۋان ئۇگزىسىنىڭ
نەقشىدار پاراما ئىدىن كوپ-كوك تەك نوتىلىرى ساڭگىلىغان ئىدى.

بايارىشكىن يېڭى چۈشۈرۈلگەن كوكۈش بېشىنى لىڭـ
شىتىپ، يېنىدا ئولتۇرغان ياش، ئەمما ساقال قويۇۋالغان
مۇئەللىم بالانداغا گەپ قىلىۋاتاتتى:

— مەن بىر كازاك دېخاننىڭ ئوغلى بولغانلىقىم ئۈـ
چۈن ئىمتىيازلىق بايلار سىنىپىغا نىسبەتەن ئاداۋىتىم بولۇـ
شى پۈتۈنلەي تەبىئى، شۇڭغا قارىماستىن مەن بۇ كىتاپنى
ئوقۇۋاتىمەن، بۇنى ئوقۇغىنىمدا كوڭلۇم يۇمشاپ، ئولۇپ بېرىـ
ۋاتقان تەبىقىلەرگە ناھايىتى ئىچىم ئاغرىدى. مەن ئوزەممۇ ئاقـ
سوڭەك ۋە پومىششىكلار قاتارىغا كىرىپ قالغاندەك بولدۇم،
ئۇلارنىڭ ئاياللار توغرىسىدىكى غايىلىرىغا زوق بىلەن قاـ
رايمەن، مەن ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن قايغۇرىـ
مەن، — قىسقىسى، ئىمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئوزەممۇ بىلمەيـ
مەن! ئەزىزىم، ئىستىدات دېگەن مانا شۇ! كىشىنىڭ دىنىدىن
قايتىشى ئاسانلا بىر ئىش.

بالاندا يېپەك بەلۋېغىنىڭ پوپۇگىنى يىمىرىپ ئوينايتـ
تى ۋە ئىستىھزا بىلەن ھجىيىپ، كوينىگىنىڭ ئېتىگىدىكى
قىزىل يىپەك كەشتىلەرنىڭ گۈللىرىنى كوزدىن كەچۈرەتتى.
لىزا يولەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئوزىنى تاشلاپ كېرىلىپ ئولـ

تۇراتتى. بۇ يەردە بولۇۋاتقان گەپ-سۆزلەر ئۇنى ئانچە
قىزىقتۇرمىغانىدەك كۆرۈنەتتى، ئۇ ھەر قاچانقىدەك، بىر نە-
مىسىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمدەك، بىر نېمىنى ئىزلەۋاتقان-
دەك، كۆزلىرىنى ئۇيان-بۇيانغا يۈگۈرتۈپ، بايارىشكىنىڭ
تاتلىنىپ كەتكەن كوكۇش بېشىغا قاراپ قوياتتى.

ۋىلادىمىر ئۇلارغا تازىم قىلىپ، يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى
ۋە ئاتىسىنىڭ ئىشخانا ئۆيىگە بېرىپ، ئىشىگىنى تاقىلداتتى.
سېرگەي پلاتونېۋىچ مۇزدەك سوغاق كۆن ئورۇندۇقتا «رۇس
بايلىقى» دېگەن ژۇرنالنىڭ ئىيۇن ئېيىدا چىققان سانىنى
ۋاراقلاپ ئولتۇراتتى. پولنىڭ ئۈستىدە سارغىيىپ كەتكەن
سۆڭەك ساپلىق پىچاق تۇراتتى.

— ئىشىڭ بارمۇ؟

ۋىلادىمىر بويىنىنى قىسىپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي كۆي-
نىكىنى تۈزىتىپ قويدى.

— مەن تۈگمەندىن كەلدىم ... — ئۇ گېپىنى يۈ-
رەكسىزلىك بىلەن باشلىغان بولسىمۇ، داۋىدكىنىڭ مەسخىرى-
لىك كۈلكىسى ئېسىگە چۈشتى-دە، ئاتىسىنىڭ چۈچۈنچە
جىلىتكىسىگە پاتماي قالغان يوغان قوسىقىغا تىكىلىپ قاراپ،
دادىل سۆزلەشكە باشلىدى، — داۋىدكىنىڭ مۇشۇ گەپ-
سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم...

سېرگەي پلاتونېۋىچ ئۇنىڭ سۆزىگە دىققەت بىلەن قۇ-
لاق سالغاندىن كېيىن:

— ئىشتىن قوغلايمىز. بولىدۇ، چىققىن، — دېدى ۋە
پەسكە ئېڭىشىپ، پىچاقنى ئىنچىقلاپ ئالدى.

كەچقۇرۇنلىرى سېرگەي پلاتونېۋىچنىڭ ئۆيىگە يېزىدىكى
زىيالىيلار يىغىلىشاتتى، ئۇلارنىڭ بىرى — موسكۋا تېخنىكا

www.uyghurkitap.com

مەكتۆۋىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بايرىشىكىن؛ يەنە بىرى — ئۆزىـ
گە بەكمۇ تەمەننا قويىدىغان ۋە ئۆپكە كېسەللى بىلەن ئىمـ
جان بولۇپ قالغان مۇئەللىمە بالاندا؛ ئۈچىنچىسى — ئۇنىڭ
ئۆينىشى مۇئەللىم مارفا گىراسىموۋنا — بۇ ئايال ئۆيالماستىن
دائىم يوپكىسىنىڭ ئېتىگىنى كوتىرىپ ئۈچ كوينىگىنى كورـ
سىتىپ يۈرىدىغان ۋە قىيىمايدىغان دوپ ـ دومىلاق قىزى
قىز ئىدى؛ ئاخىرقى بىرسى — پوچتىخانا مۇدىرى بولۇپ،
ئۆزى ئەخمەقراق، كىيىملىرىگە ئەرزان ئەتىرلەرنى چېچىپ
يۈرىدىغان بويتاق يىگىت ئىدى. بۇ ئۆيگە ناگان ـ ناگاندا
پومىشچىك ۋە ئاقسوڭەك لىستىنىسكىنىڭ ئوغلى — ياش يۈز
بېشى① يېۋگېنىمۇ كېلىپ تۇراتتى. يېۋگېنى شۇ كۈنلەردە
ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئاخشاملىـ
رى بۇلار پىشايۋاندا چاي ئىچىشىپ، تاينى يوق پارالارـ
نى سوقۇشاتتى، ئەگەر گەپ قولاشماي قالسا، مېھمانلاردىن
بىرسى ئۆي ئىگىسىنىڭ قىممەت باھا سەدەپ بىلەن نەقىش
قىلىنغان گىراممافونىنى قويۇپ ئاڭلىشاتتى.

سېرگەي پلاتونوۋىچ ناگان ـ ناگاندا چوڭ بايرام كۈنـ
لىرى بىرەر قېتىم مېھمان چاقىرىپ، نام چىقىرىشىنى ياخشى
كورەتتى؛ شۇ زىيापەت ئۈچۈن باتايىسكىدىن ئالايىتەن قىمـ
مەت ۋىنولارنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۈستىبىر بىلىمىنىڭ ئىكراسى
بىلەن ياخشى زاكوسكىلارنى تەييارلاتقۇزاتتى. باشقا چاغـ
لاردا پۇلنى قىسىپ، ئاز خىراجەت قىلسىمۇ، ئەمما كىتاپىسىـ

① يۈز بېشى (رۇسچە CoTHNK — يۈز ئەسكەرنىڭ باشلىغى) چار
پادىشاسى دەۋرىدە كازاك قوشۇنلىرىدا يۈز ئاتلىق ئەسكەر
بىر بولۇنمە ھېسابلىنىپ، كوماندىرى يۈز بېشى دەپ ئاتىـ
لاتتى. يۈز بېشى پوروچىك (لېيتېنانت) قا تەڭ ھەربى ئۇنۋان ـــ ت.

تىنۋېلىش ئۇچۇن پۇلنى ئايىمايتتى. سىرگەي پلاتونوۋىچ كى-
تاپ ئوقۇشنى ۋە ئوتكۇر ئەقلىنى ئىشلىتىپ، ھەممە نەرسىنى
ئوزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن چۈشىنىۋېلىشىنى ياخشى كو-
رەتتى.

ئۇنىڭ شېرىكى — ئۇچكە ساقال، ئوغرى كوز، سېرىق
چاچ يېمېلىيان كونستانتىنوۋىچ ئاتېيىن بۇ يەرگە ناھايىتى ئاز
كېلەتتى. ئۇ بۇرۇنقى چاغدا مۇناخ بولغان ئۇست - مېدۋې-
دېسكىلىق بىر قىزغا ئويلەنگەن بولۇپ، ئونبەش يىللىق ئا-
ئىلە ھاياتىدا ئۇنىڭدىن سەككىز بالا كورگەن ئىدى، بۇ ئا-
دەم كوپ ۋاقتىنى ئويدە ئوتكۇزەتتى. يېمېلىيان كونستانتى-
نوۋىچ بۇرۇن بىر پولكنىڭ كاتىۋى بولۇپ، خەلق ئارىسىغا
ئاران كىرگەن ئىدى، ئەمما پولكتىكى چاغدا ئوزلەشتۇرگەن
يالاقچىلىق، خوشامەتكۇيلۇقتا ئوخشاش يامان ئادەتلەرنى
بىللە ئەكەلگەن ئىدى. ئۇ بار چاغدا بالىلىرى پۇتىنىڭ ئۇ-
چىدا دەسسەپ، پىچىرلاپ گەپ قىلىشاتتى. ئۇلار ھەر كۇنى
ئەتىگەن يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن تاماقخانىغا كىرىپ،
ئاسما سائەتنىڭ ئاستىدا بۇتقا ئوخشاش قاتار تىزىلىشاتتى،
ئانىسى ئارقىدىراق تۇراتتى، ياتاق ئويىدىن ئاتىسىنىڭ
«ئۇھ» دېگەن قۇرۇق يوتىلى ئاڭلىنىش بىلەنلا ئۇلار ھەرخىل
ئاۋاز بىلەن: «خۇدايا بەندىلىرىڭنى ئوز پاناھىڭدا ساقلا»
دېگەن دۇئانى باشلىشاتتى، ئۇندىن كېيىن «ئىلاھە» دۇئاسىنى
قالايمىقان ئوقۇشاتتى.

ئىبادەت ئاخىرلىشىشقا يېقىن يېمېلىيان كونستانتىنو-
ۋىچمۇ كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىپ بولۇپ، كوك كوزلىرىنى
قىسىپ، يەڭسىز قولىنى چوك پوپقا ئوخشاش سوزۇپ چىقىپ
كېلەتتى. يېمېلىيان كونستانتىنوۋىچ ئايىلىنىڭ مەگزىدىن

چوككىدە بىر سۆيەتتى، ئاندىن «چ» ھەرىپىنى توغرا ئېيتالماي:

— پولىسكا، ئىساي دەملىدىڭمۇ؟ — دەپ سورايتتى.

— دەملىدىم، يېمېلىيان كونىستانتىنوۋىچ.

— ئاچچىقراق قىلىپ قۇيۇپ بەرگىن.

ماگىزىنىنىڭ ھىساۋات ئىشلىرىنى مۇشۇ ئادەم ئېلىپ باراتتى. دەپتەرنىڭ بەتلىرىگە يوغان ھەرپلەر بىلەن چىرايلىق قىلىپ «كىردىم»، «چىقتىم» دەپ سەرلەۋھە يازاتتى. ئۇ پەقەت «سودا ـ مۇئامىلە مەلۇماتى» دىگەن گېزىتنى ئوقۇيتتى؛ ھىچ زورۇرىيىتى بولمىسىمۇ، سوگەللىك بۇرنىغا ئالتۇن كوزەينەك تاقىۋالاتتى. خىزمەتكارلار بىلەن ئوبدان مۇئامىلە قىلاتتى.

— ئىۋان پېتروۋىتىس، مۇنۇ كىسىگە تاۋرىتسان ئىستىتىن ئولتسەپ بېرىڭ①.

ئايىلى ئۇنى يېمېلىيان كونىستانتىنوۋىچ دەپ ئاتايتتى، باللىرى ئۇنى پاپاتسا دەيتتى، ماگىزىندىكى خىزمەتچىلەر تىسا ـ تىسا دىيىشەتتى.

ئىككى پوپ — ۋىسسارىئون ھەزرەت بىلەن تەقۋادار پانكراتىي ھەزرەت سېرگەي پلاتونوۋىچ بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشمايتتى، ئۇزۇندىن بۇيان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت ساقلىناتتى. پوپلارنىڭ ئوز ئارىلىرىدىمۇ ئىناقلىق يوق ئىدى. تەرسا، چېقىمچى پانكراتىي ھەزرەت ئۇستىلىق بىلەن يېقىن كىشىلىرىنىڭ پېيىنى قىرقىيتتى. ئوزىنىڭ ئوكرايىنلىق دىدىگى بىلەن ئالاقىلىشىپ قويۇپ، سىفلىس كېسىلى بىلەن

① ئىۋان پېتروۋىچ، مۇنۇ كىشىگە تاۋرىچان چىتتىن ئولچەپ بېرىڭ، دىمەكچى.

پاك بولۇپ قالغان ۋىسسارىئون ھەزرەت بولسا، تەبىئىتى نا-
ھايىتى مۇلايىم ئادەم ئىدى، ئۇ ئوتتۇپ كەتكەن تەكەببۇر ۋە
چىقىمچى پانكىراتىينى ياخشى كۆرمەيتتى، ئۇنىڭغا يېقىن
يولىمايتتى.

مۇئەللىم بالاندادىن باشقا ھەممە كىشىلەرنىڭ يېزىدا
ئۆز قورا - جايلىرى بار ئىدى. مەيداندا موخوپىنىڭ كاھىش
بىلەن نەقىش قىلىنغان، ئوگزىسى كۆك سىر بىلەن سىرلانغان
ئىمارىتى قەد كۆتىرىپ تۇراتتى. بۇ ئىمارەتنىڭ ئالدىدا،
مەيداننىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئەينەكلىك ئىشىكلىرى جاراڭ-
شىپ تۇرىدىغان ماگىزىن جايلاشقان؛ رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەن
ۋىۋىسكىسىدا مۇنۇ سۆزلەر يېزىلغان:

«س. پ. موخوپ ۋە ي. ك. ئاتېپىن سودا سارىيى»

ماگىزىنغا پاكار، ئۇزۇن، ئاستى گەمىلىك چوڭ ئام-
بار تۇتاشقان ئىدى، ئۇنىڭدىن يىگىرمە سارجىن نېرىراقتا
چېركاۋنىڭ خىش تاملىرى ۋە يېشىل گۈمبىزى كۆرۈنۈپ تۇ-
راتتى. چېركاۋنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ھوكۇمەت غەزنىسى ئۈس-
لۇبىدا ياسالغان مەكتەپ بىناسىنىڭ ئاپپاق تاملىرى ۋە
چىرايلىق ياسالغان ئىككى ئۆي كۆزگە چېلىقاتتى. ئالدىدا
باغچىسى بار ھاۋارەڭ ئۆي — پانكىراتىي ھەزرەتنىڭ، جى-
گەرەڭ (ئۇنىڭ ئۆيىگە ئوخشىمىسۇن دەپ ئەتەي جىگەرەڭ
سىردا سىرلانغان ئىدى) تاملىرى نەقىشدار، كەڭ پېشايۋانلىق
ئۆي — ۋىسسارىئون ھەزرەتنىڭ ئۆيى ئىدى. ئۇ دوقمۇشتىن-
بۇ دوقمۇشقا سوزۇلغان ئىككى قەۋەتلىك تار بىنا ئاتېپىننىڭ
ئۆيى ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسى پوچتىخانا، ئۇنىڭ نېرىسىدا
كازاكلارنىڭ ئۈستى پاخال بىلەن يېپىلغان ۋە تۇنىكە قاپ-
لانغان ئۆيلىرى كۆرۈندۇ؛ ئۇنىڭ نېرىسىدا ئوگزىسى-

گە تـۇنكە خوراز بېكىتىلگەن تـوگـمـەن قـەد كـوتــرـپ تۇرىدۇ.

بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى يورۇق دۇنيادىن يـوشۇرۇنۇپ، ئىشىك ـ دەرىزىلىرىنى ئىچكىرى ۋە تاشقىرىدىن بېكىتىپ، كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئەگەر بىرەر جايغا مېھمانغا بارمىسا، كەچ كىـرىش بىلەنلا ئىشىككە قۇلۇپ سېلىپ، ئىتلىرىنى يېشىپ قويۇـۋېتەتتى، شۇنىڭ بىلەن جىمجىتلىقتا چومگەن بۇ يېزىدا جىـسەكچىنىڭ سوققان تاك ـ تاك ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى، خالاس.

## 2

ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدا مىتكا كورشۇنوپ دون دەرياسى بويىدا سېرگەي پلاتونېۋىچنىڭ قىزى يېلىزاۋېتا بىلەن تەسادىپى ئۇچرىشىپ قالدى. مىتكا دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدىن يـېڭىلا كەلگەن بولۇپ، قېيىقىنى سۇ بويىدىكى دىڭگەك ياغاچقا باغـلاۋېتىپ، دەريادا يېنىك ئۈزۈپ كېلىۋاتقان، سىرتى سىرلانـغان چاققانغىنا بىر قېيىقنى كورۇپ قالدى. قېيىق تاغ ئاسـتىدىكى قىرغاق بىلەن پىرىستان تەرەپكە ئۈزۈپ كېلىۋاتاتتـى، ئۇنى بايارىشكىن ھەيدىگەن ئىدى. بـايارىشكىن يالاڭـۋاشتاق بولۇپ، تەردىن پاقىراپ تۇراتتى، پېشانىسى بىلەن چېكىسىدىكى تومۇرلىرى بۇرتۇپ چىققان ئىدى.

مىتكا دەسلەپتە لىزانى تونۇماي قالدى. چۈنكى بـۇ قىزنىڭ چىغ شىلەپىسىدىن چۈشكەن سايە كـوزلىرىنى توساپ

تۇراتتى. ئۇ ئاپتاپتا كۆيگەن قوللىرى بىلەن بىر قۇچاق نىلۇپەرنى كۆكسىگە بېسىپ تۇراتتى.

— كۆرشۈنۈپ! — دەپ بېشىنى ئېرغىتتى قىز مىتكىنى كۆرۈپ، — مېنى ئالدىدىڭ ـ ھە؟

— قاندا قىسگە ئالدا پتىمەن؟

— مەن بىلەن بىللىق تۇتۇشقا ۋەدە قىلغىنىڭ ئېسىڭدىمۇ؟

بايارىشكىن پالاقنى تاشلاپ قەددىنى رۇسلىدى. قېيىق زەربە بىلەن كېلىپ بۇرنى بىلەن قىرغاققا ئۇرۇلدى ۋە قىرغاقتىكى ئاپپاق گەج تاشلارنى غىچىرلىتىۋەتتى.

— ئېسىڭدىمۇ؟ — لىزا كۈلۈپ قېيىقتىن سەكرەپ چۈشتى.

— ۋاقتىم بولمىدى، ئىش كۆپ، — مىتكا ئۆزىنى ئاقلىدى ۋە تىنىغىنى ئىچىگە يۇتۇپ، قېشىغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان قىزغا كۆز تىكتى.

— ياق! بۇ مۇمكىن ئەمەس! ... يىلىزاۋىتا سېرگېيېۋنا، ئەمدى ئۇنىما يمەن. مېنى بۇ خىزمەتتىن ئازات قىلىڭ، ئۆزىڭىزگە باشقا خىزمەتكار تېپىۋېلىڭ! بۇ لەنىتى سوۋدا سەيىل قىلىمەن دەپ قانچىلىك ئەدىۋىمنى يىدىم ـ ھە، بۇنى ئۆزىڭىز ئويلاپ كۆرۈڭ. پالاققا سۈركىلىپ قوللىرىم قاپىرىپ كەتتى. كاشكى قۇرۇقلۇق بولسىچۇ.

بايارىشكىن ئۇزۇن يالاڭ ئاياقلىرى بىلەن ئۇۋاقلىنىپ كەتكەن ئاق تاش پارچىلىرىغا مەھكەم دەسسەپ، مىجىقلانغان ئوقۇغۇچىلىق شەپكىسى بىلەن ماڭلىيىنى ئېرتتى. لىزا ئۇنىڭ سوزىگە قۇلاق سالماي، مىتكىنىڭ قېشىغا كەلدى. مىتكا ئوڭايسىزلىنىپ، قىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قولىنى سىقىپ كورۇشتى.

— بىلىق تۇتۇشقا قاچان بارىمىز؟ — دەپ سورىدى قىز بېشىنى ئارقىغا تاشلاپ كوزلىرىنى قىسىپ.

— ئەتە بىرىنشىمۇ تەييارمەن. خامانىنى تېپىپ بولدۇق، ھازىر ۋاقتىم بار.

— ئالدىمايدىغانسەن؟

— ياقەي!

— بالدۇرراق كېلەمسەن؟

— تاڭ يورۇماستىنلا.

— ئەمىسە، كۈتىمەن.

— بولدى، كېلىمەن، خۇدا تۇرۇپتۇ، كېلىمەن!

— قايسى دەرىزىنى چېكىشنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟

— تاپىمەن، — دەپ كۈلدى مىتكا.

— مەن، ئېھتىمال، پات ئارىدا كېتىپ قېلىشىم مۇمكىن، ئاڭغىچە بىلىق تۇتۇشقا باراي دېۋىدىم.

مىتكا ئۈنچۈقماستىن قېيىقنىڭ داتلىشىپ كەتكەن ئاچـ قۇچىنى قولىدا ئايلاندۇرۇپ ئويناپ، قىزنىڭ لەۋلىرىگە قاـ راپ تۇردى.

— سوزىڭىز تۈگىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى باياتىنقىن ئالا - چىپار قۇلۇلىنى ئالقىنىدا ئويناپ تۇرۇپ.

— مانا ھازىر ماڭىمىز.

قىز بىردەم ئۈنچۈقمىدى، ئاندىن نىمشىقىدۇر كۈلۈمسىرەپ:

— سىزلەرنىڭكىدە توي بولغان ئوخشايدۇ - ھە؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ھە. ئاچامنى ياتلىق قىلدۇق.

— كىمگە بەردىڭلار؟ — لىزا جاۋاپ كۈتمەستىنلا غەلىتە كۈلۈپ قويدى. — ئەلۋەتتە كەلگىن! — مىتكا لىزانى موخوپىنىڭ ھويلىسىدىكى پىشايۋانىدا بىرىنچى قېتىم كۆرگەندە، بۇ قىزنىڭ تەبەسسۇمى ئۇنىڭ يۈرىكىنى قانداق ئورتىگەن بولسا، بۇ قېتىممۇ شۇنداق كۆيدۈردى.

مىتكا قىز تاكى قېيىققا يېتىپ بارغىچە ئارقىسىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى. بايارىشكىن غولچىنى كەڭ يېيىپ، قېيىقنى ئىتتىردى؛ لىزا ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدىن ئاچقۇچ ئويناپ تۇرغان مىتكىغا قاراپ، ئۇنىڭغا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

بەش سارجىن يول ماڭغاندىن كېيىن بايارىشكىن ئاستا سورىدى:

— بۇ قايسى يىگىت بولىدۇ؟

— تونۇشۇم.

— سىردىشىڭىزمۇ؟

بۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغان مىتكا پالاقنىڭ ھالقىسىغىچىرلىغاشلىقتىن قىزنىڭ نېمە دەپ جاۋاپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىيالماي قالدى. مىتكا ئارقىسىغا قايرىلىپ قاراپ، پالاقنى بېسىپ تۇرۇپ كۈلۈۋاتقان بايارىشكىننى كۆردى، ئەمما قىزنىڭ يۈزىنى كۆرمىدى، چۈنكى لىزا مىتكا تەرەپكە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرغان ئىدى. شىلەپىسىنىڭ ئاچ بىنەپشىرەڭ لېنتىسى يالىڭاچ يەلكىسىگە چۈشۈپ. شامالدا ئاستا يەلپۈنەتتى، بۇنىڭدىن مىتكىنىڭ خىرەلەشكەن كۆزلىرى قامىشىپ كەتتى.

قارماق بىلەن ئانچە كۆپ بېلىق تۇتقىلى بارمايدىغان مىتكا بۇ قېتىم كەچ كىرىش بىلەنلا ئەتىنىڭ تەييارلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىنى ئادرېسى

قىلىشقا جىددى كىرىشىپ كەتتى. باغچىدا قۇرۇۇتۇلغان كالا تېزىكىنى پارچىلاپ ئوت ياقتى - دە، سوك پىشۇردى، كونىراپ كەتكەن قارماق يىپىنى ئېلىپ تاشلاپ، يېڭىدىن يىپ بېكىتتى.

مىخەي ئۇنىڭ تەييارلىق كورۇۋاتقىنىنى كورۇپ:

— مېنى ئالغاچ بارغىنا. مىتىرى، بىر كىشى يالغۇزلۇق قىلىپ قالىدۇ، — دەپ يېلىندى.

— ئوزەم يالغۇزمۇ هوددىسىدىن چىقالايمەن.

مىخەي خورسىنىپ قويدى.

— ئۇزۇندىن بۇيان سەن بىلەن بىللە بارمىغان ئىدىم. بۈگۈن يېرىم پۇتكېلىدىغان سازاڭ بېلىقىنى تۇتۇپ كورەي دىگەن ئىدىم.

مىتكا سوك پىشۇرۇۋاتقان قازاندىن چىققان هوردا يۇزىنى پۇرۇشتۇرۇپ گەپ - سوز قىلمىدى، تەييارلىقى پۇتكەندىن كېيىن ئويگە كىرىپ كەتتى.

گىرىشاكا بوۋا كوزىگە مىس كوزەيىنەك تاقاپ، دەرىزىنىڭ ئالدىدا ئىنجىل ئوقۇۋاتاتتى.

— چوڭدادا! — دەپ قىچقاردى مىتكا دەرىزە تەكچىسىگە يولىنىپ.

گىرىشاكا بوۋا كوزەيىنىكىنىڭ ئۇستىدىن قاراپ:

— نىمە دەيسەن؟ — دىدى.

— خوراز دەسلەپ قىچقارغاندىن كېيىنلا مېنى ئويغىتىپ قويغىن.

— سەهەر تۇرۇپ، نەگە بارماقچىسەن؟

بېلىق تۇتۇشقا.

بوۋاي بېلىقنى ياخشى كورىسمۇ، بۇ قېتىم ئەتەي

قارشىلىق قىلدى.

— ئاتاڭ ئەتە زىغىر تېپىمىز دىگەن ئىدى، بىكار يۈ-رۈشنى قوي. تېخى بېلىق تۇتارمىش!

مىتكا ئۆزىنى ئارقىغا تارتىپ ھىلىگەرلىك بىلەن:

— بارسام - بارمىسام ماڭا بەرىبىر. بوۋامغا بېلىق تۇتۇپ كېلەي دىگەن ئىدىم. ئەگەر زىغىر تېپىدىغان بولساق، بارمىسامۇ بولۇۋېرىدۇ — دىدى.

— توختاپ تۇر، نىمە ئالدىرايسەن؟ — گىرىشاكا بوۋا قورقۇپ كوزىدىن ئەينىگىنى ئالدى، — مەن مىرونغا ئېيتىپ قويىمەن، بارساڭ، بېرىۋەر. بېلىقنى تۇزلاپ يىسە ناھايىتى ياخشى، ئەتە ئۇلۇغ چارشەنبە كۈنى ئىكەن، ئويغىتىپ قويى-مەن، بار ئۇخلا. تەنتەك! نىمە ھىجىيىسەن؟

يېرىم كېچە بولغاندا گىرىشاكا بوۋا بىر قولى بىلەن چىراقنى ئىشتىنىنى، يەنە بىر قولى بىلەن ھاسىسىنى تۇتۇپ، پايپاسلاپ پەلەمپەيدىن چۈشتى. ھويلىدا ئۇششاق دەسسەپ، سايىدەك يۈرۈپ، ئامبارنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى - دە، پالاسنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاۋاتقان مىتكىنى ھاسىنىڭ ئۇچى بىلەن نوقىدى. ئامبارنىڭ ئىچىدە خامانىدىن يىڭى ئەپكىلىن-گەن ئاشلىقنىڭ پۇرىغى، چاشقان تېزىگى ۋە ئادەم ئولتۇر-مايدىغان جايدىكى ئۆمۈچۈك تورىنىڭ پۇرىغى ۋە شۇندىغا ئوخشاش غەلىتە پۇراقلار پۇراپ تۇراتتى.

مىتكا ئاشلىق توكۈلگەن خامپىنىڭ ئالدىدىكى پالاس-نىڭ ئۈستىدە ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇ ھە دىگەندىلا ئويغانمىدى. گىرىشاكا بوۋا دەسلەپتە ئۇنى ھاسىنىڭ ئۇچى بىلەن ئاستا ئىتتىرىپ باقتى ۋە:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— مىتيوشكا! مىتكا!... تۇر، ھارىمى، مىتكا!... — دەپ پىچىرلىدى.

مىتكا قاتتىق پۇشۇلداپ ئۇخلاۋەردى، ئايىغىنى يىغىۋالدى. بوۋاينىڭ ئاچچىغى كېلىپ، ھاسىنىڭ تومپاي ئۇچىنى ئۇنىڭ قوسىغىغا سانچىپ، ئۇشكىدەك ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. مىتكا «ۋاي» دەپ چوچۇپ ئويغاندى — دە، ھاسىنى تۇتۇۋالدى.

— ئۇيقۇڭ بەك قاتتىق ئىكەن! بۇ ئۇيقۇ ئەمەس، بىر بالاغۇ، بۇ قانداق ئۇخلىغىنىڭ؟ — دەپ كايىپ كەتتى بوۋاي.

— جىم، جىم، ئۇنىڭنى چىقارما! — دەپ پىچىرلىدى مىتكا، ئاندىن پۇتىغا كىيىدىغان چورۇغىنى ئىزلىدى.

مىتكا مەيدانغا يېتىپ بارغاندا، يېزىدا ئىككىنچى قېتىم توخۇ قىچقاردى. ئۇ كوچا بويلاپ، پوپ ۋىسسارىئوننىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە كاتەكتىكى خوراز قانات قېقىپ، باش روھانىنىڭ ئاۋازىدەك يوغان ئاۋاز بىلەن قىچقاردى، مىكيانلار چوچۇپ، كوكۇلدىشىپ كەتتى.

ماگىزىنىنىڭ تۈۋەنكى پەلەمپىيىدە تۇمشۇغىنى جۇۋىسىنىڭ ياقىسى بىلەن يوگىۋالغان قاراۋۇل ئۇگدەپ ئولتۇراتتى. مىتكا موخۇپىنىڭ تېمىنىڭ قېشىغا كەلگەندە قارماق ۋە نەرسە — كېرەكلەر سېلىنغان خالتىنى ئۇستىدىن ئالدى — دە، ئىتلار ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ، پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن ئاستا مېڭىپ، ئىشىكنىڭ پەلەمپىيىدىن چىقتى، ئىشىكنىڭ مۇزدەك تۇتقۇچىنى تارتقان ئىدى، بېكىك ئىكەن. پەنجىرىنىڭ ئۇستىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، دەرىزىنىڭ يېنىغا كەلدى. دەرىزە قىيا ئوچۇق تۇرۇپتۇ. قاپ — قاراڭغۇ يوچۇقتىن

قىز بالىغا خاس خۇشپۇراق، ئۇيقۇدىكى ئىللىق بەدەننىڭ پۇرىقى ۋە ئاجايىپ يېقىملىق ئەتىرە پۇرىقى گۇپۇلدەپ تۇراتتى.

— لىزاۋېتا سېرگېيېۋنا!

مىتكا ئۆز كوڭلىدە قاتتىق چاقىرغاندەك بولدى. بىردەم كۈتۈپ تۇردى، جىمجىتلىق. «باشقا دەرىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ قالدىممۇ نىمە؟ دادىسى شۇ ئۆيدە بولۇپ قالسا، قانداق بولار؟ رەسۋا بولىمەن!... «مىلتىقتىن ئېتىپ تاشلايدۇ»، — دەپ ئويلىدى مىتكا دەرىزىنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

— لىزاۋېتا سېرگېيېۋنا، تۇر، بېلىق تۇتقىلى بارىمىز!

«ئەگەر باشقا دەرىزە بولۇپ قالسا، بېلىق تۇتۇشنى شۇ چاغدا كورىسەن!...»

— تۇرساڭچۇ! — دەپ زەردە بىلەن توۋلىدى ئۇ ئويىنىڭ ئىچىگە بېشىنى تىقىپ.

— ھە؟ كىم؟ — قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدىن چوچۇگەن بىر ئاۋاز ئاستا ئاڭلاندى.

— بېلىق تۇتۇشقا بارامسەن؟ بۇ مەن، كورشۇنوپ.

— ھە - ھە، مانا ھازىر.

ئويىنىڭ ئىچىدىن شىتىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. قىزنىڭ ئۇيقۇلۇق ئىللىق تىنىقىدىن يالپۇزنىڭ پۇرىقى كەلگەندەك بولدى. مىتكا قاراڭغۇدا ئاپپاق بىر گەۋدىنىڭ ئويىنىڭ ئىچىدە شىتىر - شىتىر ھەركەتلەنگەنلىگىنى كوردى.

«ئاھ، تاڭ ئاتقىچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسا، نىمە دېگەن راھەت... بېلىق تۇتۇشمۇ گەپمۇ... سوغاقتا شۇمشىيىپ ئولتۇرىسەن شۇ...» دېگەن خىيال غىل - پال كوڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىدىن كەچتى، ئۇ قىز ھۆجرىسىنىڭ ھىدى بىلەن مەس بولغان ئىدى.

ئاق كاسىنىكا ياغلىق چەككەن، كۈلۈپ تۇرغان قىز دەرىزە ئالدىدا پەيدا بولدى.

— مەن دەرىزىدىن چۈشمەن، قولۇڭنى بەر.

— چۈشۈۋەر — مىتكا قىزغا ياردەملەشتى.

قىز ئۇنىڭ قولىغا يۆلىنىپ يۈرۈپ، كوزىگە تىكىلدى.

— مەن كېچىكتىممۇ؟

— ھېچگەپ يوق، ئۈلگۈردىمىز.

ئۇلار دونغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. قىزھالىرەك ئالقىنى بىلەن سەل - پەل ئىششىغان كوزلىرىنى ئاستا ئېرتتى - دە:

— تازا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئىدىم. يەنە ئازراق ئۇخلىۋالسام بولاتتى، بەك بالدۇر يولغا چىقتۇققۇ دەيمەن.

— مۇشۇ دەل ۋاقتى.

مەيداننىڭ يېنىدىكى بىرىنچى تار كوچا بىلەن دون بويىغا چۈشۈشتى. كېچىسى سۇ كوپەيگەن بولۇپ، تۈنۈگۈن كوتەككە باغلاپ قويغان قېيىق سۇنىڭ ئۈستىدە تەۋرىنەتتى.

— توفلېينى سېلىۋېتىش كېرەك، — دەپ بىر ئۇھ تارتتى لىزا، ئاندىن قىرغاق بىلەن قېيىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپىنى كوز چىنى بىلەن ئولچەپ كوردى.

— سېنى كوتىرىۋالايمۇ؟ — دەپ تەكلىپ قىلدى مىتكا.

— بولماسىمىكىن، ئايىغىمنى يەشكىنىم ياخشى.

— بولۇۋېرىدۇ.

— لازىمى يوق، — دەپ كۈلدى لىزا خىجىل بولۇپ.

مىتكا سول قولى بىلەن تىزىدىن يۇقۇرىراق جايىدىن

قۇچاقلاپ دەس كوتىرىپ، قېيىققىچە سۇ كەچتى. قىز ئىختىيارسىز ئۇنىڭ قاراقۇمچاق كۈچلۈك بوينىغا چىرمىشىۋالدى، خىرىلداپ ئاستا كۈلەتتى.

ئەگەر مىتكا، يېزا ئاياللىرى كىر يۇيىدىغان تاشقا پۇتلىشىپ كەتمىگەن بولسا، تەسادىپىي قىسقىلا سۇ يۇشۇش يۈز بەرمىگەن بولاتتى. لىزا «ئاھ!» دەپ يۈزىنى مىتكىنىڭ يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرىگە يېپىشتۇردى، مىتكىمۇ قېيىققا ئىككى قەدەم قالغاندا توختاپ قالدى. چورۇغىنىڭ ئىچىگە سۇ كىرىپ، ئايىغىنىڭ مۇزلاپ كەتكىنىنى بىلەن كارى بولمىدى.

مىتكا قېيىقنى يېشىپ، ئۇنى بار كۈچى بىلەن دىڭگەك ياغاچتىن ئىتتىردى - دە، سەكرەپ ئۇستىگە چىقىۋالدى. ئۇ ئۆرە تۇرۇپ پالاقنى قىسقا - قىسقا سالدى. قېيىقنىڭ ئەتراپىدا سۇ ۋىشىلداپ يىغلىغاندەك بولاتتى. قېيىق تۇمشۇغىنى ئىگىز كوتىرىپ، سۇنىڭ شىددەتلىك ئېقىمىنى ئاسانلا كېسىپ ئۆتتى - دە، نېرىقى تەرەپتىكى قىرغاققا قاراپ ئۈزۈشكە باشلىدى. قارىماق ياغاچلىرى ۋىژىلداپ سەكرەپ تۇراتتى.

— نەگە ھەيدەۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى لىزا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قاراپ.

— ئاۋۇ تەرەپكە.

قېيىق تىك قۇملۇق قىرغاققا كېلىپ توختىدى. مىتكا سوراپ تۇرماستىنلا لىزانى دەس كوتەردى - دە، قىرغاقتىكى چىغانلىقنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ كەتتى، قىز ئۇنىڭ يۈزىنى چىشلەيتتى، تاملايتتى، بىر - ئىككى قېتىم بوغۇق ئاۋاز بىلەن ۋاقىراپ باقتى، ئەمما ئۆزىنىڭ دەرمانسىزلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاچچىغىدىن يىغلىۋەتتى، ئەمما كوزىدىن ياش چىقمايتتى...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

سائەت توققۇز بولغاندا قايتىشتى. ئاسماننى ساغۇچ پەردە قاپلىۋالغان ئىدى. دونىنىڭ ئۈستىدە شامال ئۇسۇلغا چۈشكەن بولۇپ، سۇدا ئات يايلىدەك دولقۇن پەيدا قىلاتتى. قېيىق دولقۇنلارنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەنلىكتىن، دەريانىڭ ئاستىدىن كۆپۈكلىنىپ چىققان مۇزدەك سۇ تامچىلىرى رەڭگى ئاپپاق ئاقىرىپ كەتكەن يىلزاۋىتانىڭ يۈزىگە چاچراپتتى، قاش ـ كىرپىكلىرىدىن ۋە كاسىنكا ياغلىقىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ قالغان بىر تۇتام چاچلىرىدىن سۇ مۇنچاقتەك تامچىلايتتى.

يىلزاۋىتا ۋەيرانە كۆزلىرىنى ھارغىنلىق بىلەن مىتىلدىتىپ، قەيەردىندۇر، قېيىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغان گۈل شېخىنى بارماقلىرى بىلەن ئېزەتتى. مىتكا ئۇنىڭغا قارىيالماي، قېيىقنى ھەيدەپ كېتىۋەردى، ئايىغى ئاستىدا كىچىككىنە بىر سازاڭ بېلىق ۋە بىر ئالتۇن بېلىق سەكراتقا چۈشكەندەك ئاغزىنى ماك ـ ماك ئېچىپ، قىزغۇچ جىيەكلىك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ياتاتتى. مىتكىنىڭ چىرايىدىن ئەيىپكارلىق ئالامىتى سېزىلىپ تۇراتتى، مەمنۇنلۇق بىلەن ئەندىشە ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدى...

— مەن سېنى سېغىنىۋە پىرىستانغا ئاپىرىپ قوياي. ئۆيەر ئۆيۈڭگە يېقىن، — دېدى مىتكا قېيىقنى سۇنىڭ ئېقىمىغا بۇراپ.

— ياخشى، — دەپ پىچىرلىدى لىزا ئۇنىڭ سوزىگە ماقۇل بولۇپ.

دەريا بويىدا كىشىلەر كۆرۈنمەيتتى، دونىنىڭ ئۈستىدىكى گەجنىڭ چاڭ ـ توزىڭى بىلەن ئاقىرىپ كەتكەن باغچىلارنىڭ قاشالىرى ئىسسىق شامالنىڭ تەسىرى بىلەن قاغجىراپ

تۆراتتى، هاۋا ئىسسىقتىن كويگەن خەس - چوپلەرنىڭ پۇرى-
قى بىلەن تولغان ئىدى. قۇچقاچلار چوقۇپ كەتكەن چىغ شى-
لەپىدەك يوغان - يوغان ئاپتاپپەرەس باشلىرى پىشىپ ئۆتۈپ
كەتكەنلىكتىن، يەرگە ئېگىلىپ قالغان ئىدى، ئۆرۈقلىرى تو-
كۈلۈپ تۆراتتى. سايلىقنى كوپ - كوك ياش مايسا قاپلىغان،
يىراقلاردا تايچاقلار ئويناقلىشاتتى ۋە بويۇنلىرىغا ئېسىلغان
قوڭغۇراقلار جىرىڭلاپ ئاڭلىناتتى، دون تەرەپكە جەنۇپنىڭ
ئىسسىق شامىلى سىيپىلاتتى.

مىتكا بېلىقنى ئېلىپ، قېيىقتىن چۈشۈۋاتقان يىلىزاۋىتاغا
ئۇزاتتى.

— مۇنۇ بېلىقلارنى سەن ئالغاچ كەت، مە!

قىز چوچۇپ كىرپىكلىرىنى پىرىلدىتىپ كەتتى، بېلىقنى
ئالدى.

— خوش، مەن كەتتىم.

— مەيلى...

قىز چىۋىققا ئۆتكۈزۈلگەن بېلىقنى كوتىرىپ، ئۆيى تە-
رەپكە يول ئالدى؛ ئۇنىڭ تۇرقى ئېچىنىشلىق بولۇپ، ئىلگىرىكى
شوقلۇغىنى ۋە كۇلگۇنچەكلىگىنى چىغانلىقنىڭ ئىچىدە يوقات-
قان ئىدى.

— لىزاۋىتا!

قىز بۇرۇلۇپ قارىدى، چىمىرىلگەن قاشلىرىدا خاپىلىق،
پۇشايمان ۋە ھەيرانلىق ئالامەتلىرى يوشۇرۇنغان ئىدى.

— بېرى كەلگىنە.

قىز يېقىنلىشىپ كەلگەندە، مىتكا خىجىللىقتا ئاران گەپ
قىلدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

— ھەر ئىككىيلەن كورمەي قېلىپتۇق... ئاپلا، يوپكاڭـ
نىڭ ئارقىسى... داغ... ئانچە چوڭ ئەمەس...
قىز سارا سىمـە بولۇپ، قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.
مىتكا بىر ئاز ئۇنچۇقماي تۇرغاندىن كېيىن:
— ئارقا كوچا بىلەن ماڭ، — دەپ مەسلىھەت بەردى.
— بەرىبىر مەيداندىن ئۆتىمەنغۇ. قارا يوپكامنى كىيىپ
چىققاي دىگەن ئىدىم، — دەپ پىچىرلىدى قىز پۇشايمان قىلىپ؛
ئۇ توساتتىن مىتكىنىڭ يۈزىگە نەپرەت بىلەن قاراپ قويدى.
— ياپراق بىلەن سۈرتۈپ كوكەرتىپ قويايمۇ؟ — دىدى
مىتكا، ئەمما لىزانىڭ كوزلىرىدە ياش پەيدا بولغانلىغىنى
كورۈپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى.
... يېزىدا پىچىر - پىچىر مىش - مىش گەپلەر ئۇچـ
قۇر شامالدەك تېز تارقالدى: «مىتكا كورشۇنوپ سېرگەي پلاـ
تونېۋىچنىڭ قىزى بىلەن ئويناپ قويۇپتۇ!». ئاياللار تاڭ بىـ
لەن ئىنەكلىرىنى پادىغا ھەيدەپ چىققاندا، قۇدۇق بېشىدىكى
بادرا ياغاچنىڭ ئىنچىكە سايىسى جىمىرلاپ تۇرغان كولچەك
بويىدا چېلەكلىرىگە سۇ ئېلىۋاتقاندا، يۇيۇلغان كىرلىرىنى
دوننىڭ بويىدىكى قورام تاشلار ئۈستىدە چايقاۋاتقاندا پەـ
قەت شۇ توغرىلىق گۇدۇڭلىشاتتى.
— ئۇز ئانىسى بولمىغاندىن كېيىن، ئەھۋال شۇ - دە!
— دادىسىنىڭ بېشىنى قاشلاشقىمۇ ۋاقتى يوق. ئوگەي
ئانىسى بولسا، ئۇزىنى كورمىگەنگە سېلىپ، تاماشىسىنى
كورىدۇ...
— تۇنۇگۇن قاراۋۇلدا ۋىدكا بېسىپالىي مۇنۇلارنى سوزـ
لەپ بەردى: «يېرىم كېچىدە شۇنداق قارىسام ئەڭ چەتتىكى
دەرىزىگە بىرسى يامىشىۋاتىدۇ. بۇ پلاتونېۋىچنىڭ ئويىگەكەلـ

گەن ئۇغرى بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. — بۇ يەردە كىم بار؟ سافچى، بۇ يەرگە كېلىڭلار! — دەپ يۇگۇرۇپ بارسام، ئاشۇ مىتكا ئىكەن».

— ھازىرقى قىزلارنىڭ بويىنىنى ئۈزۈپ تاشلىسا بولىدۇ، ئۇلار يۇر دىسە كېتىۋېرىدۇ...

— مېنىڭ مىكمىشكامغا مىتكا ئۇز ئاغزى بىلەن:«ئەمدى ئۇلارنىڭ ئويىگە ساۋچى ئەۋەتمەمەن» دەپتۇ.

— ئاۋال ئۇ بۇرۇندىكى ماگەمسىنى ئادا لىسۇنچۇ!

— ئىا كىلىشمىچە، قىزنى مەجبۇرلىغانمىش، زورلۇق قىلغان...

ۋاي - ۋاي، ئەمدى گەپ قىلماڭ!...

كوچا - كويلاردا مىش - مىش گەپلەر كوپىيىپ كەتتى. يېڭى ئوينىڭ دەرۋازىسىغا قارامۇ ساي سوۋالغاندەك. قىزنىڭ بۇرۇنقى پاك نامىنى بۇلغىشاتتى...

سېرگەي پلاتونېۋىچنىڭ سىدامىلىشىپ قالغان بېشى بۇ تاغدەك شەرمەندىچىلىكنى كوتىرەلمەي يەرگە ئېگىلىپ قالدى. ئۇ ئىككى كېچە - كۈندۈز ماگازىنغىمۇ، تۇگمەنگىمۇ چىقمىدى، تووەندىكى ئويدە تۇرىدىغان خىزمەتكار ئايال پەقەت تاماق ۋاقتىدىلا پەيدا بولاتتى.

3 - كۈنى سېرگەي پلاتونېۋىچقا كوك چىپار ئارغىماقنى ئىككى چاقلىق يېنىك پوچتىغا قوشۇپ بېرىشتى. ئۇ، يولدا ئۇچرىغان كازاكلارغا تەكەببۇرلۇق بىلەن سەل - پەل بېشىنى مىدىرلىتىپ سالاملىشىپ يېزا بازىرىغا يۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا قارا لاك بىلەن سىرلانغان پارقىراق ۋېنا كالياسكىسى① ھويلىدىن شامالدەك تېز چىقىپ كەتتى.

① كالياسكا — قوش رېسورلۇق، توت چاقلىق، ئۇستى يېپىق پوچتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هارۋىكەش يېمېلىيان ئاق سانچىغان ساقىلىغا ئىگىپ تۇرغان ئەگرى تاماكا تىرۇپكىسىغا شولگىيىنى ئېقىتىپ، كوك يىپەك چۇلۋۇرنى قولىغا ئالدى.قاپ-قارا قاغىدەك پارقىراپ تۇرغان بىر جۇپ ئات ئويناقلاپ، كوچىدا تارسىلداپ چېپىپ كەتتى. هارۋىكەش يېمېلىياننىڭ ئارقىسىدىن رەڭگى ئاقىرىپ كەتكەن يىلزاۋىتا كورۇنۇپ تۇراتتى. ئۇ كىچىككىنە چامدانىنى قولىدا تۇتۇپ ئولتۇرغان بولۇپ، مەيۇس كۇلۇمسىرەيتتى؛ دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان ۋىلادىمىر بىلەن ئوگەي ئانىسىغا پەلەيىنى سىلكىتىپ خەيرلەشتى، دۇكاندىن ئاقساقلاپ چىقىۋاتقان پانتېلېي پروكوفيېۋىچ قىزىقىپ، موخوپىنىڭ هويلا خىزمەتچىسى نىكىتادىن سورىدى:

— مىراسخور قىز نەگە كېتىۋاتىدۇ؟

نىكىتامۇ هەممە نەرسىنى بىلگىسى كەلگەن قېرىنىڭ رايىنى قايتۇرماي جاۋاپ بەردى:

— موسكۋاغا ئوقۇشقا، كۇرسنى پۈتتۈرۈشكە كېتىۋاتىدۇ.

ئەتىسى شۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەردىكى، بۇ ۋەقە توغرىسىدىكى گەپ - سوز دون بويىدىمۇ، قۇدۇق يېنىدىمۇ، پادىغا كاللىلارنى هەيدەپ چىققاندىمۇ ئۇزاققىچە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كوچۇپ يۇردى...گۇگۇم چۇشۇش ئالدىدا (دالىدىن پادا قايتقان چاغدا) مىتكا كىشىلەرنىڭ كوزىگە كورۇنمەسلىك ئۇچۇن ئەتەي كەچقۇرۇن سېرگەي پلاتونېۋىچنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئۇنداق - مۇنداق ئىش ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى قىزى يىلزاۋىتاغا ئويلىنىش ئۇچۇن رازىلىقىنى ئېلىش ئۇچۇن كەلگەن ئىدى.

شۇگىچىلىك مىتكا قىز بىلەن 4 قېتىم كورۇشكەن ئىدى. كېيىنكى قېتىم ئۇچراشقان چاغدا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇ-

ئۇ گەپلەر بولۇنغان ئىدى:
— ماڭا تۇرمۇشقا چىققىن، لىزاۋېتا، ماقۇلمۇ؟
— بولمىغۇر گەپ!
— سېنى ئايايمەن، ئەركىلىتىمەن... بىزنىڭكىدە ئىشلەيدىغانلار كوپ. سەن دەرىزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ كىتاپ ئوقۇيسەن.
— سەن ئەخمەق.
مىتكا رەنجىگەن بولسىمۇ لام - جىم دېمىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۆيىگە بالدۇر قايتتى، ئەتىسى ئەتىگەن مىرون گىرىگورىيېۋىچنى ھەيران قالدۇرۇپ:
— دادا، مېنى ئۆيلەندۈرۈپ قوي! — دېدى.
— كاپشىما.
— راست ئېيتىۋاتىمەن، چاقچاق قىلغىنىم يوق.
— بەك ئۆيلەنگىڭ كېلىپ كەتتىمۇ؟
— نېمە دېسەم بولار...
— قايسى قىزغا كويۈپ قالدىڭ، مارفۇشكا ساراڭغىمۇ؟
— سېرگەي پلاتونېۋىچقا ساۋچى ئەۋەت!
مىرون گىرىگورىيېۋىچ ئاتنىڭ ئىگەر - جابدۇغىنى ياماۋاتاتتى، ئۇ بەندىڭنىڭ ئۈستىگە كاسىپچىلىق جابدۇقلىرىنى چاققانلىق بىلەن جايىغا قويۇپ، قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى:
— بالام، بۈگۈن كەيپىڭ بەك خوش كورۈنىدۇ.
ئەمما مىتكا تامغا كانا چاپلاشقاندەك ئوز گېپىدە مەھكەم تۇردى: دادىسىنىڭ جان - پېنى چىقىپ كەتتى.
— ئەخمەق! سېرگەي پلاتونېۋىچنىڭ يۈز مىڭدىن ئوشۇق سەرمايىسى بار، ئۇ چوڭ سودىگەر، سەنچۇ؟... ماڭ، يوگۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساراڭلىق قىلما، بولمىسا، مانا بۇ تاسما بىلەن سەندەك كۆيوغۇلنى تازا سالىمەن!

— بىزدىمۇ 14 جۈپ ئوكۈز ۋە يەنە قانچىلىك مال ـ مۈلكىمىز بار، مىڭ قىلغان بىلەن ئۇ سەھرالىق بىر دىخان، بىز بولساق كازاك.

— يوقال! — دەپ ۋاقىردى ئۈزۈن گەپ قىلىشنى ياخشى كورمەيدىغان مىرون گىرىگورىيېۋىچ.

مىتكا پەقەت گىرىشاكا دوۋىنىڭلا ھىسدا شىلىغىغا ئېرىشتى. بوۋاي ھاسىسىنى يەرگە توك ـ توك سانچىپ،ئوغلىنىڭ قىشىغا يېتىپ كەلدى ـ دە:

— مىرون!

— خوش؟

— نىمىشقا ئۇنىما يسەن؟ بالىنىڭ كوڭلىگە ياققاندىن كېيىن...

— دادا، سىزمۇ، خۇدا ھەققى، ياش بالا بوپقاپسىز! مىتكىغۇ ئەخمەقلىق قىلىۋاتىدۇ، لېكىن سىزگە ھەيرانمەن...

— بولدى! — گىرىشاكا بوۋا ھاسىسىنى يەرگە ئۇردى — بىز ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئەمەسمىكەنمىز؟ ئۇنىڭ قىزىغا بىر كازاك ساۋچى بولۇپ بېرىپ، ئوتلىغا ئېلىپ بېرىش تەكلىۋىنى قويسا، جان دەپ قوبۇل قىلىشى كېرەك. بىزگە قىزنى ئىككى قوللاپ بەرسۇن. بىز پۈتۈن يۇرت بويىچە نامى چىققان مەشھۇر كىشىلەرمىز، يالاڭتوش ئەمەس، خوجا يىنمىز!...ھە ـ ھە! ساۋچىلىققا بېرىۋەر، مىروشكا، تارتىنىشقا ئورۇن يوق! قىزنىڭ مېھرىگە تۆگمىنىنى قوشۇپ بەرسۇن، تەلەپ قىلىپ سوراۋەر!

مىرون گىرىگورىيېۋىچ پىخىلداپ ھويلىغا چىقىپ كەتتى،

ئەمما مىتكا كەچ كىرگەندە ئۆزى بېرىش قارارىغا كەلدى، چۈنكى ئۇ دادىسىنىڭ تەرسالىغىنى، قەيسەر، بىر سوزلۇك ئادەم ئىكەنلىگىنى بىلەتتى.

مىتكا يول بويى ئىسقىرت چېلىپ، بىسمالال ماڭغان بولسىمۇ، سېرگەي پلاتونېۋىچنىڭ كوچا ئىشىگىگە يېتىپ كەلگەندە يۈرىگى پوكۇلداپ كەتتى، بىر ئاز ئۇياق بۇياققا ماڭغاندىن كېيىن هويلىنىڭ ئىچى بىلەن مېڭىپ، پەلەمپەينىڭ ئالدىغا باردى-دە، كىراخماللانغان پەرتۇق بىلەن شاراقلاپ ماڭغان خىزمەتكار ئايالدىن:

— ئۇ كىشى ئۆيدە بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— چاي ئىچىۋاتىدۇ، بىردەم كۈت.

ئولتۇرۇپ كۈتتى، تاماكا چەكتى، كېيىن تۈكۈرۈگى بىلەن چېكىۋاتقان تاماكىسىنى ئۆچۈرۈپ، قالدۇغىنى ئايىغى بىلەن دەسسىدى. سېرگەي پلاتونېۋىچ چاپىنىدىكى نان ئۇۋاقلىرىنى قېقىپ ئۆيدىن چىقتى؛ مىتكىنى كورۇش بىلەن قاشلىرىنى چىمىلدىتىپ كەتتى.

— ئىچكىرىگە كىرىڭ.

مىتكا كىتاب بىلەن تاماكا پۇرىغى كېلىپ تۇرغان ئىش بۆلۈمىسىگە بىرىنچى بولۇپ كىردى، ئۇنىڭ ئۆز ئۆيىدىن چىققان چاغدىكى باتۇرلىغى ئىش بۆلۈمىسىنىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە توگەپ كەتتى.

سېرگەي پلاتونېۋىچ ئىش ئۈستىلىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئوتتۇگىنىڭ پاشىنىسىنى غىچىرلىتىپ ئارقىسىغا قايرىلدى.

— خوش؟ — ئارقىسىغا قىلىپ تۇرغان قولىنىڭ بارماقلىرى يېزىش ئۈستىلىنىڭ تاختىسىنى تاملايتتى.

— مەن بىلىپ بېقىشقا كەلگەن ئىدىم ... — مىتكا ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىكەندەكقا دىلىپ تۇرغان سوغاق كوزلىرىگە بىرلاقاراپ، يەلكىسى دىرىلدەپ كەتتى، — بەلكى لىزاۋېتانى ماڭا بېرەرسىز؟

ئۇمىتسىزلىك، غەزەپ، قورقالىق قاتتىق سارا سىمىگە چۈشكەن مىتكىنىڭ يۈزىدە خۇددى قۇرغاقچىلىق ۋاقتىدىكى شەبنەمدەك تەرتامچىلىرىنى پەيدا قىلدى.

سېرگەي پلاتونېۋىچنىڭ سول قېشى تىترەيتتى، توپىكا لېۋكى كوتىرىلىپ، چىشىنىڭ قىپ-قىزىل گوشلىرى كورۈنۈپ كەتتى. ئۇ بويىنىنى سوزۇپ، پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن ئالدىغا ئېگىشتى.

— نىمە؟ نى-مە؟... ئەبلەخ!... يوقال!... مەن سېنى ئاتاماڭغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن! قارىغىنا. سەن ئىتنىڭ بالىسىنى! هارامزادە!...

مىتكا ئۇنىڭ ۋاقىرىغىنىغا باتۇرلۇق كورسەتتى. ئۇ سېرگەي پلاتونېۋىچنىڭ ئىككى مەڭزىنى قان بېسىپ، قىزىرىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرۇۋەردى.

— خاپا بولماڭ... مەن ئۇز گۇنايىمنى يۇيـاي دەپ كېلىۋىدىم...

سېرگەي پلاتونېۋىچ قانغا تولغان ۋە ياشلىنىپ قالغان كوزلىرىنى هۇمايتىپ ئېغىر چويۇن كۇلدانىنى مىتكىغا ئاتتى، كۇلدان ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىغا تاراقلاپ چۈشتى-دە، ئۇ يەردىن سەكرەپ كېتىپ مىتكىنىڭ سول پۇتىنىڭ لىپىگىگە تەگدى، شۇنداق بولسىمۇ مىتكا ئاغرىققا بەرداشلىق كورسىتىپ، بىرلا ساپچىپ ئىشىكنى ئاچتى، ئاندىن ئاغرىق بىلەن ئەلەمگە چىدىماي قوپاللىق بىلەن ۋاقىرىدى:

— ئىختىيار ئۆزىڭىزدە. سېرگەي پلاتونېۋىچ، مەن پەقەت كوڭلۇمدىكىنىلا ئېيتتىم... مۇشۇ ئەهۋالدا قىزىڭىزنى

كىم ئالىدۇ؟ بۇ گەپ ـ سوزلەرنى مەن ئۆزەم باسۇرۇۋېتەي
دېۋىدىم... بىراۋدىن ئاشقان ـ تاشقان نەرسە كىمگە كېرەك؟
ئىمۇ بىمەيدۇ.

سېرگەي پلاتونېۋىچ مىجىقلانغان ياغلىقنى لىۋىگە بې-
سىپ، مىتكىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى ۋە دەرۋازىنىڭ يولىنى
توسىۋالدى. مىتكا هويلىغا قېچىپ چىقتى. شۇچاغدا سېرگەي
پلاتونېۋىچ هويلىدا تورغان هارۋىكەش يېمېليانغا كوزقىسىپ
قويدى. مىتكا دەرۋازىنىڭ تاقىغىنى ئاچقىچە، يېمېليان قو-
يۇپ بەرگەن توت ئىت ئامبارنىڭ ئارقىسىدىن ئېتىلىپ چى-
قىپ، يات ئادەمنى كورۇش بىلەنلا سۇپۇرۇلگەن هويلىدا
چېپىشىپ كەتتى.

1910 - يىلى سېرگەي پلاتونېۋىچ نىژنىي شەهرىدىكى
يەرمەنكىدىن بىر جۇپ كۇچۇك ـ بىر ئەركەك، بىر چىشى
كۇچۇكنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. هەر ئىككىسى قارا، يۇڭى جىن-
گىلەك، ئاغزى يوغان كۇچۇك ئىدى. بىر يىلدىن كېيىن بۇ كۇ-
چۇكلەر بىر ياشلىق موزايدەك يوغىنىدى؛ دەسلەپكى چاغلاردا
موخوپىنىڭ هويلىسىنىڭ يېنىدىن ئوتكەن خوتۇنلارنىڭ يوپكى-
سىنى چىشلەپ يىرتىشقا باشلىغان ئىدى، كېيىن بارا ـ بارا
ئاياللارنى يەرگە يىقىتىپ، يوتىسىدىن چىشلەشنى ئۇگەندى،
پوپ پانكراتنى هەزرەتنىڭ موزىيىنى ۋە ئاتىپىننىڭ ئىككى
چوشقىسىنى تالاپ ئولتۇرگەندىن كېيىن، سېرگەي پلاتونېۋىچ
ئۇلارنى زەنجىر بىلەن باغلاشقا بۇيرۇق قىلدى. ئىتلارنى
پەقەت كېچىسى يېشىۋېتەتتى ۋە يىلدا بىر قېتىم باهار مەز-
گىلىدە نەسىللەندۇرۇشكە قويۇۋېتەتتى.

مىتكا قايرىلىپ ئۇلگۇرمەستىنلا بايان ئىسىملىك ئىت
ئالدى پۇتلىرىنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قويۇپ، پاختىلىق چاپى-

www.uyghurkitap.com

ئىدىن چىقىلدى. قاپ ـ قارا ئىتلار تەرەپ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ تاتقىلىشاتتى. مىتكا قوللىرى بىلەن ئۆزىنى ھىمايە قىلىپ، يىقىلىپ چۈشمەسلىككە تىرىشاتتى، مىتكا يىمپليانىنىڭ تاماكا تىرۇپكىسىنى چىكىپ، ئاشخانىغا كىرىپ كىتىپ، سىرلانغان ئىشىكىنى تاراقلىتىپ يىپىۋالغانلىقىنى كوردى.

پەلەمپەينىڭ بىر بۇرجىكىدە سۇ تۇرۇبىسىغا يولەنگەن سىرگەي پلاتونىۋىچ پاقىراق يوڭ باسقان ئاپپاق مۇشتىنى تەڭلەپ تۇراتتى. مىتكا ئۇياق بۇياققا تەۋرىنىپ بىر ئىلاج قىلىپ تاقاقنى سۇغۇرۇۋالدى ـ دە، قانغا بويالغان پۇتلىرىغا ئىسىلىپ خىخىلداپ تۇرغان بەدبۇي، سىسىق ئىتلارنى كوچىغا سورەپ چىقتى. بايانى كىلىدىن بوغۇپ ئولتۇردى، قالغان ئىتلاردىن ئۇنى يولدا ئوتوپ كىتىۋاتقان كازاكلار تەسلىكتە ئاجرىتىۋالدى.

## 3

ناتالىيە مىلىخوپلارنىڭ ئائىلىسىگە تازا لايىق كەلگەن ئىدى. مىرون گىرىگورىيىۋىچ بالىلىرىنى ئىشقا ئوبدان ئوگەتكەن ئىكەن؛ شۇنچە بايلىقى ۋە كوپلىگەن خىزمەتكارلىرىنىڭ بولۇشىغا قارىماي، بالىلىرىنى ئىشقا سىلىپ، ئەمگەككە كوندۇرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمگەك سويەر ناتالىيە قىيناتا بىلەن قىينانىسىنىڭ كوڭلىگە تازا ياقتى. چوڭ كىيلىنى ـــ ياسانچۇق دارىيىنى ئۆز ئىچىدە ياقتۇرماي يۇرگەن ئىلىئىنىچنا، دەسلەپكى كۈنلەردىن تارتىپلا ناتالىيىگە مىھىر ـ مۇھەببەت قويغان ئىدى.

— ئۇخلا، بىردەم ئۇخلىۋال، قوزىچىقىم! نېمىشقا بالدۇر تۇرۇپ كەتتىڭ؟ — دەيتتى ئاشخانىدا كىتىرلاپ يۈرگەن ئىلىنىچنا مېھرىۋانلىق بىلەن. — ماڭ، يۈگۈر، سەھەردە بىردەم ئۇخلىۋال، ئىش بولسا ئۆزىمىز قىلىۋېتىمىز.

چاي قاينىتىش ئۈچۈن سەھەر تۇرۇۋالغان ناتالىيە ئۆيەقۇسىنىڭ چالىسىنى ئۇخلىۋېلىش ئۈچۈن يەنە كىرىپ كېتەتتى.

ھەتتا ئۆي ئىچىدىمۇ قاتتىق قوللۇق قىلىدىغان پانتېلېي پروكوفېيېۋىچمۇ بىر كۈنى ئايىلىغا مۇنۇنى تاپىلىدى:

قارىغىنا، خوتۇن، ناتاشكىنى ئويغاتما. بىچارە كۈنبويى تىنىم تاپمايدۇ، گىرىشكا بىلەن يەر ھەيدەشكە بارماقچى بولۇۋاتىدۇ. دارىيىنى ئىشقا سال. دارىيە ھورۇن، ناچار كېلىن چىقتى ... يۈزىنى بوياپ، قېشىنى قارا قىلىشنىلا بىلىدۇ، قانچۇق.

— ھەي، بىر يىل بولسىمۇ يايرىۋالسۇن بىچارە قىز، — دەيتتى ئىلىنىچنا ئىش بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىق ھاياتىنى ئەسلەپ.

گىرىگورىي يېڭىدىن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغانلىقىغا بىر ئازلا كۆنۈپ، ئۆز بېشىغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن كۆڭلىدە ئاكسىنىيە بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ تامامەن ئۈزۈلمىگەنلىكىنى، قەلبىدە يەنە قاندىقتۇر بىر تال تىكەندەك بىر نېمە قالغانلىقىنى ھىس قىلىپ قورقۇپ كەتتى ۋە ئۆز ئۆزىدىن ئاچچىقلاندى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى بۇ دەردى تېزلا يوقىلىدىغان دەرت ئەمەس ئىدى. ئۇ مەھكەم يىلتىز تارتقان ئىدى، ئەمما گىرىگورىي كۈيوغۇللۇق دەۋرىنىڭ غۇرۇرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇنى

www.uyghurkitap.com

كونارسا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى ... بىراق ئۇنى ئۇنتالمىدى، ئەسكە چۈشكەنسېرى بۇ دەرت زورىيىپ، يۈرەكنى جاراھەتلەندۈرەتتى. توي بولۇشتىن بۇرۇن بىر كۈنى خامان تېپىۋاتقان چاغدا پېترو ئۇنىڭدىن سوراپ قالدى:

— گىرىشكا، ئاكسىنا بىلەن بولغان مۇئامىلەڭنى قانداق قىلاي دەيسەن؟

— قانداق دەيسەن؟

— سەن ئۇنى تاشلىۋېتەلمەسسەنمىكىن؟

— مەن ئۇنى تاشلىۋەتسەم، باشقا بىرسى تېپىۋالىدۇ، — دەپ كۈلگەن ئىدى شۇ چاغدا گىرىشا.

— ھەر ھالدا كوزۇڭگە قارا، — دېدى پېترو بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى يالماپ، — سەن ئويلىغان كىشى بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر بالاغا يولۇقمىغىن...

— ئىزلار كومۇلىدۇ، ئىشلار ئۇنتۇلىدۇ، — دېدى گىرىشكا گەپنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ.

ئەمما ئىش ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ چىقمىدى. كېچىلىرى گىرىشكا ئۆزىنىڭ ئەرلىك بۇرچىنى ئادا قىلىش يۈزىسىدىن ئايىلىنى ئەركىلەتكەن چاغدا ئايىلى ئۆزىنىڭ ياشلىق مۇھەببەت جۇشقۇنلۇغى بىلەن كوڭلىنى ئالماستىن، سوغاق قانلىق ۋە ئۇيالچانلىق بىلەن بويسۇنۇشنىلا بىلەتتى. ناتالىيە ئېرىنىڭ ئەركىلىتىشىنى ئۇچ كورىدىغان دەرىجىدە ئەمەس ئىدى؛ ئانىسىغا تارتىپ سوغاق قان بولۇپ تۇغۇلغان ئىدى، شۇڭلاشقا گىرىگورىي ئاكسىنىيىنىڭ مۇھەببەتتىكى قىزغىنلىغى ئېسىگە چۈشكەندە ئۇھ تارتىپ قوياتتى.

— ناتالىيە، ئاناڭ سېنى مۇز ئۈستىدە تۇققان ئىمىكىن دەيمەن... سەن ئىمەدىگەن سوغاق - ھە!

ئەمما ئاكسىنىيە ھەر قېتىم ئۇچراشقان چاغدا قاپ-قارا خۇمار كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تەبەسسۇم قىلاتتى ۋە بىر-ئىككى ئاچچىق-چۇچۇك گەپ قىلىشنى بىلەتتى:

— سالام، گىرىشىنكا! ياش كېلىنچەك بىلەن قانداق ئوتتۇۋاتىسەن؟ ئاپاق-چاپاق بولۇپ كەتكەنسەن؟

— ئىش قىلىپ ئوتتۇۋاتىمىز ... — گىرىگورىي مۇجەمەل جاۋاپ بېرىپ، ئاكسىنىيىنىڭ كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۆزىنى تېزرەك ئېلىپ قېچىشقا تىرىشاتتى.

ستېپان ئايىلى بىلەن ئەپلىشىپ قالغاندەك ئىدى. قاۋاققا ئانچە كۆپ بارمايدىغان بولدى؛ بىر كۈنى كەچقۇرۇن بۇغداي سورۇۋېتىپ، ئارىسى بۇزۇلغاندىن بۇيان بىرىنچى قېتىم ئايىلىغا مۇلايىم سۆز قىلدى:

— كىسيوشا، كەل ناخشا ئېيتايلى!

ئۇلار چالا سورۇلغان بۇغداي دۆۋىسىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇشتى. ستېپان سولداتچە قوشاق باشلىدى. ئاكسىنىيە كۆكرىكىدىن تولۇپ چىققان ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭغا جور بولدى. يېڭى تۇرمۇش قۇرغان دەسلەپكى يىللاردىكىدەك كېلىشتۈرۈپ ئېيتىشتى. شۇ چاغدا كەچكى شەپەققە بويالغان قۇياشنىڭ نۇرىغا چومگەن داللىدىن ئىككىسى قايتىپ كېلىۋاتقاندا، ستېپان ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ئاستا تەۋرىنىپ قەدىمقى بىر مۇڭلۇق ناخشىنى باشلىغان ئىدى. ئاكسىنىيە بېشىنى ئېرىنىڭ مۇسكۇللۇق كۆكسىگە قويۇپ، قايتۇرۇپ ئېيتاتتى. ئاتلار ھارۋىنى غىچىرلىتىپ بىر ۋەزىندە تارتىپ ماڭاتتى. يېزىدىكى قېرىلار يىراقتىن ناخشىغا قۇلاق سېلىپ:

— ستېپانغا ئاجايىپ ئاۋازى ساز ئايال ئۇچراپتۇ-دە، — دېيىشەتتى.

— ئۇلار راسا كېلىشتۇرۇپ ئېيتىشىۋاتىدۇ!...

— ستېپاننىڭ ئاۋازىنى دىمەمدىغان، نەق قوڭغۇراق! چاك ئارىلاش غۇۋا كورۇنگەن قىزىل شەپەق نۇرىدا قۇياشنىڭ قانداق پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىش ئۈچۈن كوچىنىڭ ئىككى چېتىدىكى سۇپىغا چىقىپ ئولتۇرغان بوۋايلارمۇ ئۇ قاتتىن بۇ قاتقا گەپ ئېتىشاتتى:

— نىزوپ قوشىقىنى ئېيتىشىۋاتىدۇ.

— بۇ قوشاقنى گىروزنىيدە بىزنىڭ پولكىمىز توقىغان.

— ھە ـ ھە، بۇ قوشاقنى مەرھۇم گىرىيوشكا ياخشى كورەتتى!

گىرىگورىي بەزى كەچقۇرۇنلىرى ئاستاخوپلارنىڭ ناخشا ئېيتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالاتتى. بۇغداي تەپكەندە (ئۇلارنىڭ خامىنى يانمۇ ـ يان ئىدى) ئاكسىنىيىنىڭ بۇرۇنقىدەكلا بىمالال، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ يۈرگەنلىكىنى كورۇپ، ئۆزىچە: «بەختىيار» ئىكەن دەپ ئويلايتتى. ھەر ھالدا گىرىگورىيغا شۇنداق تۇيۇلاتتى.

ستېپان مېلېخوپلار بىلەن سالاملاشمايتتى، ئۇ ئارا بىلەن خاماندا ئايلىنىپ، كەك غۇلىچىنى يېيىپ، ئىش بىلەن بەنت ئىدى؛ ناگان ـ ناگاندا ئايىلى بىلەن چاقچاقلىشىپ قوياتتى، مانا شۇ چاغدا ئاكسىنىيە رومال ئاستىدىن قارا كوزلىرىنى ئويىنىتىپ، قاقاقلاپ كۈلەتتى. گىرىگورىي كوزىنى يۇمۇۋالسىمۇ، ئۇنىڭ يېپشىل يوپكىسى كوز ئوڭىدا يەلپۈنگەندەك بولاتتى. قانداقتۇر نامەلۇم بىر كۈچ گىرىگورىينىڭ بويىنىنى ستېپاننىڭ خامىنى تەرەپكە بۇراپ، قاراشقا مەجبۇر قىلاتتى. ئەمما بۇغداي باغلىرىنى خامانغا يېيىتىپ، پانتېلېي پروكوفيېۋىچقا ياردەملىشىۋاتقان ناتالـ

يىنىڭ ھەر قېتىم، ئېرى ئىختىيارسىز ئاشۇ تەرەپكە قاراۋاتـ
قانلىغىنى كورۇپ سەيۇسلەنگەنلىگىنى، رەشك قىلغانلىغىنى
گىرىنگورىي سەزمەيتتى: شۇنىڭدەك ئاتلارنى ئايلاندۇرۇپ، خا-
مان تېپىۋاتقان پېترونىڭمۇ ئۇنىڭغا پات - پات قاراپ، يۇ-
زىنى پۈرۈشتۈرۈپ مىيىغىدا كۈلگەنلىگىنىمۇ بايقىمايتتى.

گۈلدۈر - گۈلدۈر ئايلىنىۋاتقان تۈلۈق تاشنىڭ تەسـ
رىدە گىرىشكا گۆگگا ئۆي - خىيالغا چۆمەتتى، چـۇۋۇالچاق
پىكىرلىرى تۈتۈق بەرمىگەچكە، خۇددى كالـۋا يىپىنىڭ ئـۇـ
چىنى تاپالمىغاندەك ئاۋارە بولاتتى.

يىراق - يېقىندىكى خامانلاردىن تولۇق تاشلارنىڭ بوغـ
داي ئۈنچىسى ئۈستىدە گۈلدۈرلىشى. ئات ھەيدىگەن كىشـ
لەرنىڭ ھايقىرىقلىرى، قامچىلارنىڭ تارسىلدىغىنى، شامالدۇر-
غۇچ ماشىنا بارابانلىرىنىڭ تـاراقلىشى ئـاڭلىنىپ، بارا -
بارا سايلىقتا يوق بولۇپ كېتەتتى. بۇيىلقى مول ھوسۇلدىن
قازىنىمۇ ماي، چومۇچىمۇ ماي بولۇپ كـەتكەن يېزا — دون
ئۈستىدە چىقىۋاتقان سېنتەبىر ئېيىنىڭ سالقىن شامىلىدا ئاق
يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. قاشا بىلەن تـوسالغان ھەر بىر
ھويلىدا، ھەر بىر ئۆيدە ئۆزىگە چۇشلۇق، بىر - بىرىگە ئوخـ
شىمايدىغان خىلمۇ - خىل ھايات قـايناتتى، ھـەركىم ئـۆز
ئالدىغا ياشايتتى. گىرىشاكا بوۋا شـامالداپ قېلىپ، چىش
ئاغرىقىغا يولۇققان ئىدى: سېرگەي پلاتـونوۋىچ ئىككى ئاچا
بولۇپ قالغان ساقىلىنى سىلاپ، يـالغۇز قالغان چـاغلىرىدا
خورلـۇققا چىدىيالماي، چىشلىرىنى غـۇچۇرلىتىپ يىغلايتتى؛
ستېپان يۈرىگىدە گىرىشكىغا ئاداۋەت ساقلايتتى ۋە كېچىسى
چۈشىدە تومۇر بارماقلىرى بىلەن قۇراق يـوتقىنىنى تاملاپ
چىقـاتتى، ناتالىيە ئامبارنىڭ ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ ئو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زىنى قۇرۇتۇلغان تېزەك ئۇستىگە تاشلايتتى - دە، تۇگۇلۇپ ئولتۇرۇپ، تىترەپ، قاخشاپ، ئۇزىنىڭ بىتەلەيلىكىگە يىغلايتتى؛ يەرمەنكىدە غونىجىنىنى سېتىپ، پۇلىنى هاراق ئىچىپ تۇگەتكەن خرىستونە ۋىجدان ئازاۋىدا قىينىلاتتى؛ بۇرۇنقى هىس - تۇيغۇسى قوزغىلىپ، يېگىۋاشتىن دەرتكە مۇپتىلا بولغان گىرىشكا هەدەپ ئۇھ تارتاتتى؛ ئاكسىنىيە ئىلاجىسىزلىقتىن ئېرىنى ئەكىلەتتىسمۇ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن، كوڭلىدە ساقلىنىپ قالغان ئۇچمەس نەپرەتنى كوز ياشلىرى بىلەن كومۇپ تاشلايتتى.

تۇگمەندىن بوشىتىلغان داۋىدكا تۇن بويى ۋالىتنىڭ كېسەك ئويىدە ئولتۇرۇپ چىقاتتى؛ ۋالىت كوزلىرىنى غەزەپ بىلەن چاقنىتىپ مۇنداق دەيتتى:

— يا - ق، ئالدى - رد - ماي تۇر! پات يېقىندا ئۇلارنىڭ پېيى قىرقىلىدۇ! ئۇلارغا بىر ئىنقىلاپ كەملىك قىلىپ تۇرۇپتۇ. 1905 - يىل يەنە كېلىپ قالار، شۇ چاغدا ئۇلار بىلەن هىسا پلىشارمىز! هد - سا پ - لد - شار - مىز! ... — ئۇ تاتۇق بولۇپ ساقايغان بارماقلىرى بىلەن تەهدىت قىلىپ يەلكىسىگە چۇشۇپ قالغان چاپىنىنى تۇزەپ قوياتتى.

ئەمما يېزىدا كېچە بىلەن كۇندۇز ئالمىشىپ، هەپتە كېلەتتى، هەپتىنىڭ ئارقىسىدىن ئايلار ئارقا - ئارقىدىن قوغلىشىپ ئوتمەكتە ئىدى. شامال چىققاندا تاغدىن غۇيۇلدىغان ئاۋاز كېلەتتى، بۇ — كۇزكى هاۋا رايىنىڭ ياخشى كېلىشىنىڭ ئالامىتى ئىدى. دون دەرياسىنىڭ كۇزگى ئېقىمى شىشىدەك سۇپ - سۇزۇك، زۇمرەتتەك يېشىل بولۇپ، سالماقلىق بىلەن دېڭىزغا قۇيۇلاتتى.

## 4

ئوكتەبىرنىڭ ئاخىرىدا، بىر يەكشەنبە كۈنى فېدوت بودوۋنىسكوپ هارۋىسىنى هەيدەپ يېزا بازىرىغا يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ ئاتلىسىدە بېقىپ سەمرىتكەن 4 جۈپ ئۆدەكنى قاپقا سېلىپ بازارغا ئېلىپ بېرىپ ساتتى؛ دۇكاندىن ئايالىغا گۈللۈك چىت سېتىۋېلىپ، ئەمدى كېتەي دەپ تۇرۇشىغا (بويۇنچاقنى پۈتىنى تىرەپ، تاسمىسىنى تارتىۋاتقان چاغدا) قېشىغا مۇشۇ بازارلىق ئەمەس، تونۇشمايدىغان بىر ئادەم كەلدى.

— سالام ئەلەيكۇم! — دەپ تېچلىق سوراشتى ئۇ قارىيىپ كەتكەن بارماقلىرىنى قارا شلەپىسىگە تەككۈزۈپ.

— سالام! — دېدى فېدوت قىسقىلا قالماق كوزلىرىنى چىمىلدىتىپ.

— سىز قەيەرلىك؟

— مەن يېزىدىن، بۇ يەرلىك ئەمەسمەن.

— قايسى يېزىدىن؟

— تاتار يېزىسىدىن.

ناتونۇش ئادەم يانچۇقىدىن ئۇستىگە ئېيىق سۈرىتى سېلىنغان كۆمۈش تاماكا قۇتىسىنى ئالدى ـ دە، فېدوتقا تاماكا تۇتۇپ، گەپ سوراشقا باشلىدى.

— يېزادىكىلەر چوڭمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— رەھمەت، ھازىر چەككەن ئىدىم. سىزنىڭ يېرىزىمۇ؟ ناھايىتى چوڭ، كەم دېگەندە ئۈچيۈز ئويلۇك ئادەم بار.
— چېركاۋ بارمۇ؟
— بولمايچۇ.
— تومۇرچىلەر بارمۇ؟
— تاقىچىلارنى دەمسىز؟ تاقىچىلارمۇ بار.
— تۆگمەندە تومۇرچىلىك دۇكىنى بارمۇ؟
فېدوت تىپىرچىلاپ تۇرغان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بوشىتىپ، بۇ ئادەمنىڭ قارا شىلەپىسىگە ۋە قورۇق باسقان ئاپپاق يۈزىدىكى تۆكىچىدەك يېرىك ساقىلىغا كۆڭۈلسىزلىك بىلەن قارىدى.
— خوش، سىزگە نېمە كېرەك؟
— مەن سىزنىڭ يېزىڭىزغا كوچۇپ بارماقچى، ھازىر يېزا ئاقساقىلىنىڭ قېشىدىن چىقتىم. ھارۋىڭىز بوشمۇ؟
— بوش.
— مېنى ئالغاچ كېتەمسىز؟ ئەمما يالغۇز ئەمەسمەن، ئايىلىم بار، 8 پۇت كېلىدىغان ئىككى ساندۇقمۇ بار.
— ئالغاچ كەتسەم مەيلى.
فېدوت ئىككى سوم پۇلغا توختىشىپ ھارۋىنى نانۋاي ئايال پىروسكىنىڭ ئۆيىگە ھەيدەپ باردى، بۇ ئادەم شۇ ئۆيگە چۈشكەن ئىكەن. نازۇككىنە سېرىق چاچ ئايىلىنى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزدى. ساندۇقنى ئارقا تەرەپكە جايلاشتۇردى.
ھارۋا يېزا بازىرىدىن چىقتى. فېدوت لەۋلىرىنى چوكۇلدىتىپ، قىلدا ئورىگەن قامچىسىنى پاكارغىنا كۆچلۈك ئېتىنىڭ بېشىدا ئوينىتىپ، يايلاق گەردەن بېشىنى ئۇيان - بۇيانغا تولغاپ قويۇپتتى: يېنىدىكى ئادەمدىن گەپ سورىغىسى

كېلەتتى. ئەر ـ ئايال يولۇچىلار ئۇنىڭ ئارقىسىدا كەمـ
تەرلىك بىلەن ئۈنچىقماي ئولتۇرۇشاتتى. فېدوت ئالدى بىـ
لەن تاماكا سورىدى، كېيىن:

— بىزنىڭ يېزىغا نەدىن كۆچۈپ كېلىۋاتىسىز؟ —
دېدى.

— روستوپتىن.

— شۇ يەردە تۇغۇلغانمۇ؟

— نېمە دېدىڭىز؟

— ئەسلى يۇرتىڭىز قەيەر؟ دەپ سوراۋاتىمەن.

— ھە ـ ھە، شۇ يەرلىك، روستوپلۇق بولىمەن.

فېدوت بېشىنى كۆتىرىپ، يىراقتىكى شىۋاقلىققا كۆز
تىكتى: گېتمان يولىنىڭ بىر ئۇچى ئېدىرغا تۇتىشىپ كەتكەن،
يولدىن يىرىم چاقىرىم نېرىدا ئېدىرنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدىـ
كى قاغجىراپ كەتكەن شىۋاقلىق ئىچىدە مىدىرلاپ يۈرگەن
كەكلىكلەرنىڭ باشلىرىنى فېدوتنىڭ ئۆتكۈر، قىيپاچ كۆزى
بايقاپ قالدى.

— مىلتىق يوق ـ تە، ئۇنداق بولمىغاندا، ھارۋىنى
شۇ تەرەپكە ھەيدىگەن بولاتتىم. ئەنە، ئەنە، مېڭىپ يۈرۈشىـ
دۇ، — دېدى بارمىقى بىلەن كۆرسىتىپ، بىر ئۇھ تارتىپ
قويدى.

— كۆرمەيۋاتىمەنغۇ، — دېدى يولۇچى كۆزلىرىنى
چىمىلدىتىپ.

— كەكلىكلەر سايغا چۈشۈپ كەتكىچە فېدوت كۆزىنى
ئۈزمەستىن قاراپ تۇردى. كېيىن ئارقىسىدا ئولتۇرغان ئاـ
دەملەرگە بۇرۇلۇپ قارىدى. يولۇچى ئوتتۇرا بويلۇق، ياداڭـ
غۇ ئادەم بولۇپ، بۇرنىنىڭ گوشلۇك قاڭشارىغا يېقىن كۆزـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

لىرى قۇۋلۇق بىلەن چاقناپ تۇراتتى. گەپ قىلغاندا پات ـ پات كۈلۈپ قوياتتى. يۇڭ رومال چەككەن ئـايىلى ئۇگدەپ ئولتۇراتتى، فېدوت ئۇنىڭ يۈزىنى كورەلمىدى.

ــ سىز بىزنىڭ يېزىغا نىمە زورۇرىيەت بىلەن كوچۈپ بارماقچى بولدىڭىز؟

ــ مەن تومۇرچى، تومۇرچىلىك دۇكىنى ئاچسام دەيـ مەن. ياغاچچىلىقمۇ قولۇمدىن كېلىدۇ.

فېدوت ئانچە ئىشەنمەي، ئۇنىڭ يوغان قوللىرىغا قاـ رىدى، يولۇچىمۇ بۇنى بايقاپ:

ــ ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن «زىنگېر» شىركىتىنىڭ گوماشـ تىسى بولىمەن، كىيىم تىكىش ماشىنىلىرىنى تارقىتىمەن،ـدەپ قوشۇپ قويدى.

ــ ئىسمى ـ زاتىڭىز كىم بولىدۇ؟ ــ دەپ سورىدى فېدوت قىزىقىپ.

ــ مىنىڭ پەمىلەم شتوكمان.

ــ ئۇنداق بولسا، رۇس ئەمەس ئىكەنسىز ـ دە؟

ــ ياق، رۇسمەن. بوۋىلىرىم لاتىش ئىكەن.

يەنە شۇ ئاز ۋاقىتنىڭ ئىچىدە، فېدوت، تومۇرچى شـتـوكـمـان يـوسـېـف داۋىدوۋىچـنـىـڭ بـۇرۇن «ئاقساي» زاۋۇدىدا ئىشلىگەنلىكىنى. كېيـىـن كۇبانىنىڭ بىر يېرىدە. ئۇندىن كېيىن شەرقىي جەنۇبى تومۇريول رېمونت ئىشخانىسىدا ئىشلىگەنلىكىنى بىلىۋالدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ھەممىنى بىلىشكە قىزىقىدىغان فېدوت، ئۇنىڭ بېشىدىن ئوتكەن بىر تالاي ئىشلاردىنمۇ خەۋەردار بولدى.

دولەتكە قاراشلىق ئورمانغا يەتكەندە، گەپلىرى تۈـ

گەپ قالدى، يول ياقىسىدىكى بۇلاق قۇدۇقتىن فېدوت ئېتىـ
نى سۇغۇردى، ئۇندىن كېيىن هارۋىنىڭ تاقۇر ـ تۇقۇرىدىن،
يول ئازاۋىدىن چارچىغانلىقتىن ئۇگدەشكە باشلىدى. يېزىغا
بەش چاقىرىم قالغان ئىدى.

فېدوت ئىزگىننى هارۋىغا باغلاپ قويدى ـ دە، پۇتىنى
ساڭگىلىتىپ، ئۆزىنى ئوڭلاپ ياتتى، ئەمما ئۇخلىيالمىدى.

— تۇرمۇشلار قانداقراق كېتىۋاتىدۇ؟ — دەپ سو-
راپ قالدى شتوكمان ئولتۇرغان ئورنىدا پات ـ پات سىلكى-
نىپ كېتىپ.

— يامان ئەمەس، كۈنىمىز ئۆتۈۋاتىدۇ.

— ئومۇمەن، كازاكلار تۇرمۇشىدىن رازىمۇ؟

— بەزىسى رازى، بەزىسى رازى ئەمەس، بەش قول
تەڭ بولالمايدۇ.

— شۇنداق، شۇنداق ... — دەپ ماقۇللىدى تومۇرچى،
بىر ئاز جىملىقتىن كېيىن ئۆيەنە گەپ ئېچىپ، مەنىلىك قىلىپ،
ئەگىر ـ تـوقاي سوئاللارنى بېرىشكە باشلىدى:

— دىمەك، ئۇلار توق تۇرمۇشتا ياشايدۇ، دىگىن؟

— هە، هال ـ ئەهۋالى ئوبدان.

— هەربى خىزمەت، ئېهتىمال، ئانچە ئېغىرلىق قىلمىسا
كېرەك ـ هە؟

— هەربى خىزمەتنى دەمسىز؟ ... بىز ئۇنىڭغا كونۇپ
قالغانمىز، ئىرىكلا بولىدىكەنمىز هەربى خىزمەتكە تەييار
بولۇش كېرەك.

— هەممە نىمىنى كازاكلار ئۆز يېنىدىن قىلىشىدۇ، مانا
شۇنىسى يامان.

— نىمىسىنى دەيسىز، بولەنتى ئىش شۇنداق!...— فېدوت

جانلىنىشقا باشلىدى ۋە خۇدۇكلىنىپ ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرغان
ئايال تەرەپكە كۆز سېلىپ قويدى، — بۇ باشلىق دىگەن بىر
نىمىلەر بېشىمىزغا چۈشكەن بىر بالا بولىدى... ھەربىي خىز-
مەتكە چىقىمەن دەپ كالامنى سېتىپ، ئۇبدان بىر ئات ئال-
غان ئىدىم، ئۇنى يارىمايدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ.

— يارامسىزغا چىقىرىشتىمۇ؟ — دەپ مۇغەمبەرلىك
بىلەن ئەجەپلەنگەن بولدى تومۇرچى.

— پۈتۈنلەي يارىماسمىش! پۈتى ناكا ئىمىش، ئۇنى
دەپ باقتىم، بۇنى دەپ باقتىم: «ئىلاج قىلىپ تاللانغان
ئاتلار قاتارىغا كىرگۈزۈۋېتىڭ، ئايىغى بەيگىچى ئاتلارنىڭ
ئايىغىدەك، ئەمما خورازدەك يورغىلاشقا ئۆگەنگەن، خوراز-
دەك يۈگۈرىدۇ» — دىدىم. ياق، بۇ گېپىمنى تەن ئېلىشمى-
دى. بۇ ئەھۋالدا خانىۋەيران بولۇپ كېتىمىز...

پاراڭ جانلىنىپ كەتتى. قېدوت قىزىقچىلىقتا
ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى-دە، يېزا ئاھالىسىنىڭ
ئەھۋالىنى ئەستايىدىل سوزلەپ بېرىشكە باشلىدى.
يېزا باشلىقىنى ئوتلاقلارنى نائادىل تەقسىم قىلغانلىقى
ئۈچۈن تىللىدى. ئۆزى ھەربىي خىزمەت ئوتىگەن چاغدا ئۇ-
لارنىڭ پولكى پولشىدا مەلۇم ۋاقىت تۇرغانلىقىنى ئېيتىپ، پولشى-
دىكى تەرتىپنىڭ ياخشىلىقىنى ماختاپ كەتتى. تومۇرچى بىر-
بىرىگە يېقىن كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، ھارۋا يېنىدا مېڭىپ
كېتىۋاتقان قېدوتقا باشتىن-ئاياق سەپسېلىپ قارايتتى،
ئۇششاق ھالقا بېكىتىۋالغان مۇشتىگىدىن تاماكا چېكىپ تۇ-
رۇپ، پات-پات كۈلۈپ قوياتتى؛ ئەمما تارتۇق بولۇپ سا-
قايغان ئاپپاق پىشانىسىدىكى قىيپاچ قورۇقلار ئويناپ تۇرات-
تى، گويا بۇ قورۇقلار ئۇنىڭ قوسىغىدىكى قانداقتۇر يوشۇرۇن

پىكىرلەرنى تېشىغا ئىتتىرىپ چىقىرىۋاتقاندەك ئاستا ۋە ۋەز-
مىن مىدىرلاپ تۇراتتى.
كەچكە يېقىن يېزىغا يېتىپ بېرىشتى.
شىنوكمان فېدوتنىڭ مەسلىھەتى بويىچە تۇل ئايال
لۇكېشكا پوپوۋا بىلەن كورۇشۇپ، ئۇنىڭدىن ئىككى ئېغىز
ئوي ئىجارىگە ئالدى.
دەرۋازا ئالدىدا فېدوتنىڭ چىقىشىنى ساقلاپ تۇرغان
خوشنا ئاياللار:
— يېزا بازىرىدىن كىمنى ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دەپ
سوراشتى.
— گوماشتىنى.
— گوماشتا دېگىنىڭ قانداق گەپ؟
— تازا ئەخمەقلەر-دە! سىلەرگە گوماشتا دېدىمغۇ،
ماشىنا سېتىپ بېرىدۇ، چىرايلىقلارغا بىكارغا بېرىدىكەن، ما-
رىيە ھامماچا، ساڭا ئوخشاش سەتلەرگە بەق پۇلغا ساتىدىكەن.
— ئۇزەڭچۇ، جىن ئۇرغان دىۋانە، ئۇزەڭ چىرايلىقمۇ؟
سېنىڭ ئەپتى-بەشرەڭ قالماقتەك تۇرۇپتىغۇ! ... سېنى
كورسە ئات ھۈركۈپ، قېشىڭغا يېقىن بارالمايدۇ.
— قالماق بىلەن تاتار — دالىنىڭ گۈلى، ھامماچا،
سەن تولا تىل تەككۈزۈۋەرمە! — دېدى فېدوت ئۇلارنىڭ قې-
شىدىن كېتىۋېتىپ.
تومۇرچى شىتوكمان تىلى ئۇزۇن، ئالىغاي كوز لۇكېش-
كىنىڭ ئويىگە جايلاشتى. ئۇ تېخى بىرەر كېچىنى ئوتكۈزە-
ئوتكۈزمەستىنلا يېزىدىكى ئاياللار گەپ تارقىتىشقا باشلىدى.
— ئاڭلىدىڭمۇ، چوڭ ئانا؟
— نېمىنى؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

— فېدوت قالماق بىر نېمىسنى ئېلىپ كېلىپتۇ.
— شۇندا قمۇ؟
— بۇۋى مەريەم ئانا ئۇرسۇن، راست دەۋاتىمەن! شىلەپە كىيگەن ئادەم. پەملىسى شتوپول ياكى شىتوكال ...
— ساقچى ئادىمى بولۇپ قالمىسۇن، يەنە؟
— شىركەتنىڭ كىشىسى ئىكەن، چىرايلىق ئاشىق.
— يافەي، ئانىلار، خەق ھەرنىمىلەرنى دەۋېرىدۇ، بوغالتىر ئىمىش، پانكىراتىي ھەزرەتنىڭ ئوغلىغا ئوخشاش.
— پاشكا، كەپتەرچىغىم، يۇگۈر لۇكېشكىنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئاستا ئۇيىگىدىن:«ماما، ئۆيۈڭگە ئېلىپ كەلگەن ئادەم كىم؟» دەپ سوراپ چىققىنا.
— تېزرەك بول، قوزىچىغىم!
ئەتىسى يېڭى كەلگەن ئادەم يېزا باشلىقىنىڭ قېشىغا بېرىپ كۆرۈنۈش قىلدى.
3 يىلدىن بۇيان يېزا باشلىقلىق توقمىقىنى ئويناپ كېلىۋاتقان فېدورمانىتسكوپ، تومۇرچىنىڭ قارا كىلىيونكا تاشلىق پاسپورتىنى ئۇراق ئايلاندۇرۇپ قارىدى، ئاندىن كاتىۋى يېگور ژاركوۋقو قولىغا ئېلىپ كوز يۇگۇرتۇپ چىقتى. بۇ ئىككىيلەن بىر - بىرىگە قارىۋالغاندىن كېيىن، يېزا باشلىقى بۇرۇنقى ۋاخمىستىرلىق ئادىتى بويىچە چوكچىلىق بىلەن قولىنى شىلتاپ:
— بولىدۇ، تۇرۇپ قالساڭ، مەيلى، — دىدى.
كەلگەن ئادەم تازىم قىلىپ چىقىپ كەتتى. بىر ھەپتىگىچە كىشىگە قارىسىنى كورسەتمىدى. خۇددى ئۇگىسىغا بىكىنىۋالغان سۇغۇردەك. ئۇيدىن تالاغا چىقمىدى. پالتا بىلەن ياغاچ چېپىپ، يازلىق باستۇرما ئاستىغا دۇكان قۇردى. ئا-

ياللارمۇ ئۇز بېسىغىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئانچە قىزىقمايدىغان بولۇشتى، پەقەت بالىلار ئەتىگەندىن - كەچكىچە قاشانىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ، تارتىنماستىن يات ئادەمگە قاراپ تۇرۇشاتتى.

## 5

پوكرووۋ بايرىمىدىن① 3 كۈن بۇرۇن گىرىگورىي ئايىلى بىلەن يەر ھەيدەشكە يۈرۈپ كەتتى. پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ بىتاپ بولۇپ قالغان ئىدى؛ بەل ئاغرىقى ئارام بەرمەي، ئاھ - ئۇھ دەپ، ھاسا تايىنىپ قوشلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن ھويلىغا چىقتى.

— گىرىشكا، قىزىل يارنىڭ نېرىسىدىكى ئاشۇ ئىككى تاختا شۈدىگەرنى ھەيدىگىن، بالام.

— بولىدۇ. تالزارلىق يارنىڭ ئاستىدىكى ئاۋۇ بىر بولەك يەرنى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ پىچىرلاپ سورىدى بوينىنى ياغلىق بىلەن تېڭىۋالغان گىرىگورىي: بېلىق تۇتۇشقا بارغاندا تامىقىغا شامال تېگىپ خىرىلداپ قالغان ئىدى.

— ئۇ يەرنى بايرامدىن كېيىن ھەيدەيمىز، ھازىرچە شۇ يەرنى ھەيدەپ تۇرساق يېتىدۇ، قىزىل يارنىڭ ئاستى بىر يېرىم دائىرە ② كېلىدۇ، ئۇنى ئاز چاغلىماسلىق كېرەك.

① پوكرووۋ بايرىمى — 1-ئوكتەبىردە ئۆتكۈزۈلىدىغان بۈۋى مەريەمنى خاتىرىلەش بايرىمى.

② بىر دائىرە — تۆت گېكتارغا باراۋەر.

— پېترو ياردەملىشىشكە بارمامدۇ؟

— پېترو داشكا بىلەن تۇگمەنگە باردۇ. ھازىردىنلا ئۇن تارتىۋالمىساق، ئۇگۇت كوپىيىپ، نۇۋەت تەگمەيدۇ.

ئىلئىنىچنا ناتالىيىنىڭ قويىنىغا يۇمشاق بوغۇرساقلارنى سېلىپ پىچىرلىدى:

— دۇناشكا بىللە بارسۇنمۇ؟ ئوكۇزنى ھەيدىشىپ بېرەتتى.

— ئىككىمىزمۇ يېتىشىمىز.

— ئوزەڭگە مىزى بول، بالام، خۇداغا تاپشۇردۇم.

دۇناشكا نازۇك قامىتىنى ئېگىپ، بىر تالاي ھول كىرنى كوتىرىپ، دون بويىدا چايقاش ئۈچۈن ھويلىدىن چىققان ئىدى.

— ناتاشا، سويۇملۇكۇم، ماڭا قىزىل ياردىن قۇشقاچ تىلى تېرىپ ئالغاچ كەل! — دېدى.

— ماقۇل - ماقۇل، ئەپكېلىمەن.

— بولدى قىل، ۋالاق تەككۇر! — دەپ پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ ھاسىسىنى دۇناشكىغا تەڭلىدى.

ئۈچ جۈپ ئوكۇز تەتۇر ئېسىلغان بۇقۇسلارنى سورەپ، كۆزگى قۇرغاقچىلىق ۋە يامغۇرسىزلىقتىن قاغجىراپ قېتىپ كەتكەن يەرنى جىجىپ باراتتى. گىرىگورىي بويىنىنى سىقىپ قويغان ياغلىقنى پات - پات تۈزەپ قوياتتى. يولنىڭ چېتى بىلەن مېڭىپ يوتىلەتتى. ناتالىيە ئۇنىڭ يېنىدا تەڭلا چامداپ ماڭاتتى، ئوزۇق سېلىنغان خالتا دۇمبىسىدە ئېغىناپ تۇراتتى.

يېزىنىڭ نېرىسىدىكى دالا تىمتاس ئىدى. توزلەڭلىكنىڭ نېرىسىدا، دوڭنىڭ ئارقىسىدا كىشىلەر ئىسقىرتىپ، پىلۇگ

بىلەن يەر ھەيدەشەتتى. يول بويلىرىدا پاكار ئۆسكەن كۆلرەڭ شىۋاقلار، قويلار ئۇچىنى يەپ كەتكەن ياۋايى بىدە، خۇداغا ئىبادەت قىلىۋاتقاندەك ئېگىلىپ تۇرغان ياۋا كوكتاتلار گىدىيىشىپ تۇراتتى، شىشىدەك سۈپ - سۈزۈك سالقىن ئاسمان قوينىدا رەڭمۇ - رەڭ ئومۇچۇكتورىدەك يىپلار ئۇچۇپ يۈرەتتى.

قوش ھەيدەيدىغانلارنى ئۇزاتقاندىن كېيىن، پېترو بىلەن دارىيە تۈگمەنگە بېرىشقا جابدۇنۇشتى. پېترو ئامبارنىڭ ئىچىگە غەلىۋىر ئېسىپ، بۇغداي تاسقاشقا چۈشتى. دارىيە تازىلانغان ئۇگۇتنى قاپقا قاچىلاپ، ھارۋىغا بوشۇپ تۇردى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ھارۋىنى قوشتى، ئاندىن ئاتنىڭ جابدۇقلىرىنى بىر قۇرتۇزەشتۈرۈپ قويدى.

— بولاي دېدىڭلىمۇ؟

— مانا ھازىر، — دېدى پېترو ئامبارنىڭ ئىچىدىن جاۋاپ بېرىپ.

× ×

تۈگمەنگە ئۇگۇت توشۇپ كەتكەن ئىدى، ھويلا ھارۋىغا لىق تولغان. تارازىنىڭ قېشى بەك تىقمىن. پېترو تىزگىننى دارىيىگە بېرىپ، ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى.

— مېنىڭ نوۋىتىم يېقىنلاشتىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ تارازا يېنىدىكى ۋەلىتتىن.

— ئالدىرىما، ساڭمۇ كېلىپ قالار.

— ھازىر نەچچىنچى نومۇر تارتىۋاتىدۇ؟

— ئوتتۇز سەككىزىنچى.

پېترو قاپلارنى ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى، بۇ چاغدا تارازا بولۇمىدە جىدەل چىقتى. ئاۋازى خىرىلداپ قالغان بىر ئادەم زەھىرىنى چېچىپ:

— سەن ئۇخلاپ ـ ئۇخلاپ ئەمدى كەلدىڭمۇ؟ نېرى تۇر، خوخۇل، ئۇنداق بولمىغاندا ئەدۋىڭنى بېرىمەن، — دەپ ۋاقىرايتتى.

پېترو ياكوپ تاقىچىنى ئاۋازىدىن تونۇپ، قۇلىقىنى دىڭ تۇتتى. تارازا بولۇمىدە بارغانسېرى چوقان ـ سۈرەن كۈچىيىپ، ئىشىكتىن ئوچۇق ئاڭلىناتتى.

«قاس» قىلىپ بىر مۇشتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىن قارا شلەپىسى قىيشىيىپ قالغان ئوتتۇرا ياشلىق، ساقاللىق بىر تاۋرىچان① ئىشىكتىن ئېتىلىپ چىقتى.

— نېمىشقا ئۇرىسەن؟ — دەپ ۋاقىرىدى ئۇ، چېكىسىنى تۇتۇپ.

— چىشىڭنى توكۇۋېتىمەن.

— خەپ، توختا، سېنى!

— مىكىخۇور، مەيەرگە كەل!...

ياكوپ تاقا (ئۇ ھەربى خىزمەت ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە ئات تاقلايتتى، بىر كۈنى ئات شوخلۇق قىلىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە بىرنى تەپكەنلىكتىن بۇرنى ئېزىلىپ، لەۋلىرى يېرىلغان. يۈزىگە تاقىنىڭ ئىزى چۈشۈپ قالغان ئىدى؛ يارىسى ساقايغاندا، ئورنى كۆكىرىپ، مىخ ئىزلىرى چىكىم ـ چىكىم قارا

① تاۋرىچان — دون كازاكلىرى ئۇكرائىنلارنى تاۋرىچان دەپ ئاتىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى يېكاتېرىنا II نىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن قىرىمغا، (تاۋرىيىگە) خوشنا بولغان جايلاردىن كۆچۈرۈپ كەلتۈرۈلگەن ئىدى.

خالىي بولۇپ قالغان، شۇسەۋەپتىن ئۇنىڭغا ياكوپ تاقادىغەن لەقەم سىڭىپ قالغان). كەڭ يەلكىلىك باتۇر توپچى، يەڭلىرىنى شۇمۇرۇپ، ھويلىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزۇنتۇرا، ھالرەڭ كۆينەك كىيگەن تاۋرىچان چىقتى - دە، بىر مۇشت سالدى، تاقا سەنتىرەكلەپ كەتتى، ئەمما يىقىلماي تۇرۇپ قالدى.

— بۇرادەرلەر، كازاكلارنى ئۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ!...

تۆگمەنىنىڭ ئىشىكىدىن كازاكلار، شۇنىڭدەك پۈتۈن بىر يېزا بويىچە كەلگەن تاۋرىچانلار بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ، ھارۋا بىلەن لىق تولغان ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقىشتى.

چوڭ ئىشىكنىڭ ئالدىدا مۇشتلاش باشلاندى. تىقىلىشىپ چىقىۋاتقان ئادەمنىڭ بېسىمىدىن ئىشىك قاراسلاپ كەتتى. پېترو قاپىنى تاشلىدى - دە، بىر يوتىلىپ قويۇپ، ئۇششاق قەدەم بىلەن تۆگمەن تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى، دارىيە ھارۋىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ توپىلاڭغا كۆز يۈگۈرتتى - دە، پېترونىڭ ئالدىغا ئۆچرىغانىنى يىقىتىپ، جىدەلنىڭ نەق ئوتتۇرىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇردى؛ ئادەملەر ئۇنى تەرەپ - تەرەپتىن مۇشتلاپ، تامغا تىرىگەنلىكىنى، ئاندىن يەرگە يىقىتىپ، تېپىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرگەندە، «ئاھ - ئۇھ!» دەپ تۇرالماي كەتتى. مىتكا كورشۇنوپ ماشىنا بولۇمىنىڭ بۇرجىكىدىن بىلەكتەك يوغان تومۇرنى پۇلاڭلىتىپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەلدى.

ياكوپ تاقىنى ئارقىدىن كېلىپ ئۇرغان ھىلىقى تاۋرىچان ئالىمانىنىڭ ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقتى، يىرتىلغان ھالرەڭ كۆينىكىنىڭ يېڭى، سۇنۇپ كەتكەن قوش قانىتىدەك يەل-

www.uyghurkitap.com

كىسىدىن پەسكە ساڭگىلاپ قالغان ئىدى. تاۋرىچان يېڭىنى سورەپ پەس ئېڭىشىپ مېڭىپ، ئالدىنقى ھارۋىنىڭ يېنىغا يېتىپ باردى-دە، ھارۋا شوتىسىنىڭ ياغىچىنى ئاسانلا تولغاپ چىقاردى. تۈگمەننىڭ قوراسى ئۈستىدە قىيا-چىيا، قىقاس-چۇقانلار بۇلۇتتەك ئۈزۈپ يۈرەتتى:

— ھە-ھە، ھە-ھە!...

— ھۇ-ھۇ-ھۇ...

— ۋا-ۋا-ي، ۋا-يجا-ن!...

قاس-قۇس، تاراق-تۇرۇق. ۋايجان-ۋايەي، گۇلدۇر-تاراق...

ئۈچ ئاكا-ئۇكا شۇملىنىلار ئۆيلىرىدىن يۈگۈرۈپ كېلىشتى. قولى چولاق ئالېكسەي، ئەگىن ئىشىك ئالدىدا بىرسى تاشلاپ كەتكەن تىزگىنگە پۇتى چىرمىشىپ قېلىپ يىقىلىپ چۈشتى؛ شۇ ئاندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، كارغا كەلمەيدىغان سول قولىنى قوسىقىغا مەھكەم بېسىپ، بىر تۇتاش ھارۋا شوتىلىرى ئۈستىدىن بىر-بىرلەپ سەكرەپ ئۆتتۈۋالدى. ئىنىسى مارتىننىڭ ئاق پايپىقى ئىچىدىن شىمىنىڭ پاچىقى چۇۋۇلۇپ چىقىپ قالغان ئىدى؛ ئۇ ئېڭىشىپ پاچىقىنى تۈزەي دەپ تۇراتتى، ئەمما شۇ پەيتتە تۈگمەن تەرەپتىن «ۋاي» دەپ چىقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى. بىرسىنىڭ دات-پەريادى تۈگمەننىڭ قىيپاچ ئۆگزىسىدىن ھالقىپ، تۈتۈندەك كۆككە كۆتىرىلدى. مارتىن بېلىنى رۇسلاپ، ئالېكسەينىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كەتتى.

دارىيە ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ھەدەپ ھاسىراپ، تىت-تىت بولۇپ قاراپ تۇراتتى؛ ھەممە ياقنى ئاياللارنىڭ قىيا-چىيا ئاۋازى قاپلاپ كەتكەن، ئاتلار ئەنسىزلىك بىلەن قۇ-

لاقلىرىنى دىڭ تۇتقان، ئوكۇزلەر ھارۋىغا سىقىلىشىپ ھوركىرى-
شەتتى... چىرايى ئۇچۇپ - تاتىرىپ كەتكەن سېرگېي پلاتو-
نېۋىچ لىۋىنى چىشلەپ يانتەرەپتىن ئاقساقلاپ ئوتۇپ كەتتى،
دۈپ - دۈملاق قوسىغى جىلىتكىسى ئىچىدە لوقىلداپ تۇرات-
تى. ھالرەڭ كوينىگى جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن تاۋرىچان
ھارۋا ياغىچى بىلەن مىتكا كورشۇنوپنى ئۇرۇپ يىقىتقانلى-
غىنى دارىيە كورۇپ تۇردى. تاۋرىچاننىڭ ئوزىمۇ دەرھال-لا
ئوڭدىسىغا چۈشتى، قولىدىن ھارۋا ياغىچى چوشۇپ كەتتى،
ئۇنىڭغا چولاق ئالېكسەي بېسىپ كېلىپ، چويۈندەك مۇشتى
بىلەن گەجگىسىگە سالغان ئىدى. مۇشتلاشچىلارنىڭ يىرتىلغان
رەڭمۇ رەڭ كىيىملىرى دارىيىنىڭ كوز ئوڭىدا لەپىلدەپ ئۇ-
چۇپ تۇراتتى؛ مىتكا كورشۇنوپ زوڭزىيىپ تۇرۇپ، يېنىدىن
قېچىپ ئوتكەن سېرگېي پلاتونېۋىچنى يۇمۇلاق ئۇزۇن تومۇر
بىلەن بىرنى سېلىۋىدى، دارىيە بۇنى كورسىمۇ ئەجەپلەنمى-
مىدى؛ بۇ ئادەم قوللىرىنى ئىككى تەرەپكە كەرگەن پېتى
ئارقىسىغا سەنتىرەكلەپ، تارازى بولۇمىگە غۇلاپ كەتتى؛ كى-
شىلەر ئۇنى ئوڭدىسىغا يىقىتىپ تەپكىلى تۇردى... دارىيە
سارائىدەك قاقاقلاپ كۇلەتتى؛ قاپ - قارا بۇيالغان كا-
ماندەك قاشلىرى كۇلكىدىن ئويناپ تۇراتتى. ئەمما پېتروغا
كوزى چۇشكەچ كۇلۇشنى چىپپىدە توختاتتى؛ پېترو قاينا-
دەك مەۋج ئۇرۇپ، ۋاقىراپ - جاقىرىشىپ تۇرغان ئالىما-
نىڭ ئىچىدىن دەلدەڭلەپ ئاران بالالىقتا چىقىۋالدى - دە،
ھارۋىنىڭ ئاستىغا ئوزىنى تاشلىدى، ئۇ ھە دەپ قان تۇكۇ-
رەتتى. دارىيە دات - پەريات كوتىرىپ ئۇنىڭ قېشىغا يۇ-
گۇردى. يېزا تەرەپتىن تاياق - توقماق كوتەرگەن كازاك-
لار يۇگۇرۇپ كېلىشەتتى. بىرسى ئۇزۇن لوم تومۇرنى كوتى-

رىۋالغان ئىدى. ئۆرۈش ـ مۇشتلاش بارغانسېرى دەھشەتلىك تۈس ئالدى. ئۇلارنىڭ مۇشتلىشى هاراقكەش مەسلەرنىڭ قاۋاقخانا ئالدىدىكى سوقۇشلىرىغا ياكى ماسلىنىتسا① بايرىمىدىكى مۇشتلاشلارغا زادى ئوخشىمايتتى. تارازا بولۇمىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بېشى يېرىلغان ياش بىر تاۋرىچان پۇتلىرىنى ئىككى تەرەپكە سوزۇپ، بېشى قىپ ـ قىزىل قانغا مىلەنگەن هالدا ياتاتتى؛ قان بىلەن قېتىپ قالغان چاچلىرى يۈزىگە چاپلىشىپ قالغان؛ ئۇزا يەردىن قارىغاندا، بۇ شات ـ خورام دۇنيادىن خوشلىشىۋاتقاندەك ئىدى...

قوي پادىسىدەك غۇژمەك بولۇۋالغان تاۋرىچانلارنى كازاكلار ئاشلىق ئامبىرىغىچە سۈرۈپ باردى. ئەگەر بىر قېرى تاۋرىچان ئەقىل ئىشلەتمىگەن بولسا، ئىش يامان ئاقىۋەت بىلەن تۈگىگەن بولاتتى؛ ئۇ ئامبارغا يۈگۈرۈپ كىردى ـ دە، بىر ئۇچى كۆيۈۋاتقان ئوتۇننى مەشتىن تارتىۋېلىپ ئىشىكتىن چىقتى. ئاندىن دەرهاللا ئامبار تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى؛ ئۇيەردە مىڭ پۇتتىن ئارتۇق تارتىلغان ئاق ئۇن تۇراتتى، ئۇنىڭ قولىدىكى ئوتۇندىن تۈتۈن پۇقىراپ ئاسمانغا ئۆرلەپ، يورۇق كۈندۈزدىمۇ دۇت ئارىسىدىن ئۇچقۇن چاراسلاپ ئېتىلىپ تۇراتتى.

— ئوت قويۇۋېتىمەن! — دەپ ۋاقىرىدى چال ياۋايى ئاۋاز بىلەن، قولىدىكى چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتۇننى قومۇش بىلەن يېپىلغان ئۆگزىگە سوزۇپ.

كازاكلار هاڭ ـ تاڭ بولۇپ، تۇرۇپلا قېلىشتى. شەرق-

① ماسلىنىتسا بايرىمى — خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان خەلقلەردە قىشنى ئۇزىتىش بايرىمى. بۇ بايرامدا چەلپەك پىشۇرۇلىدۇ.

تىن چىقىۋاتقان قۇرۇق شامال تۈتۈننى ئامبارنىڭ ئۈگزىسىدىن ئارقىغا، توپلىشىپ تۇرغان تاۋۇرچانلار تەرەپكە ئۇچۇراتتى.

قۇرۇپ كەتكەن قومۇش چەللىگە بىر تال ئۇچقۇن چۈشىدىغان بولسا — پۈتۈن يېزىنى ئىس-تۈتەك قاپلىغان بولاتتى...

كازاكلار ئارىسىدا گۇرۇڭلىغان بوغۇق ئاۋازلار ئاڭلاندى، بەزىسى ئارقىسى بىلەن مېڭىپ، تۈگمەن تەرەپكە چېكىندى، ئەمما ھېلىقى قېرى تاۋۇرچان كويۇۋاتقان ئوتتۇننى پۇلاڭلىتىپ كوپ-كوك تۈتۈن ئىچىدىن ئوت چاچرىتىپ ۋاقىرايتتى:

— ئوت ياقىمەن!... ئوت قويۇۋېتىمەن! ھويلىدىن چىقىش!...

ئەڭ ئاۋال، جىدەلنىڭ باش سەۋەبچىسى، يۈز-كوزى تاياقتىن ئىششىپ، كوكىرىپ كەتكەن ياكوپتاقا تۈگمەننىڭ ھويلىسىدىن چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باشقا كازاكلارمۇ بىر-بىرلەپ ئالدىراپ چىقىپ كېتىشتى.

تاۋۇرچانلار قاپلىرىنى تاشلاپ، ئاتلىرىنى ھارۋىغا قوشۇشتى-دە، ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ئورە تۇرۇپ، تىزگىنلىرىنى سىلكىپ، ئاتلىرىنى قامچىلاشقا باشلىدى، تۈگمەننىڭ ھويلىسىدىن چىقىپ، ھارۋىلىرىنى تاراقشىتىپ، كوچا بويلاپ يېزىنىڭ چېتىگە قاراپ چېپىپ كېتىشتى.

قولى چولاق ئالېكسەي — ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى: ئۇچى بوغۇلغان يېڭىنىڭ ئىچىدىكى ناكا قولى ياغاق قوسىغىنىڭ ئۈستىدە تىپچەكلەپ تۇراتتى، كوزلىرى بىلەن ئىككى مەڭزى پىرىلداپ ئۇچۇپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— كا زا كلار، ئا تلىنىڭلار!

— قوغلاش كېرەك!

— دوڭدىن ئېشىپ ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ!

مىستكا كورشۇنوپ يېنىچە مېڭىپ، هويلىدىن چىقتى، تۆگمەننىڭ ئالدىدا توپلىشۇۋالغان كازاكلارنىڭ ئارىسىدا يەنە ئۇيۇر - توپۇر باشلاندى، ئەمما شۇ پەيتتە، ئىلگىرى هېچكىم كورمىگەن، قارا شلەپە كىيگەن ناتونۇش بىر ئادەم ماشىنىچىلىق دوكىنى تەرەپتىن تېز - تېز مېڭىپ يېقىن كەلدى؛ ئۇ ئۇتكۇر، قىسىنچاق كوزلىرىنى ئالىمانغا تىكىپ، قولىنى كوتەردى.

— توختاپ تۇرۇڭلار!

— سەن ئۆزەڭ كىم؟ — دەپ سورىدى ياكوپ تاقا قاشلىرىنى پىرىلدىتىپ.

— نەدىن كەلگەن نىمىسەن؟

— باغلاڭلار ئۇنى!

— هە!...

— هو - هو - هو!...

— توختاڭلار، ئاغىنىلەر!...

— سېنىڭ ئاغىنەڭ ئىت!

— مۇژىك!

— چىخ كەش!

— ياشا①، ئۇر ئۇنى!

— كوزىنى قۇيۇۋەت!... ئۇر كوزىگە!...

ناتونۇش ئادەم پوپوزىدىن قورقماي، ئۇيالغان كىشىدەك هېجىيىپ تۇرۇۋەردى، شلەپىسىنى ئېلىپ ئەتەي ساددى-

① ياشا — ياكوپنىڭ ئەكىلەتمە ئاتىلىشى.

لىق ئىشلىتىپ، پىشانىسىنى ئېرتىپ قويىدى، شۇنىڭ بىلەن ھەممىنى كۈلكىسى بىلەن يەڭدى...

— بۇ نىمە ئىش؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئىككى پۈكلەپ تۇتۇۋالغان شىلەپىسى بىلەن تارازا بولۇمى ئىشىگى ئالدىدىكى قىپ-قىزىل قانغا بويالغان يەرنى كۆرسىتىپ.

— خوخۇللارنىڭ ئەدىۋىنى بەردۇق، — دەپ مۇلايىم جاۋاپ بەردى قولسىز ئالېكسەي: ئۇنىڭ يۈز-كۆزى يەنە پىرىلداپ كەتتى.

— نىمىشقا ئۇردۇڭلار؟

— نوۋەت تالىشىپ، ئالدىغا ئۆتۈۋالماسلىقى كېرەك-دە، — دىدى ياكوپ تاقا ئالدىراق چىقىپ، بۇرنىدىن ئاققان قان ئارىلاش ماڭقىسىنى يىڭى بىلەن سۈرتۈپ قويدى.

— ئۇلارغا مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدىغان ساۋاق بەردۇق!

— ئېھ، ئارقىسىدىن قوغلاش كېرەك ئىدى... دالىدا ئوت قويۇۋەتكىدەك نەرسە يوق.

— قېرىدىن بىز بىكارلا قورقۇپ كەتتۇق، بەلكى، ئۇ ئوت يېقىشقا جۈرئەت قىلالماس ئىدى.

— ئادەم دىگەننىڭ جاھىللىقى تۇتقاندا، ئوت ياقسا يېقىۋېرىدۇ جۇمۇ، بۇنىڭدا گۇمان يوق.

— خوخۇللار — تولىمۇ جاھىل خەق، — دەپ مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى ئافونكا ئۇزېروپ.

ناتونۇش ئادەم شىلەپىسىنى ئۇنىڭغا شىلتىدى:

— سەن كىم؟

ئافونكا يىرگەنگەندەك بولۇپ، ھوڭگۇل چىشلىرى ئارى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىدىن «چىرت» قىلىپ بىرنى تۈكەردى ۋە تۇكرىگىنى چۈشكەن يەرگە قاراپ تۇرۇپ، پۇتىنى كەردى.

— مەنغۇ كازاك، سەن سىگان ئەمەسمۇ؟

— ياق، سەن بىلەن بىز ئىككىلىمىز رۇس.

— يالغان ئېيتىۋاتىسەن! — دېدى ئافونكا ئېنىق قىلىپ.

— كازاكلار رۇسلاردىن كېلىپ چىققان، بىلەمسەن بۇنى؟

— مەن ساڭا ئېيتىپ قويايكى، كازاكلار — كازاكلاردىن كېلىپ چىققان.

— قەدىمقى زاماندا قۇل دېھقانلار پومېششىكلاردىن قېچىپ، دون بويىغا كېلىپ جايلاشقان، ئەنە شۇلارنى كازاك دەپ ئاتاشقان.

— كەشكىنى توغرىلا، بۇرادەر ئەزىز، يولۇڭ بولسۇن، — دېدى ئالېكسەي چولاق غەزىۋىنى ئارانلا بېسىپ؛ ئۇ ئىششىق قولىنىڭ مۇشتىنى تۈگۈپ، كوزلىرىنى پات - پات پىرىلدىتاتتى.

— ۋاي ئەبلەخ، كوچۇپ كەلگەن دەيدۇ، تېخى!... ۋاي ھارامزادە - يەي، كازاكلارنى مۇژىكلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزمەكچى!

— ماۋۇ قانداق نىمە؟ ئافاناسەي، سەن بىلەمسەن بۇنى؟

— يېڭىدىن كوچۈپ كەلگەن بىر نىمە. لوكېشكا ئالغاينىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

تاۋرىچانلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بېرىش پەيتى قولـ

دىن بېرىپ قويۇلغان ئىدى. كازاكلار بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە-لەرنى تالاش - تارتىش قىلىشىپ ئۆيلىرىگە تارقىلىشتى.

× ×

كېچىسى يېزىدىن 8 چاقىرىم نېرىدىكى دالىدا قېلىن يۇڭ چەكمەنگە ئورۇنۇۋالغان گىرىگورىي غەمكىن ھالدا ناتالىيىگە مۇنداق دەيتتى:

— سەن قانداقتۇر يات بىر كىشىدەكسەن... سەن ئاۋۇ ئايغا ئوخشاش كىشىنى يا توڭدۇرالمايسەن، يا ئىسسىتالمايسەن. ساڭا مۇھەببىتىم يوق، ناتاشكا، خاپا بولمىغىن! مەن بۇ توغرىلىق ئېغىز ئاچماقچى ئەمەس ئىدىم، راستىنى ئېيتسام، بىللە تۇرۇۋشىمىز قىيىن ئوخشايدۇ... ساڭا ئىچىم ئاغرىيدۇ، بۇ كۈنلەردە بىر - بىرىمىزگە ئۆگىنىپ قالغاندەك تۇرىمىز، ئەمما كۆڭلۈمدە ھېچنېمە يوق، بوپ - بوش، خۇددى مانا شۇ دالىدەك بوپ - بوش...

ناتالىيە ئاسماندىكى ئەقىل يەتمەيدىغان يۇلتۇزلار دۇنياسىغا، خىيالى كۆلەڭگىدەك ئۈزۈپ كېتىۋاتقان بۇلۇتقا كۆز تىكىپ، ئۈنچىقمايتتى. قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ھاۋادا ئىگىز ئۇچقان تۇرنىلار قوڭغۇراقتەك ئاۋازلىرى بىلەن كەيىندە قالغان شېرىكلىرىنى قىچقىرىشاتتى.

قۇرۇپ كەتكەن ئوتلاردىن كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بەدبۇي پۇراق كېلەتتى، قەيەردىدۇر ئېدىرنىڭ ئۈستىدە قوش ھەيدىگۈچىلەر قالدۇرغان گۈلخاننىڭ يالقۇنى مىتىلداپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى...

گىرىگورىي تاڭ قاراڭغۇسىدا ئويغىنىپ كەتتى، چەك-

www.uyghurkitap.com

مىنىڭ ئۈستىگە توت ئىلىك قار چۈشكەن ئىدى. پۈتۈن دالا يېڭى ياققان ئاپپاق قارنىڭ كورپىسىگە پۈركەنگەن. ھارۋا ئەتراپىدىكى قارنىڭ ئۈستىگە توشقان ئىزلىرى چۈشكەن ئىدى.

## 6

ئىلگىرىكى چاغلاردىن تارتىپ مۇنداق بىر ئادەت داۋام قىلىپ كەلگەن ئىدى: ئەگەر مىلليېروۋوغا بارىدىغان يولدا بىرەر كازاك يەككە - يالغۇز، ھەمراسىز ماڭغان بولسا، ئالدىغا ئوكرايىنلار ئۇچرىشىپ قېلىپ، يول بوشىتىپ بەرمىسە، ئوكرايىنلار ئۇنى دۇمبالايتتى (ئوكرايىنلارنىڭ يېزىلىرى نىژنىي - يابلونوۋسكىدىن تارتىپ تاكى مىلليېروۋوغىچە سوزۇلغان بولۇپ، يەتمىش بەش چاقىرىم كېلىدىغان يەرنى ئىگەللەيتتى). شۇنىڭ ئۈچۈن كازاكلار ئىستانىسغىچە بارماقچى بولۇشسا، بىرقانچىلىغان ھارۋىلار بىرلىكتە يولغا چىقاتتى ۋە دالىدا ئوكرايىنلار ئۇچرىشىپ قالسا، تەپ تارتماستىن تىللاۋېرەتتى.

— ھەي خوخۇل، يولنى بوشات! كازاكلار يۇرتىدا تۇرۇۋقلۇق، تېخى يول بەرگىڭ كەلمەيدىغۇ، ئەبلەخ!

دون بويىدىكى پارامونوپ ئاشلىق پونكىتىغا بۇغداي توشۇپ كەلگەن ئوكرايىنلارنىڭ ئەھۋالىمۇ ئانچە ياخشى بولمايتتى. بۇ يەردە ھېچبىر سەۋەبسىز مۇشتلىشىش باشلىناتتى،

چۈنكى ئۇلار «خوخۇل» ـ دە، «خوخۇل» ئىكەن ئۇلارنى ئۇرۇش كېرەك.

بۇنىڭدىن بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇن بىر مەككار قول كازاكلار يۇرتىغا ئايرىمچىلىق ئۇرۇقىنى چېچىپ، پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن، نەتىجىدە بۇ ئۇرۇق مول ئۈنۈم بەرگەن: ئۇرۇش ـ مۇشتلاشلاردا كازاكلارنىڭ قېنى شۇنىڭدەك كوچۇپ كەلگۈچىلەرنىڭ ـ رۇسلار بىلەن ئۇكرايىنلارنىڭ قېنى تۆكۈلەتتى.

تۈگمەندىكى مۇشتلىشىشتىن ئىككى ھەپتە كېيىن يېزىغا رايونلۇق ساقچى باشلىغى بىلەن تەرگاۋچى كېلىشتى.

دەسلەپ شتوكماننى سوراققا چاقىردى. كېلىپ چىقىشى كازاك ئاقسۆڭەكلىرىدىن بولغان ياشقىنا تەرگاۋچى سومكىسىنى ئاختۇرۇۋېتىپ، سوراقنى باشلىدى:

— سىز بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن نەدە تۇرغان ئىدىڭىز؟

— روستوفتا.

— 1907 ـ يىلى نېمىشقا تۈرمىدە يېتىپ چىققان ئىدىڭىز؟

شتوكمان ئاۋال تەرگاۋچىنىڭ سومكىسىغا، ئاندىن كېپەكلەشكەن چېچىنىڭ قىيا ئېچىلىپ قالغان يېرىگە كۆز يۈگۈرتتى.

— تەرتىپسىزلىك تۇغدۇرغان ئۈچۈن.

— ھۇ ـ م... شۇ چاغدا نەدە ئىشلەيتتىڭىز؟

— تۆمۈر يول رېمونت ئىشخانىسىدا.

— كەسپىڭىز نېمە؟

— تۆمۈرچى ئۇستا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

— سىز جوھۇت ئەمەسمۇ؟ ياكى خىرىستىيانلىقتا يېڭى ئۆتكەنمۇ؟

— ياق، مەن ئۇيلا يمەنكى...

— نېمىنى ئۇيلىسىڭىز، ئويلاڭ، مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئىشىم يوق. سۈرگۈندە بولغانمۇسىز؟

— ھە، بولغان.

تېرگاۋچى بېشىنى سومكىسىدىن كوتىرىپ، بۇرۇتى ئېلىنغان، قوقاق باسقان لەۋلىرىنى چىشلەپ:

— سىزنىڭ بۇ يەردىن كېتىشىڭىزگە مەسلىھەت بېرىمەن... — دېدى، ئارقىسىدىن ئۆزىچە غۇدۇڭشىدى: — ئەمما بۇ ئىشنى ئۆزەم بىر ياقلىق قىلىمەن.

— نېمىشقا، جانابى تېرگاۋچى؟

تېرگاۋچى بۇ سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاپ بېرىپ:

— تۈگمەندە جېدەل بولغان كۈنى سىز يەرلىك كازاكلار بىلەن نېمە توغرىلىق پاراڭلاشتىڭىز؟ — دېدى.

— ئەسلىنى ئېيتقاندا...

— خوپ، بۇ يەردە ئىشىڭىز تۈگىدى، سىزگە جاۋاپ.

شتوكمان موخوپىنىڭ ئويىنىڭ ئايۋىنىغا چىققتى (بۇ يەرگە كەلگەن ئەمەلدارلار قونالغۇ ئورنىغا چۈشمەي، دائىم سېرگەي پلاتونىۋىچنىڭ ئويىگە چۈشەتتى)، ئۇ مۈرىسىنى قىسىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ سىرلانغان، نەقىشدار ئىشىككە قاراپ قويدى.

# 7

قىش كېچىكىپ كىردى. يـاقـقان قار پوكرووۋ بايرىمىـدىن كېيىن ئېرىپ كەتتى، پادىلار يېگىنۋاشتىن دالىغا قويۇپ بېرىلدى. بىر ھەپتىدىن بۇيان جـەنۇپ شامىلى چىقىپ، ھاۋا ئېلىلىپ قالدى، يەردىكى توڭ ئېرىدى، دالىنى يەنە كـەچكۈز مەنزىرىسى قاپلىدى.

ھاۋا شۇ ئىللىـغىنىچە، مىخائىل بايرىمىغىچە بىر خىل تۇردى. ئۇندىن كېيىن بىردىنلا قار چۈشـۈپ، قاتتىق سوغاق بولدى؛ سوغاق كـۈندىن كـۈنگە كـۈچەيدى، كېيىن يەنە بىر غېرىچ قار ياغدى؛ دون بويىدىكى قۇرۇقدىلىپ قالغان باغچىـلارنىڭ قاشا تاملىرى قـارغـا كومۇلۈپ، قار ئۈستىدە قىزلار تىككەن كەشتە گۈللىرىگە ئـوخشـاش چىكىم - چىكىم توشقان ئىزلىرىچۈشۈپقالدى. كوچىلاردا ئىنىس - جىن كورۈنمەيتتى.

يېزىنىڭ ئـۈستىدىن تېـزەك تۈتۈنى لەيلەپ يۈرەتتى، يول بويىدا چېچىلىپ ياتقـان كـۈل دوۋىلىرىنىڭ ئەتراپىدا قاراقاغىلار توپ - توپ بولۇشۇپ يۈرەتتى. يېزا بويلاپ يول ئۈستىدە رەڭگى ئۆڭگەن كوكـۈش لـېنتىدەك بىر خىلدا چانا ئىزلىرى چۈشكەن ئىدى.

بىر كۈنى مەيدانىدا يىغىن بـولدى: ئوتۇن كېسىش ۋە ئۇنى تەقسىم قىلىش ۋاقتى كېلىپ قالغان ئىدى. جۇۋىغا ئو-رالغان ئادەملەر قارنىڭ ئۈستىدە پىيمىلىرىنـى غاچىلدىتىپ، مەھكىمە ئىشىگىنىڭ پەلەمپىيى ئـالدىدا توپلىشىپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

سوغاق كىشىلەرنى مەھكىمىنىڭ ئىچىگە ھەيدەيتتى، يېزا باشلىغى بىلەن كاتىپنىڭ ئىككى يېنىغا، شىرەنىڭ ئەتراپىغا ئاپپاق كۇمۇشساقال يۇرت موتىۋەرلىرى — قېرى كىشلەر ئولتۇرۇشتى، ياش ئاقلىرى — چاساقال ۋە ساقالسىز كازاكلار پەگادا تىقىلىشىپ تۇراتتى، قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىلارنىڭ ئىسسىق ياقىلىرىدىن گۇدۇڭشىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كاتىپ قەغەزگە يوغان - يوغان قۇرلارنى يازاتتى، يېزا باشلىغى ئۇنىڭ يەلكىسىدىن قەغەزگە قاراپ تۇراتتى. مەھكىمىنىڭ سوغاق ئۇچۇپ تۇرغان ئۆيىنى گورۇڭ - گورۇڭ ئاۋاز بىر ئالغان ئىدى:

— بۇ يىلقى ئوت - چۆپ...

— ھە - ھە،... ئوتلاقنىڭ يەم - خەشىگى يامان ئەمەس، ئەمما ياۋا بىدىدىن نەپ يوق.

— بۇرۇنقى چاغلاردا ماللار روۋدېستىۋو بايرىمىغىچە ئوتلاپ يۈرۈشەتتى.

— قالماقلارنىڭ ئىشى ياخشى!

— ئاھ - ھاي...

— يېزا باشلىقىنىڭ تۇمشۇقىغا قارىغىنا، سېمىزلىكىدىن بويىنىنى بۇرالماي قېلىپتۇ!

— تۆگىگۈز دېگەن تاش يۇتسىمۇ ئاش بولۇۋېرىدۇ.

— ھەي قۇدام، قىشنى قورقىتاي دەمسەن؟ جۇۋاڭ قالتىسقۇ...

— بۇ جۇۋىنى سىگان ساتقان.

— روۋدېستىۋو كۈنلىرىدە سىگانلار دالىدا تۈنەپ قالىۋېرىدۇ، يېپىنىدىغان نەرسىسى يوق، بېلىق تۇتىدىغان تورغا ئورۇلۇپ ئۇخلاۋېرىدۇ. كېچىسى توڭلىغان چاغدا ئويغـ

ندۇ ـ دە. تورنىڭ تۈشۈكىدىن ئاستا قولىنى چىقىرىپ، ئا ـ
نىسىغا: «هوي، ئانا، ھويلا سوغا قىقۇ!...» دەيدۇ ـــ بىچارە
سكان.
ـــ خۇدا ساقلىسۇن ـــ يول تېپىـلغاق بولۇپ كېتىدىـ
غان ئوخشايدۇ.
ـــ ئوكۇزلەرنى تاقىلاشقا تـوغـرا كېلىدۇ، باشقا ئىلاج
يوق.
ـــ قـايـسـى كۈنى ئالۋاستى جاڭگاللىقىدا ئاق تال
كەسكەن ئىدىم، ناھايىتى ياخشى.
ـــ زاخار، ئىشتان بېغىڭنى باغلىۋال... سوغاق ئۇرسا
خوتۇنۇڭ ئويدىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ.
ـــ ماڭا قـارىغىنا، ئـاۋدېيىچ، جامائەتنىڭ بۇقىسىنى
ھازىرمۇ سەن باقامسەن؟
ـــ ھازىر باقمايدىغان بـولـدۇم، پارانكا مىرىخىناغا
ئۆتكۈزۈپ بەردىم... «مەن تۇل ئايالمەن، شۇنىڭ بىلەن كوڭـ
لۇمنى خوش قىلاي» دىدى، بوپتۇ، ئال، دىدىم. ئەگەر ئىككى
قات بولۇپ قالساڭ...
ـــ ھا ـ ھا ـ ھا ـ ھا!
ـــ ھى ـ ھى ـ ھى ـ ھى!...
ـــ جـانابى ئـاتىلار! ئـوتتۇن كېسىش توغرىسىدا نىمە
پىكرىڭلار بار؟... جىم بولايلى!
ـــ مۇبادا ئىككى قـات بـولۇپ قالساڭ، سۈت ئانىسى
بولۇشقا مېنى چاقىرارسەن، دىدىم.
ـــ جىم بولۇڭلار! تووەنچىلىك بىلـەن ئىلتىماس قىلىـ
مىز، جىم بولۇڭلار!
يىغىن باشلاندى، يېزا باشلىقى تەر باسقان چوقمىقىنى

سىلاپ تۇرۇپ، ۋىخەتتىكىلەرنىڭ يەملىرىنى ۋاقىراپ ئوقۇشقا باشلىدى، سافىلىدا قېتىپ قالغان مۇزنى چىمچىلىقى بىلەن كوچىلاپ چۈشۈرەتتى. پۈتۈن ئەزايىدىن ھور كوتىرىلەتتى. ئارقا تەرەپتىكى ئېچىلىپ - يېپىلىپ تۇرغان ئىشىكنى ھور قاپلىغان، ئادەملەر نىقىن - نىقىن، بەزىلەر بۇرنىنى قېقىشاتتى.

— پەيشەنبە كۈنى ئوتتۇن كېسىشكە چۈشەلمەيمىز! — دەپ ۋاقىرىدى ئىۋان تومىلىن، يېرا باشلىغىنىنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپ. ئۇ توپچى قىسىملارنىڭ كوك فوراژكىسىنى كىيگەن بېشىنى بىر تەرەپكە قىشايتۇرۇپ، قىزىرىپ كەتكەن قولىغىنى ھە دەپ سۇرتۇپ تۇراتتى.

— نېمىشقا؟

— ھەي زەمبىرەكچى، قولىغىڭدىن ئايرىلىپ قالىسەي!

— بىز ئۇنىڭغا ئوكۇزنىڭ قولىغىنى ئۇلاپ قويىمىز.

— پەيشەنبە كۈنى يېزىدىكىلەرنىڭ يېرىمى دالىغا ئوت - چوپ تەقسىم قىلىشقا بارماقچى. تازا ئويلاپسىلەر - دە!..

— ئوت - چوپكە يەكشەنبە كۈنى بارىسەن.

— جانابى ئاقساقاللار!...

— نېمە گەپ!

— تازا پەيتى كەلدى!

— ھو - ھو - ھو - و - و!

— ھا - ھا - ھا - ھا!...

— ھى - ھى - ھى!...

ماتۋېي كاشۇلىن دېگەن بوۋاي لىڭشىپ تۇرغان شىرە ئۇستىدىن ئېڭىشىپ، سىپ - سىلىق ياغاچ ھاسىسىنى تومىلىنغا تەڭلەپ، تىترىگەن ھالدا غودۇڭشىشقا باشلىدى:

— ئوت - چوپمۇ قېچىپ قۇتۇلمايدۇ! ... قارىغىنا، سېنى! ... كوپچىلىك بىر ئىشنى باشلىماقچى بولسا، سەن ھەمىشەم قارشى چىقىسەن ... سەن تېخى ياش، بۇرادەر ئەزىز، سەن تەنتەكسەن! ... ھە! ... بىلىپ قوي! ... سېنى قارا...

— ئوزەڭچۇ؟ سەن قېرىپ مۇشۇنچە ياشقا كىرگەن تۇرۇقلۇق خوشنىلارنىڭ ئەقىل كورستىشى بىلەن ئىش قىلىسەن ... — دىدى قۇلى چولاق ئالېكسەي ئارقىدىكى قاتاردىن بېشىنى چىقىرىپ. ئۇ كوزلىرىنى پىرىلدىتىپ، چوقۇر يۇزىنى ئەسەبىلەرچە تىترىتىپ كەتتى.

ئالېكسەي بىر پارچە يەر ئۇچۇن 6 يىلدىن بېرى كاشۇلىن بوۋا بىلەن ئاداۋەت ساقلاپ كېلەتتى. ھەر يىلى باھار كەلگەندە ئالېكسەي ئۇنى ئۇراتتى،ھالبۇكى ماتۋىي كاشۇلىننىڭ ئۇنىڭدىن تارتىۋالغان يېرى بىر غېرىچ كەلمەيتتى.

— ئاغزىڭنى يۇم، تەلۋە!

— ھەي ئېسىت! سەن يىراقتا - دە — بۇ يەردىن قولۇم يەتمەيدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا، بىر ئۇرۇپ، ئاغزى - بۇرنۇڭنى قان قىلىۋېتەتتىم!

— ۋاي چولاقەي! سېنى قارىغىنا!...

— بولدى قىلىڭلار، بىر - بىرىڭلار بىلەن غىجىلىشىپ نىمە قىلىسىلەر؟...

— تالاغا چىقىپ ئۇرۇشۇڭلار. نىمە قىلىشساڭلار مەيلى.

— بولدى قىل، ئالېكسەي، قارىغىنا، قېرىنىڭ چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى، بېشىدىكى پاپاخىنىڭ كوتىرىلگىنىنى كوردىڭمۇ؟

— جىدەل چىقارغانلارنى تۇرمىگە يوللايمەن!...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

يېزا باشلىقى مۇشتى بىلەن شىرەنى ئۇردى.
— هازىر ساقچى چاقىرىمەن! ئۇنىڭنى ئوچەر!..
گورۇڭلىغان ئاۋازلار ئەڭ ئارقىدىكى قاتارغىچە بېسىپ بېرىپ، كېيىن جىمىپ قالدى.
— پەيشەنبە كۈنى تاڭ ئېتىش بىلەنلا ھەممەيلەن ئوتۇن كېسىشكە چىقىدۇ.
— سىلەر نىمە دەيسىلەر، ئاقسا قاللىرىمىز؟
— بولىدۇ، دەل پەيتى!
— خۇدا يار بولسۇن!
— هازىرقى ياشلار قېرىلارنىڭسوزلىرىگە ئانچە قۇلاق سالمايدۇ...
— قۇلاقسېلىپمۇ قالار. ئۇلارنىڭ ئەدىۋىنى بېرەلمەمدىكەنمىز؟ مېنىڭ ئالېكساشكام، ئۆيۈڭنى بولەك قىلىپ قويىمەن دىسەم، مۇشت تەڭلەپ، دىۋەيلەپ كەلدى، ياقامغا ئېسىلدى، مەن تۇيۇقسىز بىرنى سېلىپ: «مەن هازىرلا يېزا باشلىقىغا ئەرز قىلىمەن، قېرىلارغا ئېيتىمەن، ئۇلارغا ئۇرغۇزىمەن...» — دىۋىدىم، ئۇ بىر پەستە موللا مۇشۇك بولۇپ، سالپىيىپقالدى.
— موهتىرەم ئاغىلار، يەنە بىر مەسىلە بار: بازار ئاتامانىدىن بۇيرۇق كەلدى، — يېزا ئاتامانى گېلىنى قىرىپ، ئاۋازىنى تۈزىدى، ئاندىن بوينىنى سوزۇپ، بېشىنى تولغىدى، چۈنكى مۇندىرىنىڭ قاتتۇرما ياقىسى ئىڭىكىگە تاقىشىپ، گېلىنى بوغۇپ قويغان ئىدى، — مۇشۇ شەنبە كۈنى ياشلار قەسەم قىلىش ئۈچۈن يېزا بازىرىغا بېرىشى كېرەك ئىكەن. كەچقۇرۇن ھەممىسى بازار مەهكىمىسىگە يېتىپ بارسۇن.
ئىشىكنىڭ قېشىدىكى ئەڭ چەتتىكى دەرىزىنىڭ ئالدىدا پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئاقساق پۇتىنى لەگلەك قۇشتەك ئېگىپ،

قۇدىسىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. مىرون گىرىگورىيېۋىچ جۇۋىسىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتكەن بولۇپ، دەرىزە تەكچىسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ھەدەپ مېيىغىدا كۈلەتتى. قىسقا ئېقىش كىرپىكلىرىنى قىرو قاپلىغان. يۈزىدىكى چوڭ - چوڭ جىگەرەڭ سوگەللىرى سوغاقتىن قېنى قېچىپ، تاتىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر توپ ياشراق كازاكلار بىر - بىرلىرىگە كور قىسىشىپ، كۈلۈشۈپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بېشىغا زەر ئۇقا تۇتقان كوك مووۇت تاشلىق پاپاخ كىيگەن ئاۋدېيىچ پۇتىنىڭ ئۇچىدا مىڭىپ يۈرەتتى، لاپچى دىگەن لەقەم سىڭىپ قالغان بۇ ئادەم پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بىلەن تەڭقۇر بولسىمۇ، قېرىمايدىغان جاغدا ئادەم بولۇپ، قىزىل ئالمىدەك يۈزىدىن قان تېمىپ تۇراتتى.

ئاۋدېيىچ بىر چاغلاردا ئىمتىيازلىق ھەربى قىسىمدا — ئاتامان پولكىدا خىزمەت ئۆتىگەن ئىدى. ئۇ خىزمەتكە بارغان چاغدا سىنىلىن دىگەن پەملە بىلەن كېتىپ، قايتىشىدا «لاپچى» دىگەن لەقەم بىلەن قايتىپ كەلدى.

ئۇ يېزىدىن ئاتامان پولكىغا قوبۇل قىلىنغان دەسلەپكى بىر كازاك بولۇپ، باشقىلاردەك ناھايىتى ئوڭلۇق بىر يىگىت ئىدى. پەقەت بالىلىق چېغىدىن قالغان ئازراقلا تەنتەكلىكى بار ئىدى، خالاس؛ ئەمما ھەربى خىزمەتتىن قايتقاندىن كېيىن، بىردىنلا ئارقىغا چېكىنىپ ئەقلىنى يەپ قويدى، ئۇ قايتىپ كەلگەنىنىڭ دەسلەپكى كۈنىدىن تارتىپلا ئۆزىنىڭ پادىشا سارىيىدا كورسەتكەن ئاجايىپ - غارايىپ خىزمەتلىرىنى، پېتېربورگدا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئەلىتە سەرگۈزەشتىلىرىنى سوزلەپ بېرىشكە باشلىدى. باشتا كىشىلەر ھاڭ - تاڭ بولۇپ، ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، ئاغزىلىرىنى ئاچقان پېتى قۇلاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى كىتابلىرى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەتى

سېلىشتى، ئەمما كېيىن يېزا بىنا بولغاندىن بۇيان ئاۋدېيىچ-تەك لاپچىنى ھېچكىم كورمىگەنلىكى مەلۇم بولۇپ قالدى؛ ھەممەيلەن ئۇچۇقتىن ئوچۇق ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشەتتى، لېكىن ئۇ، ئۆزىنىڭ يالغان - ياۋىداق ئويدۇرمىلىرىنىڭ مېزى چىقىپ شەرمەندە بولۇش ھالىتىگە چۈشۈپ قالسىمۇ ھەرگىز قىزارمايتتى (قىزارسىمۇ، يۈزى ھەمىشەم قىپ - قىزىل بولغانلىقى ئۈچۈن، بىلىنمەيتتى)، لېكىن شۇنىڭغا قارىماستىن، يالغان سوزلەشنى زادىلا تاشلىمايتتى. ئۇ قېرىغان چېغىدا ئەس - ھۇشىدىن ئايرىلىپ قالدى، بىراۋ كەمچىلىگىنى ئېيتسا ئاچچىغى كېلىپ، مۇشت كوتىرەتتى، گەپ قىلماي كۈلۈپ تۇرسا — ھەدەپ لاپ ئۇراتتى، زاگىلىق قىلغاننى سەزمەيتتى.

ئۇ ئەگىلىك ئىشلىرىغا پۇختا، ئىشچان كازاك ئىدى، ھەرقانداق ئىشنى ئەقىل - پاراسەت بىلەن قىلاتتى، نوۋىتى كەلگەندە قوۋلىقىنىمۇ ئىشلىتەتتى، ئەمما ئاتامان پولكىدىكى خىزمەتلىرى توغرىلىق سوز ئېچىلسا، بەختى كەلگىنى شۇ... ئاگىلغان ئادەم قاقاقلاپ كۈلۈپ جايىدا ئولتۇرۇپ قالاتتى، ئۈچەي - باغرى ئۈزۈلۈپ كېتەتتى.

ئاۋدېيىچ مىجىغى چىققانپىيما بىلەن بىر ئورنىدا تەۋرىنىپ قاپ ئوتتۇرىدا تۇراتتى؛ ئەتراپىدىكى كازاكلارغا بىر - بىر كوز يۈگۈرتۈپ، ۋەزمىن ۋە يوغان ئاۋاز بىلەن مۇڭداق دىدى:

— ھازىرقى كازاكلارنىڭ ھەممىسى ئىشتىن چىققان. ئۇششاق - چۈششەك، يارامسىز نەرسىلەر، ئۇنىڭ ھەرقاندىغىنى بىر پۇدەپلا ئۇچۇرۇۋېتىش مۇمكىن، پەقەت نامىلا كازاك...— ئۇ نەپرەت ئارىلاش ھىجىيىپتۇكرىگى چۈشكەن يەرنى پىيمى-

سى بىلەن بېسىپ قويدى، ــ مەن ۋېشىپنسكايا يېزا بازىرىدا ئۇلۇكلەرنىڭ سوڭەكلىرىنى كورگەن ئىدىم، نوتكەن زامانىدىكى كازاكلارغا قايىل قالىدۇ كىشى ــ كازاك دىگەن ئەنە شۇ!...

ــ ئۇلارنى سەن نەدىن قېزىپ تاپتىڭ، ئاۋدېيىچ؟ــ دەپ سورىدى كوسا ئانىكوشكا يېنىدىكى ئادەمنى جەينىگى بىلەن نوقۇپ.

ــ هاي، بۇرادەر ئۇلۇغ ئايەم يېقىنلىشىۋاتىدۇ، يالغان گەپلەرنى قىلما، گۇناكار بولىسەن. ــ پانېتلېي پروكوفېيېۋىچ ئەگمەچ بۇرنىنى پۇرۇشتۇرۇپ، قۇلىغىدىكى سىرغىسىنى سىلاپ قويدى، ئۇ بۇ پوچىنى ياقتۇرمايتتى.

ــ بۇرادەر، مەن ئەزەلدىن يالغان سوزلىگەن ئەمەسمەن، ــ دىدى ئاۋدېيىچ چوڭ سوزلەپ، ئاندىن ئۇ تېلىقىپ كۇلۇۋاتقان ئانىكوشكىغا ئەجەپلىنىش بىلەن قاراپ قويدى.ــ قېيىنى ئىنىمغا ئوي سېلىۋاتقان چاغدا ئۇلۇكلەرنىڭ سوڭىكىنى كورگەن ئىدىم. هۇل قېزىۋاتقاندا گور چىقىپ قالدى، ئېهتىمال، قەدىمقى زاماندا دون بويىدىكى يەرلەر، چېركاۋنىڭ ئەتراپى قەۋرىستان بولسا كېرەك.

ــ خوش، قانداق سوڭەك ئىكەن؟ ــ دەپ نارازى ئاهاڭدا سورىدى پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ كېتىشكە هازىرلىنىپ.

ــ قولى مانا مۇنداق، ــ دەپ ئارىدەك ئۇزۇن قوللىرىنى كەردى ئاۋدېيىچ، ــ بېشى، خۇدا تورۇپتۇ، قازاندەك يوغان.

ــ سەن، ئاۋدېيىچ، باشقىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئەڭ ياخشىسى سانكت ــ پېتېربورگدا قاراقچىنى قانداق تۇتقانلىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غىڭنى ياشلارغا سوزلەپ بەرگىنە، ــ دېدى مىرونگىرىگورىيېۋىچ دەرىزە تەكچىسىدىن پەسكە چۈشۈپ، جۇۋىسىغا يۆگىنىپ.

ــ سوزلەپ بەرگىدەك نىمىسى بار ئۇنىڭ؟ ــ دەپ نازلاندى ئاۋدېيىچ.

ــ سوزلەپ بەر!

ــ ئىلتىماس قىلىمىز!

ــ مەرھەمەت قىل، ئاۋدېيىچ!

ــ بولۇپتۇ، بۇ ۋەقەنى سوزلىسەم سوزلەي، ــ ئاۋدېيىچ يوتىلىپ قويىدى ـ دە، شالۇۋردىن تاماكا خالتىسىنى ئالدى، قورۇلۇپ كەتكەن ئالقىنىغا بىر چىكىم تاماكا سالدى، ئالقىنىغا چۈشكەن ئىككى دانە مىس تەڭگىنى يىغىۋاشتىن خالتىغا سالدى ۋە چىرايى ئىچىلىپ، قۇلاق سالغۇچىلارغا بىر بىرلەپ قاراپ قويىدى، ــ بىر مەھبۇس قاراقچى قەلئەدىن قېچىپتۇ. ئۇيەر بۇيەرنى ئاختۇرۇپ تاپالماپتۇ. تولا ئىزلەپ هوكۇمەت ئادەملىرىنىڭ پۈتىدا جان قالماپتۇ. يەرگە كىرىپ كەتتىمۇ. ئاسمانغا چىقىپ كەتتىمۇ، هىچكىم بىلەلمەپتۇ! كېچىسى مېنى قاراۋۇل بېشى ئوفتسېر چاقىرتقان ئىكەن، باردىم ... هە ـ هە ... «سەن دەرهال ئىمپېراتور هەزرەتلىرىنىڭ هوزورى ئالىلىرىغا بارغىن، سېنى... پادىشا ئالىلىرى ــ ئىمپېراتور ئوزى چاقىرتىۋاتىدۇ» ــ دېدى. يۈرىگىم جىغ قىلىپ كەتتى، هوزۇرىغا كىردىم. هەرىبچە سالام بېرىپ، قېتىپ تۇردۇم، ئالى هەزرەت. ئىلتىپات كورسىتىپ، ئوز قولى بىلەن مۇرەمنى قېقىپ: «گەپ مانا مۇنداق، ئىۋان ئاۋدېيىچ، ئىمپېرىيىمىزنىڭ ئەڭ بىرىنچى دۈشمىنى قەلئەدىن قېچىپتۇ. يەر ئاستىدىن بولسىمۇ تۇتۇپ كەل، تاپالمساڭ، كوزۈمگە كورۇنمە!» ــ دېدى. «خوپ بولىدۇ، ئىمپېراتور ئالى هەزرەتلى-

رى» — دېدىم.ھە - ھە...بۇرادەرلەر، تازا مۇشكۇل ئىش بېشىمغا چۈشتى ... پادىشانىڭ ئات ئېغىلىغا كىرىپ، نەسىللىك ئارغىماقتىن ئۈچنى تاللىۋالدىم - دە، مارش! دەپ چاپتۇرۇپ كەتتىم. — ئاۋدېيېچ تاماكىسىنى بىر شوراپ، قۇلاق سالغۇچىلارنىڭ ئىڭىشكەن باشلىرىغا كوز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن بىردىن روھلىنىپ، يۈزىنى قاپلىۋالغان تۈتۈن ئارىسىدىن چاڭىلداپ سوزلەپ كەتتى:

— كۈندۈزى چاپتىم، كېچىسى چاپتىم، 3 - كۈنى موسكۋاغا ئاز قالغاندا قوغلاپ يەتتىم. ئۈنى، ئىسىل كىشىنى ئۈچ ئات قوشقان پايتۇنغا باستىم - دە، دەرھال كەلگەن ئىزىم بىلەن قايتتىم. يېرىم كېچىدە پادىشا ئوردىسىغا يېتىپ كەلدىم، ھەممە يېرىم لاي.مەن توپ - توغرا پادىشا ھەزرەتلىرىنىڭ ئالدىغا كىرىۋەردىم. مېنى كېنەزلەر، گرافلار كىرگىلى قويماي، يولۇمنى توساشتى، مەن ئۇلارغا قۇلاق سالماي يولۇمغا مېڭىۋەردىم، خوش... ئىشىكنى تاقىلداتتىم. «كىرىشكە ئىجازەت بېرىڭ، ئىمپېراتور ئالى ھەزرەتلىرى» — دېدىم. «ئۆزەڭ كىمسەن؟» — دەپ سورىدى. «مەن - مەن، — دېدىم، — ئىۋان ئاۋدېيېچ سىنىلىن». ئىچكىرىدىكىلەر ئۆپۈر - توپۈر بولۇپ كېتىشتى، — قۇلاق سالسام، نەق پادىشانىڭ ئۆزى: «مارىيە فېدوروۋنا، مارىيە فېدوروۋنا! تېزرەك قوپ، ساماۋەر قوي، ئىۋان ئاۋدېيېچ كەلدى!» — دەپ چاقىرىۋاتىدۇ.

ئارقىدىكىلەرنىڭ قاقاقلىغان كۈلكىسى ئۆينى بىر ئالدى. يوقالغان ۋە ئېزىقىپ قالغان ماللارنىڭ رويىخېتىنى ئوقۇۋاتقان كاتىپ: «سول پۇتىنىڭ تۆپىغىدا ئېقى بار» دېگەن جۈملىدە توختاپ قالدى. يېزا باشلىقى بوينىنى غازدەك سو-

زۇپ، قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقان خالايىققا كۆز يۈگۈرتەتتى.

ئاۋدېيىچ بېشىدىن پاپاخىنى ئېلىپ، ئالاقىزادە بولۇپ بىر ئۇنىڭغا، بىر بۇنىڭغا ھومىيىپ قاراشقا باشلىدى.

— توختاپ تۇرۇڭلار!

— خا - خا - خا - خا!...

— ۋاي - ۋاي، ئۆلۈم قۇچىدىغانلار!...

— ھى - ھى - ھى - ھى!...

— ئاۋدېيىچ، قوتۇر ئىت، ھا - ھا - ھا!...

— «ساماۋەر قوي، ئاۋدېيىچ كەلدى!» ياشاپ كەت ئەزىمەت!

يىغىن تارقىلىشقا باشلىدى. ئىشىك ئالدىدىكى مۇزلىغان تاختا پەلەمپەي ئادەملەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا غىچىلداپ نالە قىلىۋاتقاندەك بولاتتى. مەھكىمە ئالدىدىكى دەسسىلىپ كەتكەن قار ئۈستىدە ستېپان ئاستاخوپ بىلەن ئۇزۇن تۇرا شادىپاچاق بىر كازاك ئىسسىنىش ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن چېلىشىۋاتاتتى، بۇ — شامال تۈگمىنىنىڭ ئىگىسى ئىدى.

— بېشىڭنىڭ ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇپ ئات تۈگمەنچىنى! — دەپ توۋلىشاتتى ئۇلارنى ئورىۋالغان كازاكلار. — ستېپكا، كۆتىرىپ ئۇر، بۇرنىدىن بۇلاق قىل!

— ھەي مۇغەمبەر، بېقىنىغا كىرىۋالما! قاراڭلار، ئۇنىڭ ھارامزەدىلىكىنى! — دەپ ۋاقىرايتتى كاشۇلىن بوۋاي كويۇپ - پىشىپ: بۇ ئادەم چېلىشچىلارنىڭ ئەتراپىدا قوچقاچتەك سەكرەپ، چېلىشىشقا ئەكمۇ بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، كۆكرىپ كەتكەن بۇرنىنىڭ ئۇچىدا ساڭگىلاپ قالغان پوتلىسىنى سەزمەيتتى.

## 8

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ يىغىندىن قايتىپ كېلىپ، توپ-
توغرا ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى، بۇ ئۆيدە ئۇ ئۇزۇنىڭ
مومىيى بىلەن تۇراتتى. بۇ كۈنلەردە ئىلئىنىچنا بىتاپ بولۇپ
قالغان ئىدى. ئىششىپ كەتكەن يۈزلىرىدىن ھارغىنلىق ۋە
ئاغرىق ئازاۋى بىلىنىپ تۇراتتى، موماي قېلىن ماموق تۆ-
شەكتە، ئىگىز ياستۇقتا يولىنىپ ياتاتتى. ئۇرنىگە تونۇش قە-
دەم ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان بېشىنى بۇياققا ئۇرۇپ، بۇ-
رۇنقى ئادىتى بويىچە قاپىغىنى تۈرۈپ ئېرىگە قارىدى: پرو-
كوفيېۋىچنىڭ ئاغزىنى قاپلىۋالغان ۋە تىنىغىدىن چىققان
ھور بىلەن نەملەنگەن چاڭگا ساقىلىغا ۋە ساقىلىغا قوشۇلۇپ
كەتكەن ھول بۇرۇتلىرىغا نەزەر تاشلىدى، بۇرنىنى
ئىچىگە تارتىپ، ئالدىنى پۇراپ كوردى، ئەمما ئې-
رىدىن ئاچچىق تېرە ھىدى بىلەن قارىنىڭ پۇرىقىدىن
باشقا ھېچنىمە پۇرىمايتتى. «بۈگۈن ئىچمەپتۇ» دەپ
ئويلىدى ئىچىدە ۋە كوڭلى خاتىرجەم بولۇپ، يۈك يىپ بىلەن
بىگىزنى قولىغا ئالدى - دە، پايپاقنىڭ چالا قالغان تاپىنى-
نى توقۇشقا باشلىدى.

— ئوتۇن كېسىش قانداق بولدى؟

— پەيشەنبە كۈنىگە توختىتىشتى. — پروكوفيېۋىچ بۇ-
رۇتىنى سىلاپ قويدى، — پەيشەنبە كۈنى سەھەردە بولغا چى-
قىمىز، — دەپ تەكرارلىدى كارۋات يېنىدىكى ساندۇقتا ئول-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ، — ئەھۋالىڭ قانداق؟ بىر ئاز ئوڭشالاندىڭمۇ؟

ئېلىنىچنانىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ:

— يەنە ئوخشاشلا... ئۇستىخان - بوغۇملىرىم سىقىراپ ئاغرىيدۇ... — دېدى.

— كۆزدە سۇغا كىرمە، دېگەن ئىدىم، سەن ئەخمەققە، ئاغرىقىڭ بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، مېدىرلىماي ئولتۇرمامسەن! — دېدى پروكوفيېۋىچ قايناپ، ئاندىن ھاسىسى بىلەن پولغا چوڭ دائىرە سىزىق سىزدى — ياكى سەندىن باشقا خوتۇنلار دۇنيادا قۇرۇپ كەتكەنمىدى؟ ئاشۇ زىغىر پاخلىڭغا مىڭ لەنەت! ئۇنى ھول قىلىمەن دېدىڭ، مانا ئەمدى نېمە بولدى؟... خۇدايا تۇۋا، بۇ بىر كورگۇلۇك — تە... ئېھ!

— زىغىر پاخلىنى تاشلىۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ — دە، ئۇ كۈنلەردە قىزلارنىڭ بىرسىمۇ يوق ئىدى. گىرىشكا خوتۇنى بىلەن يەر ھەيدەۋاتاتتى، پېترو دارىيە بىلەن نەگىدۇر، بىر يەرگە كەتكەن ئىدى.

چال ئالقىنىنى ھورداپ، كارۋاتقا ئېگىشتى.

ناتاشكا قانداق؟

ئېلىنىچنا تەشۋىش ئىچىدە سوزلەپ كەتتى:

— نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم، بايا يەنە يىغلىدىم. ھويلىغا چىققان ئىدىم، قارىسام، ئامبارنىڭ ئىشىگىنى بىرسى ئاچقاندەك قىلدى، ئىشىكنى يېپىپ كەلمەكچى بولۇپ باردىم - دە، ئىچكىرىگە كىردىم، ئۇ تېرىق توكىدىغان خامپىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن: «نېمە بولدۇڭ، بالام، نېمە گەپ؟» دەپ سورىغان ئىدىم، «بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ، ئانا» — دېدى، خالاس. راستىنى ئېيتمايدۇ - دە.

— بەلكى تاۋى يوقتۇر.

— ياق، سۇرۇشتۇرۇپ باقتىم ... ياكى بىرسى ئۇنىڭغا يامان سۆز قىلدىمىكىن، يا بولمىسا گىرىشا بىلەن ئوتتۇرىدا گەپ ئۆتتۈلگەنمىكىن...

— ئوغلۇڭ ئاۋۇ كاسا پەتكە... يەنە باغلىنىپ قالدىمۇ - يە؟

— ياقەي، دادىسى! نېمە دىگىنىڭ بۇ؟ — ئىلىشىنچىنا چوچۇپ قول شىلتىدى. — ستېپاننى ئەخمەق دەپ ئويلامسەن؟ ھېچنىمىنى بايقىغىنىم يوق.

چال بىر پەس ئولتۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

گىرىگورىي ئوزخانىسىدا ئىسكەك بىلەن قارماقنىڭ ئۇچىنى ئىسكەكلەۋاتاتتى.* ناتالىيە بۇ قارماقلارنى ئېرىتكەن چوشقا يېغى بىلەن مايلاپ، ھەر بىرىنى ئەپچىللىك بىلەن ئايرىم لاتىغا ئوراۋاتاتتى. پان-تېلېي پروكوفيېۋىچ ئاقساقلاپ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كې-تىۋاتقاندا ناتالىيىنىڭ يۈزىگە سىنچىلاپ نەزەر تاشلىدى، نا-تالىيىنىڭ چىرايى سۇلۇپ، يۈزى كۆزدىكى غازاڭدەك سارغىيىپ كەتكەن ئىدى. مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە ئۇ خوپ يادىغان، كۆز-لىرىدە نىمىشقىدۇر يېگى مەيۈسلۈق ئالامىتى پەيدا بولغان ئىدى، چال ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختىدى. «ھەي، خوتۇنىڭغا ئۇۋال قىلىپسەن!» — دەپ ئويلىدى ئىچىدە؛ ئۇ بەلدىگىنىڭ ئۈستىگە ئىگىشكەن ناتالىيىنىڭ بېشىغا، سىلىق تارالغان چې-چىغا يەنە بىر قېتىم قاراپ قويدى.

گىرىگورىي* دەرىزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئىسكەكنى سۈركەۋاتاتتى، چۈۋۈلۈپ كەتكەن قاپ-قارا چاچلىرى ماڭلى-يىغا چۈشۈپ سىلكىنەتتى.

— بۇ نەرسىلىرىڭنى يىغىشتۇر، ئەبلەخ!... — دەپۋا-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىرىدى چال جان ـ جەھلى بىلەن قىزىرىپ، قولى ئۈستىتىپ تۇرغان بولسىمۇ، ھاسا تايىقىنى مەھكەم سىقىملاپ، ئۆزىنى بېسىۋالدى.

گىرىگورىي چوچۇپ كەتتى ـ دە، ھالىڭ ـ تالىڭ بولۇپ دادىسىغا قارىدى.

ــ ماۋۇ ئىككى ئۇچى بار قارماقنى ئۈستىتىپ قوياي دىگەن ئىدىم دادا.

ــ يىغىشتۇردەيمەن ساڭا! ئوتۇن كېسىشكە تەييارلان.

ــ مانا ھازىر.

ــ چانا شالاقلاپ قاپتۇ، بىر تال مىقى يوق، ئۇ بولسا ــ قارماق بىلەن ئاۋارە، ــ دەپ غۇدۇڭشىدى چال بىر ئاز پەس كويىغا چۈشۈپ؛ ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىدا بىردەم تىپىرلاپ تۇردى (يەنە بىرەر گەپ قىلماقچى بولغاندەك كۆرۈنەتتى)، لېكىن ئۈنچىقماي چىقىپ كەتتى، قالغان قەھرى-غەزىۋىنى پېترونىڭ ئۈستىگە ياغدۇردى.

گىرىگورىي كالتا جۇۋىسىنى كىيىۋېتىپ ئاتىسىنىڭ ھويلىدا ۋاقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى:

ــ مال ـ ئۇلاقلار شوچاغقىچە سۇغىرىلماپتۇ، سەن نېمىگە قاراپ يۈرىسەن، ھوي نائەھلى؟... قاشانىڭ توغرا ياغىچىنى كىم سۇغىرىپ ئېلىپ كەتتى؟ چەتنىكى ياغاچقا تەگمەڭلار، دەپ ساڭا ئېيتمىغانمىدىم؟... شۇنداق ياخشى ئوت-چوپلەرنى لەنىتى مال ـ ئۇلاق نابۇت قىلىۋەتسە، ئەتىياز كەلگەندە ئۆكۈزلەرگە نىمىنى يىگۈزۈپ قوش ھەيدەيسىلەر؟

پەيشەنبە كۈنى تاڭ ئېتىشتىن 2 سائەت بۇرۇن ئىلىنىچنا دارىيىنى ئويغاتتى.

ــ تۇر، مەشكە ئوت ياق.

دارىيە ئۈچ كوينەك بىلەن مەشىنىڭ يېنىغا يۈگۈردى. تەكچىدىن سىيپىلاشتۇرۇپ، سەرەڭگىنى تاپتى ـ دە، مەشكە ئوت ياقتى.

— تاماقنى تېزرەك پىشۇرساڭچۇ، — دەپ ئايىلىنى ئالدىراتتى تاماكىدىن يوتىلىشكە باشلىغان چاچلىرى پاخپايغان پېترو.

— ناتاشكىنى ئويغىتىشقا كۆزلىرى قىيمايۋاتىدۇ، ئۇ ئۇياتسىز داڭ قېتىپ ئۇخلاۋاتىدۇ. مەن ئۆزەمنى ئىككىگە پارچىلاپ، قولۇمنى ئوت قىلالمىدىمەن؟ — دەپ غۇدۇڭشىيتتى ئۇيقۇسى چالا قېلىپ زەردىسى قايناغان دارىيە.

— ماڭ، ئۇنى ئويغىتىپ قوي، — دېدى پېترو.

ناتالىيە ئۆزى ئويغاندى. كۆپتىسىنى ئۈچىسىغا ئارتىپ، ئېغىلغا تېزرەك ئالغىلى چىقىپ كەتتى.

— تۇترۇقمۇ ئالغاچ كەل! — دەپ بۇيرۇدى چوڭ كېلىن.

— دوناشكىنى سۇغا ئەۋەت. ئاڭلىدىڭمۇ داشكا؟ — دېدى ئىلىنىچنا؛ ئۇ ئاشخانىنىڭ ئىچىدە ئايىغىنى سورەپ تەسلىكتە ماڭاتتى ۋە خىرىلداپ سوزلەيتتى.

ئاشخانىدىن يېڭى ئېچىتقۇنىڭ پۇرىقى، ئىگەر ـ جابدۇق، تاسما ـ قېيىشلار ۋە ئىللىق ئادەم بەدىنىنىڭ ھىدى گۇپۇلدەپ پۇرايتتى. دارىيە پىيمىسىنى شىپىلدىتىپ، ئۇياق ـ بۇياققا يۈگۈرەتتى، قازان ـ قومۇچلارنى تاراقشىتاتتى؛ يەڭلىرى جەينىكىگىچە تۈرۈلگەن ھالرەڭ ئىچ كوينىكى ئاستىدىن دومبىيىپ چىققان ئالمىدەك كۆكرەكلىرى سىلكىنەتتى. تۇرمۇشقا چىققاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ رەڭگى ـ رويى قىلچە ئۆزگەرمىگەن، پەقەت سۇلمىغان؛ قامەتلىك، بېلى ئىنچىكە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تال چىۋىقتەك نەۋرىشىم بولۇپ، خۇددى قىز بالىدەكلا ئىدى. مۇرىسىنى ئۇچۇرۇپ، پىلتىڭلاپ يۈرەتتى، ئېرىنىڭ ۋاقىراشلىرىغا كۈلۈپلا قوياتتى؛ يۇپقا ۋە زەھەرخەندە لەۋلىرىدىن ئۇششاق ۋە زىچ چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— تېزەكنى مەشكە كەچقۇرۇنلا تىزىپ قويسا، بۇ چاقچىقە قۇرۇپ قالمامدۇ، — دەپ غودۇڭشىدى ئىلىئىنىچنا ئاچچىغى بىلەن.

— ئۇنتۇپ قېلىپتىمەن، ئانا، ئەيىپ بىزدە، — دارىيە ھەممە ئۈچۈن جاۋاپ قىلدى.

تاماق پىشقىچە تاڭمۇ ئاتتى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئاغزى كويگىنىگە قارىماستىن سۈيۈق شويلىنى خولۇپلىتىپ ئىچىپ، ئەتىگەنلىك تاماقنى ئىچىپ بولۇشقا ئالدىرايتتى. قاپىغى تۈرۈلگەن گىرىگورىي ئىككى قوۋزىنى لوپۇلدىتىپ، تاماقنى ئالدىرىماي چاينايتتى، پېترو، چىش ئاغرىغى بىلەن ئىڭىكىنى تېڭىۋالغان دۇناشكىنى ئاتىسىغا سەزدۇرمەستىن مەسخىرە قىلاتتى.

چانىلار قارنى غاچىلدىتىپ، يېزا كوچىلىرىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. تاڭ ئېتىش ئالدىدىكى كۆكۈمدا كالا ھارۋىلىرى دون دەرياسى تەرەپكە قاراپ يولغا چۈشتى، گىرىگورىي بىلەن پېترو چانا قوشۇش ئۈچۈن سىرتقا چىقىشتى. گىرىگورىي يېڭى كېلىن سوغا قىلغان يۇمشاق شارپىنى ئالدىراپ - سالدىراپ بوينىغا ئوراپ، سوغاق ۋە قۇرۇق ھاۋانى سۈمۈرۈپ باراتتى. ھويلا ئۈستىدىن ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر قاغا ئاۋازىنىڭ بېرىچە قاقىلداپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قاناتلىرىنىڭ ئاستا شۇۋىلداشلىرى قەھرىتان قىشتا روشەن ئاڭلىناتتى. پېترو قاغىنىڭ ئۇچۇشىغا قاراپ:

— ئىسسىق تەرەپكە، جەنۇپقا قاراپ ئۇچتى، — دېدى.

قىزلارنىڭ تەبەسسۇمىدەك شوخ، قوۋناق بۇلۇت پارچىلىرى ئارىسىدىن ئاينىڭ ئىنچىكە بىر ئۇچى يالتىراپ كۆرۈندى. ئۇنىڭ مورىلىرىدىن چىققان تۈتۈن تىك كۆتىرىلىپ، كوز يەتمەس يىراققا، چاقىلىپ ئىتتىتىلگەن ئالتۇن ئوغاققا ئوخشاش ئايغا قاراپ سوزۇلاتتى.

مېلېخوپلار قوراسىنىڭ ئۇدۇلىدا دون دەرياسى مۇزلىغان ئىدى. ئىككى قىرغاقتىكى جايلارنى قار ئارىلاش كوك مۇز قاپلىغان، مۇز ئاستى بىلەن چەتتىن ئاققان سۇ كوپۈكلىنىپ، مۇز ئۈستىگە ئۇرۇلاتتى، دەريانىڭ سەل ئوتتۇرىدىراق سۇ ئاستىدىن قايناپ چىققان بۇلاقلارسول قىرغاققا ئۇزۇلۇپ، ۋەھىمىلىك قاينام ھاسىل قىلاتتى، سۇ مۇزلىمىغان جايلاردا قىشلاپ قالغان ياۋا ئودەكلەر ئاپپاق قار پارچىلىرى ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرگەن بولۇپ، ئۇلار قاپ ـ قارا چېكىتتەك كورۈنەتتى.

دەريادىن ئوتىدىغان يەر مەيداندىن پەسكە چۈشكەن بىر جايدىن باشلىناتتى.

پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ ئوغۇللىرىنى كۈتمەستىنلا قېرى ئوكۈز قوشۇلغان ھارۋا بىلەن بىرىنچى بولۇپ يولغا چىقتى. پېترو بىلەن گىرىگورىي بىر ئاز كېيىنرەك ئاتىسىنىڭ كەينىدىن يولغا چىقتى، ئۇلار دوگدىن چۈشىدىغان يەردە ئاتىسىغا يېتىشىۋالدى. يېشىل بەلۋاغ باغلىۋالغان ئاتىسىكا يېڭى ساپلانغان پالتىسىنى چانىغا قىستۇرۇپ قويغان، ئۇ ئوكۈزلەرنىڭ يېنىدا پىيادە كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ پاكار بويلۇق كېسەلچان ئايلى ھارۋا ھەيدىگەن. پېترو يىراقتىنلا تووۋلىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— خوشنام، سەن ئايلىڭنىمۇ ئوزەڭ بىلەن ئېلىپ كەتمەكچىمۇ؟

چاقچاقچى ئانىكوشكا لەپەڭلەپ چانىلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئېلىپ بارما يچۇ، توڭلاپ قالسام، ئىسسىتىپ قويىدۇ.

— ئۇنىڭدىن قانچىلىك ئىسسىقلىق كېلەر، قۇرۇپ قالغان سوڭەك تۇرسا!

— سۇلۇ بېرىپ باقسامۇ سەمرىمەيۋاتىدۇ.

دەرەخ كېسىدىغان يەر ھەممىمىزگە بىر جايدىن تېگىپ-تىمۇ - نىمە؟ — دەپ سورىدى گىرىگورىي چانىدىن سەكرەپ چۈشۈپ.

— ئەگەر تاماكاڭدىن بىر چەكتۇرسەڭ، ئېيتىمەن: ئۇلۇشىمىز بىر جايدا.

— سەن، ئانىكەي، دائىم باشقىلارغا شېرىك بولۇۋالىسەن.

— ئۇغرىلانغان ۋە سورىۋالغان نەرسە ھەممىدىن شېرىن بولارمىش، — ئانىكوشكا ئاياللارنىڭ يۈزىدەك كوسا يۈزىنى پۈرۈشتۈرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ئۇلار بىللە مېڭىشتى. توقايلىقنى قىرو قاپلىغان، ھەممىياق ئاپپاق قار ئىدى. ئانىكوشكا ئالدىدا ماڭدى، ئۇ، يول ئۈستىگە ئېگىلىپ چۈشكەن دەرەخ شاخلىرىنى قامچىسى بىلەن ئۇرۇپ باراتتى. يىڭنىسىمان يۇمشاق قار دۈرۈلدەپ توكۇلۇپ، ئانىكوشكىنىڭ پۈركىنىۋالغان خوتۇنىنىڭ ئۈستىنى كومۇپ تاشلايتتى.

— ساراڭلىق قىلما، شەيتان! — دەپ ۋاقىرايتتى ئۇنىڭ خوتۇنى ئۈستىدىكى قارنى قېقىپ.

پېترو ئۆكۈزلىرىنى چاپتۇرۇش ئۈچۈن قوسىقىغا قامچىسىنى نىختاپ تۇرۇپ:

— خوتۇنىڭنى قارغا باس! — دەپ چاقچاق قىلدى.

ئالۋاستىلار توقايزارلىقىغا بۇرۇلغاندا ستېپان ئاستا خوپقا ئۆچىرىشىپ قالدى. ئۇ بويۇنتۇرۇق سىيلىنغان ئۇكۇزلىرىنى يېزا تەرەپكە هەيدەپ، يامالغان پېيمىسىنى چوڭ - چوڭ دەسسەپ كېلىۋاتاتتى. چېكىسىگە كىيىۋالغان پاپاخىنىڭ ئاستىدىن قىروباسقان جىنگىلەك چاچلىرى بىر ساپاق ئۆزۈمدەك ئېسىلىپ تۇراتتى.

ئانىكوشكا ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ:

— هەي، ستيوپا، ئېزىپ قالدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئاناڭنىڭ قېشىدا ئېزىپ قالامدىمەن!... قىيالىقتىن چۈشۈۋاتقاندا چانام كوتەككە ئۇرۇلۇپ كېتىپ ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى، نائىلاج قايتىپ كەلدىم، — ستېپان ئۇياتسىز سوزلەر بىلەن غۇدۇڭشىپ قويۇپ، ئۇزۇن كىرپىكلىرىنىڭ ئاستىدىن قاراقچى كوزلىرىنى ئالايتۇرۇپ پېتروننىڭ يېنىدىن ئوتۇپ كەتتى.

— چاناڭ قالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئانىكوشكا.

ستېپان قولىنى شىلتىپ قويدى، ئۇ شۇدىنگەرلىك تەرەپكە ماڭغان كالىلىرىنى قامچىسى بىلەن توساپ، چانىلارنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان گىرىگورىيغا ئۇزۇن ۋاقىت تىكىلىپ قارىدى. توقايزارغا يەتمەستىنلا، يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ قويۇلغان چانىغا گىرىگورىينىڭ كوزى چۈشتى، چانىنىڭ قېشىدا ئاكسىنىيە تۇراتتى. ئۇ دونچە تىكىلگەن جۇۋىسىنىڭ ئېتىگىنى سول قولى بىلەن تۇتقان پېتى ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان چانىلارغا كوز تىكەتتى.

— بىر چەتتە تۇر، باستۇرۇپ تاشلايمەن، ئېه، سەن مېنىڭ خوتۇنۇم ئەمەسسەن - دە! دەپ خىرىلدىدى ئانىكوشكا.

ئاكسىنىيە، كۆلۈمسىرەپ چەتلەندى - دە، بىر تەرەپكە قىيشىيىپ قالغان چانىسىغا ئولتۇردى.

— ئۆزەڭنىڭ خوتۇنى يېنىڭدا ئولتۇرۇپتىغۇ.

— چوشقا تاغاقتەك قۇيرۇغىمغا يېپىشىۋالغان تۇرسا، قانداق قىلاي، ئۇنداق بولمىغاندا، سېنى چانامغا سېلىۋالاتتىم.

— رەھمەت!

پېترو ئاكسىنىيىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئۇكىسى گىرىگورىيغا كوز قىرى بىلەن قاراپ قويدى. گىرىگورىي ھودۇقۇش ئارىلاش كۆلۈمسىرىگەن پېتى ماڭاتتى؛ ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىدىن تەشۋىش بىلەن بىر نەرسىنى كۈتۈۋاتقانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى.

— سالامەت تۇردۇڭمۇ؟ خوشنام؟ — دەپ سالام بەردى پېترو پەلەي كىيگەن قولىنى چېكىسىگە تۇتۇپ.

— خۇداغا شۈكۈر!

— چاناڭلار سۇنۇپ كېتىپتىمۇ — نېمە؟

— ھە، سۇنۇپ كەتتى، — دەپ سوزۇپ جاۋاپ بەردى ئاكسىنىيە پېتروغا قارىماستىن ۋە شۇئاندىلا ئورنىدىن تۇردى - دە، يېقىنلىشىپ كەلگەن گىرىگورىيغا بۇرۇلۇپ قارىدى، — گىرىگورىي پانتېلېيېۋىچ، سىزگە ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى...

گىرىگورىي ئاكسىنىيە تەرەپكە بۇرۇلدى ۋە ئۆزاپ كەتكەن پېتروغا:

— مېنىڭ ئوكۈزلىرىمگىمۇ قاراپ قوي، — دەپ تاپىلىدى.

— ھە، ماقۇل! — دەپ زەھەرخەندە بىلەن كۈلدى

پېترو ۋە تاماكا ئىسىدىن سارغىيىپ كەتكەن بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى چىشلىدى.

ئۇلار ئۈنچۈقماستىن بىر - بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئاكسىنىيە تەشۋىش بىلەن ئەتراپىغا بىر قارىۋالدى - دە، نەملەنگەن قاپ - قارا كوزلىرىنى گىرىگورىيغا تىكتى. ئۇ ئىزا تارتقىنى ۋە سۆيۈنگەنلىگىدىن يۈزلىرى لاۋۇلداپ ئوت ئالدى، لەۋلىرى قۇرىدى. ئىنىدىكىپ قىسقا - قىسقا نەپەس ئالاتتى.

ئانىكوشكا بىلەن پېترونىڭ چانىلىرى سارغايغان ئەمەن توقايزارلىغى يېنىدىن ئوتۇپ كوزدىن غايىپ بولدى. گىرىگورىي ئاكسىنىيىنىڭ كوزلىرىگە قاتتىق تىكىلدى، بۇ كوزلەر ئويناقلاپ تۇراتتى ۋە ئوتتەك چاقنايتتى.

— گىرىشا، نېمە قىلساڭ قىل، ئەمما مەن سەنسىز ياشىيالمايمەن، — دېدى ئۇ قەتئىي قىلىپ ۋە لەۋلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، جاۋاپ كۈتتى.

گىرىگورىي ئۈنچۈقمايتتى، ئورماننى جىمجىتلىق باسقان ئىدى. ئەينەكتەك كەڭ بوشلۇقنىڭ جىمجىتلىغى قۇلاقتا جىرىڭلايتتى. چانىنىڭ ئىزلىرى چۈشكەن سىلىق يول، ئاسماننى قاپلىغان سۇر بۇلۇت، سۈكۈتكە چومگەن ئورمان — ھەممە ياق ئولۇكتەك ئۇيقۇدا. چوڭقۇر خىيالغا پاتقان گىرىگورىينى يېقىن جايدا تۇيۇقسىز قاقىلدىغان بىر قاغىنىڭ ئاۋازى ئويغا كەلتۈردى. بېشىنى كوتىرىپ قارىدى: قارىيىپ كورۈنگەن قاغا ئاياقلىرىنى جۈپلىۋالغان بولۇپ، خوشلىشىۋاتقاندەك قاناتلىرىنى قېقىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. گىرىگورىي ئىختىيارسىز ئۆز - ئۆزىگە:

— كۈن ئىسسىدىغان ئوخشايدۇ. ئىسسىق تەرەپكە

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ... — دەپ قويدى، كېيىن بىر سەسكىنىپ، خىرىلداپ كۈلدى... — خوش.... — ئۇ بەقەمدەك قىزارغان كوزلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاكىسىنىيگە تىكتى - دە، ئۇنى شارتتىدە ئوزىگە تارتىپ باغرىغا باستى.

## 9

كەچقۇرۇنلىرى ئالغاي لۇكېشكىنىڭ ئويىدە ئىجارىگە ئولتۇرغان شتوكمانىنىڭ خانىسىغا ھەر خىل كىشىلەر توپلىناتتى: خىرىستونە پات - پات كېلەتتى، تۇگمەندىن مايلىشىپ كەتكەن تۇجۇركىسىنى يەلكىسىگە تاشلاپ ۋەلىت كېلەتتى؛ ئۇچ ئايدىن بۇيان ئىشسىز لاغايلاپ يۇرگەن داۋىدكا، ماشىنىست ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ كۇتلەرۇپ كېلىشەتتى؛ ئاندا - ساندا ياماقچى فىلكىمۇ كېلەتتى. تېخىچە ھەربى خىزمەت ئوتىمىگەن ياش كازاك مىشكا كوشۋوي ھەر كۇنى بۇ ئوينىڭ مېھمىنى ئىدى.

دەسلىۋىدە ئۇلار قارتىدا بەش كوتىرە ئويناشتى. كېيىنرەك بىر كۇنى شتوكمان شائىر نېكراسوپنىڭ كىچىكرەك بىر كىتاۋىنى سەزدۇرمەستىن چىقىرىپ قويدى. بىرسى ئۇنىنى چىقىرىپ ئوقۇشقا باشلىدى. كىتاپ ھەممىگە ياقتى. كېيىن شائىر نېكتىننىڭ كىتاۋىنى ئوقۇشقا ئوتۇشتى؛ روۋدېستوۋ بايرىمى يېقىنلاشقاندا شتوكمان مۇقاۋىسى يوق، تىتىلىپ كەتكەن بىر دەپتەرنى ئوقۇپ چىقىشنى تەكلىپ قىلدى. قاچاندۇر چېركاۋ مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن كوشۋوي مايلىشىپ

كەتكەن دەپتەرنى مەنسىتمىگەندەك قىلىپ:

— بۇنى كىيىپ ئۈگرە ئاش قىلسا بولىدىكەن، تازا ياغلىق ئىكەن، — دېدى.

خىرىستونە قاقاقلاپ كۈلدى، داۋىدكا ئاپپاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى، ئەمما شتوكمان كۈلكە توختىغىچە كۈتۈپ تۇردى-دە، ئاندىن دېدى:

— ئوقۇپ باققىنا، مىشا. بۇ — كازاكلار توغرىسىدا يېزىلغان قىزىق نەرسە.

كوشىۋوي ئالتۇندەك چاچلىرىنى شىرەگە ساڭگىلىتىپ، دانىمۇ-دانە قىلىپ ئوقۇدى:

— «دون كازاكلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» — ئۇ كوزىنى چىمىلدىتىپ، ھەممەيلەنگە قاراپ چىقتى.

— ئوقى، — دېدى ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ.

ئۈچ ئاخشام قاتتىق ئولتۇرۇپ ئوقۇشتى. پۇگاچېۋ① توغرىسىدا، ئەركىن ھايات توغرىسىدا، ستېپان رازىن② ھەم كوندراتىي بۇلاۋىن③ توغرىسىدا يېزىلغان ئىدى.

ئۇلار ئوقۇپ يېقىنقى دەۋرلەرگىچە يېتىشتى. نامەلۇم ئاپتور كازاكلارنىڭ مۇھتاجلىقتا ئۆتۈۋاتقان ھاياتىنى ساددا تىل ۋە ئۆتكۈر ھەجۋى بىلەن تەسۋىرلىگەن، تەرتىپ-تۈ-

---

① يېمېليان پۇگاچېۋ (1744 — 1775) — 18 ئەسىردىكى رۇس دېھقانلار ئىنقىلاۋىنىڭ باشچىسى.

② ستېپان رازىن (ئۆلگەن ۋاقتى 1671) — 17 - ئەسىردىكى رۇس دېھقانلار ئىنقىلاۋىنىڭ باشچىسى.

③ كوندراتىي بۇلاۋىن (1660—1708) — دون كازاكى بولۇپ، 1708-، 1707 - يىللىرى كازاك دېھقانلىرىنىڭ فېئوداللىزمغا قارشى قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى.

www.uyghurkitap.com

زۇم، ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى، پادىشانىڭ ھاكىمىيىتى ۋە ھا-
كىم مۇتلەق پادىشاغا پاسىۋان بولۇپ يالىنىپ ئىشلىگەن كا-
زاكلار ئۈستىدە قاتتىق كۈلگەن ئىدى. ھەممەيلەن
ھاياجانلاندى. مۇنازىرە قىلىشتى، خىرىستونە بېشىنى تورۇسنىڭ
لىم ياغىچىغا تىرەپ گۈدۈڭلايتتى. شتوكمان ئىشىكنىڭ ئالدى-
دا ئولتۇرۇپ، ھالقا بېكىتىلگەن ئۈستىخان مۇشتىكىدىن تۈ-
تۈن چىقىرىپ تاماكا چېكەتتى، پەقەت كوزلىرىلا كۈلەتتى.

— توغرا، ھەق گەپ! — دەپ ۋاقىرايتتى خىرىستونە.

— كازاكلارنى شۇ دەرىجىدىكى شەرمەندىلىككە سال-
غان، ئۇلار ھېچقانداق ئەيىپكار ئەمەس، — كوشىۋوي ھەي-
ران بولۇپ قوللىرىنى كېرىپ قوياتتى ۋە قاراكوز چىرايلىق
يۈزىنى پۈرۈشتۈرەتتى.

كوشىۋوي گەۋدىلىك، يەلكىلىرى كەڭ، سانلىرىمۇ يو-
غان بولۇپ، شۇنىڭغا يارىشا دوغىلاق كەلگەن بىر يىگىت ئى-
دى؛ قىپ-قىزىل يوغان بوينى چويۇندەك مۇستەھكەم يەل-
كىسىگە قۇيۇپ قويغاندەك ياراشقان ئىدى. ئەمما ئاشۇ بو-
يۇنغا كىچىككىنە بېشى، ئاياللارغا خاس پىچىمدىكى نۇرسىز
مەڭزىلىرى، ئويماقتەك ئاغزى، جىنگىلەك ئالتۇن چاچلىرى
ئاستىدىكى قارا كوزلىرى قانداق قىلىپ ياراشقانلىقى قى-
زىقلا تۇيۇلاتتى. ئۈستىخىنى قوپال، ئىگىز بويلۇق كازاك —
ماشىنىست ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ قاتتىق بەس-مۇنازىرە قى-
لىشتى. كازاك ئەنئەنىلىرى ئۇنىڭ سوڭەك-سوڭەكلىرىگى-
چە سىڭىپ كەتكەن. ئۇ يۇمۇلاق پال كوزلىرىنى پاقىرىتىپ
خىرىستونە بىلەن ئېلىشىپ كازاكلار تەرىپىنى ئالاتتى.

— سەن مۆزدىكقا ئايلىنىپ قاپسەن، خىرىستان، تالاشما. ئۆتۈپ چىقالمايسەن... سەندە كازاك قېنىدىن — بىر چېلەككە بىر تامچا قان يا تېپىلىدۇ، يا تېپىلمايدۇ. ئاناڭ سېپى ۋورونېژلىق تۇخۇم ساتقۇچىدىن تاپقان.

— سەن ئەخمەق! ... سەن قىپ-قىزىل ئەخمەقسەن، بۇرادەر، — دەيتتى خىرىستونە يوغان ئاۋاز بىلەن — مەن مەشەققەتنى ياقلايمەن.

— مەن ئاتامان پولكىدا خىزمەت قىلغىنىم يوق، — دەپ كىنايە قىلاتتى ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ. — ئەخمەقنىڭ كانى ئاشۇ پولك ئىكەن...

— ئارمىيىدىمۇ گاھى ئاشۇنداق تېتىقسىز ئادەملەر بولىدىكەن. كورسەڭ كوڭلۈڭ ئاينىيدۇ، — دىدى خىرىستونە.

— ئۇنىڭنى ئۇچەر مۆزدىك!

— ھە، مۆزدىك ئادەم ئەمەسمىكەن؟

— مۆزدىك دىگەن نىمە بولاتتى، قوۋزاقتىن ياسالغان، چىۋىق بىلەن توقۇلغان مەخلۇق-دە.

— مەن، بۇرادەر، پېتىربورگدا خىزمەت قىلغىنىمدا ھەرخىل كىشىلەرنى كورگەنمەن. بىر كۈنى شۇنداق بىر ۋەقە بولدى، — خىرىستونە سوزىنىڭ ئاخىرىدىكى ئۇرغۇنى «ئا»غا يوتكەپ سوزلەشكە باشلىدى، — بىز پادىشا سارىيىدا ساقچىلىق قىلىپ، ھەرەم ئويلەرنى سىرت تەرەپتىن قوغداۋاتاتتۇق. تاشقىرىدا سېپىلنىڭ ئۈستىدە ئىككى ئاتلىق ئۇياققا، ئىككى ئاتلىق بۇياققا قاراپ ماڭاتتى. ئارقىسىغا قايتىپ ئۇچراشقاندا بىر بىرلىرىدىن: «ھەممە ياق تېچمۇ؟ ھېچقانداق ئىسيان يوقمۇ؟» — دەپ سورىشاتتى. «ھېچ گەپ يوق» — دېيىشەتتى-دە، يەنە ئىككى ياققا كېتىشەتتى، توختاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى

گەپلىشىشكە يول قويۇلماس ئىدى. چىراي شەكلى ئوخشاش ئادەملەر تاللىنىۋېلىناتتى: ئىشىككە ئىككى قاراۋۇل قويۇلىدىغان بولسا، بىر ـ بىرىگە ئوخشاش ئىككى ئادەمنى ئىزلەشەتتى قارا بولسا ئىككىسى قارا — ئاق بولسا ئىككىسى ئاق بولۇشى شەرت ئىدى. يالغۇز چاچلىرىلا ئەمەس، ھەتتا ئەپت ـ بەشىرىسىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولسۇن دېيىشەتتى. مانا شۇ ئەخمەقچىلىق سەۋەبىدىن بىر كۈنى سەتراچ مېنىڭ ساقال ـ بۇرۇتۇمنى بويىغان ئىدى. تېپىكنىسكايا دىگەن يېزا بازىرىلىق نىكپور مېشچېرەكوپ دىگەن بىر كازاكقا جۈپ بولۇپ قاراۋۇللۇقتا تۇرغان ئىدىم. بۇ شەيتان قوڭغۇر چاچ ئىكەن. ئىككى چېكىسىنى خۇددى ئوت يالقۇنى يالاپ كەتكەنگە ئوخشايتتى. ئىزلەپتۇ، ئىزلەپتۇ، مۇنداق رەڭدىكى ئادەمنى پەقەت تېپىشالماپتۇ؛ نائىلاج، يۈز بېشى باركىن ماڭا: «سەتراچقا بار، دەرھال ساقال ـ بۇرۇتىڭنى چىرايلىق بوياپ قويسۇن» — دىدى. سەتراچقا باردىم، بوياپمۇ قويدى... ئەمما شۇنداق ئەينەككە قارىسام — يۈرىكىم يېرىلىپ كەتكەندەك بولدى: كويۇۋاتىمەن! راسا كويۇۋاتىمەن! ساقىلىمنى تۇتالمىسام — ئالقىنىم ئۆتتەك بولۇپ كەتتى. راست گەپ!...

— ھارۋىنى قۇرۇق ئېلىپ قېچىۋاتىسەن جۇمۇ، يېمىلەن! گەپنى نىمىدىن باشلىۋىدىڭ؟ — ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى.

— خەلق توغرىسىدا سۆز ئاچقان ئىدىم.

— ھە، شۇ توغرىلىق سۆزلىمەمسەن. باياتىن بېرى ساقلىغىنىلا سۆزلىدىڭ، ساقىلىڭ كىمگە لازىم بولۇپ قېلىپتۇ؟

— مەنمۇ شۇنى دىمەكچى ئىدىم: بىر قېتىم ئاتلىق

قاراۋۇللۇق قىلىش نۆۋىتى كەلدى. بىر شىرىگىم بىلەن ئاتـ
قا مىنىپ يـۈرۈپ كەتتۇق، بـۇرجـەك تـەرەپتىن ستۇدېنتلار
قايتىپ چىقىپ قـالدى، سـان سانا قسىز ئىدى! بىزنى كورۇ-
شى بىلەنلا: «ها - ها - ھ - ا!» يـەنە «ها - ها - ھ - ا!»
دەپ ئـۈستى ئـۈستىگە ۋاقـىراشقا بـاشلىدى. نىمە ئىش ئىـ
كەنلىكىنى ئـاڭقىرىپ بولغىچە، بىزنى قورشىۋالدى. «سىلەر،
كـازاكلار نىمىگە ئايـلىنىپ يۈرۈسىلەر؟» — دىيىشتى. مەن:
«قاراۋۇللۇق قىلىۋاتىمىز، ئـاتنىڭ تىزگىنىنى قويىۋەت، تۇتـ
ما!» — دەپ قىلىچىمنىڭ سىپىنى تۇتتۇم. ئۇ بولسا: «ھـەي
يۇرتداش، مەندىن گۇمانلانما، مەن ئۆزەم كامىنىسكا يا بازىرىـ
دا تۇغۇلغانمەن، مەن بۇيەردە نىۋىرسى...نىۋورستوت① دىگەن
بىرنىمىدە ئوقۇۋاتىمەن» دەيدۇ. بىز ئۆز يولىمىزغا كىتىۋەر-
دۇق، بۇرنى يوغـان بىرسى پـورتمىنىدىن ئون سوم ـلۇق بىر
قەغەزنى چىقىرىپ: «بۇ پۇلنى ئىلىپ، كازاك بۇرادەرلەر، دا-
دام رەھمەتلىكنىڭ سالامەتلىكى ئۇچـۇن ئىچىڭلار» — دەيدۇ.
پۇلنى بىزگە بىرىپ، سومكىسىدىن بىر سۈرەتنى ئالدى - دە:
«مانا بۇ دادامنىڭ سۈرىتى، ئەستىلىك ئۇچۇن ئىلىۋىلىڭلار»
دەپ بىزگە ئـۇزاتتى. ئۇنىمۇ ئالدۇق، ئالمىساق ئۇيات بولـ
دۇ. ستۇدېنتلار نېرىراق بىرىپ يەنە: «ها - ها - ها!» دەپ
ۋاقىراشتى ۋە شۇ پېتى نېۋا كوچىسىغا قاراپ كېتىشتى، سارايـ
نىڭ ئارقادەرۋازىسىدىن يۈز بېشى بىر ۋىزۋوت ئادەم بىلەن
ئات چاپتۇرۇپ چىقتى - دە، توپ - تـوغرا بىزنىڭ ئالدىمىز-
غا كەلدى ۋە: «نىمەئىش؟» — دەپ سوردى. مەن: «ستۇدېنتلار
بىزنى ئورىۋىلىپ، گـەپكە سالغان ئىدى، بىز ھەربى تۈزۈمگە
بىنائەن، ئۇلارنى قىلىچ بىلەن سالايلۇق دىگەندە، ئۇلار بىز-

① نىۋورستوت — ئونىۋېرستىت دىمەكچى — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نى قويۇۋېتىشتى، بىز مۇنۇ يولىمىزغا كەتتۇق»— دېدىم. نوۋەتچىلىكنى ئالماشتۇردۇق؛ شۇ چاغدا بىز ۋاخمىستىرگە: «مانا، لۇكىچ، بىز ئۇن سولكىۋاي پۇل تاپتۇق، بۇ پۇلنى ماۋۇ بوۋىمىزنىڭ ئەرۋاھىنى شاتلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىچىشىمىز كېرەك»— دېدۇق ۋە سۈرەتنى ئۇنىڭغا كورسەتتۇق. كەچقۇرۇن ۋاخمىستىر ھاراق ئېلىپ كەلدى، ئىككى سوتكىغىچە راسا ئىچىپ ئويۇن - تاماشا قىلدۇق، لېكىن ئاخىرىدا ھېلە - مىكىرگە ئۈچرىغانلىقىمىز مەلۇم بولدى: ھېلىقى ستودېنت، دادامنىڭ سۈرىتى دەپ، نېمىسلارنىڭ قوزغىلاڭچىلار باشلىقىنىڭ سۈرىتىنى بىزگە بېرىپ كەتكەن ئىكەن. مەن ۋەدەمگە بىنائەن بۇ سۈرەتنى خاتىرە ئۈچۈن كارۋىتىمنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويغان ئىدىم، قارىسام — ساقىلى ئاپپاق، سودىگەرلەرگە ئوخشاش سالاپەتلىك بىر ئادەم، لېكىن يۈز بېشى تونۇپ قېلىپ: «بۇ سۈرەتنى نەدىن ئالدىڭ، ئاقچى - كوكچى؟»— دەپ سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى. — «ئىش مۇنداق، ئۇنداق»— دېدىم. ئۇ تىللاپ، يۈزۈمگە بىر شاپىلاق سالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىرنى سالدى... «بىلەمسەن، — دەپ ۋاقىرىدى ئۇ، — بۇ ئاۋۇلارنىڭ ئاتامانى كارلا...» — ھەي، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قېلىپتىمەن،... ھېلىقى...نېمىتى... خۇدا يىمەي، ئەقلىم نەگە كەتتى...

— كارل ماركسمۇ؟ — دەپ لوقما سالدى كۈلكىسىنى باسالماي شتوكمان.

ھە - ھە!... خۇددى شۇنداق، كارل ماركس، — دەپ سۆيۈنۈپ كەتتى خىرىستونە. — تاس قالدىم ساراڭ بولۇپ چىقىپ كەتكىلى... بەزى چاغدا بىزنىڭ قاراۋۇلخانىمىزغا شاھ-

زادە ئالېكسەي ئۆز تەربىيىچىلىرى بىلەن كىرىپ تۇراتتى.
كورۇپ قالسا، قانداق قىلاتتۇق ـ هە؟
ــ سەن يەنىلا مۇژىكلارنى ماختىغىنىڭ ماختىغان.هەي،
سېنى باپلاپ كېتىشىپتىغۇ، ــ دەپ كۇلەتتى ئىۋان
ئالېكسىيېۋىچ.
ــ لېكىن 10 سومغا هاراق ئىچكىنىمىز پايدا، ساقال-
لىق كارلىنىڭ ساقلىغى ئۇچۇن ئىچتۇقمۇ، شۇنىسى پايدا.
ــ كارل ماركس ئۇچۇن ئىچىش كېرەك، ــ دەپ كۇل-
دى شتوكمان ئۇستىخان مۇشتىگىنىڭ هالقىسىنى ئويناپ.
ــ ئۇ قانداق ياخشى ئىشلارنى قىلغان؟ ــ دەپ سو-
رىدى كوشىۋوي.
ــ بۇنى كېيىنكى قېتىمدا سوزلەپ بېرىمەن، بۇگۇن
كەچ بولۇپ كەتتى، ــ شتوكمان ئالقىنى بىلەن مۇشتىگىنى
قېقىپ، ئوچۇپ قالغان تاماكا قالدۇغىنى چىقىرىشقا
باشلىدى.
لۇكېشكا ئالغاينىڭ ئويىگە توپلىنىدىغان كازاكلاردىن
ئوزاق ۋاقىت تاللىنىپ، خىللىنىپ، 10 ئادەم بىر يادرو
بولۇپ تەشكىللەندى؛ بۇلارغا باش بولغان شتوكمان، ئۇلار-
نى پەقەت ئوزىگىلا ئايان بولغان بىر مەقسەتىسىرى ئېغىش-
ماستىن يېتەكلەيتتى، دەرەخنى قۇرۇت يىگەندەك، ئۇمۇ سا-
دا چۇشەنچە ۋە ئادەتلەر بىلەن ئۇلارغا تەسىر كورستىپ،
ئۇلاردا مەۋجۇت تۇزۇمگە قارشى نەپرەت ئويغىتاتتى. دەس-
لەپتە قاتتىق ئىشەنچسىزلىككە دۇچكەلسىمۇ، ئۇ پەقەت
چېكىنمەي، دادىللىق بىلەن ئىشغا كىرىشىۋەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 10

ۋېشېنسكايا يېزا بازىرى دوننىڭ توپىسىگە، سول قىرغاقنىڭ يانباغرىدىكى قۇملۇق جايغا جايلاشقان ئىدى. ئۇ يۇقۇرقى دون يېزا بازارلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەدىمقىسى بولۇپ. پېتىر 1 زامانىسىدا ۋەيران قىلىنغان چىگوناكى يېزا بازىرىنىڭ ئاھالىسى شۇ يەرگە كوچۇرۇلۇپ كېلىنگەن ۋە ئۇنىڭغا ۋېشېنسكايا دەپ نام بېرىلگەن ئىدى. بۇ يەر — بىر زامانلاردا ۋورونېژ بىلەن ئازوپ ئوتتۇرىسىدا سۇ يولى ئۈستىدىكى بېكەت بولغان.

دون دەرياسى شۇ يېزا ئالدىدىن كامان شەكلىدە ئەگىپ ئوتىدۇ ۋە ئۇڭ تەرەپكە بۇرۇلۇۋاتقاندەك بولۇپ كورۇنىدۇ، لېكىن بازكى يېزىسى يېنىدا بۇ ئەزىم دەريا يەنە بېلىنى رۇسلىۋالىدۇ - دە، ئۇڭ قىرغاقتىكى گەج باغلارنىڭ ئىتىگىدىن، ئۇڭ تەرەپتىكى تۇتاش كەتكەن يېزىلارنىڭ يېنىدىن، سول تەرەپتە ئاندا - ساندا ئۇچرايدىغان يېزا بازارلىرى يېنىدىن ئوتۇپ، سۈپ - سۈزۈك زەڭگەر سۇلىرىنى كوپ - كوك ئازوپ دېڭىزىغا ئاپىرىپ قۇيىدۇ.

ئۈست - خوپېرسكايا يېزا بازىرىنىڭ ئۇدۇلىغا بارغاندا، دون سۇيى خوپېر ئىرماغى بىلەن قوشۇلىدۇ، ئۈست - مېدۋېدىتسكايادا — مېدۋېدىتسا جىلغىسىنى باغرىغا ئالىدۇ - دە، تۆۋەنرەكتە تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، گۇللەپ ياشنىغان قاتار - قاتار يېزىلار، يېزا بازارلىرى يېنىدىن تاشقىن بولۇپ ئېقىپ ئوتىدۇ.

ۋېشېنىسكايا — تامامەن سېرىدىق قۇملۇق ئۇستىگە جايلاشقان،ھېچقانداق باغۇ - بوستانلىق يوق، تاقىر بىر يېزا، مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا — زامانلارنىڭ ئوتتۇشى بىلەن رەڭگى ئوڭۇپ كەتكەن كونا بىر چېركاۋ چوقچىيىپ تۇرىدۇ. بۇ يېزا بازىرىنىڭ دون دەرياسىنى بويلاپ ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان 6 كوچىسى بار. دون دەرياسى بۇ يەردە يېزا بازىرىنى ئايلىنىپ ئوتۇپ، بازكى تەرەپكە بۇرۇلغاندا، تېرەكلىك ئىچىگە كىرىپ كەتكەن قولتۇق شەكلىدە بىر كول بار، ئۇنىڭ كەڭلىگى دوننىڭ سۇيى سېلىككەن چاغدىكى كەڭلىگىگە تەڭ كېلىدۇ. كولنىڭ ئايىغىغا يەتمەستىنلا بۇ يېزا بازىرى تۈگەيدۇ. سېرىق تىكەن باسقان كىچىك مەيداندا يەنە بىر چېركاۋ بار، ئۇنىڭ يېشىل گۇمبىزى، ياپ - يېشىل ئوگزىسى كولنىڭ نېرىقى قىرغىقىدىكى كوك تېرەكلەرنىڭ رەڭگىگە تولىمۇ ماس چۈشكەن.

يېزا بازىرىنىڭ شىمال تەرىپىنى زەپەردەك ساپ - سېرىق قۇمدوۋىلىرى بېسىپ كەتكەن.سۇلغان قارىغايلارنى،توقايلىقنى قىزىل تۇپراقتىن چىققان قىزغۇچ رەڭدىكىسۇ بېسىپ كەتكەن. يىراق - يىراقلارغا سوزۇلغان قۇم دوۋىلىرى ئارىسىدا ئانا - ساندا يېزىلار، بوستانلار، سارغىيىپ كەتكەن تاللىزارلار ئۇچرايدۇ.

دېككابىر ئېيىنىڭ بىر يەكشەنبە كۇنى كونا چېركاۋ ئۇدۇلىدىكى مەيدانغا بازارنىڭ ھەممە يېزىلىرىدىن كەلگەن ياش كازاكلاردىن 5 يۇزچىسى توپلانغان ئىدى. چېركاۋدا چۇشلۇك ئىبادەت تۈگىگەن چاغدا قوڭغۇراق چېلىندى. سولەتلىك بىر پىشقەدەم ئوفىتسېر: «سەپكە تىزىل!» دەپ كاماندا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەردى، ئۇنىڭ يېڭىگە مۇددەتتىن تاشقىرى ھەربى خىزمەت ئۆتىگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بەلگىلەر كەشتىلەنگەن ئىدى. چېچىلىپ تۇرغان ئادەم توپلىرى يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، ئەگرى-بۈگرى ئۇزۇن ئىككى قاتار بولۇپ، سەپكە تىزىلدى، ئۇرادنىكلەر① سەپ ئارىلىرىدا يۈگۈرۈشۈپ، يىلان باغرىدەك مايماق كەتكەن سەپلەرنى تۈزەشكە باشلىدى.

— سەپ راس! — دەپ ۋاقىرىدى ئۇرادنىك قولى بىلەن نائېنىق بىر ئىشارىنى بىلدۈرۈپ، — ئىككى سەپ بولۇڭلار! ...

ھەربىچە كىيىنگەن، يېپ-يېڭى ئوفىتسېرچە شىنېل كىيگەن ئاتامان شىپورلىرىنى جىرىڭشىتىپ، پەنجىرىلىك قورانىڭ ئىچىگە كىردى؛ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر ھەربى ۋەكىل ئەگىشىپ ماڭدى.

گىرىگورىي مېلېخوپ بىلەن مىتكا كۆرۈشۈپ سەپتە يانمۇ-يان تۇرغان بولۇپ، ئاستا پىچىرلىشىپ سۆزلىشەتتى.

— ئايىغىمنى ئۆتۈك قىستاۋاتىدۇ، چىدىيالماي كېتىۋاتىمەن، — دەپ زارلىناتتى مىتكا.

— چىدا، ئاتامان بولىسەن.

— ھازىرلا ئېلىپ ماڭىدىغان ئوخشايدۇ.

باش ئۇرادنىك، خۇددى مىتكىنىڭ گېپىنى ئىسپاتلىغاندەك، پاشنىسىنى راۋرۇس قىلىپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى.

— ئوڭغا!

5 يۈز جۈپ ئۆتۈك باپ-باراۋەر «گۈپ-گۈپ» قىلىپ ئوڭغا بۇرۇلدى.

---

① ئۇرادنىك — چار پادىشاسى دەۋرىدە كازاك ئەسكەرلىرىدە تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېر. بەنجاڭغا توغرا كېلىدۇ.

— سول يەلكە ئالغا قاراپ، قەدەملەپ مارش!

ئەسكەرلەر سېپى چېركاۋنىڭ پەنجىرىلىك قوراسىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىشكە باشلىدى، باشتىن ئېلىنغان تېرە پاپاخلار مىلتىلداپ كۆزگە كۆرۈنەتتى، دۈپۈرلىگەن ئاياق تاۋۇشلىرى چېركاۋنىڭ گۈمبىزىگىچە كۆتىرىلەتتى. گىرىگورىي پوپ ئوقۇپ ئاڭلىتىۋاتقان قەسەميات سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي، پەرۋاسىزلىق بىلەن تۇراتتى، مىتكىنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قارايتتى؛ مىتكا بولسا ئايىغىنىڭ ئاغرىغىغا چىدىماي تىت - تىت بولۇپ تىپىرچىلايتتى. گىرىگورىينىڭ قەسەم ئۈچۈن كۆتىرىلگەن قولى تالغان، مېڭىسى پەرىشان خىياللار بىلەن تولغان ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئاغزى تېگىپ، شولىگەي بېسىپ كەتكەن كۈمۈش بۈتنىڭ ئاستىغا كېلىپ، ئۇنى سۆيۈۋاتقان چاغدا، ئاكسىنىيىنى ۋە خوتۇنىنى ئويلاپ كەتتى. قىسقا خاتىرىلەر چاقماقتەك يالت - يۇلت قىلىپ مېڭىسىدىن ئۆتەتتى: ئورمانلار، ئاپپاق لىباس كىيگەن سۈررەك دەرەخ غوللىرى خىيالىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتەتتى؛ تىۋىت رومال ئورىغان ئاكسىنىيىنىڭ چاقناپ تۇرغان ياش يۇقى قارا كۆزلىرى گىرىگورىينىڭ كۆز ئالدىغا كېلەتتى.

يەنە مەيدانغا چىقىشتى، يېڭىۋاشتىن سەپكە تىزىلىشتى. ئورادنىك بۇرنىنى قېقىپ، تۈيغۇزماستىن قولىنى مۇندىرىنىڭ ئەستىرىگە سۈرتتى - دە، نۇتۇق سۆزلىدى:

— ھازىر سىزلەر بالا ئەمەس، كازاك بولۇپ قالدىڭىزلەر. قەسەم ئىچكەندىن كېيىن قەدىمىڭىزلەرنى بىلىپ بېسىشىڭىزلەر كېرەك. ئەمدى سىزلەر كازاك دېگەن نامغا مۇيەسسەر بولدۇڭلار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزەڭلارنىڭ ئار - نومۇسىڭلارنى ساقلىشىڭلار كېرەك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاتا - ئانىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشلار ۋە شۇنىڭغا ئوخ-
شاش ئىشلار. شۇ ۋاقىتقىچە بالا ئىدىڭلار، ئەخمەقانە ئىشلار
بىلەن شۇغۇللىنىپ تىتتىڭلار، كوچىنى بېشىڭلارغا كىيىپ، تاياق
ئويناپ يۈرەتتىڭلار، مۇندىن كېيىن كەلگۈسى خىزمەتلەرنى
ئويلاپ قويۇشۇڭلار لازىم. مانا بىر يىلدىن كېيىن ھەممىڭلار
ئەسكەرلىككە چىقىسىلەر، — گەپ شۇيەرگە كەلگەندە، ئورا-
نىڭ يەنە بىر قېتىم بۇرنىنى قاقتى - دە، قولىدىكى نەرسىنى
يەرگە سىلكىدى ۋە توشقان تېرىسىدىن توقۇلغان يۇمشاق پە-
لىيىنى قولىغا كىيىپ، سۆزىنى تاماملاشقا باشلىدى: — ئەم-
دى ئاتا - ئانىلار سىزلەرگە لازىملىق نەرسىلەرنى تەييار-
لاشقا كىرىشسۇن. ئات ۋە باشقا نەرسە - كېرەكلەرنى سېتىۋ-
ېلىپ بەرسۇن، قىسقىسى... ئەمدىلىكتە سىزلەرنى خۇداغا تاپ-
شۇردۇم، يىگىتلەر ئۆي - ئۆيىڭلەرگە تارقىلىڭلار!

گىرىگورىي بىلەن مىتكا كوۋرۇكنىڭ ئالدىدا بىر يېزى-
لىق يىگىتلەرنى كۈتۈپ تۇرۇشتى، ئۇلار يىغىلغاندىن كېيىن
بىرلىكتە يولغا چىقتى،دەريا قىرغىقى بويلاپ مېڭىشتى. بازكى
يېزىسى ئۈستىدە موربىلاردىن چىققان تۈتۈن ئۆزۈپ يۈرەتتى،
چېركاۋ قوڭغۇراقلىرىنىڭ جاراڭلىغان سادا سى ئاڭلىنىپ تتى،
مىتكا يولدا دەرەختىن سۇندۇرۇۋالغان تاياققا تايىنىپ،ھەم-
مىنىڭ ئارقىسىدا، ئاقساقلاپ كېلەتتى.

— ئوتتۇكنى سېلىۋەت، — دەپ مەسلىھەت بەردى با-
لىلاردىن بىرسى.

— پۇتۇمغا سوغاق ئۆتۈپ قالىدۇ، — دىدى مىتكا بىر-
دەم توختاپ. ئۇ ئىككىلىنىپ قالغان ئىدى.

— پايپىغىڭ بىلەن مېڭىۋەرمەمسەن.

مىتكا قارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، مىلىك تەسلىكتە ئو-

تىگىنى سالـدى ـ دە، ئـوتتۇك قىستىغان ئايىغىنى ئاۋايـلاپ بېسىپ مېڭىپ كەتـتى. قېلىن توقۇلغان يۇڭ پايپاقنىڭ ئىز- لىرى قار ئۈستىگە چۈشۈپ قالاتتى.

— قايسى يول بىلەن ماڭىمىز؟ — دەپ سەرەدى پاكار بويلۇق، دوغلاق ئالېكسەيي بېشىنەك.

— دون يا'قىلاپ، — دەـدى گىرىگورىي ھەممـە ئۈچۈن جاۋاپ بېرىپ.

ئـۇلار گورۇڭـلىشـىپ، بىر ـ بىرسىـنى ئىتـتىرىـشىپ ماڭاتتى.

ئۇزئارا كېلىشكەن بويىچە، بىر ـ بىرىنى قارغابېسىپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە تـەڭلە ـ قازان قىلىپ ئوينىشاتـتى. بازكى بىلەن گرومكوۋىسكى يـېزىلىرى ئارىسىدا مىتـكا دون دەرياسىنى كـېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتـقان بىر بورىنى كـورۇپ قالدى.

— باللار،قاشقىر، ئەنە ئۇ! ھاي ـ ھاي!...

— ھاي، ليۇ ـ ليۇ ـ ليۇ ـ ليۇ!

— ئوھ ـ ھوي!...

بورە خوشياقمىغاندەك بىر نەچچە ساژىن يەرگىچەچاپـ تى ـ دە، نېرىقى قىرغاققا يېقىىلاشقاندا يېنىچە توختىدى.

— تۇت ئۇنى!...

— ھا !...

— ۋاي لەنىتى!...

— مىترى،پايپاق بىلەن كېلىۋاتقىنىڭغا ھەيرانبولۇپ، ساڭا قاراۋاتىدۇ.

— قـاراڭلار، ئـۇ يـانـپاشـلاپ تـۇرۇۋېتۇ، سـىرتـماق سالدۇرارمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئۇ تۇتۇق بەرمەيدۇ.

— قارا، قارا، ئۇ كېتىپ قالدى!...

مەرمەر تاشتىن يونۇپ ياسالغاندەك بوزقاشقىر قۇيرۇغىنى خادا قىلىپ تۇراتتى. كېيىن بىرسەكرەپ چەتكە چىقتى ـ دە، دەريا بويىدىكى تال ـ سوگەتلەر ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

يىگىتلەر يېزىغا يېتىپ بارغاندا قاش قارايغان ئىدى. گىرىگورىي مۇز ئۈستى بىلەن مېڭىپ ئۆز كوچىسىغا كىردى ۋە قىيالىقتىن يۇقىرىغا چىقىپ، ئۆز دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. هويلىدا تاشلاندۇق چانا تۇراتتى. قاشا ئالدىغا دۆۋىلەپ قويۇلغان شاخ ئوتۇنلار ئارىسىدا قۇچقاچلار چۇرۇقلىشاتتى. ئويدىكى ئوچاقتىن چىققان قارا كۈيە ئارىلاش ئاچچىق دۇت ۋە ئېغىلنىڭ هور پۇرىغى دىماققا ئۇرۇلاتتى.

گىرىگورىي پەلەمپەي بىلەن ئۈستىگە چىقىپ، دەرىزىدىن ئۆينىڭ ئىچىگە قارىدى. ئاسما چىراق ساغۇچ نۇر بىلەن ئاشخانىنى خىرە يورۇتاتتى. پېترو دەرىزىگە ئارقىسىنى قىلىپ ئۆرە تۇراتتى. گىرىگورىي ئوتۇكىنى سۇپۇرگە بىلەن تازىلاپ، هور قاپلىغان ئاشخانىغا كىردى.

— مانا مەنمۇ قايتىپ كەلدىم. قانداق، تېچ ـ ئامان تۇردۇڭلارمۇ؟

— تېزلا قايتىپ كېلىپسەنغۇ، توگۇپ كەتكەنسەن؟ ـ دەپ سورىدى پېترو ئالدىراشلىق بىلەن.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئىككى جەينىكىنى تىزىغا قويۇپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى، دارىيە پۈتى بىلەن غىژىلدىتىپ يىپ ئىگىرىدىغان چاقنى ئايلاندۇرۇۋاتاتتى. شىرەنىڭ يېنىدا گىرىگورىيغا ئارقىسىنى قىلىپ ئۆرە تۇرغان ناتالىيە قايرىلىپ قاراپمۇ قويمىدى. گىرىگورىي ئاشخانىغا سىرقۇر

كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى - دە، پېتروغا تىكىلىپ قالدى. ئاكىسىنىڭ چىرايىدىن بىسەرەمجانلىقنى كۆرۈپ، ئۆيدە بىرەر ئىش بولغانلىقىنى بىلدى.

— قەسەم بەردىڭمۇ؟

— ھە.

گىرىگورىي كىيىم - كېچەكلىرىنى ئالدىرىماي سېلىۋېتىپ، بۇلارماغا تۈزۈك ئوچۇق چىراي ئاچماي، نىمىشقا سوغاقلا قارشى ئېلىشتى، دىگەن پىكىرنى دەرھال كاللىسىدىن ئۆتكۈزدى.

نېرىقى ئۆيدىن ئىلىنىچنا چىقتى، ئۇنىڭ يۈزىدىمۇ خاتىرجەمسىزلىك ئالامىتى بار ئىدى.

گىرىگورىي دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېتىپ، «ناتالىيىنىڭ سەۋىۋى بىلەن بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى.

— ئۇنىڭغا كەچلىكتاماق بەر، — دىدى ئىلىنىچنا دارىيىگە كۆزى بىلەن گىرىگورىينى كۆرسىتىپ.

دارىيە چاقنى توختاتتى - دە، يەلكىسىنى ئۇچۇرۇپ، قىزلارنىڭكىدەك نازۇك بېلىنى پىلتا قىلىتىپ، مەش ئوچاقنىڭ ئالدىغا باردى. ئاشخانىنىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى، مەشنىڭ يېنىدا يېقىندا تۇغقان ئۆچكە ئوغلىقى بىلەن بىللە ئىسسىنىپ، پىشىلداپ ياتاتتى.

گىرىگورىي كاپۇستا شورپىسىنى ئىچىۋېتىپ، ئاندا - ساندا ناتالىيىگە قاراپ قوياتتى، ئەمما ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەيتتى: ئايالى ئۇنىڭغا يېنىچە ئولتۇرۇپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ياپياق توقۇۋاتاتتى. بۇ ئومۇمى ئۇنچىقماسلىقتىن زېرىككەن پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بىرىنچى بولۇپ جىمجىتلىقنى بۇزدى: خىرىلداپ بىر يوتەلدى، ئاندىن ياسىما ئاۋاز بىلەن:

— ناتالىيە كېتىشكە تەييارلىنىۋاتىدۇ، — دېدى.

گىرىگورىي نان ئۇۋاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۇنچىقمىدى.

— بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىدى داددىسى، ئۇنىڭ تۆۋەنكى لېۋى تىترەشكە باشلىدى (بۇ — غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى).

— نېمە سەۋەپ ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، — گىرىگورىي كۆزلىرىنى سەل يۇمدى، ئاندىن قاچىنى نېرىراق سۈرۈپ قويدى-دە، چوقۇنۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— سەۋەبىنى مەن بىلىمەن!...— دېدى داددىسى چالۋاقاپ.

— چۇقان كۆتەرمىسەڭچۇ، ئاستىراق، — دېدى ئىلىنىچنا سۆزگە ئارىلىشىپ.

— نېمە سەۋەپتىن ئىكەنلىكىنى مەن بىلىمەن!...

— ئاستىراق، چۇقان كۆتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى پېترو دەرىزىنىڭ قېشىدىن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، — ئىختىيار ئۆزىدە! خالىسا تۇرسۇن، خالىمىسا يولى بولسۇن.

— مەن ناتالىيىگە ئەيىپ قويالمايمەن، خۇدادىن قورقۇش، بەندىدىن ئۇيات قىلىش كېرەك. ناتالىيىدە گۇنا يوق، مەن ئۇنىڭغا ھەرگىز ئەيىپ قويالمايمەن، ھەممە گۇنا ماۋۇ ئىتنىڭ بالىسىدا!... — پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ مەشكە يۆلىنىپ تۇرغان گىرىگورىينى نوقۇپ كۆرسەتتى.

— مېنىڭ نېمە گۇنايىم بار ئىكەن؟

— سەن قىلغۇلۇقنى قىلىپ قويۇپ، ئەمدى بىلمەمسەن؟... سەن تېخى بىلمەيسەن، ئەبلەخ؟...

— بىلمەيمەن!

پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، ئورۇندۇقنى ئۆرۈۋەتتى ۋە گىرىگورىينىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ

كەلدى، ناتالىيە توقۇۋاتقان پايپىغىنى قولىدىن چۈشۈرۈۋەتتى، تومۇر بىگىز يەرگە چۈشۈپ جىرىڭلاپ كەتتى: بۇ ئاۋازدىن مەشىنىڭ ئۈستىدە ياتقان ئاسلان پەسكە سەكرىدى ـ دە، بېشىنى قايرىپ، پۈتى بىلەن كالۋايىپىنى تۇرتۇپ ساندۇق تەرەپكە دومىلىتىپ ئېلىپ كەتتى.

ـــ مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، ـــ چال ئېغىر بېسىقلىق بىلەن سوزىنى دانىمۇ ـ دان قىلىپ سوزلەشكە باشلىدى، ـــ ناتالىيە بىلەن بىللە تۇرۇشنى خالىمىساڭ، ئويدىن چىق، بېشىڭ قايغان تەرەپكە كېتىۋەر! گەپ شۇ! نەگە بارساڭ ـــ بار! گەپ شۇ! ـــ دەپ تەكرارلىدى ئۇ ئادەتتىكىچە سالماق ئاۋاز بىلەن ۋە ئورۇندۇقنى تۇرغۇزۇپ قويدى.

دۇنياشكا چوچۇگەن كوزلىرىنى پىقىرىتىپ كارۋاتتا ئولتۇراتتى.

ـــ مەنمۇ سوزلەپ باقاي، دادا، ئاچچىغىڭىز كەلمىسۇن، ـــ گىرىگورىينىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى، ـــ ئوزەم ئويلەنگىنىم يوق، مېنى سىز ئويلەپ قويدىڭىز. ناتالىيىگە تارتىشىپ تۇرمايمەن، خالىمىسا ـــ مەيلى، دادىسىنىڭكىگە كەتسۇن.

ـــ سەنمۇ بۇ يەردىن كەت!

ـــ مەنمۇ كېتەي!

ـــ سەنمۇ كەت، قاراڭنى يوقات!...

ـــ كېتىمەن، ئالدىرىماي تۇر، كېتىمەن! ـــ گىرىگورىي كارۋاتنىڭ ئۈستىگە سېلىپ قويغان كالىتا جۇۋىسىنىڭ يېڭىدىن تارتتى، بۇرۇن توشۇكلىرىنى كېرىپ، خۇددى دادىسىغا ئوخشاش، غەزىۋى ئورلەپ تىترەپ تۇراتتى.

ھەر ئىككىسىنىڭ تومۇرىدىكى تۇرك قېنى جوش ئۇرۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىككىلىسى شۇ تاپتا بىر بىرىگە ناھايىتى ئوخشايتتى.

— نەگە بارماقچىسەن؟ — دەپ نالە قىلدى ئىلئىنىچنا گىرىگورىينىڭ قولىغا ئېسىلىپ، ئەمما گىرىگورىي ئانىسىنى ئىتتىرىۋېتىپ، كارۋاتتىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەن پاپىخىنى تېز قولىغا ئالدى.

— قويۇۋەت، كەتسۇن، غالجىر ئىت! كەتسۇن لەنىتى! كەت، يوقال كوزۇمدىن!... — چال ۋاقىرىغان پېتى ئىشىكنى چوڭ ئېچىپ قويدى.

گىرىگورىي چاچراپ دەھلىزگە چىقتى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ناتالىيىنىڭ چىقىراپ يىغلىغىنىنى ئاڭلىدى.

قەھرىتان قىش كېچىسى يېزىنى ئوز قانىتىغا ئالغان ئىدى. قاپ - قاراڭغۇ ئاسماندىن يېغىنىسمان قىرو ياغاتتى، دونىنىڭ ئۈستىدە زەمبىرەكتەك گۈمبۈرلەپ مۇز يېرىلاتتى.

گىرىگورىي ھاسىرىغان پېتى دەرۋازىدىن چىقتى، يېزىنىڭ نېرىقى چېتىدە ئىتلارنىڭ ھەرخىل قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن چىراقنىڭ ساغۇچ مىلتىلدىغان ئۇچقۇنلىرى كورۇنەتتى.

گىرىگورىي نەگە بېرىشىنى ئويلىماستىن، كوچا بويلاپ كېتىۋەردى، ستېپاننىڭ دېرىزە ئەينەكلىرى قاراڭغۇلۇقتا ئالماستەك پاقىرايتتى.

— گىرىشا! — دەپ ۋاقىرىغان ھەسرەتلىك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى دەرۋازا تەرەپتىن، بۇ — ناتالىيە ئىدى.

«ئۇنىڭ ئوچسۇن، يەر يۇتقۇر!» — گىرىگورىي چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ قەدىمىنى تېزلەتتى.

— گىرىشا، قايتىپ كەل!

گىرىگورىي دەلدەڭشىپ دۇچ كەلگەن بىرىنچى كوچىغا

قايرىلدى. ناتالىيىنىڭ ئەلەملىك ئاۋازى يىراقتىن ئاخىرقى قېتىم قۇلىقىغا كىردى:

— جېنىم گىرىشا، جىگەر پارەم!...

گىرىگورىي مەيداننى تېز كېسىپ ئۆتۈپ، ئاچا يولدا توختىدى ۋە كېچىسى قەيەردە قونسام بولار، دەپ ئويلاپ، تونۇش بالىلارنىڭ نامىنى بىر - بىرلەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

ئاخىرىدا، مىخائىل كوشىۋوينىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولدى. ئۇ ئەڭ چەتتە، تاغنىڭ ئېتىكىدە تۇراتتى؛ ئۇنىڭ ئائىلىسىدە 4 جان بار ئىدى؛ ئانىسى، مىخائىل ئۆزى، بويىغا يەتكەن بىر سىڭلىسى ۋە ئىككى ئىنىسى. مىخائىلنىڭ هويلىسىغا كىرىپ، لاي سۇۋاق ئۆينىڭ كىچىك دەرىزىسىنى چەكتى.

— كىم بۇ؟

— مىخائىل ئۆيدىمۇ؟

— ئۆيدە، ئۆزەڭ كىم؟

— بۇ مەن، گىرىگورىي مېلېخوپ.

بىر پەستىن كېيىن، دەسلەپكى تاتلىق ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ مىخائىل ئىشىكنى ئاچتى.

— گىرىشامۇ سەن؟

— ھە، مەن.

— كېچىدە نىمە قىلىپ يۈرىسەن؟

— ئۆيگە كىرەيلى، شۇ يەردە سوزلىشىمىز.

گىرىگورىي دەھلىزدە مىخائىلنىڭ جەينىكىدىن تۇتۇپ توختاتتى؛ ئاغزىغا تۈزۈك بىر گەپ كەلمىگىنىگە ئۆز ئۆزىگە ئاچچىغى كەلدى ۋە پىچىرلاپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مەن سىنىڭ ئۆيىڭدە قونۇپ قالماقچىمەن، ئۆيدىكى‑لەر بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىم، — دېدى، — قانداق، ئۆيىڭ تارلىق قىلارمۇ؟ خوش، قانداق يەر بولسا بولۇۋېرىدۇ.

— چاي تېپىلىدۇ، كىرىۋەر نېمىشقا غىجىللىشىپ قالدىڭلار؟

— ھەي، بۇرادەر ... كېيىن ئېيتىپ بېرىمەن ... ئىشى‑گىڭلار نەدە؟ كۆزۈم كورمەيۋاتىدۇ.

گىرىگورىيغا تاختاي ئۈستىگە چاي راسلاپ بەردى. گىرىگورىي ياتتى، مىخائىلنىڭ بىر كارۋاتتا ئۆز قىزى بىلەن ئۇخلاۋاتقان ئانىسىنىڭ پىشىلدىشىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن بېشىنى چۈۋىغا يۆركىۋالدى.

«ھازىر ئۆيدە نېمە گەپ بولۇۋاتقاندۇر؟ ناتاشكا كې‑تەرمۇ ــ كەتمەسمۇ؟ ئىش قىلىپ، تۇرمۇشۇم يېڭى ئىزغا چۈ‑شىدىغان بولدى. قەيەرگە بارسام بولاركىن؟» ھە دېمەي، بۇ باش قاتۇرىدىغان ئىشنىڭ جاۋاۋىمۇ ئېسىگە كەلدى: «ئەتە ئاكسىنىينى چاقىرتىمەن، ئىككىمىز كۇبانغا كېتىمىز، بۇ يەردىن يىراق يەرگە، ناھايىتى يىراق يەرگە كېتىمىز...»

گىرىگورىينىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرى ئالدىدىن قاقاس توپىلىكلەر، غەلىتە يېزىلار، يېزا بازارلىرى، ئىلگىرى ھېچ كۆرۈپ باقمىغان، قەلبىگە يات جايلار بىر ــ بىرلەپ ئۆتۈش‑كە باشلىدى. قىرلارنىڭ ئارقىسىدا، بوز يولنىڭ نېرىقى تە‑رىپىدە ــ خۇددى چوچەكلەردە ئېيتىلغان ئاجايىپ يېقىملىق ئۆلكىنى كوردى ۋە ئاكسىنىيە بىلەن كورۇشتى، ئۇنىڭ كېچى‑كىپ بولسىمۇ شاخلاپ، چىچەك ئاچقان جۇشقۇن مۇھەببىتىگە ئېرىشتى.

گىرىگورىي ئاقىۋىتى نىمە بولۇشىنى بىلەلمەي تەشۋىشلىك خىياللار بىلەن ئۇيقۇغا كەتتى. كوزى يۇمۇلۇش ئالدىدا كوڭلىنى غەش قىلغان، مىڭىسىگە مىقتەك قادالغان قاندا قتۇر نا ئېنىق پىكىرلەرنىڭ نىمىلىگىنى بىلمەكچى بولۇپ كوپ قىينالدى. چالا ئۇيقۇلۇقتا ئوي - پىكىرلەر ئۇنى ئېقىم بويىچە ئۈزۈپ كېتىۋاتقان قېيىقتەك سىلىق ۋە تېكىس ئېلىپ كېتەتتى، تۇرۇپلا بىر نىمىگە پۇتلىشىپ توختاپ قالغاندەك بولاتتى؛ كوڭلى غەش، بىزاۋىتە بولاتتى، بىر ئۇ يېنىغا، بىر بۇ يېنىغا ئورۇلۇپ: «بۇ نىمە ئىش؟ يولۇمنى بىر نەرسە توسقاندەك قىلىدىغۇ؟» دەپ تىت - تىت بولاتتى.

ئەتىسى ئەتىگەن ئويغانغاندا، بۇنىڭ نىمىلىگىنى يادىغا كەلتۈردى: «ھەربى خىزمەت! ئاكسىيوشا بىلەن قەيەرگىمۇ بارالايمىز؟ باھاردا — لاگېرغا، كۈزدە — ھەربى خىزمەتكە... ھەممە بالا ئەنە شۇنىڭدا!»

ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن مىخائىلنى دەھلىزگە چاقىردى.

— مىشا، ئاستاخوپنىڭ ئويىگە بېرىپ، ئاكسىنىيەگە ئېيت: كەچ كىرىش بىلەنلا شامال تۈگمىنىنىڭ قېشىغا كەلسۇن.

— ستېپان ئويدە بولسىچۇ؟ — دىدى مىخائىل دۇدۇقلاپ.

— بىرەر ئىشنى بانا قىلىشنى ئويلاپ قويغىن.

— مەيلى بارسام. باراي.

— بار، ئەلۋەتتە كەلسۇن دەيدۇ، دىگىن.

— ماقۇل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەچقۇرۇن گىرىگورىي شامال تۇگمىنىنىڭ يېنىدا يەكە ئىچىدە تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. تۇگمەننىڭ ئارقىسىدا قۇرۇپ كەتكەن كوممە قوناق پايلىرى ئارىسىدا شامال غۇيۇلدايتتى. چوقچىيىپ تۇرغان تۇگمەننىڭ قانىتىغا ئىلىنىپ قالغان بىر پارچە لاتا ھە دەپ لەپىلدەيتتى. گىرىگورىيغا، يوغان بىر قۇش ئۇچۇپ كېتەلمەي ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرگەندەك تۇيۇلاتتى. ئاكسىنىيىدىن دېرەك يوق. غەرپتە ئۇپۇق خىرە - شىرە بىنەپشىرەڭ ئالتۇنسىمان نۇردا تاۋلىناتتى. شەرقتىن چىققان شامال بارغانسېرى كۈچىيىپ باراتتى، تالزار ئىچىدە قېتىپ قالغان ئاينى قارا بۇلۇت باسماقتا، كوكۆش ئاسمان شامال تۇگمىنى ئۈستىنى قاپ - قاراڭغۇ جىمجىتلىقتا چوكتۇرگەن ئىدى، يېزا تەرەپتە بولسا كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ئاخىرقى ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئاڭلانماقتا.

گىرىگورىي ئارقا ئارقىدىن ئۈچ قېتىم تاماكا چەكتى، پاپروسنىڭ قالدۇغىنى قارغا سانچىپ قويدى - دە، غەزەپ ئارىلاش ئەلەم ئىچىدە ئەتراپىغا قاراپ چىقتى. يېزا بىلەن تۇگمەن ئوتتۇرىسىدىكى يالغۇز ئاياق يول قارىيىپ كورۇنەتتى، يېزا تەرەپتىن ھېچكىم كورۇنمىدى، گىرىگورىي ئورنىدىن تۇردى. مۇرىسىگە تۇگىلىشىپ، مىخائىلنىڭ دەرىزىسىدە پىلىلداپ كورۇنگەن چىراق تەرەپكە ماڭدى. گىرىگورىي ئاستا ئىسقىرتىپ، مىخائىلنىڭ ھويلىسىغا يېتەي دېگەندە، بىردىنلا ئاكسىنىيە بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئاكسىنىيە يۈگۈرۈپ كەلگەنلىكىدىنمۇ ياكى ھودۇقۇپ كەتكەنلىكىدىنمۇ قاتتىق ھاسىرايتتى، شامالدا ياكى يىراق يول ماڭغانلىقتىن توڭۇپ كەتكەن ئاغزىدىن دالىدا يېڭىلا ئورۇلغان ئوت - چۆپنىڭ ھىدى كېلەتتى.

— كۆتە - كۆتە، كېلىشىڭدىن ئۈمىت ئۈزگەن ئىدىم.
— سىتېپانىنى ئاران يولغا سالدىم.
— مېنى سوغاققا توڭدۇرماقچى ئىكەنسەن - دە، لەنىتى خوتۇن!

— باغرىم ئۆتنەك، ئۇزەم ئىسسىتىپ قويىمەن، — ئاكسىنىيە دونچە تىكىلگەن جۇۋىسىنىڭ ئالدىنى بىراقلا ئېچىپ، گىرىگورىينى ھەشقى پىچەكتەك ئورىۋالدى، — نىمىشقا چاقىرغانتىڭ؟

— توختاپ تۇر، قولۇڭنى ئال، ... ئاۋۇ يەردە كىشىلەر يۈرۈشىدۇ.

— ئۆيدىكىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىڭمۇ — نىمە؟

— ئۆيۈمنى تاشلاپ چىقتىم. بىر سوتكىدىن بۇيان مىشكىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتىمەن ... ئېزىپ قالغان ئىتتەك كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىمەن.

— ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟ — ئاكسىنىيە گىرىگورىينى قۇچاقلاپ تۇرغان قوللىرىنى قويۇۋەتتى ۋە توڭغانلىقتىن، جۇۋىسىغا ئورىۋالدى، — گىرىشا، يۈر، قاشانىڭ قېشىغىراق بارايلى، يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا نىمە قىلىپ تۇرىمىز؟

ئىككىسى چەتكە ئۆتۈشتى. گىرىگورىي قار دۆۋىسىدىن ئۆتۈپ، مۇزلاپ قېتىپ قالغان قاشاغا يۆلەندى.

— بىلدىڭمۇ، ناتالىيە دادىسىنىڭكىگە كەتتىمكىن؟

— ئۇقمىدىم ... كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى بۇ يەردە تۇرالايتتىمۇ؟

گىرىگورىي ئاكسىنىيىنىڭ توڭۇپ كەتكەن قولىنى ئۆز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىڭ ئىچىگە ئالدى؛ بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ نازۇك بىلىكىنى قىسىپ سورىدى:

— ئەمدى نېمە قىلساق بولار؟

— مەن بىلمەيمەن، سۆيۈملۈكۈم، سەن قانداق قىلىمىز دېسەڭ، مەن رازى.

— ستېپاننى تاشلامسەن؟

— قىلچەتاقىتىم يوق، تاشلا دېسەڭ، ھازىرلاتەييارمەن.

— ئىككىيلەن قەيەردە بولمىسۇن ئىش تېپىپ، كۈنىمىزنى كۆن ئېتەرمىز.

— مەن سەن بىلەن مال ئېغىلىدا ئىشلەشتىنمۇ قاچمايمەن، گىرىشا، سەن بىلەنلا بولسام بولدى.

ئۇلار بىردەم ئۇرە تۇرۇشۇپ، باغرى بىلەن بىر - بىرىنى ئىسسىتىشتى. گىرىگورىينىڭ كەتكىسى كەلمەيتتى، بېشىنى شامال تەرەپكە قىلىپ، بۇرنى بىلەن چۇچۇپ تۇراتتى، يۇمۇلغان قاپاقلىرىنى يۇقۇرى كوتەرمەيتتى. ئاكسىنىيە بېشىنى ئۇنىڭ قوينىغا تىقىپ، ئۇزىگە تونۇش بولۇپ كەتكەن، مەس قىلغۇچى تەر ھىدىنى پۇراپ، خۇمادىن چىقاتتى، ئۇنىڭ تەشنا لەۋلىرى خۇددى ئۇز ئارزۇسىغا يەتكەندەك بەختىيار تەبەسسۇم بىلەن تىترەۋاتقانلىغىنى گىرىگورىي بايقىماس ئىدى.

— ئەتە موخوپىنىڭ ئۇيىگە بېرىپ باقاي، بەلكى ئىشقا ئالار، — دېدى گىرىگورىي ئالقىنى ئارىسىدا تەرلىگەن ئاكسىنىيىنىڭ بىلىگىنى يۇقۇرىراقتىن تۇتۇپ.

ئاكسىنىيە ئۈنچۇقمىدى، بېشىنى كوتەرمىدى. بايىقى تەبەسسۇمىنى شامال لەۋلىرىدىن يالاپ كەتكەن ئىدى، كەڭ ئېچىلغان بۇلاقتەك كوزلىرىدە قورقۇش، ئەلەمئۇچقۇنداپتتى.

«ئېيتايمۇ ياكى ئېيتمىغىنىم توزۇكمۇ؟» — دەپ ئويلايتتى ئاك-
سىنىيە، ئېغىراياق ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ، «ئېيتىش كېرەك»
دىگەن يەرگە كەلدى - يۇ، لېكىن شۇ زاماتلا قورقۇنچىدىن
سەسكىنىپ كېتىپ، بۇ دەھشەتلىك پىكىرنى مىڭىسىدىن ھەي-
دىدى. ئۇ ئايالارغا خاس زېرەكلىك بىلەن ھازىر بۇ گەپ-
نى ئېيتىدىغان ۋاقىت ئەمەسلىكىنى چۈشەندى، ئەگەر ئېيتسا،
گىرىگورىيدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى بايقى-
دى. يۈرىكى ئاستىدا تىپىرچىلاۋاتقان بالىنىڭ قايسى-
بىردىن بولغانلىقىغا گۇمانى بار بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئېيت-
مايلا قويدى.

— نىمىشقا سەسكەندىڭ؟ تولغىنىدىڭمۇ - يە؟ — دەپ
سورىدى گىرىگورىي ئۇنى جۈۋىسىغا يوگەپ.

— ھە، بىر ئاز تولغاندىم ... ئەمدى كېتەي گىرىشا.
ستىپان كېلىپ قالسا، مەن بولماي قالسام...

— ئۇ نەگە كەتتى؟

— ئانىكەيىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، قارتا ئويناپ كەل، دەپ
ئاران يولغا سالغان ئىدىم.

ئىككىسى ئاجرىشىپ ئىككى ياققا كېتىشتى. گىرىگو-
رىينىڭ لەۋلىرىدە ئاكسىنىيە لەۋلىرىنىڭ ھاياجانلاندۇرغۇچى
لەززىتى قالدىكى، بۇ لەۋلەردىن قىشتىكى شامالنىڭمۇ ياكى
ماي ئېيىدا يامغۇر نەملەپ ئۆتكەن مايسا چوپلەرنىڭمۇ —
نىمىنىڭدۇر پۇرىقى كېلەتتى.

ئاكسىنىيە تار كوچىغا بۇرۇلدى؛ ئالدىغا ئېگىلىپ، دىيەر-
لىك يۈگۈرگەندەكلا ماڭدى. بىرسىنىڭ قۇدۇغىنىڭ ئالدىغا
يېتىپ بارغاندا، كۆزدە چارۋا ماللار پېتىقلىغان پاتقاق
جايدا بىر نىمىگە پۇتلىشىپ، ئايىغى تېيىلىپ كەتتى؛ تۇيۇق-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىز قوسىغىغا ئاغرىق سانچىغانلىغىنى ھىس قىلدى ـ دە، قا-
شانى تۇتقان پېتى يولىنىپ قالدى. ئاغرىق بېسىلدى، ئەمما
بېقىنىدا جانلىق بىر نەرسە مىدىرلاپ ئاغدۇرۇلدى، ئۈستى
ئۈستىگە بىر نەچچە قېتىم غەزەپ بىلەن دەپسەندى.

## 11

ئەتىسى ئەتىگەن گىرىگورىي موخوپىنىڭ ئۆيىگە بار-
دى. سېرگەي پلاتونىېۋىچ چاي ئىچىش ئۈچۈن ماگازىن-
دىن كەلگەن ئىدى. ئاتېپىن بىلەن ئىككىسى، تاملىرىغا ئىسىل
كوك گۈل قەغەزلەر چاپلانغان تاماقخانىدا ئاچچىق دەملەن-
گەن چاي ئىچىشىپ ئولتۇراتتى. گىرىگورىي شەپكىسىنى دەھلىزدە
قويۇپ، تاماقخانىغا كىردى.

— مەن سىزنىڭ قېشىڭىزغا كەلگەن ئىدىم، سېرگەي
پلاتونىېۋىچ.

— پانتېلېي مېلېخوپىنىڭ ئوغلىغۇ دەيمەن.

— ھە، شۇنداق.

— نىمە ئىش بىلەن كەلگەن ئىدىڭ؟

— مېنى ئىشقا ئالارمىكىن، دەپ كەلگەن ئىدىم.

گىرىگورىي غىجىلانغان ئىشىك تەرەپكە بۇرۇلۇپ قار-
دى، زالدىن كوك ھەربى كىيىم كىيگەن، يۈز بېشىلىق پاگون
تاقىغان ياشقىنا بىر ئوفىتسېر توت قاتلانغان گېزىتنى
تۇتقان پېتى چىقىپ كەلدى. گىرىگورىي ئۇنى تونۇدى: بۇل-

تۇر بەيگىدە مىتكا كورشۇنوپقا يېتەلمىگەن ئوفىتسېر شۇ ئىدى.

سېرگەي پلاتونوۋىچ ئوفىتسېرگە ئورۇندۇق توغرىلاپ قويدى.

— ئاتاڭ كەمبەغەللىشىپ قالدىمۇ - نېمە، نېمىشقا سېنى مەدىكارلىققا سالماقچى؟

— مەن ئۇنىڭدىن بولەك بولۇپ چىقتىم.

— بولەك ئۆي تۇتتۇڭمۇ؟

— شۇنداق.

— مەن سېنى جان دەپ ئالاتتىم، ئائىلەڭلەرنى بىلىمەن، ھەممىسى ئەمگەكچان ئادەملەر، ئەمما پەقەت ئورۇن يوق.

يۈز بېشى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋېتىپ:

— نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى - دە، گرىگورىيغا قاراپ قويدى.

— ماۋۇ يىگىت ئىش سوراپ كېلىپتۇ.

— ئات بېقىش قولۇڭدىن كېلەمدۇ؟ ھارۋا ھەيدەشنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى يۈز بېشى قوشۇق بىلەن ئىستاكاندىكى چاينى قوچۇپ.

— قولۇمدىن كېلىدۇ، ئۆزىمىزنىڭ 6 ئېتىنى باققانمەن.

— ماڭا ئىزۋاش ھەيدەيدىغان كوچېر كېرەك. شەرتىڭ قانداق؟

— مەن كوپ ئىش ھەققى سورىمايمەن...

— ئۇنداق بولسا، ئەتىلىككە دادامنىڭ جايىغا بارغىن، نىكولاي ئالېكسېيېۋىچ لىستىنىتسكىنىڭ جايىنى بىلەمسەن؟

— ھە، بىلىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— بۇ يەردىن 12 چاقىرىم يىراقلىقتا. ئەتە ئەتىگەندە بار، شۇ يەردە توختام تۈزۈشسەن.

گىرىگورىي جايىدا دەپسىنىپ تۇرۇپ، ئىشىك تۇتقۇچىنى تۇتۇپ:

— جانابى ئالىيلىرى، سىزگە بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى ... — دېدى.

يۈز بېشى گىرىگورىينىڭ ئارقىسىدىن قاراڭغۇ كورىدورغا چىقتى، ئايۋاننىڭ غۇۋا ئەينىكىدىن بۇ يەرگە خىرە-شىرە قىزغۇچ نۇر چۈشۈپ تۇراتتى.

— نېمە گەپ؟

— مەن يالغۇز ئەمەسمەن ... — گىرىگورىي قىپ-قىزىل قىزىرىپ كەتتى. يېنىمدا بىر ئايال كىشىمۇ بار، ئۇنىڭغىمۇ بىرەر ئۇرۇن چىقىپ قالار؟

يۈز بېشى يورۇق نۇردىن قىزارغان قاشلىرىنى كۆتىرىپ كۈلۈمسىرىدى:

— خوتۇنىڭمۇ؟

— بىراۋنىڭ خوتۇنى...

— ھە، مۇنداق دېگىن. مەيلى، ئۇنىڭغىمۇ قازان بېشىدىن بىرەر ئىش تېپىپ بېرەرمىز. ئېرى نەدە؟

— مۇشۇ يەردە، مۇشۇ يېزىدىلىق.

— نېمە، سەن بىراۋنىڭ خوتۇنىنى ئوغرىلاپ قاچتىڭمۇ؟

— ئۆزى ئەگەشتى.

— ئاجايىپ ۋەقە. بولۇپتۇ مەيلى، ئەتە كەل، ئەمدى كەتسەڭمۇ بولىدۇ. بۇرادەر.

گىرىگورىي ياگودنويىدىكەن يېزىغا — لىستنىتسكىلەر-

-نىڭ مۇلكىگە ئەتىگەن سائەت 8دە يېتىپ كەلدى. گونا خىش تام بىلەن چورىدەلگەن چوڭ هويلىدا تەرتىپسىز سېلىنغان بىنالار كورۇنەتتى: كاهىش بىلەن يېپىلغان يان ئويىنىڭ ئۇتتۇرىسىغا كاهىش بىلەن 1910 - يىل دەپ يېزىلغان، قورادا يەنە خىزمەتكارلار تۇرىدىغان ئوي، مونچا، ئاشخانا، ئات ئېغىلى، توخۇ كاتەكلىرى، كالا ئېغىلى، ئۇزۇننىسىغا كەتكەن ئامبار، پوچتا تۇرىدىغان باستۇرما بار ئىدى. باغ ئىچىدە چوڭ بىر كونا ئوي قەد كوتىرىپ تۇراتتى، ئوينىڭ ئالدىدىكى سەينادا گۈلزارلىق، ئوي-نىڭ ئارقىسىدا ياپراقلىرى توكۇلگەن تېرەكلەر، تال - سوگەتلەر چوقچىيىپ تۇراتتى، دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدا قارا قۇشقاچلارنىڭ تاشلاندۇق ئۇۋىلىرى قارىيىپ، تۇماققا ئوخشاپ قالغان ئىدى.

گىرىگورىي قورادا بىر، توپ نەسىللىك قارا ئىتلارغا ئۇچرىشىپ قالدى. كوزلىرى چاپاق، ئاقساق قېرى قانجىق دەسلەپ گىرىگورىينى پۇراپ بېقىپ، ئاندىن بېشىنى تووەن سېلىپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتى. خىزمەتكارلار تۇرىدىغان ئويدە ئاشپەز ئايال يۇزىنى سەپكىل باسقان ياشقىنا بىر دىدەك قىزنى تىللاۋاتاتتى. بوسۇغىدا كالپۇكلىرى قېلىن سەت بىر قېرى ئادەم تاماكا تۇتۇنى ئىچىدە ئولتۇراتتى. دىدەك گىرىگورىيـ نى ئويگە باشلاپ كىردى. دەهلىز ئويدە ئىتنىڭ هىدى ۋە ئاشلانمىغان تېرىنىڭ پۇرىغى گۇپۇلدەپ پۇرايتتى. شىرەنىڭ ئۇستىدە قوش ئاتار مىلتىقنىڭ قېپى ۋە يېشىل يىپەك پوپۇك-لۇك بىر خالتا تۇراتتى.

يان ئىشىكتىن دىدەك بېشىنى چىقىرىپ:

— ياش خوجايىن چاقىرىۋاتىدۇ، — دىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گىرىگورىي ئەندىشە بىلەن لاي ئۇتۇكلىرىگە قارىدى ـ دە، ئىچكىرىگە كىردى.

دەرىزە تۈۋىدىكى كارۋاتتا يۇز بېشى ياتاتتى؛ كورپە ئۈستىدە تاماكا ۋە تاماكا نەيچىلىرى سىلىنغان قۇتا تۇراتتى. يۇز بېشى قولىدىكى پاپروسنى يوگەپ بولغاندىن كېيىن ئاق كوينىكىنىڭ ياقىسىنى تۈگمىلىدى ـ دە، دىدى:

ــ بالدۇر كەپسەنغۇ، كۇتۇپ تۇر، ئاتام ھازىر كېلىدۇ.

گىرىگورىي ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ تۇردى. بىر مىنۇتتىن كېيىن دەھلىزنىڭ تاختىيى غىچىلداپ قەدەم ئاۋۇشى ئاڭلاندى. ئىشىكنىڭ يوچۇغىدىن بوغۇق پەس ئاۋاز بىلەن بىرسى سورىدى:

ــ ئويغاقمۇ سەن، يېۋگېنىي؟

ــ كىرىڭ.

كاپكازچە قارا چەكمەن كىيگەن بىر چال كىرىپ كەلدى. گىرىگورىي ئۇنىڭغا كوز قىرى بىلەن قاراپ قويدى، ئۇنىڭ كوزىگە دەسلەپ چېلىققان نەرسە ــ چالنىڭ بىر ئاز قىڭغىر، ئىنچىكە بۇرنى بىلەن تاماكا تۇتۇنىدىن سارغىيىپ كەتكەن ئاپپاق شاپ بۇرۇتى بولدى. چالنىڭ بويىبىر سارجىن كېلەتتى، يەلكىلىرى كەڭ، قاتمال ئىدى. ئەگىنىدىكى توگە يۇڭى مووۇتىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن كەمزۇلى لەپەڭشىپ تۇراتتى، قورۇق باسقان ساغۇچ بويىنىنى ياقىسى سىرتماقتەك بوغۇپ تۇراتتى، نۇرسىز كوزلىرى قاڭشىرىغا بەك يېقىن ئىدى.

ــ مانا بۇ يىگىتنى پوچتا ھەيدەشكە سىزگە تەۋسىيە قىلىمەن، دادا. ياخشى ئائىلىنىڭ بالىسى.

ــ كىمنىڭ ئوغلى؟ ــ دەپ سورىدى چال.

— مىلىخوپىنىڭ.
— قايسى مىلىخوپ؟
— پانتېلېي مىلىخوپىنىڭ ئوغلىمەن.
— پروكوفىيىنى بىلەتتىم، پانتېلېيىنىمۇ تونۇيمەن، چىر-كاسلاردىن چىققان ئاشۇ ئاقسا قمۇ؟
— توغرا — ئاقساق. — گىرىگورىي قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇراتتى.

گىرىگورىي ئۇستىپاغا چىققان، رۇس - تۈرك ئۇرۇشى قەھرىمانلىرىدىن بىرى بولغان گېنېرال لىستنىتسكى توغرۇلۇق دادىسىدىن ئاڭلىغان گەپلەرنى ئېسىگە ئالدى.

— نىمىشقا ئىشقا كىرمەكچى بولۇپ قالدىڭ؟ — دې-گەن ئاۋاز يۇقۇرىدىن گۈمبۈرلىدى.

— دادامدىن بولەك بولۇپ چىقتىم، ھەزرەتلىرى.
— سەن يا للىنىپ يۇرسەڭ، كازاكلىقىڭ نەدە قالدى؟ داداڭ سېنى ئايرىپ قويغاندا، ھىچنىمە بەرمىدىمۇ؟
— شۇنداق، تەخسىر، ھىچنىمە بەرمىدى.
— ئۇنداق بولسا، بولەك گەپ. خوتۇنۇڭ بىلەن بىللە يا للىنامسەن؟

يۇز بېشى كارۋاتنى قاتتىق غىچىرلاتتى. گىرىگورىي لىپپىدە قارىغان ئىدى، يۇز بېشى كوزىنى قىسىپ، بېشى بىلەن «شۇنداق دىگىن» دەپ ئىشارەت قىلدى.

— شۇنداق، جانابى ئالىلىرى.
— جانابى ئالى دەۋەرمە، ياخشى كورمەيمەن! ئېيتقا سەككىز سوم. بۇ ئىككىڭلارغا. خوتۇنۇڭ خىزمەتكارلار بىلەن مەدىكارلارغا تاماق ئېتىدۇ، ماقۇلمۇ؟
— بولىدۇ، ماقۇل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئەتىدىن قالماي كېلىڭلار. خىزمەتكارلار ئۆيىدىن بۇرۇنقى ھارۋىكەش ئولتۇرغان ھۇجرىدا ئولتۇرىسەن.

— تۇنۇگۈنكى ئوۋىڭىز قانداق بولدى؟ — دەپسورىدى ئوغلى ئاتىسىدىن ۋە تۇك باسقان شادا پاچاقلىرىنى كارۋاتتىن ساڭگىلىتىپ گىلەمگە قويدى.

— گىرىمەچى جىلغىسىدىن تۈلكە قوغلاپ، ئورمانغىچە ئارقىسىدىن باردۇق. قېرىسى ئىكەن، ئىتلارنى ئالداپ كەتتى.

— كازىبېك ھېلىمۇ ئاقساۋاتامدۇ؟

— ئۇنىڭ ئايىغى چىقىپ كەتكەن ئىكەن، تېزرەك بول، يېۋېگېنىي، تامىغىڭ قېتىپ قالدى.

چال گىرىگورىيغا بۇرۇلۇپ قارىدى - دە، ئىنچىكە بارماقلىرىنى قاسىلداتتى.

— قەدەملەپ مارش! ئەتە سائەت سەككىزدە مۇشۇيەردە بولىسەن.

گىرىگورىي دەرۋازىدىن چىقتى، ئامبارنىڭ ئارقا تەرىپىدە، قار ئېرىپ قۇرۇپ قالغان جايدا ئىتلار ئىسسىناتتى. كوزىنى چاپاق باسقان قېرى قانجىق گىرىگورىينىڭ يېنىغا لوكۇلداپ كەلدى، چاپىنىنىڭ ئارقا پېشىنى پۇرىدى، بېشىنى توۋەن سېلىپ، ئارقىسىدىن قالماي، يالىڭقىچە ئەگىشىپ باردى، ئاندىن كېيىن قايتىپ كەلدى.

## 12

ئاكسىنىيە كەچكى تاماقتىن بالدۇرلا بىكار بولدى،
مەشىنىڭ چوغىنى تارتىپ، كانىيىنى بېكىتىپ قويدى، ئاندىن
قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇپ، هويلا تەرەپتىكى دەرىزىدىن قا-
رىدى. ستېپان مىلېخوپلار قوراسى تەرەپتىكى قاشانىڭ يېنىغا
تەخلەپ قويۇلغان ياغاچ ئالدىدا تۇراتتى. ئاغزىنىڭ بىر
بۇرجىكىدە ئوتى ئۆچۈپ قالغان پاپىروس ئىسىلىپ قالغان؛
ئۇ ياغاچلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆچى ئاچا ياغاچ تاللاۋاتاتتى.
باستۇرمىنىڭ سول بۇرجىكى قىيشىيىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا
ئىككى ئاچا تۈۋرۈك قويۇپ، ئۈستىنى بىكار تۇرغان قومۇش
بىلەن يېپىش كېرەك ئىدى.

ئەتىگەندىن بۇيان ئاكسىنىيىنىڭ ئىككى مەڭزىگە قان
يۈگۈرگەن، كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭدا يۈز بەرگەن
ئۆزگىرىشلەر ستېپانغا بىلىنمەي قالمىدى، ئۇ ناشتا قىلىۋېتىپ:

— ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ماڭا نېمە بوپتۇ؟ — ئاكسىنىيە سەسكىنىپ كەتتى.

— يۈزۈڭگە ياغ سۈرگىۋالغاندەك، پاقىراپ كېتىپسەنغۇ؟

— مەشىنىڭ تەپتى ... بېشىمنى ئاغرىتىۋەتتى. — شۇ
سۆزنى دىدى - دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، دەرىزىگە ئوغرى-
لىقچە بىر قاراپ قويدى: مىشكا كۈشۈۋىنىڭ سىگنالى كې-
لىۋاتامدۇ - يوق؟

لېكىن مىشكىنىڭ سىگنالى كەچكىرگەندە كەلدى. كۆتە -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆتە تـاقتى ـ تاق بـولغان ئـاكسىنىيە چـوچۇپ ئورنىدىن تۇردى.

ــ مېنىڭ قېشىمغا كەلدىڭمۇ ماشۇتكا؟

ــ مەيەرگە چىقتىڭ.

ستېپان مەش بىلەن بىللە ھاك بىلەن ئاقلانغان سۇنۇق ئەينەككە قاراپ، چېچىنى سىلايتتى. كـوتمەك مۇڭگۈز تاغاق بىلەن ساپ ـ سېرىق بۇرۇتىنى تارايتتى.

ئاكسىنىيە قورقۇمسىراپ، ئېرى تەرەپكە قارىدى.

ــ سەن بىر يەرگە جابدۇنۇۋاتامسەن؟

ستېپان بىردىنـلا جاۋاپ بەرمىدى. تاغاقنى ئـالدىرىـماي شالۋۇرىنىڭ يانچۇقىغا سالدى، ئاندىن مەشنىڭ تەكچىـسىدىن بىر توپ قارتىنى ۋە تاماكا خالتىسىنى ئالدى.

ــ ئانىكوشكىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بىردەم ئـولتۇرۇپ كېلىمەن.

ــ لاغايلاپ يۈرۈشنى قاچانمۇ قويارسەن؟ قارتـا بىر بالا بولدىغۇ: ھەر كېچە ئۇلارغا قارتا ئويناش، خوراز چىقـقارغىچە ئولتۇرۇشىدۇ.

ــ ھە، بولدى قىل، ئاڭلىدۇق.

ــ يەنىلا يىگىرمە بىر ئوينامسەن؟

ــ بولدى قىل، ئاكسيوتكا! سېنى بىرسى كـۆتۈپ تۇرۇپتۇ، چىقمامسەن.

ئاكسىنىيە يېنىچە يۈرۈپ دەھلىزگە چىقتى. ئىشىك ئالـدىدا يۈزىنى لاللەدەك قىپ ـ قىزىل سەپكىل باسقان ماشۇتكا كۆلۈپ تۇراتتى.

ــ گىرىشكا كەلدى.

ــ شۇندا قىمۇ؟

— سىنى قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەنلا بىزنىڭ ئۆيگە كەلسۇن دەيدۇ.

ئاكسىنىيە ماشۇتكىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئىشىك تەرەپكە تارتتى.

— ئاستىراق، ئاستىراق گەپ قىل، سويۇملۇگۇم. ئۇ قانداقراق، ماشا؟ بەلكى باشقا گەپمۇ دىگەندۇ؟

— نەرسە - كىرەكلىرىڭنى كوتىرەلىگىنىچە ئالغاچ كەلسۇن، — دەيدۇ.

ئاكسىنىينىڭ پۈتۈن ئەزايى ئوتتەك يىنىپ، تىترەشكە باشلىدى، هەدەپ قايرىلىپ، ئىشىك تەرەپكە قارايتتى، پۈتى كويگەن توخۇدەك تىپىرچىلايتتى.

— خۇدايىمەي، ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ ... هەە؟ ... نىمانداق تىز ... ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ توختا، بىرىپ ئۇنىڭغا ئېيت، هازىر بارىمەن ... مىنى قەيەردە كۈتمەكچى بولدى؟

— توپ - توغرا بىزنىڭ ئويگە كىرىۋەر.

— هەي، ياق! ...

— توختا، هىچگەپ يوق، مەن ئۇنىڭغا ئېيتاي، ئۇتالاغا چىقىپ تۇرسۇن.

ستېپان كەمزۇلىنى كىيدى، ئاسما چىراققا سوزۇلۇپ، تاماكىنى تۇتاشتۇردى.

— ئۇ نىمىشقا كىلىپتۇ؟دەپ — سورىدى‌تاماكىسىنى بىر شوراپ.

— كىم؟

— هىلىقى ماشا كوشۇوي - چۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ھە، ئۇ ئۆز ئىشى بىلەن كەتتىكەن ... يوپكامنى پىچىپ بەر، دەيدۇ.

ستېپان تاماكىنىڭ كۈلىنى پۈۋلەپ چۈشۈردى - دە، ئىشىككە قاراپ ماڭدى ...

— سەن يېتىپ ئۇخلاۋەر، مېنى كۈتمە!

— ماقۇل.

ئاكسىنىيە ئورۇندۇقنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، مۇزلىغان دەرىزىدىن مارىلاپ قارىدى. كوچا ئىشىكى تەرەپتىكى دەسسەلىپ يېڭىدىن ئېچىلغان يالغۇز ئاياق يولدا ستېپاننىڭ غاچىلدىغان قەدەم تاۋۇشى ئاڭلىناتتى. شامال ئۇنىڭ تاماكىسىنىڭ ئۇچقۇنىنى دەرىزىگىچە ئۇچۇرۇپ كەلدى. ئاكسىنىيە ئەينەكنىڭ ئېرىگەن يېرىدىن ۋاللىدە يانغان تاماكا يورۇغىدا ئېرىنىڭ تۇمىغى ئاستىدا پۆكلىنىپ قالغان قۇلىقىنى ۋە قارامتۇل قىزىل يۈزىنى كۆرۈپ قالدى.

ئاكسىنىيە ساندۇقتىن يوپكا، كوپتا، روماللىرىنى — ئۆزىنىڭ تويلۇق نەرسىلىرىنى — ئالدىراپ - سالدىراپ ئېلىپ، چوڭ بىر رومال ئۈستىگە تاشلىدى، ئۇ كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلىپ، ھاسىرايتتى، ئەڭ ئەخىرىدا ئاشخانىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، چىراقنى ئۇچۇردى - دە، يۈگۈرگەن پېتى پەلەمپەيگە چىقتى. مېلېخوپلارنىڭ ئۆيىدىن بىرسى ماللارغا قاراش ئۈچۈن قوراغا چىقتى. ئاكسىنىيە ئاياق تاۋۇشلىرى بېسىلغىچە كۈتۈپ تۇردى - دە، ئىشىكنى زەنجىرلىدى ۋە بوخچىسىنى قولتۇقلاپ، دون بويىغا قاراپ چاپتى. تىۋىت رومىلى ئاستىدىن چىقىپ قالغان چاچ تالالىرى مەڭزىنى قىچىغلايتتى. ئارقا كوچا بىلەن يۈرۈپ، كوشۇۋوينىڭ ھويلىسىغا يېتىۋالغىچە دەرمانى قالمىدى، پۇتلىرى ئېگىلىپ

يىقىلىشقا تاس قالغا ئىدى. گىرىگورىي دەرۋازىنىڭ ئالدىدا كۆتۈپ تۇراتتى، ئۇ ئاكسىنىيىنىڭ قولىدىن بوخچىنى ئالدى-دە، ئالدىغا چۈشۈپ، ئۈنچىقماستىن، دالىغا قاراپ ماڭدى.

خامانىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئاكسىنىيە مېڭىشىنى ئاستىلىتىپ گىرىگورىينىڭ يېڭىدىن تارتتى.

— كىچىككىنە توختا، تەنتەك.

— نېمىشقا توختايمەن؟ ئاي چىققىچە، قاراڭغۇدا تېزرەك يېتىۋېلىش كېرەك.

— ئالدىرىما، گىرىشا، — ئاكسىنىيە مۈكچىيىپ قالدى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى گىرىگورىي ئۇنىڭغا ئېڭىشىپ.

— ئوزەمچە... قوسىقىم بىر قانداق بولۇۋاتىدۇ، بايا ئېغىر بىر نەرسە كوتەرگەن ئىدىم، — ئاكسىنىيە قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالايتتى، ئاغرىقتىن كوزلىرى يۇمۇلۇپ، ئوت چاقناپ كەتتى. بىردەم مۈكچىيىپ، قوسىقىنى تۇتۇپ تۇردى، ئاندىن چۇۋۇلغان چاچلىرىنى رومىلىنىڭ ئاستىغا قىستۇرۇپ، ئورنىدىن قوزغالدى.

— خوش، قېنى كەتتۇق!

— سېنى نەگە باشلاپ كېتىۋاتقانلىقىمنى سورىمايسەنغۇ، ئاكسىنىيە، ئالدىمىزدىكى يارغا ئىتتىرىۋەتسەم قانداق قىلىسەن؟ — دېدى گىرىگورىي قاراڭغۇدا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ماڭا بەرىبىر، ئويۇننى ئويناپ بولدۇق. — ئاكسىنىيە مەيۈسلۈك بىلەن كۈلۈپ قويدى...

ستېپان ئاشۇ كېچە ھەر قاچانقىدەك، ئويىگە بەككەچ قايتتى. ئات ئېغىلىغا كىرىپ، ئات چېچىپ ئاياق ئاستى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلغان ئوت - چوپنى ئوقۇرغا سالدى. نوختىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، پەلەمپەي بىلەن ئۈستىگە چىقتى. «خوشنىلارنىڭكىگە پاراڭلاشقىلى چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى ئىشىكنىڭ زەنجىرىنى ئېچىۋېتىپ، ئاشخانىغا كىرىپ ئىشىكنى مەھكەم ياپتى - دە، سەرەڭگە ياقتى. بۈگۈن سەرەڭگە ئويۇندا ستېپان ئۇتقان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلى توق بولۇپ، ئۆيقۇسى كېلىپ تۇراتتى.چىراقنى ياقتىۋە ئاشخانىدا چېچىلىپ ياتقان نەرسىلەرگە بىر - بىرلەپ قارىدى. سەل ھەيران بولۇپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى. ئاغزى ئوچۇق تۇرغان ساندۇق قاراڭغۇدا قارىيىپ تۇراتتى، خوتۇنى ئالدىراشچىلىقتا ئۇنتۇپ قالدۇرۇپ كەتكەن كونا كوپتىسى يەردە ياتاتتى. ستېپان كالتاجۇۋىسىنى يەلكىسىدىن ئىرغىتىپ تاشلىدى. يۈگۈرگەن پېتى ئاشخانىغا كىرىپ چىراق ئېلىپ كەلدى، ئۆيگە بىر قاراپ چىقىپ نىمە ۋەقە بولغانلىقىنى چۈشەندى. چىراقنى چۆرۈۋەتتى - دە، نىمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي، تامدا ئېسىقلىق تۇرغان قىلىچىنى شارتتىدە ئالدى، ئۇنىڭ سېپىنى شۇنداق مەھكەم سىقتىكى، بارماقلىرى كۆكىرىپ كېتەي دىدى، ئاكسىنيە ئۇنتۇپ قالغان ھاۋارەڭ، كۆلى سېرىق كوپتىنى قىلىچنىڭ ئۇچى بىلەن ھاۋاغا ئۇچۇردى، كوپتا يەرگە چۈشكىچە ئۇنى بىر شىلتاپ ئىككى پارەقىلدى. ئۆزىنى يوقىتىپ، رەڭگى ئوڭۇپ كەتكەن ستېپان ھاۋارەڭ كوپتىنىڭ پارچىلىرىنى تورۇسقا ئېتىپ، ئۆتكۈر قىلىچى بىلەن ئۇلارنى توغراپ يەرگە چۈشۈرەتتى.

ئاندىن كېيىن تاسمىسىنى ئۈزۈپ، قىلىچنى بىر بۇلۇڭغا چۆرۈۋەتتى - دە، ئاشخانىغا كىرىپ شىرەنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى. بېشىنى ئېگىپ، ئېرىتىلماي قالغان شىرەنى تىترە-

ۋاتقان تومۇردەك بارماقلىرى بىلەن خېلى ۋاقىتقىچە سىلاپ ئولتۇردى.

## 13

بىر ئادەمگە بالا يۇزلەنسە، ئارقا ئارقىدىن كېلىۋېرىدۇ: گىتكونىڭ بىپەرۋالىغى تۈپەيلى ئەتىگەندە مىرون گىرىگورىيېۋىچنىڭ نەسىللىك بۇقىسى ئەڭ ياخشى بىر بايتالنى ئۇسۇپ، بويىنىنى يېرىۋەتتى. گېتكونىڭ چىرايىدا قان قالماي، ئالاقزادە بولۇپ يۈگۈرگەن پېتى ئۆيگە كىردى. پۈتۈن ئەزايى بەزگەكتەك تىترەشكە باشلىدى.

— چاتاق بولدى، خوجايىن! هارام ئولگۇر بۇقا، لەنىتى بۇقا...

— بۇقا نىمە بولدى؟ خوش نىمە گەپ؟ — دەپ تەشۋىشلەندى مىرون گىرىگورىيېۋىچ.

— بايتالنى مىيىپ قىلىپ قويدى... ئۇسۇۋەتتى ... مەن دەيمەنكى...

مىرون گىرىگورىيېۋىچ كوينەكچان قوراغا يۈگۈرۈپ چىقتى. قۇدۇقنىڭ يېنىدا مىتكا بەش ياشلىق قىزىل بۇقىنى تاياق بىلەن ئۇرۇۋاتاتتى. ئەمما بۇقا تىزلىنىپ، قات - قات پۈرۈلۈپ كەتكەن توشىنى قارغا تەككۈزۈپ، بېشىنى ھەدەپ پىرقىرىتاتتى، قۇيرۇغىنى تولغاپ ئايىغى بىلەن قار چاچرىتاتتى، ئەتراپىغا كۆمۈشتەك قىرو ياغدۇراتتى. بۇقا تاياقتىن قاچمايتتى، پەقەت قىسقا - قىسقا هوركىرەپ، ئارقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پۇتلىرىنى يەرگە تىرەپ، ھۇجۇمغا تەييارلىناتتى.

ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى خىرقىراپ، ھوركىرەشلىرى كۆچەيگىلى تۇردى. مىتكا خىرىلداپ، ئاغزىغا كەلگەن يامان تىل بىلەن تىللاپ، بۇقىنىڭ تۇمشۇقىغا، بېقىنىغا ئۇراتتى، مىخەيل ئۇنىڭ كەينىدىن تۇتۇۋېلىپ ئارقىغا تارتىمۇ، بۇنىڭ بىلەن كارى بولمايتتى.

— بولدى قىل، مىتري!... خۇدا ھەققى، سەندىن ئۆتۈنىمەن، قايتىپ كەل!... ئۇسۇپ ئۆلتۈرىدۇ سېنى!... گىرىگورىيېۋىچ نېمە قاراپ تۇرىسەن؟...

مىرون گىرىگورىيېۋىچ قۇدۇق بېشىغا يۈگۈرۈپ باردى. قاشا ئالدىدا باياتىن بېشىنى ئېگىشتۈرگەن پېتى تۇراتتى. قاپقارا تەر باسقان بېقىنى ئىچىگە تارتىشىپ كەتكەن بولۇپ، لىپىلداپ تۇراتتى، بويىندىن ئېقىۋاتقان قان مۇسكۇللۇق تۆشكە ۋە قارنىڭ ئۈستىگە تاماتتى. دۈمبىسى ۋە بېقىنىدىكى قوڭۇر يۇڭلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى، پاچاقلىرى سىلكىنەتتى...

مىرون گىرىگورىيېۋىچ دەرھال ئاتنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆتتى، بويىنىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى قىپ - قىزىل يارىدىن ھور چىقىپ تۇراتتى. قول پاتقىدەك چوڭقۇر ۋە چوڭ يارا پەيدا بولغان، كېكىردىكىمۇ ئېچىلىپ قاپتۇ، سەكراتقا چۈشكەندەك ئېغىر نەپەس ئېلىۋاتقانلىقى كورۇنۇپ تۇراتتى. مىرون گىرىگورىيېۋىچ باياتىنلا كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ، پەسكە ساڭگىلاپ قالغان بېشىنى يۇقۇرىغا كوتەردى. ئات جانىۋار مولدۇرلەپ تۇرغان بىنەپشىرەڭ كوز قارچۇغىنى ئىگىسىگە تىكىپ: «ئەمدى قانداق قىلىسەن؟» دەپ سوئال بېرىۋاتقاندەك بولاتتى. مىرون گىرىگورىيېۋىچمۇ بۇ تىلسىز سوئالغا جاۋاپ بېرىۋاتقاندەك:

— مىتكا! ئەمەن قوۋزىغىنى قايناتسۇن! قىنى تېزرەك بول! — دەپ ۋاقىرىدى.

گىتكو، كىرلىشىپ كەتكەن ئۈچ بۇرجەك كىكىردىگىنى تىترىتىپ، ئەمەن قوۋزىغىنى سويغىلى كەتتى. مىتكا ھويلىدا ئايلىنىپ يۈرگەن بۇقىنى كوزدىن كەچۈرگىنىچە دادىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. قىزىل بۇقا توختاۋسىز قۇتراپ، ئاپپاق قارنى توزىتىپ، ئاۋازىنىڭ بېرىچە تىنماي ھوكىرەيتتى، قورانىڭ ئىچىدە چوگىلەپ يۈرەتتى.

— ئاتىنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇت! — دەپ بۇيرۇدى دادىسى مىتكىغا، — مىخەي، يۈگۈر، چۇلۋۇر ئەپكەل! چاپسان بول، بولمىسا تۇمشۇغىڭغا يەيسەن!....

ئاغرىقنى سەزمەسلىكى ئۈچۈن بايتالنىڭ شالاڭ تۈك ئۆسكەن دوخاۋىدەك يۇمشاق يۇقۇرقى كالپۇكىنى تانا بىلەن بوغۇپ چەگدى. گىرىشاكا بوۋا يىمۇ يېتىپ كەلدى. نەقەشدار بىر كاسىدا قەھۋەرەڭ قوۋزاق قايناتمىسىنى ئەپكېلىشتى.

— سوۋۇت، قايناق بولسا كېرەك، ئاڭلاۋاتامسەن، مىرون؟

— دادا، خۇدا سىزگە ئامانلىق بەرسۇن، ئويگە كىرىڭ! بۇ يەردە شامالداپ قالىسىز!

— مەن ساڭا قايناتمىنى سوۋۇت دەۋاتىمەن، بايتالنى ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن؟

يارىنى يۇيۇشتى. مىرون گىرىگورىيېۋىچ تولغاپ كەتكەن بارماقلىرى بىلەن جۇۋالدۇرۇغا كاناپ يىپ ئوتكۈزدى. يارىنى ئۈستىلىق بىلەن ئوزى تېكىشقا كىرىشتى. مىرون گىرىگورىيېۋىچ قۇدۇق بېشىدىن كەتمەي تۇرۇپلا، ئويدىن لۈكىنىچنا يۈگۈرۈپ

چىقتى. سولغان يۈزلىرىدە تەشۋىش ئالامەتلىرى كۆرۈنەتتى. ئۇ ئېرىسنى بىر چەتكە چاقىرىپ:

— ناتالىيە كەلدى. گىرىگورىيېۋىچ!... ۋاي خۇدا- يىمەي! — دېدى.

— يەنە نىمە گەپ؟... — مىرون گىرىگورىيېۋىچنىڭ سەپكىل باسقان ساغۇچ يۈزى بىردىن ئاقىرىپ، چىرايى بۇ- زۇلدى.

— گىرىگورىينىڭ ئىشى... كۈيوغلۇڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ!—لۇكىنىچنا ئۇچۇشقا تەلپۈنۈۋاتقان قارا قۇشقاچتەك قوللىرىنى كېرىپ، ئىككى يېنىغا ئۇراتتى، ئۇ چىقىراپ:— پۈتۈن يېزىغا شەرمەندە بولدۇق!... خۇدا يا پەرۋەردىگارا، بۇ نىمە كورگىلىك - ھە!... — دەپ ئاھ - ئۇھ قىلاتتى.

بېشىغا رومال ئورىغان، ئۇستىگە قىشلىق كالتا كوپتا كىيگەن ناتالىيە ئاشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. ئىككى كوزىدە لىققىدە ياش مارجانلاردەك تىزىلىپ قالغان ئىدى. ئىككى مەڭزى قىزىرىپ ئىششىپ كېتىپتۇ.

— نىمىشقا كەلدىڭ؟ — دەپ گۇكىرىگەن پېتى ئاشخا- نىغا كىرىپ كەلدى دادىسى، — ئېرىڭ ئۇردىمۇ؟ بولۇشالماي قالدىڭلىمۇ؟

— ئۇ كەتتى، — دەپ ئىسەدەشكە باشلىدى تولا يىغ- لاپ ئۆنى پۈتۈپ قالغان ناتالىيە. ئۇندىن كېيىن دەلدەڭ- شىپ بېرىپ دادىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى، — جېنىم دادا، تۇرمۇشۇم بەربات بولدى!... مېنى كوچۇرۇپ كېلىڭ! گىرىش- كا ئوينىشى بىلەن كەتتى!... مەن يالغۇز قالدىم! دادا، ئومرۇم خازان بولدى!...— ناتاشا ۋايسا پلا كەتتى، ئوپكىسى

ئاغزىغا تىقىلىپ، گەپىنىڭ ئايىغىنى ئېيتالماي قالدى، ئۇ يىلىنىش - يالۋۇرۇش نەزىرى بىلەن دادىسىنىڭ ساپسېرىق ساقاللىغا پەستىن كۆز تىككەتتى.

— توختا، ئالدىرىماي تۇر!...

— ئۇ يەردە تۇرۇشنىڭ ئىمكانى قالمىدى! مېنى ئۇ يەردىن قايتۇرۇپ كېلىڭ! ... — ناتالىيە ئۆملىگەندەكلا ساندۇقنىڭ يېنىغا باردى، يىغلاۋېرىپ تىترەپ كەتكەن بېشىنى ئىككى قولى بىلەن چاڭگاللىۋالدى. رومىلى سىيرىلىپ يەلكىسىگە چۈشۈپ قالدى، سىلىق تارالغان قارا چاچلىرى چۇۋۇلۇپ ئاپپاق قۇلاقلىرىنى ياپتى. ئېغىر مىنۇتتا كەلگەن كۆز يېشى — ماي ئېيىدىكى قۇرغاقچىلىقتا ياققان يامغۇرغا ئوخشايتتى. بىچارە ئانا ناتالىيەنىڭ بېشىنى باغرىغا بېسىپ، قولاشمىغان سۆزلەرنى ئېيتىپ يىغلاشقا باشلىدى، مىرون گىرىگورىيېۋىچ بولسا دەرغەزەپ بولۇپ، پىشايۋانغا چىقتى.

— ئىككى ئاتلىق چانىنى قوش!... شوتىنى قوش!...

پەلەمپەينىڭ ئالدىدا چاققانلىق بىلەن مىكىيانىنى بېسىۋاتقان خوراز، قاتتىق ۋاقىراشتىن چوچۇپ، مىكىيانىنى تاشلىدى-دە، پەلەمپەينىڭ قېشىدىن نېرى قاچتى ۋە قاقاقلىغان پېتى ئامبار تەرەپكە كەتتى.

— تېزرەك قوش!... — مىرون گىرىگورىيېۋىچ پەلەمپەينىڭ ئويما پەنجىرىسىنى ئۇتۈكى بىلەن تېپەتتى، تاكى گىنتكونىڭ ئېغىلىدىن بىر جۈپ قارا تورۇق ئاتنى يېتىلەپ، ئالدىراشلىق بىلەن خامۇت سېلىپ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىنلا، كۆڭلى تىنىپ پەنجىرىنىڭ بۇزۇلغان يېرىدىن ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ناتالىيەنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ىستىكا بىلەن گىتتكو كەتتى. ئوكرايىن خىزمەتكار: «ئەمدى خوجايىن مۈشۈ ئىش توپەيلى باياتالنى ئۇنتۇپ قالسا، ئەجەپ ئەمەس!» دىگەن خىيال بىلەن بولۇپ، يولدا كېتىۋاتقان بىر چوشقا كۈچىكىنى چانىغا باستۇرۇۋېتىشكە تاس قالدى. ئۇ ئۇزىچە خوشال بولۇپ، تىزگىننى بوش قويۇۋەتتى.

«ياق، بۇنداق زىيانداش قۇرۇت، ھەرگىز ئېسىمدىن چىقارمايدۇ!...» — دىگەن پىكىر گىتتكونىڭ كاللىسىغا كەلدىدە، قاپىغىنى تۈرۈپ، لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈردى.

— چۇ! ھارامزادە!... چۇ! ھىلى جۇمۇ! — گىتتكو قارا ئاتنىڭ نەق بىقىنىنى مولچەرلەپ، قامچىسىنى شىلتاتتى.

## 14

يۈز بېشى لىستنىتسكى ئالاھىدە ئىمتىيازلىق ئاتامان پولكىدا خىزمەت قىلاتتى. ئۇ ئوفىتسېرلەر بەيگىسىدە ئاتتىن يىقىلىپ، سول قولىنىڭ بىلىكى سۇنغان ئىدى. ھەربى دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن بىر يېرىم ئايلىق دەم ئېلىش رۇخسىتى ئېلىپ ئاتىسىنىڭ قېشىغا — ياگودنويى يېزىسىغا كەلگەن ئىدى.

خوتۇنى ئولۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان بويتاق بولۇپ قالغان قېرى گېنېرال يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرەتتى. خوتۇنى ئوتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا ۋارشاۋانىڭ يېنىدىكى بىر جايدا ئولگەن ئىدى. كازاك گېنېرالىغا ئېتىلغان ئوق ئۇنىڭ خوتۇ-

نىغا ۋە كوچېرنىغا ① تەگكەن، پوچتىسىنىڭ كوپ يېرىگە ئوق تېگىپ ھوتمە - تۇشۇك قىلىۋەتكەن، ئەمما گېنېرال ساق قالغان ئىدى. شۇ چاغلاردا يېۋگېنىي ئىككى ياشقا كىرگەن ئىدى. شۇندىن كېيىن كوپ ئوتمەي گېنېرال خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، ياگودنويىغا كوچۇپ كەلدى ۋە قاتتىقچىلىقتا ئومۇر ئوتكۇزۇشكە باشلىدى (ئۇنىڭ ساراتوپ ئولكىسىدە تۇت مىڭ پاتمان يېرى بار ئىدى، بۇ يەرنى 1812 - يىلىدىكى ۋەتەن ئۇرۇشىغا قاتناشقان چوڭ بوۋىسى ھەدىيە تەرىقىسىدە ئالغان ئىدى).

چال يېۋگېنىينى ئۇسمۇرلۇك چاغدىلا ھەربى مەكتەپكە بېرىپ، ئوزى ئىگىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى: نەسىلدار ماللارنى باقتى، پادىشالىق ئات فېرمىسىدىن ئات نەسىللەندۇرۇش ئۇچۇن بەيگىگە يارايدىغان يۇگۇرۇك ئايغىرلارنى سېتىۋالدى، بۇلارنى ئەڭ ياخشى ئېنگلىز بايتاللىرىغا ۋە دوندىكى پرووۋالسىك فېرمىسىنىڭ بايتاللىرىغا چاپتۇرۇپ، يېڭى زاتلىق ئاتلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۇردى. خىزمەت ئولۇشىگە تەككەن ۋە پۇلغا سېتىۋالغان يەرلەردە توپ - توپ يىلقىلار ئوتلايتتى، باشقىلارنىڭ ئەمگەك كۇچى ھېساۋىغا ئاشلىق تېرىيتتى، قىش ۋە كۇز كۇنلىرىدە ئاتلارنى ئىشقا سېلىپ بوۋۇ قىلاتتى. ئاندا - ساندا ئاپپاق زالغا كىرىۋېلىپ ھەپتىلەپ ئىچكۇلۇككە بېرىلەتتى. يامان بىر ئاشقازان كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئىدى: دوختۇرلار ئۇنىڭ تاماقنى چايناپ يۇتۇشىنى قاتتىق چەكلەيتتى، تاماقنى چاينايتتى - يۇ، شۇمۇپ، سۇيىنىلا يۇتاتتى، تېرىپىنى كۇمۇش تەخسىگە تۇكۇرۇپ تاشلايتتى، مۇژىك دىخاننىڭ بالىسى — ۋېنىئامىن دېگەن ياش

① كوچېر — پوچتا ھەيدەيدىغان ھارۋىكەش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مالاي دائىم ئالدىدا تەخسە تۇتۇپ تۇراتتى.
ۋېنىئامىن بىر ئاز تەنتەكرەك، قارا مىتۇق يىگىت ئىدى، يۇپ ـ يۇمۇلاق بېشىدىكى چېچى قارا كىگىزگە ئوخشاش پاخماق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ 6 يىلدىن بېرى پان ① لىستىنتىسكىنىڭ ئۆيىدە خىزمەتكارلىق قىلاتتى. دەسلەپكى كۈنلەردە گېنېراللىڭ بېشىدا تۇرۇپ، كۈمۈش تەخسە تۇتۇپ تۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندا خوجايىنىنىڭ چاپاپ تاشلىغان تاماق تۇكرۇگىنى كورگەندە، كوڭلى ئاينىپ ئاران چىدىغان بولسىمۇ، بارا ـ بارا كونۈپ قالدى.
لىستىنتىسكىنىڭ مۈلكىدە ۋېنىئامىندىن باشقا، لۈكېرىيە دىگەن بىر ئاشپەز خوتۇن، ساشكا دىگەن قېرى ئاتباقار، تىخون دىگەن بىر پادىچى ۋە يېقىندا پوچتا ھەيدەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان گىرىگورىي ھەمدەم ئاكسىنىيەلەر بار ئىدى. كوپمىگەن خېمىرگە ئوخشاش خام سېمىز، چوقۇر لۈكېرىيە دەسلەپكى كۈنلەردىن تارتىپلا ئاكسىنىيىنى ئۇچاق بېشىغا يولاتماي قويدى.
— خوجايىن يازدا مەدىكارلارنى يالىلىغاندا سەن تاماق ئېتىپ بېرىسەن، ئەمما ھازىر تاماق پىشۇرۇش ئىشىنى ئوزەم قىلىمەن.
ھەپتىدە ئۈچ قېتىم ئۆينىڭ پوللىرىنى يۇيۇش، توپ ـ توپ ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش، قۇشلار قوراسىنى سۈپۈرۈپ ـ تازىلاش ۋەزىپىسى ئاكسىنىيىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن ئىدى. ئاكسىنىيە ئوز خىزمىتىگە ئەستايىدىل كىرىشتى، ھەممەيلەنگە، جۈملىدىن لۈكېرىيىگە ئوبدان مۇئامىلىدە بولۇشقا تىرىشتى. گىرىگورىي كوپ ۋاقتىنى چوڭ ئات ئېغىلىدا، ئاتباقار

① پان — پولشىدا پومىششىك پان دەپ ئاتىلىدۇ.

ساشكا ئالدىدا ئۈتكۈزەتتى. بىچارە چالىنىڭ چاچ - ساقىلى ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىسمى يەنىلا ساشكا پېتىچە قال- غان ئىدى. ھېچ كىشى، كۆڭلى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنىڭ ئاتى- سىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ چاقىرمايتتى. پەملىسىگە كەل- سەك، ساشكا بۇ يەردە يىگىرمە يىلدىن ئۇشۇق ئىشلىگەن بول- سىمۇ، ئېھتىمال، گېنېرال لىستىنىتسكىنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ياش چېغىدا ساشكا كوچېرلىك قىلاتتى، ئەمما ياشىنىپ، كۈچ بىلەن كۆزدىن قالغاندىن كېيىن ئاتباقارلىققا ئۆتتى. بويى پاكىنەككىنە، چاچ - ساقىلى ئاقارغان (ھەتتا قوللىرىنىڭ يۈڭمۇ ئاق ئىدى)، بالىلىق چېغىدا چوقماق تېگىپ كېتىپ بۇرنى پۇچۇق بولۇپ قالغان بۇ چال كىچىك بالىدەك دائىم كۈلۈپ تۇراتتى، جىيەكلىرى قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى چىمى- چىقلىتىپ توت ئەتراپىغا قارايتتى. لېكىن نۇرانى يۈزىنىڭ ھوسنىنى پەقەت پاناق بۇرنى بىلەن تـوۋەنكى كالپۇكىدىكى تارتۇغى بۇزۇپ تۇراتتى. ئەسكەرلىككە كېتىش ئالدىدا (ساش- كا ئەسلىدە بۇگۇچار دىگەن يەردە تۇغۇلغان موسكال①ئىدى). ھاراقىنىڭ ئورنىغا سـەۋەنلىك بىلەن بىر قاچىدىكى تۇز كىس- لاتاسىنى ئىچىپ قويغان ئىدى؛ كىسلاتا ئاغزىدىن ئېقىپ چۈ- شۈپ، لەۋىنى ئېگىكىگە يېپىشتۇرۇپ قويغان؛ كىسلاتا تەككەن يەر ساقال چىقمايدىغان تـاتۇققا ئايلانغان، گويا ساشكىنىڭ ساقىلىنى قانداقتۇر بىر مەخلۇق ئۈتكۈر زەھەر تىلى بىلەن يا- لىۋالغاندەك قىزىرىپ قالغان ئىدى. سـاشكا تولا چاغلاردا ھاراق ئىچىپ شوخلۇق قىلاتتى، بـۇنداق چـاغـلاردا قورغان ھويلىسىدا ئۆز خان - ئۆز بەگ بولۇۋېلىپ ئۆكتەمي - توكتەمي

① موسكال — چار رۇسىيە زامانىدا ئۇكرايىنا بىلەن بېلورۇسىيە ئاھالىسىنىڭ رۇسلارغا قويغان لەقىمى.

www.uyghurkitap.com

دەسسەپ، دەلدەڭشىپ يۈرەتتى، پان ياتقان ئۆينىڭ دەرىزىسى ئالدىدا تۈرۈۋېلىپ، پۈچۈق بۇرنى ئۈستىدە بارمىقىنى مۇغەمبەرلىك بىلەن ئايلاندۇراتتى.

— نىكولاي ئىلكىسېيىچ!— ھەي ئىلكىسېيىچ!— دەپ قاتتىق ۋە جىددى ۋاقىراپ - جاقىرايتتى.

ئەگەر قېرى پان شۇ دەقىقىدە ئۆيدە بولۇپ قالسا، دەرىزە قېشىغا كېلىپ:

— نەپسىڭگە يەنە ئىچىۋالدىڭمۇ، ئەبلەخ!— دەپ ۋاقىرايتتى.

ساشكا پەسكە چۈشۈپ كېتىۋاتقان شىمىنى ھەدەپ يۇقۇرىغا كۆتىرىپ، كۆز قىساتتى، ھىلىگەرلىك بىلەن كۈلۈمسىرەيتتى. ھىجايغاندا ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، قىسىلىپ تۇرغان سول كۆزىدىن تاكى لىۋىنىڭ ئوڭ بۇرجىكىدىكى قىپ-قىزىل تاتۇققىچە گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتەتتى. تەبەسسۇمى كېلىشمىگەن بولسىمۇ، يېقىملىق ئىدى.

— نىكولاي ئىلكىسېيىچ، ھەيخوجا يىنىم،مەن سىنى ياخشى بىلىمەن!...—ساشكا ئۇزىچە ئۇسۇل ئويناپ كېتەتتى،ئىنچىكە، كىر بارمىقى بىلەن تەھدىت سالاتتى.

— كەت، بېرىپ ئۇخلا،— دەپ كۈلۈپ قوياتتى پان تاماكىدىن پۈتۈنلەي سارغىيىپ كەتكەن بەش بارمىقى بىلەن بۇرۇتىنى تولغاپ.

— ساشكىنى شەيتانمۇ ئالدىيالمايدۇ!— دەپ كۈلەتتى، ساشكا گۈللۈككە يېقىنلىشىپ،— نىكولاي ئىلكىسېيىچ، سەن... سەنمۇ ماڭا ئوخشايسەن، سەن بىلەن ئىككىمىز سۇدىكى بېلىقتەكلا، ئەمما بېلىق سۇنىڭ ئاستىدا، بىز... بىز بولساق خامانىنىڭ ئۈستىدە، سەن بىلەن بىز باي كىشىلەرمىز، مانا

مۇئـداق! ــ ساشكا قوللىرىنى كېرىپ كورەڭلەپ قوياتتى.ــ بىزنى ھەممە كىـشى بىلـىدۇ، دون ۋىلايىتـىدە بىزنى تونۇ-مايدىغان ئادەم يوق. بىز...ــ ساشكىنىڭ ئاۋازى مۇڭلۇق ۋە ياسىماچىقىشقا باشلايتتى. ــ بىز ئىككىمىزنىڭ،جانابى ئالى، ھەممە نىمىمىز ياخشى، پەقەت بۇرنىمىزلا چاتاق!

ــ نىمىشقا؟ ــ دەپ قىزىقسىنغان بولاتتى پان، ئەمما كۆلكىسىنى توختىتالماي ساقال - بۇرۇتىنى تىترىتىۋېتەتتى.

ــ ھاراقىنى كوپ ئىچىمىز - دە! ــ دەپ جاۋاپ بې-رەتتى ساشكا سوزىنى دانىمۇ - دانە قىلىپ؛ئۇ ھەدەپ كوزى-نى قىسىپ قوياتتى، لىۋىدىكى قىپ - قىزىل تاتۇغىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان شالىنى تىلى بىلەن يالايتتى. ــ سەن مىكولاي لېكسېيىچ، ئەمدى ئىچمىگىن، ئۇنداق بولمىغاندا، ھەر ئىككى-مىز تۆگىشىپ كېتىمىز! بار - يوقىمىزنى ئىچكىلىككە پاپ - پاكىز سېلىپ بېرىمىز!...

ــ ماڭ، مانا مۇنۇنى ئېلىپ، پاخىپل قىل!①.

پان دەرىزىدىن بىر دانە يىگىرمە تىيىنلىق تەڭگە تاشلاپ بېرەتتى، ساشكا ئۇنى يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇۋېلىپ، شەپكىسىنىڭ ئەسترىگە تىقىپ قوياتتى.

ــ خەير - خوش، گېنېرال، ــ دەپ بىر ئۇھ تارتاتتى ساشكا كېتىۋېتىپ.

ــ ئاتلارنى سۇغۇردىڭمۇ؟ ــ دەپ سوراپ قوياتتى پان كۈلۈپ.

ــ ۋاي تازەي! ۋاي ئىتنىڭ بالىسى! ــ ساشكا قىزى-رىپ بوغۇق ئـاۋاز بىلەن ۋاقىرايتتى، غەزىۋى ئورلەپ بەز-

① پاخىپل قىلىش ــ باش ئاغرىغىنى ساقايتىش ئۈچۈن ئازراق ھاراق ئىچىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گەكتەك تىترەپ كېتەتتى. — ساشكا ئات سۇغۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالسۇنمۇ؟ مەنىمۇ؟ ئۇلۇۋاتقان بولسامىمۇ، ئومىلەپ بېرىپ، ئاتلارغا چىلەكتە سۇ تۇتارمەنا! ئۇنىڭ قىلىۋاتقان گېپىنى قاراڭ!... تېخى ئادەم بولۇپ قاپتۇ ئۇ!...

ساشكا ئورۇنسىز گەپلەردىن ئەلەم چەككەندەك بولۇپ، مۇشتىنى تەڭلەپ قوياتتى - دە، تىللاپ - تىللاپ كېتىپ قالاتتى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلاتتى: مەيلى ئىچكىلىككە بېرىلسىمۇ، پانىغا قوپال گەپلەرنى قىلسىمۇ، ھېچقايسىسىنىڭ كارى بولمايتتى، چۈنكى ئات بېقىشتا ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ئادەم يوق ئىدى. ساشكا قىش ۋە ياز ئات ئېغىلىدىكى بىر بوش ئۆيدە ياتاتتى؛ ھېچكىم ئاتقا ئۇنىڭدەك ياخشى قارىيالمايتتى؛ ئۇ ھەم ئاتباقارلىق، ھەم ئات دوختۇرلۇق قىلاتتى؛ ئەتىياز كېلىشى بىلەنلا، ماي ئېيىدا چېچەك ئاچقان ئوت - چۆپلەرنى يۇلۇپ كېلەتتى، دالىدىن، قۇرغاق ۋە زەي دۆڭلۈكلەردىن شىپا بولىدىغان دەرەخ يىلتىزلىرىنى كولاپ تاپاتتى. ئات ئېغىلى تېمىنىڭ ئېگىز يەرلىرىدە قۇرۇتۇلغان خىلمۇ - خىل ئوتلار: ئىسسىقى ئېشىشقا قارشى — يەر مەدىگى؛ يىلان چاققانغا — يىلان ئوت؛ پۇت يارىسىغا — ئات قۇلاق؛ زورۇققانغا — تالنىڭ يىلتىزلىرى يىپىدا ئۇسىدىغان پاكار ئاقگىيا ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش ئات كېسىلىگە داۋا بولىدىغان نۇرغۇن نامەلۇم دورا ئۆسۈملۈكلەر ئېسىقلىق تۇراتتى.

ئات ئېغىلىدا، ساشكا ياتىدىغان ئۆيدە قىش ۋە ياز ئومۇچۇك تورىدەك ئېسىلىپ تۇرغان نازۇك ۋە خۇشپۇراق دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ھىدى دىماققا ئۇرۇلاتتى. تاختاي كارۋاتنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان

ئوت - چوپ تاشتەك قېتىپ كەتكەن؛ ئۈستىگە يوپۇق تاشلاپ قويۇلغان؛ ئاتنىڭ تەرى سىڭىپ كەتكەن چەكمەنمۇ شۇ كار- ۋاتنىڭ ئۈستىدە ئىدى. ساشكىنىڭ شۇ چەكمىنى بىلەن كالتا جۇۋىسىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىدى.

لەۋلىرى قېلىن، تېنى ساغلام، ئوزى دوترەك ئىخون دې- گەن كازاك لۇكېرىيە بىلەن بىللە تۇراتتى ۋە يوشۇرۇنچە ئۇنى ساشكىدىن كۈنلەيتتى. ئۇ، ئايدا بىر قېتىم ساشكىنىڭ ياغلىشىپ كەتكەن كوينىكىنىڭ تۈگمىسىدىن تۇتۇۋېلىپ، تام- نىڭ ئارقىسىغا سۆرەيتتى.

— قېرى، سەن مېنىڭ خوتۇنۇمغا كۆزۈڭنى تىكمە!

— شۇنداق دېگىن ...: — ساشكا كۆزىنى مەنىلىك قىلىپ قىسىپ قوياتتى.

— بۇ يولۇڭدىن يان، بوۋاي! — دەيتتى ئىخون.

— مەن چوقۇر ئاياللارنى ياخشى كۆرىمەن، بۇرادەر. ماڭا ھاراق بەرمە. ئەمما چوقۇر بولسا ئەكىلىۋەر، قانچىلىك چوقۇر بولسا، شۇنچە ياخشى كۆرىمەن.

— سېنىڭ يېشىڭدىكى ئادەمگە بۇنداق ئىش ئۇيات ھەم گۇنا بولىدۇ، قېرى... ئېخ، سەن تېخى تىۋىپ، تېخى ئاتىنى داۋالارمىشسەن، دۇئا ئوقۇشنى بىلەرمىشسەن...

— ھەممە نەرسىگە تىۋىپلىق قىلالايمەن، — دەپ قات- تىق تۇراتتى ساشكا.

بۇ يولدىن قايت، قېرى! بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ.

— مەن، بۇرادەر، ئاشۇ لۇكېرىيىنى قولغا كىرگۈزىمەن. سەن ئۇ مۇتىھەمدىن ئالاقەڭنى ئۈز! ئۇ خۇددى ئۈزۈمدىن ياسالغان سامىسىغا ئوخشايدۇ. پەقەت ئۈزۈمنى قوشقاچ چۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىپ كېتىپتۇ، شۇڭا چوقۇر كۆرۈنىدۇ، مەن بۇنداقلارنى ياخشى كۆرىمەن.

— مە، ئال... ئەمما قارىغنى كۆرسەتكۈچى بولما، ئۇنداق بولمىسا، ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — دەيتتى تىخون خۇرسەنغان هالدا ھەميانىدىن بىر نەچچە تىيىن پۇلنى ئېلىپ.

ھەر ئايدا ئەھۋال ئەنە شۇنداق ئىدى.

ياگودنويىدىكىلەر ئۆگدەپ قالغان پاشا - چىۋىنلەردەك مىدىردىشىپ ھايات كەچۈرەتتى. يولۇچىلار كۆپ بولىدىغان چوڭ يوللاردىن يىراقتا قالغان، سۇ چىقمايدىغان يەرگە جايلاشقان بۇ قاقاس قورغان كۆز كېلىش بىلەنلا ئەتراپىدىكى يېزا بازارلىرى ۋە يېزىلار بىلەن قاتناش ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قوياتتى. قىش كەلگەندە قارا ئورماندا قىشلاپ قالغان بۆرىلەر كېچىلىرى بوستانلىقتا تۇتاشقان قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، تىنماي ھۇلاپ، ئاتلارنى قورقۇتاتتى. تىخون خوجايىنىنىڭ قوش ئاتار مىلتىقىنى ئېلىپ بورە ئېتىش ئۈچۈن بوستانلىققا چىقاتتى، سېمىز، دىقماققىنە لۇكېرىيە بولسا، چوڭقۇر يۈزىدىكى ماي باسقان ئىككى كۆزىنى قاراڭغۇلۇققا تىككەن پېتى ئۈنچىقماي ئۇق تاۋۇشىنى كۈتەتتى. بۇ چاغدا بەدبەشەرە، پاينەك باش تىخون ئۇنىڭغا چىرايلىق، ئىنتايىن باتۇر يىگىت بولۇپ كۆرۈنەتتى، ھۇجرىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، هور بىلەن بىللە تىخون كىرىپ كەلگەندە، ئۇ دەرھال بىر ياققا سۈرۈلۈپ كارىۋاتتىن ئورۇن بېرەتتى - دە، شېرىن گەپلەرنى قىلىپ، توڭلاپ كەتكەن ياتاقدىشىنى قۇچاقلايتتى.

يازدا ياگودنويىدا ئىشچىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى تاكى يېرىم كېچىگىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ياز 40 پاتمان يەرگە ھەر خىل ئاشلىق تېرىيتتى، ئاشلىق پىشقانىدا مەدىكار سې-

لىپ، ئۇرۇپ يىغلىۋالاتتى. ياز كۈنلىرى يېۋگېنىي ناگان-ناگاندا قورغانغا كېلەتتى، باغ ۋە بوستانلىقنى ئايلىنىپ دەرھاللا زېرىكەتتى، ھەر كۈنى ئەتىگەن كولگە قارماق سېلىپ بېلىق تۇتۇش بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزەتتى، يېۋگېنىي ئوتتۇرا بويلۇق، كوكرەكلىك يىگىت ئىدى. چاچلىرىنى كازاكچىسىغا ئۆستۈرۈپ، ئوڭ تەرەپكە تاراپ قويياتتى. ئۇفىتسېرلىق كىيىمى قەددىنى چاققان قىلىپ كورسىتەتتى.

گىرىگورىي ئاكسىنىيە بىلەن بىللە قورغانغا كوچۈپ كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردىن تارتىپلا ياش خوجايىنىنىڭ ئالدىغا پات-پات كىرىپ تۇراتتى. خىزمەتكارلار تۇرىدىغان ئويگە ۋېنىئامىن كىرىپ، پاقماق بېشىنى ئىڭىشتۈرۈپ كۈلۈپ:

— يۈگۈر، گىرىگورىي، ياش پان سېنى چاقىرىۋاتىدۇ، دەيتتى.

گىرىگورىي كىرىپ، ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختايتتى. يېۋگېنىي نىكولايېۋىچ شالاڭ چىشلىرىنى كورسىتىپ ھىجىياتتى، قولى بىلەن ئورۇندۇقنى كورسىتىپ:

— ئولتۇر، — دەيتتى.

گىرىگورىي ئورۇندۇقنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئولتۇراتتى.

— قانداق، بىزنىڭ ئاتلار ساڭا ياقامدۇ؟

— ناھايىتى ياخشى ئاتلار ئىكەن، بولۇپمۇ كوك بوز ئات ناھايىتى ياخشى.

— سەن ئۇنى پات-پات مىنىپ تۇر، ئەمما بەك چاپتۇرما. (

— ساشكا بوۋاي ماڭا ئۇنى ئېيتقان.

— ھېلىقى كۈچلۈكرەك بىرسى قانداق؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— تورۇقنى دەمسىز؟ باھاسىز ئات. تۇيىغى ئۇپراپ كېتىپتۇ، باشقىدىن تاقىلىتىش كېرەك.

ياش پان ئوتكۇر كوك كوزلىرىنى قىسىپ‌پەنە سورىدى:

— ماي ئېيىدا سەن لاگىرغا بارىسەنغۇ؟

— شۇنداق.

— مەن ئاتامان بىلەن سوزلىشەي، سەن بارمىساڭمۇ بولىدۇ.

— كوپ مىننەتدارلىق بىلدۇرىمەن.

ھەر ئىككىسى ئۇنچۇقىشمايتتى. يۇز بېشى مۇندىرىنىڭ ياقىسىنىڭ تۇگمىسىنى يېشىپ، ئايالالارنىڭكىدەك ئاپپاق‌كوك رىڭىنى قاشلايتتى.

— قانداق، ئاكىسىنىيىنى ئېرى ئېلىپ كېتىشتىن قورقمامسەن؟

— ئېلىپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭدىن ئاللىقاچان ۋاز كەچكەن.

— ساڭا كىم شۇنداق دىدى؟

— يېزا بازىرىغا تاقا مىقى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بارغىنىمدا بىر يېزىلىق كىشى بىلەن كورۇشۇپ قالدىم. ستېپان ھاراقتىن ئورە كېلەلمەيدۇ، دىدى. «ماڭا ئاكسىيوتكا ئەمدى بىر تىيىنگە ئەرزىمەيدۇ، مەيلى يېرۋۇەرسۇن، مەن ئۇزەمگە يا خشىراغىنى تېپىۋالىمەن» دىگەنمىش.

— ئاكسىنيە — چىرايلىق ئايال، — دىدى يۇز بېشى گىرىگورىينىڭ كوزلىرىگە ئويچانلىق بىلەن قاراپ. ئۇ سىرلىق بىر كۇلۇپ قويدى.

— يامان ئايال ئەمەس، — دىدى گىرىگورىي قوشۇلغان بولۇپ، ئەمما دەرھال قاپىغىنى تۇردى.

يېۋگېنىينىڭ دەم ئېلىش ۋاقتى توشاي دەپ قالغان ئىدى. ئۇ ئەمدى قولىنى تاڭماستىن بىمالال يۇرەتتى. چەينىگىنى پۈكمەستىن قولىنى كۆتىرەلەيتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ گىرىگورىينىڭ ھۇجرىسىغا پات ـ پات كىرىدىغان بولۇپ قالدى. ئاكسىنىيە زەيلىشىپ كۆكىرىپ كەتكەن بۇ گەمە ئۆينى ئاپپاق قىلىپ ئاقلىغان ئىدى، دەرىزە قاپقاقلىرىنى تازىلاپ يۇغان، يەرگە ياتقۇزۇلغان خىشلىرىنى پاكىز سۈرتۈپ چىققان ئىدى. بۇ قۇپ ـ قۇرۇق ھۇجرا ئايال كىشىنىڭ قولى تەككەندىن كېيىن ئالايتەن ئېچىلىپ كۆڭۈللۈك بولۇپ قالغان ئىدى. يۈز بېشى كۆك موۋۇت تاشلىق كالتا جۇۋىسىنى يەلكىسىگە تاشلاپ، خىزمەتكارلار ئۆيىگە كېلەتتى. ئەتەي گىرىگورىي ئاتئېغىلىدا ئىش بىلەن بەنت بولغان پۇرسەتنى تاللايتتى. ئاۋال ئاشخانىغا كىرىپ لۇكېرىيە بىلەن چاقچاقلىشاتتى. ئۇ يەردىن چىقىپ، بۇيانقى يېرىم ئېغىز ئۆيگە بۇرۇلاتتى. ئۇ گەمە ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى، بېشىنى ئېگىشتۇرۇپ، ئىزا تارتماستىن ئاكسىنىيەنىڭ يۈزىگە قاراپ ھىجىياتتى. ئاكسىنىيە ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قوياتتى، پايىپاق توقۇۋاتقان بىگىزلىرى قولىدا تىترەپ كېتەتتى.

ــ قانداق ئەھۋالىڭ، ئاكسىنيۇشكا؟ ــ دەپ سورايتتى يۈز بېشى، ھوجرىنى كۆپ ـ كۆك پاپىروس تۈتۈنىگە تولدۇرۇپ.

ــ يامان ئەمەس، رەھمەت.

ئاكسىنيە كۆزلىرىنى يۇقۇرى كۆتىرىپ، يۈز بېشىنىڭ يامان نىيەت بىلەن تىكىلگەن ئۆتكۈر كۆزلىرىنى كۆرۈپ، قىپ ـ قىزىل بولۇپ كېتەتتى. يېۋگېنىي نىكولايېۋىچنىڭ پاقىراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىنى ئادرېسى

تۇرغان ھايانسىز كۆزلىرىگە كۆزى چۈشكەندە يۈرىكى سىقىلىپ بوغۇلۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ تۇتۇرۇقسىز ھەر قىسما سوئاللىرىغا پايمۇ - پاي جاۋاپ بېرەتتى ۋە بىر ئىلاج قىلىپ تېز چىقىپ كېتىشكە ئۇمتىلەتتى.

— مەن چىقاي، ئۆدەكلەرگە دان چاچىسام بولمايدۇ.

— ئولتۇر، ئۇلگۇرسەن تېخى، — دەپ ھېجىياتتى يۈز بېشى، تار شىم ئىچىدە پۇتلىرى تىترەيتتى.

ئۇ، ئاكسىنىيىنىڭ ئىلگىرىكى تۇرمۇشى توغرىلىق ئۇ-زاق گەپ سورايتتى. دادىسىنىڭكىگە ئوخشاش يوغان ئاۋازىنى ھەر مۇقامغا سېلىپ يورغىلىتاتتى، بۇلاق سۈيىدەك تىنىق كۆزلىرىنى ئوينىتاتتى.

گىرىگورىي ئىشىنى تۈگىتىپ گەمە ئۆيگە قايتىپ كىرمەلەتتى. يۈز بېشى باياتىنقى چاقناپ تۇرغان قاراشلىرىنى دەرھال ئۆزگەرتەتتى - دە، ئۇنىڭغا پاپىروس تۇتۇپ، چىقىپ كېتەتتى.

— ئۇ بۇ يەردە نېمە دەپ ئولتۇردى؟ — دەپ ئاستا سورايتتى گىرىگورىي ئاكسىنىيىنىڭ يۈزىگە قارىماستىن.

— مەن نەدىن بىلىمەن؟ — ئاكسىنىيە يۈز بېشىنىڭ قاراشلىرىنى ئېسىگە چۈشۈرۈپ، ياسىما ھالدا كۈلەتتى. — ئۇ-زى كەلدى، مانا مەيەردە ئولتۇردى، گىرىشىنىكا، مانا قارا، مۇنداق قىلىپ ئولتۇرۇۋالدى، — ئۇ يۈز بېشىنىڭ دۈمچەك ئادەمدەك مۈكچىيىپ ئولتۇرغانلىقىنى كورسىتەتتى، — ئولتۇرىدۇ يەنە ئولتۇرىدۇ، بۇنى كورۇپ قۇسقۇم كېلىپ كەتتى، تېزى ئۇچلۇق قوزۇقتەكلا.

— ياكى ئۇنى ئوزەڭ ئىملاپ چاقىردىڭمۇ؟ — دەيتتى گىرىگورىي ئاچچىقى بىلەن كوزلىرىنى چىمىلدىتىپ.

— ماڭا ئۇ نېمىگە لازىم بولۇپ قاپتۇ؟
— كوزۇڭگە قاراپ يىۇر، ئۇنىداق بىولمىغانىدا، مەن ئۇنى قاچاندا بولمىسۇن پەلەمپەيدىن يۇمۇلتىۋېتىمەن.

ئاكسىنىيە تەبەسسۇم قىلىپ، گىرىگورىيغا قارايتتى، ئۇ بۇ سوزنى راستىنلا دەۋاتامدۇ ياكى چاقچاق قىلىۋاتامدۇ، چۈشەنمەيتتى.

## 15

روزىنىڭ توتىنچى ھەپتىسىدە قىشمۇ يان بېرىشكە باشلىدى. دوننىڭ قىرغاقلىرىدىكى مۇزلار ئېرىپ پوپۇكتەك ئېسىلىپ قالدى، مۇزلار ئېرىگەنسېرى ئوتمە توشۇك بولۇپ توپىگە كوتىرىلىشكە باشلايتتى. كەچقۇرۇنلىرى تاغدىن غۇۋۇلىدىغان ئاۋاز چىقاتتى، قېرىلارنىڭ گېپىگە قارىغاندا — بۇ سوغاق بولۇشنىڭ ئالامىتى ئىدى، ئەمما ئەمىلىيەتتە — كۇندىن - كۇنگە ھاۋا ئىللىۋاتاتتى. ئەتىگەندە يەر مۇز قاتاتتى، ئەمما چۈش بولغاندا يەر ئېرىپ، مارت ھاۋاسى دىماققا ئۇرۇلاتتى،سوغاقتا ئۇششىگەن گىلاس دەرىخىنىڭ قوۋزىغى ۋە پاختىلاشقان سامانىنىڭ پۇرىغى پۇراپ تۇراتتى.

مىرون گىرىگورىيېۋىچ ئاستا - ئاستا يەرگە قوش سېلىشنىڭ تەييارلىغىنى كورەتتى؛ ئۇ كۇنبويى لاپاس ئاستىدا پالاقلاپ، تىرنىغا چىش تەييارلايتتى، گېتكوبىلەن بىللە يېڭى چاق چەمبىرى ياسىدى. گىرىشاكا بوۋا توت ھەپتىدىن بۇيان روزا تۇتاتتى. ئۇ چېركاۋدىن ئويىگە سوغاقتىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆكىرىپ كېلەتتى ـ دە، كېلىنىگە شىكايەت قىلاتتى:

— پوپ مېنى راسا تويدۇردى، هارامزادە نانقېپى... سوزىدۇ، سوزىدۇ... خۇددى تۇخۇمچىنىڭ هارۋىسىدەك ئىنجىقلايدۇ، بۇ پوپ ئەمەس — بىر بالا ـ قازا!

— سىز، دادا، سىز روزىنى مۇقەددەس هەپتىدە تۇتسىڭىزمۇ بولاتتى، ئاغىچە كۆنمۇ ئىللىپ ئىسسىپ قالاتتى.

— ماڭا ناتاشكىنى چاقىرىپ بەرسەڭچۇ، قېلىنراق پايپاق توقۇپ بەرسۇن، بۇنداق تاپىنى يۇققا پايپاقتا ئادەم تۇگۇل بورىمۇ سوغاققا چىدىمايدۇ.

ناتالىيە ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆزىنى خۇددى مۇساپىر كىشىدەك سېزىپ، ئوششۇقچە ئادەمدەك سىقىلىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى؛ ئۇنىڭغا گويا گىرىگورىي قايتىپ كېلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى، بۇنىڭغا كۆڭلىدە ئىشەنمىسىمۇ، ئۈمىدىنى ئۈزەلمەي، هامان ئۇنى كۈتەتتى؛ كېچىلىرى هەسرەت ـ ئەلەم ئوتىدا كۆيەتتى، هېچبىر گۇناسى يوق ئاياق ئاستى قىلىنىپ ۋەيران بولغىنىغا يىغلايتتى. بۇ ئازلىق قىلغاندەك، ئۇنىڭغا بىر پالاكەت يېپىشتى؛ ناتالىيە ئەمدى كېچىلىرى تاڭئاتقىچە ئوز هۇجرىسىدا ئۇخلىيالمايتتى، ئۇنى قاتتىق ۋەهىمە بېسىپ، خۇددى ئوق يېگەن ياۋا قۇشتەك تولغىنىپ چىقاتتى. هەدىسى كەلگەن دەسلەپكى كۈندىن تارتىپلا مىتكا ئۇنىڭغا باشقىچە كوز بىلەن قاراشقا باشلىدى: بىر كۈنى مىتكا دەهلىزدە ناتالىيە بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ توغرىدىن ـ توغرا:

— گىرىشكىنى سېغىنىۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— بۇنىڭ بىلەن سېنىڭ نېمە كارىڭ؟

— دەردىڭگە دەرمان بولسام دەيمەن.

ناتالىيە ئۇنىڭ كوزىگە بىر قاراپلا نى

يېتىشىنى بىلدى - دە، قورقۇپ كەتتى، مىتكا مۈشۈك-
تەك كۆپ - كۆك كۆزلىرىنى ئوينىتاتتى، قاراڭغۇلۇقتا كۆز
قارچۇقلىرى پاللىدىرلايتتى. ناتالىيە شارتتىدە ئىشىكنى ئې-
چىپ، كىرىشكىلا بوۋا تۇرىدىغان يان ئۆيگە كىرىپ كەتتى ۋە
خېلى ۋاقىتقىچە يۈرىكىنىڭ ۋەھىمىلىك سوقۇشىغا قۇلاق سې-
لىپ تۇردى. شۇ ۋەقەنىڭ ئىككىنچى كۈنى - مىتكا ھويلىدا
ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى؛ مىتكا ماللارغا ئوت - چۆپ سېلىۋات-
قان ئىدى؛ ئۇنىڭ ھورپەيگەن چاچلىرىغا، بېشىدىكى تېرە
پاپاخقا كۆپ - كۆك ئوت ئېلىنىپ قالغان ئىدى. ناتالىيە
چوشقىنىڭ ئوقۇرىغا كېلىۋاتقان ئىتلارنى قوغلايتتى.
— قاپىغىڭنى يامان قىلما، ناتاشكا...
— ھازىر دادامنى چاقىرىمەن! — دەپ ۋاقىرىدى نا-
تالىيە قولى بىلەن يۈزىنى توساپ.
— ساراڭ بولۇپ قېلىپسەن!
— كەت، لەنىتى!
— ھە، نېمىگە ۋاقىراپسەن؟
— كەت دەيمەن، مىتكا! ھازىر دادامغا بېرىپ ئېيتى-
مەن! ... ماڭا قايسى يۈزۈڭ بىلەن قارىيالايسەن؟ ھەي
ۋىجدانسىز! نېمىشقا سېنى يەر يۇتمايدىغاندۇ!
— مېنى يەر يۇتمايدۇ، مانا كۆتىرىپ تۇرۇۋۇپتىغۇ، —
مىتكا سۆزىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۆتۈكى بىلەن يەرنى تەپتى
ۋە بېقىنىنى قولى بىلەن تىرەپ تۇردى.
— ماڭا يېقىنلاشما، مىتىرى!
— ھازىر يېقىنلاشمايمەن، كېچىسى كېلىمەن، خۇدا
تۇرۇۋۇپتۇ، كېلىمەن.
ناتالىيە بەزگەكتەك تىترەپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

كەچقۇرۇن ساندۇقنىڭ ئۈستىگە ئورۇن سالدى، سىڭلىسىنى يېنىدا بىللە ياتقۇزدى. كېچىدە ئۇخلىيالماي، ئۇياندىن بۇيانغا ئۆرۈلەتتى. ئوتتەك يانغان كۆزلىرىنى قاراڭغۇلۇققا تىكەتتى. ئۇ تىرىق قىلغان ئاۋازنى كۈتۈپ، ئۆينى بېشىغا كېيىپ دات - پەريات كۆتىرىشكە تەييار بولۇپ تۇراتتى. ئەمما تامنىڭ ئارقىسىدا ياتقان گىرىشاكا بوۋىنىڭ خورىگى بىلەن ئۆز يېنىدا ياتقان سىڭلىسىنىڭ پىشىلدىشىلا تىنچلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.

ئىلگىرى ساۋچى بولۇش سەۋىۋى بىلەن بىر قېتىم شەرمەندىسى چىققان مىتكا ئۇزاقتىن بۇيان ئەلەم چېكىپ، قاپىغىنى سېلىپ يۈرەتتى. كەچ كىرىش بىلەنلا ئۇ سەيلىگاھقا كېتىپ، تولا چاغلاردا ئۆيگە بەك كەچ قايتاتتى، كۆپىنچە تاڭ ئاتار چاغدا قايتىپ كېلەتتى، ئەرسىز ئويۇنچى خوتۇنلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرەتتى، ستېپانىنىڭكىگە بېرىپ قارتتا يېڭىرمەبىر ئوينايتتى. مىرون گىرىگورىيېۋىچ خېلى ۋاقىتقىچە ئۈندىمەي، ئۇنىڭغا كۆز سېلىپ يۈرەتتى.

پاسخا بايرىمىدىن سەل ئىلگىرى بىر كۈنى ناتالىيە موخوپنىڭ ماگىزىنى ئالدىدا پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. قېيناتىسى ناتالىيىنى قىچقاردى.

— بىردەم توختاپ تۇر، ناتالىيە.

ناتالىيە توختىدى. قېيناتىسىنىڭ گىرىگورىينىڭكىگە ئوخشايدىغان يۈزىنى، قىرلىق بۇرنىنى كۆرگەندە كۆڭلى بۇزۇلۇپ كەتتى.

— بىزدەك قېرىلارغا نېمىشقا قارىماي قويدۇڭ؟ — چال ناتالىيە ئالدىدا ئەيىپدار بولغان ئادەمدەك خىجىللىق بىلەن كۆزلىرىنى يۈگۈرتۈپ گەپ باشلىدى. — موماي ئىبۇ

يىرده سىنى بەك سېغىندى: سىنىقاندا ق ئوتتۇۋاتقاندۇ، دەپ ئەنسىرىدى ... خوش، تۇرمۇشۇڭ قانداق ئۆتتۈۋاتىدۇ؟

ئۇزىچە خىجالەت بولغان ناتالىيە، ئۇزىنى ئوڭشاپ:

— رەھمەت... — دىدى دۇدۇقۇپ كېتىپ (دادا دىمەكچى ئىدى)، ئۇيۇلۇپ، ئاراڭلا: — پانتېلىي پروكوفىيېۋىچ، — دەپ سالدى.

— نىمىشقا بىزنىڭكىگە بارمايسەن؟

— ئۇي ئىشلىرى بىلەن بولـۇپ، ۋاقـتىم يـەتمىدى ... ئىش كوپ.

— بىزنىڭ گىرىشكـا دىگەن نىمە، هـەي!... — چـال قايغۇ بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى، — بىزنى داغدا قويۇپ كەتـتى، ياش ئولگۇر...

ناتالىيە تىترىگەن ئاۋاز بىلەن:

— نىمەئىلاجىمىز بار، دادا... تەقدىر شۇنداق تۇرسا، — دىدى.

پانتېلىي پروكوفىيېۋىچ ناتالىيىنىڭ لىققىدە ياشقا تولغان كوزلىرىگە قاراپ، كوڭلى بۇزۇلۇپ، گاڭگىراپ قالـدى. ناتالىيىنىڭ لەۋلىرى تىترەيتتى، كوز ياشلىرىنى تەسـلىكتە توختىتىپ تۇراتتى.

— خەير ـ خوش، قوزىچىغىم!... سەن ئۇنى دەپ قايـغۇرما، ئـۇ ئىتنىڭ بالىسى سىنىڭ تىرنىغىڭغا ئـەرزىمەيـدۇ. ئۇ، بەلكى قايتىپ كېلەر، ئۇنى بىر كورسەملا ئەدىۋىنى بىرەتتىم.

ناتالىيە بويىنىنى قىسىپ، تـاياق يـىگەن ئـادەمدەك كېتىپ قالدى. پانتېلىي پروكوفىيېۋىچ چىپىشقا تەييارلىنىپ تۇرغان ئاتتەك، ئۇزۇنغىچە بىر جـايدا دەپسىنىپ تـۇردى.

ناتالىيە دۇقمۇشقا يەتكەندە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىدى؛ قېيناتىسى ھاسىغا تايىنىپ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن ئاقساقلاپ كېتىپ باراتتى.

## 16

شتوكماننىڭ ئۆيىگە كىشىلەر كەمرەك كېلىدىغان بولۇپ قالدى. باھار يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. يېزىدىكىلەر ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرىغا تەييارلىنىۋاتاتتى؛ شۇڭا پەقەت تۈگمەندىن ۋەلىت بىلەن داۋىدكا ۋە ماشىنىست ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ كېلىپ تۇرۇشاتتى، روزىنىڭ بىر پەيشەنبە كۈنى ئۇلار كەچكە يېقىن ئىشخانىغا يىغىلىشتى. شتوكمان دەستىگاھدا يېرىم سوملۇق تەڭگىدىن ياسالغان ئۈزۈكنى ئىگەكلەپ ئولتۇراتتى. دەرىزىگە پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشنىڭ شوئىلىسى تال - تال بولۇپ چۈشۈپ تۇراتتى. توت بۇرجەك ئەينەكتىن پولغا ساغۇچ قىزىل نۇر چۈشكەن ئىدى. ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ قولىدىكى ئامبۇرنى ئويناپ ئولتۇراتتى.

— يېقىندا خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، پورشېن توغرىلىق سوزلەشتىم. پورشېننى مىللېرووۋغا ئاپىرىش كېرەك، شۇ يەردە بىر نىمە قىلىشىمىسا، بىزنىڭ قولىمىزدىن نىمە كېلەتتى؟ شۇنچە يېرىگە دەز كېتىپتۇ، — ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ چىمچىلىغى بىلەن چاك كەتكەن يەرنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىرسىگە كورسەتكەن بولدى.

شتوكمان نـازۇك كۆمۈش ئۈزۈكنىڭ ئېكەكلەنگەن يېـ رىنى قولى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ:

ــ ئۇ يەردە ئىهتىمال، زاۋۇت بار ئوخشايدۇ - ھە؟ــ دەپ سورىدى.

ــ مارتىن زاۋۇدى بـار. بـۇلتۇر بىر ئىش بىلەن ئـۇ يەرگە بارغان ئىدىم.

ــ ئىشچىلار كوپمۇ؟

ــ خېلى بار، توت يۈزگە يېتىدۇ.

ــ خوش، ئۇلار قـانداقراق؟ ــ شتوكمان ئىشلەۋېتىپ، بېشىنى سىلكىتەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن سوزلىرى گـاچىنىڭكىدەك بولۇنۇپ - بولۇنۇپ چىقاتتى.

ــ ئەسلى تۇرمۇش شۇلارنىڭ ئىكەن... ئۇلارنى ھىچبىر پۈرولېتار دىگىلى بولمايدۇ، شۇنداق بىر... مالغا ئوخشايدىـ غان ئادەملەر.

ــ نىمىشقا شـۇنـداق؟ ــ دەپ قىزىقتـى شتوكماننىڭ يېنىدا چولاق بـارمـاقلىرىنى تىزىنىڭ ئـاستىدا كىرىشتۈرۈپ ئولتۇرغان ۋەلىت.

چاچلىرىغا ئـۇن تـوزۇپ، ئـاپپاق ئـاقىرىپ كـەتكەن تـۇگمەن ئىشچىسى داۋىدكا دۇكـانـىنىڭ ئىچىدە ئـۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، چورۇغى بىلەن ياغاچ قىرىندىلىرىنى چېچىپ، قۇپ - قۇرۇق، خۇشبوي تارشالارنىڭ شىتىلدىشىغا كـۇلۇمسـ رەپ قۇلاق سالاتتى. ئـۇ خىيالىدا ئوزىنى غازاڭ توكۇلگەن مەھەلدە ئالتۇن ياپراقلار تولغان سايدا كېتىۋاتقاندەك ھىس قىلاتتى، خـۇددى يۇمشاق يـاپراقلار دەسسىلىپ، ئاستىدىكى نەم تۇپراق لومشىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ــ بۇنىڭ سەۋەبى شـۇكى، ئـۇلارنىڭ ھـەممىسى توق

تۇرمۇشتا. ھەرقايسىسىنىڭ ئولتۇرىدىغان ئۆيى بار، ئۆز خوتۇنى، ئۆزىگە چۈشلۇق ھوزۇر - ھالاۋىتى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېرىمىدىن كۆپرەكى باپتىست① مەزھىپىدە. زاۋۇتنىڭ خوجايىنىنىڭ ئۆزى شۇ مەزھەپنىڭ پېشۋاسى، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە بىر - بىرىنى قوللايدۇ - دە، ئەمما ھەر ئىككى تەرەپ ئىپلاس ئادەملەر: قىرغۇچ بىلەن قىرساڭ كىرى چىقمايدۇ.

— ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ، باپتىست دېگىنىڭ قانداق ئادەملەر؟ — دەپ سورىدى داۋىدكا يات سۆزنى تۇتۇۋېلىپ.

— باپتىستلارمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئېتىقادى باشقىچىراق. پولىپونلارغا② ئوخشاش ئادەملەر.

— ھەرقانداق تەنتەك ئۆز بىلگىنىنى قىلىدۇ، دېگەن راست ئىكەن، — دەپ قوشۇپ قويدى ۋەلىت.

— شۇنداق قىلىپ، سېرگېي پلاتونوۋىچنىڭ ئالدىغا كىرسەم، — دېدى ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ بايا باشلىغان ھېكايىسىنى داۋام ئەتتۈرۈپ، — ئاتېيىن — سا - سامۇ شۇ يەردە ئىكەن، «ئالدىرىما، دەھلىزدە كۈتۈپ تۇر» — دېدى. ئولتۇرۇپ، كۈتۈپ تۇردۇم. ئىشىكنىڭ يوچۇغىدىن ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قالدىم. خوجايىن ئاتېيىنغا شۇنداق دېدى: پات ئارىدا نېمىسلار بىلەن ئۇرۇش باشلىنارمىش، مەن كىتابتىن ئوقۇپ بىلدىم؛ سا - سا نېمە دېدى، بىلەمسەن؟ ئۇ: «بىكار گەپ، ئۇرۇش بولىدۇ دېگىنىڭىزگە مەن ھەرگىز قوشۇلالماي-

---

① باپتىست — خىرىستىيان دىنىنىڭ يېڭى بىر مەزھىپى.

② پولىپونلار — كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنى ياقلىغۇچىلارنىڭ
لە قىسمى.

مەن» دىدى،— ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ ئاتېپىنىڭ گېپىنى شۇن-
داق دورىدىكى، داۋىدكىنىڭ ئاغزى دۇگۇلەكلىشىپ، پىخىل-
داپ كۈلۈۋېتىشكە ئاز قالغاندا، ۋەلت بىر ھۇمايغان ئىدى،
دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

—«رۇسىيىگەقارشى ھىچقاچان ئۇرۇش ئاچمايدۇ، چۈنكى
گېرمانىيە بىزنىڭ ئاشلىغىمىز بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ» —
دەپ ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ ئاڭلىغان گېپىنى سوزلەپ بەردى.—
شۇچاغدا يەنە بىر ئادەم گەپ قىستۇردى، ئاۋازىدىن كىملىگى-
نى بىلەلمىدىم. كېيىن بىلسەم، پان لىستىنىتىسكىنىڭ ئوغلى
بىر ئوفىتسېر ئىكەن. «گېرمانىيە بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدا
ئۆزۈمزارلىق ئۇچۈن ئۇرۇش بولارمىش، لېكىن بۇنىڭ بىز
بىلەن ھىچقانداق ئالاقىسى يوق» دىدى.

— خوش، ئوسىپ داۋىدوۋىچ، سەن قانداق ئويلاي-
سەن؟ — دەپ سورىدى ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ شتوكمانىدىن.

شتوكمان قولىدىكى ياسىلىپ پۈتكەن ئۈزۈكنى ئايلان-
دۇرۇپ قاراپ، مۇجمەل جاۋاپ بەردى:

— مەن ئالدىنالا بېشارەت بېرىشنى بىلمەيمەن.

— ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشىدىغان بولسا، بىزمۇ شۇ يەردە
بولىمىز. مەيلى خالىغىن، مەيلى خالىما، بېرىشقا توغرا
كېلىدۇ، چېچىڭدىن تارتىپ، سورەپ ئاپىرىشىدۇ، — دىدى
ۋەلت.

— مەن سىزلەرگە ئېيتسام، يىگىتلەر، گەپ مانا مۇن-
داق... — دىدى شتوكمان ئىۋان ئالېكسىيېۋىچنىڭ قولىدىن
ئامبۇرنى مۇلايىملىق بىلەن ئېلىپ قويۇپ.

ئۇ جىددى سوزلىدى، ئۇنىڭ سوزىدىن ئۆز پىكرىنى
ئاساسلىق قىلىپ شەرھىلىمەكچى ئىكەنلىكى كورۇنۇپ تۇرات-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تى. ۋەلىت دەستىگاھتىن سىرىلىپ چۈشۈۋاتقان پۇتلىرىنى يىغىشتۇرۇۋالدى. داۋىدكىنىڭ لەۋلىرى يۇمۇلاقلىنىپ، قاتار زىچ چىشلىرى ئېچىلىپ قالدى. شتوكمان ئۆزىگە خاس ئىبارىلەر بىلەن روشەن، ئىخچام، چۈشىنىشلىك قىلىپ، كاپىتالىستىك دولەتلەر ئوتتۇرىسىدا بازار ۋە مۇستەملىكىلەر ئۈچۈن كېتىۋاتقان كۈرەشنى تەسۋىرلەپ بەردى. گەپ ئاخىرلىشاي دىگەندە ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭ سوزىنى بولدى:

— توختاپ تۇر، بۇنىڭ بىزگە نىمە ئالاقىسى بار؟

— ھاراقنى باشقىلار ئىچسە، سىنىڭ ۋە ساڭا ئوخشاشلارنىڭ بېشى ئاغرىيدۇ، — دەپ كۈلدى شتوكمان.

— سەن كىچىك بالا ئەمەسسەنغۇ، دىدى ۋەلىت ئىۋان ئالېكسېيېۋىچكە دارىتىملاپ، — قەدىمدىن «ھالۋىنى ھېكىم يىسە، تاياقنى يېتىم» دىگەن ماقال بار.

— ئوھ - ھو، — دەپ قويدى ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ. ئۇ قاشلىرىنى تۈرۈپ، قانداقتۇر ئەقىلگە سىغمايدىغان پىكىرنىڭ مېغىزىنى چاقاتتى.

— لىستىنىتىسكىنىڭ ئوغلى نىمشقا موخوپىنىڭكىگە تولا بېرىۋالىدىغان بولۇپ قاپتۇ؟ ياكى ئۇنىڭ قىزىنى دەپ پالاقلاپ يۈرەمدۇ - يە؟ — دەپ سورىدى داۋىدكا.

— كورشۇنوپنىڭ ئوغلى ئاللىقاچان پالاقلاپ بولغان، — دەپ كىنايە قىلدى ۋەلىت.

— ئاڭلىدىڭمۇ، ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ؟ ئوفىتسېر ئۇ يەردە نىمە قىلىپ يۈرىدىكەن؟

ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ، خۇددى بىرسى پاچىقىغا قامچا بىلەن سالغاندەك سەسكىنىپ كەتتى.

— ھە، نىمە دىدىڭ؟

— مۆگدەپ قالدىڭمۇ، تاغا!...لىستىنىتىسكى توغرىلىق سوراۋاتىمىز.

ئۇ ئىستانىسغا كېتىۋاتقان ئىكەن،ھە،يەنە بىر يېڭىلىق: ئويدىن چىقسام، پەلەمپەيىنىڭ ئالدىدا — بىلە مسلەن كىمنى كوردۇم؟ گىرىشكا مېلېخوپنى. قولىدا قامچا. «بۇ يەردە نىمە تۇرىسەن، گىرىگورىي؟» دەپ سورىسام، — «پان لىستىنىتىسكىنى مىللېروۋوغا ئېلىپ كېتىۋاتىمەن» دەيدۇ.

— ئۇ، شۇلارنىڭكىدە كوچېرلىك قىلىۋاتىدۇ، — دەپ چۈشەندۇردى داۋىدكا.

— پانىنىڭ ئاشقان - تاشقىنىنى يەپ يۇرۇپتۇ.

— ۋەلىت، ئوزەڭمۇ زەنجىردىكى ئىتقا ئوخشاش، قاۋاۋېرىسەن.

پاراڭ بىر پەس توختاپ قالدى. ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولدى.

— نىمانچە ئالدىرايسەن، بىرسى كۇتۇپ قالدىمۇ؟— دەپ زىتىغا تەگدى ئاخىردا ۋەلىت.

— ھە، مېنى ھەركۈنى بىرسى كۇتۇپ تۇرىدۇ.

شتوكمان ھەر كۈنى كېلىپ تۇرىدىغان مېھمانلارنى ئۇزىتىپ قويىدى. دۇكىنىنى ئېتىپ، ئويىگە كىردى.

پاسخا بايرىمىنىڭ ھارپا كېچىسى ئاسمانىنى قاپ - قارا بۇلۇت قاپلاپ، يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى، يېزىنى ھولچىلىك ۋە قارا كۇلۇق قاپلىدى. قاش قارايغاندا، دون ئۇستىدە گۇلدۇرمامىدەك قاراسلاپ مۇز يېرىلدى، قىسىلىپ قالغان چوڭ - چوڭ مۇزلار شىتىرلىغان ئاۋاز بىلەن سۇنىڭ ئۇستىگە چىقتى، دەسلەپكى مۇز بىر تۇتاش توت چاقىرىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يەرگىچە، دەريا ئەگىپ ئاقىدىغان يەرگىچە يېرىلىپ كەتتى، مۇز قوزغىلىشقا باشلىدى، دون ئۈستىدىكى چېركاۋ قوڭغۇرىقىنىڭ بىر تىكىس سادىسى ئاستىدا مۇز پارچىلىرى دەريا بويلىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ، تېخىمۇ ئۇششاق پارچىلارغا بولۇنۇپ ئېقىپ باراتتى، دون دەرياسى سول تەرەپكە بۇرۇلغان جايدا مۇزلار تىقىلىشىپ قالدى. بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە مىنگىشىپ قالغان مۇزلارنىڭ قاراس - قۇرۇس ئاۋازى يېزىغىچە يېتىپ باراتتى. قار ئېرىپ ئەگىز سۈيى يىغىلغان چېركاۋ قوراسىغا يىگىتلەر توپلانغان ئىدى. چېركاۋنىڭ ئىچكىرىسىدە ئوقۇلۇۋاتقان قىرائەت ئاۋازى چوڭ ئېچىلغان ئىشىكتىن هويلىغا، هويلا سەيناسىدىن قوراغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى، پەنجىرىلىك دەرىزىلەردە بايرام چىراقلىرىنىڭ شولىسى پىلىلداپ تۇراتتى؛ قورانىڭ ئىچىدە يىگىتلەر ئاستا چۇقۇرۇشۇپ تۇرغان قىزلارغا يېپىشىۋېلىپ سۆيەتتى. ئۇنىنى ئاستا چىقىرىپ ئۇلارغا هاياسىز هىكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى.

يىراق ۋە يېقىن يېزىلاردىن ئەتىگەنلىك ئىبادەتكە كەلگەن كازاكلار چېركاۋنىڭ تاشقارقى پىشايۋىنىغا لىق تولغان ئىدى. يول ئازاۋىنى تارتىپ هارغان ۋە هۇجرىلارنىڭ دىمىقتا هاۋاسىدىن بوششىپ كەتكەن ئادەملەر تاختا ئورۇندۇقلاردا، دەرىزە تۈۋىدە، يەردە يېتىپ ئۇخلىشاتتى.

بەزىلەر سۇنۇق بوسۇغىلار ئۈستىدە تۇرۇپ تاماكا چېكىشەتتى، ئۇلار هاۋارايى ۋە كۈزكى بۇغداي تۇغرىلىق پاراڭلىشاتتى.

— سىلەرنىڭ يېزىدىكىلەر ئېتىزغا قاچان چىقىدۇ؟

— بايرامدىن كېيىن چىقار.
— ھە، شۇ ياخشى، سىلەرنىڭ يەرلىرىڭلار قۇملۇق دالا.
— توغرا. قۇمساز، ئوتلاق تەرىپى — شورلۇق.
— ھازىر يەرلەر نەم تارتىپ تۇرۇۋېتۇ.
— بۇلتۇر ھەيدەپ قويۇلغان يەرلەر قېتىپ كەتكەن، ئەگە بۇقۇسا سالساڭ — داڭگال.

پىشايۋاننىڭ پەلەمپىيى يېنىدا بىرسى ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن بىرسىنى چاقىردى:

— دۇنكا، سەن قەيەردە؟

چىركاۋ دەرۋازىسى تەرەپتىن خىرىلدىغان قوپال بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— سۇيۇشۇش ئۇچۇن مەشەنى تاپتىڭلىمۇ؟ ۋەيىي، قاراڭلار، سىلەرنى... يوقىلىڭلار بۇ يەردىن، ئىپلاسلار! شۇنچە زورۇر بولۇپ قالدىمۇ سىلەرگە؟

— سېنىڭ جۇپتۇڭ يوقمۇ؟ يوق بولسا — بىزنىڭ قانجىقنى بېرىپ سۇي! — قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدىن ياش بىر يىگىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— قانجىق دىدىڭمۇ؟ مەن ساڭا بىر كورسىتىپ قوياي جۇمۇ ...

باشقا جايغا قېچىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ پالاقشىغان ئاياق تاۋۇشى، قىزلارنىڭ چۇقۇرۇشى، يوپكىلىرىنىڭ شىتىرلىشى ئاڭلاندى.

ئوكزىدىن سۇ تامچىلىرى يەرگە چاكىلداپ چۈشەتتى؛ يەنە بايىقى يوغان سوزۇق ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ئۇلۇشكۇن پروخوننىڭ ساپىنىغا خېرىدار بولۇپ، ئون

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىككى سولكىۋاي بېرەي دېسەم — ھەرگىز ئۇنىمىدى، زادىلا ئەرزان بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ.

دون دەرياسى ئۈستىدە ۋىشىلدىغان، شىتىرلىغان، شاراقلىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. گويا بويى تېرەكتەك ئېگىز، قاۋۇل، ياسانغان بىر جۇۋان تەڭداشسىز كەڭ ئېتەكلىرىنى شىتىرلىتىپ يېزىنىڭ يېنىدىن پەسكە دەرياغا چۈشۈۋاتقاندەك ئىدى.

يېرىم كېچىدە، ھەممە يەرنى قاپ-قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندا يايداق ئات مىنگەن مىتكا كورشۇنوپ چېركاۋ پەنجىرىسىگە كېلىپ توختىدى. ئاتتىن چۈشتى، تىزگىنىنى يايلىغا تارتىپ تاڭدى ۋە قىزىپ كەتكەن ئاتنى ئالقىنى بىلەن شاپىلاقلاپ قويدى. تۇياقلىرىنىڭ شىلىپىلىغان ئاۋازىغا بىردەم قۇلاق سېلىپ تۇردى، ئاندىن بىلىدىكى كەمەرنى ئوڭشاپ قوراغا كىردى. پىشايۋانغا يەتكەندە پاپىقىنى بېشىدىن ئالدى، چېچى ئەگرى-بۈگرى چوگىلىمەچ قىلىپ ياسالغان بېشىنى ئېگىپ تازىم قىلدى-دە، ئاياللارنى ئىككى تەرەپكە ئىتتىرىپ، مېھراپنىڭ تۈۋىگە بېرىۋالدى. سول تەرەپنى خۇددى بىرتوپ قارا ئاتقا ئوخشاش كازاكلار ئىگىلىگەن ئىدى، ئوڭ تەرەپتە رەڭمۇ-رەڭ كىيىم كىيگەن خوتۇنلار تۇراتتى. مىتكا كوز يۈگۈرتۈپ بىرىنچى قاتاردا تۇرغان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن دادىسىنى تاپتى-دە، ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. مىرون گىرىگورىيېۋىچنىڭ چوقۇنۇش ئۈچۈن كوتىرىلگەن جەينىكىنى تۇتۇپ، تۈك باسقان قۇلىقىغا:

— دادا، مەيەرگە چىققىنا، — دەپ پىچىرلىدى.

مىتكا ھەرخىل بەدبۇي پۇراقلارغا چىدىيالماي، بۇرنىنى قولى بىلەن تۇتۇپ، تىقىنچىلىق ئارىسىدىن تەسلىكتە

يېرىپ ئۇتمەتتى: كويۇۋا تقان شامىنىڭ ئىسسى دىمىغىغا ئۇرۇ-
لاتتى، ئايا للارنىڭ بەدىنىدىن تارقا لغان ئوتكۇر تەرنىڭ ھىد-
دى، بوخچىسىدىن ئېلىنغان بايرام لىبا سلىرىنىڭ پۇرىغى
كوڭلىنى ئاينىتا تتى (بۇ كىيىملەر يىلدا پەقەت ئىككى قې-
تىم: روژدېستىۋو بايرىمى بىلەن پاسخا بايرىمىدا ساندۇق-
تىن ئېلىنا تتى)، نافتا لىنىنىڭ سېسىق پۇرىغى، ئەملىشىپ كەت-
كەن ئاياق كىيىم رەختىنىڭ غەلىتە بويىغى،روزا تۇتۇپ قو-
سىغى ئېچىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ئىچى كولدۇرلىغىنى كى-
شىنى سەسكەندۇرەتتى.

بوسۇغىغا كەلگەندە، مىتكا مەيدىسى بىلەن ئاتىسىنىڭ
يەلكىسىنى قىسىپ تۇرۇپ:

— ئاتا لىيە جان ئۇزۇش ئالدىدا تۇرىدۇ! — دىدى.

## 17

گىرىگورىي يېۋگېنىينىمەللېرووۋغا ئاپىرىپ قويۇپ
پاسخا بايرىمىدىن بىر ھەپتە بۇرۇن يەكشەنبە كۇنى قايتىپ
كەلدى. ھاۋا ئىللىپ، قار ئېرىگەن، ئىككى كۇن ئىچىدە
يول پاتقا قىقا ئايلانغان ئىدى.

ئىستا نىسىدىن يىگىرمە بەش چاقىرىم كېلىدىغان ئۇلخۇۋى
روگ دەپ ئاتا لغان ئوكرا ئىنلار يېزىسىنىڭ ئۇدۇلىدا دەر-
يادىن ئوتۇۋا تقا نىدا، گىرىگورىينىڭ ئاتلىرى سۇغا چوكۇپ
كېتىشكە تاس قالدى. بۇ يېزىغا گىرىگورىي كەچكە يېقىن
يېتىپ كەلدى. ئالدىنقى كېچىسى مۇز يېرىلىپ، قوز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غىلىشقا باشلىدى. ئېقىن پەيدا بولدى، قار سۇلىرى قوشۇ-
لۇۋەرگەنلىكتىن دەريا لايلىنىپ، تاشقىن بولۇپ، كوچىلارنى
سۇ بېسىپ كېتىشكە تاس قالدى.

ئۇستانىسىغا بارىدىغان يول ئۇستىدىكى ئات توختاي-
دىغان ۋە ئاتلارغا يەم بېرىدىغان كارۋان سارايى ئەسلىدە
دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئىدى. كەچ كىرگەندە سۇنىڭ
يەنە كوپىيىش ئېھتىمالى بار ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن گىرىگو-
رىي دەريادىن دەرھال ئوتۈۋېلىش قارارىغا كەلدى. تۇنۇگۇنلا
ئوزى مۇز ئۈستىدىن ئوتكەن جايغا كەلدى؛ دەريادىن
چىققان تاشقىن لاي سۇلار ئوركەشلەپ ئاقماقتا، بىر پارچە
قاشانى ۋە هارۋىنىڭ يېرىم چاقىنى پىقىرىتىپ ئېلىپ كەت-
مەكتە ئىدى. قار ئېرىپ تۈگىگەن قۇم ئۈستىدە يېڭىلا ئوت-
كەن چانىلارنىڭ ئىزى كورۈنەتتى. گىرىگورىي تەر بېسىپ،
چاترىغىنچە چىلىق - چىلىق بولۇپ كەتكەن ئاتلارنى توخ-
تىتىپ، چانىدىن سەكرەپ چۈشتى - دە، چانا ئىزلىرىنى
كوزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى. قۇم ئۈستىگە چۈشكەن بۇ ئىنچىكە
ئىزلار بىر - بىرىنى كېسىپ ئوتۈپ، سەل سولغا بۇرۇلغاندا
سۇ ئىچىدە غايىپ بولغان ئىدى. گىرىگورىي
ئارىلىقنى كوز چېنى بىلەن چاملاپ كوردى؛ ئەڭ كوپ دې-
گەندە 20 سارجىن كېلەتتى. ئاتلارنىڭ قېشىغا كېلىپ،
جابدۇقلىرىنى بىر قۇر تەكشۈردى. شۇ چاغدا چەتتىكى بىر
هويلىدىن تۇلكە تۇماق كىيگەن بىر قېرى ئوكرايىن چىقىپ
گىرىگورىي تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان ئىدى.

— بۇ يەردىن كېشىلەر ئوتۈۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى
گىرىگورىي چۇلۇۋۇرى بىلەن كوپۇكلىشىپ ئېقىۋاتقان لاي سۇ
ئېقىنىنى كورسىتىپ.

— ھە، ئۇتۇشۇۋاتىدۇ، تېخى بۈگۈن ئەتىگەن ئۇتۇشتى.
— چوڭقۇرمۇ؟
— ياقەي، ئانچە ئەمەس، ئەمما چانىنى چوكۇرۇپ كېتەرمىكىن.

گرىگورىي تىزگىنىنى تارتتى، قامچىسى بىلەن «چۇ!..» دەپ ئاتلارغا دەم بەردى. ئاتلار پىشقىرىپ، سۇنى پۇراپ، خالار - خالىماس قەدەم تاشلىدى.

— چۇ! — دەپ ئاتلارنى قامچىلاشقا باشلىدى گرىگورىي ئۆرە تۇرۇۋېلىپ.

سول تەرەپكە قوشۇلغان ساغرىسى كەڭ تورۇق ئات، بولغىلىق بولدى دېگەندەك قىلىپ، بېشىنى بىر سىلكىدى - دە، چۇلۇۋۇرنى ئۇخچۇپ تارتتى. گرىگورىي كۆز قىرى بىلەن ئايغىنىڭ ئاستىغا قاراپ قويدى؛ چانىنىڭ چېتىدىن كەلگەن سۇ قاينام ھاسىل قىلماقتا ئىدى. سۇ ئاۋال ئاتلارنىڭ تىزىغا، كېيىن كوكرىگىگە چىقتى. گرىگورىي ئاتلارنى ئارقىغا قايتۇرۇۋېلىپ كەتمەكچى ئىدى، ئەمما ئاتلار پىشقىرىپ ئۈزۈپ كېتىشتى. چانىنىڭ ئارقا تەرىپىنى سۇ بۇرۇۋەتتى. ئاتلارنىڭ باشلىرى ئېقىم تەرەپكە تولغىنىپ قالدى.

— «ھەي - ھەي!.. ئاتىنى تارت، توغرا ھەيدە!..» دەپ ۋاقىراشقا باشلىدى ھىلىقى ئوكراين قىرغاقتا ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈپ ۋە نىمىشقىدۇر تۆلكە تۇمىقىنى بېشىدىن ئېلىپ سىلكىتەتتى.

گرىگورىي جان ئاچچىقىدا توختىماستىن «چۇ! چۇ!» دەپ ئاتلارنى ھەيدەيتتى. سۇغا چوكۇپ كەتكەن چانىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇششاق قاينام ھاسىل بولدى. چانا ئاخىر بېرىپ سۇ ئاققۇزۇپ كەتكەن كوۋرۇكنىڭ چوقچىيىپ تۇرغان

قوزۇغىغا قاتتىق ئۇرۇلدى ـ دە، كومتۈرۈلۈپ كەتتى. گىرىـ
گورىي «ۋاي!» دەپ بېشى بىلەن شۇڭغۇپ كەتتى، ئەمما شۇنـ
داقتىمۇ تىزگىنىنى قويۇۋەتمىدى. سۇ جۇۋىسىنىڭ پېشىدىن،
ئاياقلىرىدىن تارتىپ سىلكىنىپ تۇرغان چانا يېنىدا ئايلانـ
دۇراتتى. گىرىگورىي تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ، سول قولى
بىلەن چانىنىڭ تۇمشۇغىدىن تۇتۇۋالدى. تىزگىنىنى قويۇـ
ۋېتىپ، ـ ھاسىراپ ـ ھومىدەپ، تۇتقان يېرىنى يوتكەپ، سۈرۈلەـ
سۈرۈلە تەكنە ياغاچقا بېرىۋالدى. تەكنە ياغاچنىڭ ئۇچىدىكى
تومۇرگە بارماقلىرى ئەمدى يېتەي دېگەندە ئېقىمغا
قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان تورۇق ئات ئارقا پۇتى بىلەن
ئۇنىڭ تىزىغا قاتتىق بىرنى تېپىۋەتتى. گىرىگورىي دىمى
بوغۇزىغا تىقىلىپ، سۇدا پالاقشىپ، قېيىش تاسمىغا يېپىشىۋالـ
دى. سۇ ئۇنى ئاتلارنىڭ يېنىدىن ئۇلاقتۇرۇپ تاشلاي دېگەنـ
دە، ئۇ تېخىمۇ كۈچەپ تاسمىنى قاتتىق تۇتاتتى. پۈتۈن بەـ
دىنىنى مۇزدەك سۇ بېسىپ كەتكەن گىرىگورىي تورۇق ئاتنىڭ
بېشىغىچە تارتىشاتتى. قۇترىغان ئات ئەجەل قورقۇنچىسى
بىلەن قانغا تولغان كوز قارچۇقلىرىنى پاقىرىتىپ، گىرىگوـ
رىينىڭ چانىغىدىن چىققان كوزلىرىگە تىكىلدى.

گىرىگورىي بىر نەچچە قېتىم سىلىق تاسما چۇلۋۇرـ
نى قولىدىن چىقىرىۋەتتى، سۇنى ئۈزۈپ يۈرۈپ، ئۇنى يەنە
تۇتۇۋالدى، ئەمما چۇلۋۇر قولىدىن سىيرىلىپ چىقىپ كېتىۋەرـ
دى؛ ئاخىرىدا يەنە بىر قېتىم چۇلۋۇرنى تۇتىۋالغان ئىدى،
شۇ زامات ئاياقلىرى يەرگە تەگدى.

— چۇ ـ چۇ! ـ دەپ گىرىگورىي كۈچىنىڭ بېرىچە بويـ
نىدىنى سوزۇپ، ئوزىنى ئالغا تاشلىدى، ئەمما ئات ئۇنى كوكـ

سى بىلەن بىر ئۇرۇپ، كوپۇكلىنىپ تۇرغان تېيىز يەرگە يىقى-
تىۋەتتى.

ئاتلار ئۇنى دەسسەپ - يەنچىپ، سۇدىن ئوقتەك ئېتىلىپ
چىقتى - دە، بىر نەچچە قەدەم يەرگە بېرىپ توختىدى، تىت-
رەپ تۇرغان ھول دۈمبىسىدىن ھور چىقىپ تۇراتتى.

گرىگورىي ئاغرىقنى سەزمەي، ئورنىدىن چاچراپ تۇر-
دى؛ سوغاق ئۇنى چاياندەك چاقاتتى، ئۇ ئەمدى ئاتلاردىنمۇ
بەتتەررەك تىترەيتتى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنى ئەمچەكتىكى بالىچى-
لىك ئورە تۇرالمايدىغاندەك ھىس قىلاتتى. بىر ئاز ئەس -
ھوشىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن كومتۇزۇلگەن چانىنى قايتى-
دىن ئوڭشىدى - دە، ئاتلارنى قىزىتىش ئۈچۈن بولۇشىغا چاپ-
تۇرۇپ كەتتى. يېزا كوچىسىغا خۇددى ھۇجۇمغا ئوتكەندەك
ئۇچۇپ كىردى - دە، ئاتلارنى دەسلەپ ئالدىغا ئۇچرىغان ئو-
چۇق دەرۋازىغا بۇرىدى.

ئوي ئىگىسى ئوچۇق كوڭۇل ئادەم ئىكەن. ئوغلىنى
ئاتلارغا قاراشقا ئەۋەتىپ، ئوزى گرىگورىينى يېشىندۇردى ۋە
خوتۇنىغا قەتئىي ئاھاڭ بىلەن:

— مەشكە ئوت قالا! — دەپ بۇيرۇدى.

گرىگورىي مەشنىڭ ئۈستىدە يېتىپ ئارام تاپتى، كې-
يىملىرى قۇرۇغىچە ئوي ئىگىسىنىڭ شىمىنى كىيىپ تۇردى،
ئاندىن قۇرۇق كاپوستا شورپىسىنى ئىچىپ ئۇخلاشقا ياتتى.

گرىگورىي تاڭ قاراڭغۇسىدا يولغا چىقتى، ئالدىدا تې-
خى 135 چاقىرىم يول بار ئىدى، ھەر بىر مىنۇت غەنىمەت
ئىدى. ئەتىيازدىكى پاتقاقچىلىقتا دالا يولى ئەندىشە تۇغ-
دۇراتتى؛ ھەر بىر يارلىقتا، ھەر بىر سايدا قار سۈيى شاۋ-
قۇنلىنىپ ئاقاتتى.

قار ئېرىپ، يالىڭاچلىنىپ قالغان قارا يەردە چانا سۆرەش ئاتلارغا بەك ئېغىر كېلەتتى. ئەتىگەنكى مۇز قاتقاندىن پايدىلىنىپ، يولدىن 4 چاقىرىم نېرىدىكى تاۋرىچانلار مەھەللىسىگە بىر ئىلاج قىلىپ يېتىۋالدى - دە، ئاچا يولدا توختىدى. ئاتلار تەرگە چۆمگەن بولۇپ، ئارقىدا چانا ئىزلىرى پاقىراپ كۆرۈنەتتى. گرىگورىي چانىنى مەھەللىدە تاشلاپ قالدۇرۇپ قويدى، ئاتلارنىڭ قۇيرۇقىنى تۈگۈن قىلىپ چەگدى - دە، بىرسىگە مىنىپ، يەنە بىرسىنى يېتىلەپ يولغا چىقتى. پاسخا بايرىمىنىڭ ھارپىسىدىكى بىر يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ياگودنويىگە يېتىپ كەلدى.

قېرى پان يول ئۈستىدىكى ئىشلار توغرىلىق گەپ - سۆزلەرنى تەپسىلىي ئاڭلاپ، ئاتلارنى كۆرۈش ئۈچۈن تاشقىرىغا چىقتى. ساشكا ئۇلارنى سۇۋۇتۇش ئۈچۈن ھويلىدا يېتىلەپ يۈرەتتى، ئۇ ئاچچىقلىنىپ، ئاتلارنىڭ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەن بىقىنلىرىغا قاراپ - قاراپ قوياتتى.

— ئاتلار قانداق قىراق؟ — دەپ سورىدى پان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

ساشكا ئاتلارنى توختاتماستىن:

— كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىغۇ، — دېدى ساشكا غۇدۇڭشۇپ، ئاقارغان ئۇچكە ساقىلىنى تىترىتىپ.

— بەك چاپتۇرۇپ ئىشتىن چىقارمىغاندۇ؟

— ياقەي، تورۇقنىڭ كۆكسىنى بويۇنچاق بىر ئاز غاجىۋېتىپتۇ، ھېچ ۋەقەسى يوق.

— بېرىپ ھاردۇق ئال، — دېدى پان كۈتۈپ تۇرغان گرىگورىيغا قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ.

گرىگورىي خىزمەتكارلار ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، لېكىن



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بىر كېچىلا دەم ئېلىشقا توغرا كەلدى. ئەتىسى ئەتىگەن ۋېنىئامىن كىرىپ كەلدى؛ ئۇ يېڭى كوك لەمبۇق كوينەك كىيگەن بولۇپ، ھەرقاچانقىدەك ھەجىيىپ كۈلۈپ تۇراتتى.

— گىرىگورىي پان چاقىرىۋاتىدۇ، تېز بول!

گېنېرال كالتا پىيمىسىنى شىپىرلىتىپ زالنىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈرەتتى. گىرىگورىي ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بىر يوتەلدى، بىر ئورنىدا ئۇيان - بۇيان دەسسەپ، يەنە بىر يوتەلگەندە — پان بېشىنى كوتەردى.

— خوش، ئىشىڭ بارمۇ؟

ۋېنىئامىن چاقىرغانتى.

— ھە، توغرا. ئايغىر بىلەن كىرىپىشنى① ئېگەرلە. لۇكېرىيىگە ئېيت، ئىتلارغا ئاش بەرمىسۇن. ئۇۋغا چىقىمىز!

گىرىگورىي ماقاي دەپ تۇرغاندا پان ئۇنى يەنە چا- قىرىپ قالدى.

— ئاڭلىدىڭمۇ؟ مەن بىلەن بىللە بارارسەن.

ئاكسىنىيە گىرىگورىينىڭ جۇۋىسىنىڭ يانچۇقىغا توغاچ سېلىۋېتىپ:

— تاماق يېگىلىمۇ قويمايدۇ، ۋىجدانسىز!... شەيتان ئازدۇرغان چال، — دەپ پىچىرلىدى. — گىرىشا، بويىنىڭنى شارپا بىلەن ئوراۋال.

گىرىگورىي ئېگەرلەنگەن ئاتلارنى گۈللۈكنىڭ ئالدىغا يېتىلەپ كەلدى. ئىسقىرتىپ ئىتلارنى چاقىردى، ئۇستىگە كوك مۇۋۇتتىن تىكىلگەن كالتا جۇۋا كىيگەن، بېلىگە كۇمۇش كەمەر باغلىغان پان ئويىدىن چىقتى. ئاغزىغا پروبكا تىقىل-

① كىرىپىش — قوۋۋەتلىك، زور، مىختا دىگەن مەنىدە بولۇپ، ئاتقا قويۇلغان لەقەم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

غان قەلەي سۇدانىنى يەلكىسىگە ئېسىۋالغان ئىدى. قولىدىكى قامچىسى يىلانغا ئوخشاش ئارقىسىدىن سورۇلۇپ كېلەتتى.

گىرىگورىي ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقىنى ھالدا چالنىڭ ئارقىسىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بۇ چالنىڭ لىككىدە ئىگەرنىڭ ئۈستىگە چىققانلىقىغا ھەيران قالدى.

گېنېرال پەلەي كېيگەن قولى بىلەن تىزگىنىنى ئوڭلاۋېتىپ:

— مېنىڭ ئارقامدىن مېڭىۋەر، — دەپ بۇيرۇدى.

گىرىگورىينىڭ ئاستىدىكى دۆنەن ئايغىر بېشىنى خورازدەك ئېگىز تۇتۇپ، يېنىچە ئويناقلاپ يورۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقا پۇتى تاقىلانمىغانلىقى ئۈچۈن مۇزنى دەسسىگەندە تېيىلىپ كېتەتتى، پاچاقلىرى ئېگىلىپ كېتەتتى. يان سەل مۈكچىيىپ ئىگەرگە پۇختا ئورۇنلىشىۋالغان بولۇپ، ساغرىسى كەڭ كىرىپىشنىڭ ئۈستىدە تەۋرىنىپ باراتتى.

— نەگە بارىمىز؟ — دەپ سورىدى گىرىگورىي ئۇنىڭغا يېتىۋېلىپ.

— ئۇلشانىسكى يارلىقىغا، — دەپ گورۇڭلاپ قويدى.

ئاتلار بىر لىكتە ئىلدام ماڭاتتى. ئايغىر كالتا بوينىنى ئاققۇغا ئوخشاش ئېگىپ، چۇلۋۇرنى قويۇۋەت دېگەندەك ئالغا ئىنتىلەتتى، يات - يات گىرىگورىيغا كۆز قىرى بىلەن قاراپ تىزىدىن چىشلىمەكچى بولاتتى. يان دوڭلۈككە چىققاندىن كېيىن كىرىپىشنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى. ئىتلار گىرىگورىينىڭ ئارقىسىدىن قاتار تىزىلىشىپ چېپىپ كېلىشەتتى. قېرى قارا قانجىق تۇمشۇغىنىڭ ئۇچىنى ئاتنىڭ قۇيرۇغىغا تەككۈزۈپ، ئىزمۇ - ئىز چاپاتتى. ئايغىرنىڭ چىشى قېرىشىپ، ئارقا پۇتىنى

ئېگىپ، يىپىشقاق قانجىقنى تەپەكچى بولدى، قانجىق بول-
سا، بىر ئاز توختىۋالدى - دە، گىرىنگورىينىڭ كوزىگە زەئىپ،
بىچارە كوزلىرىنى تىكىپ قارىدى.

ئولشانىسكى يارلىغىغا يېرىم سائەتتە يېتىپ كېلىشتى.
پان بۆلتۆرقى شىۋاق ئوتلار سارغىيىپ كەتكەن يار ياقىسىنى
بويلاپ، ئات چاپتۇرۇپ باراتتى. گىرىنگورىي سۇ يالاپ كەتكەن
ئوڭغۇل - دوڭغۇل يارلىقتىن ئاۋايلاپ پەسكە چۈشتى. ئۇ ئاندا -
ساندا پانغا قاراپ قوياتتى. ئۇيەر - بۇيەردە ئۆسكەن يالىڭاچ
قىزىل تېرەكلەرنىڭ كۆلرەڭ شاخلىرى ئارىسىدىن چالىنىڭ
پىگورىسى خۇددى سىزما رەسىمدەك كورۇنەتتى. ئۇ ئىگەرنىڭ
قېشىغا ئېڭىشىپ، ئۈزەڭگىگە دەسسەپ، سەل كوتىرىلگەندە
قازاقچە كەمەر بىلەن بىللە سىقىلغانلىقتىن، كوك مووۇت
جۇۋىسىنىڭ ئارقىسى لوپۇلداپ كېتەتتى. ئىتلار بىر توپ بو-
لۇۋېلىپ، ئوڭغۇل - دوڭغۇل دۆڭلۈكلەر ئۈستىدىن چېپىپ
كېلەتتى. سۇ كولاپ كەتكەن ئويمانلىقتىن ئۆتكەندە گىرىنگورىي
ئىگەردىن ئېڭىشىپ:

«بىر تال تاماكا چېكىۋالاي - چۇ، ئەمدى چۇلۇۋۇرنى
قويۇۋېتىپ، تاماكا خالتىسىنى ئالاي» دەپ ئويلىدى - دە،
قولىدىن پەلەيىنى ئېلىپ، يانچۇقىدىن شىتىرلىتىپ قەغەز ئې-
لىۋاتقاندا، يارنىڭ ئۈستىدىن:

— ئالە كىش - كىش! — دېگەن ھايقىرىق ئاۋاز مىلى-
تىق ئاۋازىدەك ياڭرىدى.

گىرىنگورىي چۆچۈپ بېشىنى كوتەردى؛ دوڭنىڭ ئۇور-
كەشسىمان قىرلىرىدىن پان ئات سەكرىتىپ پەيدا بولدى.
قامچىسىنى ئىگىز كوتىرىپ كىرىپىشنى بولۇشغا قويۇۋەتتى.

— ئالە كىش - كىش!

تۇك تاشلىمىغان، قوسىقىدىكى يۇگىلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان قوڭۇر بىر بورە قوراي ۋە قومۇش ئۆسكەن يار تېگىدىكى پاتقاقلىقتىن يەر بېغىرلاپ ئىلدام چىپىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ چوڭقۇرلۇقتىن سەكرەپ ئۆتۈپ توختىدى ۋە يېنىچە بۇرۇلۇپ قاراپ ئىتلارنى كوردى، ئىتلار ئۇنىڭغا قارشى سەپ تارتىپ، يار ئېتىگىدىكى ئورمانغا قاچىدىغان يولنى كېسىپ، ئۇنى كامان شەكلىدە قورشاپ كەلمەكتە ئىدى.

بورە يەل توپتەك ساپچىپ، دوك باغرىدىكى كىچىك ئوڭكۇرگە — چاشقان توشۇگى بار يەرگە ئىرغىپ سەكرىدى، ئاندىن ئورمان تەرەپكە ئالاقزادە بولۇپ قاچتى، قىرىقانجىق ئۇقتەك ئۇچۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىن چىقتى، بورىنىڭ كوشەندىسى بولغان ئەڭ يامان ئىگىز ئاق ئىت — لېچىن ئارقىدىراق كېلىۋاتاتتى.

بورە نىمە قىلىشىنى بىلمەي، بىردەم گاڭگىراپ قالدى. گىرىگورىي ياردىن يۇقۇرىغا چىقىۋېتىپ، ئاتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ پۇلاڭلاتتى ۋە شۇ ئاريدا بورىنى كوزىدىن يوقىتىپ قويدى، ئەمما دوڭنىڭ ئۇستىگە چىققاندىن كېيىن، بورىنىڭ يىراق - يىراقلاردا كېتىۋاتقانلىغىنى كوردى؛ دالىدىكى قارىيىپ كورۇنگەن شالاڭ ئوتلار ئارىسىدىن، شىۋاقلىق ئىچىدىن يەر بېغىرلاپ قارا ئىتلار ئۇچۇپ باراتتى، ئۇنىڭدىنمۇ نېرىدا يان تەرەپتە پان لىستنىتىسكى كىرىپىشنى قامچىنىڭ سېپى بىلەن ئۇرۇپ، تىك يار ئۇستىدىن ئاتلىتىپ ئوتتى. بورە يەنە بىر يارنى كېسىپ ئوتمەكچى ئىدى، ئاڭغىچە ئىتلار يېقىنلىشىپ، ئۇنى ئورىۋېلىشتى. بورىنىڭ قوسىقىدىكى يۇڭلارغا ئېسىلىۋالغان ئاق ئىت — لېچىن گىرىگورىيغا يىراقتىن ئاق لاتىدەك كورۇنۇپ كەتتى.

— ئاله كىش - كىش! باسە...— دىگەن چىقىراق ئاۋاز گىرىگورىينىڭ قۇلىغىغا يەتتى.

ئۇ ئايغىرنىڭ چۇلۇۋۇرىنى بىر يولىلا قويۇۋېتىپ، ئالدىدا نىمە ۋەقە بولۇۋاتقانلىغىنى بىلىشكە تىرىشىپ، يىراققا تىكىلىپ قارىدى؛ ئەمما كوزلىرى ياشاڭغىراپ، قۇلاق تۈۋىدە شامال غۇيۇلداپ، ھىچنىمىنى ئاڭلاتقۇزمايتتى. ئەمدىلىكتە گىرىگورىي پۈتۈنلەي ئۇۋغا بېرىلىپ كەتتى، ئۇ ئايغىرنىڭ بوينىغا ئىگىشىۋېلىپ، قويۇندەك ئۇچۇپ باراتتى، يارنىڭ لىۋىگە يېتىپ كەلگەندە نە بورىدىن، نە ئىتلاردىن ئەسەر يوق ئىدى، بىردەمدىن كېيىن پانمۇ ئات چاپتۇرۇپ كەلدى، ئۇ كىرپىشنى چىپپىدە توختىتىپ:

— نەگە كەتتى؟ — دەپ ۋاقىرىدى.

— يارلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

— سولدىن چىپىپ بېرىپ توس! ... ھەيدە!

پان، ئالدى پۇتلىرىنى كوتىرىپ، ئويناقلاپ تۇرغان ئېتىنىڭ بېقىنىغا پاشنىسى بىلەن نىقتىدى - دە، ئوڭ تەرەپكە چاپتۇرۇپ كەتتى. گىرىگورىي سايلىققا چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، تىزگىننى تارتتى. ئاتنى بىر «چۇ!» دەپ نېرىقى تەرەپكە ئۇچۇپ ئوتتى. تەرگە پىشقان ئاتنى بىر يېرىم چاقىرىم مۇساپىگىچە قامچىلاپ، ھاي - ھۇي بىلەن چاپتۇرۇپ كەتتى. ئاتنىڭ تۇيىغىغا لاي يېپىشىپ شالتاقلاپ ماڭغاندا — يۈزىگە لاي چاچرايتتى. دوڭلۇككە يىلان باغرىدەك ئەگرى - بۈگرى بولۇپ چىقىپ كەتكەن ئۇزۇن يارلىق ئوڭغا بۇرۇلغاندا، ئۇچ بولەك جىلغىغا ئايرىلىدى. گىرىگورىي تۇغرىسىغا كەتكەن جىلغىنى كېسىپ ئوتتى - دە، دالىدا بورىنى قوغلاپ كېتىۋاتقان ئىتلارنى كورۇپ، قىيالىقنىڭ يانباغرى بىلەن ئات چاپتۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

رۇپ كەتتى. ئىتلار بورىنى يارلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن، بولۇپمۇ ئەمەن ۋە ئۇلغا دەرەخلىرى قويۇق ئۆسكەن تۇقايزاردىن سۈرۈپ چىققانلىقى مەلۇم بولدى. يارلىق ئۈچكە بولۇنۇپ، ئۈچ جىلغا بولۇپ ئېقىۋاتقان جايدىن بورە تۈز دالىغا چىقتى ۋە ئىتلاردىن يۈز سارجىن ئالغا ئۆزۈپ كېتىپ، بۈرۈندىن شۋاق، يانتاق ئۆسىدىغان قۈپ - قۇرۇق دالىغا ئوتتۇۋالدى.

گىرىگورىي پۈتىنى ئۆزەڭگىگە مەھكەم تىرەپ، بورىنىڭ ئارقىسىدىن كوز ئۈزمەي، شامالدىن ياشلانغان كوزلىرىنى يېڭى بىلەن ئېرتىپ تۇردى. سول تەرەپكە بىر پەس نەزەر تاشلاپ، ئوزلىرىنىڭ يېرىنى تونۇدى. بۇ، كۈزدە ناتالىيە بىلەن شۇدىگەر قىلىپ ھەيدىگەن تۇت بۈرجەك يەر ئىدى. گىرىگورىي بىرەدىنلا ئايغىرنى شۇدىگەرگە سالدى؛ ئايغىر شۇدىگەر ئېچىدىن قېقىلىپ - سوقۇلۇپ چىققانىنىڭ ئارىلىغىدا گىرىگورىينىڭ ئوۋغا بولغان ھەۋىسى پەسىيىپ كەتتى. ئۇ ئېغىر ھاسىراۋاتقان ئايغىرنى خوشياقماسلىق بىلەن نوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن پان ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ قالارمۇ، دىگەن ئەندىشە بىلەن ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن كوز ئۈزمەي قاراپ، ئېتىنى يورغىلىتىپ كەتتى.

يىراقتا، قىزىل ساي يېنىدا يەر ھەيدىگۈچىلەرنىڭ بوش قالغان كەپىلىرى كورۇنەتتى. چەترەكتە مەخمەلدەك تاۋلىنىپ تۇرغان شۇدىگەرلىكتە ئۈچ جۈپ ئوكۈز يەر ھەيدەيدىغان پىلۇگنى سورەپ باراتتى.

«بىزنىڭ يېزىلىقلارغۇ. بۈكىمنىڭ يېرىدۇر؟... ئانىكۇشكىنىڭ بولسا كېرەك» — گىرىگورىي كوزلىرىنى قىسىپ شۇ تەرەپكە تىكىلدى، ئوكۈزلەرنى، قوش ھەيدەۋاتقان ئادەمنى تونۇدى.

— تۇ - ت - تۇت!

گىرىگورىي ئىككى كازاكنىڭ پىلۇگنى تاشلاپ، ساي-
لىقتا ئوزىنى ئۇرۇپ، قېچىپ كەتمەكچى بولغان بورىنىڭ يول-
نى كېسىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كوردى. بىر-
سى — ئىگىز بويلۇق، كازاكچە قىزىل جىيەكلىك فۇراژكا
كىيگەن، تاسما بۇغۇچى ئىگىگى ئاستىدىن تارتىلغان ياش
كازاك — بويۇنتۇرۇقتىن سۇغۇرۇۋالغان تومۇرنى پۇلاڭلىتىپ
كېلەتتى. شۇ ياقتا بورە توساتتىن بىر چوڭقۇر چونەككە زوڭ
ئولتۇرۇپ قالدى. ئاق ئىت لېچىن ئۇچقاندەك تېز كېلىپ
بورىنىڭ ئۇستىدە هالقىپ ئوتتى - دە، ئالدى پۇتى پۇكۇلۇپ
يىقىلىپ كەتتى؛ قېرى قانجىق ئوزىنى توختىتىشقا تىرىشىپ،
شۇدىگەرگە ئارقا پۇتىنى تىرىۋالغان بولسىمۇ، ئوزىنى
تۇتۇۋالالماي، بورىنىڭ ئۇستىگىلا يىقىلدى. بورە ئۇنى بېشى
بىلەن نېرى ئىتتىرىۋەتتى، قانجىق بىر يانغا يىقىلىپ ئوك-
دىسىغا چۇشتى. بىر توپ ئىت قاپ - قارا غوژمەك بولۇۋېلىپ،
بورىگە ئوزىنى ئۇردى ۋە شۇدىگەر ئۇستىدە بىر نەچچە سار-
جىن يەرگىچە تۇپتەك يومىلىنىپ، پومداقلىشىپ كەتتى.
گىرىگورىي پاندىن يېرىم مىنۇت بۇرۇن ئۇلارنىڭ توپىسىگە
يېتىپ كېلىپ، ئاتتىن سەكرەپ چۇشتى - دە، قولىدىكى
ئوۋ پىچىغىنى ئارقىسىغا قىلىۋېلىپ، موككىدە تىزلىنىپ
ئولتۇردى.

— ئەنە ئۇ!... ئاستىدا يېتىپتۇ!... كېكىردىكىگە
سال!... — دەپ ۋاقىرىدى تومۇر كوتىرىپ يۈگۈرۈپ كەلگەن
كازاك؛ ئۇنىڭ هاسىراپ كەتكەن ئاۋازى گىرىگورىيغا تو-
نۇش تۇيۇلدى. كازاك پىشىلداپ گىرىگورىينىڭ يېنىغا ئو-
زىنى تاشلىدى - دە، بورىنىڭ قوسىقىدىن چىشلىۋالغان ئىتنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بويىندىن تارتىپ، بۆرىنىڭ پۇتىنى چاڭگاللاپ تۇتۇۋالدى.
گىرىگورىي، بۆرىنىڭ ھورپىيىپ تۇرغان تىكەندەك يىرىك يۇڭ-
لىرىنى قايرىپ، كىكىرتىكىنى تاپتى - دە، پىچاقنى غاچچىدە
دا سالدى.

— ئىتلارنى... ئىتلارنى ھەيدە!... — دەپ خىرىلداپ
ۋاقىرىدى چىراي تاتىرىپ كەتكەن يان يۇمشاق ھەيدەلگەن
شۇدىگەرگە ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ.

گىرىگورىي ئىتلارنى تەسلىكتە ھەيدىۋېتىپ، يانغا
قارىدى.

بېشىدىكى كازاكچە فۇراژكىسىنىڭ يارقىراپ تۇرغان قارا
خۇرۇم تاسمىسىنى ئېڭىكىنىڭ ئاستىدىن تارتىۋالغان ستېپان
ئاستاخوپ چەتتىرەك بىر يەردە تۇراتتى. ئۇ قولىدىكى تو-
مۇرنى ئايلاندۇراتتى، كوكىرىپ كەتكەن تۈۋەنكى ئېڭىكى ۋە
قاشلىرى دىر - دىر تىترەيتتى.

— سەن قەيەرلىكسەن، يىگىت — دەپ سورىدى يان
ئۇنىڭغا تىكىلىپ، — قايسى يېزىدىن؟

— تاتار يېزىسىدىن، — دەپ جاۋاپ بەردى ستېپان،
ئاندىن گىرىگورىي تەرەپكە بىر قەدەم تاشلىدى.

— پەمىلەڭ نىمە؟

— ئاستاخوپ.

— ياخشى، ئەزىزىم، سەن ئويۇڭگە قاچان قايتىسەن؟

— كەچقۇرۇن.

— مانا بۇ يىرتقۇچنى بىزنىڭ ئويىگە ئاپىرىپ بەر-
سەڭ. — يان پۇتى بىلەن بۆرىنى كورسەتتى؛ چىشلىرىنى كا-
سىلدىتىپ جان تالىشىۋاتقان بۆرە، تىرنىغا بىر پارچە يۇڭ

ئىلىنىشىپ قالغان ئارقا پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ كوتەرگەن ئىدى، — قانچە ھەق تەلەپ قىلساڭ — بېرىمەن، — دەپ ۋەدە قىلدى ـ دە، قىپ ـ قىزىل يۇزىدىكى تەرنى شارپا بىلەن ئېرتىپ، بىر چەتكە چىقتى، ئاندىن يان تەرەپكە ئىگىشىپ، تاسمىلانغان سۇدانىنى يەلكىسىدىن تەسلىكتە ئالدى.

گىرىگورىي ئايغىرنىڭ قېشىغا كەتتى. ئايغىنىنى ئۇزەڭگىگە قويۇۋېتىپ، ئارقىسىغا قايرىلىپ بىر قارىدى. پۇتۇن ۋۇجۇدىنى تىترەك باسقان ستېپان ۋەزمىن يوغان قوللىرىنى كوكرىگىگە مەھكەم بېسىپ، ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى.

## 18

پاسخا بايرىمىدىن بىر ھەپتە بۇرۇن، جۇمە كۇنىدىن شەنبە كۇنىگە ئۇتەر كېچىسى بىر توپ ئاياللار كورشۇنوپلارنىڭ خوشنىسى پېلاگېيىنىڭ ئۇيىگە توپلىنىشتى. پېلاگېيىنىڭ ئېرى گاۋرىلا مەيدانىنكوپ لودزى① شەھىرىدىن يازغان بىر پارچە خېتىدە پاسخا بايرىمىدا دەم ئېلىشقا بارىمەن دەپ ۋەدە قىلغان ئىدى. پېلاگېيە ئوي ئىچىنى دۇشەنبە كۇنىلا ئاقلاپ تەييار قىلىپ قويغان ئىدى. پەيشەنبە كۇنىدىن تارتىپ مانا كېلىدۇ، ئەنە كېلىدۇ دەپ، دەرۋازىغا چىقىپ قارايتتى، چاچلىرى چۇۋۇلغان، ياداپ قۇرۇپ كەتكەن، چىرايى ئۇڭگەن ھالدا قاشا تامنىڭ يېنىدا ئۇزاق ۋاقىت تۇرۇپ قالاتتى؛ كېلىۋاتقان بولمىسۇن يەنە؟ دەپ قولىنى پېشانىسىغا

① لودزى — پولشىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بىر شەھەر — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇتۇپ، يىراقلارغا تىكىلەتتى. ئۈنىڭ ئاي - كۈنى توشۇپ، تۇغۇتى يېقىنلىشىپ قالغان، قورسىقىدىكى بالا قانۇنى — گاۋرىلانىڭ ئۆز پۇشتىدىن بولغان ئىدى: بۇلتۇر يازدا گاۋرىلا پولكتىن كەلگەندە خوتۇنىغا پولشىدىن سوغات ئۈچۈن بىر كىيىملىك چىت ئېلىپ كەلگەن ئىدى؛ شۇ چاغدا ئۇزۇن تۇرماي، خوتۇنى بىلەن 4 كېچە بىللە بولغان ئىدى، 5 - كۈنى بولسا، ئىچىپ مەس بولۇپ، پولەكچە ۋە نېمىسچە تىللاپ - سوكۇپ كەتكەن، 1831 - يىلى پولشا ھەققىدە كازاكچە توقۇلغان بىر قوشاقنى كۈيلەپ يىغلاپ كەتكەن ئىدى. ئۇنى ئۇزاتقىلى كەلگەن يار - بۇرادەرلىرى شىرە يېنىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، تائامدىن بۇرۇن ھاراق ئىچىپ، مۇنۇ قوشاقنى ناخشا قىلىپ ئېيتىشقان ئىدى:

دېيىشەتتى پولشىنى كوپ پاراۋان،
بىلسەڭ، ھەممە ئاچ - يالىڭاچ، ناتىۋان.
پولشىدا بار بىرلا مىسكىن مەيخانە،
بۇ مەيخانە پولەكلەرگە شاھانە.

بۇندا ئىچەر ئۈچ ياش يىگىت مەي - ھاراق،
بىرسى نېمىس، بىرسى پولەك، بىر كازاك.
نېمىس ھاراق ئىچىپ، تەڭگە تاشلايدۇ،
پولەك ئىچىپ، بىر چېرۋوننى تولەيدۇ.

كازاك يۇرەر، پۇل تولىمەي، دىرىڭلاپ،
ئايىغىدا شىپورلىرى جىرىڭلاپ.
مەي ساتقۇچى ئايالنى ئۇ ئىملايدۇ؛
«مەن بىلەن كەت، ھەي جانانىم، يۇرا» دەيدۇ.

„بىز تەرەپتە تىنچ دۇنيا كېتەيلى،
بىزنىڭ دۇندا راھەت ئۆمۈر سۈرەيلى.
يىپ ئىگىرمەس، باپكا بولماس، چاچماس دان،
يەر ھەيدەش يوق، تۆرمۆش ئۆتەر پاراۋان».

تاماقتىن كېيىن گاۋرىلا ئائىلىسى بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالغان ئىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ پىلاگېيە پات ـ پات كويىنگى ئۈستىدىن ۋوسىغىنى سىلايدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇ، ناتالىيە كورشۇنوۋاغا ئۆزىنىڭ ئېغىراياق بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق چۈشەندۈردى:

— قارا، سۆيۈملۈكۈم، گاۋرىلا كېلىشتىن بۇرۇن بىر چۈش كۆرگەنتىم، مەن سايلىقتا كېتىۋاتقانمىشمەن. سىپاس بايرىمىدىن بۇرۇن سېتىۋەتكەن قېرى ئىنىكىمىز ئالدىمدا كېتىۋاتقانمىش؛ ئەمچەكلىرىدىن سۈتى يولغا ئېقىۋاتقانمىش...»ياـرەببىم، — دەپ ئويلاپتىم ئىچىمدە، — نىمىشقا بۇنى چالا ساققاندىمەن؟» شۇندىن كېيىن قېشىمغا دروزدىخا موما خېمىرتۇرۇش سوراپ كىردى، مەن ئۇنىڭغا چۈشۈمنى سوزلەپ بەردىم. ئۇ ماڭا: «سەن بىر پارچە شامنى سۇندۇرۇپ، ئۇنى يۇمۇلاقلاپ، ئېغىلدىكى ئىنەكنىڭ قىغى ئاستىغا كومۇپ قوي. ئۇنداق قىلمىساڭ، دەرىزەڭنىڭ تۈۋىدە بالا ـ قازا ئارىلاپ يۈرۈپتۇ» — دىدى. ئۇياق ـ بۇياقنى ئاقتۇرسام، زادىلا شام يوق، بىر دانە شام بار ئىدى، باللار ئەپچىقىپ، يەر ئومۇچىگىنى ئۇۋىسىدىن چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىپ قويۇپتۇ. شۇ ئارىدا گاۋرىيوشا كېلىپ قالدى — بالا ـ قازا دىگەن مانا شۇ! شۇنىڭغىچە ئۈچ يىل كويىنەك ئالماشتۇرۇپ ھالىم قالمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمدىچۇ، ھەي ...— پىلاگېيە دومبىيىپ تۇرغان قوسىغىنى بار-مىغى بىلەن نوقۇپ ھەسرەت قىلاتتى.

پىلاگېيە ئېرىنى تولا كۈتۈپ تاقىتى - تاق بولدى. ئادەمسىز زېرىكىپ كەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن جۈمە كۈنى بىر قانچە خوشنا ئاياللارنى ئۆيىگە چاقىرىپ، ۋاقىت ئۆتكۈزمەكچى بولغان ئىدى. ئاتالىيە توقۇلۇپ بولىمىغان بىر پايپاقنى كوتىرىپ كىردى (باھار يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ — گىرىشاكا بوۋىنىڭ پۇتى تېخىمۇ قاتتىق توڭغان ئىدى)، ئۇنىڭ روھى كوتىرەڭگۈ ئىدى، ئورنى كەلمىسىمۇ، ئانچىكىم چاقچاقلارغىمۇ كۈلەتتى. لېكىن ئەسلىنى ئالغاندا، ئېرىنى سېغىنغانلىقىنى ئاياللارغا بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن ئەتەي شۇنداق قىلاتتى. پىلاگېيە بىنەپشىرەڭ تومۇرلىرى پولتىيىپ تۇرغان يالىڭاچ پاچاقلىرىنى مەشتىن ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ، ئەكە ناپىناق ياش چوكان فروسەنىڭ چىشىغا تىگەتتى.

— فروسكا، سەن ئۆز كازاكىڭنى قانداق ئۇردۇڭ؟

— قانداق ئۇرغانلىقىمنى بىلمەمسەن؟ دۈمبىسىگە، بېشىغا، توغرا كەلگەن يېرىگە ئۇرۇۋەردىم.

— مەن ئۇنى دىگىنىم يوق، قانداق بولۇپ ئۇرۇشۇپ قالدىڭلار دىمەكچىدىم.

— بىر ئىش ئۆتتى - دە، — دەپ جاۋاپ بەردى فروسە خالىمىغان ئەلپازدا.

— سەن ئۆز ئېرىڭنى يات بىر ئايال بىلەن تۇتۇۋالغان بولساڭ گەپ قىلماي قويۇۋېتەتتىڭمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى قوناق شېخىدەك ئۆزۈنتۇرا بىر چوكان — كاشۇلىن ماتۋېينىڭ كېلىنى سوزنىنى دانىمۇ - دانە قىلىپ.

— ئېيتقىنا، فروسنىيە.

— نېمىسىنى ئېيتىمەن!... باشقا گەپ يوقمۇ قىلىدىغان؟...

— تارتىنما، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزغۇ.

فروسە چېقىۋاتقان ئاپتاپپەرەس شاكىلىنى قولىغا تۇ- كۆرۈپ كۆلدى:

— مەن ئۇزاقتىن بۇيان ئۇنىڭغا سەپ-سېلىپ بىر ئىشنى بارلىغىنى سېزىپ يۈرەتتىم، بۇ يېقىندا بەزى كىشىلەردىن: ئېرىك تۈگمەندە دوننىڭ نېرىقى قىرغىقىدا ياشايدىغان بىر تۇل خوتۇن بىلەن قاش ئېتىشىپ يۈرىدۇ، دىگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ قالدىم... تۈگمەنگە باردىم، قارىسام، ئۇلار تېرىق ئاقلايدىغان سوقىنىڭ قېشىدا تۇرۇشۇپتۇ.

— ھە، راستلا، ناتالىيە، ئېرىك توغرىلىق بىرەر گەپ ئاڭلىغىنىڭ يوقمۇ؟ — دەپ گەپنى بولدى كاشۇلىنىڭ كېلىنى ناتالىيىگە قاراپ.

— ئۇ ياگودنويىدا ...— دەپ ئاستىا جاۋاپ بەردى ناتالىيە.

— ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇش خىيالىدا بارمۇ ياكى يوقمۇ؟

— ناتالىيە بىللە ئوتۇشنى ئويلىسا كېرەك، لېكىن ئاۋۇ نىمە ناتالىيىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيدۇ-دە، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى پىلاگېيە.

ناتالىيە تۇساتتىن يۈزىگە ئىسسىق قان ئۇرۇلغاندەك بولۇپ، كوزىگە ياش تولغانلىقىنى سەزدى. ئۇ بېشىنى دەرھال توقۇۋاتقان پايپاقنىڭ ئۈستىگە ئېگىشتۇرۇۋېلىپ، ئاياللارغا كوز قىرى بىلەن قاراپ قويدى، ھەممەيلەننىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كورۈپ، ئۇياتتىن قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى ئۇلار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىن يوشۇرالمايدىغانلىقىنى چۈشەندى - دە، تىزىدىكى يىپ توپىنى ئەتەي يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى ۋە پەسكە ئېڭىشىپ، بارماقلىرى بىلەن سوغاق پولنى سىيپىلاشقا باشلىدى. بۇ ئىشنى ئەتەي شۇنداق قىلغانلىقىنى ھەممەيلەن بايقىغان ئىدى.

— ئۇنداقنىمىكە بىرنى تۈكۈرۈپ، كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت. باش ئامان بولسا، كىيىدىغان ھەممە نىمە تېپىلىدۇ، — بىر ئايال سەمىمى ئىچ ئاغرىتىپ، شۇ مەسلىھەتنى بەردى.

ناتالىيىنىڭ بايىقى سۆزى كەيپى خۇشلىقى شامالدىكى ئۈچقۇندەك يوقاپ كەتتى. ئاياللار ئەڭ يېقىنقى مىش - مىش گەپلەر ۋە غەيۋەتلەرگە يۆتكەلدى. ناتالىيە گەپكە ئارىلاشماستىن، جىملا پايپىقىنى توقۇشقا كىرىشتى. ئۇ پاراڭ تۈگىگىچە ئاران چىداپ ئولتۇردى - دە، كېيىن چىقىپ كەتتى، ئۇ كېتىۋېتىپ كوڭلىدە ئانچە ئېنىق بىر قارارغا كېلىپ قويدى. ئۇ مۇجمەل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا (گىرىگورىينىڭ ئۇزۇل - كېسىل كېتىپ قالغانلىقىغا ئۇ ھامان ئىشەنمەيتتى، شۇڭا كوڭلىدە ئۇنى ئەپۇ قىلىپ، قايتىپ كېلىشىنى كۈتەتتى) نومۇس قىلاتتى، بۇنداق نومۇس ئۇنى تۇۋەندىكىچە ئىش قىلىشقا مەجبۇر قىلاتتى؛ ناتالىيە ئۆيدىكىلەردىن يوشۇرۇنچە ياگودنويىدىكى گىرىگورىيغا خەت يېزىپ، سىنىڭ پۈتۈنلەي كېتىپ قالغانلىقىڭ راستمۇ ياكى قايتىپ كېلىش نىيىتىڭ بارمۇ، دەپ سوراپ باقماقچى بولدى. ئۇ پىلاگېيىنىڭ ئۆيىدىن كەچ قايتتى، گىرىشاكا بوۋا ئىچكەركى ئۆيدە كونىراپ كەتكەن، شام تامچىلىرى يېپىشىپ قالغان، كون مۇقاۋىلىق ئىنجىلنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى، مىرون گىرىگورىيېۋىچ بېلىق تورىنىڭ پۈتۈشكە ئاز قالغان بىر چېتىنى توقۇۋېتىپ، مىخەيىنىڭ ھېكايىسىغا قۇلاق سالاتتى، مى-

خەي بۇرۇنقى چاغدا ئولتۇرۇلگەن بىر ئادەم توغرىلىق سوزـ لەپ بېرىۋاتاتتى. ناتالىيىنىڭ ئانىسى بالىلىرىنى ياتقۇزۇپ بولۇپ، تاپىنى قارىيىپ كەتكەن ئايىغىنى ئىشىك تەرەپكە ئۇزىتىپ، مەشىنىڭ ئۇستىدە ئۇخلاۋاتاتتى. ناتالىيە يېشىنىپ، ئوينىڭ ئىچىنى مەقسەتسىز بىر ئايلىنىپ چىقتى. چوڭ ئوينىڭ تاختاي بىلەن توسالغان بىر بۇرجىگىدە ــ ئۇرۇقلۇققا ئېلىپ قويۇلغان بىر دوۋە كەندىر ئارىسىدا چاشقانلارنىڭ ۋىچىرلىـ غىنى ئاڭلىناتتى.

ناتالىيە چوڭ دادىسىنىڭ ھۇجرىسىدا بىردەم توختاپ تۇرۇپ قالدى. بۇلۇڭدىكى شىرە يېنىغا كېلىپ، بۇتلارنىڭ ئاستىدا تېزىقلىق تۇرغان بىر دەستە چېركاۋ كىتاپلىرىغا تېـ كىلىپ قارىدى.

ــ چوڭ دادا، سەندە قەغەز بارمۇ؟

بوۋاي پېشانىسىنى پۈرۈشتۈرۈپ، كوزەينەك ئۇستىدىن قارىدى:

ــ قانداق قەغەز؟

ــ خەت يازىدىغان قەغەز.

گىرىشاكا بوۋا بىر دىنىي كىتاپنى ۋاراقلاپ ئىچىدىن پۇرلىشىپ كەتكەن، سېسىغان ھەسەل پۇرىغى كېلىپ تۇرىدىغان بىر ۋاراق قەغەزنى تېپىپ بەردى.

ــ قېرىنداش بارمۇ؟

ــ داداڭدىن سورا، يۇگۇر، قالىغىچىم، ماڭا توسقۇن بولما.

ناتالىيە دادىسىدىن بىر كۇتمەك قېرىنداشنى ئالدى. شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، خېلى بۇرۇنلا ئويلاپ قويغان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۈرىكىنى تاتىلاپ كەلگەن ئوي - پىكىرلىرىنى ئازاپ ئىچىدە يېڭىۋاشتىن يەنە بىر ئويلاپ چىقتى.

ئەتىسى ئەتىگەن گېتكوغا هاراق پۇلى بېرىشكە ۋەدە قىلىپ، تۆۋەندىكى مەزمۇندا يېزىلغان خەت بىلەن يولغا سالدى:

«گىرىگورىي پانتېلېيېۋىچ!

ماڭا خەت ئارقىلىق خەۋەر قىلساڭ، مەن نېمە قىلىشىم كېرەك؟ مېنىڭ ۋەيران بولغان تۇرمۇشۇم مۇشۇنداق كېتىۋېرەمدۇ؟ سەن ئۆيدىن كەتكەندە ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىڭ، مەن ساڭا ھېچبىر يامانلىق قىلمىغان ئىدىم. سېنى مەن ئىختىيارىمنى ئۆز قولۇمغا بېرەر ۋە كېلىش - كەلمەسلىكىڭنى ئېيتار دەپ تا شۇ كەمگىچە كۈتتۈم، ئەمما سەن يېزىدىن چەتكە چىقىۋېلىپ، ئۆلۈكتەك جىمىپ كەتتىڭ.

مەن سېنى قىزىق قانلىق بىلەن كېتىپ قالدى، قايتىپ كېلەر دەپ كۈتكەن ئىدىم، ئەمما مەن سىلەرنى بىر-بىرىڭلاردىن ئاجرىتىۋەتمەكچى ئەمەسمەن. ئىككى ئادەم خاكسار بولغىچە، مەن ئۆزەملا توپىغا يەم بولۇپ، ئاياق-ئاستى بولۇپ كەتكىنىم ياخشى. ئاخىرقى قېتىم رەھىم قىل، خەت ياز. جاۋابىڭنى بىلسەم، پىكىرىم بىر يەردە بولاتتى، ھازىر مەن يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالدىم.

گىرىشا، ئەيسانىڭ ھەققى - ھۆرمىتى، ماڭا ئاچچىقىڭ كەلمىسۇن!

— ناتالىيە.»

ئىچىش ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى سەزگەن گېتكو قاپىقىنى ئاچماستىن، ئاتنى ئاستا خامانىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى: مىرون گىرىگورىيېۋىچقا تۇيدۇرماستىن، ئۇنى يۇ-

گەنلىدى ـ دە، يورغىلىتىپ چىپىپ كەتتى. ئات ئۇستىدە ئـۇ كازاكلارغا ئوخشاش چاققان ئولتۇرالمايتتى، شۇڭا ئات چاپـ قاندا يىرتىلىپ كەتكەن يېڭى بىلەن جەينىكىنى لىكىلدىتىپ باراتتى؛ كوچىدا ئويناۋاتقان بىر توپ كازاك بالىلىرىنىڭ ئادەمنى بىزار قىلىدىغان شاۋقۇن ـ سورەنى ئاستىدا ئۇ ئاتـ نى قاتتىق چاپتۇرۇپ كەتتى.

ـــ خوخۇل!... ھەي خوخۇل!...

ـــ ئىپلاس ـ خوخۇل!

ـــ ئاتتىن يىقىلىسەن!...

ـــ قاشانىڭ ئۇستىگە چىقىۋالغان ئىتقا ئوخشايدۇ! ـــ دەپ بالىلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋاقىراپ قېلىشتى.

گېتكو كەچكە يېقىن جاۋاپ خەت ئېلىپقايتىپ كەلدى. بۇ چاقماق قەن ئورالغان بىر پارچە كوك قەغەز ئىدى؛ گېتـ كو قوينىدىن خەتنى چىقىرىۋېتىپ ناتالىيەگە كوزىنى قىسىپ قويدى.

ـــ يول بەك يامان ئىكەن، كىچىك خېنىم! ئـوكغۇل ـ دوكغۇل. گېتكونىڭ ئۇچەي ـ باغرى ئۈزۈلۈپ كېتىشكە تـاس قالدى!

ناتالىيە خەتنى ئوقۇپ تاتىرىپ كەتتى. يۈرىكىگە توت خەنجەر سانچىلغاندەك بولدى.

خەتتە توتلا سوز بار ئىدى: "يالغۇز ياشاۋەر، مېلىخوپ گىرىگورىي".

ناتالىيە ئوزىنى تۇتۇۋېلىشقا كۇچى يەتمەسلىكىگە كوـ زى يەتكەندەك، ناھايىتى ئالدىراشلىق بىلەن ھويلىدىن ئويـ گە كىرىپ، ئوزىنى كـاۋراتقا ئاتتى. لۇكىنىـچنا بايـراملىق نەرسىلەرنى بالدۇرراق پىشۇرۇپ بىكار بولۇش ئۇچۇن مەشكە كىچىلەپ ئوت يېقىپ قىزىتىپ قويۇشقا كىرىشكەن ئىدى.

www.uyghurkitap.com

— ناتاشكا، كەل، ماڭا قارىشىپ بەر، — دەپ چاقىردى ئۇ قىزىنى.

— بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ، ئانا، بىردەم يېتىۋالاي.

لۇكىنىچنا ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ:

— تۇزلىغان تەرخەمەك سۈيىنى ئىچسەڭ بولاتتى، — ھە؟ ھازىرلا كۆڭلۈڭ ئېچىلىپ قالاتتى.

ناتالىيە قۇرۇپ كەتكەن تىلى بىلەن مۇزدەك لەۋلىرىنى يالاپ، ئۇنچىقمىدى.

ئۇ كەچكىچە بېشىغا ئىسسىق تىۋىت رومالنى ئوراپ ياتتى، تۈگۈلۈپ قالغان بەدىنى ئۈيۈشۈپ، تىترەپ تۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانىغا چىققاندا مىرون گىرىگورىيېۋىچ بىلەن گىرىشاكا بوۋا چېركاۋغا بېرىشقا ھازىرلىنىپ تۇراتتى. ناتالىيىنىڭ ئىككى چېكىسىدە، سىلىق تارالغان قارا چاچلىرىنىڭ ئاستىدا تەر تامچىلىرى پاقىراپ تۇراتتى. دەرتتىن خىرەلىشىپ قالغان كۆزلىرى بىر ئاز ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئىدى.

مىرون گىرىگورىيېۋىچ كەڭشالۋۇرىنىڭ بىرقاتار تۈگمىلىرىنى ئېتىۋېتىپ، قىزىغا كۆز قىرى بىلەن قارىدى.

— كېسەل سېنى ساقلاپ تۇرغاندەك بۈگۈنلا بېتاپ بولۇپ قالغىنىڭنى قارا، قىزىم. يۈر، مۇقەددەس سەھەر ئىبادىتىگە بارىمىز.

— كېتىۋېرىڭلار، مەن سەل تۇرۇپ بارىمەن.

— كىشلەر تارقالغاندا بارامسەن؟

— ياق، كىيىمىنى كىيىۋالاي... كىيىنىپ بولۇپلا ماڭىمەن.

كازاكلار كېتىشتى، ئۆيدە لۇكىنىچنا بىلەن ناتالىيە قالدى، ناتالىيىنىڭ ئەزالىرى بوشىشىپ، ساندۇقنىڭ يېنىدىن

كارۋاتنىڭ قېشىغا باردى. ساندۇقتىكى بىر دوۋە كىيىم ـ كېچەكـ
لەرنىڭ ئۇرسىز كوزلىرىنى تىكەتتى، لەۋلىرىنى پىچىرلىتىپ، ئازاپ
ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر ئويلايتتى. لۇكىنىچىنا ئۇنى قايسى كىيىمـ
نى كىيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىـ
دە، ئانىلىق مېھرى بىلەن:

ــ قوزام، مېنىڭ كوك يوپكامنى كىيسەڭ بولامدىكىن.
ساڭا تازا يارىشىدۇ، ــ دېدى.

بۇ يىل پاسخا بايرىمىدا ناتالىيىگە يېڭى كىيىم تىكـ
تۇرمىگەن ئىدى. قىز ۋاقتىدا ناتالىيە ھەر بايرامدا ئېتىكى
تار كوك يوپكا كىيىشنى ياخشى كورەتتى، لۇكىنىچىنا بۇنى ئەسكە
ئېلىپ، كىيىم تاللىغاندا قىزىمنىڭ كوڭلى يېرىم بولمىسۇن
دەپ، ئوز بوخچىسىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ تۇرۇۋالدى.

ــ كىيەمسەن؟ ھازىر ئېلىپ بېرىمەن.

ــ ياق، مۇشۇ كىيىمىم بىلەن كېتىۋېرىمەن. ــ ناتالىـ
يە ئوزىنىڭ يېشىل يوپكىسىنى ساندۇقتىن ئاۋايلاپ تارتىپ
چىقاردى ـ دە، توساتتىن، توي بولۇشتىن ئىلگىرى گىرىگورىي
يۈز كورۇش ئۈچۈن كەلگەندە مۇشۇ يوپكىنى كىيىپ چىققانلىـ
غى، شۇ چاغدا سالقىن لاپاس ئاستىدا گىرىگورىي ئۇنى چوـ
كۇلدىتىپ سۆيۈپ، ئىزا تارتقۇزغانلىغى ئېسىگە چۈشۈپ، ئوپكىـ
سىنى باسالماي پىخىلداپ يىغلىۋەتتى. قىيا ئېچىلغان ساندۇقـ
نىڭ قاپقىغى ئۈستىگە كوكسى بىلەن دۈم چۈشتى.

ــ ناتالىيە، نېمە بولدۇڭ؟... ــ ئانىسى قولىنى بىرـ
بىرىگە ئۇرۇپ ئالاقزادە بولۇپ قالدى.

ناتالىيە قاپساپ كەلگەن قاتتىق يىغىنى توختىتىۋېلىپ،
ئوزىنى ئاران ساقلاپ قالدى ۋە ياسىما كۇلكە بىلەن كۇلۇپ
قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بۇگۇن ماڭا نىمە ئىش بولغاندۇ ...
— ئاھ، ناتاشكا، سىزدىن تۇرۇۋېتىمەن...
— جېنىم ئانا، نىمىنى سەزدىڭىز؟ — ناتالىيە يىشىل يوپكىنى بارماقلىرى بىلەن مىجىغلاپ پەردە بىلەن ۋاقىرىۋەتتى.
— ئەھۋالىڭ ناچارلىشىۋاتىدۇ... ئەرگە تېگىش كېرەك.
— بولدىلا!... ئەرگە تېگىپمۇ كوردۇم.
ناتالىيە ئوز خانىسىغا كىيىنىش ئۈچۈن كىرىپ كېتىپ، بىردەمدىن كېيىن ئاشخانىغا قايتىپ چىقتى؛ ئۇ بىر قۇر ياسانغان ئىدى، بېلى ئىنچىكە كەلگەن ناتالىيىنىڭ چىرايى ئوڭگەن، كوكۇمتۇل سۇپ- سۇزۇك يۈزىدە قىزىللىق يوقالغان ئىدى.
— ئوزەڭ يالغۇز مېڭىپ تۇرغىن، مەن تېخى تەييارلىنىپ بولمىدىم، — دىدى ئانىسى.
ناتالىيە قولياغلىقىنى يېڭىگە قىستۇرۇپ، پىشايۋانغا چىقتى. دون تەرەپتىن چىقىۋاتقان شامال دەريادا ئېقىۋاتقان مۇزلارنىڭ شاۋۇلدىغان ئاۋازىنى ۋە ئېرىگەن قار سۈيىنىڭ چۈچۈك، ھاياتبەخش ھىدىنى ئېلىپ كېلەتتى. ناتالىيە سول قولى بىلەن يوپكىسىنىڭ ئېتىگىنى كوتىرىۋېلىپ، كوچىدا يېيىلىپ ياتقان ئويمانلاردىكى سەدەپتەك پارقىراپ تۇرغان يامغۇر سۈيىنى چەتلەپ مېڭىپ، چېركاۋغا يېتىپ باردى. يول ئۈستىدە ئۇ ئىغىر بېسىق بولۇشقا، ئاۋالقى روھىي ھالىتىگە كېلىۋېلىشقا شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، بايرامنىلا ئويلاپ، ئوي پىكرىنى ئۇششاق - چۇششەك نەرسىلەرگە يۈرگۈزمەكچى بولسىمۇ، لېكىن پىكرى - خىيالى تەرسالىق بىلەن قويىنىدىكى ئاشۇ كوك قەغەزگە كېتەتتى، كوز ئالدىغا گىرىگورىي بىلەن ھىلىقى بەختىيار ئايال كېلىۋالاتتى، بۇ ئايال ناتالىيىنى مەسخىرە قىلىپ

كۆلۈۋاتقاندۇ، ھەتتا رەھىمى كېلىپ ئېچىنىۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن...

ناتالىيە چىركاۋنىڭ پەنجىرىلىك قوراسىغا كىردى. يىگىتلەر ئۇنىڭ يولىنى توسىۋالدى. ناتالىيە چەت بىلەن مېڭىپ، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قالدى:

— كىم بۇ؟ تونۇدىڭمۇ؟

— ناتاشكا كورشۇنوۋاغۇ.

— ئىشىق كېھلى بارمىش، شۇنىڭ ئۈچۈن ئېرى تاشلاپ كېتىپتۇ، دېگەن مىش - مىش گەپ بار.

— بىكار گەپ! ئۇ ئۆز قېيناتىسى پانتېلېي توكۇر بىلەن يۈرەرمىش.

— ھە، گەپ مۇنداق ئىكەن - دە! گىرىشكا شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆيدىن قاچقان ئىكەن - دە!

— ئۇنداق بولمىغاندا، نېمىشقا قاچىدۇ؟ بۇ ئايال ھازىرمۇ...

ناتالىيە ئوڭغۇل - دوڭغۇل ياتقۇزۇلغان تاشلارغا قېقىلىپ پۈتلىشىپ، چىركاۋ ئاستانىسىغا بېرىۋالدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاستا ئېيتىلغان پاسكىنا، ئۇياتسىز بىر سۆز كۆڭلىگە ناھايىتى قاتتىق تېگىپ كەتتى. ئاستانە يېنىدا تۇرغان قىزلارنىڭ پىخىلداپ كۈلۈشى ئاستىدا ناتالىيە مەس ئادەمدەك دەلدەڭشىپ، باشقا بىر ئىشىكتىن كوچىغا چىقتى - دە، ئۆيىگە قاراپ چاپتى. دەرۋازىنىڭ ئالدىغا بارغاندا، نەپەس ئېلىۋېلىپ، پۈتلىرى ئېتىكىگە يۆگىلىپ قالغان ھالدا ھويلىغا كىردى؛ چىشلەۋېلىپ ئىششىپ كەتكەن ۋە قاناپ كەتكەن لەۋلىرىنى يەنە چىشلەيتتى. ھويلا ئىچىدىكى سىرىن رەڭدىكى قاراڭغۇلۇقتا ئامبارنىڭ قىيا ئېچىلغان ئىشىكى قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ناتالىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، ئىشىكنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى - دە، ئالدىراشلىق بىلەن بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆتتى، ئامبارنىڭ ئىچى سالقىن بولۇپ، تاسما جابدۇقلارنىڭ، كوكىرىپ كەتكەن پاخال - سامانلارنىڭ ھىدى گۇپۇلدەپ پۇرايتتى. خورلۇق ۋە ئۈمىتسىزلىك سەۋەبى بىلەن ئېغىر قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە قالغان ناتالىيە ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا پايپاسلاپ بىر بۇلۇڭغا يېتىپ باردى. چالغا ئوغاقنى قولىغا ئېلىپ، سېپىنى چىقىرىپ تاشلىدى (ئۇ ئالدىرىماي، تېنىمەي ئېنىق، دادىل ھەركەت قىلاتتى)، شۇندىن كېيىن بېشىنى ئارقىسىغا تاشلاپ، ئۆزىنىڭ جاسارىتىدىن، دادىللىقىدىن مەمنۇن بولغاندەك، ئوغاقنىڭ بىسىنى بوغۇزىغا قويۇپ، كۈچ بىلەن ئۆزىنى بوغۇزلىدى. ۋەھشىيانە كويدۇرگەن ئاغرىققا چىدىيالماي، زەربە يېگەن ئادەمدەك غۇلاپ چۈشتى، ئەمما باشلىغان ئىشى چالا قالغانلىقىنى سەل - پەل بايقىدى - دە، توت پۇتلىنىپ ئورنىدىن كوتىرىلدى، ئاندىن كېيىن، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى؛ ئەمدى ئالدىراشلىق بىلەن (چۈنكى ئۇ كوكرىكىگە ئېقىپ چۈشۈۋاتقان قاندىن قورققان ئىدى) ياقىسىنىڭ كونۇپكىلىرىنى دىر - دىر تىترىگەن بارماقلىرى بىلەن يۇلۇپ، نىمىشقىدۇر كوپتىسىنىڭ تۈگمىلىرىنى يەشتى. قاتتىق تۈگۈلۈپ قالغان كوكرىگىنى بىر قولى بىلەن تارتىپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئوغاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە توغرىلىدى - دە، تىزى بىلەن ئومىلەپ تامنىڭ تۈۋىگە باردى، ئالدىن ئوغاقنىڭ ساپ بېكىتىلىدىغان ئۇتمەس تەرىپىنى تامغا تىرىدى ۋە ئارقىغا قايرىلغان بېشىنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇپ، كوكسى بىلەن ئۆزىنى ئالغا ئىتتەردى، يەنە ئىتتەردى... بەدىنى كاپوستا توغرىغاندەك غاچ - غاچ قىلغانلىقىنى ئېنىق ئاڭلىدى؛ ئاغ-

رىق بارغانسېرى كۈچىيىپ، كوكسىدىن كانىيىغا كەلدى، قۇلىغى يىڭنە سانچىغاندەك زىڭىلداپ كەتتى...

ئۇ يىنىڭ ئىشىگى غىچىلداپ ئېچىلدى. لۇكىنىچنا پۈتى-نىڭ ئۇچى بىلەن مېڭىپ پەلەمپەيدىن پايپاسلاپ چۈشۈۋاتاتتى. چېركاۋنىڭ قوڭغۇراقخانىسى ئۈستىدە بىر ئۇلچەمدە ئۇ-رۇلغان قوڭغۇراق سادالىرى ئاڭلىناتتى. دون دەرياسىدا مۇز پارچىلىرى بىر-بىرىگە مىنگىشىپ، تىنىمسىز غاراسلاپ ئا-قاتتى. سۈيى ئۇلغىيىپ لىق ئاققان دون ئازاتلىققا چىققان-دەك سۈيۈنۈپ، ئوزىنى تۇتقۇن قىلغان مۇزلارنى ئازوپ دې-ڭىزى تەرەپكە ھەيدەپ باراتتى.

## 19

ستېپان گىرىگورىينىڭ قېشىغا كەلدى-دە، ئۇزەڭگى-سىدىن تۇتۇپ، تەرگە چومگەن ئايغىرنىڭ بېقىنىغا مەھكەم تىرىۋالدى.

— خوش، سالامەتمۇ سەن گىرىگورىي!

— خۇداغا شۈكۈر!

— سەن نىمە خىيالنى قىلىپ يۈرىسەن؟

— مەن نىمىنى خىيال قىلاتتىم؟

— بىراۋنىڭ خوتۇنىنى يولدىن ئازدۇرۇپ... بەھرىمەن بولماقچىمۇ؟

— ئۇزەڭگىنى قويۇۋەت.

— قورقما، مەن سېنى ئۇرمايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— مەن قورقمايمەن، خاتىرەڭ جەم بولسۇن! — دېدى گىرىگورىي ئاۋازىنى قاتتىقراق چىقىرىپ، ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى.

— ھازىرچە سەن بىلەن مۇشتلاشمايمەن، ئەمما سەن گىرىشكا مۇنۇ سۆزۈمنى يادىڭدا تۇتقىن: بىر كۈن ئەمەس، بىر كۈنى سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!

— بىر قارغۇ «كورەرمىز» دەپتىكەن.

— شۇنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت. سەن مېنى ئاياق ئاستى قىلدىڭ!... تۇرمۇشۇمنى ئىزدىن چىقىرىپ... بويتاق قىلىپ قويدۇڭ... مۇنۇنى قارا، — ستېپان قولىنى سوزۇپ قاپقارا ئالقانلىرىنى ئېچىپ كورسەتتى، — يەر ھەيدەيمەن، ئەمما نېمىشقا ھەيدەۋاتقانلىقىمنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن. يالغۇز بېشىمغا كوپ نەرسە كېرەك بولامدۇ؟ بىكار يۈرسەممۇ قىشنى بىمالال چىقىرالايمەن. مېنى پەقەت زېرىكىش ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ.... مېنى سەن ئىنتايىن بوزەك قىلدىڭ، گىرىگورىي!...

ماڭا دەرت توكمە، چۈشەنمەيمەن، قوسىغى توقنىڭ قوسىغى ئاچ بىلەن كارى يوق، دەپتىكەن.

— بۇ دېگىنىڭ توغرا، — دەپ ماقۇللىدى ستېپان پەستىن گىرىگورىينىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قاراپ، ئۇ بىردىنلا سەبى بالىدەك كۈلۈپ قويدى، ئىككى كوزىنىڭ قۇيرۇغىدا ئىنچىكە قورۇق پەيدا بولدى. — بىرلا پۇشايمىنىم بار، يىگىت... ۋاي ئىسىت، دەپلا يۈرىمەن ... ئېسىڭدىمۇ، ئالدىنقى يىلى جۇۋازخانىدا مۇشتلاشقىنىمىز؟

— قاچاندا مۇشتلاشتۇق؟

— ھېلىقى قاراۋۇل ئۆلتۈرۈلگەن يىلىچۇ؟ بويتاقلارنى-

لەن خوتۇنى بارلار مۇشتلاشقىنى ئېسىڭدىمۇ؟ ئارقاڭدىن قوغ-لىغانلىغىم، يادىڭدىمۇ؟ ئۇ چاغدا سەن مەندىن ئاجىز ئىدىڭ، كوك قۇمۇش ئىدىڭ. مەن سىنى ئايىدىم، بولمىسا، يىقىتىپ كىلىپ، بىرنى سالسام، ئىككى نىمتە بولۇپ كىتەتتىڭ! سەن ئۇقىيا ئۇقىدەك تېز چىپىپ كىتىۋاتاتتىڭ، بىقىنىڭغا كەلتۈ-رۈپ بىرنى سالغان بولسام، — بۇ ئالەمدە يوق بولاتتىڭ!

— خاپا بولما، يەنە ئۇچرىشىپ قالارمىز.

ستىپان قولى بىلەن پىشانىسىنى ئىرتىپ تۇرۇپ، بىر ئىشنى ئەسلىدى.

كىرىپىشنى يىتىلەپ كىلىۋاتقان پان گىرىگورىينى چا-قىردى.

— يۈر، كىتىمىز!

ستىپان هامان ئۈزەڭگىدىن تۇتۇپ، ئايغىرنىڭ يىنىدا ماڭدى، گىرىگورىي ئۇنىڭ هەر بىر هەركىتىدىن سەگەك بو-لۇپ باراتتى. ئۇ ئاتنىڭ ئۈستىدىن ستىپاننىڭ سالپىيىپ چۈشكەن سىرىق بۇرۇتىنى، ئۇزاقتىن بۇيان ئىبلىن-مىغان تۇكۇچىدەك ساقىلىنى كورۇپ تۇراتتى. ستىپاننىڭ ئىڭىكىدىن تارتىلغان فۇراژكىسىنىڭ قارا تاسمىسى نەچچە يەردىن يىرىلىپ كىتىپتۇ، پاتقاقچىلىقتا لاي چاچرىغان يۈزىدە يول - يول تەر ئىزلىرى بىلىنىپ تۇراتتى، — چىرايى تۇتۇق، تونۇغۇسىز بولۇپ قالغان. گىرى-گورىي ئۇنىڭ يۈزىگە قارىغاندا، گويا تاغنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، يىراق - يىراقلاردا يامغۇر بۇلۇتى قاپلىغان چولنى كورۇۋاتقاندەك بولدى. هارغىنلىق، سۇلغۇنلۇق سىزىلىپ تۇ-راتتى. ئۇ خوشلاشماستىنلا ئارقىدا قالدى. گىرىگورىي ئىتىنى ئاستا ماڭدۇرۇپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ھەي، توختا، خوش ... ئاكسىيوتكىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

گىرىگورىي ئوتتۇكىنىڭ پاشىنىسىدىكى بىر پارچە لاينى قامچىسى بىلەن چۇشۇرۇپ تۇرۇپ:

— ياخشى، — دەپ جاۋاپ بەردى.

گىرىگورىي ئايغىرنى توختىتىپ ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىدى. ستېپان چېتىنى كېرىپ، چىشلىرىنى كاسىلدىتىپ، بىر تال شىۋاق ئوتنى چايناپ تۇراتتى. گىرىگورىي ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشقا باشلىدى، بىراق ئۇنىڭ ئۇندەشلىگى رەھىمدىللىكنى بېسىپ كەتتى؛ غىچىلدا يىدىغان ئىگەر كورپىسى ئۈستىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ:

— ئۇ سېنى سېغىنىپ، جۇدەپ كەتكىنى يوق، غەم يېمىسەڭمۇ بولىدۇ! — دەپ ۋاقىرىدى.

— راستمۇ؟

گىرىگورىي ئايغىرنىڭ بېشىغا قامچا ئۇردى - دە، جاۋاپ بەرمەستىنلا چاپتۇرۇپ كەتتى.

## 20

قوسىغىدىكى بالا 6 ئايلىق بولۇپ، ئەمدى يوشۇرۇشنىڭ ئىلاجى قالمىغانلىقتىن، ئاكسىنىيە ئىقرار بولۇپ ھەممىگەپنى گىرىگورىيغا ئېيتتى. ئۇ، قوسىغىدىكى بالا سەندىن بولغان دىسەم، گىرىگورىي ئىشەنمەيدۇ، دەپ قورقۇپ، مۇشۇ كەمگىچە يوشۇرۇپ كەلگەن ئىدى، ئۇنى پات - پات قايغۇ ۋە ۋەھىمە بېسىپ سارغىيىپ كېتەتتى. نىمنىدۇ كۈتەتتى.

دەسلەپكى ئايلاردا ئاكسىنىيە گوشلوك تاماقنى كورسە كوڭلى ئايىنىيدىغان ئىدى، ئەمما بۇنى گىرىگورىي سەزمەيتتى، سەزگەندىمۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەيتتى ھەم بۇنىڭغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيتتى.

گەپ كەچقۇرۇنلۇغى بولدى. ئاكسىنىيە ھاياجانلىنىپ سوزلەپ بەردى ۋە گىرىگورىيغا بۇ گەپ قانداق تەسىر قىلارىكىن، دەپ ئۇنىڭ يۈزىگە تاقەتسىزلىك بىلەن قاراپ تۇردى، ئەمما گىرىگورىي دەرىزە تەرەپكە قارىۋېلىپ، ئەپسۇس ئازراقلاش يوتىلەتتى.

— نىمشقا بۇرۇنراق ئېيتمىدىڭ؟

— قورققان ئىدىم، گىرىشا ... مېنى تاشلاپ كېتەرمىكىن، دەپ ئويلاپتىمەن...

گىرىگورىي كارۋاتنىڭ بېشىنى بارمىغى بىلەن چېكىپ تۇرۇپ سورىدى:

— يېقىنلىشىپ قالدىمۇ؟

— پەرزىمچە، سىپاس بايرىمى كۈنلىرىگىچە بارارمىكىن ...

— ستېپانىڭمۇ؟

— سېنىڭ بالاڭ.

— راستمۇ؟

— ھىساپلاپ كورمەمسەن ... ئاشۇ ئوتۇن كەسكىلى بارغاندا بولۇپ قالغان ...

— يالغان سوزلىمە، كاسيوشكا! ستېپاندىن بولغان تەقدىردىمۇ، ئەمدى ھېچ ئىلاج قىلالمايسەن! مەن ۋىجدانەن سەندىن سوراۋاتىمەن.

ئاكسىنىيە ئاچچىق كوز ياشلىرىنى توكۇپ، ئورۇندۇققا

ئۆلتۈردى، تېلىقىپ ـ تېلىقىپ پىچىرلاشقا باشلىدى:
ــ ئۇنىڭ بىلەن شۇنچە يىل بىللە تۇرۇپ، بالا كۆر-
گىنىم يوق! ... ئوزەڭ ئويلاپ باق! ... مەن ئاغرىق ئايال
ئەمەسقۇ ... سەندىن بولماي كىمدىن بولاتتى، ئەمما سەن ...
گىرىگورىي بۇ توغرىلىق بەك سۈرۈشتۈرۈپ كەتمىدى.
ئارىلىرىغا سوغاقچىلىق چۈشتى، ئۇ ئەمدى ئاكسىنىيىگە يات
ئادەمدەك مۇئامىلە قىلىدىغان بولدى ۋە مەسخىرە ئارىلاش
ئىچىنغاندەك ھېجىيىپ گەپ قىلىدىغان بولۇۋالدى. ئاكسىنى-
يىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، ئەركىلەشنى تاشلاپ قويدى. ياز
داۋامىدا چىرايى بىر ئاز ئوزگەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ھامىلە-
دارلىقى ئۇنىڭ كېلىشكەن قامىتىگە ئۇنچىلىك تەسىر قىلماي-
غان ئىدى: ئۇنىڭ تولۇشقان گەۋدىسى دومبىيىپ قالغان قو-
سىغىنى بىلىندۇرمەيتتى، سولاشقان يۈزىگە يېڭىچە ھۆسۈن
كىرىپ، ئىككى كوزىنى يەنىمۇ چىرايلىق قىلىپ كورسىتەتتى.
ئۇ ئاشخانىدىكى ئىشلارنىڭ ئاسانلا ھۆددىسىدىن چىقاتتى.
شۇ يىلى ئىشچىلار ئاز قالغانلىقتىن، تاماقمۇ ئازراق
پىشۇرۇلاتتى.
ساشكا بوۋا ئىنچىق قېرىلارغا خاس مېھرى ـ مۇھەببەت
بىلەن ئاكسىنىيىگە باغلىنىپ قالغان ئىدى. بۇنىڭغا، بەلكىم،
ئوز قىزىدەك غەمخورلۇق كورسىتىشى سەۋەپ بولۇشى مۇمكىن؛
ئاكسىنىيە ئۇنى ئوز ئاتىسىدەك كورۈپ، كىيىم ـ كېچەكلىرى-
نى يۇيۇپ، كوينەكلىرىنى ياماپ بېرەتتى. تاماق ۋاقتىدا يۇم-
شاق تاماقلارنى ئاغزىغا سېلىپ قوياتتى؛ ساشكا بوۋىمۇ ئات-
لارغا قاراشتىن قولى بوشىسىلا ئاشخانىغا سۇ توشۇيتتى، چوش-
قىلارغا پىشۇرۇلغان ياكيۇلارنى ئېزىپ بېرەتتى، ئىش قىلىپ،
ئۇششاق ـ چۈششەك ھەر خىل ئىشلارنى قىلىپ بېرەتتى، بەزى-

دە خوشاللىقىدىن ئۇسۇل ئويناپ، قوللىرىنى كېرەتتى ۋەچىشـ لىرىنى ھىجايتىپ:

— سەن ماڭا رەھمى قىلدىڭ، مەنمۇ قەرزىمنى ئاداقىـ لىمەن، — دەيتتى ئۇ، — مەن ساڭا ئاكسنىيوشكا، جىنىمدا يوشۇرۇنغان نەرسە بولسىمۇ، چىقىرىپ بېرەلەيمەن. ئايال كىـ شى مەندىن خەۋەر ئېلىپ تۇرمىغاندا تۇگەشكەن بولاتتىم نىـ مە لازىم بولسا ئېيتىۋەر.

يېۋگېنىي ئىكولايېۋىچنىڭ ئىلتىماسى بويىچە گىرىگورىي لاگىرغا بېرىشتىن قۇتۇلۇپ، دالىدا ئىشلىگەن ئىدى. ئۇ ئوت ئوراتتى. ئاگاندا قېرى پاننىي يېزا بازىرىغا ئېلىپ باراتتى، قالغان چاغلاردا خوجايىنى بىلەن بىللە ياۋا ئۆدەك ياكى ياۋا غاز ئېتىش ئۈچۈن ئوۋغا چىقاتتى. يېنىك ئىش، توق تۇرمۇش ئۇنى بۇزدى. گىرىگورىي ھورۇنلىشىپ قالدى، سەمرىپ خېلى ياشقا كىرگەن ئادەم قىياپىتىگە كىرىپقالدى. پەقەت بىرلا غېمى بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ نوۋەتتىكى ئەسكەرـ لىك خىزمىتى. ئۇنىڭدا نە ئات، نە جابدۇق بولسۇن، بۇتوغـ رىلىق ئاتىسىغىمۇ ئۈمىت باغلىيالمايتتى. شۇڭا گىرىگورىي ئۆزىنىڭ ۋە ئاكسىنيىنىڭ ئايلىقلىرىنى توپلايتتى، ھەتتا تاماكا سېتىۋېلىشقىمۇ كوزى قىيمايتتى، ئاتىسىغا يېلىنماستىن پۇل يىغىپ، ئات سېتىۋېلىش نىيىتىدە ئىدى. خوجايىنىمۇ يارـ دەملىشىمەن دەپ ۋەدە بەردى. گىرىگورىينىڭ ئاتام ھېچنەرسە بەرمەيدۇ، دېگەن پەرىزى توغرا چىقتى. ئىيون ئېيىنىڭ ئاـ خىرىدا پېترو ئىنىسىنى كورگىلى كەلدى؛ پېترو گەپ ئارىسىـ دا ئاتىسىنىڭ ئۇنىڭغا ھېلىمۇ غەزەپلىنىپ يۈرگەنلىكىنى ۋە ئات ئېلىپ بەرمەيمەن، يەرلىك كاماندىدا پىيادە ئەسكەر بولۇپ يۈرسۇن، دېگىنىنى ئېيتىپ بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بىكاردىن ۋالاقلاۋەرمىسۇن، ئەسكەرلىككە مەن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن بارىمەن، — دېدى گىرىگورىي. «ئات» سۆزىنى ئالايتەن تەلەپپۇزدا ئېيتتى.

— نەدىن ئالىسەن؟ ئۇسۇل ئويناپ پۇل تاپامسەن؟ — پېترو بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى چايناپ كۈلدى.

— ئۇسۇل ئوينىمىسام، تىلەمچىلىك قىلارمەن، يامىنى كەلسە ئات ئوغرىلايمەن.

— ياشاپ كەت!

— ئايلىنغىمغا ئالىمەن، — دېدى جىددى قىلىپ گىرىگورىي. پېترو پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى، ئالىدىغان ماتاشى ۋە يېمەك - ئىچمىكى توغرىلىق تەپسىلى سورىدى. گىرىگورىينىڭ ھەممە گەپلىرىگە «ھە - ھە» دەپ، بۇرۇتىنى چايناپ تۇرۇپ قۇلاق سالدى، ھەممىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن خوشلىشىۋېتىپ گىرىگورىيغا:

— ئۆيگە قايتىپ كەتسەڭمۇ بولاتتى، ئايىغىڭنى مەھكەم تىرەپ تۇرۇۋالما. پۇل قوغلىشىپ بايبولۇشنى ئويلاۋاتامسەن؟

— مەن پۇل قوغلىشىپ يۈرگىنىم يوق.

— خوتۇنۇڭ بىلەن بىللە تۇرۇشنى ئويلاۋاتامسەن؟ — دەپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى پېترو.

— قايسى خوتۇن بىلەن دەيسەن؟

— مۇشۇ خوتۇن بىلەن - چۇ.

— ھازىرچە ئۇتۇپ تۇرا يمىكىن دەيمەن، قانداق؟

— ئۇزەمچە قىزىقىپ سوراپ قالدىم.

گىرىگورىي ئاكىسىنى ئۇزاتقىلى چىقتى. ئاخىردا:

— ئۆيدىكىلەر قانداق؟ — دەپ سورىدى.

پېترو، پەلەمپەي ئالدىدىكى پەنجىرىدىن ئېتىنى يېشە ۋېتىپ كۆلدى:
— توشقاننىڭ كىرىدىغان ئايۋان ساراي لىرى كوپ بولغىنىدەك، سېنىڭمۇ ئويۇڭ كوپ. بىزمۇ يامان ئەمەس كېتە ۋاتىمىز. ئاناڭ سېنى كوپ سېغىنىدۇ. هازىر ئوت - چوپنى يې غىپ بولدۇق، ئۈچ جايغا باستۇق.
گىرىگورىي، پېترو مىنىپ كەلگەن قۇلىغى چولاق قېرى بايتالغا هاياجان بىلەن كوز يۇگۇرتەتتى.
— قولۇنلىدىمۇ؟
— ياق ئۇكام، قىسىر چىقتى، خىرىستونە بىلەن تىگىش كەن ھىلىقى تورۇق بايتال قولۇنلىدى.
— نىمە تۇغدى؟
— ئەركەك، ئۇكام، شۇنداق ئايغىركى — باهاسى يوق! ئاياقلىرى ئۇزۇن، ئىگىز قولۇن، توشى كىلىشكەن، ئالامەت بىر ئارغىماق بولىدۇ.
گىرىگورىي بىر ئۇھ تارتتى.
— يېزىنى سېغىنىۋاتىمەن، پېترو، دونىنى سېغىنىدىم. بۇ يەردە ئاقارسۇنى كورمەيسەن، ئادەمنىڭ تۇرغىسى كەلمەيدىغان جاي ئىكەن!
پېترو قوسىغى بىلەن ئىگەرگە يېپىشىپ ئوڭ پۇتىنى ئاتنىڭ ئۇستىگە دەس ئالدى - دە.
— سېغىنساڭ بېرىپ تۇر! — دىدى.
— پۇرسىتى كەلگەندە بېرىپ قالارمەن!
— خەير - خوش!
— ئاق يول بولسۇن!
پېترو هويلىدىن چىقىپ بولغان ئىدى، ئەمما بىرنەرسە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېسىگە چۈشۈپ، دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان گىرىگورىينى چاقىرىپ قالدى:

— ئاۋۇ ناتالىيە... ئۇنتۇپ قاپتىمەن... چاتاق ئىش بولدى...

ھويلىنىڭ ئۈستىدە سادەك ئايلىنىپ يۈرگەن قۇيۇن گەپنىڭ ئاخىرىنى گىرىگورىيغا ئاڭلاتقۇزماي قويدى: پېترو ئېتى بىلەن توزان ئىچىدە قالدى، گىرىگورىي گەپنى ئاڭلىيالماي قول شىلتىدى - دە، ئات ئېغىلىغا كىرىپ كەتتى.

ياز قۇرغاق كەلگەن ئىدى. يامغۇر كەم ياققانلىقتىن، ئاشلىق بالدۇر پىشتى. قارا بۇغداي ئەمدى يىغىپ بولۇنغاندا ئارپا پىشىپ قالدى. سامىنى سارغىيىپ قىلتىرىقلىق باشاقلىرى يەرگە سالام قىلىشقا باشلىدى، ئىش سوراپ كەلگەن 4 ياللانما مەدىكار بىلەن گىرىگورىي ئارپا ئورۇشقا ماڭدى.

ئاكسىنىيە ئوچاق بېشىدىن بالدۇرلا بىكار بولۇپ، گىرىگورىيغا، مېنىمۇ بىللە ئالغاچ بارغىن، دەپ يېلىندى.

— ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇرساڭچۇ، ساڭا بېرىش نىمىگە زورۇر بولۇپ قالدى؟ — دىدى گىرىگورىي بارماسلىققا نەسىھەت قىلىپ، ئەمما ئاكسىنىيە ئۆز گېپىدە چىڭ تۇردى ۋە ئالمان - تالمان كىيىنىپ دەرۋازىدىن چىقتى - دە، مەدىكارلار چۈشكەن ھارۋا ئارقىسىدىن يۈگۈردى.

ئاكسىنىيە ئۇزاقتىن بۇيان تەشۋىش ۋە سۆيۈنۈش ئىچىدە سەۋرىسىزلىك بىلەن كۈتكەن نەرسە، گىرىگورىينىڭ كوڭلىنى غادىرۇسكىن قىلغان نەرسە ئوما ۋاقتىدا يۈز بەردى. ئاكسىنىيە ئارپا ئۆنچىسىنى يىغىۋېتىپ، ئۆزىدە بىر خىل ئالامەتلەر بولۇۋاتقانلىقىنى ھس قىلدى - دە، دەرھال ئىشنى تاشلاپ، ئارپا دوۋىسى يېنىغا بېرىپ ياتتى. كوپ ئۆتمەي تولغاق باشلاندى.

ئاكسىنىيە كوكىرىپ كەتكەن تىلىنى چىشلەپ، ئوڭدىسىغا ياتات-
تى. ئاشلىق ئورۇيدىغان ماشىنىدا ئارپا ئورۇۋاتقان ئىشچىلار
ئاتلىرىنى «چۇ - چۇ» دەپ، ئۇنىڭ يېنىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ
تۇرۇشاتتى. بۇرنى پۇچۇق، ساپ - سېرىق، يۈزى قات - قات
قورۇلۇپ كەتكەن بىر ياش ئىشچى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئاكسى-
نىيىگە سوز تاشلىدى:

— ھەي، ياتقان يېرىڭنى قارىغىنا، باشقا يەر تېپىل-
مىدىمۇ؟ قوپ ئورنىڭدىن، ئاپتاپتا ئېرىپ كېتىسەن!

گىرىگورىي ماشىنىنى باشقا بىرسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ،
ئاكسىنىيىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— نىمە بولدۇڭ؟...

ئاكسىنىيە لەۋلىرىنى ئاران مىدىرلىتىپ بوغۇق ئاۋاز
بىلەن:

— تولغاق تۇتۇۋاتىدۇ، — دىدى.

— كەلمىگىن دەپ ئېيتقان ئىدىمغۇ، جىن ئۇرغۇر! ئەمە-
دى قانداق قىلىمىز؟

— تىللىما، گىرىشا... ۋاي - ۋاي!... گىرىشا، ھارۋىنى
قوش!... ئويگە كېتەيلى... بۇ يەردە مەن قانداق قىلىپ...؟
كازاكلار ئوتۇپ تۇرۇۋاتسا... — ئاكسىنىيە ئىڭراشقا باشلىدى:
ئۇنى قاتتىق ئاغرىق تۇتقان ئىدى.

گىرىگورىي ئوتلاۋاتقان ئاتىنى ئېلىپ كېلىش
ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كەتتى. ھارۋىنى قوشۇپ ئېلىپ كەلگىچە —
ئاكسىنىيە ئومىلەپ بىر چەتكە چىقىپ، چاڭ - توزاڭ باسقان
بىر دۆۋە ئارپا ئارىسىغا بېشىنى تىقىپ، ئىككى قولى ۋە
ئىككى تىزى بىلەن يەرگە تىرىلىپ قالغان ئىدى. ئاغرىق ئا-
زاۋىدىن ھەدەپ ئۈزۈن قىلىقتىرىقلىق باشاقنى چايناپ تۈكۈ-

رەتتى. يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن گىرىگورىيغا ياتسىرىغان ئىشـ شىق كوزلىرى بىلەن چەكچىيىپ قارىدى ـ دە، بىردىنلا ۋاقىـ رىۋەتتى، ھايۋانلارغا خاس بۇ سەت ئاۋازنى ئىشـچىلار ئاڭلاپ قالـمىسۇن دەپ، شۇ زاماتلا پەرتۇغنى مەھكەم چىشلىۋالدى.

گىرىگورىي ئـۇنى ھارۋىغا ياتقۇزۇپ، خوجايىنىنىڭ جاـ يىغا قاراپ ھەيدىدى.

ــ ۋاي، ئاستىراق ھەيدە!... ۋاي ئۆلىدىغان بولدۇم!... ئاراقلاتـما! ... ــ ئاكسىنىيە خىرىلداپ ۋاقىرىدى چاچلىرى چۇۋۇلغان بېشىنى نەگە قويۇشىنى بىلمەي.

گىرىگورىي ئۈندىمەستىن ئاتنى قامچىلايتتى، تىزگىننى ھەدەپ بېشىدىن ئايلاندۇراتـتى ، چىقىراپ چىقىۋاتقان يىغا ئاۋازى تەرەپكە قايرىلىپ قارىمايتتى.

ئاكسىنىيە بېشىنى چاڭگاللىۋېلىپ، چـانىغىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغان كـوزلىرىنى سارا ڭلارچە چـەكچەيتەتتى، ھارۋا ئۈستىدە ئىندىكىپ ـ ئىندىكىپ تۇراتتى، ھـارۋا بولسا ئادەم ماڭمىغان ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يولدا تەۋرىنىپ تۇراتتى. ئات ئىلدام ماڭدى: گىرىگورىينىڭ كوز ئالدىدا ھارۋىنىڭ ئەگمە دوغىسى سىلىق تەۋرىنەتتى، ئـۇنىڭ ئۈستى تەرىپى ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن كىرىستالدەك سۈپ ـ سۈزۈك، ئاپپاق بۇلۇتنى توسىۋالغان ئىدى. ئاكسىنىيە بىردەم ئارقا ـ ئارقىدىن چىقىـ راپ، ۋاي ـ ۋايلىدى ـ دە، ئاندىن چىپپىدە توختاپ قالدى. چـاقلار تاراقشىيتتى، ئـاكسىنىيە غۇۋۇلداپ تـۇرغان بېشىنى ھارۋىنىڭ يان تاختىسىغا دۈك ـ دۈك ئۇرۇۋالاتتى. گىرىگورىي ئۇنىڭ نىمشـقا بىردىنلا جىمىپ قالغانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ، ئارقىسىغا قارىدى: ئاكسىنىينىڭ يۈزى تاتىرىپ، سەتـلىشىپ

كەتكەن بولۇپ، چېكىسىنى ھارۋىنىڭ يان تاختىسىغا مەھكەم يېقىپ، قىرغاقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالغان بېلىقتەك ئاغزىنى ماك ـ ماك ئېچىپ ياتاتتى. ئېچكىرىگە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كوز چانىغىغا پېشانىسىدىن تەرقۇيۇلاتتى. گىرىگورىي ئۇنىڭ بېشىنى كوتىرىپ، ئاستىغا مىجىقلانغان شەپكىسىنى قويدى. ئاكسىنىيە كوزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىپ، قەتئىلىك بىلەن:

— گىرىشا، مەن ئولۇپ كېتىدىغان بولدۇم... ھەي... ئىش تامام! — دىدى.

گىرىگورىي چوچۇپ كەتتى، تۇيۇقسىز تەرگە چومگەن پۇت ـ قوللىرىدىن تارتىپ ھەممە يېرى مۇزلاپ كەتتى. گىرىگورىي ھايا جانلانغانلىقتىن، ئاكسىنىيىنى بەزلەش ۋە كوڭلىنى كوتىرىش ئۈچۈن بىرەر سوز تاپالمىدى؛ قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىدىن ئاران ـ ئاراندا:

— تولا گەپ قىلما، ئەخمەق! — دىگەن سوز چىقىپ كەتتى. ئۇ بېشىنى بىر سىلكىپ، ئىككى پۇكۇلۇپ ئىگىشتى ـ دە، ئاكسىنىيىنىڭ بىزاۋىتلىنىپ تۇرغان ئايىغىنى تۇتتى، — ئاكسيوتكا، كېپىنىكىم، نىمە بولدى؟ ...

بىر پەس بېسىلىپ قالغان ئاغرىق، ئۇن ھەسسە كۈچىيىپ، ئاكسىنىيىنى يېڭىۋاشتىن تۇتتى. ئاكسىنىيە پەسىيىپ كەتكەن قوسىغىدا بىر نىمە تېشىغا تېپىۋاتقانلىغىنى ھىس قىلدى ـ دە، ئۇق ـ يادەك ئېگىلىپ، بارغانسېرى دەھشەتلىك چىقىرىغىلى تۇردى، ئۇنىڭ ئاۋازى گىرىگورىينىڭ قۇلىغىنى تېشىۋەتكىدەك بولدى. گىرىگورىي ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ ئاتنى تېز چاپتۇراتتى.

چاقنىڭ گۇلدۇرلىشى ئارىسىدىن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— گىرد ـ شا! — دىگەن ئىنچىكە نالە ـ پەريات ئۇ ـ نىڭ قۇلىغىغا ئاران ئاڭلىناتتى.

گىرىگورىي تىزگىننى تارتىپ، ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىدى: ئاكسىنىيە قانغا مىلىنىپ، قوللىرىنى ئىككى يانغا تاشلاپ ياتاتتى. يوپكىسىنىڭ ئاستىدا بىر نىمە مىدىرلىدى، «ئىڭگە» دىگەن ئاۋاز چىقتى... گاڭگىراپ قالغان گىرىگورىي سەكرەپ يەرگە چۈشتى ـ دە، پۈتىنى چۈشەپ قويغاندەك دەلدەڭشىپ، هارۋىنىڭ ئارقا تەرىپىگە كېلىپ، ئاكسىنىيىنىڭ قىزىتما هىدى ئۇرۇپ تۇرغان ئاغزىغا قاراپ قالدى، كوپ ئوتمەي ئاكسىنىيىنىڭ نىمە دىگەنلىگىنى ئۇقتى:

— كىندىگىنى كەس... كوينىگىڭدىن... يىپ... سۇغۇ ـ رۇپ... باغلا...

گىرىگورىي ئىشرەپ تۇرغان بارمىقلىرى بىلەن ماتا كوينىگىدىن يىپ سۇغۇردى، كوزىنى چىڭ يۇمۇپ، بالىنىڭ كىندىگىنى چىشلەپ ئۈزدى، ئاندىن قان چىقىپ تۇرغان ئۇ ـ چىنى چىڭ باغلىدى.

## 21

لىبىنىنىسكىنىڭ مۈلكى — ياگودنويىي كەڭ قورۇق دا ـ لىغا كىرىشىپ كەتكەن ئىدى، شامال ئۈزگىرىپ، بىردەم جە ـ نۇپتىن، بىردەم شىمالدىن سوقاتتى؛ كوكۇش سۈزۈك ئاسمانىدا قۇياش ئۈزۈپ يۈرەتتى؛ ياز ئاخىرلىشىپ قالدى، كوز غازاڭ ـ لارنى توكۇپ شارىلداشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قەهرى ـ

تان قىش كەلدى، قار چۈشتى، بوران باشلاندى. ياگودنويىدا بولسا تۆنۈگۈنكى كۈننى بۈگۈندىن پەرق ئەتكىلى بولمايتتى، تاشقى ئالەمدىن بىخەۋەر، چەتتە قالغان بۇ ئىگىلىكتە زېرىكىشلىك، كوڭۇلسىزلىك ھوكۇم سۈرەتتى.

ھويلىنىڭ ئىچىدە كوزىنىڭ جىيەكلىرىگىچە قىزىل غىقىلداق قارا ئۆدەكلەر لەپەڭلەپ يۈرۈشەتتى، ئالا-تاغىل يوغان توخۇلار كوكۇلدىشاتتى، قاناتلىرى رەڭمۇ-رەڭ تاۋلانغان تاۋۇسلار ئات ئېغىلىنىڭ ئوگزىسىدە مۈشۈككە ئوخشاش مياڭلىشاتتى. قېرى گېنېرال ھەر خىل قۇشلارنى ياخشى كورەتتى، ھەتتا ئوق تېگىپ يارىلانغان بىر تورنىنىمۇ يېقىپ ئاسرىغان ئىدى؛ نويابىر ئېيىدا بۇ تورنا ئاسماندا ئەركىن ئۇچۇپ كېتىۋاتقان شېرىكلىرىنىڭ قاقىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا نالە-پەرياد قىلىپ، ئادەمنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترىتىپ، باغرىنى ئېزەتتى، ئەمما تورنا ئۇچالمايتتى، قانىتى سۇنۇپ، ئېسىلىپ قالغان ئىدى. گېنېرال تورنىنىڭ بېشىنى ئېگىپ يەردىن كوتىرىلمەكچى بولۇپ كۈچۈنۈپ باققانلىقىنى دەرىزىدىن تاماشا قىلاتتى، — ئاپپاق بۈرۈت قاپلىغان يوغان ئاغزىنى ئېچىپ كۈلەتتى-دە، بوپ-بوش قاردەك ئاپپاق زالنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ باس ئاۋاز بىلەن چىققان كۈلكە ساداسى ياڭرايتتى.

ۋېنىئامىنمۇ ھەشقى پىچەكتەك پاخماق چاچ بېشىنى ئېگىز كوتىرىپ، سوغاققا توڭغان ئاياقلىرىنى دىرىلدىتىپ، پۈتۈن كۈن دەھلىزدىكى ساندۇقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئوز ئوزى بىلەن ئويناپ كېتەتتى. تېخى بولسا ھامان ئاشۇ چوقۇر خوتۇننى ساشكىدىن، ئىشچىلاردىن، گىرىگورىيدىن، خوجايىندىن، ھەتتا تورنىدىن كۈنلەيتتى، چۈنكى لۇكېرىيە

تۈل خوتۇنغا خاس چەكسىز مېھرىۋانلىق بىلەن بۇ تۇرۇنغا كۆڭۈل بۆلەتتى. ساشكا بوۋاي ئاندا - ساندا مەس بولۇپ، دەرىزە تۈۋىگە كېلىۋېلىپ، خوجايىنىدىن پۇل سورايتتى، 20 تىيىنلىك بىر چاقىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن كېتەتتى.

گىرىنگورىي كەلگەندىن بۇيانقى ۋاقىت ئىچىدە ئۈگدەك باسقان بۇ جىمجىت قورغاننىڭ ھاياتىنى غادىرۇسكىن قىلىۋەتكەن ئىككى ۋەقە يۈز بەردى: بىرى — ئاكسىنىيىنىڭ تۇغۇشى، يەنە بىرى — نەسىللىك ئەركەك غازنىڭ يوقىلىشى ئىدى. ئاكسىنىيە تۇققان قىز بوۋاققا كۆپ ئۆتمەي ھەممەيلەن ئۆگىنىپ قېلىشتى، يوقالغان غازنىڭ پەرلىرىنى بوستانلىقتىكى چوڭقۇرلۇقتىن تېپىشتى (ئېھتىمال، تۈلكە ئېلىپ كەتكەن بولسا كېرەك)، شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن تىنچىپ قالدى.

پان ئەتىگەن ئويغىنىش بىلەنلا ۋېنىئامىننى قىچقىراتتى:

— بىرەر چۈش كۆرمىدىڭمۇ؟

— كۆرمەيچۇ، كارامەت بىر چۈش كۆرۈپتىمەن.

— قېنى سۆزلە، — دەيتتى خوجايىن تاماكا ئوراۋېتىپ.

ۋېنىئامىن چۈشىنى سۆزلەپ بېرەتتى؛ ئەگەر چۈش قىزىق بولمىسا ياكى قورقۇنۇچلۇق بولسا پان لىستنىتسكىينىڭ ئاچچىقى كېلەتتى:

— ۋاي ئەخمەق، ھايۋان! ئەخمەق دىگەن ئەخمەقانە نەرسىلەرنى چۈشەيدۇ.

ۋېنىئامىن كىشىنىڭ بەھرىنى ئاچىدىغان ئاجايىپ - غارايىپ چۈشلەرنى ئويلاپ چىقىرىشقا ئۇستا بولۇپ قالغان ئىدى. پەقەت بىرلا ئىش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلەتتى: يېڭى - يېڭى چۈشلەرنى ئويلاپ تېپىش لازىم ئىدى، قىزىق چۈشلەرنى توقۇش ئۈ-

چۈن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن ساندۇقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، كىچىككىنە گىلەمنىڭ ئۈستىگە قارتا ئاچاتتى. قارتىمۇ خۇددى ۋېنىئامىننىڭ ئۆزىدەك ھورپەيگەن ۋە ياغلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ كوزلىرىنى چەكچەيتىپ، بىر نۇقتىغا قاتتىق تىكىلىپ ئويلاپ كېتەتتى، ئاخىرىدا ھېچقانداق چۈش كورمەيدىغان بولۇپ قالدى: ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، نىمىنى كورگەنلىكىنى ئەسلىيەلىگىلى بولاتتى، ئەمما شۇنچە قىلسىمۇ قاپ ـ قاراڭغۇ بوشلۇقتىن باشقا ھېچنىمىنى كوز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى، چۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بىرەر ئادەمنىڭ يۈزىنىمۇ كورمەيتتى.

ۋېنىئامىن ئاددى ئويدۇرمىلارنىمۇ توقۇپ چىقىرىشقا ئاجىزلىق قىلىپ قالدى، ياش ئۇنىڭ بىر چۈشنى ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىغانلىغىنى سېزىپ قالسا، ئاچچىقلىناتتى.

— ھەي ئىپلاس، پەيشەنبە كۈنى ئات توغرىسىدىكى مۇشۇ چۈشىڭنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەن ئىدىڭغۇ، نىمە بولدۇڭ، شەيتان ئۇرغۇر؟

— شۇ چۈشنى يەنە كوردۇم، نىكولاي ئالېكسېيېۋىچ! ئەپسىلى ھەققى، ئىككىنچى قېتىم يەنە كوردۇم، — دەيتتى ۋېنىئامىن ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ.

دېكابىر ئېيىدا گىرىگورىينى ۋېشېنسكايادىكى بازار مەھكىمىسىگە بېرىشقا بىر ئادەم چاقىرىپ كەلدى. ئات سېتىۋېلىشقا يۈز سوم پۇل ئالدى ۋە روۋدېستوۋو، بايرىمنىڭ ئىككىنچى كۈنى مانىكوۋو دىگەن يېزىدىكى ھەربى ئوچاستكىغا بېرىش توغرىسىدا چاقىرىق قەغەز تاپشۇرۇۋالدى.

گىرىگورىي يېزا بازىرىدىن پەرىشان ھالدا قايتىپ كەلدى: روۋدېستوۋو يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەمما ئۇنىڭ ھېچقانداق تەييارلىغى يوق ئىدى.
ھۆكۈمەت غەزنىسىدىن بېرىلگەن ۋە ئۆزى توپلىغان پۇلغا ئوبرۇچىسكى يېزىسىدىن ئات سېتىۋالدى، ئات بىريۈز قىرىق سومغا كەلدى. ئاتنى ئوبدان تونۇۋېلىش ئۈچۈن ساشكا بوۋا بىللە بارغان ئىدى. تازا باپ، مۇۋاپىق بىر ئاتنى ئېلىشتى؛ رەڭگى تورۇق، 6 ياشار، ساغرىسى كەڭ ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ بىرلا يوشۇرۇن ئەيىۋى بار ئىدى، ساشكا بوۋا ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— بۇنىڭدىن ئەرزىنىنى تاپالمايسەن، باشلىقلار ئەيىۋىنى بايقىمايدۇ، بۇنىڭغا پەمى يەتمەيدۇ، — دىدى.

گىرىگورىي سېتىۋالغان ئېتىنى مىنىپ ئۇ يەردىن قايتىپ كەلدى، ئۇنى يولدا ئاستا ھەم تېز چاپتۇرۇپ كوردى، روۋدىپ-تووغا بىر ھەپتە قالغاندا پانتېلىي پروكوفيېۋىچنىڭ ئۆزى ياگودنويىغا كىرىپ كەلدى، كىچىككىنەچانىغا قوشۇلغان بايتال-نى قوراغا ئېلىپ كىرمەي، قاشاغا باغلىدى - دە، خىزمەتكار-لار تۇرىدىغان ئويگە ئاقساقلاپ كەلدى، چال جۈۋىسىنىڭ ياقىسى ئۈستىگە يېپىلغان قاپ - قارا ساقىلىدىكى مۇزلارنى بىر بىرلەپ ئۈزۈپ تاشلايتتى، گىرىگورىي دەرىزىدىن دادى-سىنى كورۇپ گاڭگىراپ قالدى.

— مانا قاراڭ!... دادا مغۇ!...

ئاكسىنىيە نىمىشقىدۇر بولەنچۈكنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ بالىسىنى يوگەشكە باشلىدى.

پانتېلىي پروكوفيېۋىچ ئويگە سوغاق ھاۋا كىرگۈزۈپ كىرىپ كەلدى؛ بېشىدىن تۇمىغىنى ئېلىپ، بۇتقا قاراپ چو-قۇندى - دە، تاملارغا ئاستا قاراپ چىقتى.

— سالامەت تۇرۇۋاتامسىلەن؟

— گىرىگورىي ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ:
— سالام، دادا! — دىدى ۋە بىرقەدەم مېڭىپ، ئۇينىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالدى.
— پانتېلېي پروكوفيېۋىچ مۆزلىغان قولىنى گىرىگورىيغا ئۇزارتتى، ئورۇندۇقنىڭ بىر چېتىگە ئولتۇرۇپ، جۇۋىسىنىڭ ئېتېكىنى يىغىشتۇردى، ئەمما بولەنچۆكنىڭ يېنىدا داڭ قېتىپ تۇرغان ئاكسىنىيىگە كوز سالمىدى.
— ئەسكەرلىككە چابدۇنۇۋاتامسەن؟
— بارماي بولامدۇ؟
پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئۇنچىقماستىن گىرىگورىيغا سىنچىلاپ ئۇزاق قارىدى.
— كىيىمىڭنى سېلىپ ئولتۇر، دادا، يولدا توڭۇپ كەتكەنسەن؟
— ھېچقىسى يوق، كونۇپ قالغانمۇ.
— ساماۋەر قويايلى.
— رەھمەت، — چال جۇۋىسىغا يېپىشىپ قالغان لايىنى تىرنىغى بىلەن تاتىلاپ تۇرۇپ دىدى: — ساڭا كىيىم - كېچەك، جابدۇق ئېلىپ كەلگەن ئىدىم — ئىككى شىنېل، ئىگەر، شالۋۇر... چاندا قالدى، بېرىپ ئېلىۋال.
گىرىگورىي يالاڭۋاشتاق چىقىپ چاندىكى ئىككى قاپنى ئېلىپ كەلدى.
پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ:
— قاچان ماڭىدىغان بولدۇڭ؟ — دەپ سوراپ قالدى.
— روژدېستوۋنىڭ ئىككىنچى كۈنى، دادا، بۇ قانداق بولغىنى، كېتەمسەن؟
— بالدۇرراق قايتمىسام بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇ گىرىگورىي بىلەن خوشلاشتى، يەنە بايىقىدەكلا ئاكسىنىيىگە كوزىنىڭ قىرىنىمۇ سالماستىن ئىشىك تەرەپكە يۈردى، ئىشىكنىڭ زەنجىرىدىن تۇتۇپ، بولەنچۈك تەرەپكە بىر قاراپ قويدى.

— ئاناڭ سالام ئېيتىشنى بۇيرۇدى، پۈتى ئاغرىپ تۇرۇپتۇ، — چال بىردەم چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمۈپ، ئاندىن ئېغىر نەرسىنى كوتەرگەن ئادەمدەك ئىنجىقلاپ: — مەن سېنى مانكوۋوغىچە ئۇزىتىپ بارىمەن، سەن تەييارلىنىپ تۇر، — دىدى.

چال قولىغا ئىسسىق يۈڭ پەلەي كىيىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئاكسىنىيە ئۆزىنى خورلانغان ھىساپلاپ تاتىرىپ جىم ئولتۇرۇپ كەتتى. گىرىگورىي ئۇنىڭغا كوز قىرى بىلەن قاراپ، ئۆينىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا مېڭىپ، غىچىرلاپ تۇرغا بىر تال تاختاينى ئەتەي دەسسەيتتى.

روژدېستوۋونىڭ بىرىنچى كۈنى گىرىگورىي پان لىستنىتسكىنى ۋېشېنسكايا يېزا بازىرىغا ئېلىپ باردى.

پان چېركاۋدا چۈشلۈك ئىبادەتنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن شۇ يەردىكى بىر نەۋرە سىڭلىسى — پومېششىك ئايالنىڭ ئۆيىدە تاماق يېدى، ئاندىن چانا قوشۇشقا بۇيرۇق قىلدى.

گىرىگورىي بىر قاچا چوشقا گوشى سالغان ياغلىق كاپوسكا شورپىسىنى ئىچىپ بولماستىنلا، ئورنىدىن تۇرۇپ ئات ئېغىلىغا چاپتى.

شەھەرگە خاس يېنىك چانىغا شىبايدىگەن كوك ئالا - چىپار ئاتنى قوشاتتى. گىرىگورىي ئۇنىڭ تىزگىنىنى مەھكەم تۇ-

تۈپ، ئېغىلدىن ئېلىپ چىقتى ۋە ئالدىراشلىق بىلەن چانىغا قوشتى.

شامال ئۇششاق يېغىۋاتقان قارلارنى غۇيۇلدىتىپ ئۇ‐چۇرۇپ، هويلىنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا قوغلايتتى. باغچى‐نىڭ نېرىسىدىكى دەرەخلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن قىرو پۈ‐پۈكتەك ئېسىلىپ تۇراتتى. شامال دەرەخلەرنى تەۋرىتەتتى، يەرگە چېچىلىپ چۈشۈۋاتقان قىرو قۇياش نۇرىدا ھەسەن ـ ھۈسەندەك ئاجايىپ رەڭمۇ ـ رەڭ تۈسكە كىرىپ تاۋلىناتتى.

ئوگزىنىڭ ئۈستىدە، پاغا ـ پاغا تۈتۈن چىقىۋاتقان قاپ ـ قارا مورىنىڭ قېشىدا سوغاقتا توڭلىغان قارا قۇشقاچ‐لار چۇقۇرىشاتتى. ئۇلار غىچىلدىغان ئاياق تاۋۇشلىرىنى ئاڭ‐لاپ، ھۈركۈپ ئۇچۇپ كېتىشتى ـ دە، كوكۇش قاناتلىرىنى لەپىلدىتىپ ئۆينىڭ ئۈستىدە بىردەم ئايلاندى، ئاندىن ئەتى‐گەنكى بىنەپشىرەڭ ئاسمان باغرىدا پەرۋاز قىلىپ، غەرپكە، چېركاۋ تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىشتى.

گىرىگورىي پىشايۋانغا يۈگۈرۈپ چىققان دىدەك قىزغا:

ــ كىرىپ ئېيت، چانىنى قوشۇپ بولدۇم، ــ دەپ توۋلىدى.

پان تۇمشۇغىنى يانوت تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىسى‐نىڭ ياقىسىغا ئوراپ ئۆيدىن چىقتى. گىرىگورىي ئۇنى چا‐نىغا ئولتۇرغۇزۇپ، پۇتىنى ئوراپ، بورى تېرىسىدىن قىلىنغان دۇخاۋا تاشلىق يېپىنچىنى تىزىنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى.

پان كوزى بىلەن ئارغىماقنى كورسىتىپ:

ــ قېنى، ھەيدە، بىر قىزىتۋالسۇن، ــ دىدى.

گىرىگورىي ئولتۇرغان جايىدا ئارقىسىغا قاتىيىپ، تىز‐گىننى چىڭ تارتىپ ھەيدەيتتى ۋە خەۋپسىرەپ يولنىڭ ئى‐

گىز ـ پەس يېرىگە زېھنىنى قويۇپ باراتتى، چۈنكى دەسلەپكى قاردا چانا سەكرەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن پان گەجگىسىگە قاتتىق بىر مۇشت ئۇرغانلىقى تېخى ئېسىدە ئىدى. قىيادىن چۈشۈپ كوۋرۇك بىلەن دوندىن ئۆتۈۋاتقاندا گىرىگورىي تىزگىننى بوشاتتى. شامالدا قىزىرىپ كەتكەن ئىككى مەڭزىنى پەلىيى بىلەن ئېرتتى.

ئىككى سائەت شامالدەك ئۇچۇپ ياگودنويغا يېتىپ كېلىشتى. پان پۈتۈن يول بويى ئۈنچىقمىدى، ناگان ـ ناگاندا ئېگىلگەن بارمىقى بىلەن گىرىگورىينىڭ دۈمبىسىنى نوقۇپ: «توختات» دەيتتى، ئاندىن شامالغا ئارقىسىنى قىلىپ تاماكا ئورايتتى.

دوڭدىن چۈشۈپ قورغاننىڭ ئىچىگە كىرگەندە:

— ئەتە ئەتىگەندە ماڭامسەن؟ — دەپ سورىدى.

گىرىگورىي يېنىچە قايرىلىپ، قېتىپ قالغان لەۋلىرىنى ئاران ئېچىپ:

— سەھەلدە، — دىدى، تىلى توڭغانلىقتىن گاچىلىشىپ «سەھەردە» دېيىشىنىڭ ئورنىغا «سەھەلدە» دەپ قالدى.

— پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئالدىڭمۇ؟

— خوش، ئالدىم.

— ئايىلىڭدىن تەشۋىشلەنمە، مەشەدە تۇرۇۋېرىدۇ. ئوبدان خىزمەت قىل. بوۋاڭ ئەزىمەت كازاك ئىدى. سەنمۇ، — پاننىڭ ئاۋازى ئاران ئاڭلاندى (ليستنىتسكى شامالدا يۈزىنى جۇۋىسىنىڭ ياقىسىغا پۈركىۋالغان ئىدى)، سەنمۇ ئاتا ـ بوۋاڭنى دوراپ ئۆزەڭنى مۇناسىپ تۇتقىن. چۈنكى داداڭ دولەتلىك چوڭ كورەكتە چەۋەندازلىقى ئۈچۈن بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات ئالغان.

— شۈنداق، دادام ئاپتىكەن.

— ھە، شۈنداق، — دېدى پان جىددى قىلىپ، ئاندىن يۈزىنى جۈۋىغا پۈتۈنلەي پۈركىۋالدى.

گىرىگورىي ئارغىماقنى ساشكا بوۋاينىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، خىزمەتكارلار ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

— داداڭ كەلدى! — دەپ ۋاقىرىدى ساشكا بوۋا ئاتنىڭ ئۈستىگە يوپۇق يېپەۋېتىپ.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ شىرە يېنىدا ئولتۇرۇپ، تاماق يەۋاتاتتى. گىرىگورىي دادىسىنىڭ سەل مۇلايىملىشىپ قالغان يۈزىگە كۆز سېلىپ: «شىركەيىپ بولۇپ قېلىپتۇ» — دەپ قويدى.

— كەلدىڭمۇ، ئەسكەر يىگىت؟

گىرىگورىي قوللىرىنى بىر - بىرىگە سۈركەپ:

— تازا توڭدۇم، — دېدى جاۋاپ ئورنىدا، ئاندىن ئاكسىنىيىگە قاراپ:— باشلىغىمنى يېشىپ قوي، قولۇم قولاشماي قالدى، — دېدى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ قۇلىغى بىلەن ساقلىنى مىدىرلىتىپ تاماق كوشەۋېتىپ:

— چوققاڭغا شامال ئۇرۇپ كورىدىغىنىڭنى كورىدىغان بولدۇڭ، — دەپ غوڭشىپ قويدى.

بۇ قېتىم چال خېلىلا يۇمشاپ قالغان ئىدى، ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرغاندەك ئاكسىنىيىگە قاراپ:

— ناندىن يەنە توغرا، پىخسىقلىق قىلما، — دەپ قويدى.

چال شىرەنىڭ يېنىدىن تۇرۇپ، ئىشىك تەرەپكە تاماكا چېكىشكە كېتىۋاتقاندا گويا تۇيۇقسىز قولى تېگىپ كەتكەندەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولۇپ، بولەنچۈكنى ئىككى قېتىم تەۋرىتىۋەتتى، ئاندىن پەردىنىڭ ئىچىگە ساقىلىنى تىقىپ:

— كازاكمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— قىز، — دەپ جاۋاپ بەردى ئاكسىنىيە گىرىگورىيدىن بۇرۇن، لېكىن چالنىڭ چىرايى تاتارغانلىقىنى سېزىپ: — خۇددى گىرىشاغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بوۋاقنىڭ يوگەك ئارىسىدىن چىقىپ تۇرغان قارامتۇق بېشىنى سىپايىلىق بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈپ مەغرۇرلانغان ھالدا:

— بىزنىڭ زاتىمىز - دە... — دەپ قويدى. — ئۇھ، ۋاي شەيتانەي!...

— دادا، سەن نېمىدە كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى گىرىگورىي.

— چاندا كەلدىم. قوش ئات قوشقان ئىدىم، بايتال بىلەن پېتروۋنىڭ ئايغىرىنى.

— بىرنى قوشساڭمۇ بولۇپتىكەن، يېنىغا مېنىڭ ئېتىمنى قوشاتتىڭ.

— ئۇنى چانىغا قوشۇپ نېمە قىلىمىز، سالتاڭ بارغىنى تۈزۈك، ياخشى ئات ئىكەن.

— كوردۇڭمۇ؟

— چالىراق كوردۇم.

ئاتا - بالا ئىككىيلەننىڭ خىيالى بىر نەرسە بىلەن بەنت بولسىمۇ، لېكىن ھەرخىل ئەرزىمەيدىغان ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەر توغرىلىق پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇردى. ئاكسىنىيە گەپكە ئارىلاشماي، سۇغا چۈشكەن مۇشۇكتەك كارۋاتتا

شۈمشىيىپ ئولتۇراتتى. تاشتەك قېتىپ تۇرغان ئىككى كۆكسى كۆپتىسىنىڭ ئىككى پېشىنى تېشىغا تۈرتۈپ تۇراتتى. ئۇ، تۇغۇتتىن كېيىن خېلىلا سەمرىپ قالغان ئىدى، ئەمدىلىكتە خاتىرجەم - بەختىيار يېڭى شارائىتقا چىقىپ قالغانلىقى تەقى - تۇرقىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

ئەر - خوتۇن كەچ يېتىشتى. ئاكسىنىيە گرىگورىيغا مەھكەم يېپىشىۋېلىپ، كۆز يېشى ۋە كۆكسىدىن تامغان سۈت بىلەن ئۇنىڭ كۆينىكىنى ھۆل قىلاتتى.

— ھەسرەتتىن ئۆلىدىغان بولدۇم... يالغۇز قېلىپ قانداقمۇ قىلارمەن؟

— ساڭا ئەلۋەتتە قىيىن — دەپ پىچىرلايتتى گرىگورىي.

— تۈن ئۇزۇن... بالا كۆپ ئۇخلىمايدۇ... سېنى دەپ قورۇپ يادىاپ كېتىدىغان بولدۇم، گرىشا، ئۆزەڭ ئويلاپ باقمامسەن: 4 يىل!

— بۇرۇنقى چاغلاردا ئەسكەرلىكتە 25 يىل خىزمەت قىلغان ئىكەن.

— بۇرۇنقى چاغنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى بار...

— قوي، بولدى قىل!

— ئەر - ئايالنى پىراقتا قويىدىغان مۇنداق خىزمەتكە مىڭ لەنەت!

— ئوتپۇسكىغا كېلىپ تۇرىمەن.

— ئوتپۇسكا دەمسەن، — ئاكسىنىيە بىر ئۇھ تارتتى. ئاندىن كۆينىكىنىڭ ئېتىكىگە بۇرنىنى قاقتى، — سەن كەلگىچە دۇنيانىڭ سۈيى نەچچە قېتىم پەسىيىپ، نەچچە قېتىم ئۇلغىيار...

— يىغلاۋەرمە ... كۆزنىڭ ياغمۇردەك ياش تۆكۈۋېرىدىكەنسەن، ئاقىۋىتى ياخشى بولۇپ قالار.

— مېنىڭ ئورنۇمدا سەن بولۇپ قالساڭ كۆرەتتىڭ!

گىرىگورىي تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇيقۇغا كەتتى. ئاكسىنىيە بالىسىنى ئىمىتتى، ئاندىن جەينىكىگە تايانغان ھالدا كىرپىك قاقماستىن، گىرىگورىينىڭ قارىيىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ چىقتى. خىيالىدا گىرىگورىي بىلەن خوشلىشاتتى. ئۇ ئۆز ئۆيىدە كۇبانغا كېتەيلى دەپ يالۋۇرغان ئاشۇ بىر كېچە ئېسىگە چۈشتى؛ شۇچاغدىمۇ ئاسماندا ئاي ئۈزۈپ يۈرگەن بولۇپ، دەرىزە سىرتىدا ھەممە جاھان سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى.

ئەھۋال بۇرۇنقىدەك ئىدى، لېكىن گىرىشا يەنە شۇ گىرىشا بولسىمۇ، بىراق ئۇ بۇرۇنقىدەك ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئارىدىن نۇرغۇن ئېغىر كۈنلەر ئۆتتى...

گىرىگورىي يان تەرەپكە ئۆرۈلۈۋېلىپ ئۇيقۇ ئىچىدە:

— ئولشانسكىي يېزىسىدا... — دەپ چۈشكەپ، يەنە جىمىپ قالدى.

ئاكسىنىيە ئۇخلاشقا شۇنچە تىرىشسىمۇ، ئۇيقۇسىنى پىكىر - خىيالى شامالدەك توزۇتىۋەتتى. ئۇ تاڭ ئاتقىچە ھىلىقى گىرىگورىينىڭ چۈشكىگەن ئىككى ئېغىز سۆزىنى ئويلاپ چىقتى، بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى تېپىشقا بىر مۇنچە ئۇرۇنۇپ باقتى... قىرو باسقان دەرىزىلەردىن خىرە - شىرە يورۇق چۈشەر - چۈشمەستىنلا پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ئويغاندى.

— گىرىگورىي، تۇر، تاڭ ئېتىپ قالدى.

ئاكسىنىيە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يوپكىسىنى كىيدى! ئۇھ تارتىپ ئۇزاققىچە سەرەڭگىنى ئىزلىدى.

ناشتا قىلىپ، نەرسە - كېرەكلەرنى تەييارلاپ بولغىچە

تاڭ ئاتتى. تاڭ يورۇغى كوكۇش نۇر چىچىپ جىلۋە قىلاتتى، قاشا تاملار قار ئىچىدە سەدەپ چىشتەك پاقىراپ تۇراتتى؛ ئات ئېغىلىنىڭ ئوگزىسى سۇررەك ئاسمان قوينىدا قارىيىپ كورۇنەتتى.

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچچانا قوشۇشقا كەتتى. گىرىگورىينىڭ ئوزىنى ئەسەبىلەرچە قوچاقلاپ سوييۇۋاتقان ئاكسىنىيەدىن نىڭ بالادا ئاجرىلىپ، ساشكا بوۋا ۋە باشقىلار بىلەن خوشلاشقىلى چىقىپ كەتتى.

ئاكسىنىيە بالىسىنى يوگەپ گىرىگورىينى ئوزا تقىلى چىقتى.

گىرىگورىي قىزنىڭ نەملەشكەن پىشانىسىگە لىۋىنى تەككۈزۈپ، ئېغىل تەرەپكە ماڭدى.

ــ چانىغا ئولتۇر! ــ دەپ توۋلىدى دادىسى ئاتلارنى هەيدەپ.

ــ ياق، مەن ئاتقا مىنىمەن.

گىرىگورىي ئىگەرنىڭ توشنى ئاستا چىگىتقان بولۇپ، ئالدىرىماستىن ئاتقا مىندى ۋە تىزگىنىنى تۇتۇۋالدى. ئاكسىنىيە بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ پۇتىنى سىلاپ، هە دەپ تەكرارلايتتى:

ــ گىرىشا، توختاپ تۇر، بىر گېپىم بار ئىدى... ــ ئايىدىن پىشانىسىنى پۇرۇشتۇرۇپ، بىر نەرسىنى ئەسكە ئالغاندەك بولاتتى، پەرىشان بولۇپ، لاغ ـ لاغ تىترەيتتى.

خەيرى ـ خوش! بالىنغا ياخشى قارا... مەن ماڭاي، دا دام ئوزا قلاپ كەتتى...

ــ توختاپ تۇر، مېھرىۋانىم!... ــ ئاكسىنىيە سول قولى بىلەن سوغاق ئوزەڭگىگە ئېسىلىپ، ئوڭ قولى بىلەن

ئېتىگىگە ئۇرالغان بالىنى باغرىغا بېسىپ، گىرىگورىيغا تويـ ماستىن قارايتتى، چوڭ ئېچىلغان كوزلىرىدىن دومىلاپ چۈشـ ۋاتقان ياشنى ئېرتىشكە قولى تەگمەيتتى.

پىشايۋاندا ۋېنىئامىن پەيدا بولدى.

— گىرىگورىي، سېنى پان چاقىرىۋاتىدۇ.

گىرىگورىي پىر تىنمىلەرنى دەپ تىللىدى — دە، قامچىسىنى شىلتاپ، ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى ھويلىدىن چىقىپ كەتتى. ئاكسىنىيە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى، ھويلىدىكى قاردوۋىسىگە قىقىلىپ — سوقۇلۇپ، پۇتلىدىكى پىيمىنى ئاران كوتىرىپ ماڭاتتى.

گىرىگورىي دوڭنىڭ ئۇستىدە ئاتنىڭغا يېتىشىۋالدى. ئۇزىنى تۇتۇشۇپلىپ، ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىدى. ئاكسىنىيە دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئېتىگىگە ئورىۋالغان بالىسىنى باغرىغا بېسىپ قاراپ تۇراتتى. قىزىل تىۋىت رومىلىنىڭ ئۇچلىرى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

گىرىگورىي چانىغا تەڭلىشىۋالدى. ئاتلارنىڭ يۈرۈشىنى ئاستىلاتتى. پانتېلىي پروكوفىيېۋىچ ئارقىسىغا قايرىلىپ:

— دىمەك، خوتۇنۇڭ بىلەن بىللە ئوتۇش خىيالىڭدا يوق ئىكەن — دە؟ — دېدى.

— يەنە شۇ گەپمۇ... بۇ سوزنى توگەتكەن ئىدۇققۇ...

— خىيالىمدا يوق دېگىن.

— شۇنداق.

— خوتۇنۇڭ ئۆزىنى ئولتۇرۇۋالماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ئاڭلىدىم.

— كىمدىن؟

— پائنى يېزا بازىرىغا ئېلىپ بارغىنىمدا، بىر يېزىلىق بالىلار بىلەن كورۈشكەن ئىدىم.

— خۇدادىن قورقمامسەن؟

— دادا، ئەمدى نىمە چارە، ئۆتكەن ئىش ئۆتتى...

— ئۇنداق سوزلىرىڭنى قوي! مەن سەن بىلەن ياخشىلىقچە سوزلىشىۋاتىمەن، — پانتېلېي پروكوفىيېۋىچنىڭ زەردىسى قايناپ، قىزىشىپ كەتتى.

— بالام بار، ئەمدى نىمەگەپ بولۇشى مۇمكىن؟ هازىر پۇت - قولۇم باغلىنىپ قالدى.

— سەگەك بول،... باشقا بىرسىنىڭ بالىسىنى بېقىپ يۈرگەن بولما!

گىرىگورىينىڭ رەڭگى ئاقىرىپ كەتتى: دادىسى ساقايمىغان يارىسىنى تاتىلىغان ئىدى. بالا تۇغۇلغاندىن بېرى گىرىگورىي كوڭلىدىكى غەشنى ئاكسىنىيەدىن يوشۇراتتى، ھەممە ۋاقىت گۇمان ئىچىدە قاتتىق ئازاپ چېكەتتى. كېچىلىرى ئاكسىنىيە ئۇخلاپ قالغان چاغدا پات - پات بولەنچۈكنىڭ قېشىغا كېلىپ قىزىل - قارا قۇمچاق يۈزىگە ئۇزاققىچە قاراپ كېتەتتى ۋە يۈزىگە ئوخشايدىغان يېرىنى تاپماقچى بولاتتى، ئەمما كوڭلى ئەسكىن تاپالماي، جايىغا كېلىپ ياتاتتى. ستېپانىڭ قاراقۇمچاق، دىيەرلىك قارا يىگىت ئىدى، — بالىنىڭ تېرىسى ئاستىدىكى كوك تومۇرلاردا كىمنىڭ قېنى ئايلىنىۋاتقانلىغىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟ بەزىدە قىزى ئۇنىڭغا ئوخشاشتەك تۇيۇلاتتى، بەزىدە ئۇنى ستېپانغا ئوخشىتىپ، يۈرىگىگە ئاغرىق سانچىپ كېتەتتى. گىرىگورىي بالىغا ھېچقانداق مېھرى - مۇھەببەت قويمىغان ئىدى. تولغاق ئازاۋىنى تارتقان ئاكسىنىيىنى دالىدىن ئېلىپ كېلىۋاتقاندا باشـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

تىن كەچۈرگەن مىنۇتلىرى ئېسىگە چۈشسە، بالىدىن كەچكىسى كېلەتتى. بىر كۈنى ئاكىسىنىيە ئاشخانىغا تاماپ ئەتكىلى چىقىپ كەتكەندە، گىرىگورىي قىزىنى بولەنچۈكتىن ئېلىپ، هول بولۇپ كەتكەن زاكىسىنى يەڭگۈشلەۋاتقانىدا، يۈرىگىنى هاياجانلاندۇرىدىغان بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى ـ دە، يوشۇرۇنچە ئېگىشىپ، بالىنىڭ قىپ ـ قىزىل ئوماق پۇتلىرىنى ئاستا سۆيۈپ قويغان ئىدى.

دادىسىنىڭ سوزى جاراھەتلىك يۈرىگىگە نەشتەردەك تەگدى، گىرىگورىي ئىككى قولىنى ئىگەرنىڭ قېشىغا قويۇپ، سوغاقلا جاۋاپ بەردى:

— كىمنىڭ بولسا ـ بولسۇن، بالىدىن كەچمەيمەن.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ قايرىلىپمۇ قويماستىن، ئاتلارنىڭ بېشىدىن قامچىسىنى ئوينىتاتتى.

— شۇ چاغدىن تارتىپ ناتالىيە مەيىب بولۇپ قالدى... خۇددى پالەچ بولغان ئادەمدەك بېشىنى تۈز تۇتالمايدۇ. يېيىنى كېسىپ تاشلىغان بولسا كېرەك، شۇڭا بوينى گىلدىڭلاپ قالدى.

چال جىم بولۇپ قالدى. چانا غىچىرلاپ قارنى يېرىپ باراتتى؛ گىرىگورىينىڭ ئېتى مۇدرەپ تاقىلىرى شىقىلداپ كېتەتتى.

گىرىگورىي ئاتنىڭ ياپلىغا يېپىشقان ياۋا تىكەننى دىققەت بىلەن تېرىۋېتىپ:

— هازىر قانداق؟ — دەپ سورىدى.

— هازىر ئەسلىگە كەلدى. 7 ئاي ياتتى. تروئىتسا كۈنلىرىدە ئۆلۈپ كېتىشكە تاس قالدى. پوپ پانكراتى ھەزرەت كېلىپ دۇئا ئوقۇدى ... شۇندىن كېيىن هوشىغا كەلدى. دۇئا-

نىڭ شاراپىتى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىپ كەتتى. ئوغاقنى نەق يۈرىكىگە مولچەرلەپ سالغان ئىكەن، قولى تىترەپ، يېنىدىن ئوتۇپ كېتىپتۇ، ئۇنداق بولمىغاندا ھاياتى ئاخىرلاشقان بولاتتى...

— دوكتۇرنىڭ يانباغرىدىن ھەيدە، — گىرىگورىي ئېتىغا قامچا ئۇردى - دە، ئۇزەڭگىدە تىك تۇرۇۋېلىپ، تېز چاپتۇرۇپ، ئاتىسىدىن ئۆزۈپ كەتتى. ئات تۇياقلىرىدىن چاچرىغان قار ئارىلاش لاي چاچرايتتى.

— پانتېلېي پروكوفيېۋىچ چانىنى تېزلىتىپ، ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى - دە، ۋارقىراپ تۇرۇپ دېدى:

— ناتالىيىنى ئۆيگە كوچۇرۇپ ئەكېلىمىز! ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرغىسى يوق، قايسى كۈنى كورۇپ قېلىپ، بىزنىڭ ئۆيگە بار، دەپ تاپىلاپ قويدۇم.

گىرىگورىي گەپ - سوز قىلمىدى. دەسلەپكى يېزىغا كەلگىچە ئۈنچىقماي كېلىشتى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچمۇ بۇ توغرىلىق پاراڭ سالماي قويدى.

بىر كۈندە 70 چاقىرىم يول بېسىشتى. ئەتىسى كەچكە يېقىن (ئۆيلەردە چىراق يېقىلغان ئىدى) مانكوۋو يېزىسىغا يېتىپ كېلىشتى.

— ۋېشېنسكايالىق كازاكلار قايسى ئۆيگە چۈشتى؟ — دەپ سورىدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ دەسلەپكى ئۇچراشقان ئادەمدىن.

— چوڭ كوچا بىلەن ماڭساڭ تاپىسەن.

ئاتا - بالا ئىككىيلەن كىرگەن ئۆيدە ئەسكەرلىككە چاقىرىلغان 5 يىگىت بار ئىكەن، بۇلارنى ئۇزىتىپ كەلگەن دادىلىرىمۇ شۇ ئۆيدە تۇرۇشاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

— سىلەر قايسى يېزىدىن دەپ سورىدى، — پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ئاتلارنى ئامبارنىڭ پىشايۋىنىغا ئەكىرىۋېتىپ.

— چىر بويىدىن، — قاراڭغۇلۇقتىن بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— قايسى يېزىدىن دەپ سوراۋاتىمەن؟

— كارگىن يېزىسىدىنمۇ بار، ناپولوۋىدىنمۇ بار، لىخوۋىدوۋىدىنمۇ بار، ئۆزىڭىز قەيەردىن.

— كوكوي دىگەن يەردىن، — دەپ كۈلدى گىرىگورىي ئاتتىن ئىگەرنى ئېلىپ، تەرلىگەن دۈمبىسىنى سىلاۋېتىپ.

ئەتىسى ۋېشېنىسكايا يېزا بازىرىنىڭ ئاتامانى دۈدارېپ ۋېشېنىسكايالىق يىگىتلەرنى دوختۇرلۇق كومىسسىيىگە باشلاپ باردى. گىرىگورىي بىر يېزىلىق تەڭقۇرلارنى كوردى؛ مىتكا كورشۇنوپ يېپ - يېڭى ئىگەر توقۇلغان، يۈگەن - تاسما جابدۇقلىرى پۈزۈر، ئىگىز بىر جەرەن ئات مىنگەن بولۇپ، ئەتىگەندىلا ئېتىنى چاپتۇرۇپ، قۇدۇق تەرەپكە ئۆتۈپ قالدى-دە، دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان گىرىگورىينى كورۇش بىلەنلا ئېتىنى قامچىلاپ، چېكىسىگە كىيىۋالغان شەپكىسىنى سول قولى بىلەن تۇتۇۋېلىپ، سالاملاشماستىنلا ئۆتۈپ كەتتى.

رايونلۇق مەھكىمىنىڭ سوغاق بىر بولۇمىدە يېڭى ئەسكەر يىگىتلەر نوۋەت بىلەن كىيىملىرىنى سالاتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدىن ھەربى كاتىپلار، ھەربى رايون ۋەكىلىنىڭ بىر ئورۇنباسارى ۋە ھەربىرايون ئاتامانىنىڭ مۇلازىمى پات - پات ئۆتۈپ تۇرۇشاتتى؛ كالتە قونچۇلۇق قاپ - قارا پاقىراپ تۇرىدىغان ئۆتۈك كىيگەن مۇلازىم قولىغا قارا تاش كوزلۈك ئۈزۈك سالغان، چىرايلىق ئىككى كوزىنىڭ ئېقى قىزىرىپ چىقىقان ئىدى، ئاپپاق يۈزى ۋە يەلكىگە ئاسىدىغان كالۇېتون باغلىرى

تېخىمۇ روشەن كۆرۈنەتتى. ئۆينىڭ ئىچىدىن دوختۇرلارنىڭ ئۆز ئارا سىلىشقان ئۇششاق - چۈششەك پاراڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ئاتمىش توققۇز.

— پاۋىل ئىۋانوۋىچ، ماڭا قارا، قېرىندىشىڭىزنى بېرىڭە، — ئىشىكنىڭ يېنىدىن خىرىلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— كوكرىگىنىڭ كەڭلىگى...

— ھە، ھە، بۇ ئۆز نەسلىدىن قالغان كېسەلنىڭ ئۇچۇق ئىپادىسى.

سىبلىس، يېزىپ قويۇڭ.

— قولۇڭ بىلەن نىمىشقا توسىۋالىسەن؟ سەن قىز بالا ئەمەسقۇ.

— قەددى - قامىتى...

— ...يېزىڭدا بۇنداق كېسەل كوپ تارالغان. زورۇر چارىلارنى كورۇش لازىم. مەن جانابى ئالىيلىرىغا ئالىقاچان مەلۇمات بەرگەن ئىدىم.

— پاۋىل ئىۋانوۋىچ، مانا بۇ شەخسكە قاراپ بېقىڭا، قەددى - قامىتى قانداق ئىكەن؟

— تووۋا.

گىرىگورىي چۈكارىنىڭكى يېزىسىدىن كەلگەن ئۈزۈنتۇرا سېرىق يىگىتنىڭ يېنىدا يېشىندى. ئىشىكتىن گىمناستيوركىسى ئۈچىسىدا پۈرلىشىپ قالغان كاتىپ چىقتى - دە، سوزىنى دانىمۇ - دانە قىلىپ:

— پانتېلىيوپ سىۋاستىيان، مېلىخوپ گىرىگورىي! — دەپ قىچقاردى.

— تېز بول! — دەپ ھولۇققۇپ قالدى گىرىگورىينىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شىرىنكى ئالمان - تالمان پايپىغىنى سىلىشۋىتىپ.

گىرىگورىي ئىچكىرىگە كىردى. دۇمبىسى چومۇلە چىققۇالغاندەك چىمىرلاپ كەتتى. قاراقۇمچاق بەدىنى دوپدەرىخىنىڭ قوۋزىقىدەك بىر رەڭدە تاۋلىناتتى، ئۇ قاپقارا يۇڭ باسقان پاچاقلىرىغا قاراپ، خىجىل بولاتتى. بۇلۇڭدىكى تارازىنىڭ ئۈستىدە ياپ - يالىڭاچ دىقماقىنا بىر يىگىت تۇراتتى، تۇرقىدىن فېلدشېرگە ئوخشايدىغان بىر ئادەم تارازا تېشىنى سۈرۈپ قويدى - دە:

— 4 پۇت، 10 قاداق، پەسكە چۈش، — دېدى.

كىشىنى ھاقارەتلەندۈرىدىغان بۇنداق كورەكتىن ئۆتكۈزۈش گىرىگورىينى قاتتىق ھاياجانلاندۇردى. چېچى ئاقارغان، ئاق خالات كىيگەن دوختۇر ئۇنىڭ بەدىنىگە تروپكا تۇتۇپ تىڭشاپ كوردى، يەنە بىر ياشراغى كوزىنى يېرىپ قارىدى، تىلىنى چىقارغۇزۇپ كوردى، كوزەينەك تاقىغان ئۇچىنچى بىر دوختۇر يېڭىنى جەينىكىگىچە شۇمۇرۇپ ئارقا تەرەپتىن ئايلاندۇرۇپ كوزدىن كەچۈردى.

— تارازىغا چىق.

گىرىگورىي ئوڭغۇل - دوڭغۇل مۇزدەك تارازىنىڭ ئۈستىگە چىقتى.

— 5 پۇت، 6 يېرىم قاداق، — دېدى تارازىچى تارازىنىڭ مېتال لۆكىسىنى تاراقلىتىپ.

ئاقۋاش دوختۇر گىرىگورىينى قولىدىن ئايلاندۇرۇپ كورۇپ:

— ئوزى ئانچە ئېگىز ئەمەس، نىمە دېگەن ئېغىر، — دەپ خىڭىلدىدى.

ئەجىبا! — دەپ دۇدۇقلىدى يەنە بىر ياشراغى.

— قانچە؟ — دەپ سورىدى ئولتۇرغانلاردىن بىرسى هەيران بولۇپ.

— 5 پۇت 6 يېرىم قاداق، — دەپ جاۋاپ بەردى ئاقۋاش دوختۇر قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ.

هەربىي رايون ۋەكىلى سىلىق تارالغان قارا چاچ بېشىنى يېنىدا ئولتۇرغان كىشىگە يېقىن ئەپكېلىپ:

— گۋاردىيىگە ئەۋەتەلەمدۇ - يە؟ — دەپ سورىدى.

— ئەپتى قاراقچىغا ئوخشايدۇ ... بەك ياۋايى.

— ماڭا قارا، ئارقاڭغا ئورۇلغىنە! دۇمبەڭدىكى نىمە ئۇ؟ — دەپ سورىدى پولكوۋنىك پوگونىدىكى ئوفتسېر؛ ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن هەدەپ بارمىقى بىلەن شىرەنى تاكىلدىتاتتى.

ئاقۋاش دوختۇر بىر نىمىلەرنى دەپ، غۇدۇڭشىدى، گىرىنگورىي شىرە تەرەپكە ئورۇلۇپ، سوغاقتىن چىمىرلىغان بەدىنىنىڭ تىترىگىنى تەستە بېسىپ جاۋاپ بەردى:

— ئەتىيازدا شامال تېگىپ زۇكام بولغان ئىدىم، شۇ چاغدا چىپقان چىققان.

تەكشۈرۈش تامام بولغاندىن كېيىن شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئەمەلدارلار ئۆزئارا مەسلىهەتلىشىپ:

— ئارمىيىگە بولەيلى، — دەپ قارار قىلىشتى.

— 12 - پولكقا، مېلېخوپ، ئاڭلىدىڭمۇ؟

گىرىنگورىيغا سەن چىق دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇ ئىشىك تەرەپكە كېتىۋېتىپ بىرسىنىڭ يىرگىنىپ پىچىرلىغىنىنى ئاڭلاپ قالدى:

— مۇ - مىكىن ئە - مەس! ... ئويلاپ كۆرۈڭ، پادىشانىڭ مۇنداق ئەپت - بەشىرىگە كوزى چۈشۈپ قالسا، ئۇچاغ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دا نىمە بولىدۇ؟ يالغۇز ئۇنىڭ كوزلىرىلا ...
— ئىككى قاندىن بولغان شالغۇت! ئېھتىمال، شەرقلىق بولسا كېرەك.
— يەنە كېلىپ بەدىنى ساق ئەمەس، پۇتۇنلەي يارا باسقان...
نوۋەت كۇتۇپ تۇرغان بىر يۇرتلۇقلار گىرىگورىينى ئو-رىۋالدى:
— خوش، قانداق بولدى گىرىشكا؟
— نەگە تەقسىم قىلىندىڭ؟
— ئاتامان پولكىغا تەقسىم قىلغاندۇ؟
— ئېغىر لىغىڭ قانچە كەلدى؟
گىرىگورىي بىر پۇتىنى لىكوكلىتىپ، يەنە بىر پۇتىنى شىمىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېتىپ جاۋاپ بەردى:
— قويۇڭلار، نىمە قىلىسىلەن سوراپ؟ نەگە، نەگە؟ 12-پولكقا.
— كورشۇنوپ دىمىترىي، كارگىن ئىۋان، — كاتىپ يەنە بېشىنى چىقاردى.
گىرىگورىي كالتە جۇۋىسىنى ئالدىراپ تۇگمىلەپ، پە-لەمپەيدىن يۇگۇرۇپ چۈشتى.
ئىللىق باھار شامىلى چىقاتتى، ئىسسىق ھاۋادىن يول-نىڭ بەزى يەرلىرىدە قار ئېرىپ ھور كوتىرىلىپ تۇراتتى. كوچىدا توخۇلار قاقىلدىشىپ، يۇگۇرۇپ يۇرەتتى. غازلار پاقى-راپ تۇرغان توختامسۇلاردا چومۇلىشەتتى. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى بىنۇنىڭ ئىچىدە خۇددى سوغاقتىن شۇمشەيگەن كوز پەسلىنىڭ غازاڭلىرىدەك قىزىرىپ كورۇنەتتى.
ئەتىسى ئاتلارنى تەكشۇرۇش باشلاندى. مەيداندا ئو-

فىتسىرلەر ئۈيافتىن ـ بۇياقىا چىپىشىپ يۈرەتتى. مال دوختۇ-
رى بىلەن ئات ئېغىرلىغىنى ئۆلچەيدىغان فېلدشېرشىنېلىنىڭ
ئېتەكلىرىنى يەلپۈلدىتىپ ئۆتتۈپ كەتتى. رەڭگى ھەر خىل
ئاتلار قورانىڭ پەنجىرىسىنى بويلاپ قاتار تىزىلىشتى. مەي-
دانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىككىنە شىرە قويۇلغان بولۇپ، بۇ يەردە
كاتىپ تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەش نەتىجىلىرىنى يېزىپ ئولتۇ-
راتتى، ئۇنىڭ ئالدىغا تارازا قويۇلغان تەرەپتىن ۋېشىنىس-
كايا يېزا بازىرىنىڭ ئاتامانى دۇدارېپ پالاقلاپ يۈگۈرۈپ
كەلدى. ھەربىي رايون ۋەكىلى كېلىپ، پۈتىنى يەرگە
ئۇرۇپ، ئاچچىغى بىلەن ياش يۈز بېشىغا بىر نىمىلەرنى چۈ-
شەندۇردى.

گىرىگورىي تىزىمدا 108 ـ بولۇپ، ئېتىنى تارازا يېنىغا
ئېلىپ كەلدى. ئاتنىڭ ھەممە يېرىنى ئۆلچەپ چىقىشتى. تا-
رازىدا ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ كورۈشتى، لېكىن ئات تارازىدىن
چۈشۈشى بىلەنلا مال دوختۇرى ئەپچىللىك بىلەن ئاتنىڭ يۇ-
قۇرقى كالپۈكىنى يېڭىۋاشتىن تۇتۇپ ئاغزىغا قارىدى؛ كوكسى-
نى قاتتىق بېسىپ باقتى، ئاندىن بارماقلىرى ئومۇچۇكتەك
غىرىلداپ پۇتلىرىغا چۈشتى.

مال دوختۇرى ئاتنىڭ تىز بوغۇنلىرىنى مىجىقلاپ، پەي-
لىرىنى دوكۇلدىتىپ ئۇرۇپ باقتى، يىلىك سوڭەكلىرىنىسىقىپ
كوردى...

تەشۋىشلىنىپ قۇلىغىنى دىك تۇتۇپ تۇرغان ئاتنى ئۇ-
زۇنغىچە سىپىلاپ، قولاق سېلىپ تەكشۈرۈپ كوردى، ئاندىن ئاق
خالاتنىڭ ئېتەكلىرىنى يەلپۈلدىتىپ، ئەتراپقا كاربول كىسلا-
تاسىنىڭ ئوتكۈر ھىدىنى چېچىپ چەتكە چىقتى.

ئاتنى يارامسىزغا چىقاردى، ساشكا بوۋاينىڭ ئىشەنچى بوشقا

www.uyghurkitap.com

چىقتى، ئاقۋاش دوختۇرنىڭ خېلى «پەمى» بار ئىكەن، ساشكا بوۋا ئېيتقان ھېلىقى يوشۇرۇن ئەيۋىنى تېپىۋالدى.

تەشۋىشلەنگەن گىرىگورىي ئاتىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ يېرىم سائەتتىن كېيىن پېتروۋنىڭ ئېتىنى تارازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى، دوختۇر بۇ ئاتنى تەكشۈرمەستىنلا ماقۇل تاپتى.

گىرىگورىي نىرىراق بېرىپ، قۇرۇقراق بىر يەرنى تاللاپ، يوپۇقنى يەرگە يايدى ـ دە، ئىگەر ـ جابدۇق، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويدى؛ پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئارقىدا قېلىپ، ئوغلىنى ئۇزاتقىلى كەلگەن يەنە بىر چالىبىلەن گەپلەشكەچ ئاتنى تۇتۇپ تۇردى.

سۇر رەڭ شىنېل ۋە كۈمۈش رەڭ كاراكۇل پاپاخ كىيگەن ئىگىز بويلۇق مويسىپىت گېنېرال ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ سول پۇتىنى سەل ـ پەل ئالغا تاشلاپ، ئاق پەلەي كىيگەن قولىنى سىلكىتىپ ماڭاتتى.

— ھەربى رايون ئاتامانى ئەنە ئاشۇ، — دەپ پىچىرلىدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ گىرىگورىينى نوقۇپ.

— گېنېرال بولسا كېرەك؟

— گېنېرال مايور ماكىيېپ. ئىنتايىن يامان ئادەم!

ئاتامانىنىڭ ئارقىسىدىن پولك ۋە باتارېيىلەردىن كەلگەن بىر توپ ئوفىتسېرلەر مېڭىشقان ئىدى. يەلكىسى ۋەساغرىسى كەڭ توپچى قىسىملار فورمىسىدا كىيىنگەن ياساۋۇل، يېنىدىكى شىرىنگىگە — لەيب گۋاردىيە پولكىدىن بولغان كېلىشكەن ئىگىز بويلۇق ئوفىتسېرگە چاڭىلداپ سوزلەيتتى:

— ... قىزىق ئىش! ئىستونىيە يېزىسىنىڭ ئادەملىرى كوپىنچە سېرىق كېلىدىكەن، ئەمما ئۇ قىز پۇتۇنلەي باشقىچە،

يالغۇز ئۇ بىرسىلا ئەمەس! بىز ھەر خىل پەرەز قىلىپ باقتۇق، كېيىن بىلسەك 20 يىل بۇرۇن ... — ئوفىتسېرلەر يوپۇق ئۈستىگە نەرسە-كېرەكلىرىنى تەخلەۋاتقان گىرىگورىينىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇزاقلاپ كېتىشتى، گىرىگورىي زەمبىرەكچى ياساۋۇلنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىنى شامالدا ئاران ئاڭلىدى، چۈنكى ئوفىتسېرلەرنىڭ كۈلكىسى پاراڭنى بېسىپ كەتكەن ئىدى: — كېيىن بىلسەك، شۇ يېزىدا سىزنىڭ ئاتامان پولكىڭىزدىن 100 يىگىت تۇرغان ئىكەن.

كاتىپ كوك سىياغا بويالغان تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن كەمزۇلىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېتىۋېتىپ، يۈگۈرگەن پېتى ئۆتۈپ كەتتى، ھەربى رايون ۋەكىلىنىڭ مۇئاۋىنى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاچچىغى بىلەن ۋاقىردى:

— ئۈچ نۇسقا ساڭا دېگەن ئىدىمغۇ! ئەبجىغىڭنى چىقىرىمەن!

گىرىگورىي ئوفىتسېر ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ناتونۇش چىرايلىرىغا قىزىقىپ قارايتتى. يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مۇلازىم ياشاڭغۇ كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا بىر تىكتى-دە، ئۆتكۈر كۆزلەرنىڭ قارىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئارقىسىغا ئورۇلۇۋالدى؛ نىمىشقىدۇ ھاياجانلانغان قېرى يۈز بېشى ساپ-سېرىق چىشلىرى بىلەن توپە كالپۇكىنى چىشلەپ، ئۇنىڭغا يېتىشىۋالماقچى بولۇپ يۈگۈرۈپ باراتتى. گىرىگورىي يۈز بېشىنىڭ سېرىق قاشلىرى ئۈستىدىكى تومۇرى لىپىلدەپ، قاپىغى مىدىرلاۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

گىرىگورىينىڭ ئايىغى ئاستىغا تېخى تۈتۈلمىغان يوپۇق سېلىنغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېشىل سىرلانغان، چىگە قاپلانغان ئىگەر، بوكتەمە، تورۋا، ئىككى شىنېل، ئىككى شال-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى ئادرېسى

ۋۇر، ئىككى ئەسكەرچە كىيىم، ئىككى جۈپ ئۆتۈك، كوينەك ـ ئىشتان، بىر قاداق 24 مىسقال قۇرۇتۇلغان نان، بىر قۇتا كونسېرۋا، سوك ۋە باشقا ئاتلىق ئەسكەرگە رۇخسەت قىلىنغان مىقداردا ئوزۇق ـ ئوقەتلەر ئوز تەرتىۋى بويىچە يېيىپ قويۇلغان ئىدى.

ئاغزى ئوچۇق خالتىلاردا ئاتنىڭ 4 پۇتىغا ــ 4 دانە تاقا، ياغلىنىپ كەتكەن لاتىغا ئورالغان چىگە يىپ، جۇۋالدۇرۇز، ياماقلىق رەخت، ئىككى دانە يىڭنە ـ يىپ ۋە لوڭگە بار ئىدى.

گىرىگورىي نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئاخىرقى قېتىم يەنە قاراپ چىقتى، چوقچىيىپ ئولتۇرۇپ، بوكتەمە چولۋۇرىنىڭ ياغلىنىپ كەتكەن ئۇچلىرىنى يېڭى بىلەن ئېرتىپ چىقتى. مەيداننىڭ بىر بېشىدىن كومىسسىيە ئەزالىرى چىقىپ كەلدى ـ دە، يوپۇقلىرىنىڭ ئالدىدا تىزىلىشىپ تۇرغان كازاكلارنىڭ يېنىدىن ئاستا ئوتۇشكە باشلىدى. ئوفىتسېرلەر بىلەن ئاتامان، كازاكلارنىڭ ياراق ـ جابدۇقلىرىنى دىققەت بىلەن قاراپ چىقاتتى، ھاۋارەڭ شىنېلىنىڭ پەشلىرىنى قىستۇرۇپ، زوكزىيىپ ئولتۇرۇشۇپ، خالتىلارنى تەكشۈرەتتى، يىپ ـ يىڭنە، جۇۋالدۇرۇزلارنى كوزدىن كەچۈرەتتى، قۇرۇتۇلغان نان قاچىلانغان خالتىلارنىڭ ئېغىرلىقىنى قولى بىلەن دەڭسەپ كورۇشەتتى.

گىرىگورىينىڭ يېنىدا تۇرغان يىگىت بارمىقى بىلەن ھەربىي رايون ۋەكىلىنى كورسىتىپ:

ــ قاراڭلار، بالىلار، ئاۋۇ ئوزۇنتۇرانى، خۇددى تولكىنىڭ ئوۋدىسىنى كولاۋاتقان تايغان ئىتتەك تىمىسقىلىۋىنىنى. ــ دىدى.

— قاراڭلار ئۇنى، ۋاي ئىت ـ ەي!... خالتىنى تەتۈر ئۆرۈۋاتىدۇ!

— بىرەر چاتاق تاپقان بولسا كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا مۇنچىلىك قىلىپ كەتمەس ئىدى.

— تاقا مىقلىرىنى ساناۋاتامدۇ ـ نىمە؟

— ۋاي ئىت!

ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بارا ـ بارا بېسىلىپ قالدى، كومىسسىيە ئەزالىرى يېقىنلىشىپ كەلمەكتە، گىرىگورىينىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشكە بىر نەچچە ئادەم قالغان ئىدى. ھەربى رايون ئاتامانى سول قولىدا پەلەي تۇتقان ھالدا ئوڭ قولىنىڭ جەينىكىنى ئەگمەستىن پولاڭلىتىپ كېلەتتى، گىرىگورىي تىك قېتىپ تۇردى، ئارقىدا تۇرغان ئاتىسى يوتىلىپ قويدى، مەيدان بويلاپ چىقىۋاتقان شامال ئات چىللىسى ۋە ئېرىگەن قارنىڭ ھىدىنى تارقىتاتتى. قۇياش خۇمارى تۇتقان ئادەمدەك كەيىپسىز ھالدا نەزەر تاشلايتتى.

بىرتوپ ئوفىتسېرلەر گىرىگورىينىڭ يېنىدا تۇرغان كازاكنىڭ ئالدىدا بىرئاز توختاشتى ـ دە، بىر ـ بىرلەپ گىرىگورىينىڭ قېشىغا كېلىشتى.

— ئىسىم پەمىلەڭ نىمە؟

— مېلېخوپ گىرىگورىي.

ھەربى ۋەكىل گىرىگورىينىڭ شىنېلىنى بەل ئىزمىسىدىن تۇتۇپ كوتەردى، ئەستىرىنى پۇراپ باقتى، ئىزمىلىرىنى ئالمان ـ تالمان ساناپ چىقتى؛ يۈز بېشىنىڭ ئورۇنباسارى دەرىجىلىك پاگون تاقىغان يەنە بىر ئوفىتسېر ئىسسىل موۋۇتتىن تىكىلگەن شالۋۇرنى مىجىقلاپ كوردى، ئۇچىنچى بىر ئوفىتسېر ئىڭىشىپ، گىرىگورىينىڭ خالتىلىرىنى تاراقلىتىپ تەك-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇرۇشكە باشلىغاندا شامال ئۇنىڭ شىنېلىنىڭ پەشلىرىنى ئارقىسىغا قايرىپ تاشلىدى.ھەربىي ۋەكىل چىمچىلىغى ۋە باش-مالتىغى بىلەن خۇددى بىر پارچە چوغىنى تۇتۇۋاتقاندەك لاتىـغا ئورالغان تاقا مىقلىرىنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ كورۇپ، لىۋىنى پىچىرلىتىپ ساندى.

— بۇ مىق نىمە ئۈچۈن 23 تال؟ بۇ قانداق گەپ؟ — دىدى ـ دە، لاتىنىڭ بۇرجىكىدىن تارتتى.

— ئۇنداق ئەمەس ئالى جاناپلىرى، 24 تال.

— مەن قارغۇمۇ؟

گىرىگورىي ھولۇقۇپ لاتىنىڭ تۈرۈلۈپ قالغان يېرىنى ئېچىپ 24 ـ مىقنى كورسەتتى، ئۇنىڭ قوتۇماچ قارا بارماق-لىرى ھەربىي ۋەكىلنىڭ ئاپپاق قوللىرىغا تېگىپ كەتتى. ھەر-بىي ۋەكىل خۇددى يىگنە سانچىلغاندەك قولىنى تارتىۋالدى ـ دە، ئۇنى كۆلرەڭ شىنېلىنىڭ يانپىشىغا ئېرتتى؛ يىرگىنىپ پە-لىيىنى كىيىۋالدى.

گىرىگورىي بۇنى سەزدى ـ دە، قەددىنى رۇسلاپ زە-ھەرخەندە بىلەن كۈلۈپ قويدى. ئىككىسىنىڭ كوزلىرى بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ـ دە، ھەربىي ۋەكىلنىڭ ئىككى چېكىسى قىزىرىپ كەتتى.

— نىمە ھومىيىسەن؟ — دەپ ۋاقىرىدى ھەربىي ۋە-كىل، — نىمە قارايسەن، كازاك؟ — ئۇنىڭ ئۇستۇرا كېسىپ، قېنى قېتىپ قالغان مەڭزى قىپ ـ قىزىل قىزىرىپ كەتتى. — بوك-تەمە بوغۇچى نىمىشقا قالايمىقان؟ بۇ يەنە نىمە گەپ؟ سەن كازاكمۇ ياكى دىخانمۇ؟ ئاتاڭ قېنى؟

پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتقان ھال-دا ئاسقاق ئايىغىنى دىكوكلىتىپ بىر قەدەم ئالغا چىقتى.

— سەن ھەربى خىزمەتنىڭ نېمىلىگىنىنى بىلمەمسەن؟

شۇ ئارىدا ھەربى رايون ئاتامانى كېلىپ قالدى. ھەربىي ۋەكىل شۈك بولۇپ قالدى. ئاتامان ئوتۆگىنىڭ تۇمشۇغى بىلەن ئىگەرنىڭ كورپىسىنى ئىتتىرىپ كوردى - دە، ئىنق - ئىنق ھېق تۇتۇپ، يەنە بىرسىنىڭ قېشىغا ئوتۈپ كەتتى. گىرىگورىي تەقسىم قىلىنغان پولكنىڭ ئوفىتسېرى مۇلايىملىق بىلەن يېپىپ - يىڭنىسىغىچە ھەممە نەرسىلەرنى بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى ۋە شامالغا ئارقىسىنى قىلىپ تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېتىپ ھەممىسىنىڭ ئارقىسىدا قالدى.

بىر كۈن ئوتۈپ، ئەتىسى، چېرتكوۋوييېزا بازىرىدىن چىققان پويىز كازاكلار چۈشكەن، ئات ۋە يەم - خەشەكلەر بېسىلغان قىزىل ۋاگونلارنى سورەپ، لىسكى - ۋورونېژ تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

ۋاگونلارنىڭ بىرىدە، گىرىگورىي ياغاچ ئوقۇزغا يولىنىپ تۇراتتى. ۋاگوننىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىگىدىن — ناتونۇش تۆزلەڭ دالىلار لىپ - لىپ كوزگە چېلىقىپ ئوتۈپ تۇراتتى، يىراقتىكى بىر توپ ياپ - يېشىل ئورمان، خۇددى ئات ئويۇنىغا ئوخشاش موللاق ئاتقاندەك كورۈنەتتى.

ئاتلار شىتىر - شىتىر ئوت چاينايتتى، ئايىغىنىڭ ئاستىدا تاختايلارنىڭ لىگىلداپ تۇۋزغانلىغىنى سېزىپ، بىزاۋىتا بولاتتى.

ۋاگوننىڭ ئىچىدە شىۋاق ئوتىنىڭ پۇرىغى ۋە ئاتنىڭ تەر ھىدى دىماققا ئۇرۇلاتتى، باھارنىڭ ئىللىق ھاۋاسى كېلەتتى، يىراق - يىراقتا، ئۇپۇقنىڭ چېتىدە بىر توپ كوپ - كوك ئورمان ئاخشامقى خىرە يۇلتۇزدەك مىتىلداپ كورۈنەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى قىسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 1

1914 - يىلى مارت ئېيىدا، ھاۋا ئوچۇق كوكۇلنىڭ بەھرىنى ئاچىدىغان بىر كۈنى ناتالىيە قېيناتىسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بۇقا بۇزۇپ تاشلىغان قاشا تامنى پوتلا چىقارغان كوك چىۋىق بىلەن توقۇپ ياساۋاتاتتى. ئۆگزىنىڭ نوسىدىن سۇ تامچىلايتتى، چۈكا مۇزلار كۈمۈشتەك پاقىرايتتى، ئۆگزىنىڭ ماڭلىيىدىن بۇرۇن ئاققان سۇلارنىڭ ئىزلىرى يول - يول قارىيىپ كورۈنەتتى.

قار ئېرىپ تۈگىگەن دوڭلۇك ئۈستىگە ساغۇچ قۇياش ئالتۇن نۇرىنى چېچىپ تۇراتتى، يەرمۇ تاۋلىنىپ قالغان، دون بويىدىكى ئىگىزلىكلەرنى ۋە گەج تاغنىڭ يانباغىرلىرىنى مەخمەلدەك يېشىل ئوت قاپلىغان ئىدى.

چىرايى ئوزگىرىپ، ياداپ كەتكەن ناتالىيە قېيناتىسىنىڭ قېشىغا ئارقا تەرەپتىن كېلىپ، بىر يانغا قىيشىيىپ قالغان مېيىپ بويىنىنى ئېگىپ سالام قىلدى.

— سالامەت تۇردىڭىزمۇ دادا.

— ناتالىيوشكامۇ سەن؟ كەل، قىزىم، سالامەت تۇرۇۋاتىمىز! — پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئالدىراپ قېلىپ، قولىدىكى چىۋىق يەرگە چۈشۈپ كەتتى، تولغانغان چىۋىق يەنە تۈزلىنىپ قالدي. — نىمىشقا كورۈنمەي كەتتىڭ؟ قېنى، ئۆيگە

كىرەيلى، ئاناڭ سىنى كورسە شۇنداق خوشال بولىدۇكى، ئېيتمايلا قوي.

— مەن قايتىپ كەلدىم، دادا ... ناتالىيە بىر قولىنى ئاستا ئەپقىچىپ، ئارقىسىغا قىلىۋالدى. — ئەگەر قوغلىمىسىڭىز، ئومۇر بويى مەشەدە قالىمەن.

— نىمە دىگىنىڭ بۇ، بالام! سەن بىزگە يات كىشىمىدىڭ؟ گىرىگورىيمۇ ئوز خېتىدە سىنى ياد ئېتىپتۇ... ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇڭلار، دەپتۇ، قىزىم.

ئويگە كىرىشتى. پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ئالدىراپ پىشىپ، خۇرسەنت بولۇپ دىككوكلاپ كەتتى.

ئىلئىنىچنا ناتالىيىنى قۇچاقلاپ، خېلىلا كوز يېشى قىلدى؛ پەرتۇغىغا بۇرنىنى ئېرتىۋېتىپ:

— بالا كورسەڭ ئوبدان بولاتتى ... بالا ئۇنى، ئادەم قىلاتتى. قېنى ئولتۇر. قۇيماق بىلەن مېھمان قىلىمەن، — دەپ، پىچىرلىدى.

— خۇدا ئامان قىلسۇن،... ئانا مەن قايتىپ كەلدىم.

ھەممە يېرى لاىدەك قىزىرىپ كەتكەن دۇناشكا يۈگۈرگەن پېتى ئاشخانىغا كىرىپ، ناتالىيىنىڭ تىزىدىن قۇچاقلىۋالدى.

— ھە، ئۇياتسىز! بىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

— ھەي بايتال، ئالجىپ قالدىڭمۇ؟ — دادىسى ئۇنىڭغا يالغاندىن پوپوزا قىلىپ ۋاقىراپ قويدى.

ناتالىيە دۇناشكىنىڭ قوللىرىنى ئاجرىتىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە باقتى - دە:

— چوپ - چوڭ قىز بولۇپ قاپسەن ... — دىدى.

ھەممەيلەن تەڭلا سوزگە كىرىشىپ، بىر - بىرىنىڭ گې-

پەمى بولەتتى، كايىدا جىمىپ قىلىشاتتى. ئىلىئىنىچنا ئالقىنىنى مەڭزىگە تىرەپ، ناتالىيىگە كوز سالاتتى، ئۇنىڭ پۇتۇنلەي ئوزگىرىپ كەتكەنلىگىنى كورۇپ يۇرىگى ئېزىلەتتى.

— بىزنىڭكىگە پۇتۇنلەي قايتىپ كەلدىڭمۇ؟ — دۇناشكا ناتالىيىنىڭ قولىدىن تارتىپ قىزىرىپ سورىدى.

— كىم بىلىدۇ...

— بۇ گەپىڭ نىمە كېرىگى بار، ئوز كېلىنىم تۇرساڭ، بۇ يەردە تۇرماي نەدە تۇراتتىڭ؟ مەشەدە قال! — ئىلىئىنىچنا گەپنى كېسىپ، قۇيماق تولدۇرۇلغان ساپال قاچىنى شىرەنىڭ ئۇستىگە قويۇپ، كېلىنىنى مېھمان قىلىشقا باشلىدى.

ناتالىيە قانداق قىلسام بولار دەپ ئۇزاقىچە ئىككىلىنىپ يۇرۇپ، ئاندىن قېيناتىسىنىڭ ئويىگە كەلگەن ئىدى. ئوز ئاتىسى خېلى ۋاقىتقىچە بۇ يەرگە كېلىشكە قويماي ۋاقىراپ، پوپوزا قىلىپ، ئۇيالدۇرغان، نەسىھەت قىلىپ كورگەن ئىدى، ئەمما ناتالىيە ساقىيىپ قالغاندىن بۇيان ئوز تۇققانلىرىنىڭ يۇزىگە ئوڭايسىزلىنىپ تۇزۇك قارىيالمىدى. تۇغۇلۇپ ئوسكەن ئوز ئويىدە ئوزىنى يات ئادەمدەك ھىس قىلىشقا باشلىدى. ئوزىنى ئولتۇرۇۋېلىشقا قەست قىلىش ئۇنى ئاتا-ئانىلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇپ قويدى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ گىرىگورىينى ئەسكەرلىككە ماڭغۇزغاندىن كېيىن ناتالىيىنى بىر نەچچە قېتىم بىزنىڭكىگە كەل دەپ تاپىلىغان ئىدى. چال ئۇنى ئوز ئويىگە ئەپكىلىپ گىرىگورىي بىلەن ئىككىسىنى ياراشتۇرۇپ قويۇشقا قەتئى نىيەت قىلغان ئىدى.

شۇ كۇندىن تارتىپ ناتالىيە مېلېخوپلارنىڭكىدە قالدى. دارىيە ياقتۇرمىغانلىغىنى پەقەت سەزدۇرمەيتتى؛ پېترو ئوز

ئاكىسىدەك مېھرىۋان پوزىتسىيىدە بولدى: دارىيىنىڭ ئاندا-ساندا كوزقىرى بىلەن قاراشلىرى ناتالىيىنى خىجىل قىلسىمۇ، دۇناشكىنىڭ بەك كوڭۇل قويغانلىقى ۋە چال بىلەن مومايىنىڭ ئاتا - ئانىلارچە مېھرى - مۇھەببىتى كوڭلىدىكى غەشلىكنى يۇياتتى.

ناتالىيە قېيناتىسىنىڭ ئويىگە كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ دۇناشكىغا بۇيرۇق قىلىپ تۇرۇپ، گىرىگورىيغا ئەۋەتىش ئۈچۈن خەت يازدۇردى:

„سالام، قەدىردان ئوغلىمىز گىرىگورىي پانتېلېيېۋىچ! ساڭا چىن يۈرىكىمىزدىن كۆپتىن - كۆپ سالام يوللايمىز. مېھرىۋان ئاناڭ ۋاسىلىسا ئىلىنىچنا ۋە مەن داداڭ ئىككىمىز ھەمىشە دۇئادا بولدۇق. ئاكاڭ پېترو پانتېلېيېۋىچ بىلەن رەپىقىسى دارىيە ماتۋېيېۋنادىن ساڭا سالام. ئۇلار ساڭا سىھھەتلىك ۋە ئىسەن - ئامانلىق تىلەيدۇ؛ يەنە سىڭلىڭ يېۋدوكىيە ۋە بارلىق ئۆي ئىچى تاۋابىئاتلىرىمىزدىن كۆپتىن - كۆپ سالام. 5 - فېۋرالدا يازغان خېتىڭنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئىنتايىن خۇرسەن بولدۇق.

خېتىڭدە ئېتىڭ مۇدرەيدۇ، دەپسەن، چوشقىنىڭ چاۋا يېغى بىلەن مايلاپ تۇر، ساڭا مەلۇم، ئەگەر يەر تېيىلغاق بولمىسا، ئارقا پۇتلىرىنى تاقىلاتمىسىمۇ بولىدۇ. رەپىقەڭ ناتالىيە مىرونوۋنا بىزنىڭكىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇ ساق - سالامەت، تىنچ ئامان كېتىۋاتىدۇ.

ئاناڭ ساڭا كىلاس قېقى، بىر جۈپ يۇڭ پايپاق ھەمدە ئېرىتىلگەن ياغ ۋە ھەر خىل سوغىلارنى ئەۋەتتى، ھەممىمىز ساق - سالامەت تۇردۇق. لېكىن دارىيىنىڭ بالىسى قازا تاپتى، بۇنى ساڭا بىلدۈرۈپ قويماقچىمىز. قايسى كۈنى پېترو بىلەن ئامبارنىڭ بىر تېمىنى ياسىدۇق، ئاكاڭ سېنى

ئاتقا ياخشى قارىسۇن، ئوبدان ئاسىرىسۇن دەيدۇ، ئىنەكلەر تۇغدى، قارا بايتال قوساق سېلىپ، يىلىنى يوغىناپ قالدى. قوسىغىدا بالىسى مىدىرلاۋاتقىنى بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ يېزا بازىرىدىكى ئات فېرمىسىدا «دونتېس» ئاتلىق بىر ئايغىرغا قاچۇرۇلغان ئىدى؛ روزىنىڭ 5 - كۈنى قۇلۇنلاپ قالارمىكىن دەپ كۈتۈۋاتىمىز. بىز سېنىڭ خىزمىتىڭنىڭ ياخشى بولۇۋاتقانلىقىدىن ۋە باشلىقلارغا ياراپ قالغانلىقىڭدىن خۇرسەندىمىز. سەن خىزمىتىڭنى ئوبدان ئادا قىل. پادىشا ئۈچۈن قىلغان خىزمىتىڭنىڭ ئەجرىنى كۆرىسەن. ناتالىيە ئەمدى بىز نىڭكىدە تۇرىدىغان بولدى، سەنمۇ بۇنى ئويلاپ كۆر. يەنە بىر يامان ئىش يۈز بەردى: ماسلىنىتسا بايرىمىدا 3 قويىنى بۆرە ئۆلتۈرۈپ قويدى. خەير، ساق - سالامەت بول، خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن. ئايلىڭنى ئۇنتۇپ قالما، بۇ مېنىڭ ساڭا بۇيرۇغۇم. ئۆزى خۇشخۇي ئايال ۋە سېنىڭ ھالال جۈپتىڭ، سەن تولىمۇ ئۆزبېشىمچىلىق قىلىۋەرمە، داداڭنىڭ گېپىگە قۇلاق سال.

سېنىڭ داداڭ، باش ئۇرەدنىك
پانتېلېي مېلېخوپ».

گرىگورىي خىزمەت قىلغان پولك رۇسىيە - ئاۋستىرىيە چېگرىسىدىن 4 چاقىرىم كېلىدىغان رادزىۋىللوۋو دېگەن جايدا تۇراتتى. گرىگورىي ئۆيىگە ناگان - ناگاندا خەت يازاتتى. ناتالىيە كەلدى، دېگەن خەۋەرگە سىپايىلىق بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇپ، ئۇنىڭغا مەندىن سالام، دەپلا قويدى؛ گرىگورىينىڭ خەتلىرى تۇتۇق ۋە مۇجمەل ئىدى. پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ بۇ خەتلەرنى دۇناشكىغا ياكى پېتروغا بىر نەچچە قېتىم ئوقۇتاتتى، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن

چوڭقۇر ئۇي سۈرەتتى. پاسخا بايرىمى ئالدىدا ئۇ گىرىگورىيغا خەت يېزىپ، ھەربى خىزمەتتىن قايتىپ كەلگەندە ئائىلىك بىلەن بىللە تۇرامسەن ياكى ئاۋالقىدەكلا ئاكسىنىيە بىلەن يۈرۈۋېرەمسەن، دەپ توغرىدىن توغرا سوئال قويىدۇ.

گىرىگورىي ئۇزاققىچە جاۋاپ قايتۇرمىدى. تروئىتسا بايرىمىدىن كېيىن ئۇنىڭدىن قىسقىچە بىر خەت كەلدى. دۇناشكا سۆز ئاخىرلىرىنى يالماپ تېز - تېز ئوقۇدى، شۇڭا پانتېلېي پروكوفيېۋىچ سان ساناقسىز سالام ۋە سوئاللارنى قويۇپ تۇرۇپ، خەتنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈرەتتى. خەتنىڭ ئاخىرىدا گىرىگورىي ناتالىيە مەسىلىسى توغرىلىق تۆۋەندىكىچە توختالغان ئىدى:

«... سىز مېنىڭ ناتالىيە بىلەن بىللە تۇرۇش - تۇرماسلىقىم توغرىلىق خەت يېزىشىمنى تاپىلاپسىز، لېكىن، دادا، سىزگە ئېيتسام، كېسىلگەن ناننى يەملەشكە بولمايدۇ. ئەمدىلىكتە مەن ناتالىيىگە نىمە دەپ سۆز ئاچالايمەن. بالام بارلىقىنى ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ؟ بۇ توغرىلىق مەن بىر نەرسە دەپ ۋەدە قىلالمايمەن ۋە بۇ ھەققە سۆز ئېچىشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق. قايسى كۈنى چېگرىدا ئەتكەس قىلىنغان مال بىلەن بىر ئادەم قولغا چۈشتى، ئۇنى بىزمۇ كوردۇق، بۇ ئادەمنىڭ ئېيتىشىچە، پات ئارىدا ئاۋستىرىيەلىكلەر بىلەن ئۇرۇش بولارمىش، ئۇلارنىڭ پادىشاسى چېگرىغا كېلىپ، ئۇرۇشنى نەدىن باشلاشنى ۋە قايسى يەرلەرنى بېسىۋېلىشنى تەكشۈرۈپ چىقىپتۇ. ئۇرۇش باشلىنىپ قالسا، بەلكى مەن تىرىك قالماسمەن، لېكىن ئالدىنالا بىر نەرسە دېيىش قىيىن.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

× ×

ناتالىيە قېيىناتىسىنىڭكىدە ئىشلەپ تۇرمۇش كۆ-چۈرەتتى ۋە ئېرىم قايتىپ كېلىدۇ، دېگەن بىھۇدە ئىشەنچ بىلەن كۈل بولۇپ،سۇنغان كۆڭلىنى كۆتىرىشكە تىرىشاتتى.ئۇ گىرىگورىيغا خەت يازمىسىمۇ بۇ ئىلىدە گىرىگورىينىڭ خېتىنى ئۇ-نىڭدەك سېغىنىش، يىراق ئىچىدە كۈتىدىغان ئادەم يوق ئىدى.

يېزىدىكى ھايات ئادەتتىكىدەك بىر قېلىپتا كېتىۋا-تاتتى: ئەسكەرلىك مۇددىتى توشقان كازاكلار قايتىپ كېلىشكە باشلىدى. كىشىلەر ئىش بىلەن بەنت بولۇپ، ۋاقىتنىڭ قان-داق ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىغىنى سەزمەيتتى، يەكشەنبە كۈنلىرى ئەتىگەندىن باشلاپ ھەر بىر ئائىلە توپ - توپ بولۇپ چېركاۋغا يول ئالاتتى؛ كازاكلار ھەربى كىيىملىرىنى ۋە باي-راملىق شالۋۇرلىرىنى كىيىپ يۈرۈشەتتى، يەڭلىرى بۈرما - بۈرما تىكىلگەن گۈللۈك كۆيتىلىرى ئەگىنگە تار كېلىپ قالغان ئاياللار رەڭدار يوپكىلىرىنىڭ ئۇزۇن شىلدىرما ئېتەكلىرىنى يەرگە سۆرۈتۈپ، كوچىنىڭ توپىلىرىنى سۈپۈرۈپ مېڭىشاتتى.

توت چاسا مەيدان. شوتىلىرى يۇقۇرىغا تىكلەپقويۇل-غان ھارۋىلار بىلەن لىق تولغان ئىدى. ئاتلار كىشنىشەتتى، تۆرلۈك - تۈمەن ئادەملەر مىڭ - مىڭ ئۇيياقتىن بۇياققا ئۆتۈپ تۇرۇشاتتى؛ ئوت ئوچۇرۇش سايمانلىرى تۇرىدىغان ئامبارنىڭ ئالدىدا بۇلغار دىخانلىرى تار پالاسلارنىڭ ئۈس-تىگە ھەر خىل كوكتاتلارنى يېيىپ سودا قىلىشاتتى؛ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا توپ - توپ باللار چۇقۇرۇشۇپ ھارۋىدىن چىقىرىل-غان توگىلەرنى تاماشا قىلىشاتتى، توگىلەرمۇ بويۇنلىرىنى مەغرۇر سوزۇپ، بازاردىكى قايىنام - تاشقىنلىقنى، قاسقىنىغا قىزىل جىيەك تۇتۇلغان فۇراژكا كىيگەن ئادەملەرنى ۋە بېشىغا

رەڭگا - رەڭ رومال چەككەن ئاياللارنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك بولاتتى. چىغىرىق بېشىدا توختاۋسىز ئىشقا سېلىنىپ تۇرغان تىنىگەلەر ئاغزىدىن كوپۈك ئېقىتقان هالدا شىۋاق ئوتلارنى چايناپ ئارام ئېلىشاتتى. ئۈيقۇسىرىغان يېشىل كوزلىرى مولدۇرلەپ تۇراتتى.

كەچقۇرۇنلىرى دۈپۈرلىگەن ئاياق تاۋۇشلىرى كوچىلارنى بىر ئالاتتى، تاماشا مەيدانلىرىدا ناخشىلار ياڭرايتتى، گارمۇنلار چېلىنىپ، ئۇسۇل - تانسا قىزىپ كېتەتتى، پەقەت يېرىم كېچىدىن ئوتكەندىلا دونىنىڭ ئىللىق هاۋاسىدا يىراق چەت - ياقىلاردىن ئاخىرقى ناخشا سادالىرى ئاڭلىناتتى.

ناتالىيە تاماشا مەيدانىغا بارماي، دۇناشكىنىڭ ئاددى هىكايىلىرىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى. ئەمدىلىكتە دۇناشكىمۇ قەددى - قامىتى كېلىشكەن چىرايلىق قىز بولۇپ، كوزگە كورۇنۇپ قالغان ئىدى. بالدۇر پىشىدىغان ئالمىدەك بۇرۇنراق پىشىلدى. ئوسمۇرلۇك چاغلىرى ئارقىدا قالدى، شۇ يىلى ئۇنى بويىغا يەتكەن چوڭ قىزلار ئوز قاتارىغا قوشۇۋالدى. دۇناشكا دادىسىغا تارتقان بولۇپ، بويى پاكار، قارامتۇق قىز بولدى.

دۇناشكا 15 ياشقا تولدى، ئەمما بېلى ئىنچىكە زىلۋا چوڭ بولدى. بىر قارىغاندا، كىچىك بالىدەك ئاجىز ۋە ساددا، بىر قارىغاندا بويىغا يېتىپ قالغاندەك كورۇنەتتى: كوپتىسىنىڭ ئاستىدىن كىچىك ئالمىدەك كوكرەكلىرى سىرتىغا تېپىپ تۇراتتى، يەلكىلىرى خېلىلا تولۇشقان ئىدى. كوز پىچىمى سەل - پەل قىيپاچ، ئۇزۇن بولۇپ، قارچۇقلىرى شوخلۇق ۋە ئۇياتچانلىق بىلەن چاقناپ تۇراتتى. ئۇ تاماشا مەي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دانىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇز سىرىنى يالغۇز بىر ناتالىيىگە سۆزلەپ بەردى.

— ناتاشكا، چىراغىم، ساڭا بىر نەرسىنى سۆزلەپ بەرمەكچىمەن...

— قېنى، سۆزلە.

— ئاخشام مىشكا كوشىۋوي بىلەن تاڭ ئاتقىچە ماگىزىن يېنىدىكى دۆپ-ياغىچى ئۈستىدە ئولتۇردۇق.

— نېمىشقا قىزىرىپ كەتتىڭ؟

— نەدىكىنى!

— ئەينەككە قاراپ باقمامسەن — چوغدەك يېنىپ تۇرۇپتۇ.

— قويغىنا، ئادەمنى ئىزا تارتقۇزۇپ...

— سۆزلەۋەر، ئىزا تاتقۇزمايمەن.

دۇناشكا قارا قومچاق قوللىرى بىلەن لاۋۇلداپ ئوت ئالغان يۈزلىرىنى ئېرتەتتى، ئىككى چېكىسىنى بارماقلىرى بىلەن سىقىپ، بىكاردىن - بىكار پىخىلداپ كۈلەتتى.

— ئۇ مېنى: «خۇددى لالىغا ئوخشايسەن!...» دىدى.

— شۇنداق دىدىمۇ؟ — ناتالىيە تىتىكلەشتى، ئۇ بىراۋنىڭ خوشاللىغىغا ئورتاق بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئاياق ئاستى قىلىنغان ئوتمۇشىنى ئۇنتاتتى.

— مەن ئۇنىڭغا: «يالغان سۆزلىمە، مىشكا!» دىسەم، ئۇ: «راست» دەپ قەسەم ئىچتى. — دۇناشكا قاقاقلاپ كۈلدى، ئۇنىڭ قوڭغۇراقتەك ئاۋازى ئويىنىڭ ئىچىنى بىر ئالدى. ئۇ بېشىنى لىڭشىتاتتى، ئۇششاق ئورۇلگەن قارا چاچلىرى دۈمبىسىدە كەسلەنچۈكتەك ئومىلەيتتى.

— يەنە نېمىلەرنى دىدى؟

— ياغلىغىڭنى ماڭا ئەستىلىك ئۈچۈن بەر، دەيدۇ.

— بەردىڭمۇ؟

— ياق، بەرمەيمەن دېدىم، ئۆزەڭنىڭ چىرايلىغىڭدىن سورا، دېدىم. ئۇ ھىلىقى يېروپپىيپنىڭ كېلىنى بىلەن... ئېرى ئەسكەرلىكتە بولغاچ، ئۆزى ئويناپ يۈرىدىغان خوتۇن.

— سەن ئۇنىڭدىن نېرى يۈر.

— مەنمۇ ئۇنىڭدىن يىراق يۈرۈيمەنىغۇ... — دۇناشكا قىستاپ كەلگەن كۈلكىسىنى ئاران بېسىپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى: — مەيداندىن ئۈچ قىز بىللە قايتىپ كېلىۋاتاتتۇق، مەس بولۇپ قالغان مىخەي بوۋاي ئارقىمىزدىن بىزگە يېتىشىۋالدى. «مېنى سۆيۈپ قويۇڭلار، ياخشى قىزلار، ئىككى تىيىندىن پۇل بېرىمەن» دەپ كاپشىدى. بىزگە چېقىلماقچى بولۇۋىدى، نيوركا چۆۋىق بىلەن پىشانىسىغا بىرنى سالدى، بىز ئاران قېچىپ قۇتۇلدۇق!

ياز قۇرغاقچىلىقتا ئۆتەتتى. يېزىنىڭ ئۇدۇلىدا دون دەرياسىنىڭ سۈيى بەك ئازىيىپ كەتتى، ئىلگىرى سۇ شىددەت بىلەن ئاققان يەرلەردە تېيىز كېچىكلەر پەيدا بولدى، نېرىقى قىرغاققا ئوكۇزلەر دۈمبىسىنى ھول قىلماستىن ئۆتۈپ كېتىۋېرەتتى. كېچىلىرى تاغدىن ئىسسىق ھاۋا كېلىپ، يېزىنى دىمىقتا قىلىپ قوياتتى، شامال قاغجىرىغان ئوت - چۆپلەرنىڭ قاڭسىق پۇرىقى بىلەن ھاۋانى تولدۇراتتى. بىنەم بولۇپ قالغان يەرلەردە قۇرىغان شىۋاق ئوتلار ئوت يانغاندەك كورۇنەتتى. دوننىڭ ئەتراپى كوزگە كورۇنمەيدىغان پەردە بىلەن قاپلانغاندەك ئىدى. كېچىسى دوننىڭ نېرىقى تەرىپىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، گۈلدۈرمامىلار قاراس - قۇرۇس گۈلدۈرلەپ قوياتتى، ئەمما قاغجىراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باغرى تۈرتەنگەن يەرگە يامغۇر ياغمايتتى، ئاسماندا ئەگرى-بۈگرى كوك ئىز پەيدا قىلىپ، بىھۇدەچاقماق چېقىپ قوياتتى.

پۈتۈن كېچە چىركاۋ قوڭغۇراقخانىسى ئۈستىدە ھۇقۇش سايراپ چىقاتتى، يېزىدا ۋەھىمىلىك، غەلىتە ئاۋازلار ئارىلاپ يۈرەتتى، ھۇقۇش قوڭغۇراقخانىدىن ئۇچۇپ، موزايلار دەسسەپ-چەيلىۋەتكەن قەۋرىستانلىقتا قونۇپ، يانتاق باسقانگور ئۈستىدە نالە قىلاتتى.

— بۇ شۇملۇقنىڭ ئالامىتى، — دەيتتى قېرىلا، قەۋرىستان تەرەپتە سايرىغان ھۇقۇشنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ.

— ئۇرۇش بولارمۇ.

— تۈركىيە بىلەن ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن خۇددى شۇنداق سايرىغان ئىدى.

ياكى يەنە ۋابا تارقىلىپ قالارمۇ؟

— ئىش قىلىپ، ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس: ھۇقۇش چىركاۋدىن توپ-توغرا ئۆلۈكلەرنىڭ قېشىغا ئۇچۇپ ئوتتى ئەمەسمۇ.

— يا مەرھەمەتلىك، ھەزرىتى مىكائىل...

قولى چولاق ئالېكسەينىڭ ئۇكىسى مارتىن شۇمىلىن بۇ لەنىتى قۇشنى ئىككى كېچە قەۋرىستاندا ماراپ چىقتى، ئەمما ئۇ ھېچيەردە كورۇنمەيتتى، سىرلىق ھۇقۇش ئاۋاز چىقارماستىن، قەۋرىستاننىڭ باشقا بىر چېتىدىكى كىرېستقا ئۇچۇپ بېرىپ ئۈستىگە قوناتتى-دە، ئۈگدەك باسقان يېزىغا ۋەھىمە سالاتتى، مارتىن يامان سوزلەر بىلەن تىللاپ-تىللاپ، ئاسماندا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان قارا بۇلۇتلارغا بىر پاي ئوق ئېتىپ، ئويىگە قايتىپ كېلەتتى، ئۇ ئاشۇ قەۋرىستاننىڭ يېنىدىلا بىر ئويدە تۇراتتى، ئۇنىڭ خوتۇنى قورقۇنچاق ۋە

ئاغرىقچان ئايال بولۇپ، توشقانغا ئوخشاش يىلدا بىر بالا تۇغاتتى. ئۇ ئېرى قايتىپ كەلگەندە تەنە سوزلەرنى قىلاتتى:

— ئەخمەق، قىپ - قىزىل ئەخمەقسەن! ئۇ ساڭا نىمە پۇتـلاشتى زالىم؟ خۇدا جاجاڭنى بەرسە قانداق قىلىسەن؟ ئاي - كۈنۈم يېقىنلىشىپ، ئاران يۈرىمەن، مۇبادا سىنىڭ بۇ لەنىتى ئويۇڭدە تۇغالماي قالسام قانداق بولىدۇ؟

— بولدى قىل! تۇغۇشنى تۇغىسەن! گەپ قىلمىسا، ھەددىڭدىن ئاشىسەن - ھە! ئۇ لەنىتى بۇ يەردە تىنچلىق بەرمىسە، قانداق قىلىدىغان گەپ؟ ئۇ كاساپەت بىرەر بالا - قازانى چىللاپ كېلىدۇ، ئۇرۇش بولۇپ قېلىشنى خۇدا كورسەتـمىسۇن، مېنى ئېلىپ كېتىدۇ، سەن مۇنۇ بېقىۋاتقان كۈچۈكلىـرىڭنى قانداق قىلىسەن؟— مارتىن قولى بىلەن بىر بۇلۇڭنى كورسەتتى، ئۇ يەردە چوچۇرىدەكقاتار تىزىلىپ ياتقان باللىرى جۇۋىنىڭ ئۇستىدە خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى.

پانتېلېي مېلېخوپ مەيداندا قېرىلار بىلەن پاراڭلاشـقاندا ئۇز كېپىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشاتتى:

— بىزنىڭ گىرىگورىينىڭ خېتىگە قارىغاندا، ئاۋستىرىيە پادىشاسى چېگرىغا كېلىپتۇ، ھەممە ئەسكەرلىرىنى بىر جايغا توپلاپ، موسكۋا بىلەن پېتربورگقا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپتۇ.

قېرىلار ئوتكەن ئۇرۇشلارنى ئەسكە ئېلىشىپ ئوز تەخمىنـلىرىنى ئورتاقلىشاتتى:

— بۇ يىلقى ھوسۇلدىن قارىغاندا ئۇرۇش بولماسمىكىن.

— ھوسۇلنىڭ بۇنىڭغا نىمە مۇناسىۋىتى بار؟

— ستودېنتلار غەۋغا چىقىرىۋاتقان بولسا كېرەك.

— بۇنى بىز ھەممىدىن كېيىن بىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ياپون ئۇرۇشىدىمۇ خۇددى شۇنداق بولغان.
— ئوغلۇڭغا ئات ئىلىپ بەردىڭمۇ؟
— ئالدىراپ نىمە قىلىمەن ...
— ھەممىسى بىكار گەپ!
— كىم بىلەن ئۇرۇش بولىدىكەن؟
— تۇركلەر بىلەن دىيىشىز تالىشىپ، دىگىز دىگەننى قانداق قىلغان بىلەنمۇ بولۇشەلمەيدۇ.
— ئۇنى بولۇش شۇنچە تەسمۇ؟ بىز ئوتلاقنى ئۇلۇشلەرگە تەقسىم قىلغاندەك بولۇشۇۋالسۇن!
گەپنىڭ ئاخىرى چاقچاققا ئايلىنىپ كەتتى - دە، قىرلار تارقىلىشقا باشلىدى.
تىز تۇتۇش قىلمىسا بولمايدىغان ئوت ئورۇش ئىشى ئادەملەرنى ساقلاپ تۇراتتى. دوننىڭ نىرىقى تەرىپىدىكى ئوتلار دالىدىكى ئوتقا ئوخشاش بولۇق ۋە خۇشپۇراق بولمىسىمۇ، چىچىگى توكۇلۇشكە باشلىغان ئىدى. يەر بىر خىل بولسىمۇ، ئوت - چوپلەر ھەرخىل شەرۋەتلەرنى ئىمىپ، بىر - بىرىگە ئوخشماي ئوسىدۇ؛ دوگىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى دالىدا يەر قارا تۇپراق ۋە قاتتىق؛ بىر توپ يىلقا ئوتسە — تۇياق ئىزى كورۇنمەيدۇ؛ يەر قاتتىق بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئوت خۇشبۇي، ئوبدان ئوسىدۇ، ئوت ئاتنىڭ قارنىغا چىقىدۇ، ئەمما دوننىڭ بويىدا ۋە دوننىڭ نىرىقى ياقىسىدىكى زەيكەش، يۇمشاق توپىدا ئوسكەن ئوتلار شالاڭ ۋە ئۇنۇمسىز بولىدۇ، بەزى چاغدا ئۇنى مالمۇ يىمەيدۇ.
يىزىدىكىلەر چالغىلارنى چاقلاش، ئارىلارنى ساپلاش بىلەن بەنت ئىدى، ئاياللار ئوت ئورىغۇچىلارغا كوۋاس تەييار-

لاشقا ئىشتىياق بىلەن كىرىشكەن ئىدى، شۇئارىدا پۈتۈن يېزىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەن بىر ۋەقە يۈز بەردى: بازار ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەن بىر تەكشۈرگۈچى كىرىپ كەلدى، بۇلارنىڭ قاتارىدا چىشلىرى قارىيىپ كەتكەن، شۇ كەمگىچە ھېچكىم كورۈپ باقمىغان، غەلىتە كىيىم كىيگەن بىر ئوفىتسېرمۇ بار ئىدى؛ ئۇلار يېزا ئاتامانىنى چاقىرتتۇردى، ئاندىن بىر نەچچە ئەھۋال بىلىدىغان ئادەملەرنى ئەگەشتۇرۇپ، ئۇدۇل ئالغاي لۇكېشكىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى.

تەكشۈرگۈچى يازلىق فۇراژكىسىنى قولىغا ئېلىۋالغان ئىدى. ئۇلار كوچىنىڭ سول تەرىپىدىن قاشاتام ياقىلاپ مېڭىشتى، يولدا ئاپتاپتا ئۆيەر - بۆيەردە سايە چۈشۈپ تۇراتتى، چارلىغۇچى چاكباسقان بەتىنكىسى بىلەن سايىلارنى دەسسەپ، خورازدەك يۈگۈرۈپ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئاتاماندىن گەپ سورىدى:

— سىرتتىن كەلگەن شتوكمان ئۆيىدىمۇ؟

— ئۆيىدە، جاناپلىرى.

— ئۇ نىمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئۇ ھەممىگە مەلۇملۇق ھۈنەرۋەن ئادەم... ياغاچچىلىقمۇ قولىدىن كېلىدۇ.

— ئۇنىڭدا بىرەر ئىش سەزگىنىڭ يوقمۇ؟

— يوقسۇ.

ساقچى باشلىقى مېڭىپ كېتىۋېتىپ ئىككى قېشى ئارىسىدىكى دا نىخورەكنى بارماقلىرى بىلەن سىقتى؛ سوكنو مۇندىر ئىچىدە تەرگە چومۇپ پىشىلدايتتى. چىشى قارىيىپ كەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەن ئۇفىتسېر بىر تال چوپ بىلەن ھە دەپچىشىنى گولايتتى، قىزىرىپ قورۇلۇپ كەتكەن تۆۋەنكى قاپىغىنى پۈرۈشتۈرەتتى.

— ئۇنىڭ ئۆيىگە كىملەر كىرىپ تۇرىدۇ؟ — تەكشۈرگۈچى ئالغا ئىلىدا ملاپ كېتىۋاتقان ئاتامانىنى قولى بىلەن توختىتىپ يەنە سورىدى.

— ھە، توغرا، كىرىپ تۇرۇشىدۇ، بەزىدە قارتا ئوينىشىدۇ.

— كىملەر؟

— تولىسى تۈگمەندە ئىشلەيدىغان ئىشچىلار.

— ئۇلار زادى كىم؟

— ماشىنا باشقۇرغۇچى، تارازىچى، چىغىرىقچى داۋىدكا ۋە بىزنىڭ كازاكلىرىمىزدىن كىرىپ تۇرىدىغانلىرىمۇ بار.

تەكشۈرگۈچى ئارقىدا قالغان ئۇفىتسېرنى كۈتۈپ، بىر دەم توختىدى، بۆرنى ئۈستىدىكى تەرنى فۇراژكىسى بىلەن سۈرتۈپ قويدى. ئۇفىتسېرنىڭ تۈگمىسىنى ئويناپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىرنىمىلەرنى دىدى - دە، بارمىغى بىلەن ئىملاپ ئاتامانىنى قىچقاردى. ئاتامان دىمىنى چىقارماي، ئاياق ئۇچىدا مىڭىپ دەرھال يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بوينىدىكى بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن تومۇرلار كۆپۈپ تىترەپ تۇراتتى.

— ئىككى ئادەم بىلەن كىرىپ، ھەممىسىنى قولغا ئال، ئۇدۇللا مەھكىمىگە ئېلىپ بار، بىز ھازىرلا بارىمىز ئۇقتۇڭمۇ؟

ئاتامان تىك قېتىپ تۇردى، مۇندىرىنىڭ قاتۇرما ياقىسى خۇددى كۆك لىنتا بۇقۇچقا ئوخشاش گېلىنى چوڭ تومۇرنىڭ ئاستىدىن بوغۇۋالغان ئىدى، ئاتامان لىپ قىلىپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى - دە، قەدەملەپ يۈرۈپ كەتتى.

شتوكمان ياقىسىنى ئېچىۋېتىپ، كۆينەكچان ئىشىككە

كەينىچە ئولتۇرۇپ، قول ھەرىسى بىلەن بىر تال پەنەركە تاختىنى ھەرىدەپ گۈل چىقىرىۋاتاتتى.

— ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، قولغا ئېلىنىدىڭىز.

— نېمە ئۈچۈن؟

— سىز ئىككى ئۆينى ئالغانمۇ؟

— ھە.

— بىز ئۆيىڭىزدە ئاختۇرۇش ئېلىپ بارىمىز، — دېدى ئوفىتسېر. ئۇنىڭ ئوتتۇگىدىكى شىپور بوسۇغا ئالدىغا سېلىنغان كىچىك گىلەمگە ئىلىنىپ قالدى، ئۇ شىرەنىڭ يېنىغا ئوتتى-دە، كوزىنى قىسىپ تۇرۇپ، دەسلەپكى ئۇچرىغان كىتاپنى قولىغا ئالدى.

— مۇنۇ ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى مەرھەمەت قىلىڭ.

— مەن نېمە قىلىپتىمەن، جانابى تەكشۈرگۈچى؟

— بىز تېخى سىز بىلەن سۆزلىشىۋالىمىز. گۇۋاچىقىنى ئاختۇرۇشنى باشلايلى.

شتوكماننىڭ خوتۇنى ئىككىنچى ئۆيدىن ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قاراپ تۇراتتى، ئالدى بىلەن تەكشۈرگۈچى، ئۇنىڭدىن كېيىن كاتىپ شۇ ئۆيگە كىرىشتى.

ئوفىتسېر سېرىق مۇقاۋىلىق كىتاپنىڭ چېتىدىن تۇتۇپ:

— بۇ نېمە؟ — دەپ ئاستا سورىدى.

— كىتاپ، — شتوكمان مۇرىسىنى قىسىپ قويدى.

— سۆزمەنلىكىڭىزنى پەيتى كەلگەندە كورسىتىۋالارسەن. مېنىڭ سوئاللىرىمغا باشقىچە تەرتىپ بىلەن جاۋاپ بېرىشىڭنى سورايمەن!

شتوكمان مەشكە يۆلىنىپ، ئۆزىنىڭ مەسخىرە كۆلكىسىنى ئاران بېسىپ تۇراتتى. ساقچى باشلىقى ئارقىسىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قايرىلىپ، ئوفىتسېرگە قاراپ قويىدى - دە، ئاندىن شتوكمان-
غا كوز يۇگۇرتتى:
— مۇشۇ كىتاپنى ئوگىنىۋاتامسىز؟
— كىتاپقا قىزىقىمەن، — شتوكمان سوغاقلا جاۋاپ
بەردى ۋە كىچىككىنە تاغاق بىلەن قارا ساقىلىنى تەڭ ئىك-
كىگە بولۇپ تارىدى.
— شۇنداق.
ئوفىتسېر كىتاپنى ۋاراقلاپ قويۇپ، شىرەنىڭ ئۈستىگە
تاشلىدى؛ ئىككىنچى بىر كىتاپنىڭ ۋاراقلىرىغا تېزلا كوز
يۇگۇرتۇپ چىقتى؛ ئۇنىمۇ بىر چەتكە تاشلاپ، ئۇچىنچى كى-
تاپنىڭ مۇقاۋىسىنى ئوقۇدى - دە، شتوكمانغا بۇرۇلۇپ
قارىدى:
— يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش كىتاپلارنى نەدە ساق-
لاۋاتىسەن؟
— مەندە بار كىتاپنىڭ ھەممىسى شۇ.
— يالغان ئېيتىسەن! — ئوفىتسېر كىتاپنى تەڭلەپ
تۇرۇپ دوق قىلدى.
— مەن تەلەپ قىلىمەنكى ...
— ئاختۇرۇڭ!
— ساقچى باشلىقى بىر قولى بىلەن قىلىچىنى تۇتۇپ،
ساندۇقنىڭ يېنىغا باردى؛ ساندۇقتىكى كىيىم - كېچەكلەرنى
بىر چوقۇر كازاك ئاختۇرۇۋاتاتتى، بۇ ئىشلاردىن ئۇنىڭ قور-
قۇپ كېتىۋاتقانلىقى چىرايىدىن مەلۇم ئىدى.
— مەن مۇلايىمراق مۇئامىلىدە بولۇشىڭىزنى تەلەپ
قىلىمەن، — شتوكمان كوزلىرىنى قىسىپ ئوفىتسېرنىڭ قاڭ-
شىرىغا تىكىلىپ تۇرۇپ، سوزىنى تۈگەتتى.

— ئۇنىڭىزنى چىقارماڭ، قەدىردانىم.

شتوكمان خوتۇنى بىلەن تۇرىدىغان ئۆيىنىڭ ھەممە يې- رى بىر- بىرلەپ ئاختۇرۇلدى. ئىشخانىسىدىمۇ تىنتىش يۈرگۈ- زۈلدى. غەيرىتى تۇتقان ساقچى باشلىغى ھەتتا تاملارنىمۇ بارمىغى بىلەن توكۇلدىتىپ باقتى.

شتوكماننى مەھكىمىگە ئېلىپ ماڭدى. ئۇ گۇۋاچى كا- زاكنىڭ ئالدىدا كونىراپ كەتكەن كەمزۇلىنىڭ قويىنغا بىر قولىنى سېلىۋېلىپ، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن ماڭاتتى؛ يەنە بىر قولىنى خۇددى ئالقىنىغا لاي چاپلىشىۋالغاندەك سىلكىيتتى؛ قالغان ئادەملەر قاشا ياقىلاپ، ئۇششاق ئاپتاپ نۇرى جىمىرلاپ تۇرغان چەت بىلەن مېڭىشتى. تەكشۈرگۈچى بايىقىدەكلا بەتىنكىسى بىلەن ئۇششاق سايىلارنى دەسسەپ ماڭاتتى، بۇ قېتىم پەقەت فۇراژكىسىلا قولىدا ئەمەس ئىدى، ئۇنى ئاقىرىپ كەتكەن قولىغىنىڭ تۇۋىگىچە باستۇرۇپ كىيىۋالغان ئىدى.

شتوكماننى ئەڭ ئاخىرىدا سوراق قىلىشتى. سوراق قىلى- نىپ بولغانلار تاشقارقى ئۆيدە ساقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستى- دا سىقىلىشىپ ئولتۇراتتى؛ ئۇلار: تېخى قارا مايغا مىلەنگەن قولىنى يۇيۇپ ئۈلگۈرمىگەن ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ، قوپال ھې- جىيىپ تۇرغان داۋىدكا، كەمزۇلىنى مۇرىسىگە ئارتىۋالغان ۋەلىت ۋە مىخايىل كوشېۋوي ئىدى.

تەرگەۋچى ھالرەڭ پاپكىسىنى ئاختۇرۇۋېتىپ، شىرە- نىڭ نېرىقى تەرىپىدە تۇرغان شتوكماندىن سورىدى:

— تۆگمەندىكى قاتىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن سىزنى سوراق قىلغىنىمىزدا، نېمىشقا سىز رۇسىيە سوتسىيال دېموكراتنىڭ ئىشچى پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىڭىزنى يوشۇردىڭىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شتوكمان تەرگىگۇچىنىڭ بېشى ئۈستىدىكى بىر نۇقتىغا قاراپ، ئۈندىمەي تۇرۇۋەردى.

— بۇ ئىنقىلابىي بولغان ئىش، سىز ئۆز قىلمىشىڭىزغا لايىق تېگىشلىك جازاغا ئۇچرايسىز. — تەرگىگۇچى، ئۇنىڭ لام - جىم دېمىگەنلىكىدىن تېرىكتى.

— سوراقنى باشلىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن، — دېدى شتوكمان زېرىككەن ئادەمدەك، ئاندىن بوش تۇرغان ئورۇن-دۇققا كۆز قىرىنى سېلىپ، ئولتۇرۇشقا ئىجازەت سورىدى.

تەرگىگۇچى ھېچنىمە دېمىدى، ئۇ ماتېرىيال قەغىزىنى ئۇرۇپ چورۇپ، ئورۇندۇقتا بىمالال ئولتۇرغان شتوكمانغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى.

— سىز بۇ يەرگە قاچان كەلگەن؟

— بۇلتۇر.

— ئۆز تەشكىلاتىڭىزنىڭ تاپشۇرۇغى بىلەنمۇ؟

— ھېچقانداق تاپشۇرۇق بىلەن كەلگىنىم يوق.

— سىز قاچاندىن تارتىپ ئۆز پارتىيىڭىزنىڭ ئەزاسى ھېساپلىنىسىز؟

— سىز نېمە دېمەكچى بولىسىز؟

— مەن، — تەرگىگۇچى«مەن» سۆزىنى ئالايىتەن تەلەپ-پۇز قىلدى، — قاچاندىن بۇيان رۇسىيە سوتسىيال دې-موكراتىك ئىشچى پارتىيىسى ئەزاسى ئىكەنلىكىڭىزنى سوراۋاتىمەن.

— مەن ئويلايمەنكى ...

— مەن سىزنىڭ نېمىنى ئويلىشىڭىزغا مۇتلەق قىزىق-مايمەن. سوئالغا جاۋاپ بېرىڭ. ئىقرار قىلماسلىقتىن پايدا يوق، ھەتتا زىيانلىق.

تەرگىگۈچى قەغەزلەرنىڭ ئارىسىدىن بىرسىنى ئاجرىتىۋېلىپ، ئۇنى بىگىز قولى بىلەن شىرەگە نىقتاپ قويىدى-دە، دېدى:

— مانا بۇ روستوپتىن كەلگەن تەكشۈرۈش قەغىزى، سىزنىڭ ئاشۇ پارتىيىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلايدىغان ھوججەت.

شتوكمان بىر پارچە ئاق قەغەزگە كۆز يۈگۈرتۈپ، بىر دەم تىكىلدى - دە، تېزىنى سىلاپ تۇرۇپ، قەتئى جاۋاپ بەردى:

— 1907 - يىلدىن تارتىپ.

— خوش، سىزنى بۇ يەرگە ئۆز پارتىيىڭىز ئەۋەتكەنلىكىنى ئىنكار قىلامسىز؟

— ھە - ئە.

— ئۇنداق بولسا، سىز بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭىز؟

— بۇ يەردە تومۇرچى ئۇستا كېرەك ئىكەن.

— نېمىشقا سىز باشقا يەرگە بارماي، مۇشۇ رايوننى تاللىۋالدىڭىز؟

— ئاشۇ سەۋەپ بىلەن.

— سىز بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان ئۆز تەشكىلاتىڭىز بىلەن ئالاقە قىلدىشۋاتامسىز ياكى ئالاقىدە بولدىڭىزمۇ؟

— ياق.

— ئۇلار سىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىڭىزنى بىلەمدۇ؟

— ئېھتىمال.

تەرگىگۈچى كالپۇكىنى قورۇپ، سەدەپ ساپلىق قەلەمتۇراچ بىلەن قېرىنداشنى ئۇچلاشقا كىرىشتى، ئۇ شتوكمانغا قارىمايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— ئۆز كىشىلىرىڭلارنىڭ بىرەرسى بىلەن خەت - ئالاقىدە بولامسىز؟

— ياق.

— ئاختۇرۇشتا تېپىلغان مۇنۇ خەتچۇ؟

— بۇ خەت بىر يولدىشىمدىن كەلگەن، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىنقىلاۋىي تەشكىلات بىلەن ئالاقىسى يوق.

— روستوپتىن بىرەر يوليورۇق ئالدىڭىزمۇ؟

— ياق.

— تۈگمەندىكى ئىشچىلار سىزنىڭكىگە نىمە مەقسەت بىلەن يىغىلىشىدۇ؟

شتوكمان تېتىقسىز سوئالدىن ئەجەپلەنگەندەك بولۇپ، ئىككى مۈرىسىنى قىسىپ قويدى.

— قىش ئاخشاملىرى زېرىكىپ، ئۆزلىرى يىغىلىشاتتى... پەقەت ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قارتا ئوينىشاتتى...

— قانۇن مەنئى قىلغان كىتابلارنى ئوقۇشاتتى، — دەپ لوقما سالدى تەرگۈچى.

— ياق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى چالا ساۋات.

— ئەمما تۈگمەننىڭ ماشىنا باشقۇرغۇچىسى ۋە قالغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ پاكىتنى ئىنكار قىلغىنى يوق.

— بۇ يالغان.

— مېنىڭچە، سىزدە باشلانغۇچ چۈشەنچىمۇ يوق ئىكەن ... — سوز شۇ يەرگە كەلگەندە شتوكمان كۈلۈپ قويغان ئىدى، تەرگۈچى سوزىنىڭ ئۈچىنى يوقىتىپ قويدى - دە، غەزىۋىنى ئاران بېسىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— سىزدە ساغلام ئىدرەك يوق ئىكەن! ئىقرار قىلمىسىڭىز ئۆزىڭىزگە زىيان. مەسىلە پۈتۈنلەي روشەنكى، سىزنى پارتىيىڭىز

بۇ يەرگە كازاكلار ئارىسىدا بولگۇنچىلىك ئېلىپ بېرىش، ئۇلارنى هوكۇمەتكە قارشى قويۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن چۇشەنمەيمەن: بۇ-يەردە قارغۇ چاشقان ئويناشنىڭ نېمە هاجىتى بار؟ بەربىر بۇنىڭ بىلەن جىنايىتىڭىز يېنىكلەپ قالمايدۇ ...

— بۇ سىزنىڭ گۇمانىڭىز. تاماكا چېكىشكە رۇخسەت قىلارسىز؟ رەھمەت سىزگە. بۇلارنىڭ هەممىسى گۇمان، يەنە كېلىپ ئاساسسىز قۇرۇق گۇمان.

— ماڭا قاراڭ، مۇنۇ كىتاپچىنى ئويىڭىزگە كىرىپ تۇ-ۋىدىغان ئىشچىلارغا ئوقۇپ بەرگەنمۇ؟ — تەرگىگۇچى كىچىك-كىنە بىر كىتاپنىڭ ئۈستىگە ئالقىنىنى قويدى. ئاق تاش مۇ-قاۋىسىنىڭ ئۈستىدە: «پېيلخانوپ» دېگەن خەت روشەن كورۇ-نۇپ تۇراتتى.

— بىز شېئىر ئوقۇشاتتۇق، — شتوكمان بىر نەپەس ئېلىپ، زەنجىرلىك سوئەك مۇشتىگىنى بارماقلىرى بىلەن مەھكەم قىسىپ، تاماكىسىنى شوراشقا باشلىدى ...

ئەتىسى، هاۋا بۇزۇلۇپ، ئاسماننى بۇلۇت قاپلىغان ئەتىگەندە جۇپ ئات قوشۇلغان پوچتا هارۋىسى يېزىدىن يۇ-رۇپ كەتتى. شتوكمان پەلتۇسىنىڭ مايلىشىپ كەتكەن ياقىسىغا ساقىلىنى سۇركەپ هارۋىنىڭ ئارقى-سىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى يېقىنىدا قىلىچ ئېسى-ۋالغان ئىككى ساقچى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرسى چوقۇر، جىنگىلەك چاچ بولۇپ، قاسماقلىشىپ كەتكەن بارماقلىرى بى-لەن شتوكماننىڭ جەينىگىنى مەھكەم تۇتۇۋالغان، سېرىق كىرپىك كوزلىرى بىلەن شتوكمانغا قورقۇمسىراپ قاراپ، سول قولى بىلەن قىلىچنىڭ سىرى چۇشكەن غىلاۋىنى تۇتۇپ باراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھارۋا كوچىدا چاك تۇزىتىپ تاراسلاپ كېتىۋاتاتتى.
پانتېلېي مېلېخوپنىڭ قوراسى ئارقىسىدا رومالغا پۈركىنىۋالغان ۋىجىك بىر ئايال ئوت - چۆپ بېسىلغان قاشاغا يۆلىنىپ ئاشۇ ھارۋىنى كۈتەتتى.

ھارۋا ئۇنىڭ ئالدىدىن چاك تۇزىتىپ ئۆتۈپ كەتتى، ئايال قولىنى مەيدىسىگە ياققان پېتى ئارقىسىدىن يۈگۈردى.

— ئۆسە!... ئۆسىپ داۋىدىچ! ئاھ، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟!

شتوكمان قولىنى پۇلاڭلىتىپ خوشلاشماقچى ئىدى، بىراق چوقۇر ساقچى ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، پاسكىنا قوللىرى بىلەن شتوكماننىڭ بېغىشىدىن تۇتۇۋالدى ۋە خىرىلداپ ۋاقىرىدى:

— مىدىرلىماي ئولتۇر، چېپىپ تاشلايمەن!...

ئۇ ئۆزىنىڭ پادىشاسىغا قارشى چىققان ئادەمنى ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى.

## 2

مانكوۋو - كالىتۋېنسكايا يېزىسىدىن تاكى رادزىۋىللوۋو دىگەن يەرگىچە سوزۇلغان يول كوكۇش تۇمان ئىچىدە نە - نەلەردە قالغان ئىدى. گىرىگورىي يول ئۈستىدە كورگەنلىرىنى ئېسىگە ئېلىشقا تىرىشىمۇ، ئەمما ھېچقانداق بىر مەنزىرىنى كوز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى؛ پويىز ئىستانسىسىنىڭ قىزىل

بىنالىرى، لىڭشىپ تۇرغان تاختا پول ئاستىدا تاراق ـ تۇرۇق
قىلىشىۋاتقان ۋاگون چاقلىرى، ئات قىغلىرى ۋە ئوت ـ چۆپنىڭ
پۇراقلىرى، پاراۋوزنىڭ ئاستىدىن سوزۇلۇپ چىقىۋاتقان چەكسىز
رېلىسلەر، ئاندا ـ ساندا ۋاگون ئىشىگىدىن كىرىپ تۇرىدى
غان تۇتۇن، ۋورونېژ ۋوگزالىدىمۇ ياكى كېيىنكى ۋوگزالدى
مۇ كوزگە چېلىققان ساپ ـ سېرىق شاپ بۇرۇت ژاندارمىنىڭ
ئەپتى ـ بەشىرىسى ... ئۇلار پويىزدىن چۈشكەندىن كېيىن ئوفىت
سېرلەر ۋە ساقىلى قىرىلغان سۇررەڭ چەكمەن كىيگەن قاندا ق
تۇر ئادەملەر توپ ـ توپ بولۇپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار چۈشەنگىلى
بولمايدىغان يات بىر تىلدا سۆزلىشەتتى. ۋاگونلارغا كوۋرۇك
تەك تاختاي قويۇپ خېلى ئۇزاققىچە ئاتلارنى پەسكە چۈشۈ
رۈشتى. ھەربى پويىزنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئاتلارنى ئىگەر
لەشكە بۇيرۇق بەردى، 300 دىن ئارتۇق كازاكنى مال
دوختۇرلۇق پونكىتىغا باشلاپ باردى. ئاتلارنى تەكشۈرۈشتىن
ئۆتكۈزۈشكە خېلى ۋاقىت كەتتى، كازاكلارنى يۈز ـ يۈزدىن
بولدى. ۋاخمىستىر بىلەن ئورەدنىكلەر ئۇيۇياق بۇياققا يۈ
گۈرۈشۈپ قالدى، 100 كىشىدىن ئىبارەت بىرىنچى بولۇنمىگە①
ئاچ تورۇق ئاتلار، ئىككىنچى بولۇنمىگە بوز ۋە جېرەن
ئاتلار، ئۈچىنچى بولۇنمىگە قارا تورۇقلار ئاجرىتىلدى؛ كىرىنگورىي
تۆتىنچى بولۇنمىگە بولۇندى، بۇ بولۇنمىگە ئالتۇنسىمان
جېرەن ئاتلار ۋە ئادەتتىكى تورۇق ئاتلار تاللىنىلغان ئىدى؛
بەشىنچى بولۇنمىگە ئاچ سېرىق سەمەن ئاتلار، ئالتىنچىسىغا
قارا ئاتلار ... ۋاخمىستىرلار كازاكلارنى ۋىزۋوتقا بولۇپ ھەر

① بولۇنمە (رۇسچە COTHЯ) — 100 كىشىلىك بولۇنمىنى كورسى
تىدۇ. بىرلىيەنگە باراۋەر.

قايسى قورغان ۋە كىچىك يېزىلارغا جايلاشتۇرۇلغان بولۇنمىلەرگە باشلاپ ماڭدى.

مەيدىسىگە مۇددەتتىن ئارتۇق خىزمەت قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بەلگە تاقىۋالغان، پالكوز جەسۇر ۋاخمىستىر كارگىن گىرىگورىينىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

— قايسى بازاردىن سەن؟ — دەپ سورىدى.

— ۋېشىنىسكايادىن.

— كېسەك قۇيرۇق؟ ①

گىرىگورىي باشقا يېزىلىق كازاكلارنىڭ پىخىلداپ كۈلۈشكەنلىكىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، بۇ ھاقارەتنى لام - جىم دىمەستىن ئىچىگە يۇتتى.

چوڭ كوچىغا چىققاندا تاشيول باشلاندى، تاشيولنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەن دون ئاتلىرى قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، خۇددى مۇز تۇتقان دەرياغا چۈشۈۋاتقاندەك پوشقۇرۇپ ئېھتىيات بىلەن قەدەم باساتتى، بىر ئاز كونۇۋالغاندىن كېيىن يېڭىدىن قاقتۇرۇلغان تاقىلىرىنى تاقىرلىتىپ بىمالال مېڭىپ كېتىشتى، ئەتراپتا دەرەخلىرى قالايمىقان كېسىلگەن، قۇرۇپ سارغايغان شالاڭ توقايزارلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى: بۇ يات يەر پولەكلەر زىمىنى ئىدى. كۈن ئىللىق ۋە دىمىق ئىدى، قۇياشمۇ دون قۇياشىغا ئوخشاشمايتتى. ئۇ قەيەردىدۇر داكا پەردىدەك تۇسىۋالغان قېلىن بۇلۇتنىڭ كەينىدە ئۈزۈپ يۈرەتتى.

رادزىۋىللوۋو قورغانى پويىز بېكىتىدىن تۆت چاقىرىم نېرىدا ئىدى، ھەربى پويىز باشلىغى ئۆز نەۋكەرلىرى بىلەن

① ھەربىر يېزا بازىرىنىڭ بىر لەقىمى بار ئىدى، مەسىلەن، ۋېشىنىسكا يالىقلارنى قۇيرۇغى كېسىلگەن تايغان ئىت دەپ ئاتىشاتتى (ئاپتورنىڭ ئىزاھى).

ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، كازاكلارنى يېرىم يولدا قالدۇرۇپ ئالغا ئۆتۈپ كەتتى. قالغانلار قورغانغا يېرىم سائەتتە يېتىپ بېرىشتى.

مىتەكىنىسكايا بازىرىدىن كەلگەن بىر كازاك يىگىتى دەرەخلەرى يالىڭاچلىنىپ قالغان باغنى كورسىتىپ ۋاخمىستىردىن سورىدى:

— بۇ قانداق يېزا؟

— يېزا دېدىڭمۇ؟ يېزىنى ئەمدى ئېسىڭدىن چىقىرىۋەت، مىتەكىنىسكايا تايىچىغى! بۇ يەر ساڭا دون ۋىلايىتى ئەمەس.

— ئاۋۇ نىمە، تاغا؟

— مەن ساڭا تاغا بولۇپ قالدىممۇ؟ تېخى جىيەنىمۇ تېپىلىپ قالدى! بۇرادەر ئەزىز، بۇ — ئۇرۇسۇۋابىكەنىڭ مۇلكى. بىزنىڭ تۇتىنچى بولۇنمە كازاكلىرى مانا مۇشۇ يەرگە جايلاشقان.

گىرىگورىي، ئىچى تىت - تىت بولۇپ ئېتىنىڭ بوينىنى سىلايتتى، پۇتىنى ئۈزەڭگىگە تىرىگەن ھالدا پۇختا سىلىنغان ئىككى قەۋەتلىك ئۆيگە، تاختاي تاملارغا، قورادىكى ئاجايىپ ئىمارەتلەرگە كوز سالاتتى. كازاكلار باغنىڭ يېنى بىلەن مېڭىشتى، بۇ يەردىكى يالىڭاچ دەرەخلەرمۇ خۇددى يىراق - يىراقتا قالغان دون دەرەخلىرىدەك شامال بىلەن بىر خىل تىلدا پىچىرلىشاتتى.

دىمىقتا، يېقىمسىز تۇرمۇش باشلاندى. ئىشتىن ئاجرالماي كەلگەن ياش كازاكلار دەسلەپكى كۈنلەردە بەكمۇ زېرىكىشتى، بوش چاغلىرىدا ئۇز ئارا پاراڭلىشىپ ئىچ پۇشۇغىنى چىقىرىشاتتى. بۇيەرگە بولۇنگەن يۈز كازاك(بىر بولۇنمە) ئوگزىسى كاھىش بىلەن يېپىلغان ئەڭ چەتتىكى كەڭ -

كەڭ ئۆيلەرگە جايلاشقان ئىدى. ئۇلار دەرىزە تۈۋىگە قويۇل-
غان تاختا سۇپىلاردا يېتىشاتتى. دەرىزىگە چاپلانغان قەغەز-
نىڭ يىرتىلغان يېرى كېچىسى يىراقتا چېلىنىۋاتقان نەي ئا-
ۋازىدەك ۋىژىلداپ تۇراتتى، گىرىگورىي ئۇنىڭ شىتىرلىشىغا
ۋە خىلمۇ - خىل خورەك ئاۋازلىرىغا قۇلاق سېلىپ، مۇڭغا چۆ-
مەتتى، مانا شۇ ئىنچىكە دىرىلدىغان ئاۋاز يۈرىكىنىڭ بىر
يېرىنى ئامبۇر بىلەن چىشلىگەندەك بولاتتى؛ بۇنداق چاغلار-
دا گىرىگورىي ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېغىلغا بارغىسى ۋە تورۇق
ئېتىنى ئىگەرلەپ، ئۆيىگە يېتىپ بارغىچە تىنماي چاپتۇرۇپ،
قاقاس يەرلەرگە ماغزاپتەك كۆپۈك ئاققۇزغۇسى كېلەتتى.

ئاتلارنىڭ ئاستىنى تازىلاش ۋە ئۇلارنى قاشلاش ئۈچۈن
سائەت بەشتە ئويغۇتاتتى. ئاتلار ئوقۇردىكى سۇلۇنى يەپ بول-
غىچە يېرىم سائەتلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كازاكلار ئانچە-
مۇنچە سۆزلىشىۋالاتتى:

— تازا قاملاشمىغان يەر ئىكەن، ئاغىنىلەر!

— بۇ يەردە تۇرغىچىلىكىم قالمىدى!

— ۋاخمىستىرنى قارىماسەن — مۇنداق قانجىقنى كۆر-
مىگەنتىم! ئاتنىڭ تۇيىغىنى يۇيۇسەن دەيدۇ.

— هازىر ئۆيدىكىلەر قاتلىما پىشۇرۇۋاتقاندۇر ...

— شۇ تاپتا بىر قىز بولسا، دۈمبىسىنى سىلاپ قويساڭ، ئەھ!

— بۇرادەرلەر، بۈگۈن مەن بىر چۈش كۆردۈم، دادام
بىلەن ئوتلاقتا ئوت ئورۇۋاتقانمىشمەن، ئەتراپنى سانجاق -
سانجاق ئادەم بېسىپ كەتكەنمىش، — دەيتتى كۆك كۆزلىرىنى
خۇمالاشتۇرۇپ يۇۋاشقىنا يىگىت پروخورزىكوپ. — ئوت دې-
گەننى كارامەت ئورۇۋەتتۇق ... خوشاللىقتىن يۈرىكىم ئويناپ
كەتتى!...



www.uyghurkitap.com

— شۇ تاپتا خوتۇنۇم: — «بىچارە مىكولاشكام نىمە ئىش قىلىۋاتقاندۇر؟» دەپ ئويلاۋاتقاندۇر.

— ئوھ - ھو! بۇرادەر، ئۇ قىپيىناتىسى بىلەن موكۇ - موكۇلەك ئويناۋاتقاندۇر.

— ئاغزىڭغا بېقىپ گەپ قىل...

— خوتۇن كىشى دىگەن نەرسە، ئېرى بولمىسا، بېشى قايغان يەردە يۈرىدۇ.

— نىمە دىگىنىڭىز بۇ؟ خوتۇن كىشى سىغىن كالىغا ئوخشايدۇ، بىز ئەسكەرلىكتىن قايتىپ بارغاندا، بىزگىمۇ قالىدۇ.

100 كازاكنىڭ ئىچىدە ئەڭ شوقى، ئاغزى يامىنى، يۈز- سىز ئەسكىسى يېگوركا ژاركوپ بولۇپ، ئۇ گەپكە ئارىلىشى- ۋالاتتى، كوزلىرىنى قىسىپ سەت ھىجىياتتى:

— بۇ ئىش ھەممىگە ئايدىڭ: داداڭ كېلىنىنى قويۇ- ۋەتمەيدۇ، ئىتتەك ئادەم. بىر قېتىم شۇنداق ئىش بولغان ئىدى... — ئۇ كوزلىرىنى ئوينىتىپ، ئاڭلىغۇچىلارغا كوز يۈ- گۈرتۈپ چىقاتتى، — ئاشۇنداق قېيىناتىلاردىن بىرسى ئوز كې- لىنىنىڭ پېيىگە چۈشۈپ، ئارامىلىق بەرمەپتۇ، ئەمما ئېرى توسقۇن بوپتۇ. چال قانداق ھىلە ئىشلىتىپتۇ - دەڭ، كېچىسى ھويلىغا چىقىپ، قوتاننىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ قويۇپتۇ، ھەممە مال ھويلىغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئوغلىغا: «ھەي، خۇمە- پەر، نىمىشقا قوتاننىڭ ئىشىگىنى ياخشى ئەتمىدىڭ؟ قارا: ھەممە مال چىقىپ كېتىپتىغۇ، ماڭ، سولاپ قوي!» دەپتۇ. ئەگەر ئوغلى مالنى سولىغىلى چىقىپ كەتسە، چال كېلىنىنىڭ قوينىغا كىرمەكچى ئىكەن، ئوغلى ھورۇنلۇق قىلىپ، خوتۇنىغا: «سەن چىقىپ سولاپ قويۇپ كىرسەڭچۇ» دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىچىرلاپتۇ. خوتۇنى چىقىپ كېتىپتۇ. ئوغلى قولاق سېلىپ ياتسا، ئاتىسى مەشىنىڭ ئۈستىدىن ئاستا چۈشۈپتۇ ـ دە، ئۆمىلەپ كارۋاتنىڭ قېشىغا كېلىپتۇ. ئوغلىمۇ دوت ئەمەس ئىكەن، تاكچىدىن نوغۇچنى ئېلىپ، جىم يېتىپتۇ، مانا دادىسى كارۋاتقا يامىشىش بىلەنلا ئوغلى نوغۇچ بىلەن ياغاق بېشىغا شۇنداق بىرنى سېلىپتۇكى! «ئوش لەنتى! ئەدىيالنى چايناشنى ئادەت قىلىۋالدىغۇ!» — دەپ ۋاقىراپتۇ. ئۇلارنىڭ موزىيى كېچىسى مۇشۇ ئۆيدە تۇرغاچقا، دائىم كارۋاتنىڭ قېشىغا كېلىپ، كىيىم ـ كېچەكلەرنى چايناپ قويىدىكەن. ئوغلى موزاينى ئۇرغان كىشى بولۇۋېلىپ، دادىسىنى كالتەكلەپ جىم يېتىۋېلىپتۇ... چال يەنە ئۆمىلەپ بېرىپ مەشىنىڭ ئۈستىگە ئاران چىقىۋېلىپتۇ. ئىششىغان يېرىنى سىلاشقا باشلاپتۇ، بېشىدا غاز تۇخۇمىدەك ئىششىق پەيدا بولغان ئىكەن. دادىسى يېتىپ ـ يېتىپ، بىر زاماندا: «ئىۋان، ھەي ئىۋان؟» — دەپ تووۋلاپتۇ، «ھە، نىمە بولدى دادا؟» «سەن باياكىمنى ئۇردۇڭ؟» «موزاينى»، — دەپتۇ. چال يىغلامسىراپ: «مالنى مۇنداق ئۇرساڭ، ئەبلەخ، كەلگۈسىدە قانداق مال ئىگىسى بولالايسەن؟» — دەپتۇ.

— قىپ ـ قىزىل يالغان سوزلەۋاتىسەن.

— سەن چوقۇر، زەنجىرگە لايىق ئىت ئىكەنسەن.

— بۇ بازارمۇ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىدىغان؟ ھازىر تارقىلىش! — دەپ ۋاقىرىدى ۋاخمىستىر. بۇلارنىڭ ئۈستىگە كېلىپ، كازاكلار كۆلگەن پېتى چاقچاقنى توختاتماي ئاتلىرىنىڭ يېنىغا كېتىشتى، چايدىن كېيىن مەشق قىلىشقا چىقىشاتتى، ئورەدىكىلەر ئۆيدە يىگەن نەرسىلىرىنى ياندۇرۇۋەتكىدەك دەرىجىدە ۋاقىراپ ـ جاقىرىشاتتى.

— قوسىغىڭنى ئىچكىرىرەك تۆت، ھەي چوشقا!
— ئوڭغا قاراپ تىكىسىلەن، قەدەملەپ...
— ۋىزۋوت، سەپ راس!
— قەدەملەپ مارش!
— ھەي، سول قاناتتىكى جەڭچى، بۇ قانداق تۇرغىنىڭ؟ ئاناڭنى ...

جانابى ئوفىتسېرلەر بىرچەتتە تۇرۇشۇپ، كەڭ قورادا ئورەدنىكلەرنىڭ كازاكلارنى مەشكە دەسسىتىشىنى كوزدىن كەچۇرەتتى، پاپىروس چېكەتتى، بەزىدە ئورەدنىكلەرنىڭ بەرگەن بۇيرۇغىغا ئارىلىشىپمۇ قوياتتى.

گىرىگورىي، سۇر رەڭشىنېل ۋە چىرايلىق مۇندىر كىيىپ كاتتا ياسىنىۋالغان ئوفىتسېرلەرنى كورۇپ، ئۇلار بىلەن ئوزى ئارىسىدا يەر بىلەن ئاسماندەك پەرق بارلىقىنى ھىس قىلاتتى: ئۇلار ئوزلىرىنى تەرتىپلىك، بىغەم، ئازادە تۇتۇشىدۇ. كىيىم - كېچەكلىرى كازاكلارنىڭكىدەك ئاددى ئەمەس، ۋاخىمىتىرلار تەستىگىمگە سالارمىكىن، دەيدىغان ئەندىشە خىيالىغىمۇ كىرمەيدۇ.

قورغانغا كېلىپ، ئۈچ كۈن ئوتكەندىن كېيىن بىر ئەھۋال يۈز بېرىپ، گىرىگورىيغا ۋە باشقا ھەممە كازاك يىگىتلەرگە يامان تەسىر قىلدى. ئات بىلەن سەپكە تىزىلىشىنى مەشق قىلىۋاتقاندا، ئوزىنىڭ يىراقتا قالغان سۆيۈملۈك يېزىسىنى پات - پات چۈشەيدىغان موزاي كوز يىگىت پىروخورزىكوپنىڭ ئاساۋ ئېتى ۋاخمىستىرنىڭ ئېتىنى بىرنى تېپىپ قويدى، لېكىن ئانچە قاتتىق تەپمىگەن ئىدى، پەقەت سول پۇتىنىڭ ساغرىسىدىن ئازراق تېرە جىجىلىپ كەتكەن ئىدى.

ۋاخمىستىر پروخورنىڭ يۈزىگە قامچىسى بىلەن كەلتۈرۈپ قارس قىلىپ بىرنى ئۇردى.

— نەگە قاراۋاتىسەن؟... كوزۇڭ نەگە كەتتى؟ — دەپ ۋاقىرىدى ئۇ، — مەن سېنى ئىتنىڭ بالىسى، ھىلى جۇمۇ! مېنىڭ ئىشىگىمدە ئۈچ كېچە-كۈندۈز قىمىرلىماي پوستتا تۇرىسەن ...

ۋىزۋوت ئوفىتسېرىگە بۇيرۇق بېرىپ تۇرغان يۈز بېشى، بۇ ئەھۋالنى ئوز كوزى بىلەن كورۇپ تۇرسىمۇ، باشقا تەرەپكە قارىۋېلىپ، قىلىچىنىڭ سېپىنى سىلاپ، زېرىككەن ئادەمدەك ئۇزۇن ئەسنەپ قويدى. پىروخور دەرھال ئىششىپ چىققان كوك-كوك قامچا ئىزىنى شىنېلىنىڭ يېڭى بىلەن ئېرتتى، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى.

گىرىگورىي ئېتىنى سەپكە توغرىلاۋېتىپ ئوفىتسېرلەرگە قارىدى، ئۇلار گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك سوزلىشىپ تۇراتتى. ئارىدىن 5 كۈن ئوتكەندىن كېيىن گىرىگورىي ئاتسۇغۇرۇۋېتىپ، چىلەكنى قۇدۇققا چۈشۈرۈۋەتتى، ۋاخمىستىر سادەك ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنىڭغا چاڭ سالماقچى بولدى.

— قول تەككۈزمە! ... — دېدى گىرىگورىي بوغۇق ئاۋاز بىلەن قۇدۇقنىڭ ئىچىدىكى چىمىرلاپ تۇرغان سۇغا قاراپ.

— نېمە دېدىڭ؟ قۇدۇقنىڭ ئىچىگە چۈش، ئەبلەخ، ئەپچىق! تومشۇغىڭنى قان قىلىۋېتىمەن!...

— ئېلىپ چىقىمەن، ئەمما سەن ماڭا چېقىلما! — گىرىگورىي بېشىنى كوتەرمەستىن ۋەزمىن سوزلىدى.

ئەگەر قۇدۇقنىڭ ئالدىدا كازاكلار بولغان بولسا، ئىش باشقىچە بولاتتى: ۋاخمىستىرنىڭ گىرىگورىينى ئۇرۇشى تۇر-



www.uyghurkitap.com

غان گەپ ئىدى، ئەمما ئات يېتىلىگەن ئەسكەرلەر پەنجىرىنىڭ ئالدىدا بولۇپ، بۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالمايتتى، ۋاخمىستىر گىرىگورىينىڭ ئۈستىگە بېسىپ كېلىۋېتىپ ئۇلار تەرەپكە قاراپ ـ قاراپ قويىدى، غەزىۋىنى باسالماي، كوزلىرىنى ۋەھشيانە پالدىرلىتىپ، خىرىلداپ كەتتى.

ــ سەن ماڭا نېمىتىڭ؟ سەن ئۆز باشلىقىڭغا گەپ يانىدۇرۇۋاتامسەن تېخى؟

ــ سېمون يىگوروپ، ئۇنچىلىك ھولۇقما!

ــ پوپوزا قىلىۋاتامسەن!... سەنىدەك نېمىنى قىۇدۇقتا تىقىۋېتىمەن!...

ــ ماڭا قارا، ــ گىرىگورىي بېشىنى قۇدۇقتىن كوتەردى، ــ ماڭا قول تەككۈزىدىغان بولساڭ، بەرىبىر تىرىك قويمايمەن، چۈشەندىڭمۇ؟

ۋاخمىستىر ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ، ئاغزىنى سازاڭ بېلىقتەك توت چاسا قىلىپ، نېمە دەپ جاۋاپ بېرىشىنى بىلمەي قالدى. جازا بېرىش پەيتى ئوتۇپ كەتكەن ئىدى. گىرىگورىينىڭ ھاكتەك ئاپپاق ئاقىرىپ كەتكەن چىرايى ھېچقانداق ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى، شۇڭا ۋاخمىستىر گاڭگىراپ قالدى. ئۇ ياغاچ ئوقۇرغا سۇ كېلىدىغان نونىڭ يېنىدىكى لايغا تېيىلىپ، قۇدۇقنىڭ ئالدىدىن كەتتى، نېرىراقتا بارغاندىن كېيىن، ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىدى ـ دە، بازغاندەك مۇشتىنى شىلتىپ:

ــ يۈز بېشىغا ئېيتىمەن، ھازىرلا بېرىپ مەلۇمات قىلىمەن! ــ دەپ پوپوزا قىلدى.

ئەمما، نېمىشقىدۇ يۈز بېشىغا ھېچنېمە دېمىدى، لېكىن گىرىگورىينى ئىككى ھەپتىگىچە قېيىن ئىشلارغا سالدى؛ ئۇشە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شاق ـ چۇششەك ئىشلارنى بانا قىلىپ ئۇچەكەشتى، نوۋەتتىن تاشقىرى قاراۋۇللۇقتا تۇرغۇزدى، لېكىن يۇزمۇ ـ يۇز ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئۇزىنى تارتىپ يۇردى.

بىر خىل كۇندىلىك تەرتىپتىن ئادەم بىزار بولاتتى، قاراڭغۇ چۇشكىچە، كەچقۇرۇنلۇق كاناي چېلىنغانغا قەدەر كازاكلار پىيادە ۋە ئاتلىق مەشىق قىلىپ تازا چارچايتتى، ئاتلارنى ئوقۇرغا باغلاپ، ئاستىنى تازىلىشاتتى، دۇمبىسىنى قاشلايتتى، يەم ـ خەشەك بېرەتتى، ئۇندىن كېيىن مەنىسىز «ئىبارە» لەرنى ھەجىلەپ ياد ئېلىشاتتى، سائەت ئون بولغاندا يوقلىما ۋە قاراۋۇللارنى بەلگىلەش تامام بولغاندىن كېيىنلا ئىبادەتكە تىزىلىشاتتى، ئۇندىن كېيىن ۋاخمىستىر قوغۇشۇن ساقىدەك كوزلىرىنى چەكچەيتۇرۇپ، بوغۇق ئاۋاز بىلەن «ئى بار خۇدايا» دۇئاسىنى باشلايتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندىن تارتىپلا تۇنۇگۇنكى ئاۋارىچىلىق يەنە باشلىناتتى، كۇنلەر ھەر خىل بولسىمۇ، ئەمما قوشكېزەككە ئوخشاش بىر خىلدا ئوتەتتى.

پۇتۇن قورغاندا ئىنگىلىك باشقۇرغۇچىنىڭ قېرى ئايلىدىن باشقا يەنە بىر ئايال بار ئىدى؛ ئۇ بولسىمۇ، باشقۇرغۇچىنىڭ ئوي خىزمەتكارى ياشقىنا ئوماق پولەك قىزى فرانە ئىدى، بۇنىڭغا ئوفىتسېرلەردىن تارتىپ 100 كازاكنىڭ ھەممىسى مەھلىيا بولۇپ يۇرۇشەتتى. ئۇ پات ـ پات ئويدىن چىقىپ، ئاشخانىغا چاپاتتى، ئۇ يەردە قېشى يوق قېرى ئاشپەزنى باشقۇراتتى.

ۋىزۋوت ۋىزۋوت بويىچە يۇرۇشنى مەشىق قىلىۋاتقان كازاكلار فرانەنىڭ سۇر يوپكىسىنىڭ شىتىرلىشىغا ئارقىدىن قاراپ، بىر بىرىگە كوز قىسىشىپ ئۇۋھ تارتىپ قويۇشاتتى.

كازاكلار بىلەن ئوفىتسېرلەرنىڭ ھەر دائىم تىكىلىپ قاراۋات-
قانلىقىنى، شەھۋانە نەزەر تاشلاۋاتقانلىقىنى سەزگەن فىرانە
قاش - كۆزلىرىنى سۈزۈپ، بەللىرىنى تولغاپ، ئۆيدىن ئاش-
خانىغا، ئاشخانىدىن ئۆيگە چېپىپ يۈرەتتى، ھەرقايسىۋىزۋوت-
قا نوۋەت بىلەن كۈلۈپ قوياتتى، بولۇپمۇ ئوفىتسېر جاناپلى-
رىغا باشقىچە ئىلتىپات كۆرسىتەتتى. ئۇ قىزنىڭ ئىلتىپاتىغا
سازاۋەر بولۇشنى ھەممىسى ئارزۇ قىلاتتى، لېكىن مىش - مىش-
لەرگە قارىغاندا، پەقەت چېچى جىڭگىلەك پاخما باش يۈز بې-
شى بۇنىڭغا لايىق بولغانمىش.

ئەتىياز كىرىش ئالدىدا مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەردى،
شۇ كۈنى گىرىگورىي ئېغىلدا نوۋەتچىلىك قىلىۋاتاتتى، ئۇ،
ئېغىلنىڭ بىر بېشىدىكى ئوفىتسېرلەرنىڭ ئېتى تۇرىدىغان
يەرگە كۆپرەك يۈگۈرۈپ، بايتال تاللىشىپ، بىر بىرىنى تې-
پىشىۋاتقان ئاتلارنى تىنجىتاتتى، چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ
قالدى. گىرىگورىي ياساۋۇلنىڭ ئاق تۇياق ئېتىنى ئەمدىلا
قامچا بىلەن تىنجىتىپ، ئوز ئېتىنىڭ ئوقۇرىغا قارىدى. ئات
شىتىر - شىتىر ئوت چايناۋېتىپ، قىزغۇچ كۆزلىرى بىلەن ئىگى-
سىگە قىيا قاراپ قويدى، قىلىچۋازلىق مەشقى ۋاقتىدا سوقۇ-
لۇپ كەتكەن ئارقا پۇتىنى قىسىپ تۇراتتى. گىرىگورىي ئۇ-
نىڭ ئوقتىسىنى تۈزەشتۈرۈۋاتقاندا ئېغىلنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭى-
دا دۈپۈرلىگەن ئاياق تاۋۇشىنى ۋە بىرسىنىڭ بوغۇق ئاۋازى-
نى ئاڭلاپ قالدى، ئۇ غەلىتە گورۇڭدىن بىر ئاز
ھەيران بولۇپ، ئوقۇرلارنى بىرىلاپ، شۇ تەرەپكە ماڭدى. ئې-
غىلنىڭ ئىچى قاپ - قاراڭغۇ ئىدى. توساتتىن ئىشىك ئېچىل-
دى - دە، بىرسى قاتتىق پىچىرلىدى:

— تېزرەك بولۇڭلار، يىگىتلەر!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گىرىگورىي قەدىمىنى تېزلەتتى.

— كىم بۇ؟

ئىشىكتىن پاپپاسلاپ كىرىپ كەلگەن ئورەدىنىڭ پوپوپ ئۈنىگە سوقۇلۇپ كەتتى.

— گىرىگورىيمۇ سەن؟ — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، گىرىگورىينىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ.

— توختا! بۇ يەردە نىمە ئىش بولۇۋاتىدۇ؟...

ئورەدىنىڭ ئەيىپلىك ئادەمدەك پىخىلداپ كۈلۈپ قويىدى ـ دە، گىرىگورىينىڭ يېڭىدىن تۇتتى.

— بۇ يەردە... توختا نەگە بارىسەن؟

گىرىگورىي قولىنى تارتىۋېلىپ ئىشىكنى يوغان ئېچىۋەتتى. هويلىدا ئادىمىزات كۆرۈنمەيتتى، قويرۇغى كېسىلگەن بىر چىپار توخۇ دالاپ يۈرەتتى، ئۇ ئەتە ئوزىنى ئاشپەز سويۇپ، ئىش باشقۇرغۇچى پانجانا پلىرىغا شورپا قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلمەستىن، بىخارامان قىغىنى چوقۇلاپ، نەگە توخۇم تۇغسام بولاركىن دىگەندەك دوكۇلدايتتى.

توساتتىن ئۆرۈلغان يورۇقلۇقتىن گىرىگورىينىڭ كوزى قامىشىپ بىردەم هېچنىمىنى كورەلمەي قالدى. گىرىگورىي كوزىنى ئالقىنى بىلەن توساپ، ئېغىلنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭى تەرەپتە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىغا قۇلاق سالدى ـ دە، شارتلا ئارقىسىغا بۇرۇلدى، تامنى قولى بىلەن سىيپىلاپ شۇ تەرەپكە ماڭدى؛ ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى تامغا ۋە ئوقۇرلارغا ئاپتاپ شولىسى چۈشۈپ تۇراتتى. گىرىگورىي كوزىنى چاقنىتىپ تۇرغان شولىسىغا تىك قارىيالماستىن ئاران ماڭاتتى. شۇ ئەسنادا چاقچاقچى ۋاركوپ ئالدىغا ئۇچراپ قالدى. ئۇ

سېرىلىپ چۈشۈۋاتقان شالۋۇرىنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ كېلىۋاتاتتى.

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ... ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلدىڭلار؟ ...

— تېزرەك بار! — دەپ پىچىرلىدى ژاركوپ سېسىق ئاغزىنى گىرىگورىيغا يېقىنلاشتۇرۇپ، — ئۇ يەردە ... ئۇ يەردە ئاجايىپ ئىش بولۇۋاتىدۇ! ... بالىلار فىرانەنى سورەپ ئەپكىرىشىپتىكەن ... بۇلۇڭدا جاي راسلىغان ... — ژاركوپ قاقاقلاپ كۈلدى، لېكىن گىرىگورىي ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى، ژاركوپ ئارقىسى بىلەن تامنىڭ قىرىغا بېرىپ ئۇرۇلدى - دە، كۈلكىسى توختاپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. گىرىگورىي گودۇڭلىغان ئاۋاز تەرەپكە يۈگۈردى، ئۇنىڭ يوغان ئېچىلغان كوزلىرى قورقۇنۇچتىن چاقناپ كەتتى، ئات يوپۇقلىرى تۇرىدىغان بۇلۇڭدا زىچچىدە كازاكلار توپلىشىۋالغان— بىرىنچى ۋىزۋوتنىڭ بارلىق ئادەملىرى شۇ يەردە ئىدى. گىرىگورىي ئۇنچۇقماستىن كازاكلارنى ئىككى تەرەپكە ئىتتىرىپ ئالدىغا ئۆتۈۋالدى. قاراڭغۇ بۇلۇڭدا فىرانە ئاپپاق ئاياقلىرىنى شەرمەندىلەرچە كېرىپ، مىدىرلىماستىن قورقۇنۇچلۇق ھالەتتە ياتاتتى، بېشى يوپۇق بىلەن پۈركەلگەن، يىرتىلغان يوپكىسى كوكسىدىنمۇ يۇقۇرى قايرىپ قويۇلغان ئىدى. كازاكلاردىن بىرسى شىرىكلىرىگە قارىماستىن،مىيىغىدا كۈلدى - دە، نوۋەتتىكى بىرسىگە ئورۇن بوشىتىپ، تام تەرەپكە ئۆتتى. گىرىگورىي ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئىشىك تەرەپكە يۈگۈردى.

— ۋا - خ - مىستىر!...

ئەمما كازاكلار ئىشىكنىڭ توۋىدە ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى - دە، ئارقىسىدىن تۇتۇۋېلىپ يەرگە يىقىتتى، ئالقىنى بى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەن ئاغزىنى مەھكەم ئېتىۋالدى. ئاڭغىچە گىرىگورىي بىرىسىنىڭ گىمناستيوركىسىنى ياقىسىدىن ئېتەكگىچە يىرتىۋەتتى، يەنە بىرسىنىڭ قوسىغىغا بىرنى تەپتى، ئەمما ئۇنى يىقىتىپ، فىرانەگە ئوخشاش بېشىنى يوپۇق بىلەن پۈركىدى، قولىنى باغلىدى، ئاندىن ئاۋازىمىزدىن بىلىپ قالمىسۇن دەپ ئۈنىنى چىقىرىشماي، بوش ئوقۇرغا ئاپىرىپ تاشلىدى. گىرىگورىي يۇڭ يوپۇقنىڭ سېسىق پۇرىغىدا بوغۇنۇقۇپ، ۋاقىراشقا ئۇرۇنۇپ باقاتتى، پۇتى بىلەن تاختاي توساقنى تېپەتتى. ئۇ بۇلۇڭدا بولۇۋاتقان پىچىر - پىچىرنى، ئىشىكنىڭ غىچىرلىشىنى، كازاكلارنىڭ ئۇزۇلمەستىن كىرىپ چىقىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇردى. يىگىرمە مىنۇتتىن كېيىن ئۇنىڭ قولىنى يېشىۋەتتى. ئىشىكنىڭ ئالدىدا ۋاخمىستىر ھەمدە باشقا ۋىزۋوتتىن بولغان ئىككى كازاك تۇراتتى.

— ئاغزىڭنى يۇم جۇمۇ! — ۋاخمىستىر كوزلىرىنى چىمىلدىتىپ، يان تەرەپكە قارىۋالدى.

— ئەخمەقلىق قىلىپ، ۋالاقلاپ تاشلىما، ئۇنداق بولمىغاندا ... قولىڭنى كېسىپ تاشلايمىز، — باشقا ۋىزۋوتتىن بولغان دۇبوك دىگەن كازاك كۈلۈپ قويدى.

گىرىگورىي ئىككى ئادەمنىڭ بىر تۇگۈنچەكنى يەردىن كوتىرىۋالغانلىقىنى كوردى، بۇ فىرانە ئىدى (يوپكىسىنىڭ ئاستىدىن ئىككى پۇتى ساڭگىلاپ قالغان ئىدى). ئۇنى ئوقۇرنىڭ ئۇستىگە ئېلىپ، ئۇ يەردىن لىڭشىپ قالغان تاختاي تامنىڭ دەرىزىسىدىن سىرتقا چۇشۇرۇپ قويۇشتى. تامنىڭ ئارقىسى باغ ئىدى. ھەر بىر ئوقۇرنىڭ ئۇستىدە ئىسلىشىپ كەتكەن ئاشۇنداق كىچىك دەرىزە بار ئىدى. كازاكلار دەرىزە ئالدىدا يىقىلىپ ياتقان فىرانەنى قانداق قىلاركىن دەپ كورمەكچى بولۇپ تاختاي تامنىڭ

ئۇستىگە يامىشىپ چىقىشتى؛ بەزىلىرى ئېغىلدىن بەدەر كېتىشتى، گىرىگورىيمۇ قىزىقىپ ئۇنى كۆرگۈسى كەلدى. ئۇ تورۇۋستىكى بىر تال ياغاچقا يېپىشىپ، دەرىزىگە بوينىنى سوزدى، پۇتى تۇرۇدىغان يەرنى تاپقاندىن كېيىن پەسكە ئېڭىشىپ قارىدى. فىرانە ئوڭدا ياتاتتى، ئىككى پۇتىنى قايچىدەك بىر يىغىپ، بىر ئاچاتتى ۋە تامنىڭ تۈۋىدىكى ئېرىشكە باشلىغان قارنى چاڭگاللايتتى، گىرىگورىي ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىسىمۇ، ئەمما دەرىزىلەرنىڭ ئالدىدا تىقىلىشىپ مارىۋاتقان كازاكلارنىڭ پىشىلدىشىنى، خۇشبۇي، يۇمشاق ئوتنىڭ شىتىرلىشىنى ئاڭلاپ تۇراتتى.

فىرانە خېلى ئۇزاق ياتتى - دە، ئاخىرى، تۆت پۇتلىنىپ، ئاستا بېشىنى كۆتەردى، ئۇنىڭ تىترىگەن قوللىرى ئېگىلىپ كېتەتتى، گىرىگورىي بۇنى ئېنىق كۆردى، فىرانە سەنتىرەكلەپ - سەنتىرەكلەپ ئاخىر ئاياققا تۇردى، چاچلىرى چۇۋۇلغان، چىرايى يات، تونۇمايدىغان قىياپەتكە كىرىپ قالغان ئىدى، ئۇ دەرىزىلەرگە قاراپ ئۇزاق تىكىلىپ تۇردى.

ئاخىرىدا ئۇ بىر قولى بىلەن دەرەخنىڭ شاخلىرىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىنى تامغا تىرەپ، تەمتىلەپ مېڭىپ كەتتى...

گىرىگورىي تاختاي توساقتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئالقىنى بىلەن بوغۇزىنى ئېرىتىشكە باشلىدى؛ ئۇ ھاسىراپ تۇراتتى.

ئىشىكنىڭ ئالدىدا بىرسى — كىملىگىنى ئېسىگە ئالالمىدى — ئۇنىڭغا جىددى قىياپەتتە ئوچۇق دىدى:

— بىرسىگە ئېيتىپ قويساڭ — ئەزبىرايى خۇدا، ئۆلتۈرىمىز! چۈشەندىڭمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋىزۋوت ئوفىتسېرى مەشىق ۋاقتىدا گىرىگورىينىڭ شىنېلىدىن بىر تۈگمە ئۈزۈلگەنلىكىنى كورۇپ:

— كىم سېنى تاتقۇشلىدى؟ بۇ يەنە نىمە گەپ؟ — دەپ سورىدى.

گىرىگورىي تۈگمىنىڭ يۇمۇلاق ئىزىنى كوردى؛ ئوتكەن ۋەقە ئېسىگە چۈشۈپ ئىچى سىرىلىپ كەتتى - دە، شۇ ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە بىرىنچى قېتىم خورلۇق كورگەنلىكى ئەلەم قىلىپ، يىغلىۋېتىشكە تاس قالدى.

3

ساپ - سېرىق تومۇز ئاپتىۋى دالىنى تونۇردەك قىزىتاتتى، تېخىچە ئوغاق تەگمىگەن، پىشىپ سارغىيىپ كەتكەن ئالتۇن باشاق بۇغدايلار ساغۇچ چاڭ ئىچىدە دىمىقاتتى. ئوما ماشىنىلىرىنىڭ بىر يېرىگە قول تېگىپ كەتسە دەرھال كويدۇرەتتى، ئاسمان تەرەپكە باشنى كوتەرگىلى بولمايتتى، ساغۇچ توزاڭ پەردىسى قاپلىۋالغان ئاسماننىڭ جەزىرىمە ئىسسىغى لاۋۇلداپ ئۇرۇپ تۇراتتى، بۇغدايلىقنىڭ ئەڭ چېتىدە قاشقا بىدە زەپەردەك ساپ - سېرىق چېچەك ئاچقان ئىدى.

پۈتۈن يېزىدىكى ئادەملەر دالىغا كوچۈپ كېلىپ ئاشلىق ئورۇشقا كىرىشكەن، ماشىنىغا قوشۇلغان ئاتلارنى ھەدەپ ئالدىرىتىپ، ھالىدىن كەتكۈزگەن كىشىلەر چاڭ - توزاڭ يۇتۇپ، ئىسسىقتىن نەپەسلىرى بوغۇلۇپ، ھاسىراپ قالغان ئىدى... ناكان ناكاندا دون تەرەپتىن چىققان شامال چاڭ -

توزاڭنى ئاسمانغا ئۇچۇراتتى؛ قۇياش لاۋۇلداپ تۇرغان شا-
يى پەرەنجىسى بىلەن ھەممە ياقنى ئورىۋالغان ئىدى.
ئوما ماشىنىسىنى ھەيدەۋاتقان پېترو ئەتىگەندىن بۇ-
يان ئىككى چىلەك سۇ سىغىدىغان بىر كوزا سۇنىڭ يېرىمىنى
ئىچىپ بولدى. ئۇ ئىلمان لاۋزا سۇنى توختىماي ئىچىپ تۇ-
راتتى، ئەمما مىنۇت ئۆتمەي، يەنە تامىغى قۇرۇيتتى، كوي-
نەك - تامبىلى چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن، يۈزىدىن
تەر قۇيۇلاتتى، قۇلاقلىرى تىنىمسىز غوڭۇلداپ بىزار قىلاتتى،
گېپى بوغۇزىغا تىقىلىپ قالاتتى، دارىيە يۈزىنى رومال بىلەن
ئوراپ، كوينىگىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىۋېتىپ، ئۇنچىلەرنى يە-
غاتتى، ئىككى كوكسى ئارىسىدىكى چوڭقۇرچاقنى تەر تام-
چىلىرى باسقان ئىدى. ناتالىيە ئوما ماشىنىسىغا قوشۇلغان
ئاتلارنى ھەيدەيتتى. ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى ئوتتەك قىزىرىپ
كەتكەن، كوزلىرى ياشاڭغۇراپ تۇراتتى، پانتېلېي پروكوفيېې-
ۋىچ سۇغا چومۇلگەن ئادەمدەك سول ئارىلىرىدا بۇغداي يىغىپ
يۈرەتتى. چىلىق - چىلىق بولۇپ كەتكەن كوينىگى بەدىنىنى
ئېچىشتۇراتتى. كوكسىگە چۈشۈپ تۇرغان ساقىلى خۇددى ئېرى-
گەن قارا مايغا ئوخشايتتى.
— ماغزاپتەك كوپۇپ كېتىپسەن، پروكوفيېۋىچ! —
ھارۋا ھەيدەپ ئوتۇپ كېتىۋاتقان خىرىستونە توۋلاپ قويدى.
— ھە، چىلىقلاپ كەتتىم! — پروكوفيېۋىچ قولىنى شىل-
تاپ قويدى - دە، تەرگە پىشقان قوسىغىنى كوينىگىنىڭ ئېتە-
گى بىلەن ئېرتىپ، ئاقساقلاپ يۈرۈپ كەتتى.
— پېترو، — دەپ ۋاقىرىدى دارىيە، — ئۇھ، بولدى
قىل!
— توختاپ تۇر، يەنە بىر ئايلىنىپ كېلەيلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئىسسىق بىر ئاز ياندۇن، مەن بولدى قىلىمەن!

ناتالىيە ئاتلارنى توختاتتى. گويا ئۇ ماشىنىسىنى ئات ئەمەس، ئۆزى تارتقاندەك ھاسىرايتتى. دارىيە كەش غاجىلىۋەتكەن قاپ - قارا پۇتلىرىنى ئاۋايلاپ بېسىپ، ئېگىز ئارىلاپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى.

— پېتيوشكا، كول بۇ يەردىن يىراق ئەمەسقۇ!

— يىراق ئەمەسمىش، ئۈچ چاقىرىم كېلىدۇ!

— چومۇلۇپ كەلسەك بولاتتى.

— ۋايجان، كولگە يېتىپ بارغىچە ... — ناتالىيە بىر ئۇھ تارتتى.

— پىيادە مېڭىپ نىمە قىلاتتۇق؟ ئاتلارنى چىقىرىپ، مىنىپ بارىمىز!

پېترو ئۈنچىلەرنى توپلاۋاتقان ئاتىسىغا قورقۇمسىراپ قاراپ، قول ئىشارىسى قىلدى.

— ئاتلارنى چىقىرىڭلار، چوكانلار!

دارىيە تاسما جابدۇقلارنى يەشتى - دە، بىر سەكرەپ بايتالغا مىنىۋالدى. ناتالىيە قورۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ھىجايدى، ئاتنى ئۇما ماشىنىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى: ئۇ ماشىنىنىڭ ئورۇندۇغىغا پۇتىنى قويۇپ مىنمەكچى ئىدى.

— قېنى پۇتۇڭ، — پېترو ياردەملىشىپ، ئۇنى ئاتقا مىندۈرۈپ قويدى.

ئۇلار كېتىشتى، ئىككى تىزى ئېچىلىپ، رومىلى بوينىغا چۈشۈپ قالغان دارىيە ئالدىدا چېپىپ كەتتى. ئۇ ئاتنىڭ ئۈستىدە چەۋەنداز كازاكتەك ئولتۇرۇۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان پېترو ۋاقىرىماي تۇرالمىدى:

— ھەي، پەخەس بول، ئوزەڭنى زەخمىلەندۈرۈپ قويۇسەن!

— ھېچگەپ يوق! — دىدى دارىيە پىسەنت قىلماي.

پېترو چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن سول تەرەپكە قارىدى. يىراقتىكى يېزا تەرەپتىن چىكىتتەك قارا پەيدا بولۇپ، ئۇ چاڭ باسقان چوڭ يول بويلاپ شامالدەك ئۇچۇپ كېلەتتى.

— بىرسى ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، — پېترو كوزىنى قىسىپ قاراپ قالدى.

— نىمە دىگەن تېز! چاڭ توزۇتۇۋاتقىنىنى قارا! — ناتالىيە ھەيران بولدى.

— نىمە ئىش بولغاندۇ؟ داشكا! — پېترو ئالدىدا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان ئايىلىنى توۋلىدى، — توختا، ئاۋۇ ئاتلىقنى كورەيلى.

ھېلىقى چېكىتتەك قارا نەرسە ئويمانلىقتا چۈشۈپ كەتتى، كېيىن ئۆيەردىن يوغان چوموْلىدەك بولۇپ، كوزگە چېلىقتى.

چاڭ - توزاڭنىڭ ئىچىدىن ئاتلىق ئادەمنىڭ گەۋدىسى ئېنىق كورۇنۇشكە باشلىدى. بەش مىنۇتتىن كېيىن تېخمۇ ئوچۇق كورۇندى. پېترو چىغ قالپىغىنىڭ چېتىگە كىرلەنگەن قولىنى قويۇپ، يىراققا كوز تىكتى.

— كوپ ئوتمەي ئاتنى ئىشتىن چىقىرىدۇ، بەك تېز كېتىۋاتىدۇ.

پېترو قاپىغىنى تۈرۈپ، قولىنى قالپىغىدىن ئالدى، يۈزىدە سارا سىمىلىك پەيدا بولۇپ، قاشلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى.

ئاتلىقنى ئەمدى ئوچۇقلا كورۇش مۇمكىن ئىدى، ئۇ

سول قولى بىلەن شەپكىسىنى تۇتۇۋېلىپ، شامالدەك ئۇچۇپ كېلەتتى، ئوڭ قولىدا چاڭ باسقان قىزىل بايراقچە يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇ، ئۆزىگە يول بوشىتىپ بەرگەن پېترونىڭ يېنىدىن شۇنداق سۈۋۈشۈپ ئۆتۈپ كەتتىكى، تونۇردەك قىزىغان ھاۋادا ئۆپكىسى تىقىلىپ، ئاران نەپەس ئېلىۋاتقان ئېتىنىڭ خىرىلدىغىنى ئېنىق ئاڭلاندى. ئۇ توت چاسا سۇر تاشتەك ئاغزىنى ئېچىپ:

— شۇم خەۋەر! — دەپ توۋلايتتى.

چاڭ - توزاڭدا قالغان تۇياق ئىزىغا ساغۇچ كۆپۈك تامغان ئىدى، پېترو ئاتلىقنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى. تولا چېپىپ ھاسىراپ كەتكەن ئاتنىڭ ئېغىر ھاسىراشلىرى تېخىچە پېترونىڭ قۇلىقىدا قالغان ئىدى. ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قارىغاندا، كۆمۈشتەك تەر تامچىلىرى قاپلىغان ساغرىسى ھامان پاقىراپ كۆرۈنەتتى.

كۆز ئالدىدا ئېغىر بەختسىزلىك يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى تېخى ئېنىق چۈشىنىپ يەتمىگەن پېترو چاڭنىڭ ئىچىدە بۇژۇلداپ ئېقىۋاتقان كۆپۈككە ھەمدە يېزىغىچە سوزۇلغان ئىگىز - پەس دالىغا چەكچىيىپ قاراپ قالدى.

كازاكلار ھەممە تەرەپتىن پەيدا بولۇپ، ئۆرۈلۈپ بولغان ئالتۇن بۇغدايلارنى چەيلەپ، يېزا تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كېتىشتى، يىراقتىن ئاران كۆرۈنىدىغان ئىگىز دوڭگىچە پۈتۈن دالىنى چاڭ - توزاڭ كوتەرگەن ئاتلىقلار بېسىپ كەتتى؛ ئۇلار چوڭ يولغا چىقىۋالغاندىن كېيىن توپ - توپ بولۇپ چېپىشتى، چاڭ - توزاڭنىڭ قۇيرۇغى يېزىغىچە سوزۇلدى، ھەربىي خىزمەت تىزىملىكىدە بولغان كازاكلار دالىدىكى ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇش-



www.uyghurkitap.com

قا باشلىدى، ئاتلىرىنى ئوما ماشىنىسىدىن چىقىرىپ، يېزا تەرەپ-
كە چاپتۇرۇپ كېتىشتى. پېترو كوردىكى، خىرىستونە ئوزىنىڭ
گۋاردىيىچى ئېتىنى ھارۋىدىن چىقىرىپ، شارتلا مىندى ۋە شادا پاقال-
چاقلىرىنى كېرىپ، پېتروغا قاراپ - قاراپ قويۇپ چېپىپ كەتتى.

— نىمە گەپ بۇ؟ — ناتالىيە ئەنسىرەپ پېتروغا تى-
كىلىپ قارىدى، پېترو مىلتىققا نىشان بولۇپ قالغان توشقاندەك
مولدۇرلەپ تۇرغان ناتالىيىنى كورۇپ، چوچۇپ كەتتى.

پېترو ئېتىنى ھارۋا تۇرىدىغان يەرگە چاپتۇرۇپ كەلدى؛
ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى، ئۇش قىزىغان چاغدا سىيلىپ تاشلىغان
شالۋۇرىنى تېپىپ كىيدى ۋە ئاتىسىغا قول ئىشارىسى قىلدى -
دە، تونۇردەك قىزىغان دالىدا رەڭمۇ رەڭ چېكىتتەك مىدىرلاپ
تۇرغان ئاتلىقلار ئارىسىغا كىرىپ، چاڭ بولۇتى ئىچىدە غايىپ
بولدى.

## 4

مەيدان سۇر رەڭ كېيىملىك ئادەملەرگە لىق تولغان. قا-
تار - قاتار ئاتلار، كازاكلارنىڭ قورال - ئەسلىھەلىرى، ھەر
خىل نومۇردىكى پوگون تاقالغان مۇندىرلەر، ... ئادەتتىكى
جەگچى كازاكلاردىن بويى بىر غېرىچ ئېگىز بولغان كوك فۇراژ-
كىلىق ئاتامانچى كازاكلار گويا پاكار ئوي قۇشلىرى ئارى-
سىدا ئېزىقىپ قالغان گوللاندىيە غازلىرىدەك بويىنىنى سوزۇپ
يۇرۇشەتتى.

قاۋاقخانا ئېتىكلىك. ھەربى ۋەكىلنىڭ قاپىغى تۇرۇلگەن،

كوڭلى پەرىشان. كوچا ـ كويدا، قاشاتامنىڭ ئالدىدا بايرامدەك ياسىنىۋالغان ئاياللار، ھەممە ئادەملەرنىڭ ئاغزىدا بىرلا سوز: «سەپەرۋەرلىك». مەسلەر، قىپنى قىزىغان شەخسلەر. ئادەملەرنىڭ تەشۋىشلىنىشى ئاتلارغىمۇ ئوتكەن ـــ ئۇلار* بىر بىرىنى تېپىشەتتى، غەزەپلىك كىشنىشەتتى، مەيداننىڭ ئۈستىنى چاڭ باسقان، ھەممە يەردە بوشىغان هاراق شىشىلىرى، ئەرزان كەمپىتنىڭ قەغەزلىرى توشۇپ كەتكەن.

پېترو ئىگەرلەنگەن ئېتىنى يېتىلەپ كېلىۋاتاتتى، قورا تېمىنىڭ يېنىدا ئاتامان پولكىدىن بولغان ساغلام، چىرايى قارىراق بىر كازاك كېلەڭسىز كەڭ شالۋۇرىنى تۈگمىلەپ، ئاپپاق چىشلىرىنى پاقىرىتىپ ھىجىيىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ يېنىدا پاكىنەك بىر ئايال ـــ يا ئايىلى، ياكى ئاشنىسى بولسا كېرەك ـــ كۆل رەڭ بۇدىنىدەك چىردىلداپ:

ـــ ئاشۇمىدى ئىشەك بىلەن يۈرسەڭ، ئەدىۋىڭنى بېرىمەن! ـــ دەپ دوق قىلاتتى ئايال.

ئايال مەس ئىدى، ھۆرپەيگەن چاچلىرىغا ئاپتاپپەرەس شاكىلى يېپىشقان، گۈللۈك رومالىنىڭ ئۇچى يېشىلىپ كەتكەن ئىدى؛ ئاتامانچى كازاك زوڭزىيىپ كەمىرىنى باغلىدى، ھىجايدى؛ پۆرمە شالۋۇرىنىڭ ئاستىدىن بىر ياشلىق موزاي بىمالال ئوتۇپ كېتەلەيتتى.

ـــ تولا ۋالاقلىما، ماشكا!

ـــ ھۆ، لەنىتى ئىت! خوتۇنپەرەس!

ـــ خوتۇنپەرەس بولسام، نىمە بولۇپتۇ؟

ـــ كوزلىرىڭ ئۇيياتسىز!

ئۇلارنىڭ يېنىدا سىرىق ساقال ۋاخمىستىر بىر زەمبىرەكچى كازاك بىلەن سوز تالىشىۋاتاتتى!

— ھېچنېمە بولمايدۇ! بىر سوتكا تۇرۇپ، ئۇيگە قايتىپ كېتىمىز.

— ئۇرۇش بولۇپ قالسىچۇ؟

— قويغىنا، دوستۇم! قايسى دولەت بىزگە تەڭ كېلەلەيدۇ؟

يېقىندىكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا قولاشمىغان گەپلەر ئاڭلىناتتى؛ ياشىنىپ قالغان كېلىشكەن بىر كازاك ھاياجانلىنىپ سوزلەيتتى:

ئۇلار بىلەن كارىمىز يوق؛ ئوزلىرى ئۇرۇشۇۋەرسۇن، بىز ئاشلىق - تولۇكنى يىغىپ بولغىنىمىز يوق!

— بۇ بالايى - ئاپەت! قارىمامسەن، پۇتۇن يېزىنىڭ ئادەملىرىنى ھەيدەپ بۇيەرگە ئېلىپ كەلدى، بۇگۇن ۋاقت شۇنداق غەنىمەتكى، بىركۇندە يىغىلغان ھوسۇل بىر يىللىق ئوزۇق بولىدۇ!

— ئاشلىق دوۋىلىرىنى مال چەيلىۋېتىدىغان بولدى.

— بىزدە ئارپا ئومىسى باشلانغان ئىدى.

ئاۋستىرىيە پادىشاسىنى ئولتۇرۇشۇپتۇ، ھە؟

— تەخت ۋارىسىنى.

— سەن قايسى پولكتىن؟

— ھەي، بىر يۇرتلۇغۇم، بېيىپ كەتكەن ئوخشايسەن، ئاناڭغا لەنەت!

— ھەي، سىتېپشكا، نەدىن كېلىپ قالدىڭ؟

— ئاتامان، ھەر ھالدا ئادەملەرنى توپلىدۇق دەيدۇ.

— شۇنداق، كازاكلار بوش كەلمەيدۇ!

— ئۇلار يەنە بىرەر يىل تۇرۇپ تۇرغان بولسا، ئۇچىنچى نوۋەتتىن چىقىۋالاتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ھەي بوۋا، نېمىشقا كەلدىڭ؟ ھەربىلىگىتىن تېخى قۇتۇلمىدىڭمۇ؟

— خەلق قىرىلىشقا باشلىسا، قېرىلارغىمۇ نۆۋەت كېلىدۇ.

— ھاراق دۇكىنىنىمۇ تاقىۋېتىشتى!

— ھەي ئەزمە! مارفوتكىنىڭ ئۆيىگە كىرسەڭ، بوچكىلاپ سېتىۋېلىشىڭ مۇمكىن.

كومىسسىيە تەكشۈرۈشنى باشلىدى. قانغا بويالغان بىر مەس كازاكنى ئۇچ كازاك مەھكىمىگە ئەكىرىشتى. مەنى كازاك ئارقىسىغا ئۆزىنى تاشلاپ، ئۇچىسىدىكى كوينىكىنى يىرتاتتى، چېقىر كوزلىرىنى ئالايتۇرۇپ، خىرىلدايتتى:

— مەن ئۇنداق مۇژىكلارنى قانغا غەرق قىلىۋېتىمەن! دون كازاكىنى بىلىپ قوي!

ئەتراپىدىكىلەر بىرچەتكە ئۇتۇپ، ئۇنىڭ سوزىنى ماقۇللاپ كۇلۇشەتتى، ئۇنىڭغا ھىسداشلىق قىلىشاتتى.

— ئۇلارنى قىرىپ تاشلا!

— نېمىشقا ئۇنى ئۇرۇپ تاشلاپتۇ؟

— بىر مۇژىكنى ئۇرغان ئىكەن.

— ئۇلارنى ئۇرۇش كېرەك - دە!

— بىز تېخى ئۇلارنىڭ ئەدىۋىنى بېرىمىز.

— مەن، بۇرادەر، 1905 - يىلى ئۇلارنى باستۇرۇشقا قاتناشقانمەن، ئاددىسى بىر تاماشا ئىدى!

— ئۇرۇش بولۇپ قالسا، بىزنى يەنە ئۇلارنى تىنچىتىشقا ھەيدەيدۇ.

— بۇلار ئەمدى! ئىختىيارىي بارىدىغانلارنى ياللىسۇن، بۇ ئىش بىز ئۇچۇن ئۇيات!

موخوپ ماگىزىنىنىڭ تاختا سۇپىسى ئالدىدا قىستا-

قىستاڭ، نېرى تۇر - بېرى تۇر. شىركەيىپ بولۇۋالغان ئۇۋان تومىلىن خوجايىنلارنىڭ قېشىغا كېلىۋېلىپ جېنىغا تېگەتتى. سېرگەي پلاتونېۋىچ قوللىرىنى كېرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزى نەسىھەت قىلاتتى؛ ئۇنىڭ شىرىگى يېمپىليان كونىستانتىنوۋىچ تىسا - تىسا بولسا ئىشىك تەرەپكە ئارقىسىچە ئىتتىرىلىپ:

— بۇ قانداق گەپ ... راستىنى ئېيتسام، بۇ ئۆز بېشىمنى چىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس! ھەي بالا، ئاتامانىنى چاقىرىپ كەل! ... — دەيتتى.

تومىلىن تەرلىگەن ئالقىنىنى شالۋۇرىغا سۈركەپ، ھومسىيىپ تۇرغان سېرگەي پلاتونېۋىچنىڭ ئۈستىگە كوكرەك كېرىپ بېسىپ كەلدى - دە:

— سەن ۋېكسىلگە ① قول قويدۇرۇشقىمۇ ئۇستا ئىدىڭ، ئەبلەخ، ئەمدى قورقۇپ قالدىڭمۇ؟ توختا! ئاغزى - بۇرنىڭنى قان قىلىۋەتسەم، نېمە قىلالايسەن؟ كازاكلىق ھوقۇقىمىزنى تالان - تاراج قىلدىڭ! ھەي ئىتنىڭ بالىسى! ھۇ، ئەبلەخ!

يېزا ئاتامانى ئۇزىنى قورشىۋالغان كازاكلارغا سېرىق ياغدەك ياقىدىغان گەپلەرنى قىلىشقا باشلىدى:

— ئۇرۇش دىدىڭلىمۇ؟ ياق، ئۇرۇش بولمايدۇ، ھەربى ۋەكىل جانابى ئالىيلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ پەقەت كۈچىمىزنى كورسىتىپ قويۇش ئۈچۈنلا بولغان بىر ئىش، خاتىرجەم يۈرۈشىڭلار مۇمكىن!

— ياخشى گەپ! ئۇيگە قايتىش بىلەنلا ئېتىزغا چىقىمەن.

— ھەممە ئىش توختاپ كەتتى!

① ۋېكسېل — بەلگىلەنگەن مۇددەتتە قەرز پۇلنى تولەش ئۈچۈن بېرىلگەن تىلخەت.

— قېنى، مەرھەمەت قىلىپ ئېيتىقىنا، باشلىقلار بۇنى ئويلاشتىمۇ - يوق؟ مەن يۈز پاتماندىن ئارتۇق يەرگە ئۇرۇق چاچقانمەن...

— تىموشكا! بىزنىڭكىلەرگە ئېيتىپ قوي، ئەتە قايتىپ كېلىدىكەن، دىگىن.

— ئۇلار ئۇقتۇرۇش ئوقۇۋاتامدۇ، نىمە؟ يۈرۈڭلار، شۇ يەرگە بارايلى.

مەيداندا خېلى ۋاقىتقىچە ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىلمىدى.

× ×

4 كۈندىن كېيىن قىزىل ۋاگون تىركەلگەن پويىزلار پولك - پولك كازاكلارنى ۋە توپ - زەمبىرەكلەرنى بېسىپ، رۇسىيە - ئاۋستىرىيە چېگرىسىغا ئېلىپ ماڭدى.

ئۇرۇش...

تاختاي بىلەن توسالغان كاتەكلەر ئىچىدىكى ئوقۇرنىڭ ئالدىدا ئاتلارنىڭ پىشقىرغىنى ئاڭلىناتتى، قىغنىڭ ھىدى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇراتتى. ۋاگونلاردا ھامان ئاشۇنداق پاراڭلار داۋام قىلاتتى، ناخشا سادالىرى ياڭرايتتى:

دولقۇنلاندى، تەۋرەندى،
پراۋوسلاۋ تىنچ دون.
قۇلاق سالدى بويسۇنۇپ،
چاقىرىق قىلسا شاھ بۇگۈن.

ئىستانسىلاردا ھەممە ئادەم كازاكچە شالۋۇرلارنىڭ قىزىل جىيەكلىرىگە قىزىقىپ قارىشاتتى، بۇ ئادەملەر يۈزىدىكى قارا

ماي يۇقىنى يۇيۇشقا قولى تەگمىگەن ئىشچىلار ئىدى.

ئۇرۇش!...

ئۇرۇش خەۋەرلىرى كېلىدە تۇرۇپ قالغانىدەك ھىقىقلاپ قالغان كېزىتلەر...

ھەربىي پويىز ئىستانسىلاردىن ئۆتۈۋاتقان چاغدا ئاياللار قولياغلىقىنى سىلكىپ، كازاكلار بىلەن خوشلىشاتتى، كۆلۈپ قارىشاتتى، ئۇلارغا پاپىروس ۋە مىۋە ـ چىۋە، كەمپىتلەرنى تاشلايتتى، پەقەت ۋورونېژ قېشىدىكى بىر ئىستانسىدا پېترو مېلېخوپ ۋە يەنە ئوتتۇز كازاك چۈشكەن ۋاگونغا شىركەيىپ بولغان بىر قېرى تومۇرىول ئىشچىسى ئىنچىكە بۇرنىنى سۇقۇپ ئىچىگە قارىدى ـ دە، سورىدى:

ــ كېتىۋاتامسىلەر؟

ــ كەل دادا، بىز بىلەن بىللە ئولتۇر ــ كوپىچىلىك ئۈچۈن بىر كازاك جاۋاپ بەردى.

ــ ھەي بالامەي... گودەك ئىكەنسەن! ــ چال ئوپكىلىگەندەك، ئۇزاققىچە بېشىنى لىڭشىتتى.

## 5

ئېيۇننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە پولك مانېۋىرغا چىقتى، دىۋىزىيە ئىشتاۋىنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن پولك روۋنو شەھىرىنىڭ ھەربىي يۇرۇش تەرتىۋى بويىچە تىزىلىپ ماڭدى. بۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىغا ئىككى پىيادە ئەسكەر دىۋىزىيىسى ۋە ئاتلىق قىسىملار ئورۇنلاشقان ئىدى. تىوتىنچى بولۇنمە ۋىلادىسلاۋكا دىگەن يېزىغا جايلاشقان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان مانېۋىر داۋامىدا چارچاپ ھالى قالمىغان تـوتىنچى بولۇنمە زابـورون دىگەن جايغا ئەمدىلا ئورۇنلاشقاندا پولك ئىشتاۋىدىن بولۇنمە كوماندىرى ياساۋۇل پولكوۋنىكوپ ئـات چاپتۇرۇپ كـەلدى. گىرىگورىي ئوز ۋىزۋودىنىڭ كازاكلىرى بىلەن چېدىرنىڭ ئىچىدە ياتاتتى. ئۇ، ياساۋۇلنىڭ تاركوچىنىڭ قاپئوتتۇرىسىدا تەرگە پىشقان ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئوتكەنلىگىنى كورۇپ قالدى.

ھويلىدىكى كازاكلار پىچىرلاشقا باشلىدى:

— يەنە يولغا چىقامدۇق،نىمە؟ — دىدى پىروخور زىكوپ تەخمىن بويىچە، ئاندىن قۇلىغىنى دىك تۇتۇپ گەپتىڭشىدى.

يىرتىلغان شالۋۇرىنى ياماۋاتقان ۋىزۋوت ئورەدىنىكى قولىدىكى يىڭنىنى فۇراژكىسىنىڭ ئەستىرىگە سانچىپ قويۇپ:

— راست، قوزغىلىدىغان ئوخشايمىز، — دىدى.

— دىم ئېلىشقىمۇ پۇرسەت بەرمەيدۇ، بۇ ئەبلەخلەر.

— ۋاخمىستىر بايا بىرىگادا كوماندىرىنىڭ كېلىدىغانلىغىنى ئېيتقان ئىدى.

«تا-تا-تا — تىرى-تا-تى-تا! ...» — كانايچى ئاگاھلاندۇرۇشقا كاناي چالدى. كازاكلار چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇشتى.

— تاماكا خالتام نەدە قالغاندۇر؟ — پىروخور تىپىرلاشقا باشلىدى.

— ئىگەر-ل-ە!

— خالتاڭنى يەر يۇتسۇن! — دەپۋاقىرىدى گىرىگورىي يۇگۇرۇپ كېتىۋېتىپ.

ۋاخمىستىر ھويلىغا يۇگۇرۇپ كىردى، بىر قولى بىلەن قىلىچىنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ ئات ئېغىلى تە-

رەپكە ئوتتۇپ كەتتى. ئاتلار ھەربى تۈزۈمدە بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئىگەرلىنىپ بولدى. گىرىگورىي چېدىر قوزۇق-لىرىنى سۇغۇرۇۋاتاتتى: ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئورەدىنىڭ پىچىرلىدى:

— ئۇرۇش باشلىنىپتۇ، يىگىت!

— بىكار گەپ!

— خۇدا تۇرۇپتۇ، ۋاخمىستىر ئوزى ئېيتتى.

چېدىرلار يىغىپ بولۇندى.كوچىدا كازاكلار سەپكە تىزى-لىشقا باشلىدى.

ئاساۋ ئات مىنگەن يۈز بېشى سەپ ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى.

— ۋىزۋوت ۋىزۋوت بويىچە تىزىل! ... — سەپنىڭ ئۇستىدە ئۇنىڭ ئاۋازى ياڭرىدى.

ئات تۇياقلىرى دۇپۇر - دۇپۇر ئاۋاز چىقىرىشقا باشلىدى. كازاكلار يېزىدىن چوڭ يولغا چىقتى، كۈستېن يېزىسىدىن پويىز بېكىتى تەرەپكە بىرىنچى ۋە بەشىنچى بولۇنمە كازاكلىرىمۇ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

بىر كۈن ئوتكەندىن كېيىن پولك چېگرىدىن35 چاقىرىم بېرىدىكى ۋېربائىستانىسىدا پويىزدىن چۈشتى. ئىستانسا ئەت-راپىدىكى قىيىنزارلىق ئارقىسىدا تاڭ يورۇدى. ئاجايىپ كۈن-نىڭ بولۇشى سېزىلىپ تۇراتتى. تومۇر يوللاردىن گۈلدۈرلەپ پاراۋۇزلار ئوتتۇپ تۇراتتى. شەبنەم چۈشكەن رېلىسلار لاك بىلەن سىرلانغاندەك پارقىراپ تۇراتتى. ئاتلار خارىلدىشىپ تاختاي ئارقىلىق ۋاگونلاردىن چۈشۈشكە باشلىدى. يۇقۇرىغا سۇ چىقىرىدىغان ناسوسلار ئورۇنلاشقان بىنانىڭ ئارقىسىدىن بىر بىرىنى قىچقارغان ئاۋازلار، كوماندا ئۇنى ئاڭلىناتتى.

تۇتىنچى بولۇنمىنىڭ كازاكلىرى تومۇر يولنىڭ نېرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەرىپىگە ئاتلىرىنى يېتىلىشىپ ئۇتۇۋاتاتتى، غۇۋا تاڭ قاراڭ-
غۇسىدا گورۇك - گورۇك ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. ئادەمنىڭ چىراي-
لىرى كوكىرىپ كەتكەندەك كورۇنەتتى، ئاتلار ھاۋاغا سىڭىپ
كەتكەندەك تۇيۇلاتتى.

— قايسى بولۇنمە؟

— ئوزەڭ قايسى بولۇنمىدىن، ئېزىقىپ قالدىڭمۇ؟

— ھىلىجۇمۇ، ئەبلەخ! ئوفىتسىرگە قانداق مۇئامىلىدە
بولۇشنى بىلمەمسەن؟

— ئەپۇ قىلىڭ، جانابى ئالى! ... تونۇماپتىمەن.

— يولۇڭدىن قالما، ئوتۇۋەر!

— نىمە ئانچە تىرىكىسەن؟ پاراۋۇز كېلىۋاتىدۇ، تېزرەك بول.

— ۋاخمىستىر، ئۇچىنچى ۋىزۋودىڭ نەدە؟

— بولۇنمە، ئىلدامراق!

كولونىنا ئىچىدە بىرسى ئاستا پىچىرلىدى:

— ئىلدامراق ماڭارمىشمىز. گورۇڭگە ئوت كەتسۇن،
ئىككى كېچە ئۇخلىغىنىمىز يوق.

— سيومكا، مە، بىرشورىۋال، ئاخشامدىن بېرى چەككىنى-
مىز يوق.

— ئايغىرىڭنى تارت ...

— چۇلۇۋرنى چاينىۋېتىپتۇ، شەيتان.

— مېنىڭ ئېتىمنىڭ ئالدى پۇتىنىڭ تاقىسى چۇشۇپ
قېلىپتۇ.

يان تەرەپكە بۇرۇلۇۋاتقان بىر بولۇنمە تسوتىنچى بو-
لۇنمىنىڭ يولىنى توساپ قويدى.

ئاتلىقلارنىڭ قارىسى سۇر ئاسمان يورۇغىدا خۇددى قە-
لەم بىلەن سىزىلغان رەسىمدەك ئېنىق كورۇنۇپ تۇراتتى.

ئۇلار تۆت تۆتتىن بولۇپ مېڭىشقان. نەيزىلەر خۇددى يالىڭاچلىنىپ قالغان ئاپتاپپەرەس شادىسىدەك ھاۋادا ئىغاڭلاپ باراتتى، ناگان ناگاندا ئۈزەڭگىلەرنىڭ جىرىڭلىشى، ئىگەر-نىڭ غىچىرلىشى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

— ھەي، بۇرادەرلەر، نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟

— ھامماچىمىزنىڭ ئۆيىگە بالا چوقۇندۇرۇشقا.

— خا - خا - خا - خا!

— جىم مېڭىش! نىمە ۋالا - ۋالاڭ؟

ئىگەرلوكىسىنى تۇتۇپ ماڭغان پىروخور زىكوپ گىرىگورىي-نىڭ يۈزىگە تىكىلىپ، ئاستا سورىدى:

— مېلېخوپ، سەن قورقامسەن؟

— نىمىدىن قورقىمەن؟

— قورقمايچۇ، بۈگۈنلا جەڭگە كىرىشنىڭ ئېھتىمالى بار.

— مەيلى، كىرسەك كىرەرمىز.

— ئەمما مەن قورقۇۋاتىمەن، — پىروخور گەپىنىڭ ئۇ-چۇغىنى دىدى ۋە شەبنەمدىن ھول بولۇپ كەتكەن تىزگىننى ئەسەبىلىك بىلەن مىجىقلىدى. — ۋاگوندا كېچىچە ئۇخلىيال-مىدىم، كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەي، ئازاپلاندىم.

بولۇنمىنىڭ باش تەرىپى مىدىرلاپ، جايىدىن قوزغالدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۈچىنچى ۋىزۋوت قوزغالدى؛ ئاتلار تىكىس قەدەم بىلەن يورۇپ كېتىشتى، ئۈزەڭگە بېغىغا قاداپ قويۇل-غان نەيزىلەر ھاۋادا تەۋرىنىپ باراتتى.

گىرىگورىي تىزگىننى قويۇۋېتىپ، ئۈگدەپ ماڭاتتى، ئۇ ئۆزىنى ئىگەرنىڭ ئۈستىدە تەۋرىنىپ كېتىۋاتقاندەك ئەمەس، بەلكى قەيەرگىدۇ ئىللىق قارا تۇپراق يولدا پىيادە مېڭىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى، يۈرگەنسىرى يېنىكلىشىپ كـوڭلى خوشلۇق قۇچاتتى. قۇلىقىنىـڭ تۈۋىدە پىروخور بىر نىمىلەرنى دەۋاتاتتى، ئـۇنـىڭ ئـاۋازى ئـىگـەرنىڭ غىچىرلىشى ۋە تاـ قىلارنىڭ تاراقلىشىغا قوشۇلۇپ كېتەتتى، ئەمما گىرىگورىينىڭ بىخارامان ئۇگدىشىگە توسقۇنلۇق قىلمايتتى.

يېزا يولى بىلەن مېڭىپ كېتىۋاتاتتى، ئاجايىپ جىمجىتـ لىق قۇلاقلارنىڭ ئـىچىدە ئـەللەي ئـاۋازىدەك جىرىڭلايتتى. يول بويىدىكى پىشىپ قالغان سۇلۇلارغا چـۈشكەن شەبنەمدىن ھور كوتىرىلىپ تۇراتتى، ئاتلار كازاكلارنىڭ قولىدىن تىزگىننى تارتقۇشلاپ، پـاكار ئـوسكەن سـۇپۇرگە قـوناقلارغا بويىنىنى سـوزۇشـاتتى. گىرىگورىيـىنىڭ ئـۇيـقۇسىزلىقتىن ئـىششىغـان قاپىقىنىڭ ئاستى پـاقىراپ قالغان ئىدى؛ گىرىگورىي بېشىنى كوتىرىپ، پىروخورنىڭ يەنىلا شۇ هارۋىنىڭ غىچىرلىغىنىدەك بىر خىل چىقىۋاتقان ئاۋازىغا قۇلاق سالاتتى.

ئۇنى يىراقتىكى سۇلۇ ئېتىزلىقىنىڭ نېرىقى تـەرىپىدىن تۈيۈقسىز گۇمبۇرلەپ چىققان دەھشەتلىك سادا ئويغىتىۋەتتى.

— ئېتىشىۋاتىدۇ! — پىروخور بۇ سوزنى دىگۇدەك ۋاـ قىراپ ئېيتتى.

ئۇنىڭ موزايدەك كوزلىرىنى ۋەھىمە بـاستى. گىرىگورىي بېشىنى كوتەردى: ئۇنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ۋىزۋوت ئورەدىنىگـ نىڭ كوك شىنېلى ئاتنىڭ ساغرىسى بىلەن بىر ئولچەمدە تەۋـ رىنەتتى، يان تەرەپتە تېخى ئورۇلمىغان پارچە ـ پۇرات بۇغـ داي ئېتىزلىغى كوزگە چېلىقاتتى، تېلېگىراف يـاغىچى ئىگىزـ لىكتىكى بىر جايدا تورغايلار پىرىلداپ يـۇرۇشەتتى. كـازاكلار جانلاندى، گۇمبۇرلىگەن توپ ئاۋازلىرى ئۇلارغا ئـېلېكتىر توـ كىدەك تەسىر قىلغان ئىدى. توپ ئاۋازىدىن غەيرىتى جۇش ئۇرـ

غان ياساۋۇل پولكوۋنىكوپ كازاكلارنى ئالدىرىتىپ ئېلىپ ماڭدى. يېزا يوللىرىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان تاشلاندۇق ئاشخانىنىڭ ئالدىدا قاچقۇنلار چۈشكەن هارۋىلار كۆرۈندى. پوزۇر كىيىنگەن بىر ئاتلىقلار ئىسكادرونى كازاكلارنىڭ يېنىدىن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. نەسىللىك جىرەن ئات مىنگەن سېرىق ساقال روتمىستىر① كازاكلارغا ئىستېهزالىق بىلەن نەزەر تاشلاپ ئېتىنى شىپور بىلەن نىختاپ، قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ كەتتى. ئويمانلىقتىكى پاتقاقلىقتا كالتە ستووۋوللۇق ئېغىر زەمبىرەك پېتىپ قالغان ئىدى. چاپارمەنلەر ئاتلارنى قامچىلىشاتتى، توپچىلار بولسا ئەتراپىدا يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. ئۇزۇنتۇرا چوقۇر بىر توپچى ئەسكەر ئاشخانا تەرەپتىن بىر قۇچاق تاختا كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى، بۇنى تاختاي تامدىن سۇغۇرۇپ ئەپكەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

توتىنچى بولۇنمە پىيادە ئەسكەرلەر پولكىغا يېتىۋالدى. پىيادە ئەسكەرلەر شىنېلىنى مۈرىسىگە ئارتىپ، ناهايىتى تېز مېڭىشاتتى، ئۇلارنىڭ پاقىرىتىپ تازىلانغان تۇمۇر قالپاقلىرىدا قۇياش نۇرى ئەكس ئېتەتتى، نەيزىنىڭ ئۇچلىرىدا نۇر چاقنايتتى. ئەڭ ئاخىرىدا كېلىۋاتقان روتىنىڭ ئىچىدىن بويى پاكار، ئەمما ئىنتايىن شوق يېفرىتور دەرىجىلىك بىر ئەسكەر گىرىگورىيغا بىر كومۇلاچ لاي ئاتتى.

— تۇتۇۋال، ئاۋستىرىيىلىكلەرگە ئاتارسەن!

— تەنتەكلىك قىلما، بايتالنىڭ بالىسى! — گىرىگورىي ئۇچۇپ كېلىۋاتقان لاينى بىر قامچا بىلەن ئۇرۇپ، ئىككى بۆلەك قىلىۋەتتى.

---

① چاررۇسسىيە دەۋرىدە ئاتلىق ئەسكەرلەردە روتا كوماندىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— كازاك باللىرى، ئاۋستىرىيىلىكلەرگە بىزدىن سالام دەڭلار!

— ئۆزەڭلار كورۇشۇپ قالارسىلەر!

كولوننىنىڭ ئەڭ بېشىدا كېتىۋاتقانلار ئۈياتسىز بىر ناخشىنى باشلىدى. ساغرىسى يوغان، ئايالغا ئوخشايدىغان بىر ئەسكەر سەپنىڭ يان تەرىپىدە ئوتتۇگىنىڭ كالتە قونچىنى ئالقىنى بىلەن شاپىلاقلاپ ئارقىسىچە مېڭىپ باراتتى، ئوفىتسېرلەر كۈلۈپ قويۇشاتتى. كوز ئالدىدىكى خەۋپ - خەتەرنىڭ يىراق ئەمەسلىكى ئوفىتسېرلەرنى سولداتلار بىلەن يېقىنلىشىشقا ۋە مۇلايىم بولۇشقا مەجبۇر قىلاتتى.

ئاشخانىدىن گورۇۋشوك يېزىسىغىچە بولغان يوللاردا پىيادە قىسىملار، هارۋىلار، توپ - زەمبىرەكلەر، تىببى داۋالاش قىسىملىرى چۇمۇلىدەك تىزىلىپ بېرىشاتتى. جەڭنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىغى سېزىلىپ تۇراتتى، ئەجەلنىڭ پۇرىغى كېلەتتى.

بېرىستېچكو يېزىسىغا ئاز قالغاندا پولك كوماندىرى كالېدىن توتىنچى بولۇنمىگە يېتىشىۋالدى. قوشۇنستارشىناسى① ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن ئىدى. گىرىگورىي پولكوۋنىكنىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتىگە كوز يۈگۈرتۈۋاتقاندا ستارشىنانىڭ ئۇنىڭغا هاياجان بىلەن ئېيتقان مۇنۇ سوزىنى ئاڭلاپ قالدى:

— ۋاسىلىي ماكسىمووۋىچ ئۈچ چاقىرىملىق خەرىتىدە بۇ يېزا كورسىتىلمىگەن، بىرەر پالاكەتكە يولۇقۇپ قالمايلى يەنە.

پولكوۋنىكنىڭ نىمە دەپ جاۋاپ بەرگەنلىگىنى گىرىگورىي ئاڭلىيالمىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بىر نەۋكەر ئات

① ستارشىنا — كازاك قوشۇنلىرىدا پودپولكوۋنىك (فۇتۇەنجاڭ) دەرىجىلىك ئوفىتسېر.

چاپتۇرۇپ كەلدى، ئۇنىڭ ئېتى سول پۇتىنى ئاياپ دەسسەيتتى. گىرىگورىي بىر قاراشتىلا ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ياخشى نەسىللىك ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

يىراقتا قىسما كەتكەن ئېتىزلىقنىڭ يان باغرىدا يېزىنىڭ پاكار ئۆيلىرى كۆرۈندى. پولكنىڭ ئاتلىرى بىردەم تېز، بىردەم ئاستا سوكۇلداپ ماڭاتتى، ئاتلار خېلىلا تەرلىگەن. گىرىگورىي ئۆز ئېتىنىڭ تەردە قارايغان بويىنىنى پات - پات سىلاپ قويۇپ ئەتراپقا قاراپ باراتتى، يېزىنىڭ ئارقا تەرىپىدە كۆك ئاسمانغا تاقاشقان دەرەخلەرنىڭ يېشىل ئۇچلىرى كۆرۈندى. ئورماننىڭ كەينىدە گۈلدۈرلىگەن توپ ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئەمدىلىكتە بۇ ئاۋاز ئاتلىقلارنىڭ قۇلىقىنى پاك قىلىۋەتتى، ئاتلار ھۈركۈپ، قۇلاقلىرىنى دىك تۇتۇشقا باشلىدى؛ ئارىلاپ قاتىرىسىغا ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازلىرى پاراسلاپ ئاڭلىناتتى. پارتلىغان توپ ئوقلىرىنىڭ ئۈتۈنى يىراق - يىراقلارغا سوزۇلۇپ، ئورماننىڭ ئارقىسىدا تارقىلىپ كېتەتتى. مىلتىق ئاۋازى بىر پەسىيىپ، بىر كۈچىيىپ، ئورماننىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ھەر بىر ئوق ئاۋازى گىرىگورىينىڭ قۇلىقىنى زىڭىلدىتىپ، نېرۋىسىنى بارغانسېرى قاخشىتاتتى. پىروخور زىكوپ ئېگەرنىڭ ئۈستىدە تىپىرچىلاپ، ئاغزى بېسىلماي ۋالاقلايتتى.

— گىرىگورىي، ئېتىشىۋاتىدۇ، خۇددى باللارنىڭ قوشقاچ قورۇغۇچىغا ئوخشايدۇ، توغرىمۇ؟

— جىم بولساڭچۇ، ۋالاق تەككۇر!

توتىنچى بولۇنمە يېزىغا يېتىپ باردى. ھويلىلار سولداتلار بىلەن تولغان ئىدى؛ ئۆينىڭ ئىچى پاتىپاراقچىلىق ئىدى؛ ئۆي ئىگىلىرى كوچۇپ كېتىشكە تەييارلىنىۋاتاتتى، ھەممە جايـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دا ئاھالىنىڭ چىرايلىرىدا تەشۋىش، ۋەھىمە ئالامەتلىرى سېزىلىپ تۇراتتى. گىرىگورىي بىر ھويلىنىڭ يېنىدىن ئوتۇپ كېتىۋېتىپ، لاپاسنىڭ ئاستىدا گۇلخان يېقىپ ئولتۇرغان سولداتلارنى كوردى؛ ئىگىسى — ئېگىز بويلۇق مويسىپىت بىلورۇس — تۇيۇقسىز كەلگەن بەختسىزلىكتىن مۇكچىيىپ قالغان، ئەمما ھېچنېمىگە ئېتىۋار قىلماي، شۇ يەردە تىمىسقاپ يۇرەتتى، ئۇنىڭ بالا - ۋاقىلىرى قىزىل قاپلىق ياستۇقلارنى، ئەسكى - تۇسكى نەرسىلەرنى ھارۋىغا باسقانلىقىنى، چالىنىڭ ئوزى، ھېچكىمگە لازىمى يوق، بەلكى 10 يىللاپ گەمىدە تاشلىنىپ قالغان سۇنۇق چاقنىڭ چەمبىرىنى ئاۋايلاپ كوتىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى گىرىگورىي كورۇپ تۇردى.

گىرىگورىي ئاياللارنىڭ پەمسىزلىكىگە ھەيران قالدى: ئۇلار گۇل تەشتەكلىرىنى، بۇتلارنى ھارۋىغا تاشلىشاتتى، ئەڭ لازىملىق ۋە قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئويدە قالدۇرۇپ قويۇشاتتى. بىرسىنىڭ ماموق كورپىسى يىرتىلىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ پەرلىرى كوچىدا ئاپپاق قاردەك توزۇپ يۇرەتتى. قەيەردىندۇر چالا كويگەن يۇڭنىڭ ئىسى ۋە پىقسىرىغان گەمىلەرنىڭ تېگىدىن چىققان سېسىق پۇراقلار كېلەتتى. يېزا ئېغىزىدا گىرىگورىي ئالدى تەرەپتىن بىر يەھۇدى يۇگۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كوردى. ئۇ خۇددى قىلىچ بىلەن تىلىپ قويغاندەك كىچىككىنە ئاغزىنى ئېچىپ، دات - پەرياد قىلاتتى:

— كوزاك جاناپلىرى! كوزاك جاناپلىرى! ۋاي، خۇدايىم!

چومۇچباش پاكىنەك بىر كازاك ئۇنىڭ دادىغا قۇلاق سالماستىن، ھە دەپ ئېتىنى قامچىلاپ، چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

— توختا! — دەپ توۋلىدى ئىككىنچى بولۇنمىنىڭ بىر ياساۋۇلى كازاكقا.

كازاك ئىگەرنىڭ ئۈستىگە ئىگىشىۋېلىپ، تار كوچىغا كىرىپ كەتتى.

— توختا دەيمەن! ئەبلەخ! قايسى پولكتىن سەن؟

كازاك يۇمۇلاق بېشى بىلەن ئاتنىڭ بويىنىغا يېپىشىۋال- دى. ئۇ خۇددى بەيگىدە كېتىۋاتقاندەك، ئېتىنى تېز چاپتۇرۇپ، ئىگىز بىر تامنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى - دە، ئېتىنى بىر ھەملە بىلەن تامدىن ئاتلىتىپ، نېرى ياقىقا ئۆتۈپ كەتتى.

— بۇ يەردە 9 - پولك تۇرغان، جانابى ئالىيلىرى، بۇ دەل ئاشۇ پولكنىڭ كازاكى، — دەپ مەلۇمات بەردى ۋاخمىس- تىر ياساۋۇلغا.

— يەر يۇتسۇن! — ياساۋۇل چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئۈزەڭگىسىگە يېپىشىۋالغان يەھۇدىدىن:

— نىمەڭنى ئېلىۋالدى؟ — دەپ سورىدى.

— جانابى ئوفىتسېر ... سائىتىمنى ئېلىۋالدى، جانابى ئوفىتسېر! ... — يەھۇدى يېقىنلىشىپ كەلگەن ئوفىتسېرلەرگە چىرايلىق يۈزىنى بۇراپ، پات - پات كوزىنى چىملىدىتاتتى.

ياساۋۇل پۇتى بىلەن ئىتتىرىپ ئۈزەڭگىنى ئۇنىڭ قو- لىدىن بوشاتتى - دە، ئالغا قاراپ كېتىۋەردى.

— نېمىسلار كەلسە، بەربىر ئۇ نىمەڭنى ئېلىپ كېتە- دۇ، — دەپ كۈلۈپ قويدى نېرىراق بارغاندىن كېيىن.

يەھۇدى نىمە قىلىشىنى بىلمەي، كوچىنىڭ قاپ ئوتتۇ- رىسىدا تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئىچى سېرىلىپ، يۈزلىرى تىترەپ كەتتى.

— يولنى تۇسما، جوھۇت جاناپلىرى! — يۈز بېشى جىددى ئاھاڭدا ۋاقىرىدى قامچىسىنى تەڭلەپ:

توتىنچى بولۇنمە ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىنى دۈپۈرلىتىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىگەرلىرىنى غىچىرلىتىپ، يەھۇدىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋەر-
دى. كازاكلار گاڭگىراپ قالغان يەھۇدىنى مەسخىرە قىلىشىپ،
بىر نىمىلەرنى دېيىشىپ، كوز قىرى بىلەن قاراپ قويۇشاتتى.

— بىزنىڭ باللار بىر نەرسە ئوغرىلىمىسا، ھايات
كەچۈرەلمەيدۇ.

— كازاك دىگەنگە ھەرقانداق نەرسە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

— نەرسە - كېرەكلىرىنى ئايىغان كىشى يوشۇرۇپ قويسۇن.

— ھىلىقى كازاك چاققان نىمە ئوخشايدۇ...

— تامدىن ئاتلاپ ئوتۇپ كەتكىنىنى قارىمامسەن، تازا
يۈگرۈك ئىتنىڭ ئوزى ئىكەن!

ۋاخمىستىر كارگىن بىر ئاز كەينىدە قېلىپ، سەپتىكى كا-
زاكلارنىڭ كۈلكە - قىقاسلىرى ئاستىدا يەھۇدىغا نەيزىسىنى
تەڭلەپ:

— قېنى، يۈگۈر، بولمىسا، سانچىپ تاشلايمەن! ... —
دىدى.

يەھۇدى قورقۇپ جان - پىنى چىقىپ كەتتى - دە، بەدەر
قاچتى. ۋاخمىستىر ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ قامچا بىلەن
بىرنى سالدى. گىرىگورىي يەھۇدىنىڭ قېقىلىپ كەتكەنلىكىنى،
ئاندىن ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈزىنى توساپ، ۋاخمىستىرگە
قايرىلىپ قارىغانلىغىنى كوردى. ئىنچىكە بارماقلىرى ئاستىدىن
تاراملاپ قان ئاقاتتى.

— نىمىشقا ئۇرىسىز؟ — يەھۇدى يىغلىغان ئاۋاز بىلەن
تۇۋلىدى.

ۋاخمىستىر بۇ يەردىن كېتىۋېتىپ، مىس تۈگمىگە ئوخ-
شاش يۇمۇلاق كوزلىرىنى چەكچەيتىپ:

— مۇندىن كېيىن ھەرگىز يالاڭئاياق يۈرمە، ئەخمەق!— دەپ جاۋاپ بەردى.

يېزىنىڭ نېرىسىدىكى قىياق ئوت بىلەن ساغۇچ ئىلۈپەر ئۆسكەن ئويمانلىقتا قۇرۇلۇش قىسىملىرى كەڭ،ئازادە كوۋرۇك سېلىپ پۈتتۈرگەن ئىكەن. كوۋرۇككە يېقىن يەردە كىچىك ئاپتوموبىل موتورىنى تىترىتىپ تۇراتتى. يېنىدا شوپۇرى پايپاسلاپ يۈرەتتى. ماشىنىنىڭ ئىچىدە ئۇچكە ساقال، يۈزلىرى خالتىدەك ساڭگىلاپ قالغان، يوغان قوساق ئاقباش گېنېرال يانپاشلاپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا 12 - پولكنىڭ كوماندىرى پولكوۋنىك كالىبدىن بىلەن قۇرۇلۇش قىسىملىرى باتالىيونىنىڭ كوماندىرى قولىنى چېكىسىگە تۇتۇپ، تىك تۇرۇشاتتى. گېنېرال ھەربى سومكىسىنىڭ تاسمىسىنى مىجىقلاپ، قۇرۇلۇش قىسىملىرى ئوفىتسېرىغا قەھرى بىلەن ۋاقىرايتتى:

— سىزگە ئىشنى تۈگىتىش توغرىلىق تۈنۈگۈنلا بۇيرۇق بېرىلگەن ئىدىغۇ، گەپ قىلماڭ! قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى توشۇش توغرىلىق بۇرۇنىراق ئويلىشىڭىز لازىم ئىدى. گەپ قىلماي تۇرۇڭ! — ئوفىتسېر لام - جىم دېمەستىن، لەۋلىرىنى تىترىتىپ تۇرسىمۇ، بۇنىڭغا قارىماستىن گېنېرال ھە دەپ دوق قىلاتتى. — ئەمدى مەن ئۇياققا قانداق ئوتىمەن؟... مەن سىزدىن سوراۋاتىمەن، كاپىتان، ئەمدى قانداق ئوتىمەن؟

ئۇنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرغان ياشقىنا قارا بۇرۇتلۇق گېنېرال سەرەڭگە چېقىپ تاماكا تۇتاشتۇردى - دە، كۈلۈمسىرەپ قويدى. قۇرۇلۇش قىسىملىرى كاپىتانى ئېگىلىپ تۇرۇپ كوۋرۇك تەرەپتىكى بىر نەرسىنى كورسەتتى. توتىنچى بولۇنمە ماشىنا يېنىدىن ئوتتى، كوۋرۇكنىڭ ئالدىغا بارغاندىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئويمانلىقتا قاراپ ئات سالدى. قاپ ـ قارا لاي ئاتلارنىڭ تىـ
زىدىن يۇقۇرى چىققان ئىدى، ئۇستىدىكى كوۋرۇكتىن كازاكلارـ
نىڭ بېشىغا ئاپپاق قارىغاي پوتىلىرى ياغاتتى.

چۇش ۋاقتىدا چېگرىدىن ئوتتۇشتى. ئاتلار غۇلاپ چۇشكەن
چېگرا توساقلىرىدىن سەكرەپ ئوتتۇشەتتى . ئوڭ تەرەپتىن گۇلـ
دۇرلىگەن توپ ئاۋازى ئاڭلاندى. يىراقتىن قانداقتۇر بىر فېرـ
مىنىڭ كاھىش بىلەن يېپىلغان ئوگزىسى قىزىرىپ كورۇنەتتى،
قۇياش يەرگە نۇرىنى تىك سانچىپ تۇراتتى. ھاۋانى ئاچچىق
چاڭ ـ توزاڭ قاپلىۋالدى. پولىك كوماندىرى باش رازۋېتكا
ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىشكە بۇيرۇق بەردى. توتىنچى بولۇنمـ
دىن ئۇچىنچى ۋىزۋوت ئوز كوماندىرى ــ يۇز بېشى سىمونوپ
باشچىلىقىدا رازۋېتكىغا يورۇپ كەتتى. يۇزدىن بولۇپ كېلىۋاتـ
قان پولك چاڭ ـ توزاڭ ئىچىدە خېلى ئارقىدا قېلىپ قالدى.
يىگىرمىدىن ئوشۇق كازاكتىن تەركىپ تاپقان بىر ئەترەت فېرـ
مىنىڭ يېنىدىن ئوتۇپ، چونەكتەك ئەگىر ـ بۈگرى قېتىپ
كەتكەن يولدىن ئات چاپتۇرۇپ كەتتى.

ئۇچ چاقىرىم يول باسقاندىن كېيىن يۇز بېشى توختىدى
ۋە خەرىتىگە قاراپ، تۇرغان جايىنى ئېنىقلاشقا كىرىشتى. كا-
زاكلار توپ بولۇپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى. گىرىگورىي ئاتـ
تىن چۈشۈپ، ئەمدىلا ئىگەرنىڭ توشىنى بوشاتماقچى بولۇۋېـ
دى، ۋاخمىستىر ئۇنىڭغا ھومىيىپ قارىدى:

ــ مەن سىنىڭ ئەدىۋىڭنى بېرىمەن!... ئاتقا مىن!

يۈزبېشى تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، دۇربۇننى قېپىدىن
چىقىرىپ، ئۇزۇنغىچە ئېرتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا چۈش ۋاقتىـ
نىڭ جەزىرىمە ئىسسىغىدا قىزىغان تۇزلەڭلىك سوزۇلۇپ ياـ
تاتتى. ئوڭ تەرەپتە ھەرىنىڭ چىشىدەك قاتار ئورمان دەرەخـ

لىرى كورۇنەتتى، يولنىڭ ئايىغى نەيزىنىڭ ئۇچىدەك شۇ ئور-
مانىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلاردىن بىر يېرىم چا-
قىرىم نېرىدا كىچىككىنە بىر يېزا، يېزىنىڭ يېنىدا يىلان باغ-
رىدەك تولغىنىپ ئاققان سايىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تىك يار-
لىق ھەممە شىشىدەك سۈپ - سۈزۈك ۋە مۇزدەك سۇ كورۇنەت-
تى. يۈزبېشى خېلى ۋاقىتقىچە دۇربۇندا قاراپ، ئادەمسىز قال-
غان يېزىنىڭ بوران ئۇچۇپ تۇرغان كوچىلىرىنى بىر - بىرلەپ
كوزدىن كەچۇردى، ئەمما ھەممە يەر قەۋرىستاندەك قۇپ -
قۇرۇق ئىدى. كوپ - كوك يالغۇز ئاياق يولدەك كورۇنگەن بىر
ئېرىق سۇ ئادەمنى ئىملاپ چاقىرىۋاتقاندەك بولاتتى.

— كورولىۋۇكا يېزىسى شۇ ئوخشىمامدۇ؟ — يۈزبېشى
كوزى بىلەن ئىشارە قىلىپ، يىراقتىكى يېزىنى كورسەتتى.

ۋاخمىستىر ئۇنچۇقماستىن يۈزبېشىنىڭ قېشىغا كەلدى،
ئۇنىڭ چىرايىدىن: «ھەممىنى بىزدىن ياخشىراق بىلىسىز، بىز
كىچىك ئىشنى قىلىدىغان ئادەم» دەۋاتقانلىغى بىلىنىپ
تۇراتتى.

يۈزبېشى دۇربۇننى قېپىغا سالدى ۋە چىش ئاغرىغى
قوزغالغاندەك ئەپتىنى پۇرۇشتۇرۇپ:

— شۇ يەرگە بارايلى، — دىدى قەتئىيەتسىزلىك بىلەن.

— توساتتىن دۇشمەنگە ئۇچرىشىپ قالمايلى يەنە، جا-
نابى ئالىلىرى؟

— ئېھتىيات قىلارمىز، قېنى كەتتۇق.

پىروخورزىكوپ گىرىگورىيغا يېقىنراق كېلىۋالدى. ئۇلار-
نىڭ ئاتلىرى ياندىشىپ ماڭدى. ئادەمسىز كوچىغا قور-
قۇمسىراپ كىرىپ كېلىشتى، ھەر بىر دەرىزى-
دىن ئەجەل ماراپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

داغدام ئوچۇق قالغان ئامبار ئىشىكلىرى كىشىدە يالغۇز قالغاندەك ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئادەمنىڭ بەدىنى دىر - دىر تىترەيتتى. تاختاي تاملار بىلەن خەندەكلەر ئادەمنىڭ نەزىرىنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتاتتى. كازاكلار، تەمىرىتان قىش كېچىسى ئۆينىڭ يېنىدا بورە پەيدا بولغاندەك، ياۋايىلارچە تىمىسقاپ ئىچكىرىلەپ كىرىشتى، ئەمما كوچىلار تىمتاس ئىدى. كىشى ئەيمەنگىدەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. دەرىزىسى ئوچۇق قالغان بىر ئۆينىڭ ئىچىدىن تام سائىتىنىڭ جاڭ ئۇرغان ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇ ئاۋاز خۇددى ئوق ئاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، گرىگورىي شۇئاندىلا ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان يۈز بېشىنىڭ چوچۇپ كەتكەنلىكىنى، قولى تىترەپ تاپانچە قېپىنى سىلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

يېزىدا ئىنسى - جىن يوق ئىدى. كازاكلار سايىنى كېچىپ ئۆتۈشكە باشلىدى؛ سۇ ئاتلارنىڭ قوسىقىغىچە كېلەتتى؛ ئەمما ئاتلار سۇغا بىمالال كىرىشىۋەردى، ئۈستىدىكىلەرنىڭ «چۇ! - چۇ!» دەپ تىزگىنىنى سىلكىپ تۇرۇشىغا قارىماستىن، سۇ ئىچىپ مېڭىشتى. گرىگورىي لايلىنىپ ئېقىۋاتقان سۇغا تەشنالىق بىلەن باقاتتى؛ سۇ شۇنچە يېقىن بولسىمۇ، ھازىر قول تەككۈزۈپ بولمايتتى، ئەمما ئۇ ئۆزىگە كىشىنى قاتتىق تارتىپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر مۇمكىن بولغاندا، گرىگورىي ئېگەردىن سەكرەپ چۈشۈپ، يېشىنىۋەستىلا ئاشۇ شىلدىرلاۋاتقان ئېقىمنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقۇسى، تاكى دۈمبىسى ۋە تەرگە چۆمگەن مەيدىسى مۇزلاپ، پۈتۈن ئەزايى سوغاقنى قاخشىغىچە يېتىۋالغۇسى كېلەتتى.

يېزىنىڭ نېرىسىدىكى دۆڭدىن شەھەر مەنزىرىسى كۆرۈن-

دى: تۇت چاسا مەھەللىلەر، خىشتىن سېلىنغان بىنالار، باراقـسان باغلار، چېركاۋلارنىڭ ئۇچلۇق چوققىلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

يۈز بېشى دوڭنىڭ چوققىسىدىكى بىر دالدا يەرگە چىقىپ، دۇربۇنىنى كۆزىگە تۇتتى.

— ئەنە ئۇلار! — دېدى سول قولىنىڭ بارماقلىرىنى مىدىرلىتىپ.

ئاۋال ۋاخمىستىر، ئۇنىڭ كەينىدىن كازاكلار بىر بىرلەپ ئاپتاپتا قاغجىراپ كەتكەن دوڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، شەھەر تەرەپكە تىكىلىپ قاراشقا باشلىدى. بۇ يەردىن كىچىككىنە بولۇپ كۆرۈنگەن شەھەر كوچىلىرىدا ئادەملەرنىڭ ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەنلىكى، هارۋىلارنىڭ تىقىلىشىپ قالغانلىغى، ئاتلىقلارنىڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىغى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. گىرىگورىي كۆزلىرىنى قىسىپ، ئالقىنىنى سايە قىلىپ، خېلىغىچە قارىدى؛ ھەتتاكى ئۇ دۈشمەن مۇندىرلىرىنىڭ كۆل رەڭ ئىكەنلىگىنىمۇ ئوچۇق بايقىدى. شەھەر يېنىدا يېڭى قېزىلغان ئاكوپلار كۆرۈنەتتى ۋە شۇ ئاكوپلارنىڭ ئۈستىدە ئادەملەر چۇمۇلىدەك مىژىلدىشىپ تۇراتتى.

— ۋاي - ۋۇي... نىمە دېگەن كۆپ ئۇلار! — پىروخور ھەيرەت ئىچىدە ئالدىغا سوزۇلدى.

باشقىلار ئۈنچۈقمىدى، ھەممىنىڭ كۆڭلىدە بىر خىل تۇيغۇ ھۆكۈم سۈرەتتى. گىرىگورىي بارغانسېرى تېزلىشىپ كېتىۋاتقان يۈرەك سوقۇشىغا قۇلاق سالاتتى (كۆكسىنىڭ سول تەرىپىدە كىچىككىنە، ئەمما ئېغىر بىر نەرسە ئۇز جايىدا چېپىپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى). مانا شۇ چاغدىلا گىرىگورىي، بۇ يات ئادەملەرنى كۆرگەندە ھېس قىلغان تۇيغۇسى مانېۋىرلاردا يال-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غان «دۈشمەنلەر»نى كورگەن چاغدىكى ھىس - تۇيغۇلىرىدىن پۈتۈنلەي باشقا ئىكەنلىگىنى چۈشىنىپ يەتتى.

يۈز بېشى ھەربى دەپتىرىگە قېرىنداش بىلەن بىر نىمىلەرنى يېزىپ قويدى، ۋاخمىستىر كازاكلارنى دوگىدىن قوغلاپ چۈشۈرۈپ، ئۇزى يۈز بېشىنىڭ يېنىغا چىقتى. يۈز بېشى گىرىگورىينى بارمىغى بىلەن ئىملاپ قىچقاردى:

— مېلېخوپ!

— بار.

گىرىگورىي ئۇيۇشۇپ قالغان ئايافلىرىنى چىك - چىك دەسسەپ دوگىنىڭ ئۇستىگە چىقتى. يۈز بېشى ئۇنىڭغا تۆت پۈكلەنگەن قەغەزنى بەردى.

— سېنىڭ ئېتىڭ باشقىلارنىڭكىدىن ياخشىراق، بۇنى پولك كوماندىرىغا ئۇچقاندەك بېرىپ تاپشۇرغىن.

گىرىگورىي قەغەزنى مەيدە يانچۇغىغا سالدى - دە، دوگىدىن چۈشتى ۋە فۇراژكىسىنىڭ تاسمىسىنى ئېڭىگىنىڭ ئاستىغا چۈشۈرۈپ ئېتىنىڭ يېنىغا كەلدى.

يۈز بېشى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ، تاكى ئاتقا مىنگىچە كۈزىتىپ تۇردى، ئاندىن كېيىن قول سائىتىگە قاراپ قويدى.

گىرىگورىي مەلۇمات ئېلىپ كەلگەندە، پولك كورولېۋكا يېزىسىغا قاراپ ئالغا سىلجىشقا باشلىغان ئىدى.

پولكوۋنىك كالېدىن ئۇز نەۋكىرىگە بىر بۇيرۇقنى بەرگەن ئىدى، ئۇ چاك - توزاك كوتىرىپ بىرىنچى بولۇنمىگە قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كەتتى.

تۇتىنچى بولۇنمە كورولېۋكا بويلاپ مېڭىپ، يېزىدىن چىقتى - دە، مەشق ۋاقتىدىكىدەك تېزلا تارىلىپ كەتتى. يۈز بېشى

سېمونوپ ئۇچىنچى ۋىزۋوت كازاكلىرىنى باشلاپ دوڭدىن ئات چاپتۇرۇپ كەلدى.

يـۈز كـىشىدىن ئىبـارەت بولۇنمە تاقا شـەكلىدە سـەپ تارتىشقا كىرىشتى، ئاتلارنى كوكۇيۇن چاققانلىـقتىن باشلىرىنـى سىلكىشەتتى، يۇگەننى چـاينىشاتتى، يېزىنىڭ ئـەڭ ئاخىرقـى قورالىرىنىڭ يېـنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقـان بىرىنچى بولـۇنمە ئـاتلىرىنىڭ دۈپۈرلەپ مېڭىشى چۆش ۋاقتىدىكـى جىمجىتلىق ئىچىدە ئېنىق ئاڭلىناتتى.

يـاساۋۇل پولكوۋنىكوپ ئارغىماق ئېتىنى ئويـناقلىتىـپ سەپنىڭ ئالدىغا چىقتى؛ تىزگىنـنى مەھكەم تارتىپ، قـولىنـى قىلىچ بېغىدىن ئۈتكۈزۈۋالدى. گىرىگورىي تـىنىقىنى ئىچىـگە يۇتۇپ كوماندىنى كۈتەتتى. سول قاناتتىكى بىرىنچى بولۇنمـە كازاكلىرى تارىلىپ، ئاستا دۈپۈرلىشىپ، ھۇجۇمغا تەييارلىنـ ۋاتاتتى.

ياساۋۇل قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغاردى، كوكۈش رەڭ پولات بىسى يالت - يۇلت پارقىراپ كەتتى.

— قىسمـلار - ئالغا! — قىلىچ ئاۋال ئوڭغا، ئانـدىن سولغا ئېگىلىپ، ئاتنىڭ دىڭ تۇرغان قۇلاقلىرى ئۈستىدەبىردەم توختىغاندىن كېيىن ئالغا شىلتالـدى، گىرىـگورىي بـۇ سوزسىز كوماندىنى «ئوڭ ۋە سولغا تارىلىپ، ئاندىن ئـالغا قاراپ ئـات قوي» دىگەن مەنىدە چۈشەندى. ياساۋۇل :—نەيزىلەرنى جەڭگە تەييارلا، قىلىچلارنى يالىڭاچلا، ئاتاكىـغا مارش - مارش! — دەپ كوماندا بەردى - دە، ئاتنى قويۇۋەتتى.

سان - ساناقسىز تۇياقلارنىڭ زەربىدىن يەر گۈسىرلدەپ كەتتى. گىرىگورىي نەيزىسىنى ئەمدىلا پەسكە چۈشۈرۈپ بولغاندا (ئـۇ بىرىنچى قاتاردا ئىدى)، ئاستىدىكى ئېتى بـىر تۇتـاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قوزغالغان ئاتلار ئېقىمىنىڭ تۈرتۈنۈشىدىن ھۈركۈپ، بىرلا ئىرغىدى-دە، ئالغا چېپىپ كەتتى، ياساۋۇل پولكوۋنىكوپ كۆلرەڭ دالىنىڭ باغرىدا ئوقتەك ئۇچۇپ ھەممىنىڭ ئالدىدا باراتتى، قارا تۇپراق شۈدىگەرلەر ئالدى تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقاندەك بولاتتى، بىرىنچى بولۇنمە كازاكلىرى ھاي-ھايلاپ چۇقان-سۈرەن كۆتىرىشتى، ھايقىرىق ئاۋازلىرى تۆتىنچى بولۇنمىگە كۆچتى، ئاتلار تۆت پۇتىنى بىر يەرگە يىغىۋېلىپ، ئالغا ئىرغىيتتى،ھەرقېتىمدا بىر سارجىن مۇساپىنى ئارقىدا قالدۇراتتى. گىرىگورىي قۇلاقنى يارغىدەك ئۇشقۇرتىۋاتقان شامال ئارىسىدىن يىراقتا ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ تۇردى، ئىگىز ئۇچۇپ ئۆتكەن بىرىنچى ئوق كۆك ئاسمان ئەينىگىنى ئالماس بىلەن جىرت قىلىپ جىجىغانىدەك بولدى. گىرىگورىي قىزىپ كەتكەن نەيزە سېپىنى جېنىنىڭ بېرىچە مەھكەم سىقىمداپ بېقىنىغا باساتتى، ئالقىنى تەرلەپ، شىلىملىشىپ كەتتى. ئۇشقۇرۇپ ئۇچۇپ ئۆتكەن ئوقلار تەرگە چۆمگەن ئات بويىنىغا بېشىنى ئېگىپ يېپىشىۋېلىشقا مەجبۇر قىلاتتى، ئاتنىڭ بەدىنىدىكى ئاچچىق تەرنىڭ ھىدى بۇرنىنى ئېچىشتۇراتتى. ئالدىدىكى مەنزىرە گىرىگورىينىڭ كۆزىگە خۇددى ھورداپ كەتكەن دۇربۇن ئەينىكىدىن قارىغاندەك كۆرۈنەتتى: قارىيىپ كۆرۈنگەن قاتار-قاتار ئاكوپلار، شەھەرگە قېچىپ كېتىۋاتقان سۇر رەڭ ئادەملەر بىر-بىرلەپ كۆزىگە چېلىقتى. پىلىموتلار كازاكلارنىڭ بېشى ئۈستىگە تىنىمسىز ئوق ياغدۇراتتى، ۋىژىلداپ كەلگەن ئوقلار يەلپۈگۈچ شەكلىدە چېچىلىپ، ئاتلارنىڭ ئالدىغا، تۇياقلىرى ئاستىغا كېلىپ چۈشەتتى ۋە يەرنى پاختىدەك توزغىتىپ، چاڭ-توزاڭ كۆتۈرەتتى.

بايا ئاتاكا باشلىنىشتىن بۇرۇن گىرىگورىينىڭ كوكرەك قەپىزى ئىچىدە تىنىمسىز دۈكۈلدەپ سوقۇپ تۇرغان يۈرىكى ئەمدىلىكتە تاشتەك قېتىپ قالغان ئىدى، ئۇ ئەمدى ھېچنىمىنى ھېس قىلمايتتى. قۇلىقى غوڭۇلداپلا تۇراتتى ۋە سول پۇتىنىڭ بارماقلىرى ئاغرىپ ئاراملىق بەرمەيتتى.

قورقۇنۇچتىن پىكىر - خىيالى قېچىپ، كالۋا يىپ چۇۋۇلغاندەك چېچىلىپ كەتكەن ئىدى.

ئەڭ باشلاپ خورۇنجى① دەرىجىلىك ئوفىتسېر لەخوۋىسكى ئاتتىن غۇلاپ چۈشتى. پىروخورنىڭ ئېتى ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇتلىشىپ كەتتى.

گىرىگورىي لېپ قىلىپ قارىغان ئىدى، كوز ئالدىدا كورگەن مۇنۇ ئەھۋال مېڭىسىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى: پىروخورنىڭ ئېتى يەردە سوزۇلۇپ ياتقان ئوفىتسېرنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ ئوتۇۋېتىپ، چىشلىرىنى بىر ھىجايتتى - دە، تىك موللاق چۈشتى، بوينى ئاستىدا قالدى. پىروخور ئىگەردىن ئۇچۇپ كەتتى. گىرىگورىي پىروخورنىڭ ئىڭىكى ئاجراپ كەتكەن ئېتىنىڭ قاتار - قاتار چىشلىرىنى، ھالرەڭ چىش مىلىكلىرىنى، ئوڭدا ياتقان ۋە ئارقا ئارقىدىن ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان كازاك ئاتلىرىنىڭ ئاستىدا قالغان پىروخورنى ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئەستىن چىقىرالمىدى؛ بۇ مەنزىرە ئۇنىڭ خاتىرىسىدە خۇددى ئەينەكنى تىلغان ئالماس ئىزىدەك ئىز قالدۇرغان ئىدى. گىرىگورىي يەرگە چاپلىشىپ قالغان پىروخورنىڭ ۋاقىرىغىنىنى ئاڭلىمىدى، لېكىن ئاغزى قىيشىيىپ، كوزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكەنلىكتىن، ئىنسانغا خاس بولمىغان ياۋايى ئاۋازدا جېنىنىڭ بېرىچە ھوكۈرىگىنىنى پەملىدى. يەنە يىقىلغىلى تۇر-

① خورۇنجى — كازاك ئاتلىق ئەسكەرلىرىدە پودپورۇچىك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دى. كازاكلارمۇ غۇلاپ چۈشەتتى، ئاتلارمۇ يىقىلاتتى. گرىگورىي شامالدا ياشلانغان كۆزلىرىنى ئاران ئېچىپ، ئالغا تىكىلىپ قارايتتى: ئەنە ئاۋستىرىيىلىكلەر ئاكوپلارنى تاشلاپ، توت - توت بولۇپ قاچماقتا.

يېزىدىن قاتار - قاتار سەپ بولۇپ شامالدەك ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان كازاكلار بارغانسېرى پارچىلىنىپ، چېچىلىپ كەتتى، ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان كازاكلار، جۈملىدىن گرىگورىي ئاكوپلارغا يېقىنلىشىپ باردى، قالغانلىرى ئارقىدا قېلىپ نە - نەلەردە كېلىشىۋاتاتتى.

كەپكىسىنى چوكۇرۇپ كىيىۋالغان، قاشلىرى ئاپپاق، ئۇزۇنتۇرا بىر ئاۋستىرىيىلىك كۆزىنى قىسىپ تۇرۇپ تىزىنىڭ ئۈستىدىن گرىگورىيغا ئوق ئۈزدى. قوغۇشۇن چوغدەك قىزىرىپ مەڭزىنى يالاپ ئۆتۈپ كەتتى. گرىگورىي بار كۈچى بىلەن تىزگىنىنى تارتىپ نەيزە سانچىدى. زەربە شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكى، ئورنىدىن چاچراپ تۇرغان ئاۋستىرىيىلىكنىڭ بەدىنىگە نەيزىنىڭ سېپى يېرىمىغىچە كىرىپ كەتتى. گرىگورىي نەيزىنى سۇغۇرۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلىكتىن گەۋدىنىڭ ئېغىرلىقىدىن قولى پەسكە ئېگىلىپ كەتتى، ئاۋستىرىيىلىكنىڭ تىپىرچىلىغانلىقىنى، سەكراتتا ئىككى پۈكۈلۈپ، چاڭگىلى بىلەن نەيزىنىڭ سېپىنى تارمىلىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى، يۈزىنى كۆرەلمىدى، پەقەت قىرىلمىغان تىكەندەك ساقىلى كۆزگە تاشلاندى، گرىگورىي بارماقلىرىنى ئاچتى، ئۇيۇشۇپ قالغان قولى قىلىچنىڭ سېپىغا مەھكەم يېپىشتى.

ئاۋستىرىيىلىكلەر شەھەرنىڭ چېتىدىكى كوچىلارغا پىتىراپ قېچىشتى، ئۇلارنىڭ كۆل رەڭ مۇندىرلىرى ئۈستىدە كازاك

ئاتلىرىنىڭ چېپىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆزگە چېلىقاتتى.

گىرىگورىي نەيزىنى قويۇۋېتىپ بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەچ، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىدى، لېكىن نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، ئاغزى كالاچتەك ئېچىلغان ۋاخمىستىر ئۇنىڭ يېنىدىن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. گىرىگورىي قىلىچىنىڭ يېنى بىلەن ئېتىنى ئۇردى، ئات جانىۋار بويىنىنى ئېگىپ، كو-چا تەرەپكە چېپىپ كەتتى.

ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، كەپكىسىنى چاڭگاللىۋالغان مىلتىقسىز بىر ئاۋستىرىيىلىك شەھەر باغچىسىنىڭ تۆمۈر رى-شاتكىسى بويلاپ دەلدەڭشىپ قېچىپ كېتىۋاتاتتى. گىرىگورىي ئۇنىڭ ساڭگىلاپ قالغان سېمىز گەدىنىنى، ياقىسىنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەن زىغزىغىنى كۆرۈپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلدى. ئەت-راپتا يۈز بەرگەن ئەقىلسىزلىقنىڭ تەسىرىدە بېرىلگەن گىرى-گورىي ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇردى. ئاۋستىرىيىلىك رىشاتكا بويلاپ قاچقانلىقى ئۈچۈن قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلاش قىيىن ئىدى؛ ئۇ ئىگەردىن ئېگىشىپ، قىلىچىنى قىيپاچ تۇتۇپ، ئاۋستىرىيىلىك-نىڭ چېكىسىگە بىرنى سالدى. ئاۋستىرىيىلىك ۋاقىرىماستىنلا چېكىسىگە ئالقىنىنى مەھكەم بېسىپ، لىپپىدە دۈمبىسىنى رىشات-كىغا ئورىۋالدى. گىرىگورىي ئېتىنى توختىتالماي ئۆتۈپ كەتتى؛ ئېتىنى قايتۇرۇپ يەنە چېپىپ كەلدى. ئاۋستىرىيىلىك-نىڭ تۆت چاسا يۈزى قورقۇنچلۇقتا سوزۇلۇپ، چويۇندەك قارىيىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ قوللىرىنى يېنىغا قىلىپ تۇراتتى، كۆلدەك ئاقىرىپ كەتكەن لەۋلىرى تىنىمسىز مىدىرلايتتى. قى-لىچ تەككەن چېكىسىدىن بىر پارچە تېرىسى شىلىنغان بولۇپ، شەلپەردەك ساڭگىلاپ قالغان ئىدى. مۇندىرىنىڭ ئۈستىگە تا-راملاپ قان ئاقاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گىرىگورىي ئاۋستىرىيىلىكبىلەن كوز ئۈرۈشتۈرۈپ قالدى، ئۇلۇم دەھشىتى بىلەن ئالايغان كوزلەر گىرىگورىيغا قاتتىق تىكىلەتتى. ئاۋستىرىيىلىكنىڭ تىزى ئاستا پۈكۈلدى، بوغۇزى خىرىلدىدى. گىرىگورىي كوزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ، قىلىچىنى ئىگىز كوتىرىپ بىرنى چاپتى. ئاۋستىرىيىلىكنىڭ بېشى ئىككى نىمتە بولۇپ كەتتى، ئۇ تېيىلىپ كەتكەندەك قوللىرىنى كېرىپ غۇلاپ چۈشتى. باش سوڭىكىنىڭ كاسىسى تاشيول ئۈستىدە تاراقلاپ كەتتى. ئات بىر ئىرغىپ، گىرىگورىينى كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ كېلىپ قويدى.

كوچىلاردا ئاڭلىنىۋاتقان پاڭ - پۇڭ ئوق ئاۋازلىرى بارغانسېرى شالاڭلاپ قالدى. تەرگە پىشىپ كوپۈكلەشكەن بىر ئات ئولگەن كازاكنى سورىگەن پېتى گىرىگورىينىڭ يېنىدىن ئوتۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر پۇتى ئۈزەڭگىدە قالغان بولۇپ، يالىڭاچلىنىپ تاش ئۈستىدە ئەبجەغى چىققان جەسەتنى ئات دوقۇسلىتىپ ئېلىپ قاچماقتا ئىدى.

گىرىگورىي پەقەت شالۋۇرىنىڭ قىزىل جىيىكى بىلەن بېشىنىڭ ئۈستىگە توكۈلۈپ قالغان يىرتىق يېشىل گىمناستوركىسىنى كوردى.

مېڭىسىگە قوغۇشۇن قۇيۇلغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتتى. گىرىگورىي ئاتتىن چۈشۈپ، بېشىنى لىڭشىتتى. ئەمدىلا يېتىپ كەلگەن ئۈچىنچى بولۇنمىنىڭ كازاكلىرى ئۇنىڭ يېنىدىن ئات چاپتۇرۇپ ئوتۇشكە باشلىدى. شىنېلىنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇلغان بىر ياريدارنى كوتىرىپ ئېلىپ كېلىشتى. ئەسىر چۈشكەن بىر تۈركۈم ئاۋستىرىيىلىكنى يۈگۈرتۈپ ھەيدەپ ئوتۇشتى. ئۇلار خۇددى پادىغا ئوخشاش توپ - توپ بولۇپ يۈگۈرۈشەتتى، ناھال قېقىلغان بەتنىكىلىرىنىڭ دوكۇرلىگەن ئاۋازى

تولىمۇ يىرگىنچلىك ئاڭلىناتتى. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى گىرىگو-
رىينىڭ كوزىگە سوغاقتا توڭلاپ قالغان لاي كېسەكتەك كو-
رۈنەتتى. ئۇ ئاتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ، ئىمىشقا قويۇ-
ۋەتكەنلىگىنى ئۆزىمۇ بىلمەستىن، ئۆزى چېپىپ تاشلىغان
ئاۋستىرىيلىك سولداتنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلۇك ئاشۇ گۈل
چىقىرىپ ياسالغان رىشاتكىنىڭ تۈۋىدە لايغا مىلەنگەن ساغۇچ
ئالقىنىنى تىلەمچىدەك سوزۇپ ياتاتتى. گىرىگورىي ئۇنىڭ
يۈزىگە تىكىلىپ قارىدى. بۇرۇتى ساڭگىلاپ تۇرسىمۇ، يۈزى
ياش بالىنىڭكىدەك كىچىككىنە كورۈندى، كوپ ئازاپ چەككەن-
لىكتىنمۇ ياكى ئېغىر تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكتىنمۇ، ئاغزى قىي-
شىيىپ قالغان ئىدى.

— ھەي، كازاك! — دەپ توۋلىدى كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا
كېتىۋاتقان ناتونۇش بىر ئوفىتسېر.

گىرىگورىي ئۇنىڭ چاڭ باسقان ئاپپاق كاكارىسىغا
قاراپ سەنتىرەكلەپ كەتتى - دە، ئېتىنىڭ قېشىغا باردى.
ئۇ يەلكىسىدە ئېغىر يۈك كوتەرگەن ئادەمدەك ئاران ئارانلا
چامدايتتى؛ ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يىرگىنچلىك ئىشىدىن گاڭگىراپ
ئازاپ چېكەتتى.

گىرىگورىي ئۆزەڭگىنى قولغا ئالدى، لېكىن ئېغىرلىشىپ
كەتكەن ئايىغىنى كوتىرەلمەي، ئۆزۈنىغىچە تۇرۇپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 6

تاتار يېزىسىدىن ۋە ئەتراپتىكى باشقا يېزىلاردىن ئىككىنچى نوۋەت ئەسكەرلىككە ئېلىنغان كازاكلار 2 - كۈنى ئېيە يېزىسىغا كېلىپ قونۇشتى. يېزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى كازاكلار يۇقۇرى ئورۇندىكى ئەمەلدارلارغا ئارىلاشمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن پېترو مېلېخوپ، ئانىكۇشكا، خىرىستونە، ستېپان ئاستاخوپ، ئىۋان تومىلىن ۋە باشقىلار بىر ئۆيگە چۈشتى، ئۆي ئىگىسى — تۈركىيە ئۇرۇشىنىڭ قاتناشچىسى، قېرىپ ھالى قالمىغان ئىگىز بويلۇق بوۋاي كازاكلارنى گەپكە سالدى. كازاكلار ئاشخانا ۋە مېھمانخانىغا پالاز سېلىپ قاتار يېتىشقان ئىدى؛ ئۇيقۇ ئالدىدا ھەممىسى تاماكا چېكىشكە باشلىدى.

— شۇنداق قىلىپ، ئۇرۇشقا كېتىۋاتىمىز، دەڭلار، جەڭچى بۇرادەرلەر!

— ئۇرۇشقا كېتىۋاتىمىز، بوۋا.

— بۇ ئۇرۇش تۈركىيە ئۇرۇشىغا ئوخشىماس، دەيمەن؟ ھازىر ئاجايىپ قوراللار مەيدانغا چىقتى.

— ئوخشاش، ھەممىسى بىر ئاپەت! تۈركىيە ئۇرۇشىدىمۇ خەلق قىرىلغان، بۇ ئۇرۇشتىمۇ ئادەم ئۆلمەكتىن باشقا گەپ يوق، — دەپ غۇدۇڭشىدى تومىلىن؛ ئۇنىڭ كىمگە ئاچچىقلىنىۋاتقانلىقى نامەلۇم ئىدى.

— سەن ئەزىزىم، سوزنىڭ تېگى - پېيىنى ئۇقماستىن،

قىزىقلانلىق قىلىۋاتسەن، بۇ ئۇرۇش باشقىچە بولىدۇ.

خىرىستونە خوشياقماسلىق بىلەن بىر ئەسنەپ قويدى-دە، تاماكىنىڭ ئوتىنى تىرنىقى بىلەن ئۇچۇرۇۋېتىپ:

— ئەلۋەتتە شۇنداق، — دەپ قويدى.

— قېنى، ئۇرۇشۇپ باقمىدۇق، — پېترو مېلېخوپ ئەسنەپ ئاغزىنى چوقۇنغاندەك نەچچە بۇرجەك قىلدى-دە، شىنېلىنى يېپىندى.

— سىزلەرگە بىر ئىلتىماسىم بار، باللىرىم، سوزلىرىمنى يەردە قويماسسىزلەر.

پېترو شىنېلىنىڭ ئېتىكىنى قايرىپ، قولاق سېلىپ تۇردى.

—.شۇنى ئەستە تۇتۇڭلاركى، تىرىك قالاي، قىرغىن جەڭلەردىن پۈتۈن چىقاي دېسەڭلار — ئادەمگەرچىلىكنى قولدىن بەرمەڭلار، تـوغرا يولدىن چىقماڭلار.

— ئۇ قانداق يول؟ — دەپ سورىدى چەتتە ياتقان ستېپان ئاستاخوپ، ئۇ بۇ گەپكە تازا ئىشەنمىگەندەك كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئۇرۇش توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن بۇيان كۈلۈمسىرەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇرۇش ئۇنى ئوزىگە تارتىپ تۇراتتى. كوپچىلىكنىڭ تەشۋىشلىنىشى ۋە باشقىلارنىڭ ئازاپلىنىشى ئۇنىڭ دەردىگە تەسەللى بولاتتى.

— توغرا يول دېگىنىمىز مانا مۇنداق: ئۇرۇشتا بىراۋنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى ئالما — بۇ بىر، ئىككىنچىسى،خوتۇن كىشىگە كوز سېلىشتىن ساقلان، ئۇندىن تاشقىرى بەزى دۇئالارنى بىلىۋېلىش لازىم.

كازاكلار ياتقان يېرىدە بىر ئېغىنىۋېلىپ گەپكە چۈشۈپ كېتىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەر ئادرېسى

— ئۇرۇشتا ئۆز نەرسىلىرىڭىزنى يوقاتمىساڭ چوڭ گەپ، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىپ نىمە قىلىدۇ؟

— ئاياللارغا كوز سېلىشقا نىمىشقا بولمايدىكەن؟ زورا-ۋانلىق قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە، بۇنى مەنمۇ چۈ-شىنىمەن، لېكىن ياخشى سوز بىلەن بولسىچۇ؟

— سوز قىلماي چىداپ تۇرالامسەن؟

— توغرا، شۇ تەرىپىمۇ بار.

— خوش، قايسى دۇئانى دەيسىز؟

بوۋاي كوزلىرىنى جىددى پارقىرىتىپ ھەممەيلەنگە بىر-دەك جاۋاپ قايتۇردى:

— ئاياللارغا ھەرگىز قول تەككۈزمەسلىك كېرەك. ھەر-گىز - ھەرگىز! بەرداشلىق بېرەلمىسەڭ — بېشىڭ كېتىدۇ يا-كى يارىدار بولىسەن. كېيىن پۇشايمان قىلىسەن، ئورنىغا كەل-مەيدۇ. دۇئانى ئېيتىپ بېرىمەن. مەن پۈتۈن تۈركىيە ئۇرۇ-شىغا قاتناشقانمەن، ئەجەل خۇرجۇنغا ئوخشاش شىللەمگە يېپې-شىپلا تۇردى، لېكىن مۇشۇ دۇئانىڭ ئۇلۇغلۇغىدىن تىرىك قالدىم.

ئۇ مېھمانخانىغا كىرىپ كېتىپ، بۇلۇڭدىكى بۇتنىڭ ئاستىدىن قۇرۇپ، سارغىيىپ كەتكەن بىر ۋاراق قەغەزنى ئې-لىپ چىقتى.

— مانا مۇشۇ، تۇرۇڭلار، كوچۇرۇۋېلىڭلار، ئەتە، تۇخۇ قىچقارماستىن بۇرۇنلا يولغا چىقارسىزلەر، بەلكى؟

بوۋاي شىرىقلاپ تۇرغان قەغەزنى ئۇستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئالقىنى بىلەن سىلىقلاپ، بىر چەتكە ئوتتى. ئەڭ ئا-ۋال ئانىكۇشكا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ خوتۇن كىشىنىڭ يۇ-زىدەك سىپ - سىلىق كوسا يۇزىدە دەرىزىنىڭ يوچۇغىدىن كىر-

گەن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان چىراقنىڭ شولىسى جىلۋىلى-
نىپ تۇراتتى. ستېپاندىن باشقا ھەممىسى ئولتۇرۇپ دۇئانى
كوچۈرۈۋالدى. باشقىلاردىن بۇرۇنراق كوچۈرۈپ بولغان ئانى-
كۇشكا دەپتەردىن يىرتىۋېلىنغان بىر ۋاراق قەغەزنى قاتلاپ،
بوينىدىكى كىرېستىنىڭ ئۈستىگىرەك تۇمارنىڭ يېپىغا
چىگىپ قويدى. ستېپان پۈتىنى مىدىرلىتىپ، ئۇنىڭ چىشىغا
تىگەتتى:

— پىتلارنىڭ دۇئاسىنى ئالىدىغان بولدۇڭ، تۇمار بى-
غىدا پىتلار ئۆۋىلىمايدىغان ئىدى، ئەندى ئۇلارغا قەغەزدىن
مېھمانخانا ياساپ بەردىڭ.

بوۋاي ئۇنىڭ سوزىنى قېقىۋەتتى:

— يىگىت، سەن ئېتىقات قىلمىساڭ قىلما، ئەمما جىم
ئولتۇر! كىشىلەرگە توسقۇنلۇق قىلما ۋە دىنىنى مەسخىرە قىل-
ما، بۇنداق قىلساڭ، ئۇيات ھەم گۇنا!

ستېپان ئۈندىمەي، كۈلۈمسىرەپ قويدى؛ ئانىكۇشكا ئو-
ڭايسىزلىقنى ئوڭلاپ، بوۋايدىن سورىدى:

— بۇ دۇئا ئۇزۇن ساپلىق نەيزە ۋە ئوق - يا توغرىلىق
يېزىلغان ئىكەن. بۇ نىمىشقا يېزىلغان؟

— نەيزە - قىلىچ ھۇجۇمى ۋاقتىدا ئوقۇلىدىغان
دۇئا بىزنىڭ زامانىمىزدا پۈتۈلگەن ئەمەس. مېنىڭ مەرھۇم
بوۋامغا، ئۇنىڭ چوڭ دادىسىدىن قالغان ئىكەن.
بەلكى، ئۇنىڭدىمۇ بۇرۇن پۈتۈلگەن بولۇشى
مۇمكىن. قەدىمقى زاماندا كىشىلەر نەيزە، ئوق - يا بىلەن
ئۇرۇشقا چىقىدىكەن.

ھەر قايسىسى ئۆزىگە ياققان دۇئانى كوچۈرۈۋېلىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ھېلىتەق ئوقىدىن ساقلىنىش دۇئاسى

خۇدايا، دۇئايىمنى قوبۇل قىلغايسەن. تاغنىڭ ئۈستىدە ئاتتەك يوغان ئاپپاق بىر تاش يېتىپتۇ، ئۇ تاشقا سۇكار قىلمايدۇ، مەن بەندەڭنى ۋە مېنىڭ بۇرادەرلىرىمنى ھەمدە مېنىڭ ئېتىمنى ئاشۇ تاشتەك مۇستەھكەم قىلغىن، نەيزە بىلەن ئوق ھەرگىز كار قىلمىسۇن. ماڭا ئېتىلغان ئوق خۇددى سەندەلدىن ئوخچىغان بولقىدەك قاڭقىپ كەتسۇن، ئوقلار ماڭا تەگمەستىن، تۆگمەن تېشىدەك چوگىلەپ يۈرسۇن. قۇياش بىلەن تولۇن ئاي نۇرىنىڭ مەنبەئى، مەن بەندەڭنىمۇ شۇ نۇردىن بەھرىمەن قىلغىن. تاغنىڭ ئارقىسىدا بىر قەلئە بار، قۇلۇپلاقلىق؛ ئاچقۇچىنى مەن دېڭىزغا تاشلاي، سېھىرگەر ۋە جادىگەرنىڭ، راھىپ - زاھىتلارنىڭ كوزىگە كورۇنمەيدىغان ئالتۇن تېغىنىڭ ئارىسىغا يوشۇر، دېڭىز - ئوكياندىن سۇ قاچمايدۇ، سېرىق قۇم تۆگمەيدۇ، مەن بەندەڭنىمۇ ھېچقانداق بالا-قازا ئېلىپ كەتمىسۇن، ئاتا - بالا ھورمىتى ئۈچۈن، مۇقەددەس روھۇللا ھورمىتى ئۈچۈن ئامىن.

## جەڭ دۇئاسى

دېڭىز - ئوكيان بار، ئول دېڭىز - ئوكياندا ئالتۇن ئاتلىق ئاق تاش بار، ئول ئالتۇن تاشنىڭ ئۈستىدە 39 بوغۇنلۇق تاش ئادەم بار. خۇدايا، مەن بەندەڭگە ۋە مېنىڭ بۇرادەرلىرىمگە كەڭلىكى مەغرىپ بىلەن مەشرىقتەك كېلىدىغان، ئېگىزلىكى يەر بىلەن ئاسماندەك كېلىدىغان تاش ساۋۇت كەيگۈزگەيسەن؛ ئوتكۈر قىلىچ - شەمشەرلەردىن، پولات نەيزە ۋە ئوق - يالاردىن، پىچاقتىن، ئايپالتىدىن، زەمبىرەك ئوقلىرىدىن ئاسرىغايسەن؛ قو-

غۇشۇن ئوقلاردىن ۋە مەرگەن مىلتىقلىرىدىن ساقلىغاي-
سەن؛ بۈركۈت پەرلىرى، ئاققۇ پەرلىرى، غاز ۋە تۇرنا
پەرلىرى، قاغا - قۇزغۇن پەرلىرى قادالغان ھەممە ئوق-
يالاردىن ساقلىغايسەن؛ تۈركلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشلار-
دا، قىرىملىقلار ۋە ئاۋستىرىيىلىكلەر بىلەن جەڭ قىل-
غاندا ئۆزەڭ مەدەت بەرگەيسەن؛ تاتار، لىتۋا، نېمىس
ۋە شىۋىت ياۋلىرىدىن، قالىناقنىڭ زۇلۇمىدىن ئاسرىغاي-
سەن. ئەي ئەۋلىيا - ئەنبىيالار، ئەي پەرىشتىلەر
مەن خۇدانىڭ بەندىسىنى ئۆز پاناھىڭلاردا ساقلاڭلار،
ئامىن.

## ھۇجۇم ۋاقتىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا

ئەي پاك مۇقەددەس ئىگىمىز بۈۋى مەريەم ۋە ئەي
جانابى پەرۋەردىگارىمىز ھەزرىتى ئەيسا، جەڭگە كېتىش-
ۋاقتىدا مەن بەندەڭنى ۋە مەن بىلەن بىر سەپتە كېتىۋات-
قان بۇرادەرلىرىمنى ئاق يوللۇق قىلىپ، ئىلاھى قۇدرى-
تىڭ بىلەن بۇلۇت ئارىسىغا، مۇقەددەس تاش قورغانلى-
رىڭ ئىچىگە ئېلىپ ئامانىدا ساقلىغايسەن، سولۇنلۇق دىمى-
ترىي ھەزرەت، مەن ئاللانىڭ بەندىسىگە ۋە توت ئەترا-
پىمدىكى بۇرادەرلىرىمگە قالقان بولغايسىز؛ ياۋۇز دۈش-
مەن بىزگە ئوقىنى تەككۈزەلمىسۇن، نەيزە سانجىيالمى-
سۇن، ئايپالتا ۋە گۈرزى بىلەن ئۇرالمىسۇن، قىلىچ بى-
لەن چاپالمىسۇن، پىچاق بىلەن زەخىملەندۈرەلمىسۇن،
ئۈمۈت بىلەن ئۇرالمىسۇن؛ دۈشمەنلەرنىڭ ياش ۋە قېرى-
سى، ئاق ۋە قارىسى، مۇرتەد ۋە بىدئەتچىسى، جادىگەر
ۋە دىۋە - پەرىسى بىزگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلمى-
سۇن. مەن يىتىم ئاسى بەندەڭگە پۈتۈن نەرسە ئەمدى ئا-
يان. دېڭىز ۋە ئوكيانىدا، بويان ناملىق ئارالدا تومۇر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

> تۇۋرۇك بار ئىكەن، ئۇشبۇ تۇۋرۇكتە تومۇر ھاسا تۇتقان تومۇر باتۇر تۇرار ئىكەن؛ ئۇ تومۇردىن، پولاتتىن، قەلەيدىن، قوغۇشۇندىن ھەر خىل ئوق ياسايدىكەن. «ئەي تومۇر، سەن مەن خۇدانىڭ بەندىسىدىن ۋە بۇرادەرلىرىمدىن ۋە مېنىڭ ئارغىماق ئېتىمدىن نېرى قاچ، سەن ئۆز ئاناڭ — تۇپراقنىڭ قوينىغا كىرگىن، نەيزىنىڭ ساپلىرى ئورمانغا قايتسۇن، قادالغان پەرلەر ئۆز ئانىسى — قۇشلارغا قوشۇلسۇن، يىلىم بېلىققا چاپلاشسۇن». مەن خۇدانىڭ بەندىسىنى ئالتۇن قالقانقىلىچنىڭ زەربىسىدىن، مىلتىق، زەمبىرەك ئوقىدىن، نەيزىدىن، پىچاقتىن ساقلىسۇن، بەدىنىم ساۋۇتتىنمۇ مۇستەھكەم بولسۇن، ئامىن.

كازاكلار كوچۇرۇۋالغان دۇئالارنى كوينىكىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ يولغا چۇشتى. ئۇلار بۇ دۇئالارنى كىرىست باغلىرىغا، ئانىلىرى تىكىپ قويغان تۇمارنىڭ بۇرجىكىگە، تۇغۇلغان يۇرتىنىڭ تەۋەرۇك تۇپىسى سېلىنغان لاتىلارغا چىگىپ قويۇشتى. ئەمما ئەجەل دۇئا ئېيتىپ يۇرگەنلەرنىمۇ ئاياپ قويمىدى.

گالىتسىيە ۋە شەرقىي پرۇسسىيە داللىرىدا، كارپات تاغلىرىدا ۋە رۇمىنىيىدە، — ئۇرۇش ئوتى يالقۇنلىغان ۋە كازاك ئاتلىرىنىڭ تۇياق ئىزى قالغان بارلىق يەرلەردە كازاكلارنىڭ جەسەتلىرى قالدى.

# 7

ئادەتتە دون ئولكىسىنىڭ يۇقۇرى تەرەپلىرىگە جايلاشقان يېلانىسكايا، ۋېشېنىسكايا، مىگۇلىنىسكايا ۋە كازانىسكايا يېزا بازارلىرىنىڭ كازاكلىرىنى 11 -، 12 - ئارمىيە كازاك پولكلىرىغا، شۇنىڭدەك ئىمتىيازلىق ھەربى قىسىم ھېساپلانغان ئاتامان پولكىغا ئەسكەرلىككە ئالاتتى.

ئەمما 1914 - يىلى، ھەقىقى ھەربى خىزمەتكە چاقىرىلغان ۋېشېنىسكايالىق كازاكلارنىڭ بىر قىسمىنى نىمىشقىدۇر ئۇست - مېدۋېدىسىتكايا ۋىلايىتى كازاكلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان يېرماك تىمۇفېيېۋىچ نامىدىكى 3 - دون كازاك پولكىغا قوشۇۋەتكەن ئىدى. باشقىلار قاتارىدا مىتكا كورشۇنوپمۇ مۇشۇ 3 - پولكقا تەقسىم قىلىنىپ قالدى.

3 - ئاتلىق دىۋىزىيىنىڭ بەزى قىسىملىرى بىلەن بىللە بۇ پولكمۇ ۋىلنو شەھىرىدە تۇراتتى. ئىيۇن ئېيىدا كازاكلار شەھەردىن يايلاققا چىقىشتى.

يازنىڭ ھاۋا ئىسسىق، بۇلۇتلۇق بىر كۈنى، ئاسماندا بۇلۇتلار توپ - توپ بولۇپ ئۈزۈپ، قۇياشنىڭ يۈزىنى توسىۋالغان ئىدى. پولك ھەربى يۈرۈش تەرتىۋى بويىچە يولدا كېتىۋاتاتتى. دوخوۋوي ئوركېستىر ياڭرايتتى. يازلىق فۇراژكا ۋە يالاڭ كىيىنگەن جانابى ئوفىتسېرلەر بىر توپ بولۇپ مېڭىشقان ئىدى، ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدە كوكۇش تاماكا تۈتۈنلىرى ئۈزۈپ يۈرەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئەر كىشىلەر ۋە ياسىنىۋالغان ئاياللار ئوت ئورۇۋاتاتتى، ئۇلار ئالقىنىنى كوزىگە تۇتۇپ قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان كازاكلارغا قارايتتى.

ئاتلار خېلىلا تەرلىگەن، چاترىغىنى ساغۇچ كوپۇك باسقان، شەرقىي، جەنۇپتىن چىققان يۇمشاق شامال تەرنى قۇرۇتۇش ئۇيااقتا تۇرسۇن، دىمىق ھاۋانى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇراتتى.

يول يېرىملاشقاندا، بىر كىچىك يېزىنىڭ يېنىدا 5 ـ بولۇنمىگە بىر قولۇن ئەگىشىۋالدى، ئۇ يېزىنىڭ چېتىدىكى بىر كوچىدىن چېپىپ چىقتى ـ دە، زىچ ئۇتۇپ كېتىۋاتقان ئاتلارنى كورۇپ، بىر كىشنەش بىلەن يولنى كېسىپ ئوتتى، يۇمران تۇك باسقان قۇيرۇغى بىر تەرەپكە قىيشايغان، ئۇنىڭ نازۇك چىرايلىق تۇياقلىرى ئاستىدىن چىققان چاڭ دەسسىلىپ كەتكەن يېشىل مايسىلارغا قوناتتى. تايچاق ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ۋىزۋوتقا چېپىپ باردى ـ دە، تۇمشۇغىنى سوزۇپ، ۋاخمىستىر مىنگەن ئاتنىڭ چاترىغىنى پۇراشقا باشلىدى. ئات چىچاڭشىپ قويدى ـ يۇ، ئەمما تايچاقنى ئايىغان بولسا كېرەك، تەپمىدى.

— چۇ، ئەخمەق! — ۋاخمىستىر قامچىسىنى شىلتىدى.

كازاكلار قولۇننىڭ چىرايلىق قىلىقلىرىنى كورگەندە ئائىلە ھاياتى ئېسىگە چۇشۇپ، خوشال بولۇشتى ـ دە، پاراقىدە كۇلۇشتى، شۇ ئارىدا كۇتۇلمىگەن بىر ئەھۋال يۇز بەردى: قولۇن ھەددىدىن ئېشىپ، ۋىزۋوت سەپلىرى ئارىسىغا قىسىلىپ كىرىۋالدى، قاتار سەپ بولۇپ كېلىۋاتقان ۋىزۋوتنىڭ تەرتىۋى بۇزۇلۇپ، ئىككىگە بولۇنۇپ كەتتى. كازاكلارنىڭ چۇ ـ چۇ دېيىشى بىلەن ئاتلار تەمتىرەپ قالدى. ئاتلار-

نىڭ ئارىسىدا قىسىلىپ قالغان تايچاق يېنىچە مېڭىپ، قېشىدىكى ئاتنى چىشلەشكە ئۇرۇناتتى.
يۈز بېشى ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى.
— بۇ نېمە ئىش؟
بەگۋاش تايچاق كىرىپ قالغان جايدىكى ئاتلار ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، پىشقىرىشاتتى، كازاكلار كۇلۇشۇپ،قامچىلايتتى؛ ۋىزۇوتنىڭ قاتارى بۇزۇلۇپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ باشلاندى؛ ئارقىدا كېلىۋاتـقـانلار قىستىلىشىپ بىر بىرىنى ئىتتىرىشەتتى؛ ۋىزۇوت ئـوفىتسېرى ئارقىدىن قەھرى بىلەن ئات چاپتۇرۇپ كەلدى.
— نېمە گەپ؟ — دەپ ۋاقىرىدى يۈز بېشى غـۇژمەك بولۇپ قالغان كازاكلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ.
— ماۋۇ تايچاق...
— ئارىمىزغا كىرىپ قالدى ...
— ھەيدىسەڭ، ھىچ كەتمەيدۇ شەيتان! ...
— قامچا بىلەن ئۇرمامسەن! نېمىسنى ئايايسەن؟
كازاكلار ئوڭايسىزلىنىپ ھىجىيىشتى، قىزىپ كەتكەن ئاتلارنىڭ تىزگىنىنى تارتىشتى.
— ۋاخمىستىر! جانابى يۈز بېشى، بـۇ قـانداق دىگەن گەپ؟ ۋىزۇودىڭىزنى دەرھال تەرتىپكە سېلىڭ. مانا شۇ ئىش ئازلىق قىلاتتى!...
يۈز بېشى ئات چاپتۇرۇپ يان تەرەپكە چىقتى، ئـۇنىڭ ئېتى پۇتلىشىپ كەتتى - دە، يولنىڭ چېتىدىكى ئېرىققا ئارقا پۇتى چـۇشۇپ قـالدى. يـۈز بېشى شىپورلىرى بىلەن ئېتىنى نىختاپ، ئېرىقنىڭ نېرىقى تەرىپىگە، ياۋا ئوت باسقاندوڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالدى. يىراقتا بىر توپ ئوفىتسېرلەر توختاپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى

تۇرۇشتى. قوشۇن ستارشىناسى بېشىنى ئارقىسىغا قىلىپ، سۇ-داندىن سۇ ئىچىۋېتىپ، بىر قولى بىلەن نەقىشدار ئىگەر قېشىنى سىلايتتى.

ۋاخمىستىر تايچاقنى ئاغزىغا كەلگەننى تىللاپ ۋىزۋوت-نىڭ ئارىسىدىن ھەيدەپچىقاردى.ۋىزۋوت يەنە يىغلىپ ماڭدى. 150 جۈپ كوز، ئۆزەگىدە ئورە تۇرۇرۋالغان ۋاخمىستىرنىڭ تايچاقنى قوغلىشىغا قاراپ تۇرۇشاتتى. تايچاق بولسا، بىردەم تېزەك چاپلىشىپ قالغان يېنى بىلەن ۋاخمىستىرنىڭ ئېتىغا سۈۋۈشۈپ تۇرۇۋالاتتى، بىردەم قۇيرۇغىنى خادا قىلىپ ئويناق-شىپ قېچىپ كېتەتتى، ۋاخمىستىر پەيتىنى تېپىپ دۇمبىسىگە تازا بىر سالاي دېسمۇ، ھېچ ئىلاجىنى قىلالمىدى.قامچا پەقەت قۇيرۇغىغىلا تېگەتتى. قامچا تەككەن ھامان قۇيرۇغى پەسكە چۈشەتتى، ئەمما بىردەمدىن كېيىن يەنە دىڭگىيىپ شامالدا يەلپۈنەتتى.

بولۇنمىدىكى ھەممە كازاكلار كۈلۈشتى، ئوفىتسېرلەرمۇ كۈلۈشتى.

مىتكا كورشۇنوپ، ۋېشېنسكايا بازىرىغا قاراشلىق كارگىن يېزىسىدىن كەلگەن مىخائىل ئىۋانكوپ ۋە ئۇست ـ خوپېر دىگەن يەردىن كەلگەن كوزما كرىيوچكوپ ئۈچەيلەن ئەڭ ئالدىدا ماڭغان ۋىزۋوتنىڭ ئۈچىنچى قاتارىدا بىللە مېڭىشقان ئىدى. يۈزى ناغرىدەك، يەلكىسى كەڭ ئىۋانكوپ ئۈنچىقمايتتى، ئەمما «توگە» دەپ لەقىمى بار، يۈزى بىر ئاز چوقۇر، دۇمچەك كازاك كرىيوچكوپ ھەدەپ مىتكىنىڭ چىشىغا تېگەتتى. كىر-يوچكوپ «گونا» كازاك، يەنى ھەقىقى ھەربىي خىزمەتنىڭ ئاخىر-قى يىلىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان كازاك ئىدى؛ پولكنىڭ رەسمىي يېزىلمىغان قانۇنىغا بىنائەن، باشقا ھەر قانداق «گونا» كازاكقا

ئوخشاش، كىرىيوچكوپمۇ يېڭىدىن ئەسكەرلىككە ئېلىنغان ياش كازاكلارنى يۇگۇرتۇشكە، مەشق قىلدۇرۇشقا، ئەرزىمىگەن ئۇششاق ـ چۈشەك ئىش ئۈچۈن ئۇرۇشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. شۇنداق تەرتىپ ئورنىتىلغان ئىدىكى، ئەگەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغان كازاك 1913 ـ يىلى ئەسكەرلىككە ئېلىنغان بولسا، 13 دەرە، 1914 ـ يىلى ئەسكەرلىككە ئېلىنغان بولسا — 14 دەرە ئۇرۇلاتتى. ۋاخمىستىرلەر ۋە ئوفىتسېرلەر بۇ قائىدىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىشەتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، چوڭلارنى يالغۇز مەنسەپ-دەرىجىسىگە قاراپلا ئەمەس، بەلكى ياش قۇرامىغىمۇ قاراپ ھۆرمەت قىلىش كېرەك دەيدىغان چۈشەنچىنى كازاكلارغا سىڭ-دۇرۇش لازىم ئىدى.

يېقىندا يېفرېيتورلۇق دەرىجىگە ئىگە بولغان ئەسكەر كىريوچكوپ ئىگەرنىڭ ئۈستىدە مۈكچىيىپ، قانىتى سۇنغان قۇشتەك ئىككى مۈرىسىنى قىسىپ ئولتۇراتتى، ئۇ كوزلىرىنى چىمىلدىتىپ ئاسماندىكى سۈررەڭ بولۇت پارچىلىرىغا قارايتتى، ئاۋازىنى مۈشۈ بولۇنمىنىڭ كوماندىرى ياساۋۇل پوپوپقا ئوخ-شاش چىقىرىپ، مىتكىدىن سوئال سورىدى:

— ھەي ... مەگە ئەيتقىنە، كەرشۇنوپ، بەزىنىڭ كەمەن-دىرىمىزنىڭ ئىسمى نەمە؟

ئۆزىنىڭ بوينى قاتتىقلىغى ۋە تەرسالىقى تۇپەيلى بىر نەچچە قېتىم تاياق يېگەن مىتكا يۈزىگە ھۆرمەت قىلىش تۇسىنى بېرىپ:

— ئىسمى ياساۋۇل، جانابى پىشقەدەم كازاك! — دىدى.

— نەمە؟

— ياساۋۇل پوپوپ، جانابى پىشقەدەم كازاك!

— مەن بۇنە سورەۋەتقەنىم يوق. مەگە كەزەكلەر قويغەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەقەمەنى ئەيتىپ بەر!

ئىۋانكوپ «ھىزى بول» دىگەندەك قىلىپ، مىتكىغا كۆز قىسىپ، ئاغزىنى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ كۆلۈپ قويىدى. مىتكا ئارقىسىغا قايرىلىپ قاراپ، ئاتلىق كېلىۋاتقان ياساۋۇل پوپوپنى كورۇپ قالدى.

— خوش، جەۋەپ بەر!

— ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى ياساۋۇل پوپوپ، جانابى پىشقەدەم كازاك.

— 14 تەيەق! قەنى ئەيت، ھەيۋان!

— بىلمەيمەن، جانابى پىشقەدەم كازاك.

كىريوچكوپ ئاۋازىنى تۈزەپ:

— قېنى يايلاقتا چىقايلى، شۇ چاغدا ئەدەۋىڭنى بەرمىسەم! ياخشىلىقچە سوئالغا جاۋاپ بەر! — دىدى.

— بىلمەيمەن.

— سەن ئەبلەخ كىشىلەرنىڭ ئۈنىڭغا قانداق لەقەم قويغانلىغىنى تېخى بىلمەمسەن؟

مىتكا ئارقا تەرەپتىن ياساۋۇلنىڭ ئېتى ئاستا قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتقانلىغىنى ئاڭلاپ، ئۈندىمەيتتى.

— خوش؟ — كىريوچكوپ قاشلىرىنى غەزەپ بىلەن تۈردى.

ئارقىدىكىلەر پىخىلداپ كۆلۈپ تاشلىدى. كىريوچكوپ ئۈلارنىڭ ئىمىشقا كۆلگەنلىگىنى چۈشىنەلمەي، ئۇزىگە ئالدىدە، دۇدۇقۇپ:

— كورشۇنوپ، بىلىپ قوي!... يايلاقتا چىققاندىن كېيىن 50 دەررە ئۇرغۇزىمەن! — دىدى.

مىتكا مۇرىسىنى قىسىپ، ئاخىر، ئېيتىشقا مەجبۇربولدى.

— قارا تۈلكە!
— ھە، مانا شۇنى سورىغان ئىدىم.
— كىر - يۇ - چكو - پ! — ئارقىسىدىن بىرسى قىچقىرىپ قالدى.

جانابى پىشقەدەم كازاك چوچۇپ كېتىپ، ئىگەرنىڭ ئۈستىدە تارشىدەك قېتىپ قالدى.

— سەن ئەبلەخ بۇ يەردە نەمەنى ئويلاپ چىقىرىۋاتىسەن؟ — دېدى ياساۋۇل پوپۇپ ئېتىنى كىريوچكوپنىڭ ئېتىغا ياندىشتۇرۇپ، — سەن يەش كەزەككە ئەشۇندەق تەلىم بېرەمسەن؟

كىريوچكوپ پىت كوزلىرىنى ھەدەپ چىمىلدىتاتتى، ئىككى مەڭزى چىلاندەك قىزىرىپ كەتتى. ئارقىدىكى كازاكلار قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى.

— مېن ئوتكەن يىلى سەڭە نەمە دەپ تەلىم بېرگەن ئىدىم؟ كەمىنىڭ تۇمشۇغىغە ئۇرۇپ مەنو تىرنەقنى سۇندۇرغەن ئىدىم؟ ... — ياساۋۇل چىمچىلىغىنىڭ ئۇزۇن ۋە ئوتكۇر تىرنىغىنى كىريوچكوپنىڭ بۇرنىغا سانچىدى - دە، بۇرۇتىنى تىترىتىۋەتتى. — مۇندىن كېيىن مۇندەق سوزنى ئاڭلىمەغەنىم تۈزۈك! چۈشەندىڭمۇ بورەدىر ئەزىز؟

— چۈشەندىم، جانابى ئالىلىرى، چۈشەندىم!

ياساۋۇل ئاستا چەتكە ئوتتى - دە، ئېتىنى توختىتىپ، كازاكلارنى ئوتكۈزۈۋەتتى. 4 - ۋە 5 - بولۇنمە كازاكلىرى ئېتىنى يورغىلىتىپ كېتىشتى.

— بولۇنمە، تېزرەك مەڭ!...

كىريوچكوپ يەلكە تاسمىسىنى ئوڭلاپ، ئارقىدا قالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياساۋۇلغا بۇرۇلۇپ قارىدى ـ دە، نەيزىسىنى تىك تۇتۇپ، تەل-ۋىلەرچە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— تۈلكىلىگى مانا شۇ ئەمەسمۇ! نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى.

كۈلكىدىن ھەممە يېرى تەرلەپ كەتكەن ئىۋانكوپ مۇ-نۇنى سوزلەپ بەردى:

— ئۇ باياتىن ئارقىمىزدىن كېلىۋاتاتتى. ھەممىنى ئاڭ-لىۋاپتۇ. گەپ كىمنىڭ ئۈستىدە بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىۋالغان.

— ماڭا كوز قىسىپ، ئاگاھلاندۇرۇپ قويساڭ بولماسمى-دى، ئەخمەق!

— ماڭا نىمە زورۇرىيىتى بار؟

— زورۇرىيىتى يوقمۇ؟ ئالدىرىماي تۇر، يالىڭاچلاپ 14 دەرە ئۇرىمەن!

كازاكلار شۇ ئەتراپتىكى پومىششىكلارنىڭ قورغانلىرىغا ئورۇنلاشتى. كۈندۈزى پومىششىكلارنىڭ بىدىسىنى ۋە ئوت-چوپلىرىنى ئورۇشۇپ بەردى، كېچىسى ئۆزلىرىگە ئاجرىتىلغان يەرلەردىكى ئېگىزلىقتا ئاتلىرىنىڭ پۇتىنى چۇشەپ بېقىشاتتى، كۆلخان يورۇغىدا قارتا ئوينىشاتتى، چوچەك ئېيتىشاتتى، بول-مىغۇر چاقچاقلارنى قىلىشاتتى.

6 ـ بولۇنمە شىنەيدېر دىگەنچوڭ بىر پولەك پومىششىك-نىڭ يېرىدە ئىشلەيتتى. ئوفىتسېرلىدر ئەڭ چەتتىكى ئويىدە تۇرۇشاتتى، قارتا ئوينىشاتتى، هاراق ئىچىشەتتى، غوجىدارنىڭ قىزىغا ساقال تاشلىشاتتى. كازاكلار قورغاندىن ئۈچ چاقىرىم نېرىدا چېدىر تىكىپ، ئورۇنلاشقان ئىدى. ھەر كۈنى ئەتى-گەندە غوجىدار تېز ماڭىدىغان توت چاقلىق يېنىك هارۋىغا ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلەتتى، بۇ يوغان قوساق هورمەت-

لىك ئاقسوڭەك ئۇيۇشۇپ قالغان سېمىز پۇتلىرىنى سىلاشتۇرۇپ هارۋىدىن چۈشەتتى، ئاندىن قاپ - قارا پاقىراپ تۇرىدىغان خۇرۇم كوزىركىلىق ئاق شەپكىسىنى قولىدا سىلىكىپ تۇرۇپ «كازاكلار»دىن هال سورايتتى.

— قېنى، بىزنىڭ قاتارىمىزغا كىرىپ ئوت ئۇر، پان جاناپلىرى!

— بەدىنىڭدىكى ياغ ئېرىسۇن!

— چالغىنى قولۇڭغا ئال، بولمىسا پالەچ بولۇپ قالىسەن!... — دەپ تووۋلىشاتتى ئاق كوينەك كىيگەن كازاكلار.

پان جاناپلىرى سالماقلىق بىلەن هېجىيىپ، تورجىيەك تۇتقان قولياغلىقى بىلەن تاقىر بېشىنى ئەرتەتتى، ئاندىن ۋاخمىستىرنى ئېلىپ ئوت ئورۇۋېدىغان يېڭى يەرلەرنى كورسىتىش ئۇچۇن كېتەتتى.

چۈش ۋاقتىدا سەييارە تاماق هارۋىسى كېلەتتى. كازاكلار يۇيۇنۇپ بولۇپ، تاماق ئېلىشقا كېلىشەتتى.

ئۇنچىقماي تاماق يېيىشەتتى، ئەمما تاماقتىن كېيىنكى يېرىم سائەتلىك دەم ئېلىش ۋاقتىدا پاراڭ قىزىپ كېتەتتى.

— بۇ يەرنىڭ ئوت - چوپى ياخشى ئەمەسكەن. بىزنىڭ قىر ئوتىغا يەتمەيدۇ!

— بوغۇز بولغىدەك ئوت يوق ئىكەن.

— بىزنىڭ دوندا هازىر ئوت ئورۇلۇپ بولدى.

— بىزمۇ پات ئارىدا تۈگىتىمىز، تۈنۈگۈن يېڭى ئاي چىقتى، ئەمدى هول - يېغىن باشلىنىدۇ.

— تولىمۇ پىخسىق پولەك ئىكەن، ئەمگەك هەققىمىزگە هېچبولمىغاندا يېرىم شىشە بىر نەرسە كەلسە بولاتتى.

— ئوه - هۇ! ئۇ بىر شىشە ئۇچۇن ئىمانىنى ساتىدۇ ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ۋاي بۇرادەرلەر، ئادەم بىيىغانىسىرى پىخسىق بولىدۇ، دىگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟

— بۇنى پادىشادىن سورا.

— پومىششىكنىڭ قىزىنى كىم كوردى؟

— ھە، نىمە بوپتۇ؟

— تازا سىمىز قىز ئىكەن!

— بورداقمىكەن؟

— ھە - ھە ...

— راستمۇ - يالغانمۇ، ئۇنىڭغا پادىشا ئۇرۇقلىرىدىن بىرسى ساۋچى ئەۋەتىپتۇ، دىيىشىدۇ.

بۇنداق لوق گوش ئاددى پۇقراغا تىگەمدۇ؟

— بالىلار، ئاۋۇ كۈنى مەن بىر گەپ ئاڭلاپ قالدىم، ئالى ھەزرەت بىزنى كورەكتىن ئوتكۈزەرمىش ...

— مۇشۇكنىڭ قىلىدىغان ئىشى بولمىسا ...

— ھاي، ئاغزىڭغا قاراپ سوزلە، تاراس!

— بىر چەكتۇرۇپ قويامسەن؟

— بىراۋنىڭكىگە بەك ئامراقسەن - ھە، شەيتان، ئۇزۇن قوللۇرۇڭ بىلەن چىركاۋنىڭ بوسۇغىسىدا تىلەمچىلىك قىلساڭمۇ بولىدۇ!

— قاراڭلار، ئاغىنىلار، فىدوتكا راسا شورايدۇ، ئەمما تۇتۇنى پەقەت چىقمايدۇ.

— يالغۇز كۇلى قاپتۇ.

— كوزۇڭنى يوغانراق ئاچ، بۇرادەر، تاماكاڭدا بىر ئوچاق چوغ تۇرۇپتۇ.

كازاكلار دۇم يىتىپ، تاماكا چىكىشەتتى. دۇمبىسى ئاپتاپتا كويۇپ، قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. چەترەك بىر يەردە

«پىشقەدەم» كازاكلاردىن 5 كىشى ياشلاردىن بىرسىنى ئۇتتۇرىـ
غا ئېلىپ گەپكە سالاتتى!

— سەن قايسى بازاردىن؟

— يېلانىسكايادىن.

— ئۇچكىلەردىن ئىكەنسەن - دە؟

— ھە، شۇنداق.

— سىلەر تۈزنى نىمە بىلەن توشۇيسىلەر؟

ئېرىراقتا يوپۇقنىڭ ئۈستىدە ياتقان كوزە اكىريوچكوپ،
ۋېرىكىپ، نىمە قىلىشنى بىلمەي، شالاڭ بۇرۇتلىرىنى بارمىغىـ
غا يوگەيتتى.

— ئاتقا ئارتىپ توشۇيمىز.

— يەنە نىمە بىلەن توشۇيسىلەر؟

— ئۆكۈز بىلەن.

— خوش، تاران بېلىغىنى قىرىمدىن نىمىنىڭ ئۈستىگە
ئارتىپ ئېلىپ كېلىدۇ؟ ھىلىقى دۇمبىسىدە لوكىسى بار، يانتاق
يەيدىغان مەخلۇقنى نىمە دەپ ئاتايدۇ؟

— توگە.

— ئوھ - ھۇ، خا - خا - خا!

كىريوچكوپ خوشياقماسلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى -
دە، كىكىرتىگى پولتىيىپ چىققان ساغۇچ بويىنىنى سوزۇپ، تو-
گىدەك لوكىلداپ مېڭىپ، كەمىرىنى يەشتى:

— يات!

ئاجايىپ ئىيۇن ئېيىنىڭ كۆكۈم ئاخشاملىرىدا، ئېتىزلىقـ
تا كازاكلار گۈلخان ئەتراپىدا ناخشا ئېيتىشاتتى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەپەر قىلدى بىر غاز
ياقا يۇرتقا ئات مىنىپ،
ئۆز يۇرتىنى تاشلىدى.

زىل ئاۋاز كۈمۈشتەك جاراڭلاپ چىقىدۇ، باس ئاۋازلارنىڭ مۇڭلۇق ساداسى كىشىنىڭ پىغانىنى كەلتۈرىدۇ.

مەڭگۈ كەلمەس ئۇ يېنىپ.

زىل ئاۋاز بارغانسېرى يۇقىرى كۆتىرىلىپ ئەۋجىگە چىقىدۇ:

ياش ئايىلى سەھەر - شام
كوز تىكىدۇ شىمالغا.
قاچان كېلەر شۇنقارىم؟—
دەيدۇ چومۇپ خىيالغا.

بىر مۇنچىلىغان ئاۋاز ناخشىغا قوشۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ناخشا جانلىنىپ، ھەممىنى كۈچلۈك پەۋدەك شىركەيىپ قىلىدۇ.

تاغ كەينىدە، سوغاقتا
چىقىرايدۇ شىۋىرغان.
غازلارنىڭ سوڭگى
قارلىق ئورماندا قالغان.

بۇ ناخشا غازلار ھاياتىنى تەسۋىرلەيدىغان ئاددى بىر ۋەقەنى ھىكايە قىلىدۇ. زىل ئاۋازلىق يەككە ناخشا ئېيتىدىغان غاز ئاپرېل ئېيىنىڭ ئىللىق كۈنلىرىدە ھاۋادا موللاق ئېتىپ سايراۋاتقان تورغايدەك ناۋا قىلىدۇ:

غاز قىلار ۋەسىيەت:
«قەۋرەم ئىگىزدە بولسۇن.

باس ئاۋازلار ئۈنىڭغا قوشۇلۇپ، كىشىنىڭ يىغانىنى قوزغايدۇ.

كالىنا چېچەك ئېچىپ،
ئەتراپى گۈلگە تولسۇن».

ئادەم ئازراق يىغلىغان يەنە بىر گۈلخاندىن باشقا بىر ناخشا توۋلىناتتى:

شوخ دېڭىزدىن، ئازوپتىن
كېمە كېلەر دون تامان.
ئوز ئويىگە قايتماقتا
نەۋقىران بىر ئاتامان.

سەل نېرىراقتىكى ئۈچىنچى گۈلخانىنىڭ ئالدىدا بولۇنمىدىكى ئەڭ گەپدان بىر كازاك تۈتۈندە يوتىلىپ، گەپ ياساپ چوچەك ئېيتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ چوچىكىنى ھەممەيلەن بېرىلىپ ئاڭلايتتى، پەقەت ئاندا - ساندىلا، ھىكايە قەھرىمانى دىۋە - پەرىلەرگە ھىلە ئىشلىتىپ، مۈشكۈل ئەھۋالدىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ چىققان چاغلاردىلا بىرەر كازاك زوقلىنىپ كېتىپ ئوتۈگىنىڭ قونچىغا ئۇرۇپ قوياتتى - دە، ئالقىنى ئوتىنىڭ شولىسىدا يالت - يۇلت قىلىپ كېتەتتى، تۈتۈندىن ئاۋازى بوغۇلۇپ كەتكەن بىرسى يوتەلگىنىگە قارىماستىن، ھاياجانلىنىپ:

— ھاي - ھاي، تازا باپلاپتۇ - دە، ئاپىرىن! — دەيتتى.

چوچەك ئېيتقۇچىنىڭ ئاۋازى شىرىلداپ ئاققان سۇدەك يەنە داۋام قىلاتتى...

... پولك يايلاقتا چىقىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياساۋۇل پوپوپ بولۇنمىنىڭ تاقىچىسى بىلەنۋاخمىستىرنى ئالـ دىغا چاقىردى.

ئاتلەر قەندەق تۇرۇۋاتىدۇ؟ ــ دەپ سورىدى ۋاخمىستىردىن.

ــ يامان ئەمەس، جانابى ئالىلىرى، ھەتتا ناھايىتى كۆڭۈلدىكىدەك. دۈمبىسىدە تۇخۇم توختايدۇ، ھەممىسى تازا تۈزۈلۈپ كېلىۋاتىدۇ.

ياساۋۇل قاپ ـ قارا بۇرۇتىنى تولغاپ، ئىككى ئۇچىنى دىڭگايتىپ قويدى (شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا قارا تۇلكە لەقىمى قويۇلغان ئىدى).

ــ پولك كەمەندىرىدىن بۇيرۇق بار. ئۇزەڭگى بىلەن يۈگەنلەرگە پارقىراق پەداز بېرىلسۇن. ھېبزىرىتى ئالىلىرى پولكنە كورەكتىن ئۆتكەزەر ئىكەن، ھەممە نەرسە پارقىراپ تۇرسۇن: ئىگەر ـ جەبدۇق، قەلغەن ھەممە نەرسە. كەزەكلەرنى كورگەن ئەدەم قەيىل قەلەدىغان بولسۇن. خوش، بۇرەدەرىم، قەچەن تەييەر بولىدۇ؟

ۋاخمىستىر تاقىچىغا، تاقىچى ۋاخمىستىرغا قارىدى. ئاندىن ئىككىلىسى ياساۋۇلغا قاراشتى.

ۋاخمىستىر ئېھتىرام بىلەن:

ــ يەكشەنبە كۈنگىچە تەييار بولۇپقالار،جانابى ئالى!ــ دىدى ـ دە، تاماكا تۈتۈنىدىن سارغىيىپ كەتكەن بۇرۇتىنى سىلاپ قويدى.

ــ كېيىم قۇلەغىڭدە بولسۇن جۇمۇ! ــ ياساۋۇل جىددى ئاگاھلاندۇردى.

شۇ سوزدىن كېيىن ۋاخمىستىر بىلەن تاقىچى كېتىشتى. شۇكۈندىن باشلاپ پادىشا قاتنىشىدىغان ئەڭ ئالى

كورەككە تەييارلىق باشلاندى. كارگىنلىق تاقىچىنىڭ ئوغلى مىخائىل ئىۋانكوپ تاقىچىلىقنى بىلەتتى، ئۇ ئۆزەڭگە بىلەن يۇگەنلەرگە پەداز بېرىشكە ياردەملەشتى، قالغان كازاكلارمۇ ئات قاشلاش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغاندىن تاشقىرى تىزگىن تاسمىلىرىنى تازىلىشاتتى، ئات جابدۇقلىرىنىڭ مىس نوقىلىرىنى خىش بىلەن ئاقارتاتتى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن پۈتۈن پولك يېڭى چىققان تەگ- گىدەك پاقىراپ كەتتى، ئاتنىڭ تۇياقلىرىدىن تارتىپ تاكى كازاكلارنىڭ يۈز - كوزلىرىگىچە ھەممە نەرسە يالتىرايتتى. شەنبە كۈنى پولك كوماندىرى پولكۇنىك گىرېكوپ پولكنى كوزدىن كەچۈرۈپ چىقتى - دە، تەييارلىقنىڭ ئەستايىدىل بولغانلىقى ۋە كازاكلارنىڭ مەردانە قىياپەتكە كىرگەنلىكى ئۈچۈن جانابى ئوفىتسېرلەرگە ۋە بارلىق كازاكلارغا تەشەككۈر بىلدۈردى.

ئىيۇل كۈنلىرى كالۋا يېپتەك چۇۋۇلۇپ ئوتەتتى. يەم - خەشەك كوپ بولغانلىقتىن كازاكلارنىڭ ئاتلىرى سەمرىپ كەتكەن، پەقەت كازاكلارلا ئوپۇر - توپۇر بولۇشۇپ، ھەرخىل پەرەزلەر بىلەن قىينىلاتتى؛ ئالى كورەكتىن ھېچبىر خەۋەر بولمىدى... بىر ھەپتە ۋاقىت گۈلدۈر - تاراق سوزلەر، قاتتىلاگچىلىق، تەييارلىق بىلەن ئوتۇپ كەتتى، توساتتىن ئوگزىدىن تارشا چۈشكەندەك: «ۋىلنوغا ئاتلىنىلسۇن» دېگەن بىر بۇيرۇق كېلىپ قالدى.

كەچقۇرۇن ۋىلنوغا يېتىپ بېرىشتى. شۇچاغدا: كازاكلار ئوزىنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ھەربىي ئامبار ساندۇقلىرىغا قاچىلىسۇن، ھەر ئېھتىمالغا قارشى يولغا چىقىشقا تەييار بولۇشسۇن، دېگەن ئىككىنچى بىر بۇيرۇقمۇ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىش

— جانابى ئالىيلىرى، بۇنىڭ سەۋەبى نىمە؟ — دەپ سوراشقا مەجبۇر بولدى، ئۇھ دىگۇچىلىگى قالمىغان كازاكلار ۋىزۋوت ئوفىتسېرلىرىدىن ھەقىقى ئەھۋالنى بىلمەكچى بولۇپ.

ئوفىتسېرلەر ئىككى مۇرىسىنى قىسىپ قويۇشاتتى، ئۇلار ئۆزلىرىمۇ بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر ئىدى.

— بىلمەيمەن.

— پادىشانىڭ ھوزۇرىدا مائىۋىر بولامدۇ؟

— ھازىرچە مەلۇم ئەمەس.

ئوفىتسېرلەرنىڭ جاۋابىدىن كازاكلارنىڭ كوڭلى ئازراقلا تەسكىن تاپتى. 19 - ئىيۇل كۈنى كەچكە يېقىن پولك كوماندىرىنىڭ چاپارمىنى ئات ئېغىلىدا نوۋەتچىلىك قىلىۋاتقان دوستى — ئالتىنچى بولۇمدىكى كازاك مىرخىننىڭ قۇلىغىغا پىچىرلاپ:

— ئۇرۇش باشلاندى، تاغا!— دىدى.

— يالغان!

— خۇدا بەرھەق، ئاغزىڭدىن چىقارما!

ئەتىسى ئەتىگەن پولك دىۋىزىيە تەرتىۋى بويىچە سەپكە تىزىلدى. ھەربى قىسىملار جايلاشقان بىنا دەرىزىلىرىنىڭ چاك باسقان ئەينەكلىرى خىرە پارقىراپ تۇراتتى. ئاتلىق سەپ بولۇپ تۇرغان پۈتۈن پولك كوماندىرنى كۈتتى.

— 6 بولۇمنىڭ ئالدىدا — نەسىللىك سەرخىل ئاتقا مىنگەن ياساۋۇل پوپوپئاق پەلەي كىيگەن سول قولى بىلەن تىزگىننى مەھكەم تارتىپ تۇراتتى، ئارغىماق بېشىنى قايرىپ، بويىنىنى غازدەك ئېگىپ، تۇمشۇغىنى كوكرەك تاسمىسىغا تىقىپ مۇسكۇللىرىنى قاشلايتتى.

گازارما بىناسىنىڭ بۇرجىكىدىن پولكوۋنىك چىقىپ كەل-

دى. ئۇ، ئېتىنى سەپ ئالدىدا يېنىچە توختاتتى، ئۇنىڭ مۇلازىمى نازاكەت بىلەن چىمچىلىغىنى پۈكۈپ، يانچۇغىدىن قولياغلىقىنى ئالدى، ئەمما بۇرنىنى قېقىشقا ئۈلگۈرەلمىدى، پولكوۋنىك جىمجىتلىقنى بۇزۇپ:

— كازاكلار!... — دېدى - دە، ھەممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

«مانا قاراڭ»، — دەپ ئويلىشاتتى سەۋرى - تاقىتى قالمىغان كازاكلار، مىتكا كورشۇنوپ تىپىرلاپ جىم تۇرمىغان ئېتىنى ئۆتۈگىنىڭ پاشىنىسى بىلەن نىختاپ، ئاچچىقلىنىپ قويدى، ئۇنىڭ يېنىدا ئىگەرگە مەھكەم چاپلىشىپ ئولتۇرغان ئىۋانكوپ ھوڭگۈل چىش، كېلەڭسىز ئاغزىنى ئېچىپ، ھەيرانلىق بىلەن قولاق سالاتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئىگەردە مۈكچىيىپ ئولتۇرغان كىرىيوچكوپ كوزىنى چىمىلدىتىپ، قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ نېرىسىدا لاپىن قۇلىغىنى ئاتقا ئوخشاش دىڭ تۇتقان، ئۇنىڭ ئارقىسىدا شچېگولكوپنىڭ ئۈستۈرا بىلەن يول - يول قىرىلغان كېكىرتىكى كورۈنۈپ تۇراتتى.

— ... گېرمانىيە بىزگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

گويا ئېتىزدا پىشىپ قالغان ئارپا شامالدا دولقۇنلانغاندا شىلدىرلىغاندەك، توپ - توپ سەپلەر بويلاپ گۇدۇڭ - گۇدۇڭ ئاۋاز باشلاندى. تۇيۇقسىز بىر ئات قولاقنى تەشكىدەك قاتتىق چىرقىراپ كىشنىدى. چەكچەيگەن كوزلەر، توت چاسا بولۇپ ئېچىلىپ قالغان ئېغىزلار بىرىنچى بولۇپ تەرەپكە بۇرۇلدى: ئۇ يەردە، سول قاناتتا بايىقى ئات كىشنىگەن ئىدى.

پولكوۋنىك تېخىچە سوزلەۋاتاتتى. ئۇ، ئەڭ زورۇر سوزلەرنى بىر بىرلەپ تىزىپ، كازاكلاردا مىللىي غورۇرلۇق تۇيغۇسىنى قوزغاتماقچى بولاتتى، ئەمما مىڭلىغان كازاكلارنىڭ كوز ئالدىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۈشمەننىڭ يېپەك بايراقلىرى شاراقلاپ ئاياق ئاستىغا يىقىلىۋاتقانلىقى ئەمەس، بەلكى كازاكلارنىڭ ئۈزيۈرتى، قەۋم - قېرىندىشى، ئائىلە، بالا - چاقىسى، سويگەن يارى، يىغىۋېلىنمىغان ئاشلىقلىرى، يېتىمسىراپ قالغان يېزىلار، يېزا بازارلىرى گەۋدىلىنىپ، گوياھەممىسى ئۈن سېلىپ يىغلاپ، ئۈزىگە چاقىرىۋاتقاندەك بولاتتى...

«ئىككى سائەتتىن كېيىن پويىزغا چىقىمىز»، ھەربىر ئادەمنىڭ كاللىسىدا پەقەت مۇشۇ خىيال ئورۇن ئالغان.

يېقىن بىر يەردە توپلىشىپ تۇرغان ئوفىتسېرلەرنىڭ ئاياللىرى كوزىگە ياغلىق تۇتۇپ يىغلىشاتتى، توپ - توپ كازاكلار ھەربىي گازارمىنىڭ ھويلىسىغا ئات چاپتۇرۇپ كىرىپ تۇراتتى، يۈزبېشى خوپروپ ئۈزىنىڭ ئاپپاق ھامىلدار پولەك ئايلىنى ئىككى قولى بىلەن يولەپ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.

پولك ناخشا بىلەن ۋوگزال تەرەپكە يول ئالدى. ناخشا ئاۋازى دوخۇۋوي ئوركېستىرنى بېسىپ چۈشتى، شۇڭا ئوركېستىر خىجىل بولغاندەك يېرىم يولدىلا جىمىپ قالدى. ئوفىتسېرلەرنىڭ ئاياللىرى ئىززۋاشقا چۈشۈپ مېڭىشتى، كوچىنىڭ ئىككى چېتىدىكى پىيادىلەر يولى رەڭمۇ رەڭ كىيىنگەن ئادەملەر توپى بىلەن قاينام تاشقىنلىققا چومگەن ئىدى، ئات تۇياقلىرى جاڭ توزۇتاتتى؛ ناخشىچى كازاك كوك پاگون تاقالغان مۇرىسىنى بەزگەكتەك تىترىتىپ، ئۈزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ھەسرىتىنى مازاق قىلغاندەك، ئۇياتسىز سوزلەردىن توقۇلغان ئەدەپسىز بىر ناخشىنى باشلىدى.

ھەي گۈزەل قىز، جانان قىز،
چورتان بېلىق تۇتتۇممەن...

كازاكلار ناخشىدىكى سوزلەرنى ئەتەي بىر بىرىگە ئۇ- لاپ، يېگىدىن تاقىلانغان ئات تۇياقلىرىنىڭ تاقۇر - تۇقۇرىغا جور بولۇپ، ۋوگزالغىچە (ئوزلىرى چۈشىدىغان قىزىل ۋا- گونلارغا يېتىپ بارغىچە) ناخشىنى توختاتماي ئېيتىپ بېرىشتى:

ها - ها - ها ...
چورتان بېلىق تۇتتۇممەن.
هەي گۈزەل قىز، جانان قىز،
شورپا سېلىپ كۈتتۈممەن.
ها - ها - ها ...
شورپا سېلىپ كۈتتۈممەن.

تولا كۈلۈپ، ئىزا تارتقىنىدىن قىزىرىپ كەتكەن پولك مۇلازىمى ناخشىچىنىڭ قېشىغا ئارقا تەرەپتىن ئات چاپتۇرۇپ كەلدى، ناخشىچى بولسا ئاتنىڭ تىزگىنىنى تاشلىۋېتىپ، كوچى- نىڭ ئىككى چېتىدىكى كازاكلارنى ئۇزاتقىلى چىققان توپ-توپ ئاياللارغا ئۇياتسىزلىق بىلەن قاش ئېتىپ، كوز قىساتتى، ئەمما ئۇنىڭ مىستەك قىزىرىپ كەتكەن ئىككى مەڭزىدىن يېڭى خەت تارتقان قاپ - قارا بۇرۇتىدا شۇئاق ئوتنىڭ سىركېسىدەك تەر تامچىلايتتى.

ساۋچى ئايال كەلگەندە،
شۇ شورپىدا باقتىممەن.
ها - ها - ها ...
شۇ شورپىدا باقتىممەن.

رىلىسىنىڭ ئۇستىدە تۇرغان پاراۋۇز ئاگاھلاندۇرۇش بەر- گەندەك، پارنى تېزلىتىپ، جېنىنىڭ بېرىچە ۋاقىرىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى

X X

ھەربى پويېز ئۇتتۇشكە باشلىدى، ۋاگونلار ... ۋاگونلار ... ۋاگونلار ... سان ـ ساناقسىز ۋاگونلار!

پاتپاراقچىلىققا چۈشكەن رۇسىيەكوكشىنېل كىيگەن جان ـ جىگەرلىرىنى مەملىكەتنىڭ قان تومۇرى — تومۇر يوللار بىلەن غەربىي چېگرىغا ھەيدىمەكتە ئىدى.

# 8

تورژوك دىگەن جايدا پولك يۈز يىگىرمە بولۇنمىلەرگە بۆلۈندى. 6 ـ بولۇنمە، دىۋىزىيە ئىشتاۋىنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن، 3 ـ ئارمىيە پىيادە ئەسكەرلەر كورپۇسىنىڭ ئىختىيارىغا ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ھەربى يۈرۈش تەرتىۋى بويىچە پېلىكالىي دىگەن يەرگىچە يېتىپ كەلدى ـ دە، ئەتراپىغا پوس قويدى.

چېگرا تېخىچە بىزنىڭ چېگرا قىسىملىرىمىز تەرىپىدىن قوغدىلىنىۋاتاتتى، پىيادە قىسىملار بىلەن زەمبىرەكچىلەر چېگرا تەرەپكە سىلجىپ باراتتى، 24 ـ كۈنى كەچكە يېقىن پېلىكالىغا 108 ـ گىلىبوپ پولكىنىڭ بىر باتالىيونى ۋە توپچىلار باتارىيىسى كېلىپ چۈشتى. شۇ ئەتراپتىكى ئالېكساندرووۋىسك يېزا ئىگىلىك پېرمىسىدا ۋىزۋوت ئورەدىنىڭى باشچىلىغىدا 9 كازاكتىن تەركىپ تاپقان پوس جايلاشتۇرۇلدى.

27 ـ ئىيۇلغا ئوتەر كېچىسى يىساۋۇل پوپوپ ۋاخمىستىر بىلەن كازاك ئاستاخوپنى ئالدىغا چاقىرتتى.

ئاستاخوپ ئۆز ۋىزۋودىغا قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتتى، مىتـ
كا كورشۇنوپ ئىشتىنى يېڭىلا سۇغىرىپ كەلگەن ئىدى.
— بۇ سەنمىدىڭ، ئاستاخوپ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.
— مەن، كىريوچكوپ بىلەن قالغان يىگىتلەر قېنى؟
— ئۆيدە.
گەۋدىلىك، قاپ - قارا يوغان كـازاك ئـاستاخوپ چىراقـ
نىڭ شولىسىدا كوزىنـى چىملىدىتىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. شىـ
رەنىڭ ئۈستىدىكى قارا چىراقنىڭ يېنىدا شـىچېگولكوپ ئـۈزۈـ
لۈپ كەتكەن چۇلۋۇرنى جۇۋالدۇرۇز بىلەن تـىكىۋاتاتتى. كىرـ
يوچكوپ قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ مەشنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئىـ
ۋانكوپقا كوز قىسىپ كارۋاتتا ياتقان ئۆي ئىگىسىنى — كۆپتەك
ئىششىپ كەتكەن پـولەكنى كـورسىتىۋاتاتتى. ئـۇلار تـولا كۈلـ
گەنـلىكتىن، ئـىۋانكوپنىڭ ئـىككى مەڭزى قىزىرىپ، لىپىلداپ
تۇراتتى.
— باللار، ئەتە تاڭ ئاتاي دىگەندىلا پـوسقا چـىقىمىز.
— نـەگە؟ — دەپ سـورىدى شىچېگولكوپ، ئـۇ قـاراپ
قىـلىپ، جۇۋالدۇرۇزغا تـاسمىنى ئوتكۈزەلمەي، يـەرگە چۈشۈـ
رۈۋەتتى.
— ليۇبوپ دىگەن يەرگە.
— كىم - كىم بارىدۇ؟ — دەپ سورىدى مىتكا كورشۇنوپ
ئىشكتىن كىرىپ ۋە چېلەكنى بوسۇغىنىڭ يېنىغا قويدى.
— مەن بىلەن شىچېگولكوپ، كىريوچكوپ، رىۋاچېپ، پوـ
پوپ ۋە ئىۋانكوپ.
— مەنچۇ، پاۋلىچ؟
— سەن قالىدىغان بولدۇڭ، مىترى.
— بولۇپتۇ، ۋاي - يەي، بارساڭلار بارمامسىلەر!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىريوچكوپ مەشتىن نېرىراقتا بېرىپ، ئۈستىخانىلىرىنى قاراسلىتىپ، بىر كېرىلدى ـ دە، ئۇي ئىنگىسىدىن سورىدى:

ــ ليۇبوپ دىگەن جاي بۇ يەردىن نەچچە چاقىرىم كېلىدۇ؟

ــ 4 مىل.

ــ يېقىن ئىكەن، ــ دىدى ئاستاخوپ، ئاندىن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئوتۇگىنى سالدى، ــ پايتىمامنى نەدە قۇرۇتسام بولار؟

تاڭ ئاتقاندا يولغا چىقىشتى. يېزىدىن چىقىپ قۇدۇق بېشى بىلەن كېتىۋاتقاندا يالاڭاياق بىر قىز ياغاچ سوغىغا سۇ ئېلىۋاتاتتى. كىريوچكوپ ئېتىنى توختاتتى.

ــ سۇيۇڭدىن بىر ئىچىۋالسامچۇ، ئوبدان قىز!

قىز ماتا يوپكىسىنىڭ ئېتىگىنى بىر قولى بىلەن تۇتۇۋېلىپ، كوك مايسا ئوتىنىڭ ئۈستىدە قىزغۇچ پاقالچاقلىرىنى شىپىلدىتىپ يېتىپ كەلدى. ئۇ قويۇق كىرپىكلىرىنىڭ ئاستىدا كۈلۈپ تۇرغان زەنگار كوزلىرىنى تىكىپ سوغىنى سۇندى. كىريوچكوپ سۇنى سۇمۇرۇشكە باشلىدى، سوغىنىڭ ئېغىرلىغىدىن قولى تىترەيتتى؛ شالۇۋۇرىنىڭ قىزىل جىيەكلىرىگە سۇ تامچىلاپ، يەرگە ئېقىپ چۈشەتتى.

ــ خۇدا بەختىڭنى بەرسۇن، زەنگار كوز!

ــ سائىمۇ خۇدا يار بولسۇن.

قىز سوغىنى ئېلىپ، يولغا ماڭدى، ئۇئارقىسىغا بىرقايرىلىپ، تەبەسسۇم قىلدى.

ــ نىمىشقا كۈلىسەن؟ جۇر، سېنى بىللە ئېلىپ كېتەي! ــ كىريوچكوپ ئىگەردىن سەل قوزغىلىپ، جاي بوشاتقاندەك بولدى.

— بولمامسەن، ھەي! — ئاستاخوپ يىراقتىن توۋلىدى.
رىۋاچىپ مەسخىرە ئارىلاش كىريوچكوپقا ئالىيىپ قويدى.
— نىمە ئانچە قارايسەن؟
— ئۇنىڭ پۇتلىرى قىپ - قىزىل ئىكەن، خۇددى قوچاق-
تەك، — كىريوچكوپ كۈلدى، شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن ئار-
قىسىغا قايرىلىپ قاراشتى.
قىز، قىپ - قىزىل بۇدرۇققىنا پاقالچاقلىرىنى كېرىپ،
لىققىدە كەلگەن كوينىكى ئېچىدىن بىلىنىپ تۇرغان مىق - مىق
دۇمبىسىنى ئېگىپ، قۇدۇققا ئېڭىشتى.
— ئاشۇنداق قىزغا ئۆيلەنسەڭ... — دەپ ئۇھ تارتىپ
قويدى پوپوپ.
— قامچا بىلەن بىرنى سالايمۇ، — دىدى ئاستاخوپ.
— قامچا بىلەن سىلىپ نىمە قىلىسەن ...
— ئايغىرلىغىڭ تۇتۇۋاتامدۇ؟
— ئۇنى ئاختا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ!
— بىز ئۇنى بۇقىنى پىچقاندەك پىچمىساق بولمايدۇ.
كازاكلار كۈلۈشۈپ، ئات چاپتۇرۇپ كېتىشتى. يېقىن يەر-
دىكى دوڭنىڭ ئۈستىدىن ساي ئارىسىغا جايلاشقان ليۇبوپ
يېزىسى كورۇندى. دوڭنىڭ ئارقىسىدىن قۇياش كوتىرىلىۋاتات-
تى. يولنىڭ چېتىدىكى تېلېگراپ ياغىچىنىڭ چىنىسى ئۈستىدە
تورغاي ئولتۇراتتى.
تېخى يېقىندا ھەربى تەلىم كوماندىسىنى تۈگەتكەن ئاس-
تاخوپ پوسىنىڭ باشلىغى بولۇپ تەيىنلەنگەن ئىدى. ئۇ كۈزنى-
تىش جايى ئۇچۇن چېگرا تەرەپكە قارىغان ئەڭ چەتتىكى بىر
ھويلىنى تاللىدى. ئوي ئىگىسى — پۇتى مايماق، ساقىلى قى-
رىلغان، كىگىز قالپاق كىيگەن بىر پولەك بولۇپ، ئۇ كازاكلار-

www.uyghurkitap.com

نى چەللىگە باشلاپ بېرىپ، ئات باغلايدىغان يەرنى كۆرسەتتى. چەللىنىڭ ئارقىسىدا شالاڭ قومۇش توساق ئارىلىرىدىن بىر پارچە كۆپ - كۆك بىدىلىك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دوڭلۇك شۇ يەرگە يېقىن بىر ئورمانغىچە سوزۇلغان، ئۇنىڭ نېرىسىدا يولنى كېسىپ ئۆتكەن بۇغدايلىق، ئۇنىڭدىنمۇ نېرىراقتا يەنە كۆپ - كۆك بىدىلىك كۆزگە چېلىقاتتى. چەللىنىڭ كەينىدىكى ئېرىقنىڭ بويىدا كازاكلار نوۋەتلىشىپ دۇربۇن بىلەن قاراۋۇللۇق قىلاتتى. قالغانلىرى نوۋەت كەلگىچە سالقىن چەللىنىڭ ئىچىدە دەم ئېلىشاتتى، بۇ يەردە بېسىلىپ تۇرۇپ قالغان ئاشلىقنىڭ پۇرىقى، سامانىنىڭ توپىسى، چاشقان مايىقى ۋە زەي تۇپىنىڭ پۇرىقى گۇپۇلدەپ پۇرايتتى.

ئىۋانكوپ پىلوگ تۇرغان قاراڭغۇ بۇلۇڭغا جايلىشىۋېلىپ، كەچكىچە ئۇخلىدى. كۈن پېتىپ كېتىۋاتقان چاغدا ئۇنى ئويغىتىشتى. كىرىيوچكوپ ئۇنىڭ بويۇن تېرىسىنى چىمدىپ سوزدى - دە:

— بىكار تاماقنى يەپ تازا سەمرىپ كېتىۋاتىسەن، ئۇنى كوشەپ ھەزىم قىلىش كېرەك! تۇر ئورنىڭدىن، ھورۇن، لەقۋا، چىقىپ نېمىسلارنى كۈزەتمەمسەن؟ — دېدى.

— تەنتەكلىك قىلما، كوزما!

— تۇر دەۋاتىمەن!

— قويساڭچۇ، تەنتەكلىك قىلمىغىن، دېمەن... ھازىر تۇرىمەن.

ئىۋانكوپ تۇردى، ئۇنىڭ قاپىقى ئىششىپ، يۈز - كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئىككى مۇرىسى ئوتتۇرىسىغا مەھكەم ئورناشقان قىسقا بويۇن بېشىنى ئۇيان - بۇيانغا تولغاپ، بۇرنىنى شىلىپ - شىلىپ تارتىپ (زەي يەردە ياتقانلىقتىن زۇ-

كامداپ قالغان ئىدى)، ئوقدانىنى بېلىگە باغلىدى ـ دە، مىلتىغىنى سورەپ ئىشىكتىن چىقتى. شىچېگولكوپ بىلەن نەۋەتچىلىكنى ئالماشتۇردى، ئاندىن دۇربۇننى كۆزىگە تۇتۇپ، غەربىي ـ شىمالغا، تۇرمان تەرەپكە ئۇزاققىچە قارىدى.
ئۇ تەرەپتە شامالدا تەۋرىنىپ تۇرغان بوغدايلىق ئالتۇندەك پارقىراپ كۆرۈنەتتى، يېشىل تۇرمان پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشنىڭ شولىسىدا ئاجايىپ جىلۋىلىنەتتى، يېزىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى سايدا (بۇ ساي يىراقتىن ھەسەن ـ ھۈسەندەك كۆرۈنەتتى) ئۇششاق باللا چۇرۇقلىشىپ سۇغا چۈشۈۋاتاتتى. بىر ئايال يوغان ئاۋاز بىلەن: ستاسيۇ! ستا ـ سيۇ! ــ قېشىمغا كەل! ــ دەپ بىرسىنى چاقىرىۋاتاتتى. شىچېگولكوپ تاماكا تۇردى، ئاندىن قايتىپ كېتىۋېتىپ:
ــ زاۋال ۋاقتىدا ھاۋا ئەجەپ ئىسسىپ كەتتى، ئەمدى شامال چىقىدۇ، ــ دىدى.
ــ ھە، شامال چىقىدىغان ئوخشايدۇ، ــ دىدى ئىۋانكوپ ئۇنىڭ سوزىنى ماقۇللاپ.
كېچىسى ئاتلار ئىگەرسىز يايىلاق قويۇلاتتى. يېزىدا چىراق ئوچۈرۈلۈپ تىمتاس بولۇپ قالاتتى. ئەتىسى ئەتىگەن كىرىيوچكوپ ئىۋانكوپنى چەللىدىن قىچقىرىپ چىقتى.
ــ يۈر، يېزىغا بارىمىز.
ــ نىمىشقا بارىمىز؟
ــ بىرەر نەرسە تېپىپ يەيمىز، ھاراق ئىچىمىز.
ــ قانداق بولار؟ ــ ئىۋانكوپ ئىككىلىنىپ قالدى.
ــ مەن گەپ قىلغاندىن كېيىن ماقۇل دىمەمسەن، ئوي ئىگىسىدىن سورىدىم. ئەنە ئاۋۇ ئويگە، كۆرۈۋاتامسەن، ئاۋۇ ئۇستى كاھىش بىلەن يېپىلغان ئامبارچۇ؟ ــ كىرىيوچكوپ تىر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىكى ئادرېسى

ئىغى قارىيىپ كەتكەن بارماقلىرى بىلەن كورسەتتى، ــ شۇيەر-
دىكى مەيخانىدا پىۋە بار ئىكەن، بارامدۇق؟
ئۇلار كېتىشتى. ئەمما چەللىنىڭ ئىشىكىدىن قاراپ تۇرغان
ئاستاخوپ ئۇلارنى توۋلىدى:
ــ نەگە بارىسىلەر؟
ئاستاخوپتىن دەرىجىسى چوڭراق بولغان كىريوچكوپ قول
شىلتاپ:
ــ هازىر كېلىمىز، ــ دېدى.
ــ بالىلار، قايتىڭلار!
ــ تولا كوتۇلىمغىنا!
ئىككى چېكىسىگە سېكىلەك قويۇۋالغان قېرى يەھۇدى
كازاكلارنى تازىم بىلەن كۇتۇۋالدى.
ــ پىۋە بارمۇ؟
ــ تۈگەپ قالغان ئىدى، جانابى كوزاك.
ــ پۇلغا ئىچىمىز، قورقما!
ــ بۇۋى مەريەم ھەققى، ئەگەردە پىۋە بولسا، مەنسىلەر-
دىن ... ۋايـجانەي، جانابى كـوزاك، مەندەك راستچىل يەھۇدى-
غا ئىشىنىڭلار ــ پىۋە يوق!
ــ يالغان ئېيتىۋاتىسەن، جوھۇت!
ــ ياقەي، پان كوزاك! بايا ئېيتتىمغۇ.
ــ ھەي، مـاڭا قارا ... ــ كىريوچكوپ ئـاچچىغى بىلەن
ئۇنىڭ سوزىنى بولدى ـ دە، شالۇۋۇرىنىڭ يانچۇغىدىن كونىراپ
كەتكەن ھەميانىنى ئالدى، ــ ياخشىلىقچە بـەرسەڭ بـەر، بول-
مىسا تىل ئاڭلايسەن!
يەھۇدى چىمچىلىغى بىلەن تەڭگىنى ئالقىنىغا قىستى-دە،
ئورۇلمە قـاپىغىنى ساڭگىلىتىپ، دەھلىزگە كىرىپ كەتتى.

بىر دەمدىن كېيىن قوسىغىغا ئارپا تىلپى يېپىشقان بىر شىشە هاراقنى ئېلىپ چىقتى.

ــ بايا يوق دىگەن ئىدىڭغۇ، هەي، سېنى، چوڭ دادا!

ــ پىۋە يوق دىگەن ئىدىم.

ــ زاكوسكا قىلىشقا بىرەر نەرسەڭ باردۇ؟

كىريوچكوپ شىشىنىڭ ئاستىغا ئالقىنى بىلەن بىرنى ئۇ-رۇپ پىروپكىسىنى چىقاردى. قەدەهنى لىق توشقازدى.

ئۇلار شىركەيىپ بولۇپ كوچىغا چىقىشتى. كىريوچكوپ يولدا ئۇسۇل ئويناپ، بالا - قازا مارىلاپ تۇرغاندەك كورۈنگەن قاپ - قاراڭغۇ دەرىزىلەرگە مۇشتىنى تەڭلەپ كېلەتتى.

ئاستاخوپ چەللىنىڭ ئىچىدە ئەسنەپ ئولتۇراتتى. تامنىڭ ئارقىسدا ئاتلارنىڭ هول ئوتلارنى كوسۇلدىتىپ چايناۋا تقانلى-غى ئاڭلىناتتى.

كەچقۇرۇن پوپوپ مەلۇمات يەتكۇزۇش ئۇچۇن كەتتى، كۇن ىىكارچىلىقتا ئوتەتتى.

ئاخشام كىردى. كەچمۇ بولدى. يېزىنىڭ ئۇستىدە ساغۇچ ئاي ئۇزەتتى.

ئوينىڭ ئارقىسىدىكى باغدا، ناگان ناگاندا پىشقان ئالمىنىڭ توك قىلىپ يەرگە چۇشكەنلىكى ئاڭلىناتتى. يېرىم كېچە بولاي دىگەندە ئىۋانكوپ بازار كوچىسدا ئاتنىڭ دۇپۇرلىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. خەندەكتىن چىقىپ قارى-دى، ئەمما ئاينى بۇلۇت توسىۋالغانلىقتىن، قاراڭغۇدا هىچنىمە-نى ئوچۇق كورگىلى بولمايتتى.

ئىۋانكوپ چەللىنىڭ ئىشىگى ئالدىدا ئۇخلاۋاتقان كىر-يوچكوپنى ئىتتىرىپ ئويغاتتى.

ــ كوزما، ئاتلىقلار كېلىۋاتىدۇ! تۇر ئورنۇڭدىن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەن ئادرېسى

— قەيەردىن؟

— بازار تەرەپتىن.

تاشقىرىغا چىقىشتى. كوچىدا 50 سارجىن نېرىدا ئات تۇياق-لىرىنىڭ دۇپۇر - دۇپۇر ئاۋازى ئاڭلاندى.

— باققا كىرەيلى، ئۇ يەردىن ئېنىقراق ئاڭلىنىدۇ.

ئۇينىڭ يېنى بىلەن شارتتىدا باققا سەكرەپ كىرىشتى. قاشانىڭ تۇۋىدە يېتىۋېلىشتى. گۇدۇڭلىغان گەپ - سوز، ئۇزەڭ-گىلەرنىڭ جىرىڭلىشى، ئىگەرنىڭ غىچىرلىشى ئاڭلىناتتى. ئۇلار بارغانسېرى يېقىنلاشتى. ئاتلىقلارنىڭ گۇگگا قارىسى كورۇنۇش-كە باشلىدى.

ئاتلىقلار توختىن تىزىلىشىپ كېلىۋاتاتتى.

— كىم بۇ؟

— ساڭا كىم كېرەك؟ — ئالدىنقى قاتاردىن ئىنچىكە ئا-ۋازلىق بىرسى قايتۇرۇپ سورىدى.

— كېلىۋاتقان كىم؟ ئېتىپ تاشلايمەن! — كىريوچكوپ مىلتىق-نىڭ قۇلۇپىنى شاراقلاتتى.

— تىر ر-ر، — دەپ بىرسى ئېتىنى توختاتتى - دە، قا-شانىڭ ئالدىغا كەلدى، — سىلەر چېگرىچى قىسىممۇ، پوستا تۇرۇۋاتامسىلەر؟

— ھە، پوستا تۇرۇۋاتىمىز.

— قايسى پولكتىن؟

— 3 - كازاكلار پولكىدىن.

— كىم بىلەن سوزلىشىۋاتىسەن، تىرىشىن؟ — دەپ سورى-دى قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدىن بىرسى.

ھېلىقى ئادەم جاۋاپ بەردى:

— بۇيەردەكازاكلار پوستاتۇرغان ئىكەن،جانابىئالىلىرى.

قاشانىڭ قېشىغا يەنە بىرسى كەلدى.
— سالام، كازاك بۇرادەرلەر!
— سالامەتمۇسىز، — ئۇۋانكوپ سەل تۇرۇۋۇپىلىپ سالامغا جاۋاپ قايتۇردى.
— بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىڭلارغا خېلى بولدىمۇ؟
— تۈنۈگۈندىن باشلاپ.
كېيىن كەلگەن ئاتلىق سەرەڭگە يېقىپ تاماكا تۇتاشتۇرغاندا كىرىيوچكوپ ئۇنىڭ كىيىمىدىن چېگرىچى قىسىملار ئوفىتسېرى ئىكەنلىكىنى بايقىدى.
— بىزنىڭ چېگرىچى پولكىمىز چېگرىدىن يوتكىلىۋېتىلدى، — دېدى ئوفىتسېر پاپىروسىنى چېكىپ تۇرۇپ، — هوشيار بولۇڭلار، سىلەر هازىر ئەڭ ئالدىنقى يەردەبولۇپ قالدىڭلار. دۈشمەن ئەتىلا مۇشۇ يەرگە قاراپ ئالغا سىلجىشى ئېهتىمالدىن يىراق ئەمەس.
— سىزلەر قەيەرگە كېتىۋاتىسىزلەر، جانابىي ئالىيلىرى؟ — دەپ سورىدى كىرىيوچكوپ بارمىقىنى تەپكىدىن ئالماي.
— بىز بۇ يەردىن ئىككى چاقىرىم يول يۇرۇپ ئۆز ئىسكادرونىمىزغا قوشۇلىمىز. قېنى، مېڭىڭلار، يىگىتلەر! خەيرخوش، كازاك بۇرادەرلەر!
— ئاق يول بولسۇن!
شامال ئاينىڭ يۈزىدىن بۇلۇت پەردىنى يىرتىپ تاشلىدى - دە، پۈتۈن يېزىنىڭ، باغدىكى دەرەخلەرنىڭ، چەللىنىڭ چوقچىيىپ تۇرغان ئوگزىسىنىڭ، دوڭلۇككە چىقىپ كېتىۋاتقان ھەلىقى ئەترەتنىڭ ئۇستىگەجىمجىت ساغۇچ ئايدىڭ چۈشۈپ تۇراتتى.
ئەتىسى ئەتىگەن رىۋاچېپ يۈز بېشىغا مەلۇمات بېرىش ئۈچۈن يۇرۇپ كەتتى. ئاستاخوپ ئۆي ئىگىسى بىلەن سوزلىشىپ، بۇ ئادەمنى ئازراق پۇل تولەش ھېساۋىغا ئاتلارغا بىدە

ئورۇۋېلىشقا كوندۇردى. كېچىدىن بۇيان ئاتلار ئىگەرلىك تۇراتتى. كازاكلار دۈشمەن بىلەن يۈزمۇ يۈز بولۇپ قالغانلىقلىرىنى بىلىپ، قورقۇپ قېلىشقان ئىدى. ئىلگىرى ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا چېگرا قاراۋۇللىرى بارلىقىنى بىلگەچكە، ئۆزلىرىنى يەككە، يالغۇز ھېس قىلىشمايتتى؛ چېگرا يالىڭاچلىنىپ قالدى، دىگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ۋەھىمىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

ئوي ئېگىسىنىڭ بىدىلىگى چەللىدىن يىراق ئەمەس ئىدى. ئاستاخوپ بىدە ئورۇشقا ئىۋانكوپ بىلەن شچېگولكوپنى تەيىنلىدى. ئوي ئېگىسى ئاق كىگىز قالپاق كىيىپ، ئۇلارنى ئوز بىدىلىگىگە باشلاپ باردى. شچېگولكوپ ئوريدى، ئىۋانكوپ ھول بىدىنى توپ ـ توپ يىغىپ باغلاشقا باشلىدى. شۇۋاقىت ئېچىدە چېگرىغا ئېلىپ بارىدىغان يولنى دۇربۇن بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان ئاستاخوپ، غەربىي جەنۇپ تەرەپتىن ئېتىزلىق بويلاپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر بالىنى كورۇپ قالدى. بالا خۇددى تۇلك تاشلىمىغان بوزتوشقاندەك، دوڭنىڭ ئۈستىدىن ناھايىتى تېز چۈشۈۋاتاتتى. يىراقتىنلا كەمزۇلىنىڭ ئۇزۇن يەڭلىرىنى سىلكىپ بىرنىمىلەرنى دەپ ۋاقىرايتتى. يېقىن كەلگەندىن كېيىن، ئېغىر ھاسىراپ، كوزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىپ، توۋلاشقا باشلىدى:

ــ كوزاك، كوزاك، گېرمان كەلدى! گېرمان كېلىۋاتىدۇ! ئەنە ئاۋۇ تەرەپتە!

بالا ئۇزۇن يېڭىنى پىلىنىڭ خارتومىدەك قىلىپ كورسەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاستاخوپ دۇربۇنىنىڭ ئەينىكىدىن بىر توپ ئاتلىقلارنىڭ يىراقتىن زىچچىدە كېلىۋاتقانلىقىنى كوردى، ئۇ دۇربۇندىن كوزىنى ئالماي:

— كىرىيوچكوپ! — دەپ توۋلىدى.

كىرىيوچكوپ چەللىنىڭ قىڭغىر - قىيسىق ئىشىكىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى - دە، يىراققا نەزەر سالدى.

— يۈگۈر، يىگىتلەرنى چاقىر! نېمىسلار ئىكەن! نېمىسلارنىڭ رازۋېتكىسى!

ئۇ، كىرىيوچكوپنىڭ يۈگۈرۈپ كەلگەن ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلىدى ۋە سارغايغان ئوتلاقنىڭ نېرىسىدا كېلىۋاتقان بىر توپ ئاتلىقنى ئەمدى دۇربۇندا ئوچۇقلا كورەتتى.

ھەتتاكى ئۇ نېمىسلارنىڭ جەرەن ئات مىنگەنلىكىنى، قارامتۇل كوك مۇندىر كىيگەنلىكىنى پەرق ئېتەلىگەن ئىدى. ئۇلار يىگىرمىدىن ئارتۇق ئىدى، غۇژمەك بولۇۋېلىپ، تەرتىپسىز ھالدا كېلىۋاتاتتى: كۆزەتكۈچى ئۇلارنى غەربىي شىمال تەرەپتىن كېلىدۇ، دەپ كۈتكەن بولسىمۇ، ئەمما غەربىي جەنۇب تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى. ئۇلار يولنى كېسىپ ئوتكەندىن كېيىن بىغىرلاپ، ليۇبوپ يېزىسى جايلاشقان سايلىقنىڭ ئۈستىدىكى دوڭگە چىقىشتى.

ئىۋانكوپ قۇرۇپ قورۇلۇپ كەتكەن لەۋلىرى ئارىسىدىن تىلىنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ، ھە دەپ پىشىلدايتتى، ئۇ تازا كۈچىنىپ بىر قۇچاق بىدىنى چۇلۋۇر بىلەن باغلاۋاتاتتى. ئۇي ئېگىسى پۈتى مايماق پولەك تاماكا تىرىۋىكىسىنى شوراپ، ئۇنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئۇ قوللىرىنى كەمىرىنىڭ ئىچىگە تىقىپ، قالپىغىنىڭ ئاستىدىن كوزلىرىنى قىسىپ شچېبگولكوپقا يېنىچە قاراپ قوياتتى.

— شۇمۇ چالغا بولۇپ قالدىمۇ؟ — شچېبگولكوپ ئويۇنچۇقتەك كىچىككىنە چالغىنى يېنىكلا چاپچىتىپ ئاچچىغى بىلەن تىللاپ قوياتتى، — سەنمۇ مۇشۇ چالغىنى ئىشلىتەمسەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ھە، — دەپ غودۇڭشىپ قويدى پولەكتاماكىسىنى شو-
راپ تۇرۇپ، ئاندىن بىر بارمىقىنى كەمىرىدىن چىقاردى.
— سىنىڭ بۇ چالغاڭنى ئايالالار ئىشلەتسە بولىدىكەن!
— ھۇم - ھۇم، — دەپ ماقۇللىدى پولەك.
ئىۋانكوپ «پىخ» قىلىپ كۇلۇپ تاشلىدى. ئۇ بىر نەرسە
دېمەكچى ئىدى، بىراق شۇدىگەرلىك بىلەن يۇگۇرۇپ كېلىۋات-
قان كىريوچكوپنى كورۇپ قالدى. كىريوچكوپ بىر قولى بىلەن
قىلىچىنى ئىگىز كوتىرىپ، چالمىلىقشۇدىگەردە قىقىلىپ - سو-
قۇلۇپ، يۇگۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.
— ئەمدى بولدى قىلىڭلار!
— يەنە نىمە ئىش بولدى؟ — شىچپكولكوپ چالغىنىڭ
ئۇچىنى يەرگە سانچىۋېتىپ سورىدى.
— نېمىسلار!
ئىۋانكوپنىڭ قولىدىكى باغلانغان بىدە يەرگە چۈشۈپ
كەتتى. خوجايىن، ئۇستىدىن ئوق ۋىژىلداپ ئوتۇۋاتقاندەك،
قوللىرى يەرگە تەككىدەك ئىگىشىپ، ئويگە قاراپ چاپتى.
كازاكلار چەللىگە يېتىپ كېلىشىپ، ھاسىراپ - ھومىدەپ
ئەمدىلا ئاتلىنىپبولغاندا پېلىكالىچ تەرەپتىن يېزىغا كېلىۋاتقان
بىر روتا رۇس سولداتلىرىغا كوزى چۈشتى. كازاكلار ئاتلىرىنى
چاپتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى. ئاستاخوپ، نېمىس راز-
ۋېتچىكلىرىنىڭ يېزىنى ئەگىپ دوڭنىڭ ئارقىسى بىلەن كېلى-
ۋاتقانلىقىنى روتا كوماندىرىغا مەلۇم قىلدى. كاپىتان قىرودەك
ئاپپاق چاڭ باسقان ئوتۇكىنىڭ تومشۇقىغا تىكىلىپ قاراپ
قالدى.
— نەچچە كىشى ئىكەن؟
— 20 دىن كوپرەك.

— سىلەر ئالدى تەرەپتىن ئوساگلار، بىز بۇ يەردىن ئۇ-لارنى ئوققا تۇتىمىز. — كوماندىر روتىغا بۇرۇلۇپ، سەپكە تىزىلىشقا كوماندا بەردى ۋە سولداتلارنى تېز ماگدۇرۇپ كەتتى.

كازاكلار دوگىنىڭ ئۇستىگە چىققاندا، نېمىسلار ئالىلىقا-چان ئۇلاردىن ئۇزۇۋۇپ ئوتۇپ، ئاتلىرىنى سوكۇلدىتىپ، پېلىكا-لىغا بارىدىغان يولنى كېسىپ ئوتكەن ئىدى. كالتا قۇيرۇق سېرىق ئات مىنگەن، ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان نېمىس ئوفىتسېرى ئېنىقلا كورۇنەتتى.

ئاستاخوپ كوماندا بەردى:

— ئات سېلىڭلار! بىز ئۇلارنى ئىككىنچى پوسقا قوغ-لاپ بارىمىز!

يېزىدا كازاكلارغا قوشۇلغان بىر چېگرىچى ئاتلىق ئەس-كەر ئارقىدا قېلىپقالدى.

— بۇ نىمە قىلغىنىڭ، بۇرادەر؟ ماگالماي قالدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئارقىسىغا قايرىلىپ ئاستاخوپ.

چېگرىچى قول شىلتىدى - دە، ئېتىنى ئاستا چامدىتىپ، يېزا تەرەپكە كېتىۋەردى. كازاكلار شامالدەك تېز ئۇچۇپ بېرى-شاتتى، نېمىس ئاتلىقلىرىنىڭ كوك كىيىملىرى دۇربۇنسىزمۇ ئو-چۇق كورۇنۇشكە باشلىدى، ئۇلار يېزىدىن ئۇچ چاقىرىم يىراقلىق-تىكى فېرمىغا جايلاشقان ئىككىنچى پوس تەرەپكە ئات چاپتۇ-رۇپ كېتىۋاتاتتى ۋە كازاكلارغا قاراپ - قاراپ قويۇشاتتى. نې-مىسلار بىلەن كازاكلار ئارىسىدىكى مۇساپە بارغانسېرى قىسقىراۋاتاتتى.

— ئوققا تۇتىمىز! — دىدى ئاستاخوپ ئىگەردىن سەكرەپ چۈشۈپ.

تىزگىنىنى قولىغا ئورىۋالغان كازاكلار تۇرغان يېرىدىن

www.uyghurkitap.com

تەگلا ئوق ئۈزۈشتى، ئىۋانكوپنىڭ ئېتى ئالدى پۇتىنى ئېگىز كۆتىرىپ ئىگىسىنى يەرگە يىقىتىۋەتتى، ئىۋانكوپ يىقىلىپ چۈشۈۋېتىپ، نېمىسلاردىن بىرسىنىڭ ئاتتىن غۇلاپ چۈشكەنلىكىنى كۆردى؛ ئاۋال نېمىس ئاستا ـ ئاستا بىر تەرەپكە قىيشايدى، ئۇندىن كېيىن تۇيۇقسىز قوللىرىنى كېرىپ، گۇپپىدە يىقىلدى. نېمىسلار ھېچبىر توختاشمىدى، ھەتتاكى كالتا مىلتىقلىرىنى قېپىدىن چىقارماستىن، قالايمىقان قېچىشتى، تەرلەپ سۇ بولۇپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ نەيزىلىرىدىكە چىگىلگەن بايراقچىلارنى شامال يەلپۈلىتەتتى، ئەڭ ئاۋال ئاستاخوپ ئاتنىڭ ئۈستىگە ئىرغىپ مىندى. كازاكلار ئاتقا قامچا ئۇرغىلى تۇردى، نېمىس رازۋېتچىكلىرى شارتلا سولغا بۇرۇلدى، كازاكلار بولسا ھېلىقى ئاتتىن يىقىلغان نېمىستىن 40 سارجىن نېرىدىن ئات چاپتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى، ئۇنىڭمۇ نېرىسىدا ئېگىز ـ پەس دۆڭلۈكلەر، تېيىز سايلار، ھەرە چىشىدەك قاتار ئۇچلۇق يارلار بار ئىدى. نېمىسلار سايىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى يارلىقنىڭ ئۈستىگە چىقىشى بىلەنلا، كازاكلار دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، شازىدىكى 5 تال ئوقنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئېتىپ تۈگەتتى، ئىككىنچى پوسىنىڭ ئالدىدا يەنە بىر نېمىسنى يىقىتىشتى.

— يىقىلدى! — دەپ ۋاقىرىدى كىرىيوچكوپ پۇتىنى ئۈزەڭگىگە قويۇۋېتىپ.

— قېرىمىدىن بىزنىڭ كىشىلىرىمىز ھازىر چىقىشىدۇ!... ئىككىنچى پوس شۇ يەردە... — دەپ گۇدۇڭشىدى ئاستاخوپ ماكىدىن سارغىيىپ كەتكەن بارماقلىرى بىلەن ماگىزىن كورۇپ-ىسىغا يەنە بىر شازا ئوقنى جايلاۋېتىپ.

نېمىسلار ئاتلىرىنى بىرتىكىس چاپتۇرۇپ كېتىشتى، قېرىمىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭغا قاراپ قويۇشاتتى.

ئەمما ۋورانىڭ ئىچى قۇپ ـ قۇرۇق چوللۇككە ئايلانغان ئىدى، ئۇي ـ ئىمارەتلىرىنىڭ كاھىش بىلەن يېپىلغان ئوگزىلىرىگە قۇـ ياش نۇرىنى توكمەكتە ئىدى، ئاستاخوپ ئات ئۇستىدىنلا ئىـوق ئاتتى، ئارقىدىراق كېتىۋاتقان بىر نېمىس بېشىنى بىر سىلكىپ ئېتىنى تېزلەتتى.

بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن شۇ نەرسە ئېنىقلاندىكى، ئىكـ كىنچى پوستـىكى كازاكلار فېرمىدىن يېرىم چاقىرىم يـىراقلىقتا تېلېگىراف سىمى كېسلگەنلىگىنـى بىلـگەن هامـان بۇ يەردىن شۇ كېچىسىلا كەتكەن ئىكەن.

ــ ئەمدى بىرىنچى پـوس تەرەپكە قوغـلايلى! ــ دەپ ۋاقىرىدى ئاستاخوپ ئارقىسىدىكى كازاكلارغا قايرىلىپ.

ئىۋانكوپ، ئاستاخوپـنىڭ بۇرنىدىن بىر قـەۋەت تېرىسى سويۇلۇپ پەسكە ساڭگىلاپ قالغانلىغىنى ئەمدىلا بايقىدى.

ــ ئـۇلار نىمىشـقا ئۇزلىرىنى مـۇداپىە قىلىشـمايدىغانـ دۇر؟ ــ دەپ سورىدى ئىۋانكوپ يەلكىسىدىكى مىلتىقنى ئوڭلاپ قويۇپ.

ــ توختاپ تۇر، تېخى... ــ دىدى شچېگولكوپ ئاتقا ئوخـ شاش پىشلداپ.

نېمىسلار ئارقىسىغا قارىماستىن، دەسلەپكى سايلىققا چۈشـ تى. سايىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە شۇدىگەرلىك قارىيىپ كورۇنەتتى، بۇ تەرىپىدە ئالا ـ بۇلا ئوسكەن شىۋاق ئـوت بىلەن شالاڭ تو ـ قايزار كوزگە چېلىقاتتى، ئاسـتاخوپ ئېتىنى توخـتاتتى. بېشـ دىكى فۇراژكىسىنى سۇرۇپ قويۇپ، قـولىنىڭ ئارقا تەرىپى بىـ لەن پېشانىسىدىكى مونچاق تەرلەرنى سۇرتتى. ئاندىن قالغانـ لارغا بىر قۇر كوز يۇگۇرتۇپ چىقتى؛ ئاغزىدىكى خەپرۇكنى تۇـ كۇرۇۋېتىپ دىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئىۋانىكوپ، سايلىقتا چۈشۈپ قاراپ باقتىنا، ئۇلار قەيەردىدۇ؟

يۈزلىرى قىزىرىپ تەردىن دۇمبىسى چىلىپىلاپ كەتكەن ئىۋانكوپ قوروپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى يالاپ يولغا چۈشتى.

— بىر تاماكا چېكىۋالساق بولاتتى... — دەپ پىچىرلىدى كىريوچكوپ كوكۇيۇنلەرنى قامچىسى بىلەن قوروپ.

ئىۋانكوپ ئۈزەڭگىدە ئورە تۇرۇۋېلىپ، ئېتىنى ئاستاماڭدۇرۇپ باراتتى، سايلىقنىڭ پەس تەرىپىگە دىققەت بىلەن كوز تىكەتتى. باشتا ئۇ تەۋرىنىپ تۇرغان نەيزە ئۇچلىرىنى، ئاندىن تۇيۇقسىز ئاتلىرىنى بۇراپ، سايلىقنىڭ يان باغرىدىن يۇقۇرىغا كوتىرىلىپ ھۇجۇمغا ئوتكەن نىمىسلارنى كوردى. ئەڭ ئالدىدا ئوفىتسېر خۇددى سۇرەتتىكىدەك قىلىچ كوتىرىپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئىۋانكوپ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، ئارقىغا يېنىۋاتقان ئارىلىقتا، ئوفىتسېرنىڭ ھۇمايىغان بۇرۇتسىز يۈزىنى، ئېگەرنىڭ ئۈستىدە ئەپچىل ئولتۇرغان قامىتىنى كورگەچ مىڭىسىگە باشقىچە تەسىر قىلدى. نىمىس ئاتلىرىنىڭ دۇپۇرلىشى يۈرىكىگە خۇددى تاراسلاپ يېغىۋاتقان مولدۇردەك تۇيۇلۇپ كەتتى، ئىۋانكوپ دۇمبىسىنىڭ مۇزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلىپ، ئەجەل ۋەھىمىسىدە قالدى. ئۇ ئېتىنى بۇراپ، ئۇنچۇقماستىن ئارقىغا چاپتۇرۇپ كەتتى.

ئاستاخوپ تاماكا خالتىسىنى قاتلاشقا ئۈلگۈرەلمەستىن، يانچۇغىغا سالىمەن دەپ، يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى.

كىريوچكوپ ئىۋانكوپنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان نىمىسلارنى كوروپ، ئەڭ ئالدىدا ئات سالدى. ئۇنىڭ قاناتتىكى نىمىسلار ئىۋانكوپنىڭ يولىنى كېسىپ قويغان بولۇپ، ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىشقا ئازلا قالغان ئىدى. ئىۋانكوپ ھە دەپ ئېتىنى قام-

چىلايتتى، ئارقىسىغا پات - پات قاراپ قوياتتى. كوكىرىپ كەتكەن يۈزى دىر - دىر تىترەيتتى، كوزلىرى چانىغىدىن چىقىپ كېتىشكە تاسلا قالغان ئىدى. ئۇ ئىگەرنىڭ لۇكىسىغا ئېگىشىۋېلىپ، ئەڭ ئالدىدا شامالدەك ئۇچۇپ باراتتى. كىريوچكوپ بىلەن شچېگولكوپنىڭ ئارقىسىدا قۇيۇندەك چاڭ - توزاڭ كوتىرىلدى.

«ھەي يېتىشۋالدى! مانا يېتىپ كەلدى!» دېگەن پىكىر ئىۋانكوپنىڭ كاللىسىدا تۇرۇۋالغانلىقتىن، ئۇزىنى مۇداپىيە قىلىشنى پەقەت ئويلىمايتتى؛ ئۇ يوغان گەۋدىسى بىلەن مەھكەم تۇگۇلۇۋېلىپ، بېشىنى ئاتنىڭ يايلىغا چاپلاشتۇرۇۋالغان ئىدى.

ئۇزۇنتۇرا سېرىق بىر نېمىس ئۇنى قوغلاپ يەتتى - دە، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە نەيزە سانچىدى. نەيزىنىڭ ئۇچى كەمىرىنى تېشىپ ئوتۇپ، تېيىلىپ كەتتى - دە، بەدىنىگە يېرىم ۋىرشوك كىردى.

— بۇرادەرلەر، ئارقىغا قايتىڭلار!... — دەپ ۋاقىرىدى گاڭگىراپ قالغان ئىۋانكوپ ۋە قىلىچىنى دەرھال غىلاپتىن سۇغۇردى. ئۇ بېقىنىغا قارىتىلغان ئىككىنچى زەربىنى قىلىچ بىلەن قايتۇردى، ئاندىن سول تەرەپتىن ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن نېمىسنىڭ دۈمبىسىگە قىلىچ ئۇردى. ئىۋانكوپنى نېمىسلار قورشىۋالدى. بىر نېمىسنىڭ ئىگىز ئېتى ئۇنىڭ ئېتىنىڭ بېقىنىغا كوكسى بىلەن ئۇرۇلۇپ، ئىۋانكوپنى ئاتتىن يىقىتىۋېتىشكە تاس قالدى. شۇ ئەسنادا ئىۋانكوپنىڭ كوزى قاراڭغۇلىشىپ، دۈشمەنىنىڭ قورقۇنچلۇق يۈزىنى يېقىنىدىلا كورۇپ قالدى.

ئاستاخوپ ئەڭ ئالدىدا يېتىپ كەلدى. نېمىسلار ئۇنى چەتكە سۈرۈپ چىقاردى. ئۇ قىلىچىنى باش ئۈستىدە ئايلاندۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

روپ، ئېگەرنىڭ ئۈستىدە چاققانلىق بىلەن ئايلىنىپ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلاتتى، چىشلىرى كاسىلداپ، چىرايى ئۇلۇكتەك ئاقىرىپ كەتكەن ئىدى. ئىۋانكوپنىڭ بويىنىغا قىلىچىنىڭ ئۇچى تېگىپ، يېپىنىڭ يارىدار بولدى. سول تەرەپتىن ئۇنىڭ ئۈستىدە يەنە بىر نېمىس ئەسكىرى پەيدا بولدى - دە، ئۇنىڭ ئۆتكۈر قىلىچى كوز ئالدىدا پارىلداپ كەتتى. ئىۋانكوپ قىلىچىنى قالقان قىلىپ ئۇنى توستى؛ پولاتقا تېگىپ جاراڭلاپ كەتتى. ئۇنىڭ پاكون تاسمىسىغا ئارقا تەرەپتىن بىر نەيزىنىڭ ئۇچى ئىلىنىپ قالغان بولۇپ، بىرسى جان - جەھلى بىلەن ئۇنى يەلكىسىدىن تارتىپ يىقىتىشقا تىرىشاتتى. بويىنى ئىگىز كوتىرىۋالغان بىر ئاتنىڭ ئارقىسىدىن يۈزىنى سەپكىن باسقان قېرىراق بىر نېمىسنىڭ تەرلەپ قىزىرىپ كەتكەن ئەپت - بەشىرىسى كورۈندى. ئۇنىڭ ئىڭىكى جاقىلداپ تىترەيتتى، ئۇ قىلىچىنى ئاران ئانلا شىلتاپ ئىۋانكوپنىڭ كوكسىگە تەككۈزۈشكە ئۇرۇنۇپ باقتى، ئەمما قىلىچى يەتمىگەندىن كېيىن نېمىس ئۇنى تاشلىدى - دە، ئىگەرگە ئېسىقلىق تۇرغان كالتا بەش ئاتارنى سىيرىق كون قاپتىن ئېلىشقا تۇتۇندى؛ نېمىس پات - پات پىرىلداپ تۇرىدىغان، قاپىغى ساڭگىلاپ قالغان جىگەررەڭ كوزلىرىنى ئىۋانكوپتىن زادىلا ئۈزمەيتتى. ئۇ مىلتىغىنى قېپىدىن تارتىپ چىقارغىچە، كىريوچكوپ يېتىپ كېلىپ، ئاتنىڭ ئۈستىدىن ئاشۇرۇپ ئۇنىڭغا نەيزە سانچىدى، نەيزە نېمىسنىڭ كوك مۇندىرىنىڭ كوكسى تەرىپىدىن تېشىپ چىقتى - دە، ئۇ ئوڭدىسىغا يىقىلىۋېتىپ:

— مەيىن گوتت!① — دەپ ۋاقىرىۋەتتى.

كىريوچكوپنى بىر چەتتە 8 نېمىس ئاتلىق ئەسكىرى

---

① مەيىن گوتت — نېمىسچە „ۋاي خۇدا“ مەنىسىدە.

قورشۋالدى. ئۇنى تىرىك تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇناتتى، لېكىن كىريوچكوپ ئېتىنى سەكرىتىپ، ئىگەر ئۈستىدە پۇتۇن گەۋدىسى بىلەن تولغىنىپ ئىككى يانغا قىلىچ ئۇرۇپ ئۆزىنى قوغدايتتى. ئەمما قولىدىن قىلىچى چۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىپ كەلگەن بىر نېمىسنىڭ نەيزىسىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى خۇددى مەشىق قىلىۋاتقاندەك توت ئەتراپىغا شىلتاپ تۇردى.

ئۆزىنى ئارقىسىغا قاچۇرۇپ تۇرغان نېمىسلار قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ ئىشىنى تامام قىلماقچى بولۇشتى. بىر پارچە سېرىق تۇپراق شۇدىگەرنىڭ يېنىدا ئىرماش - چىرماش جەڭ قىزىپ كەتتى، ئادەملەر بىر بىرىنىڭ ئۈستىگە ئات قويۇشاتتى، شامال ئۈستىدىكى دولقۇندەك بىر ئۇياندىن، بىر بۇيانغا سۇرۇلەتتى. ئەجەل قورقۇنچىسىدا ۋەھشىيانە ئېلىشىۋاتقان كازاكلار ۋە نېمىسلار بىر بىرىنىڭ يەلكىسىگە، قولىغا، ئېتىغا ۋە قورال - ياراقلىرىغا، ئىش قىلىپ قەيەر توغرا كەلسە شۇ يەرگە قىلىچ ئۇراتتى... ئاتلارمۇ ئۇلۇم دەھشىتىدىن ھۇشىنى يوقىتىپ، بىر بىرىنىڭ ئۈستىگە ئىرغىپ، ئۆزىنى ئۇراتتى، ئىۋانكوپ ئۆزىنى ئوڭلىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن يۈزى سوزۇق سېرىق بىر نېمىسنى بىرنەچچە قېتىم چېپىپ تاشلاشقا تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما قىلىچ تومۇر قالپاقنىڭ پولات گىرۋىكىگە تېگىپ، زەربە بىكارغا كەتتى.

ئاستاخوپ دۈشمەن ھالقىسىنى بوسۇپ چىقتى، ئۇنىڭ ئەزايىدىن شورقىراپ قان ئاقاتتى، نېمىس ئوفىتسېرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. ئاستاخوپ يەلكىسىدىن دەرھال مىلتىغىنى ئېلىپ ئۇنى يېقىندىنلا ئېتىپ ئولتۇردى. بۇ ھال جەڭدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

ۋەزىيەتنى تۆپتىن ئۆزگەرتىشكە سەۋەپ بولدى. قالايمىقان قىلىچۋازلىق نەتىجىسىدە ياردار بولۇپ، قانغا مىلەنگەن نېمىسلار ئۆز ئوفىتسېرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئەتراپقا چېچىلىپ قېچىشقا باشلىدى. ئۇلارنى ھېچكىم قوغلىمىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بىر پاي ئوقمۇ ئاتمىدى. كازاكلار ئۇدۇل پېلىكالى يېزىسىغا، ئۆز قىسىملىرىنىڭ ئالدىغا ئات چاپتۇرۇپ كېتىشتى؛ نېمىسلار ئىگەردىن يىقىلغان بىر ياردار شېرىگىنى ئاتقا ئارتىپ چېگرا تەرەپكە قاچتى.

يېرىم چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن، ئىۋانكوپ دەلدەڭلەپ قالدى.

— مەن تۈگەشتىم... ھازىر يىقىلىمەن! — ئۇ ئېتىنى توختاتتى، ئەمما ئاستاخوپ تىزگىنىنى تارتقۇشلىدى.

— يۈرگىن!

كىريوچكوپ يۈزىدىكى قانىنى سۈرتۈپ، كوكسىنى سىيپاپ كوردى، گىمناستيوركىسىنىڭ ئۈستىدە قان داغلىرى بار ئىدى.

ئىككىنچى پوس تۇرغان فېرمىغا يېتىپ بارغاندا ئۇلار ئىككىگە بولۇندى.

ئاستاخوپ قورانىڭ ئارقىسىدىكى ساسلىق ئىچىدە كورۈنگەن كوپ - كوك توختام سۇنى كورسىتىپ:

— ئوڭغا يۈرەيلى،— دېدى.

— ياق، سولغا! — دەپ قاتتىق تۇردى كىريوچكوپ.

شۇنداق قىلىپ، ئىككىگە بولۇنۇپ مېڭىشتى. ئاستاخوپ بىلەن ئىۋانكوپ يېزىغا كېيىنرەك كېلىشتى. يېزىنىڭ ئاغزىدا ئۇلارنى ئۆز بولۇنمىسىدىكى كازاكلار كۈتۈپ تۇرغان ئىدى.

ئىۋانكوپ تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ، ئاتتىن سەكرەپ چۈش-

تى - دە، دەلدەڭلەپ بېرىپ يىقىلدى. ئۇنىڭ تاشتەك قېتىپ
قالغان قولىدىن قىلىچىنى تەسلىكتە ئاجرىتىۋېلىشتى.

بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، بولۇنمىدىكى ھەممە كا-
زاكلار دىڭگۇدەك ھىلىقى گېرمان ئوفىتسېرى ئۆلتۈرۈلگەن جاي-
غا قاراپ يول ئالدى. كازاكلار ئۇنىڭ ئۆتۈكىنى، كىيىمىنى ۋە
قورال - ياراغىنى بىر بىرلەپ سالدۇرۇۋېلىشتى. ياش
ئۆلگەن ئوفىتسېرنىڭ ساپ - سېرىق سارغىيىپ كەتكەن تۇتۇق
يۈزىگە بىردەم قاراپ تۇرۇشتى. ئۈست - خوپېرلىك كازاك
تاراسوپ ھەش - پەش دىگۈچە ئۆلۈكنىڭ قولىدىكى كۈمۈش
قاپلىق سائەتنى يېشىۋېلىپ، شۇ ئاندىلا ۋىزۋوت ئورەدنىكىگە
ساتتى. ئۆلۈكنىڭ ھەميانىدىن بىر ئاز پۇل، بىر پارچە خەت،
لىپاپىغا سېلىنغان بىر پارچە سۈرەت چىقتى، سۈرەتتە ئاچېپ-
رىق كوكۇل قويغان بىر قىز مەغرۇرانە كۈلۈپ تۇراتتى.

## 9

كېيىنرەك شۇ ۋەقەگە قەھرىمانلىق تۈس بېرىلدى. يۈز
بېشىنىڭ ياخشى كورىدىغان كىشىسى كىريوچكوپ ئۇنىڭ كورس-
تىشى بويىچە گىئورگىي ئوردېنىغا ئىگە بولدى. ئۇنىڭ شېرىك-
لىرى قۇپ - قۇرۇق قېلىۋەردى. كىريوچكوپنى قەھرىمان سۈپە-
تىدە دىۋىزىيە ئىشتاۋىغا يولغا سالدى، بۇ يەردە ئۇ،
ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىغىچە تىمىسقىلاپ يۈردى، شۇ جەريانىدا
پېتروگراد ۋە موسكۋادىن نوپۇزلۇق خانىملار ۋە موتىۋەر
ئوفىتسېرلەر بۇ قەھرىماننى كورۇشكە كېلىۋەرگەنلىكتىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا يەنە ئۈچ كىرىست مېدال بېرىلگەن ئىدى. خانىملار ۋاي - ۋۇي دەپ پەرۋانە بولۇشاتتى، بۇ دون كازاكنى قىممەت تاماكىلار ۋە ھەر خىل شىرىنلىكلەر بىلەن مېھمان قىلاتتى. باشتا ئۇ بۇ ئىشلارنى ھەرخىل تەلەپپۇز بىلەن سوككەن ئىدى، كېيىنرەك ئىشتاپتىكى ئوفىتسېرلىك پاگونى تاقىۋالغان تەخسەكەشلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇز مەۋقەسىدىن پايدىلىنىپ مەنپەئەت تېپىش يولىغا كىرىۋالدى؛ ئۇ ئەمدى ئاشۇ «قەھرىمانلىقى» توغرىسىدا تازا لاپ ئۇرۇپ ھېكايە قىلاتتى، ۋەقەنى ئەتەي ۋەھىمىلىك قىلىپ كۆرسۈتەتتى، ۋىجدانى ئازاپلانماستىن يالغان-ياۋىداقلارنى توقۇپ چىقىرىۋەردى؛ خانىملار ھاياجانلىناتتى ۋە بۇ كازاك قەھرىمانىنىڭ چوقۇر قاراقچى ئەپت - بەشىرىسىگە زوقلىنىپ قارىشاتتى. ھەممىسى خوشال بولۇپ يايراپ كېتىشەتتى.

بىر كۈنى ئىشتاپ بارگاھىغا پادىشا كەلدى؛ ئۇنىڭغىمۇ كىريوچكوپنى ئېلىپ كېلىپ كۆرسىتىشتى. سېرىق يۈزلۈك ئۈيقۇچان ئىمپېراتور خۇددى ئاتقا قارىغاندەك، كىريوچكوپنى باشتىن ئاياق قاراپ چىقتى؛ خالتىدەك ساڭگىلاپ قالغان قاپىغىنى لىپ - لىپ ئۇچۇرۇپ، ئۇنىڭ مۈرىسىنى قېقىپ قويدى.

— ياشا، ئەزىمەت كازاك! — دىدى - دە، شۇئاندىلا مۇلازىملىرىغا قايرىلدى:

— ماڭا سېلتىر سۈيى ئېلىپ كېلىڭلار!

كىريوچكوپنىڭ چېچى ھورپىيىپ تۇرغان بېشى گېزىت-ژورناللارنىڭ سەھىپىلىرىدىن چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى. كىريوچكوپنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن پاپىروسمۇ ئىشلەپچىقىرىلغان ئىدى. نىژېگورودشەھىرىنىڭ سودىگەرلىرى ئۇنىڭغا ئالتۇن قىلىچ سوغات ئېلىپ كەلدى.

ئاستاخوپ ئۆلتۈرگەن گېرمان ئوفىتسېرىنىڭ مۇندىرىنى

چوڭ پەنەرگە تاختىغا مىخلاشتى؛ گېنېرال فون رېننېنكامپىپ ئىۋانكوپ بىلەن شۇ تاختىنى كوتەرگەن نەۋكىرىنى ئاپتوموبىلغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئالدىنقى سەپكە كېتىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارنى كورگەزمە قىلاتتى ۋە سەپ ئالدىدا سولداتلارنى روھلاندۇرۇش ئۈچۈن تەشۋىقات سوزلىرىنى قوشۇپ، نۇتۇق سوزلەيتتى.

ئەمما ئەسلىنى ئالغاندا، قەھرىمانلىقتىن قىلچە ئالامەت يوق ئىدى: ئوزىگە ئوخشاشلارنى يوقىتىشقا ئادەتلەنمىگەن ئادەملەر ئەجەل مەيدانىدا بىر بىرلىرى بىلەن ئېلىشاتتى، جان ئاچچىغىدا بىر بىرىنى سۇرۇپ ـ توقاي قىلىپ، توغرا كەلگەن يېرىگە زەربە بېرىۋېرەتتى، ئوزلىرىنىمۇ، ئاتلىرىنىمۇ مېيىپ قىلىشاتتى، ئاخىرىدا، پاك قىلىپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازى چىقىپ، بىرسى ئولگەندىن كېيىن، ھەر تەرەپكە پېتىراپ قېچىشاتتى، ھەممىسى روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشەتتى.

مانا شۇنى قەھرىمانلىق دەپ ئاتىشاتتى.

## 10

پۇتۇن ئۇرۇش سېپى تېخى بىر نەچچە چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى يىلان باغرى ئاكوپلىرى بولغان شەكلىنى ئالمىغان ئىدى. چېگرىدا ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ توقۇنۇشى ۋە پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ جېڭى بولۇپ تۇراتتى. ئۇرۇش ئېلان قىلىنغان دەسلەپكى كۈنلەردە گېرمانىيە قوماندانلىغى كۈچلۈك ئاتلىق رازۋېتچىكلارنى چىقىرىپ تۇردى؛ بۇ رازۋېتچىكلار پوسلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گوزىنى باغلاپ، ئۈستىلىق بىلەن ئارقىغا ئۆتۈۋېلىپ، قىسىملىرىمىزنىڭ ئىچىگە تەشۋىش سالاتتى ۋە قەيەردە قانچىلىك ئەسكەر جايلاشقانلىقىنى بىلىشكە تىرىشاتتى. گېنېرال كالېدىننىڭ قوماندانلىقى ئاستىدىكى 12 - ئاتلىق دىۋىزىيە برۇسىلوۋنىڭ 8 - ئارمىيىسى ئالدىدا ماڭغان ئىدى. سول تەرەپتىرەك 11 - ئاتلىق دىۋىزىيە ئاۋستىرىيە چېگرىسىدىن ئۆتكەن ئىدى. بۇ دىۋىزىيىنىڭ قىسىملىرى لېشنىيوپ شەھىرى بىلەن برودى شەھىرىنى جەڭ بىلەن ئالغاندىن كېيىن ئالغا سىلجىيالماي توختاپ قالدى، چۈنكى ئاۋستىرىيىلىكلەرگە ناھايىتى كوپ ياردەمچى كۆچلەر يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ۋېنگرىيە ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىزنىڭ ئاتلىق قىسىملىرىمىزغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن پاراكەندىچىلىك سېلىپ، برودى شەھىرى تەرەپكە قىستاپ قويغان ئىدى.

گرىگورىي مېلېخوپ لېشنيوپ شەھىرى بوسۇغىسىدا بولغان جەڭدىن كېيىن ئىچىنى مۇشۇك تاتىلىۋالغاندەك قاتتىق ئازاپ ئىچىدە قالدى. ئۇ خېلىلا ياداپ قالغان، ئېغىرلىقى چۈشكەن ئىدى، يۈرۈش ۋاقىتلىرىدا ۋە دەم ئالغان چاغلىرىدا، چۈشىدىمۇ ۋە ئۈگدەك باسقان چاغدىمۇ ھېلىقى پەنجىر تۈۋىدە ئۆزى چېپىپ تاشلىغان ئاۋستىرىيىلىك كوزىگە كورۈنۈپ كېتەتتى. ئاشۇ دەسلەپكى ئېلىشىش ھەر كېچە دىگۈدەك چۈشىگە كىرىپ تۇراتتى، ھەتتا ئۇيقۇسىدا ئوڭ قولى يەنىلا نەيزە سېپىنى چاڭگاللاپ تۇرغاندەك دىر - دىر تىترەۋاتقانلىقىنى ھىس قىلاتتى؛ چوچۇپ ئويغىنىپ، يۇمۇلغان كوزلىرىنى قاتتىق ئۇۋۇلاپ، ئۇيقۇسىنى قاچۇراتتى.

پىشىپ كەتكەن ئاشلىقلارنى ئاتلار دەسسەپ چەيلىگەن، ئېتىزلىقلار تاقا ئىزلىرى بىلەن تولغان، گويا پۈتۈن گالىتسى-

يېنى مولدۆر ئۆرۈپ كەتكەندەك ئىدى. يوللارنى سولداتلارنىڭ
ئېغىر ئۇتۇكلىرى چىڭداپ، تاشيوللارنىڭ چېڭىنى تۆزۈتۈپ،
ئاۋغۇست ئېيىنىڭ پاتقاقلىرىنى مىچىلدىتاتتى.
جەڭ بولۇۋاتقان جايلاردا توپ ئوقى يەرنىڭ يۈزىنى
خۇددى چېچەك ئىزىدەك چوقۇر قىلىۋەتكەن، چويۇن بىلەن پو-
لات پارچىلىرى ئادەمىزات قېنىغا خۇمار بولغاندەك ھەممە يەر-
نى بېسىپ كەتكەن ئىدى. ھەر كېچىسى ئۇپۇقتا قىزىل شەپەق
كۆتىرىلىپ، شولىسى ئاسماننى قاپلاپ، يېزىلار، بازارلار، شە-
ھەرلەر يالقۇن ئىچىدە ياناتتى، ئاۋغۇست ئېيىدا مىۋىلەر پى-
شىپ، زىرائەتلەر يېتىلگەن چاغدا ئاسمان قاپىقىنى تۈرۈپ، كۈل
رەڭ تۇس ئالدى، ئەمما ئارىلاپ ھاۋا ئېچىلغان كۈنلەردە ئىس-
سىققا ۋە دىمىققا چىدىغىلى بولمايتتى.
ئاۋغۇستىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. باغلاردا يوپۇرماق-
لار سارغىيىپ كەتتى، يوپۇرماقنىڭ ساپاقلىرى قىزىرىپ قۇرۇش-
قا باشلىدى، يىراقتىن قارىغاندا، دەرەخلەرنى يارا بىلەن جارا-
ھەت بېسىپ كەتكەندەك، قانغا مىلەنگەندەك كۆرۈنەتتى.
گىرىگورىي ئۆز يولداشلىرىغا سەپسىلىپ، ئۇلاردا يۈز
بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى قىزىقىش بىلەن كۆزىتەتتى. دوختۇر-
خانىدىن تېخى يېقىندىلا چىققان، مەگزى تاقىلانغان ئات تۇيى-
غىنىڭ ئىزى بىلەن تاتۇق بولۇپ قالغان پىروخورزىكوپ تې-
خىچە ئاغرىققا چىدىيالماي لىۋىنىڭ بۇرجىكىنى چىشلەيتتى، نى-
مىشقا ئاغرىۋېرىدىغانلىغىنى ئۇقالماستىن، ئاھۇ كۆزلىرىنى چى-
مىلدىتاتتى؛ يېگوركا ژاركوپ يوقىلاڭ ئىشلارغا ئاغزىنى بۇزۇپ
ئەسكى تىللار بىلەن تىللايتتى، ئىلگىرىكىدىنمۇ خۇيى يامانلى-
شىپ، دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى قاغايتتى؛ گىرىگورىينىڭ بىر
يۇرتلىغى يېمېليان گىروشېپ ئۆز ئىشىغا پۇختا، ۋەزمىن كازاك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ، چىرايى كومۇردەك قارىيىپ كەتكەن، ئوزىچە قاقاقلاپ كۇلسىمۇ، يەنىلا قاپىغى تۇرۇك ئىدى.هەر بىر چىرايدا باشقىچە بىر ئوزگىرىش يۈز بەرگەن، ئۇرۇش چاچقان ئۇرۇقلارنى هەر كىم ئوزىگە يارىشا قوبۇل قىلىپ ئوستۇرمەكتە ئىدى.

جەڭ مەيدانىدىن قايتۇرۇلغان پولك 3 كۈنلۈك دەم ئېلىشتا بولۇپ، دوندىن كەلگەن ياردەمچى كۈچلەر بىلەن تولدۇرۇلماقتا ئىدى. كازاكلار پومىششىكنىڭ كولىگە چومۇلۇشكە بارماقچى بولۇپ، ئەمدىلا تەييارلىنىپ تۇرغان چاغدا، قورغاندىن ئۈچ چاقىرىم نېرىدىكى يېزا بازىرىدىن چوڭ بىر ئاتلىق ئەترەت يولغا چىققان ئىدى.

توتىنچى بولۇنىمنىڭ كازاكلىرى توغانغا يېتىپ بارغىچە، يېزا بازىرىدىن يولغا چىققان ئەترەتمۇ دوڭدىن ئېشىپ پەسكە چۈشۈشتى، ئەمدىلىكتە ئۇچۇق مەلۇم بولدىكى، بۇ ئاتلىقلار ــ كازاكلار ئىكەن. توغانىنىڭ ئۈستىدە ئىگىشىپ گىمناستوركىسىنى سىيلىۋاتقان پىروخورزىكوۋىيشنى ياقىسىدىن چىقىرىپ تىكىلىپ قالدى.

ــ بىزنىڭ كىشىلەر، دونلىقلار.

گىرىگورىي كوزىنى قىسىپ، قورغانغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلارغا قارىدى.

ــ زاپاستىكىلەر كېلىپتۇ.

ــ بەلكى، بىزگە قوشۇلۇشقا كەلگەندۇ.

ــ ئىككىنچى نوۋەتتىكىلەرنىمۇ ئېلىپ كېلىشكەن ئوخشايدۇ.

ــ هەي ـ هەي، قاراڭلار، بالىلار! ئاۋۇ ستېپان ئاستاخوپقۇ؟ ئەنە ئۈچىنچى قاتاردا! ــ دەپ توۋلىۋەتتى گىروشېپ ۋە پىخىلداپ كۇلدى.

ــ چوڭ ئاكىلىرىمىزغىمۇ نوۋەت كېلىپ قېلىپتۇ.

— ئەنە، ئانىكۇشكا!

— گىرىشكا! مىلىخوپ! ئاكاڭ ئەنە، تونۇدىڭمۇ؟

— ھە، تونۇدۇم.

— سەندىن سۇيۇنچە ئالىمەن، شەيتان، دەسلەپ مەن تونۇدۇم.

گىرىگورىي چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، تازا سىنچىلاپ قاراپ پېترونىڭ ئاستىدىكى ئاتنى كورۇشكە قىزىقتى. يېڭى ئات سېتىۋېلىپتۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ، ئاندىن ئاكىسىنىڭ يۈزىگە قارىدى: ئاكىسى ئاخىرقى قېتىم كورۇشكەندىن بۇيان خېلى ۋاقىت ئوتكەنلىكى ئۇچۇنمىكىن غەلىتە ئوزگىرىپ كېتىپتۇ: چىرايى قارىيىپ كەتكەن، بۇغداي رەڭ بۇرۇتى قايچا بىلەن قىرقىپ كالتا قىلىنغان، قاشلىرى ئاپتاپتا كويۇپ سارغىيىپ قېلىپتۇ. گىرىگورىي بېشىدىن فۇراژكىسىنى ئېلىپ، پولاتلاتقان پېتى ئاكىسىنىڭ ئالدىغا باردى. يېرىم ياتا يېشىنگەن كازاكلار توغاندىن پالاقلاپ چۈشۈشتى - دە، ئاتقۇلاق ئوتلارنى چەيلەپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

زاپاستىكى كازاكلار باغنى ئەگىپ ئوتۇپ، پولك جايلاشقان قورغانغا يۈردى. ياشانغان ۋە گەۋدىلىك، چاچ - ساقىلى پاكىز قىرىلغان، بۇرۇتسىز لەۋلىرىنى قاتتىق قىسىپ، ئوزىگە جىددى تۈس بەرگەن ياساۋۇل بۇلارنى باشلاپباراتتى.

گىرىگورىي: بۇ تازا سەپرا ۋە تەرسا ئادەم بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى - دە، دەرھاللا ئاكىسىغا قاراپ كۇلۇمسىرىدى، ئاندىن ياساۋۇلنىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتىگە، ئاستىدىكى قالماق ئېتىغا دىققەت بىلەن قاراپ چىقتى، بۇ ئات نەسىللىك ئىكەنلىكى كورۇنۇپ تۇراتتى.

ياساۋۇل جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن كوماندا بەردى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بولۇنمە! ۋىزۋوت - ۋىزۋوت بولۇپ ئوڭغا مارش!

— سالامەتمۇ سەن ئاكا! — گىرىگورىي خوشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، پېتروغا كۈلۈمسىرەپ تېچلىق سوراشتى.

— خۇداغا شۈكرى. مانا بىزمۇ سىلەرگە كەلدۇق. ئەھۋالىڭ قانداق؟

— يامان ئەمەس.

— تىرىكمۇ سەن؟

— هازىرچە تىرىك.

— ئۆيدىكىلەردىن سالام.

— ئۇلار قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ؟

— ساق - سالامەت.

پېترو سېمىز جەرەن ئېتىنىڭ ساغرىسىغا قولىنى تىرەپ، پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن ئارقىسىغا قايرىلىپ، كۈلۈپ تۇرغان كوزلىرى بىلەن گىرىگورىيغا قاراپ كەتتى. ئۇ بىر ئاز يىراقلىشىپ كەتكەندىن كېيىن تونۇش ۋە ناتونۇش ئادەملەرنىڭ چاڭ باسقان دۈمبىلىرى ئۇنى توسىۋالدى.

— سالامەتمۇ سەن، مېلېخوپ! يېزىدىكىلەر ساڭا سالام ئېيتتى.

— سەنمۇ بىزگە كەلدىڭمۇ؟ — گىرىگورىي مىشكا كوشېۋوينى هورپىيىپ تۇرغان ئالتۇن چېچىدىن تونۇپ، چىشىنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ كۈلۈپ قويدى.

— هە، سىلەرگە كەلدۇق. توخۇلار تېرىق چوقۇلاشقا كەلگەندەك.

— سەنمۇ چوقۇلاپ كورىسەن! كوپ. ئوتمەي سېنى چوقۇلىشىدۇ.

— مەيلى، كورەرمىز!

توغاننىڭ ئۈستىدىن كـوينەكچان يېگوركا ژاركـوپ بىر پۈتى بىلەن لىكوكلاپ كېلىۋاتاتتى. ئـۇ شالۋۇرىنى ئـوڭلاپ كىيەلمەي بىر تەرەپكە قىيشىيىپ، بىر پـاقالچىقىنى شالۋۇرىغا ساپالمايتتى.

— ياخشىمۇ سىلەر، بىر يۇرتلۇقلار؟

— ۋاي، ئاۋۇ يېگوركا ژاركوپقۇ؟

— ھەي، سەن ئـايغىرنىڭ پـۇتىنى چـۇشەپ قـويغانمۇ نىمە؟

— ئانامنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

— سالامەت.

— سالام ئېيتتى، يۇكۇم ئېغىر بـولغاچ، سوغاتنى ئېلىپ كېلەلمىدىم.

يېگوركا ئۇنىڭجاۋاۋىغا دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى ـ دە، ئاندىن يالىڭاچ بەدىنى بىلەن كۆك مايسىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇردى؛ كوڭلى بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۇرمەسلىك ئۈچۈن باشقا ياققا قارىـ ۋالدى، تـىترەپ تـۇرغان پـۇتىنى ئـىشتاننىـڭ پـاقـالچىقىغا سـاپالمايتتى.

ھاۋارەڭ سـىر بىلەن سـىرلانغان پـەنجىرىلىك قورانىڭ تېشىدا يېرىم يالىڭاچ كازاكلار تۇرۇشاتتى؛ دونـدىن يـاردەمگە كەلگەن كازاكلار بولسا، ئىككى چېتىگە كاشتان دەرىخى تـىكىلـگەن يول بىلەن قوراغا كىرىشكە باشلىدى.

— سالاتمۇ سەن، بىر يۇرتلۇغۇم!

— ھەي، سەن قۇدام ئالىكساندىرغۇ؟

— نەق ئۇزى.

— ئـاندىريان! ئـاندىريـان! ھـەي سـالپاڭ قـۇلاق، تونۇيالمايۋاتامسەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئايرىلغىدىن سالام، ھەي ئەسكەر يىگىت!
— خۇدا سالامەت قىلسۇن.
— بورىس بېلوپ قەيەردە تۇرىدۇ؟
— قايسى بولۇنمىدىن؟
— تونىنچى بۆلۈنمىدە بولسا كېرەك.
— ئۆزى قەيەرلىك؟
— ۋېشېنىسكايا يېزا بازىرىدىن، دەريا بويىدىن.
— نىمە قىلاتتىڭ ئۇنى؟ — دەپ گەپكە ئارىلاشتى ئـۇ-چىنچى بىر كىشى.
— زورۇر بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت بار ئىدى.
— ھەي، بۇرادەر، ئۇ تۇنۇگۈن رايـېرودا قـېشىدا قـازا تاپتى.
— ئۇنداق ئەمەستۇ؟
— خۇدا تۇرۇپتۇ! ئۆزكوزۇم بىلەن كوردۇم. سول ئەمچىگىـنىڭ ئاستىغا ئوق تېگىپ ئولدى.
— بۇ يەردە سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا قارا دەريالىق كىشى بارمۇ؟
— يوق، ئوتۇپ كېتىشۈەر.
بولۇنمە قوراغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن ھويلىنىڭ ئوتـتۇرىسىدا سەپكە تىزىلىشقا باشلىدى. تـوغانىنىڭ ئـۈستى سـۇغا چومۇلۇشكە كەلگەن كازاكلار بـىلەن يەنە غـۇژ - غۇژ بـولۇپ قالدى.
بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن تېخى يېڭىلا كـەلگەن كـازاكلار ئۇلارغا قوشۇلدى. گىرىنگورىي ئاكىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. توغان ئۈستىدە ئاچچىق لاي توپىنىڭ ھىدى پۇرايتتى. كـولنىڭ

تۇت ئەتراپىنى قىلىن ئۇت بېسىپ، سۇيى سارغىيىپ كەتكەن ئىدى. گىرىگورىي كوينىكىنىڭ چاكلىرى ئارىسىدىن پىت بېقىپ تۇرۇپ گەپ باشلىدى:

— پېترو، مېنىڭ يۈرىكىم ئازاپلىنىپ ئۇلەر ھالەتكە يەتتىم. مەن ھازىر كالتەكلىنىپ ئولمەي قالغان ئادەمگە ئوخشاپ قالدىم... گويا تۇگمەن تېشى ئاستىدا قېلىپ، مىجىقلىنىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدىم. — گىرىگورىينىڭ ئاۋازىدىن زارلىنىش چىقىپ تۇراتتى، ماڭلىيى ئۈستىدىن قىيا چۈشكەن چوڭقۇر سىزىق قارىيىپ كورۈنەتتى (پېترو بۇ سىزىقنى ئەمدىلا كورگەن ئىدى)، ئۇ ئىنىسىدا ئىلگىرى بولمىغان بۇنداق ۋەھىمىلىك ئۆزگىرىشنى كورۇپ قورقۇپ كەتتى.

— بۇ قانداق ئىش؟ — دەپ سورىدى پېترو كوينەگىنى سىلىقلىۋېتىپ، ئۇنىڭ بەدىنى ئاپپاق بولسىمۇ، لېكىن ياقىسىنىڭ يۇقۇرى تەرىپى قارىيىپ كەتكەن ئىدى.

— قانداقلىغىنى تېخى كورىسەن، — دەپ دەرھاللا جاۋاپ بەردى گىرىگورىي، ئاچچىغىدا ئاۋازى چاڭىلداپ چىقاتتى، — ئادەملەرنى گىژ - گىژگە سېلىپ قويدى، شۇڭا سەن ئۇلارغا يۈزمۇ يۈز دۇچكەلمىگىن! خەلق بارغانسېرى ياۋايلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ھەممىسى غەزەپ ئىچىدە، مەن ھازىر شۇنداق ئويلايمەنكى، مۇبادا بىرسىنى چىشلىۋالسام، دەرھاللا غالجىرلىشىدۇ.

— سەن ئادەم ئولتۇرۇپ كوردۇڭمۇ؟

— ئولتۇردۇم!... — دەپ زەردە قىلدى گىرىگورىي، ئاندىن كوينىكىنى پۇرلاپ، ئايىغىنىڭ ئاستىغا تاشلىدى. ئۇندىن كېيىن گېلىغا گەپ تۇرۇپ قالغاندەك، خېلىغىچە بارماقلىرى بىلەن كانىيىنى مىجىقلىدى، يۈزىنى باشقا تەرەپكە قىلىۋالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى

— قېنى، سوزلە،— دىدى پېترو بۇيرۇق ئاھاڭىدا. ئەمما ئىنىسى بىلەن كوزى ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قورقۇپ باشقا ياققا قارىۋالدى.

—مېنى ۋىجدانىم ئازاپلاپ ئولتۇرمەكتە. مەن لېشنيوپيىندا بىر ئادەمنى نەيزە بىلەن ئولتۇردۇم. ئوزەم قىزىپ قالغان ئىدىم... م باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى... مەن ئۇنى نىمىشقا ئولتۇردۇم؟

— خوش!

— بولغىنى شۇ، بىر ئادەمنى ناھەق ئولتۇرۇپ، ئازاۋىنى تارتىۋاتىمەن. كېچىسى ئۇ كاساپەت چۈشۈمگە كىرىپ ئارام بەرمەيدۇ ياكى مەن ئەيىپلىكمۇ؟

— سەن تېخى ئىش كورمىگەن. بېشىڭ ئامان بولسا ھەر ئىشنى كورىسەن.

— سىلەرنىڭ بولۇنمە زاپاستىكى قىسىملارمۇ؟

— نىمىشقا؟ ئۇنداق ئەمەس، بىز 27 - پولكنىڭ ئىچىدە.

— مەن تېخى بىزگە ياردەمگە كەلدىمىكىن، دەپ ئويلاپتىمەن.

— بىزنىڭ قىسمنى بىر پيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسىگە قوشماقچى، بىز شۇلارنى قوغلىشىپ كېتىۋاتىمىز، ئەمما بىز بىلەن بىللە زاپاستىكى قىسىملارمۇ كەلدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياش، سىلەرگە شۇلارنى ئەۋەتىپتۇ.

— شۇنداق دىگىن، بولۇپتۇ، يۇر سۇغا چومۇلىمىز.

گىرىگورىي ھەش - پەش دىگۇچە شالۋۇرىنى سېلىپ، توغاننىڭ ئۇستىگە چىقىپ كەتتى؛ ئۇنىڭ بىر ئاز مۇكچەيگەن قەددى - قامىتى، قارىيىپ كەتكەن چىرايى پېترونىڭ نەزىرىدە بۇرۇنقى خوشلاشقان چاغدىكىگە قارىغاندا قېرىپ كەتكەندەك كو-

رۇندى. گىرىگورىي قولىنى سوزۇپ، بېشى بىلەن سۇغا شۇڭغۇدى؛ كوپ - كوك دولقۇنلىنىپ تۇرغان سۇ ئۇنىڭ ئۇستىدە بىرلا يىغىلدى - دە، ئاندىن ھالقا - ھالقا بولۇپ تارقىلىپ كەتتى. گىرىگورىي ئىككى مۇرىسىنى خوشياقماسلىق بىلەن ھەركەتلەندۇرۇپ، ئالقىنى بىلەن سۇنى ئاستاشاپىلاقلاپ، كولنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاقاقلىشىپ تۇرغان كازاكلار تەرەپكە ئۇزۇپ كەتتى.

پېترو ئالدىرىماستىن، ئىچىگە ئېسىپيۈرىدىغان كىرېستىنى ۋە ئانىسى تىكىپ بەرگەن تۇمارنى بوينىدىن ئالدى، تۇمار بېغىنى كوينىكىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدى، ئاندىن بىر ئاز ئەندىكىپ سۇغا چۈشتى، ئاۋال كوكسى بىلەن ئىككى مۇرىسىنى ھول قىلىپ، «ھۇۋ!» دەپ بىر شۇڭغىدى - دە، گىرىگورىينى قوغلاپ ئۇزۇپ كەتتى؛ ئۇلار ئادەملەردىن ئايرىلىپ، توقايزارلىق قاپلىغان قۇملۇق قىرغاققا قاراپ ئۈزۈشتى.

ئۇلارنىڭ ھەركىتىنى سۇ بارغانسېرى بىر ئىزغا سېلىپ، كۆڭلىنى تىندۇردى، گىرىگورىي ئەمدى دادىل غۇلاچ ئاتاتتى، گەپ - سوزلىرىمۇ سالماقلىشىپ بايىقىدەك دۇدۇقلاپ سوزلىمەيتتى.

— مېنى پەست بېسىپ كەتتى. بۇ قايغۇ - ھەسرەتتىن بولغان. ئوينى شۇنچىلىك سېغىنىدىمكى، قانىتىم بولسا ئۇچۇپ كېتەتتىم. بىر كورۇش بىلەن يۈرىكىم قاندىن قانسۇن. خوش، ئويدىكىلەر قانداق كېتىۋاتىدۇ؟

— ناتالىيە بىزنىڭكىدە.

— ھە؟

— بىز بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىدۇ.

— دادام بىلەن ئانام قانداقراق؟

— يامان ئەمەس. ناتالىيە ھامان سېنى كۈتۈۋاتىدۇ. قايتىپ كەلگەندە يەنە بىللە بولىمىز، دەپ ئويلىسا كېرەك.

گىرىگورىي پىخىلداپ، گەپ قىلماستىن ئاغزىغا كىرگەن سۇنى پۇركۈپ تۇراتتى. پېترو بويىنىنى قايرىپ، ئۇنىڭ كۆزىگە قاراشقا تىرىشاتتى.

— ئۆيگە خەت يازغاندا، ئۇنىڭغىمۇ سالام دەپ قويغىن. بىچارە ئايال سېنى دەپ يۇرۇپتۇ.

— ئۇ ئەمدى نېمە قىلماقچى ... ئۆزۈلگەن رىشتىنى ئۇلىماقچىمۇ؟

— نېمە دېسەم بولار... ئادەم دېگەن ئۈمىت بىلەن ياشايدۇ، ھەر ھالدا ياخشى ئايال. ئۆزىنى قەتئىي تۇتىدۇ، ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدۇ. شوخلۇغى ياكى باشقا چاكىنا قىلىقلىرى يوق.

— باشقا ئەرگە تەگسىمۇ بولاتتى.

— ئاجايىپ گەپ قىلىدىكەنسەن!

— ھېچقانداق ئاجايىپ ئەمەس. شۇنداق بولغىنى تۈزۈك.

— ئۆزەڭلارنىڭ ئىشى، بۇ ئىشقا مەن ئارىلاشمايمەن.

— دۇناشكا قانداق؟

— بويىغا يېتىپ قالدى، ئۇكام! مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە شۇنداق ئۆستىكى، كورسەڭ تونۇيالمايسەن.

— شۇنداقمۇ؟ — گىرىگورىي خوشال بولۇپ، ھەيران قالدى.

— خۇدا بەرھەق! ئۇنى ئەرگە بەرسە، تويىنى كورۇش بىزگە نېسىپ بولمايدۇ. ئەبلەخلەر بىزنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسە بولاتتىغۇ!

— بۇنىڭغا ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ!

ئۇلار قومۇلۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، يانمۇ يان يېتىشتى، ئىككى جەينىكىنى يەرگە تىرەپ، دۈمبىسىنى ئاپتاپقا قاقلاشتى.

مىشكا كوشېۋوي بېلىگىچە سۇ ئۈستىدە ئۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى.

— گىرىشكا، سۇغا چۈش!

— تۇرۇپ تۇر، بىردەم يېتىۋالاي.

گىرىگورىي كىچىككىنە قوڭغۇزنى قۇمغا كۆمۈۋېتىپ:

— ئاكسىنىيە توغرىلىق گەپ - سۆز ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇرۇش ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇنى يېزىدا بىر قېتىم كۆرگەن ئىدىم.

— ئۇ يېزىدا نېمە قىلىپ يۈرۈپتۇ؟

— ئۇ ئېرىنىڭ ئۆيىگە نەرسە - كېرەكلىرىنى ئالغىلى كەلگەن بولسا كېرەك.

گىرىگورىي يۆتەلدى ۋە ئالقىنى بىلەن قۇمنى سىيرىپ، قوڭغۇزنى كۆمۈپ تاشلىدى.

— ئۇنىڭ بىلەن گەپلىشىپ باقمىدىڭمۇ؟

— پەقەت سالاملىشىپلا قويدۇم. ئۇ شاپاشلاپ كېتىپ قالدى، ئۆزى بەك خوش. پان خوجايىنىنىڭ بىكار تاماقى ئۇنىڭغا ياققان ئوخشايدۇ.

— ستېپان قانداق قىلىپتۇ؟

— ستېپان نەرسىلىرىنى بەرگەن ئوخشايدۇ. باشقا ھېچ ئىش بولغىنى يوق. لېكىن ستېپاندىن ھىزى بول! ئېھتىيات قىلىپ يۈر. ماڭا كازاكلار بىر گەپنى ئېيتىشتى، ستېپان مەستلىكتە: جەڭ باشلىنىش بىلەنلا بىر ئوق بىلەنلا گىرىگورىينىڭ ئىشىنى تامام قىلىمەن، دەپ دوق قىلغانمىش.

— ئاھا، مەن بىلىمەن.

— ئۇ سېنى ھەرگىز ئەپۇ قىلمايدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

— بىلمەن.

— ئۆزەمگە ئات سېتىۋالدىم، — دېدى پېترو گەپنى باشقا ياققا بۇراپ.

— ئوكۇزلەرنى ساتتىڭلىمۇ؟

— ياغاقلىرىنى ساتتۇق، 180 سومغا. ئاتنى 150 سومغا ئالدىم. كارامەت ئات چىقتى. سۇسكان بازىرىدىن ئالغان ئىدۇق.

— ئاشلىقنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— ياخشى، ئەمما يىغىپ بولۇشقا ئاز قالغاندا، بىزنى بۇيەرگە ھەيدەشتى.

پاراڭ ئۆي ئىشلىرىغا كوچكەندىن كېيىن بايىقى جىددىلىكمۇ پەسىيىپ قالدى. گىرىگورىي ئائىلىسىدىكى يېڭىلىقلارنى بىلگۇسى كېلىپ، كولاشتۇرۇپ گەپ سورايتتى. ئۇ شۇ تاپتا بۆرۈنقى جۇشقۇن، ساددا گىرىگورىيغا ئوخشايتتى.

— قوپ ئەمدى، يەنە بىر ئاز چوملۇپ، كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى كىيىمىز، — دېدى پېترو، ئۇ تىترەپ تۇرۇپ قوسىغىدىكى نەم قۇمنى سىيرىپ چۈشۈردى. ئۇنىڭ دۈمبىسى بىلەن قوللىرىنىڭ تېرىسى مۈدۈر - مۈدۈر، بەدىنىگەبىر نەرسە چىققاندەك بولۇپ قالغان ئىدى.

بۇلار بىر توپ كازاكلارغا قوشۇلۇپ كولدىن قايتىپ كېلىشتى. باغ بىلەن قورغاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تامنىڭ ئالدىدا ستېپان ئاستاخوپ ئۇلارغا يېتىشىۋالدى. ئۇ شەپكىسىنىڭ ئاستىدىن چېكىسىگە سىيرىلىپ چۈشكەن بىر تۇتام چېچىنى ھەدەپ مۇڭگۈز تاغاق بىلەن تارايتتى؛ گىرىگورىيغا تەڭلىشىۋالغاندىن كېيىن:

— سالام، دوستۇم! — دېدى.

— سالام، — گىرىگورىي خىجىل بولۇپ، ئەپپېدار كىشىدەك ئۇنىڭغا قاراپ قويدى-دە، ئارقىدىراق قالدى.

— مېنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟

— ئۇنتۇپ قېلىشقا ئاز قالغان ئىدىم.

— ئەمما مەن سېنى يادىمدا ساقلاپ يۈرىمەن، — ستېپان ئىستېهزا بىلەن كۈلۈپ قويدى-دە، توختىمايلا ئۆتۈپ كەتتى، ئاندىن ئالدىدا كېتىۋاتقان ئورەدنىك پاگونى تاقىغان كازاكنىڭ ئارقىسىدىن قوچاقلىدى.

گۇگۇم چۈشكەندە دىۋىزىيە ئىشتاۋىدىن جىددى تېلېفون كەلدى، تېلېفوندا ئالدىنقى سەپكە قاراپ يولغا چىقىش توغرىلىق بۇيرۇق بېرىلگەن ئىدى. چارەك سائەت ئىچىدە پولك يولغا چىقىشقا تەييار بولدى؛ پولك يېڭى كەلگەن كىشىلەر بىلەن تولۇقلانغاندىن كېيىن، مارش ئوقۇپ، ماجار ئاتلىقلىرى يېرىپ ئۆتكەن جاينى توساش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.

پېترو خوشلىشىۋېتىپ توت قاتلانغان بىر قەغەزنى ئىنىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— بۇ نىمە؟ — دەپ سورىدى گىرىگورىي.

— دۇئا. ساڭا ئاتاپ كۆچۈرۈپ ئەپكەلگەن ئىدىم، ئال.

— نىمە پايدىسى بار؟

— كۈلمە، گىرىگورىي!

— كۈلۈۋاتقىنىم يوق.

— خەير-خوش، ئىنىم، سالامەت بول. سەن باشقىلارنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ، ئوزەڭگىنى ئوتقا ئۇرما، چۈنكى ئەجەل قىزىقفانلارنى پايلاپ يۈرىدۇ! ئوزەڭگىنى ئاسرا! — دەپ ۋاقىرىدى پېترو.

— دۇئا ئاسراپ قالامدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پېترو قولىنى شىلتاپ قويدى.
سائەت 11 گىچە ھېچنەرسىدىن ئەنسىرىمەي، خاتىرجەم مېڭىشتى. ئۇندىن كېيىن ۋاخمىستىرلار مۇمكىن قەدەر جىم،تاماكا چەكمەي مېڭىش توغرىسىدىكى كوماندىر بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈپ، ھەممە بولۇنمىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ چىقتى.
يىراقتىكى ئورمان ئۈستىدە بىنەپشىرەڭ تۇتۇن ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىققان راكېتىلار ئاسمانغا كوتىرىلەتتى.

## 11

بېغىر رەڭ خۇرۇم مۇقاۋىلىق كىچىككىنە بىر خاتىرە دەپتىرى توت بۇرجىگى سۇنۇپ، چورىسى خېلىلا تىتىلغان؛ ئېھتىمال ئىگىسىنىڭ يانچۇقىدا ئۇزاق ۋاقىت تۇرغان بولسا كېرەك، ۋاراقلىرى مايىماق ـ سايىماق خەت بىلەن تولغان.

× ×

«... خېلى چاغلاردىن بۇيان قەغەز ـ قەلەم بىلەن ئىش كورۇشنىڭ مۇشۇنداق زورۇرىيىتى تۇغۇلغان ئىدى. مەن ئىنىستىتوتتا ئوقۇۋاتقان چاغلاردىكىدەك «خاتىرە دەپتىرى» تۇتۇشنى خالايمەن. ھەممىدىن بۇرۇن شۇ قىز توغرىلىق سوز ئاچاي: فېۋرال ئېيىدا، قانچىنچى چىسلا ئىكەنلىكى ئېسىمدە يوق، ئۇنىڭ بىر يۇرتلۇغى ـــ ستودېنت بويارىشكىن مېنى شۇقىز بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويغان ئىدى. مەن ئۇلاردىن كىنوخانىنىڭ ئىشىگى ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالغان

ئىدىم، بويارىشكىن بىزنى تونۇشتۇرۇۋېتىپ مۇنداق دېدى: «بۇ ۋېشىنىسكايا يېزا بازىرىدىن كەلگەن قىز، سەنتىموفېي، بۇقىزنى ئىززەت قىل، لىزا — تەگدىشى يوق قىز»، شۇ نەرسە ئېسىمدىكى، مەن ئۇ قىزغا بىرنىمىلەرنى دېگەن ئىدىم ۋە تەرلىگەن يۇمشاق قولىنى بىردەم تۇتۇپ تۇرغان ئىدىم، مېنىڭ يىلىزاۋېتا موخوۋا بىلەن تونۇشچىلىقىم ئاشۇنداق باشلانغان ئىدى. مەن بۇقىزنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى بىرىنچى قاراشتىلا بايىقىغان ئىدىم: بۇنداق ئايالالارنىڭ كوزلىرى «مانامەن»،دەپ بىلىنىپ تۇرىدۇ، راستىنى ئېيتسام، بۇقىز مەندە ياخشى تەسىر قالدۇرمىدى: ئالدى بىلەن ئالقىنىنىڭ تەرلىشى، كىشىلەرنىڭ قولىنىڭ مۇنچىلىك تەرلىشىنى ئۇچراتقان ئەمەسمەن؛ ئۇندىن قالسا —كوزلىرى، بۇكوزلەر ھەقىقەتەن چىرايلىق بولسىمۇ، بادام قاپاق بولسىمۇ، ئەمما ئەينى زاماندا يېقىمسىز.

دوستۇم ۋاسە، مەن جۇملە تۇزۇلۇشكە ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىشىمنىڭ، ھەتتاكى تەسۋىرلىك قىلىپ يېزىشقا تىرىشقانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى شۇكى، كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئۇششۇ «كۇندىلىك خاتىرە» سىمپالاتىنىسكىدە سېنىڭ قولۇڭغا چۇشۇپ قالسا، بولغان ئىش توغرىلىق ئېنىق چۇشەنچىگە ئىگە بولۇپ قالار دېگەننى كوزدە تۇتقان ئىدىم (راستىنى ئېيتقاندا، يىلزاۋېتا موخوۋا بىلەن بولغان ئىشقى ماجرايىمىز تامام بولغاندىن كېيىن بۇنى ساڭا ئەۋەتىش پىكرى تۇغۇلغان ئىدى، بۇ كۇندىلىك خاتىرىنى ئوقۇساڭ خېلىلا ھوزۇرلىنىپ قالىسەن). مەن كۇنتەرتىۋى بويىچە يېزىپ بارىمەن، شۇنداق قىلىپ، مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن ئۇچەيلەن كىنوغا كىرىپ، قانداقتۇر چاكىنا بىر كىنونى كوردۇق، بويارىشكىن لام - جىم دېمەي ئولتۇردى(«ئۇ «ئېزىق چىشىم ئاغرىۋاتىدۇ» دېدى)، پارىڭىمىز ھېچ قولاشمىدى،

www.uyghurkitap.com

بىز بىر يۇرتلۇق بولۇپ چىقتۇق، (بىر بىرىگە خۇشنا يېزا بازىرىدىن ئىكەنمىز) گېپىمىز دالا مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئومۇمى خاتىرىلەر ئۈستىدە بولدى. شۇنىڭ بىلەن جىمىپ قالدۇق. ئەگەر شۇنداق دېيىش مۇمكىن بولسا، مەن بىمالال جىم ئولتۇرۇۋەردىم، بۇنداق جىملىقتىن قىزقىلچە ئوڭايسىزلىق ھېس قىلمىدى. مەن ئۇنىڭ تىببى مەكتەپنىڭ ئىككىنچى كۇرسىدا ئوقۇيدىغانلىغىنى، سودىگەر ئائىلىسىدىن ئىكەنلىكىنى، ئاچچىق دەملەنگەن چاينى ۋە ئاسمالۇپ تاماكىسىنى① ياخشى كورىدىغانلىغىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدىم. مانا كورۇپ تۇرۇپسەن، مېنىڭ بىلگەنلىرىم شۇنچىلىك ھەممە بۇ مەلۇماتلار بادام قاپاق قىزنى تونۇش ئۈچۈن كۇپايە قىلمايدۇ. قىز خوشلىشىۋېتىپ (بىز ئۇنى تىراموۋاي بېكىتىنگىچە ئۇزىتىپ قويدۇق) بىزنىڭكىگە كىرىپ تۇرۇڭ، دەپ ئىلتىماس قىلدى. مەن ئادرېسىنى يېزىۋالدىم. 28 - ئاپرېل كۈنى يوقلاشنى ئويلاۋاتىمەن.

### 29 - ئاپرېل

بۈگۈن ئۇنىڭكىگە باردىم، مېنى چاي، ھالۋا بىلەن مېھمان قىلدى، راستىنى ئېيتسام، ئالامەت قىز ئىكەن، تىلى ئوتكۈر، ئەقلى - ھوشى جايىدا، ئەمما ئۇنىڭدىن ئارسىباشېۋچىلىكنىڭ ② پۇرىغى كېلىپ تۇرىدۇ، بۇ

① ئاسمالوپ تاماكىسى — شۇزامانلاردا روستوپ شەھىرىدىكى تاماكا فابرىكىسىدا ئىشلەپچىقىرىلغان تاماكا.

② ئارسىباشېۋ (1878 — 1927) — 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى رۇس بۇرژۇئا دېكادېنت (چۈشكۈنلۈك) ئېقىمىدىكى يازغۇچى. ئارسىباشېۋچىلىك — بۇ يەردە ئوياتسىز، ھاياسىزلىق مەنىسىدە كەلگەن — ت.

نەرسە ھەتتا يىراقتىنلا مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ
گويىدىن كەچ قايتتىم، مەن پاپىروس يوكەۋېتىپ، ئۇنىڭغا ھېچ
قانداق ئالاقىسى بولمىغان نەرسە توغرىسىدا، بولۇپمۇ پۇل
توغرىلىق ئويلاپ كەتتىم، كاستۇمىم كونىراپ جۇل - جۇل بو-
لۇپ كەتكەن ئىدى، ئەمما «سەرمايە» يوق، ئومۇمەن ئىشلار
چاتاق.

## 1 - ماي

شۇ كۈنى ئەستىن چىقمايدىغان بىر ئىش يۈز بەردى، بىز سوكولنىك رايونىدا خاتىرجەم ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ ئايلىنىپ يۈرگىنىمىزدە مۇنداق بىر ۋەقەگە دۇچكەلدۇق: بىر توپ ساقچى ۋە يىگىرمىچە كازاك 1 - ماي ناماييشىغا قاتناشقان ئىشچىلارنى تارقىتىۋاتقان ئىكەن. بىر مەس ئادەم كازاكنىڭ ئېتىنى تاياق بىلەن ئۇردى، شۇ چاغدا كازاك ئۇنى قامچا بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. مەن دەرھال بېرىپ ئىشقا ئارىلاشتىم، ۋىجدانەن ئېيتقاندا، ئالىجاناپلىق تۇيغۇ مېنى جىم تۇرغۇزمىدى. مەن بېرىپ كازاكقا: سەن لەگلەك قۇش، پالان - پۇستان، دىدىم. كازاك ماڭىمۇ قامچا تەڭلىگەن ئىدى، ئەمما مەن مەھكەم تۇرۇپ، ئۆزەمنىڭ كامىنىسكايا يېزىسىدىن ئىكەنلىگىمنى، مەنمۇ ئۇرۇپ، بۇرنىدىن بۇلاق قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم، ئۇ ئاق كوڭۇل، ياش كازاك ئىكەن؛ ھەربى خىزمەت ئۇنى تېخى بۇزمىغان ئىكەن. ئۇمۇ ئۇست - خوپېر يېزىسىدىن ئىكەنلىگىنى، ئۆزىنىڭ يەككە - يىگانە مۇشتلاشچى ئىكەنلىگىنى ئېيتتى. بىز تىنىچ ئاجرىشىپ كەتتۇق. مۇبادا ئۇ ماڭا قول كوتەرگەن بولسا، مۇشتلىشىپ قالاتتۇق - دە، ئۇ چاغدا تاياق يەپ كېتىشىم مۇمكىن ئىدى، بۇ ۋەقەگە ئارىلاشقانلىقىمنىڭ سە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋىۋى شۈكى، ئارىمىزدا يىلىزاۋىتا بار ئىدى؛ ئۇ بار يەردە ھەمىشەم گۈدەكلىكىم تۇتۇپ، «قەھرىمانلىقىمنى» كۆرسىتىپ قويغۇم كېلەتتى. ئۇز نەزىرىمدە سوقۇشقاق خورازغا ئايلىنىپ كېتىمەن، ھەتتاكى شەپكەمنىڭ ئاستىدىن قىزىل تاج ئۈنۈپ چىقىۋاتقاندەك بولىدۇ ... مانا مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم.

3 - ماي

ھاراق ئىچكىم كېلىپ، ئاران - ئاران يۈرىمەن. ئۇلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، بىر تىيىن پۇلۇم يوق. ئادىسى بۇرۇلكامنىڭ ئىغى سوكۇلۇپ، قاق ئوتتۇرىسى پىشقان قوغۇندەك يېرىلىپ كەتتى، تىكەي دېسەم، چاك تۇتقۇزۇشقا كوزۇم يەتمەيدۇ. ئۇنى تىكىش يېرىلغان قوغۇننى ياماش بىلەن ئوخشاش، ۋولودكا ستىرېژنىپ كېلىپ كەتتى. ئەتە لېكسىيىگە بارىمەن.

7 - ماي

دادامدىن كەلگەن پۇلنى تاپشۇرۇۋالدىم، خېتىدە مېنى راسا تىللاپتۇ، ئەمما ماڭا قىلچە تەسىر قىلمىدى. دادام بىچارە ئوغلىنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن چىرىگەنلىكىنى بىلسە ئىدى... كاستۇم سېتىۋالدىم، گالىستوكىمغا ھەتتا پوچتىكېشلەرمۇ دىققەت قىلىپ يۈرۈشىدۇ. تىۋېرىسكايا كوچىسىدىكى سەتراچخانىدا ساقال ئالدۇردۇم، ئۇ يەردىن مىلىچماللار ماگىزىنى پىركازچىكىدەك پاك - پاكىز بولۇپ چىقتىم. زەپەر - باغچاكوچىسىنىڭ دوقمۇشىدا ساقچى ماڭا كۈلۈپ قارىدى. ئوتتۇپ كەتكەن ئىپلاس بىر نىمە ئىكەن! مۇشۇ كورۇنۇشتە ئۇنىڭ بىلەن ئىككى

مىز ئۆتتۈرىسىدا قانداقتۇر بىر ئوخشاشلىق بار! ئەمما 3 ئاي بۇرۇنچۇ؟ ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات. تارىخنىڭ ئاق ۋاراقلىرىنى شارتىلدىتىشقا ئەرزىمەيدۇ... يىلىزاۋىتانى توساتتىن تىرامۋايىنىڭ دەرىزىسىدىن كۆرۈپ قالدىم. پەلىيىنى سىلكىپ، كۈلۈپ قويدى. كۆزىگە قانداق كۆرۈندۈمكىنە؟

8 - ماي

"ياش - قېرىلارنىڭ ھەممىسى ئىشقى - مۇھەببەتكە ئەسىر" ① تاتيانانىڭ② ئېرىنىڭ يوغان ئېچىلغان ئاغزى كۆز ئالدىمدىن زادى كەتمەيدۇ. تىياتىرخانىنىڭ يۇقۇرقى قەۋىتىدە تۇرۇپ ئاغزىغا شارت قىلىپ تۇكۇرگۇم كېلىپ كەتتى. شۇجۇملە ئېسىمگە چۈشسە، بولۇپمۇ شۇجۇملىنىڭ ئاخىرىدىكى "ئە - سى - ر..." دېگەن سۆز يادىمغا كەلسە ئىڭەكلىرىم تىترەپ، ئەسنەك تۇتىدۇ، بۇ ئېھتىمال ئەسەبىلىكتىن بولسا كېرەك.

لېكىن گەپشۇنىڭدىكى، مەنمۇ ئۆز ياش قۇرامىمدا ئاشىق بىقارار بولغانمەن. مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمدا قۇيقا چېچىم تىك تۇردى...مەن يىلىزاۋىتانىڭكىگە باردىم. سۆزگە پەداز بېرىپ يىراقتىن گەپ باشلىدىم. يىلىزاۋىتا ئۆزىنى چۈشەنمىگەنگە سېلىپ، گەپنى باشقا ياققا بۇراشقا ئۇرۇندى. بەك بالدۇرمۇ قانداق؟ ھەي، مۇشۇ لەنىتى كاستۇم ھەممە ئىشنى بۇزدى!... ئەينەككە قارىسام راۋرۇسمەن: ئىشقىمنى ئىزھار قىلىسامۇ بولۇۋېرىدۇ، دېگەن پىكىرگە كەلدىم. مەندە قانداقتۇر ئۆز مەنپەئەتىمنى كۆزلەش خىسلىتى باركى، ئۇ قالغان ھەممە مۇلاھىزىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەگەر ھازىر ئېيتىۋەتمىسەم، ئىككى ئايدىن

① بۇ پۇشكىننىڭ «يېۋگېنىي ئونېگىن» ناملىق شېئىرى رومانىدىكى بىر مىسرا — ت.
② تاتيانا — شۇ رومانىدىكى ئايال قەھرىمان — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېيىن ۋاقتى ئۆتكەن بولىدۇ. بۇرۇلكام گوئىراپ، يەنە ھېلىقى جايدىن سوكۇلسە بۇ توغرىلىق ئېغىز ئېچىش بىمەنىلىك بولىدۇ. بۇنى يېزىۋېتىپ ئۆزەممۇ ھاياجانلىنىمەن: دەۋرىمىزدىكى ئەڭ ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى ھىس - تۇيغۇلىرى مەندە جەم بولغانلىقىغا ئۆزەممۇ قايىل بولىمەن. مەندە ئەڭ نازۇك ۋە جۇشقۇن مۇھەببەتمۇ تېپىلىدۇ، «مۇستەھكەم ئەقلى ئىدراكمۇ» بار. بۇلاردىن تاشقىرى ئەڭ ياخشى خىسلەتلەر مۇجەسسەم بولۇپ، قىيامغا ئايلانغان.

شۇنداق قىلىپ، مەن ئۇ قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ئالدىنقى تەييارلىقنى قىلىپ بولالمىدىم. چۈنكى ئۇي ئىگىسى ئايال كېلىپ، گەپنىڭ بېلىگە تەپتى: ئۇ يىلىزاۋىتانى دەھلىزگە چاقىرىپ چىقىپ، ئۇنىڭدىن قەرز پۇل سورىۋىدى، بۇنى مەن ئاڭلاپ تۇردۇم. قىز يېنىدا پۇل بولۇپ تۇرۇقلۇق بەرمىدى. پۇلى بارلىقىنى مەن ئېنىق بىلەتتىم، ئەمما ئۇ ئاۋازىنى راست سوزلىگەندەك چىقىرىپ «يوق» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئاشۇ ھالەتتىكى چىرايىنى ۋە سەمىمىلىككە تولغان بادام قاپاق كوزلىرىنى كوز ئالدىمغا كەلتۈردۇم. مۇھەببەت توغرىلىق سوز ئېچىشقا ئىشتىياقىم يوقالدى.

13 - ماي

مەن چىندىن ئاشىق بىقارا بولۇپ قالدىم. بۇنىڭدا ھېچقانداق شەك - شۈبھە يوق. ئەتىگەنلىكتە ئىشقىمنى ئىزھار قىلىمەن. ئەمما ئوز مەۋقەيىمنى ھازىرچە ئېنىقلىۋالغىنىم يوق.

14 - ماي

كۇتۇلمىگەندە ئىش ئوڭىدىن كېلىپ قالدى. يامغۇر يېغىۋاتاتتى، شۇنداق ئىللىق، شۇنداق يېقىملىق. بىز موخوۋايا

كوچىسىدا كېتىۋاتىمىز، قىيپاش چىققان شامال چەتتىكى پىيادە-لەر يولىغا سوقۇپ تۇراتتى. مەن گەپ قىلاتتىم، ئۇ بولسا بىر نەرسىنى ئويلاۋاتقاندەك بېشىنى تووەن سېلىپ، ئۇنچۇقماي ماڭاتتى. شىلەپىسىدىن مەگزىگە يامغۇر تامچىلايتتى - دە، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ گۈزەللىشىپ قالغان ئىدى. ئارىمىزدا مۇنداق پاراڭ بولدى:

— يىلىزاۋېتا سېرگېيېۋنا، مەن سىزگە ئىشقىمنى ئىزھار قىلدىم، گەپ سىزدە قالدى.

— ئىشقىڭىزنىڭ چىن ئىكەنلىكىگە گۇمانىم بار.

مەن ئەخمەقلىق قىلىپ ئىككى مۇرەمنى قىستىم ۋە قەسەم ئىچىشكە تەيياردەك قورۇندۇم ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش قىلىقلارنى قىلدىم.

ئۇ مۇنداق دېدى:

— ماڭا قاراڭ، سىز تۇرگېنېپ قەھرىمانلىرىنىڭ تىلى بىلەن سوزلەۋاتىسىز. ئاددىراق قىلىپ سوزلىسىڭىز بولمامدۇ؟

— ئەڭ ئاددى قىلىپ ئېيتسام، مەن سىزنى ياخشى كورۇپ قالدىم.

— خوش، يەنىچۇ؟

— گەپ سىزدە قالدى.

— مېنىمۇ شۇنداق دەپ جاۋاپ بەرگىن دېمەكچىمۇسىز؟

— مەن جاۋاپ بېرىشىڭىزنى خالايمەن.

— بىلەمسىز، تىموفېي ئىۋانوۋىچ ... مەن سىزگە نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ مەن سىزنى ئازراقلا ياخشى كورىمەن ... بويتاق ئىكەن ...

— مەن يەنە ئۇسسىمەن، — دېدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئەمما تونۇشلۇغىمىز تېخى چوڭقۇر ئەمەس، ئۆزئارا بىر بىرىمىزنى ...

— بىللە ئولتۇرۇپ ئاش - تۇز يىسەك، بىر بىرىمىزنى ئوبدان بىلىۋالالايمىز.

ئۇ قىپ - قىزىل ئالقىنى بىلەن ھول بولۇپ كەتكەن مەڭزىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ دىدى:

— ئۇنداق بولسا، ماقۇل، بىز بىر قارارغا كەلدۇق، مەلۇم ۋاقىتنى ئۇتكۇزەيلى — يەنە كورمەمدۇق. پەقەت ئىلگىرىكى خۇشتارىم بىلەن ئالاقىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇچۇن ماڭا موھلەت بېرىڭ.

— ئۇ كىم ئىدى؟ — دەپ قىزىقىپ سورىدىم.

— سىز ئۇنى بىلمەيسىز، بىر دوختۇر، تاناسىل كېسەللىرى مۇتەخەسسىسى.

— قاچان ئارىنى ئوچۇق قىلىسىز؟

— جۇمە كۇنىگىچە قۇتۇلارمەن دىگەن ئىشەنچىدىمەن.

— بىز بىللە تۇرامدۇق؟ يەنى بىر ئويدە ياشامدۇق؟

— ھە، شۇنداق بولغىنى قۇلايلىق، سىز مېنىڭكىگە كوچۇپ كېلىسىز.

— نىمىشقا؟

— مېنىڭ ئويۇم ناھايىتى قۇلاي ھەم ئازادە. ئۇي ئىگىسىمۇ چىرايى ئىسسىق بىر ئايال.

مەن ئېتىراز بىلدۇرمىدىم. تىۋېرسكايا كوچىسىنىڭ دوخمۇشىدا خوشلاشتۇق، يولدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقان بىر خانىمنىڭ تولىمۇ ھەيران بولغانلىغىغا قارىماستىن، سويۇشتۇق.

تەقدىر ئەتە ماڭا نىمىلەرنى كورستەركىن؟

22 - ماي

كۈنلىرىم ھەسەلدەك شىرىن ئۆتمەكتە، ئەمما بۈگۈن لىزا: كوينەك ـ ئىشتىنىڭنى يەڭگۈشلە دىگەنلىكتىن «ھەسەلدەك» كەيپىم بۇزۇلدى. ھەقىقەتەن كوينەك ـ ئىشتانلىرىم بەك ئەسكىرەپ كەتكەن ئىدى. ئەمما پۇلنىڭ ئىشى چاتاق ... پۇلنى خەجلەۋاتىمەن، ئۇمۇ ئانچە كوپ ئەمەس، بىرەر ئىش تېپىشقا توغرا كېلىدۇ.

24 - ماي

بۈگۈن كوينەك ـ ئىشتان سېتىۋالماقچى بولغان ئىدىم، بىراق لىزا كۈتۈلمىگەندە مېنى چىقىمدار قىلىپ قويدى، ئۇنىڭ ياخشى بىر رېستوراندا تاماق يىگۈسى ۋە يىپەك پايپاق ئالغۇسى كېلىپ كەتكەن ئىكەن، تاماق يىدۇق، پايپاقنىمۇ سېتىۋالدۇق، ئەمما مەن كوينەك ـ ئىشتاندىن قۇرۇق قېلىپ، كوڭلۇم يېرىم بولۇپ قالدى!

27 - ماي

ئۇمېنى ھالىمدىن كەتكۈزمەكتە، كۈچ ـ قۇۋۋىتىم تۈگەپ، يالىڭاچلىنىپ قالغان ئاپتاپپەرەس شادىسىغا ئوخشاپ قالدىم، بۇ بىر ئايال ئەمەس، تۈتۈن چىقىپ تۇرغان ئوت!

2 - ئىيۇن

بۈگۈن بىز سائەت 9 دا ئويغاندۇق، پۇتۇمنىڭ بارماقلىرىنى مىدىرلىتىدىغان لەنىتى ئادىتىم مېنى مۇنداق ئاقىۋەتكە قويدى: لىزا يوتقانىنى ئېچىپ تاپىنىمنى ئۇزاق تەكشۈردى، ئاندىن ئوز كۈزىتىشلىرىنى مۇنداق يەكۈنلىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ــ سىنىڭ پۇتلىرىڭ پۇت ئەمەس، ئاتنىڭ تۇيىغى، بەلكى تۇياقتىنمۇ بەتتەر! يەنە تېخى قوللىرىڭنى شۇنداق يۇڭ بېسىپ كېتىپتۇ، پۇ! ــ ئۇقاتتىق سەسكىنىپ، ئىككى مۇرىسى بىلەن قورۇندى، ئاندىن يوتقانغا پۈركىنىپ، تام تەرەپكە قاراپ يېتىۋالدى.

مەن بەك خىجىل بولدۇم. پۇتۇمنى يىغىۋېلىپ يەلكىلىرىنى سىلىدىم.

ــ لىزا!

ــ ماڭا تەگمەڭ!

ــ لىزا، بۇ قىلىغىڭىز قاملاشمىدى. پۇتۇمنىڭ ئەھۋالى شۇ تۇرسا، مەن قانداق ئۆزگەرتەلەيمەن، چۈنكى مېنىڭ بۇيرۇتمام بىلەن بولغان ئەمەس، ئەمما يۇڭ مەسىلىسىگە كەلسەك، موي دىگەننىڭ ئەقلى بولمايدۇ، ھەرقانداق يەرگە ئۈنۈپ چىقىۋېرىدۇ، ئۆزەڭ تىببى مەكتەپتە ئوقۇۋاتىسەن، تەبىئەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنلىرىنى بىلىشىڭ كېرەك.

ئۇ مەن تەرەپكە ئورۇلدى، بادام قاپاق كوزلىرى قەھۋىدەك قىزىرىپ، ھوميىپ قويدى.

ــبۈگۈنلا مەرھەمەت قىلىپ، تەرلەشنى يوقىتىدىغان ئۇپا سېتىۋېلىڭ، پۇتىڭىزدىن ئۆلۈكنىڭ پۇرىغى كېلىپ تۇرىدۇ!

مەن ئۇرنى كەلگەچ، ئۇنىڭمۇ دائىم ئالقىنى تەرلەيدىغانلىغىنى ئەسلىتىپ قويدۇم، ئۇ لام ـ جىم دىمىدى، ئەمماكوڭلۇم، «ئالىيجاناپلىق» بىلەن ئېيتقاندا، جۇتقا ئايلاندى. بۇ يەردە گەپ پۇت بىلەن يۇڭ مەسىلىسىدە ئەمەس...

4 - ئەيون

بۈگۈن بىز موسكۋادەرياسىدا قېيىقتا سەيلە قىلدۇق، دون دەرياسىنى ئەسلىدۇق، يىلزاۋىتا ئۆزىنى ياخشى تۇتمىدى:

ھەدەپ مېنىڭ يېغىرىمغا تەگـدى، بەزىدە قوپال گەپلەرنى قىلدى، مەنمۇ شۇنداق جاۋاپ قايتۇرىدىغان بولسام، ئارىمىزنىڭ بۇزۇ- لۇشى تۇرغان گەپ ئىدى، ئەمما مەن مۇنداق بولۇشنى خـالىـ مايمەن. مەن، ئەھۋالنىڭ شۇنـداقلىـغىغا قارىماستىن، بارغانـ سېرى ئۇنىڭغا باغلىنىپ قېلىۋاتىمـەن. ئۇ، ئاددىسى ــ ئەكە ئۇسـكەن ئايال. ئۇنىڭ خۇلقى ـ مىجەزىنى تۇپتىن ئۆزگـەر- تىش ئۈچۈن مېنىڭ ئۇنىڭغا تەسىر كورسىتىشىم كۇپايە قىلماسـ مىكىن، دەپ قورقىمەن. ئۆزى يېقىملىق، تەنتەك قـىز، يـەنـە كېلىپ بۇنداق قىزلارنى كوپ ئاڭلـىغان بولسامۇ، ئومـرۇمدە كـورگىنىم مانا مۇشۇ. قايتىشىمىزدا ئۇ مېنى ئاپتىكىغا سورەپ كىرىپ، كۇلۇپ تۇرۇپ، تەر ئۇپىسى، يەنە باشقا بىر نىمىلەر- نى سېتىۋالدى.

ــ مانا بۇنى تەرلىگەن ئايىغىڭغا سېپىسەن.

مەن ئىنتايىن نازاكەت بىلەن تازىم قىلىپ، تـەشەكـكۇر بىلدۇردۇم.

بۇ بىر كۇلكىلىك ئىش، ئەمما مۇشۇنداق بولدى.

7 - ئىيۇن

ئۇنىڭ ئەقلى بەك كوتە ئىـكەن. قـالغان ئىشـلاردا ئۇ ھەرقاندىغىنى ئوقۇتىدۇ.

ھەركۈنى يېتىشتىن بۇرۇن پۇتۇمنى ئىسسىق سۇ بـىلەن يۇيۇمەن، ئەتىر سۇرتىمەن ۋە قانداقتۇر بىر ئۇپىنى سېپىمەن.

16 - ئىيۇن

ئـۇ كۇنـدىـن كۇنگە سەۋرسىز بولۇپ قالدى، تۇنۇگۇن ئۇنىڭ تۇتقاق كېسىلى تۇتۇپ قالدى. بۇنداق ئايـال بـىلەن بىللە تۇرۇش بەك ئېغىر ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

18 - ئىيۇن

ھېچقانداق ئورتاقلىقىمىز يوق، ئۇنىڭ گېپى باشقا، مېنىڭ باشقا، ئىككىمىزنى باغلاپ تۇرغان نەرسە — كارۋات، پۇچەك تۇرمۇش!

بۈگۈن ئەتىگەن، ئۇ ناۋايخانىغا بېرىشتىن بۇرۇن يانچۇقىمدىن پۇل ئېلىۋاتقاندا، مۇشۇ خاتىرە دەپتەرنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنى يانچۇقىمدىن ئالدى.

— بۇ نىمەڭ؟

بەدەنلىرىم قىزىپ ئوت بولۇپ كەتتى. ئەگەر بىر-ئىككى ۋاراقنى ئېچىپ كۆرگەن بولسا، نىمە بولاتتى؟ دەرھال جاۋاپ بەردىم - دە، ئاۋازىمنىڭ تەبىئىلىكىگە ئۆزەممۇ ھەيران بولدۇم:

— ئارخىپتىكا سانلىرى يېزىلىدىغان دەپتەر.

لىزا دەپتەرنى پەرۋاسىزلىق بىلەن يانچۇقىمغا سېلىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. مۇندىن كېيىن پەخەس بولۇش كېرەك. ئىككى ئاردا بولغان سىرلارنى باشقىلارنىڭ ئۇقمىغىنى تۈزۈك.

دوستۇم ۋاسەگە — بۇ نەرسەم ئوقۇپ مەزە قىلىشىنىڭ مەنبەئى.

21 - ئىيۇن

مەن يىلزاۋىتاغا ھەيرانمەن. ئۇ 21 ياش، قاچاندىن بۇيان مۇشۇ دەرىجىدە چىرىپ كەتكەندۇ؟ ئۇنىڭ ئائىلىسى قانداق ئائىلە، ئۇ قانداق تەربىيىلەنگەن، ئۇنى كىم بۇزۇپ چوڭ قىلغان؟مانا بۇ مەسىلە مېنى ناھايىتى قىزىقتۇرىدۇ. ئۆزى كارامەت

بىرجانان. قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، شۇنىڭغا مەغرۇرلىنىپ يۈرىدۇ. ئۆزىگە بەك تەمەننا قويىدۇ، باشقىلارنى كوزگە ئىلمايدۇ. مەن بىر نەچچە قېتىم ئۇنىڭ بىلەن جىددىراق سوزلىشىپ كورمەكچى بولدۇم ... تەقۋادارنى خۇدانىڭ يوقلۇغىغا ئىشەندۈرۈش مۇمكىن، ئەمما ئۇنى تەربىيە بىلەن ئادەم قىلىش تەس.

بىللە ئوتتۇشنىڭمۇ مەنىسى قالمىدى، ھەتتا ئەخمىقانە بىر ئىش بولۇپ قالدى. ئەمما مەن ئالاقىنى ئۆزۈشنى كېچىكتۈرۈپ كېلىۋاتىمەن. ئىقرارمەنكى، شۇ ئىشلارغا قارىماستىن، ئۇنى مەن ياقتۇرىمەن. ئۇ قەلبىمدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان.

24 - ئىيۇن

ئىش ئاسانلا ھەل بولدى. بۈگۈن بىز كوڭلىمىزدىكى گەپنى ئېيتىشتۇق، ئۇنى قانائەتلەندۈرەلمەسلىكىمنى يۈزۈمگە ئوچۇقلا ئېيتتى. ئايرىلىش تېخى رەسمىلەشمىدى، لېكىن مۇشۇ 3 ـ 2 كۈن ئىچىدە بىر تەرەپ بولۇپ قالار.

26 - ئىيۇن

ئۇنىڭغا يېزىمىزنىڭ ئات ئېغىلىدىكى ئايغىر بولسا، ئاندىن بولىدىغان ئوخشايدۇ.

ئايغىر!

28 - ئىيۇن

ئۇنىڭدىن ئايرىلىش ماڭا بەك ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. ئۇ مېنى سۈنىڭ ئاستىدىكى پاتقاقتەكلا ئوزىگە تارتىپ كەتكەن. بۈگۈن بىز ۋوروپېپ ئىگىزلىكىگە سەيلىگە باردۇق. ئۇ تىرامۋاي دەرىزىسى يېنىدا ئولتۇردى. نەقشدار چەسۋەك ئارىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىن ئۇنىڭ كوكۇلىسىغا ئاپتاپ چۈشۈپ تۇراتتى، چاچلىرى ئالتۇندەك پارقىرايتتى. مانا ساڭا كىچىككىنە شېرىيەت!

4 - ئىيۇل

مەن خىزمەتنى تاشلىدىم، يىلزاۋىنا مېنى تاشلاپ كەتتى. بۈگۈن سىترېژنىپ بىلەن پىۋا ئىچتۇق. تۈنۈگۈن ھاراق ئىچكەن ئىدۇق. يىلزاۋىنا بىلەن مەدىنى كىشىلەردەك مۇلايىملىق بىلەن ئاجراشتۇق. ھېچقانداق ئىگىز - پەس سوزلەر بولمىدى. بۈگۈن مەن ئۇنى دىمىتروپكا كوچىسىدا كوردۇم، چەۋەندازچە ئوتۇك كىيگەن بىر ياش يىگىت بىلەن كېتىۋاتقان ئىكەن. باش سىلكىتىپ بەرگەن سالامىمغا بېشىنى لىڭشىتىپلا قويدى. خاتىرەمنى ئاياقلاشتۇرىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. چۈنكى ئىلھام مەنبەئى قۇرىدى.

30 - ئىيۇل

كۆتۈلمىگەندە قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا توغرا كەلدى. ئۇ - رۇش! ھەممىدە ھايۋانى غەيرەت قوزغالغان. ھەر بىر كاللىدىن قوتۇر ئىتتىنمۇ سېسىق ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ پۇرىغى كېلىپ تۇرىدۇ. ياش بۇرادەر غەزەپلىنىشتى، ئەمما مەن خوشال بولدۇم. مەن «مەھرۇم بولغان جەننەتنى» يەنە سېغىنىۋاتىمەن... تۈنۈگۈن يىلزاۋىنا چۈشۈمگە كىردى. ئۇ كوڭلۈمدە ھەسرەت قالدۇرۇپ كەتتى. ئەمدى بۇ ھەسرەتنى قانداق يوقىتارمەن!

1 - ئاۋغۇست

ۋاراڭ - چۇرۇڭ تويدۇرۇۋەتتى. ئىلگىرىكى دەرت يەنە قوزغالدى. بۇۋاق بالا ئېمىزگىنى شورىغاندەك، مەنمۇ غەم - ھەسرەت چېكىۋاتىمەن.

## 3 - ئاۋغۇست

قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى تېپىلدى! ئۇرۇشقا بارىمەن. ئەخمەقلىقمۇ؟ ناھايىتى ئەخمەقلىق. ئۇيات ئەمەسمۇ؟ مەيلى.
چۈنكى ئۆزەمنى سىغدۇرىدىغان يەر يوققۇ، ئاخىر. ئەڭ ياخشىسى باشقا ھىس - تۇيغۇلار بىلەن كىچىككىنە ئارام تاپسام بولدى. ئىككى يىل بۇرۇن مەندە دۇنيادىن تويۇش دېگەن نەرسە يوق ئىدى. قېرىپ كېتىۋاتامدىمەن - نىمە؟

## 7 - ئاۋغۇست

بۇ خاتىرىنى ۋاگوندا ئولتۇرۇپ يېزىۋاتىمەن. ۋورونېژدىن ھازىرلا ماڭدۇق. ئەتە كامېنسكايادا پويىزدىن چۈشىمىز، قەتئى قارارغا كەلدىم: «دىن، پادىشا ۋە ۋەتەن ئۈچۈن» جەڭگە كېتىۋاتىمەن.

## 12 - ئاۋغۇست

مېنى ئۆزىتىش ئۈچۈن تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈلدى. ئاتامان شىركەيىپ بولۇپ ھەركەتلەندۈرۈش نۇتقى سوزلىدى. كېيىن مەن ئۇنىڭ قۇلىغىغا: «سىز راسا ئەخمەق ئىكەنسىز، ئاندىرىي كارپوۋىچ!» دەپ پىچىرلىدىم. ئۇ ھەيران بولۇپ، قاتتىق رەنجىدى، رەڭگى ئوزگىرىپ، يۈزى كوكىرىپ كەتتى، زەھەرخەندە بىلەن ئىنچىقلاپ: «ئۇقۇمۇشلۇق كىشىنىڭ ئىشى شۇ ئىكەن - دە، ئەمما سىز 1905 - يىلى بىز قامچا بىلەن ئۇرغان ئاشۇ ئادەملەردىن ئەمەستۇرسىز؟» — دىدى. مەن ئۇنىڭغا: ئەپسۇسكى، «ئۇنداقلاردىن» ئەمەسمەن، دەپ جاۋاپ بەردىم. دادام يىغلىدى ۋە مېنى سويۇشكە باشلىدى. بۇرۇندىن ماڭقىسى ئېقىپ تۇراتتى. بىچارە مېھرىۋان دادام! كاشكى

سەن مېنىڭ ئەھۋالىمغا چۈشۈپ قالساڭ ئىدىڭ. مەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، مەن بىلەن بىللە فوروئنتقا بېرىشىنى تەكلىپ قىلدىم. ئۇ چوچۇپ: «تازا قىزىق ئىكەنسەن، ئىگىلىك ئىشلىرىمىزغا كىم قارايدۇ؟» — دەپ توۋلىدى. ئەتە پويىز ئىستانسىسىغا يولغا چىقىمەن.

13 - ئاۋغۇست

ئۆيەر بۆيەردە يىغىۋېلىنمىغان ئاشلىقلار، قىرلاردا سەمىرىپ كەتكەن تولۇم چاشقانلار ... بۇلار تاش باسمىدا بېسىلغان پۇلى ئەرزان رەسىمدىكى نېمىسلارغا بەك ئوخشايدۇ. بۇنداق رەسىملەرنى كوزما كىرىوچكوپ مەسخىرە قىلىپ تازا باپلىغان ئىدى. مەن دۇنياغا كېلىپ ھايات كەچۈرۈپتىمەن، ماتېماتىكىنى ۋە باشقا ئېنىق پەنلەرنى ئوقۇپ، ئۆگىنىپ يۈرۈۋېرىپتىمەن. ئەمما مۇنچىلىك «شوۋىنىست» بولۇپ كېتىشىمنى ئەسلا ئويلىماپتىمەن. مەن ئەمدى پولكنىڭ ئىچىدە كازاكلار بىلەن بىر پاراڭلىشىپ باقايچۇ.

22 - ئاۋغۇست

بىر ئىستانسىدا دەسلەپكى بىر گۇرۇپپا ئەسىرنى كوردۇم، ئىسپورتچىدەك قەددى - قامىتى كېلىشكەن ئاۋستىرىيىلىك بىر ئوفىتسېرنى قاراۋۇللار نازارىتى ئاستىدا ۋوگزالغا ھەيدەپ كېلىشتى. شۇ يەردە تاماشا قىلىپ يۈرگەن ئىككى قىز ئۇنىڭغا تەبەسسۇم قىلىشتى، ئۇ مېڭىپ كېتىۋېتىپ ئەپچىللىك بىلەن ئۇلارغا تازىم قىلدى ۋە ھاۋا ئارقىلىق سويۇش يوللىدى.

ئەسىر تورۇقلۇق ساقال - بۇرۇتىنى پاكىز ئالدۇرۇپتۇ. قايتۇرما قۇنچىلىق سېرىق خۇرۇم ئوتىكى پارقىراپ تۇرىدۇ.

نازاكەتلىك. مەن ئارقىسىدىن قاراپ قالدىم: كېلىشكەن چىـ رايلىق يىگىت، چىرايى ئىسسىق. جەڭدە بۇنداقلارغا ئۇچرىشىپ قالساڭ، قىلىچ كوتىرىشكە قولۇڭ بارمايدۇ.

24 - ئاۋغۇست

قاچقۇنلار، قاچقۇنلار، يەنە قاچقۇنـلار... ھەممە يـوللار قاچقۇنلار ۋە سولداتلار چۇشكەن ۋاگونلار بىلەن تولغان.

دەسلەپكى سانىتار پويىزى ئوتۇپ كەتتى. پويىز توختايـ دىغان جايدا ۋاگوندىن ياش بىر سولدات سەكرەپ چۇشتى، ئۇـ نىڭ بىلەن سوزلەشتىم، توپ ئوقىنىڭ پارچىسى تېگىپ يارىدار بولغان ئىكەن، شۇنچىلىك دەھشەتلىككى، قايتىدىن ئەسكەربوـ لۇپ خىزمەت قىلىشى گۇمانلىق، چۇنكى كوزى زەخىملەنگەن. شۇ ئەھۋالدا تۇرۇقلۇق كۇلىدۇ تېخى.

27 - ئاۋغۇست

مەن ئوز پولكىمدا، پولـك كوماندىرى كـىشىگە ياقىدىـ غان بىرچال. دونىنىڭ توۋەنكى ئېقىمىدىكى بـىر يېزىدىن ئىـ كەن، بۇ يەردە قانىنىڭ ھىدى پۇراپلا تۇرىـدۇ، مىش ـ مىـش گەپلەرگە قارىغاندا، ئىندىنلىقتا ئالدىنقى سەپكە ماڭدىغانـ دەك تۇرىمىز، مەن تۇرغان ئۇچىنچى بولۇنمە 3 ـ ۋىزۋوت كونىسـ تانتىنوۋسكايا يېزا بازىرىلىق كازاكلاردىن تەركىپ تـاپقان، ھەممىسى خام يىگىتلەر. پەقەت بىرسى قىزىقچى ۋە ناخشىچى.

28 - ئاۋغۇست

بىز جەڭ مەيدانىغا كېتىۋاتىمىز. بۇگۇن گۇمبۇرلىگەن ئاـ ۋازلار بولۇپمۇ قاتتىقراق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. گوياكى يىراقـ تا چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۇلدۇرلەۋاتقاندەك. مەن ھەتتا يامغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

يۈرىكى كېلىۋاتامدۇ نېمە؟ دەپ يۈراپ كوردۇم، ئەمما ئاسمان ئەتلەستەك سۈپ - سۈزۈك ئىدى.

تۈنۈگۈن ئېتىم ئاقساپ قالدى: يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كوچمە ئاشخانا هارۋىسىنىڭ چاقىغا ئايىغىنى ئۇرۇۋالدى. هەممە نەرسە يېڭى، باشقىچە، شۇڭا نېمىدىن باشلاپ، نېمىنى يېزىشنى بىلمەي قالدىم.

### 30 - ئاۋغۇست

تۈنۈگۈن يېزىشقا ۋاقتىم بولمىدى. هازىر ئېگەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يېزىۋاتىمەن. تەۋرىنىپ تۇرغانلىقتىن، قەلىمىم تېيىلىپ، هەرپلەر تولىمۇ سەت قىڭغىر - قىيشىق چىقىۋاتىدۇ. 3 كىشى ئاغامچا، تانا ئېلىپ ئوت ئورىغىلى باردۇق.

هازىر شېرىكلىرىم ئوت باغلاۋاتىدۇ، مەن بولسام قوسىقىمنى يەرگە يېقىپ، تۈنۈگۈنكى ئىشلارنى كېچىككەن بولسىمۇ، دەپتەرگە «قەيت» قىلىۋاتىمەن، تۈنۈگۈن ۋاخمىستىر تولوكونىنكوپ بىز 6 كىشىنى رازۋېتكىغا ئەۋەتتى (ئۇ مېنى مەنسىتمەي «ستودېنت» دەپ چاقىرىدۇ: «هەي ستودېنت، ئېتىڭنىڭ تاقىسى چۈشۈپ قېلىپتۇ. شۇنىمۇ كورمەمسەن؟»). چالا كويگەن بىر يېزىنىڭ يېنىدىن ئوتتۇق. هاۋا ئىسسىق، ئاتلاردىن تارتىپ هەممىمىز تەرگە چومگەن. كازاكلارغا يازدىمۇ سوكنو شالۋۇر كىيدۇرۇش ياخشى ئەمەس - دە. يېزىدىن چىققاندىن كېيىن بىر خەندەكتە بىرىنچى ئولۈكنى كوردۇم. نېمىس ئىكەن. پۇتى تىزىغىچە خەندەكنىڭ ئىچىدە، ئوزى ئوڭدىسىغا ياتىدۇ. بىر قولى قايرىلىپ دۇمبىسىنىڭ ئاستىدا قېلىپتۇ. يەنە بىر قولى بىر شازا ئوقنى چاڭگاللىۋېلىپتۇ. يېنىدا مىلتىق يوق. دەھشەت-

لىك كورۇنۇپ كەتتى. ھازىر ئۇنى كوز ئالدىمغا كەلتۇرسەم، بەدەنلىرىم مۇزلاپ كېتىدۇ ... ئۇنىڭ تۇرقى شۇنداقكى، گويا پۇتىنى ئېرىققا ساڭگىلىتىپ بىر ئاز دەم ئالماقچى بولۇپ ئولتۇرۇپ، كېيىن ئۇخلىغاندەك.كۆل رەڭ مۇندىر كىيگەن، يېنىدا تومۇر قالپاق، ئۇنىڭ تومۇر ئەستىرى خۇددى پاپىروس قەغىزىنىڭ تاماكىنى توساپ تۇرىدىغان جايىغا ئوخشاش غىجىملىنىپ قېلىپتۇ. بۇنداق مەنزىرىگە بىرىنچى قېتىم دۇچكەلگەنلىكىم ئۇچۇن شۇنداق ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قېلىپتىمەنكى، ئۇنىڭ يۈز ـ چىرايى ئېسىمدە قالماپتۇ. پەقەت ئۇنىڭ سېرىق ماڭلىيىدا ۋە شىشىدەك قېتىپ قالغان يېرىم ـ يۇمۇق كوزلىرىدە يوغان سېرىق چۈمۈلىلەرنىڭ ئومىلىشىپ يۈرگەنلىكىنى كوردۇم. كازاكلار ئوتۇپ كېتىۋېتىپ چوقۇنۇپ قويۇشتى. مەن مۇندىرنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى قان داغلىرىغا قارىدىم. ئوق ئوڭ بىقىنىغا تېگىپ تېشىپ ئوتۇپتۇ. ئوق تېشىپ چىققان سول تەرىپىگە ئوتۇپ قارىسام، قان ئېقىۋېرىپ بىر مۇنچە يەرنى كولاپ كېتىپتۇ ۋە مۇندىرنىڭ رەسۋاسى چىقىپتۇ.

سەسكىنىپ يېنىدىن ئوتۇپ كەتتىم، مانا ئۇرۇش دىگەن شۇ ئىكەن ...

ترۇندالىي دەپ لەقىمى بار باش ئورەدنىك كەيپىمىز چۈشكەنلىكىنى كورۇپ، روھىمىزنى كوتەرمەكچى بولدى ـ دە، ئۇيا تىسىز بىر لەتىپىنى سوزلىگىلى تۇردى، ئەمما ئۇنىڭمۇ لەۋلىرى تىترەيتتى...

يېزىدىن يېرىم چاقىرىم نېرىدا كويۈپ كەتكەن بىر زاۋۇتنى كوردۇق، ئۇستى تەرىپى قارىيىپ كەتكەن خىش تاملىرى قېلىپتۇ. بىز ئۇدۇل مېڭىشتىن قورقتۇق،چۈنكى يول ئاشۇ كۆل دوۋىسىنىڭ يېنىدىن ئوتەتتى، شۇنىڭ ئۇچۇن ئايلىنىپ

www.uyghurkitap.com

ئوتتۇش قارارىغا كەلدۇق. بىز چەت بىلەن مېڭىۋىدۇق، شۇ ھا-
مان ئاشۇ تەرەپتىن بىزگە قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى. پاك
قىلىپ ئېتىلغان بىرىنچى ئوق مېنى ئېگەردىن چۈشۈرۈۋېتىشكە
تاس قالدى (بۇ ئۇيات ئىش بولدى!). مەن ئېگەرنىڭ قېشى-
نى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ ئىختىيارسىز ئېڭىشىۋالدىم - دە، تىزگىن-
نى سىلكىدىم. بىز ھېلىقى نېمىسنىڭ ئولۇگى ياتقان خەن-
دەكنىڭ يېنى بىلەن يېزا تەرەپكە ئېتىمىزنى چاپتۇردۇق، ئې-
سىمىزگە كېلىپ قارىساق، يېزىنىمۇ ئارقىدا قالدۇرۇپ كېتىپتۇق.
كېيىن يەنە ئاتنىڭ بېشىنى بۇرىدۇق. بىز ئالدىراش ئاتتىن
چۈشۈپ، ئاتلارنى ئىككى كىشىگە قالدۇرۇپ، توتەيلەن ھېلىقى
خەندەك تەرەپكە كەتتۇق. ھەممەيلەن ئېڭىشىپ، خەندەكنىڭ
ئىچى بىلەن ماڭدۇق. يىراقتىنلا ئولگەن نېمىسنىڭ كالتا قون-
چىلىق ساغۇچ ئوتۇك كىيگەن پۇتلىرىغا كوزۇم چۈشتى، پۇتلىرى
تىزىغىچە پۈكۈلۈپ قاپتۇ. مەن، ئۇخلاۋاتقان ئادەم بولسا،
ئويغىنىپ قالمىسۇن دىگەندەك، دېمىمنى چىقارماي، ئۇنىڭ يې-
نىدىن قورقۇپ ئارانلا ئوتتۇم. ئاستىدىكى كوپ - كوك ھول
ئوت چەيلىنىپ كەتكەن ئىدى...

بىز خەندەكنىڭ ئىچىدە بېكىنىپ ياتتۇق؛ بىر نەچچە
مىنۇتتىن كېيىن كويگەن زاۋۇتنىڭ خارابىسى ئارقىسىدىن 9
نېمىس ئاتلىق ئەسكىرى ئارقا ئارقىدىن تىزىلىشىپ چىقتى...
مەن ئۇلارنى كىيىمىدىن سېزىۋالدىم. ئوفتسېر ئالدىغا ئوتۇپ
ئاۋازىنىڭ بېرىچە ۋاقىراپ، بىر نىمىلەرنى دىدى، ئۇلارنىڭ
ئەترىدى بىز تەرەپكە ئات چاپتۇردى. شىرىكلىرىم مېنى ئوت
باغلاشقا ياردەملەشكىن دەپ چاقىرىشىۋاتىدۇ، مەن شۇ تەرەپكە
ماڭدىم.

مەن بىرىنچى قېتىم ئادەمگە قارىتىپ ئوق ئاتقانلىغىمـ
نى سوزلەپ بەرگۈم كېلىدۇ. بۇ چاغدا نېمىس ئاتلىقلىرى ئۇسـ
تىمىزگە ئات چاپتۇرۇپ بېسىپ كەلگەن ئىدى (ئـۇلارنىڭ يېـ
شىلغا مايىل كوك مۇندىرلىرى، سالما تېرىسىدەك گۈلدار پارقىـ
راق مىس تۇگمىلىرى، كانايىنىڭ ئاغزى شـەكلىدىكى پارقىراق
مىس قالپاقلىرى، بـايراقچىسى لـەپىلدەپ تـۇرغان نەيزىلىرى
ھىلىمۇ كوز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ).

ئۇلارنىڭ ھەممىسى قارا تـورۇق ئـات مىـنگەن ئىدى.
مەن نىمىشقىدۇ، خەندەكنىڭ قىرىغا قارىغان ئىدىم، كىچىككىنە
زۇمرەت قوڭغۇزغا كوزۇم چۈشتى. قوڭغۇز كوز ئـالدىمدا يوغىـ
ناپ، بارا ـ بارا بىر ھەيۋەت مەخلۇققا ئايلاندى. ئۇ ھەيۋەتـ
لىك دىۋىـدەك ئومىلەپ، ئوت ـ چـوپلەرنى تـەۋرىتىپ، چالـ
مىغـا تـىرەپ تـۇرغان جـەينىگىمنىڭ تـۇۋىگە كەلدى، مـاشـ
رەڭ گـىمنـاستيوركامنـىڭ يـېڭىغـا يـاماشتـى، بىـردەمدىـلا
مـىلتـىقنـىڭ ئـۇستىگـە ئـومىلـەپ چىـقتـى، ئـاندىـن كېـ
يىن مىلتىـقنىڭ تاسـمىسىغا ئـوتتى. مـەن ئۇنىڭ سايامىتىگە
مەھلىيا بولۇپ كېتىپتىمـەن. تـوساتـتىن ئورەدىنـىڭ ترۇندا‌ـ
لىينىڭ: «ئاتامىسلەن، نىمە قاراپ تۇرىسىلەن؟» دىگەن ئاۋاـ
زىنى ئاڭلاپ چوچۇپ كەتتىم.

مەن جەينىگىمنى يـەرگە مەھكەم تىرىۋالدىم، سول كوـ
زۇمنى قىستىم، يـۇرىگىم ھـىلىقى زۇمرەت قوڭغۇزغا ئوخشاش،
بارغانسېرى ئۆششىپ كېتىۋاتقانلىغىنى ھىس قىلدىم. مىلتىقنىڭ
نىشانغا ئېلىش ھالقىسى ئىچىدە يېشىل‌كوك مۇندىرنىڭ‌قارىسى
كورۈندى، ئاشۇ نىشانغا ئېلىش ھالقىسى تىترەپ‌تۇراتتى، ترۇنـ
دالىيـي يېنىـمدا تۇرۇپ ئوق چىـقاردى. مەن تەپكىنى باستىم

www.uyghurkitap.com

ۋە ئاتقان ئوقۇمنىڭ ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئېھتىمال، نىشاننى پەسرەك ئالغان ئوخشايمەن. ئوق قاڭقىپ چالمىلارغا تېگىپ چاڭ توزىتىۋەتتى. ئادەمگە قارىتىپ ئاتقان بىرىنچى توقۇم شۇ ئىدى. مەن ھېچنىمىنى نىشانغا ئالماستىن، ئالدىمدا نېمە بارلىقىنى كورمەستىن بىر شازا ئوقنى ئېتىپ تۈگەتتىم. ئاخىرقى قېتىم زاتۋورنى شاراقلىتىپ كوردۇم، ئوق تۈگەپ كەتكەنلىكى خىيالىمغا كەلمەپتۇ، پەقەت شۇ چاغدىلا نېمىسلارغا قارىدىم. ئۇلار بايىقىدەكلا تىزىلىشىپ ئارقىسىغا قايتىشقان ئىدى. ئوفىتسېر ئەڭ ئارقىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇلار يەنە و كىشى ئىدى. مەن ئوفىتسېر مىنگەن قارا توروق ئاتنىڭ ساغرىسىنى ۋە بېشىدىكى تومۇر قالپاقنىڭ مىستىن قىلىنغان پارقىراق ئۇچلىرىنى كورۇپ تۇردۇم.

### 2 - سېنتەبەر

تولستوينىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» رومانىدا شۇنداق بىر جاي بار: تولستوي بىر بىرىگە دۈشمەن ئىككى ئارمىيە ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا توغرىسىدا، يەنى تىرىكلەرنى ئولۇكلەردىن ئايرىپ تۇرغان نامەلۇملۇق سىزىقى توغرىسىدا سوزلەيدۇ. نىكولاي روستوپ ① خىزمەت قىلغان ئېسكادىرون ھۇجۇمغا ئوتىدۇ، شۇ چاغدا روستوپ ئاشۇ سىزىقنى خىيالىدا چامىلاپ كورىدۇ. رومانىنىڭ ئاشۇ يېرى بولۇپمۇ بۈگۈن ماڭا روشەنلىشىپ، ئېسىمگە كېلىپ قالدى، چۈنكى بۈگۈن تاڭ ۋاقتىدا نېمىس ئاتلىقلىرىغا ھۇجۇم قىلغان ئىدۇق... ئۇلارنىڭ قىسىملىرى ئۈستۈن ئورۇندىكى توپچى قىسىملارنىڭ ياردىمىدە ئەتىگەندىن بۇيان بىزنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرىمىزنى ئارقىغا قىس

① نىكولاي روستوپ ــ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» رومانىدىكى پېرسوناژ ــ ت.

تاپ كەلمەكتە ئىدى. مەن بىزنىڭ سولداتلىرىمىزنىڭ — بۇلار 241- ۋە 273 - پىيادە ئەسكەر پولكلىرى بولسا كېرەك — قاچ قاچقا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. بۇنىڭ سەۋەۋى شۇكى، ئىككى پولك توپچى قىسىملارنىڭ يار- دىمىگە ئېگە قىلىنماستىنلا، ئورۇنسىز ھۇجۇمغا سېلىنغان، نەتىجىدە دۈشمەننىڭ كۈچلۈك ئوت ئېچى- شىغا ئۇچراپ، تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمى نابۇت بولغان، شۇنىڭ بىلەن روھىي چۈشكۈنلۈك باشلىنىپ قاچ - قاچ باشلان- غان. بىزنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرىمىزنى نېمىس ئاتلىقلىرى قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى. شۇ پەيتتە بىزنىڭ تار ئورمان يولىدا تۇر- غان زاپاستىكى پولكىمىز ئىشقا سېلىندى. بۇ ئىش خۇددى بۇ- گۈن بولغاندەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، بىز سەھەر سائەت 2 دىن ئاشقاندا تىنشۇيچى يېزىسىدىن چىقتۇق. تاڭ قاراڭغۇسى قويۇق- لاشتى. قارىغاي دەرەخلىرى بىلەن سۇلۇ ئاشلىقلىرىنىڭ ئوت- كۇر ھىدى گۇپۇلدەپ پۇرايتتى، پولك يۈز يۈزدىن بولۇن- مىلەرگە بولۇنۇپ كېتىۋاتاتتى. يولدىن سولغا بۇرۇلۇپ، ئاش- لىق ئېتىزلىرى بىلەن ماڭدۇق. ئاتلار پىشقىرىپ مېڭىشاتتى، سۇلۇغا چۈشكەن شەبنەمنى تۇياقلىرى بىلەن چاچرىتاتتى.

ئۈستىمىزدە شىنېل تۇرۇقلۇق بىر ئاز توڭلىدۇق. پولك ئېتىزلىق بىلەن ئۇزاق سۈرۈلۈپ ماڭدى، ئارىدىن بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئوفىتسېر ئات چاپتۇرۇپ كەلدى - دە، كوماندىرغا ئىشتاپتىن بۇيرۇق ئېلىپ كەلدى. ياشانغان كومان- دىرىمىز نارازى ئاھاڭدا كوماندا بەردى، شۇنىڭ بىلەن پولك توپ - توغرا ئورمانغا بۇرۇلدى. ۋىزۋوتنىڭ سەپلىرى تار يولغا پاتماي تىقىلىپ قالدى. بىزنىڭ سول تەرىپىمىزدە نەدىدۇ، بىر يەردە جەڭ يولۇۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گۈلدۈرلەشلەرگە

قارىغاندا، ئېمىسلار نۇرغۇن مىقداردا توپ - زەمبىرەكلەرنى ئىشقا سالغان ئوخشايدۇ. توپ ئاۋازلىرى ئۈزۈلمەي تۇراتتى؛ گويا ئۈستىمىزدىكى خۇشبۇي قارىغاينىڭ بەرگىلىرى كويۇۋاتقاندەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى. بىز كۈن چىققانغا قەدەر قولىمىزنى دىڭ تۇتۇپ تۇردۇق. كېيىن «ھۇررا!» دېگەن بوشاڭ، ئىچىنىشلىق بىر ئاۋاز تىترەپ چىقتى - يۇ، شۇ ئاندىلا جىمىپ قالدى. ئارقىدىنلا تا - تاتلاپ ئېتىلغان پىلىمۇت ئوقلىرى بۇ جىمجىتلىقنىڭ باغرىنى تېشىپ ئۆتتى. شۇ دەقىقىدە پىكرىم قالايمىقانلىشىپ كەتتى؛ شۇ مىنۇتتا كۆز ئالدىمدا پەقەت بىرلا نەرسە — سەپ تارتىپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن پىيادە قىسىملىرىمىزنىڭ سان - ساناقسىز يۇمىلاق قىياپىلىرى روشەن نامايان بولدى.

مەن قاسقىنى چەلپەكتەك ماش رەڭشەپكە كىيگەن، پۇتىغا كىيىۋالغان كالتا قونچىلىق سولداتچە قوپال ئۆتۈكى بىلەن كۆز يەسلىدىكى يەرنى شىلىپلىتىپ دەسسەپ كېتىۋاتقان مۈكچەيگەن گەۋدىلەرنى كوردۇم ۋە شۇ تەرگە چومۇلگەن تىرىك ئادەملەرنى ئۆلۈككە ئايلاندۇرۇۋاتقان نېمىس پىلىموتلىرىنىڭ خىخىلدىغان كۈلكىسىنى ئاڭلاپ تۇراتتىم. ئىككى پولك مىلتىقنى تاشلاپ، ئالاقزادە بولۇپ قېچىشاتتى. بىر پولك نېمىس ئاتلىقلىرى ئۆلارنىڭ يەلكىلىرى ئۈستىدەقوغلاپ كېتىۋاتاتتى. بىز نېمىسلارنىڭ يان تەرىپىدە، 300 سارجىن كېلىدىغان يەردە ئىدۇق، كوماندا بېرىلدى. بىز دەرھال سەپكە تىزىلدۇق. مەن پەقەت ئادەمنى تىزگىنلەيدىغان سوغاققىنا بىر سوزنى — «مارش - مارش!» دىگەن كوماندىنى ئاڭلىدىمۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز ئوقتەك ئۇچۇپ كەتتۇق. ئېتىمنىڭ قۇلىقى شۇنچىلىك چاپلىشىپ قالغانكى، قول بىلەن ئاجرىتىش مۇمكىن ئەمەستەك

ئىدى. ئارقامغا قايرىلىپ قارىسام — ئەڭ ئارقىدا پولك كوماندىرى بىلەن ئىككى ئوفىتسېر كېلىۋاتىدۇ. تىرىكلەر بىلەن ئۆلۈكلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىزىق ئەنە شۇ ئىكەن - دە. ئۆچىغا چىققان تەلۋىلىك ئەنە شۇ ئىكەن!

نېمىس ئاتلىقلىرىنىڭ سەپى بۇزۇلدى، ئۇلار ئارقىغا قايتماقتا. يۈز بېشى چېرىنسوپ كوز ئالدىمدىلا بىر نېمىس ئەسكىرىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىدى. 6 - بولۇنمىدىن بىر كازاك بىر نېمىسنى قوغلاپ بېرىپ، خۇددىنى يوقاتقان هالدا ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ساغرىسىغا قىلىچ ئۇرغانلىقىنى كوردۇم. قىلىچنى هەر بىر ئۇرغاندا ئاتنىڭ ساغرىسىدىن بىر پارچە تېرە شىلىنىپ چۈشەتتى... ياق، بۇ بىر ئەخمىقانىلىك! بۇنى نىمە دىسە بولار، ئات يوق! قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چېرىنسوپنى كوردۇم — ئۇ هازىر ئات ئۈستىدە ئەمەس، ئادەم ئولتۇرۇپ كېلىپ، مانا ئەمدى خاتىرجەم قارتا ئويناۋاتىدۇ. پىكىر - خىيالى قارتىدا، كەيپى خوش. يۈز بېشى چېرىنسوپ تېخى كوپ ئىشلارنى قىلىدۇ، قابىلىيەتلىك ئادەم!

### 4 - سېنتەبىر

بىز دەم ئېلىۋاتىمىز. 2 - كورپۇسنىڭ 2 - دىۋىزىيىسى فرونتقا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلەپ بارماقتا. كوبىلىنو دىگەن جايدا تۇرۇۋاتىمىز، بۈگۈن ئەتىگەن 11 - ئاتلىق دىۋىزىيىنىڭ قىسىملىرى هەمدە ئورال كازاكلىرى بىز تۇرغان جايدىن ئوتۇشەتتى، غەرپتە جەڭ بولۇۋاتىدۇ. گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئۈزلۈكسىز ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن قىسىملار دوختۇرخانىسىغا باردىم. مەن بارغان چاغدا هارۋىلاردا يارىدارلارنى ئېلىپ كېلىشتى، سانىتارلار 4 چاقلىق هارۋىدىن يارىدارلارنى

www.uyghurkitap.com

چۆشۈرۈۋېتىپ، غېمىدە يوق كۈلۈشۈۋاتاتتى، يېقىنراق باردىم.
چوقۇر، ئۇزۇنتۇرا بىر سولدات سانىتارنىڭ ياردىمى بىلەن ھارـ
ۋىدىن چۈشۈۋېتىپ، بىردەم ۋاي ـ ۋايلايتتى، بىردەم ھىجىـ
ياتتى. «مانا قارا، كازاك بالا، — دىدى ئۇ، — ئارقامنى
تىتما كاتاك قىلىشىۋەتتى، ئوق پارچىلىرى توت يېرىمگە تېـ
گىپتۇ». سانىتار ئۇنىڭدىن: «توپ ئوقى ئارقىڭىزدا پارتلىغانـ
مىدى؟» — دەپ سورىدى. «ئارقامدا پارتلىغىنى يوق، مەن
ئوزەم ئارقامنى قىلىپ، ھۇجۇمغا ئوتكەن ئىدىم». بىر ھوجرـ
دىن شەپقەت ھەمشىرىسى چىقتى. مەن ئۇنىڭغا قاراش بىلەنلا
ئەزالىرىم تىترەپ، ھارۋىغا يولىنىپ قالدىم. يىلىزاۋېتاغا
بەكمۇ ئوخشايدىكەن. كوز بىلەن قاش، بۇرۇن بىلەن قۇلاق،
يۈز ـ چىراي، چاچلىرى تامامەن ئوخشاش، ھەتتاكى ئاۋازىنى
دىمەمسىز ياكى ماڭا شۇنداق تۇيۇلۇپ كەتتىمۇ؟ مەن ئەمدى
ھەر قانداق ئايالنى ئۇنىڭغا ئوخشاتسام ئەجەپلىنەرلىك
ئەمەس.

5 - سېنتەبىر

ئاتلارنى ئاغامچا بىلەن باغلاپ كېچە ـ كۈندۈز بېقىپ
چىقتۇق، ھازىر مەن يەنە ئات بېقىشقا بارىمەن. مەن جىسمانى
جەھەتتىن بىتچىت بولدۇم. كانايچى ئات ئىگەرلەشكە
كاناي چالدى. «شۇ تاپتا ماڭا قالسا كانايچىنى جان دەپ ئېـ
تىپ تاشلايتتىم!...»

× ×

گىرىگورىي مېلېخوپنى يۈزبېشى پولك ئىشتاۋى بىلەن ئالاقە
باغلاشقا ئەۋەتتى. گىرىگورىي يېقىندىلا جەڭ بولغان جايدىن ئوتۇپ

كېتىۋېتىپ، تاشيولىنىڭ چېتىدە ياتقان بىر كازاكنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپ قالدى. كازاك ئات تۇياقلىرى بىلەن ئويۇلۇپ كەتكەن تاشيول ئۈستىگە سېرىق چاچ بېشىنى قويۇپ ياتاتتى. گىرىگورىي ئاتتىن چۈشۈپ بۇرنىنى چىڭ ئېتىۋالدى (جەسەتتىن غەلىتە پۇراق گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇراتتى)، ئۇنىڭ يېنىنى ئاختۇردى. شالۋۇرىنىڭ يانچۇغىدىن مانا شۇ خاتىرە دەپتىرى، بىر پارچە قېرىنداش ۋە ھەميان چىقتى. ئوقدانىنى بېلىدىن يېشىۋالدى، ئاقىرىپ كەتكەن يۈزىگە مۇنداقلا قاراپ قويدى: يۈزى نەملىشىپ، پۇراشقا باشلاپتۇ. ئىككى چېكىسى ۋە قاڭشىرىنىڭ چورىسى ھول، مەخمەلدەك قارىيىپ كەتكەن، پېشانىسىدىكى قېپچاچ قورۇقلار جانسىز ۋە ئويچان بولۇپ قاپ ـ قارا چاڭ ـ توزاڭغا تولغان ئىدى.

گىرىگورىي ئۆلۈكنىڭ يانچۇغىدىن چىققان قولياغلىق بىلەن يۈزىنى يېپىپ قويدى ـ دە، ئارقىسىغا پات ـ پات قاراپ قويۇپ، ئىشتاپ تەرەپكە يول ئالدى. دەپتەرنى ئىشتاپتىكى كاتىپلارغا تاپشۇرۇپ بەردى. كاتىپلار يىغىلىشىپ ئۇنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىقىشتى. بىراۋنىڭ قىسقىغىنە ئۆمرىنىڭ تەقدىرىنى ۋە دۇنياۋىي زوق ـ ئىشتىياقلىرىنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشتى.

## 12

11 ـ ئاتلىق دىۋىزىيە لېشنيوپنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ستانسلاۋچىك، رادزىۋىلوپ، بىرودى شەھەرلىرىدىن

www.uyghurkitap.com

جەڭ ئارقىلىق ئۆتۈپ، 15 - ئاۋغۇستتا كامېنكا - سترومىلوۋو شەھىرىنىڭ يېنىدا جەڭگىۋار سەپكە تىزىلدى. ئارقىدا ئارمىيە كېلىۋاتاتتى، ئەڭ مۇھىم ئىستىراتېگىيىلىك رايونلارغا پىيادە ئەسكەرلەر توپلىنىۋاتاتتى، يوللارنىڭ تۈگۈنىگە ئىشتاپلار ئورۇنلىشىۋاتاتتى ۋە ھارۋىلار تىزىلىشىۋاتاتتى. فىروونت بالتىق دېڭىزىدىن تارتىپ، خۇددى سىرتماقتەك سوزۇلغان ئىدى. ئىشتاپلاردا كەڭ كولەمدە ھۇجۇمباشلاش پىلانى تۈزۈلۈۋاتاتتى، گېنېراللار خەرىتىدىن بېشىنى كوتەرمەيتتى، ئالاقىچىلەر ئات چاپتۇرۇپ، جەڭ توغرىسىدىكى بۇيرۇقلارنى توشۇيتتى، يۈز مىڭلىغان سولدات ئەجەل تەرەپكە قاراپ يول ئالغان ئىدى...

رازۋېتچىكلار دۈشمەننىڭ ناھايىتى زور ئاتلىق قىسىملىرى شەھەرگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە، دىگەن خەۋەرنى ئېلىپ كېلىشتى. يول ياقىسىدىكى دەرەخزارلاردا توقۇنۇشلار بولۇپ تۇراتتى، كازاك قاراۋۇللىرى دۈشمەن رازۋېتچىكلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ جەڭ قىلىشاتتى.

گىرىگورىي مېلېخوپ ئاكىسى بىلەن خوشلاشقاندىن بۇيان ھەر كۈنى دىگۈدەك ھەربى يۈرۈشتە بولۇپ، ئۆزىنىڭ خىيالپەرەسلىك كېسىلىنى توختىتىش ۋە بۇرۇنقى تىنچ ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، ئىلاجىنى قىلالمىدى. زاپاستىن كەلگەن ئەڭ كېيىنكى بولۇنمىنى پولكقا قوشۇۋەتتى، بۇ پولكتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچىنچى نوۋەت ئەسكەرلىككە ئېلىنغان كازاكلار ئىدى. شۇلاردىن بىرسى — كازانىسكايا يېزا بازىرلىق كازاك ئالېكسەي ئۇريۇپىن گىرىگورىينىڭ ۋىزۋوتىغا بولۇندى. ئۇريۇپىن ئۆزۈنتۇرا، سەل مۈكچەيگەن، توۋەنكى ئىڭىكى يوغان، قالماقچە بۇرۇت قويغان ئادەم ئىدى؛ ئۇنىڭ شادىمان، قورقۇمسىز كوزلىرى دائىم كۈ-

لۇپ تۇراتتى؛ ياش - قورامىغا قارىماستىن، بالدۇرلا توپە چېچى توكۇلۇپ، سىدام بولۇپ قالغان، پەقەت دوقا بېشىنىڭ ئىككى تەرىپىدىلا شالاڭ سېرىق چاچلىرى هورپىيىپ تۇراتتى. كازاكلار دەسلەپكى كۈندىن تارتىپلا ئۇنىڭغا كوكۇلا چاچ دەپ لەقەم قويۇشتى.

بىرودى يېنىدا بولغان جەڭدىن كېيىن پولك بىر كېچە-كۈندۈز دەم ئېلىشتى. گىرىگورىي كوكۇلا چاچ بىلەن بىر ئۆيگە چۈشكەن ئىدى. ئۇلار گەپ تەگىشىپ قالدى.

— سەن، مېلېخوپ قانداقتۇر لاتىدەك بوش نېمە ئىكەنسەن.

— لاتا دىدىڭمۇ؟ — گىرىگورىي قاپىغىنى تۈردى.

— كېسەل ئادەمدەك ئېزىلىپ قېلىپسەن، — دەپ چۈشەندۈردى كوكۇلا چاچ.

ئىككىيلەن ئاتلىرىنى قوزۇققا باغلاپ يەم - خەشەك يىغۇزگەچ مۇخ بېسىپ كەتكەن كونا تامغا يۆلىنىپ تاماكا چېكىشەتتى. كوچىدا تۆت تۆتتىن تىزىلىپ ماڭغان ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۆتۈپ تۇراتتى، تېخىچە ئېلىپ كېتىلمىگەن ئۆلۈكلەر تام تۈۋىدە يېتىشاتتى (ئاۋستىرىيىلىكلەرنى سۈرۈپ چىققان مەزگىلدە مۇشۇ چەت كوچىلاردا جەڭ بولغان ئىدى)، ئوت كەتكەن يەھۇدىيلەر ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسىدىن پىرقىراپ چىققان تۈتۈن قانسىق پۇراق تارقىتاتتى. كەچ كىرىش ئالدىدا ئۇپۇق رەڭدار ئەتلەستەك تۈس ئالغان بىر پەيتتە شەھەر خارابىلىرى مۇدھىش مەنزىرە ھاسىل قىلغان ئىدى.

— مەن ناھايىتى ساغلام، — دىدى گىرىگورىي كوكۇلا چاچقا قارىماستىن، ئاندىن يەرگە شارتتىدە تۈكۈردى.

— يالغان سۆزلىمە! كۆرۈپ تۇرىمەنغۇ.

— نېمىنى كۆرۈپ تۇرىسەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— سىنى ۋەھىمە بېسىۋاتامدۇ، ماڭقا؟ ئۆلۈمدىن قورقۇۋاتامسەن؟

— سەن دوت ئىكەنسەن، — دېدى گىرىگورىي نەپرەت بىلەن، ئاندىن كۆزىنى قىسىپ تىرناقلىرىغا قارىدى.

— ئېيتقىنا، سەن ئادەم ئۆلتۈردىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى كوكۇلا چاچ گىرىگورىيغا سىناق نەزىرى بىلەن قاراپ.

— ئۆلتۈردۈم، قانداق؟

— كۆڭلۈڭ غەش بولمىدىمۇ؟

— غەش بولۇش؟ — گىرىگورىي مىيىقىدا كۈلدى.

كوكۇلا چاچ قىلىچىنى غىلاپتىن چىقاردى.

— كاللاڭنى چېپىپ تاشلايمۇ؟

— ئاندىن كېيىنچۇ؟

ئۆلتۈرىمەن، ئۇھمۇ تارتىپ قويمايمەن، مەندە رەھىم - شەپقەت دېگەن نەرسە يوق! كوكۇلا چاچنىڭ كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرسىمۇ، ئەمما گىرىگورىي ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ۋە بۇرنىنىڭ توشۇكلىرى يىرتقۇچ ھايۋانىنىڭكىدەك تىترەپ تۇرۇشىدىن جىددى سوزلەۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

— سەن ۋەھشى، تەلۋە ئادەمسەن، — دېدى گىرىگورىي كوكۇلا چاچنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قاراپ.

— سەندە يۈرەك يوق ئىكەن، باكلانوپچە قىلىچ ئۇرۇشنى بىلەمسەن؟ مانا قارا!

كوكۇلا چاچ باغچىدا ئۆسكەن بىر تۈپ قېرى قېيىن دەرىخىنى تاللىدى - دە، كۆزى بىلەن مۆلچەللەپ تۇرۇپ ئۇدۇللا قېشىغا باردى. ئۇنىڭ تومۇرلىرى پولتىيىپ تۇرغان، كۈرجەكتەك كەڭ ئالقانلىق ئۇزۇن قوللىرى مىدىر قىلماستىن ئېسىلىپ تۇراتتى.

— مانا قارا!

ئۇ قىلىچنى ئاستا كۆتىرىپ، زوكىزىيىپ تۇرۇپ، قارام كۈچ بىلەن يانتۇ قىلىپ بىرنى چاپتى. قېيىن دەرىخى يەردىن ئىككى گەز ئېگىزلىكتە چورتلا كېسىلىپ غۇلاپ چۈشتى، شاخلىرى ئەينەكسىز دەرىزە راملىرىغا تېگىپ، ئۆينىڭ تېمىنى سىيىلاپ يەرگە يىقىلدى.

— كوردۇڭمۇ؟ ئۆگىنىۋال. باكلانوپ دېگەن ئاتامانىنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟ قىلىچىنىڭ ئۆيمان سىزىقىغا سىماپ قۇيدۇرغان، ئۇنى ھەر قانداق ئادەم ئۈزۈپ كۆتىرەلمەيدۇ. بىر چاپسا بارمۇ، ئاتنى ئىككى نىمتە قىلىپ تاشلايدۇ، مانا شۇنداق!

گىرىگورىي قىلىچ ئۇرۇشنىڭ مۇرەككەپ ئۇسۇلىنى ئۇزاققىچە ئۆگىنەلمىدى.

— ئۆزەڭ كۈچلۈك، ئەمما قىلىچ ئۇرۇشقا ئېپىڭ يوق ئىكەن. مانا مۇنداق قىلىش كېرەك، — كوكۇلا چاچ بىر قۇر ئۆگەتتى. ئۇ مۇدھىش كۈچ بىلەن نىمىنى نىشانغا ئالسا، قىلىچ قېيپاش بېرىپ چورتلا كېسىپ تاشلايتتى.

— ئادەمنى يۇرەكلىك بىلەن چېپىۋەر، بەدىنى يۇمشاق بولىدۇ، ئادەم دېگەن خېمىرغا ئوخشاش نەرسە، — كوكۇلا چاچ ئۆگىتىپ تۇرۇپ كوزلىرى بىلەن كۈلەتتى، — سەن نىمشقا، قانداق، دەپ ئويلاپ تۇرما، سەن — كازاكسەن، سېنىڭ ۋەزىپەڭ — سوراپ تۇرماستىنلا چېپىش، جەڭدە دۈشمەننى ئۆلتۈرۈش مۇقەددەس ئىش. سەن ئۆلتۈرگەن ھەربىر دۈشمەن ئۈچۈن خۇدا بىر گۇنايىڭنى كەچۈرىدۇ، خۇددى يىلاننى ئۆلتۈرسە ساۋاپ بولغاندەك. ھايۋانلارنى، مەسىلەن، موزاينى ياكى باشقا جاندارلارنى بىكاردىن بىكار ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ، ئەمما ئادەمنى قىر، يوقات، ئادەم دېگەن يارىماس، ئىپلاس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەرسە... ئۇ يەر يۈزىنى بـۇلغاپ بەدبۇي قىلىدۇ، سېسىق يەر مەدىگىدەك نەرسە.

— ئۇ گىرىگورىينىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈشىگە قارىماستىن، كوزلىرىنى چىمىلدىتىپ ئۇنى چىقماي تۇرۇۋەردى.

گىرىگورىي هەممە ئـاتلارنىڭ كوكۇلا چـاچتىن قورقـىدىغانلىقىنى سېزىپ هەيران قالدى. ئەگەر كوكۇلا چاچ ئوقۇرنىڭ يېنىغا كەلسە، ئاتلار قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، گويا قېشىغا ئادەم ئەمەس، يىرتقۇچ كېلىۋاتقاندەك بىر يەرگە يىغىلىشىۋالاتتى. ستانىسلاۋچىك شەهىرىنىڭ يېنىدىكى ئورمانلىق ۋە ساسلىق جايلاردىن هۇجۇمغا ئوتكەندە كـازاكلار ئـاتتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. ئاتنى يېتىلىگۈچىلەر چۇلۇۋۇرىنى قولىغا ئېلىپ، ئاتلارنى پاناراق جايغا ئېلىپ باردى. شۇ چاغدا كوكۇلا چاچقىمۇ ئات يېتىلەش نوۋىتى كـەلگەن ئىدى، ئەمما ئۇ بۇ ئىشنى قەتئىي رەت قىلدى.

— ئورىيۇپىن، بۇ نىمە قىلغىنىڭ، ئىتىنىڭ بـالىسى، نىمشقا ئۇز بېشمچىلىق قىلىسەن؟ نىمىشقا ئـاتـلارنى ئالمايسەن؟ — دەپ ۋىزۋوت ئورەدنىكى ئۇنىڭ ئـالدىغا بـاستۇرۇپ كەلدى.

— ئاتلار مەندىن قـورقىدۇ. خـۇدا هەققى شۇنداق! — دىدى ئۇ كۇلگۇنچەك كوزلىرىنى ئېلىپ قېچىپ.

ئۇ هېچقاچان ئـات يېتىلىگۈچى بـولغان ئەمەس، ئەمما ئۇزىنىڭ ئېتىغا ئوبدان مـۇئامىلە قىلاتتى، غەمخورلۇق بىلەن دۇمبىسىنى سىلايتتى، ئـەمما گىرىگورىي هەمىشە شۇنى سېزىپ يۈرەتتىكى، ئۇ ئېتىنىڭ قېشىغا كەلگەندە، هەتتا ئىككى قولىنى ئىككى يـوتىسىغا مەهكەم چـاپلاپ، مـىدىرلاتمىسىمۇ، ئېتى تىپىرچىلاپ، ئەزايى تىترەپ كېتەتتى.

— ھەي خوشامەتچى، ئېيتقىنا، نىمىشقا ئاتلار سەندىن قورقىدۇ؟ — دەپ سورىدى بىر كۈنى گىرىگورىي.

— كىم بىلىدۇ، — كوكۈلا چاچ مۈرىسىنى قىستى، — مەن ئاتلارنى تولىمۇ ئايايمەن.

— مەس ئادەمنىڭ ئاغزى پۇراپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قورقىدۇ، ئەمما سەن ساق.

— مېنىڭ يۈرىكىم تاشتەك، ئاتلار بۇنى سېزىدۇ.

— سەندە بورىنىڭ يۈرىكى بار، بەلكىم ھېچنىمە يوق دىسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىدا تاش بار.

— بەلكى شۇنداقتۇر، — كوكۈلا چاچ دەرھاللا ماقۇل تاپتى.

كامېنكا - ستروملىۋوۋو شەھىرىنىڭ بوسۇغىسىدا 3 - ۋىزۋوتنىڭ ھەممە كازاكلىرى ۋىزۋوت ئوفىتسېرى بىلەن رازۋېتكىغا چىقىشتى: بىر كۈن بۇرۇن دۈشمەن تەرەپتىن قېچىپ ئۆتكەن بىر چېخ، ئاۋستىرىيە قىسىملىرىنىڭ قەيەرگە جايلاشقانلىقىنى ۋە گوروشى - ستاۋىتىدىسكى سىزىقى بويلاپ قايتۇرما ھۇجۇم باشلاشنى مولچەر قىلىۋاتقانلىقىنى قوماندانلىققا مەلۇم قىلدى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەن قىسىملىرىنىڭ ئىلگىرىلەپ كېلىش ئېھتىمالى بولغان يولنى ھەر دائىم كۆزىتىپ تۇرۇش تەلەپ قىلىناتتى؛ شۇ مەقسەت بىلەن ۋىزۋوت ئوفىتسېرى ئاشۇ ۋىزۋوتنىڭ ئورەدنىكى بىلەن 4 كازاكنى ئورماننىڭ ياقىسىغا قويدى، ئۆزى بولسا قالغان ئادەملەر بىلەن دوڭنىڭ ئارقىسىدىن كۆرۈنگەن ئوگزىسى كاھىش بىلەن يېپىلغان يالغۇز بىر ئىمارەت تەرەپكە يول ئالدى.

ئورمان ياقىسىدىكى ئۆچلۇق پەشتىقى چوقچىيىپ تۇرغان كىچىككىنە كونا ئىبادەتخانىنىڭ يېنىدا گىرىگورىي مېلېـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خوپ، ئورەدنىك، ياش كازاكلاردىن ــ سىلانتيېپ، كوكولا چاچ ۋە مىشكا كوشېۋويلار قالدى.

ــ باللار، ئاتتىن چۈشۈڭلار، ــ دەپ بۇيرۇق قىلدى ئورەدنىك، ــ كوشېۋوي، سەن ئاتلارنى ئاۋۇ قارىغايلارنىڭ ئارقىسىغا ئېلىپ بار، ھە ـ ھە، ئاشۇ قېلىن قارىغايلارنىڭ ئارقىسىغا.

كازاكلار قۇرۇپ ئۇشتىلىپ كەتكەن قارىغاينىڭ ئاستىدا يېتىپ تاماكا چېكىشتى، ئورەدنىك دۇربۇننى كوزىدىن ئالماي قاراپ تۇراتتى. ئۇلاردىن 10 قەدەم يىراقلىقتا يېغىۋېلىنمىغان، دانلىرى توكۇلۇپ كەتكەن بۇغدايلار دولقۇنلىنىپ تۇراتتى. دانلىرىنى شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن پۇچەك باشاقلار مۇكچىيىپ، ھەسرەت بىلەن شۋىرلاپ تۇراتتى. كازاكلار باش ئۈچى يوق پارلاق بىلەن يېرىم سائەتچە يېتىشتى. شەھەرنىڭ ئۇلۇك تەرىپىدىن بىر يەردە توختاۋسىز ئېتىلىپ تۇرغان توپ ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى، گىرىگورىي ئۇمىلەپ ئېتىزلىققا كىردى، دانلىرى تولۇق باشاقلارنى تاللىۋالدى ـ دە، ئۇنى ئالىقىنىدا ئۇۋۇلاپ پاكىزلىدى، ئاندىن تاشتەك قېتىپ كەتكەن دانلارنى چايناشقا باشلىدى.

ــ ئاۋستىرىيىلىكلەر! ــ دېدى ئورەدنىك ئاۋازىنى پەس چىقىرىپ.

ــ قەيەردە؟ ــ دەپ سورىدى سىلانتيېپ چوچۇپ.

ــ ئەنە، ئورماندىن چىقىشىۋاتىدۇ. ئوڭ تەرەپكە قارا!

بىر توپ ئاتلىقلار يىراقتىكى ئورماننىڭ ئىچىدىن چىقىشتى. ئۇلار توختاپ، دەرەخلەر ئارىسىدىكى دالىنى كوزدىن كەچۈرۇپ، ئاندىن كازاكلار تەرەپكە يول ئېلىشتى.

— مېلىخوپ! — دەپ قىچقاردى ئورەدنىك.

گرىگورىي ئومىلەپ قارىغاينىڭ تۈۋىگە بېرىۋالدى.

— يېقىنراق كەلگەندە، بىر يولى تەڭ ئوق چىقىرىمىز. مىلتىقنى تەييار قىلىپ تۇرۇڭلار، يىگىتلەر! — دەپ پىچىرلىدى ئورەدنىك ساراسىمىگە چۈشۈپ.

ئاتلىقلار ئوڭ تەرەپتىن ئات سېلىپ، ئاستا كېلىشەتتى. 4 كازاك قارىغايىنىڭ ئاستىدا دېمىنى چىقارماي، جىم يېتىشاتتى.

— ئاۋۇخت، كاپرال! — دىگەن ياش بىرسىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازىنى شامال ئۇچۇرۇپ ئېلىپ كەلدى.

گرىگورىي بېشىنى سەل - پەل كوتەردى؛كوكسىگە كالۋىتون بۇغۇچ تىكىلگەن چىرايلىق كالتە كەمزۇل كىيگەن 6 ۋېنگىر ئاتلىقلىرى زىچ بولۇپ كېلىۋاتاتتى. سېمىز قارا ئات مىنگەن، قولىدا كالتە بەشئاتار مىلتىغى بار ئەڭ ئالدىدىكى بىرسى پەس ئاۋاز بىلەن كۈلدى.

— تەپكىنى باس! — دىدى ئورەدنىك.

پاك - پاك - پاك! — ئوقلار باراۋەر ئېتىلدى.

پۇك - پۇك - پۇك! — قىلغان ئەكس سادا ئارقا تەرەپتىن كەلدى.

— نىمە قىلغىنىڭلار بۇ؟ — چوچۇپ ۋاقىرىۋەتتى قارىغايلىق ئىچىدىن كوشېۋوي، ئاندىن ئاتلارنى ئىسقىرتتى. — تىر-ر-ر، لەنتى! غالجىرلىشىپ قالدىڭمۇ؟ هارامزادە! ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلاپ قاتتىق چىقتى.

ئاتلىقلار زەنجىردەك تارىلىپ زىرائەتنىڭ ئىچى بىلەن قېچىشقا باشلىدى. ھىلىقى سېمىز قارا ئات مىنىپ ئالدىدا ماڭغان بىرسى ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئاتتى، ئەڭ كەينىدە قالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرسى ئاتنىڭ بويىنىغا ئېگىشىپ، ھە دەپ ئارقىسىغا قارايتتى، سول قولى بىلەن شەپكىسىنى تۇتۇۋالغان ئىدى.

ئەڭ ئاۋال كوكۇلا چاچ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى-دە، مىلتىقىنى قاپ بەلدىن تۇتۇپ، بوغدايلىق ئارىسىدا ئۇيان بۇيان دەسسەپ ئالغا يۈگۈردى، يۈز سارجىن نېرىدا يىقىلغان ئات، پۇتلىرىنى تىپچەكلەپ ياتاتتى، ئۇنىڭ قېشىدا يالاڭباش تاق ۋېنگىر زەخمىلەنگەن تىزىنى سىلاپ تۇراتتى، كازاكلار ئۇستىگە يېتىپ كەلمەستىنلا، ئۇ يىراقتىن بىر نېمىلەرنى دەپ ۋاقىراپ قولىنى كۆتەردى، ئۇ يىراقلاپ كېتىۋاتقان شېرىكلىرىگە قاراپ-قاراپ قوياتتى.

بۇ ۋەقە شۇنچىلىك تېز بولۇپ ئۆتتىكى، كوكۇلا چاچ ئەسىرنى قارىغاينىڭ تۈۋىگە ھەيدەپ كەلگەندىلا، ئاندىن گىرىگورىي ھوشىغا كەلدى.

— بىلىگىدىن يەش بۇنى ئورۇشقاق! — دەپ ۋاقىرىدى كوكۇلا چاچ ئەسىرنىڭ قىلىچىنى قوپاللىق بىلەن تارتىپ.

ئەسىر ئالدىراپ قىلىپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي، كۈلۈمسىرىدى. ئۇ خوپ دەپ كەمىرىنى يېشىشكە باشلىدى، بىراق قوللىرى تىترەپ كەمەرنىڭ توقىسىنى بوشىتالماي ئاۋارىچىلىك تارتتى. گىرىگورىي ئاۋايلاپ ئۇنىڭ كەمىرىنى يېشىپ بەردى، شۇ چاغدا ئېگىز بوي، ھاپپا قوۋۇز، قىزىلغان توپە كالپۇكنىڭ بۇرجىكىدە كىچىككىنە سوگىلى بار ياشقىنا گۇسار ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى، ئۇ قورال-جابدۇقلىرىدىن قۇتۇلغانلىقىغا سۆيۈنگەندەك بولۇپ، كازاكلاردىن كۆزىنى ئالماي، يانچۇقىنى كولاشتۇردى، تېرىدىن قىلىنغان تاماكا خالتىسىنى ئالدى ۋە بىر نېمىلەرنى دەپ كالدىرلاپ، ئىما-ئىشارەت بىلەن تاماكا چېكىشكە تەكلىپ قىلدى.

— بىزنى مېھمان قىلىۋاتىدۇ، — دەپ كۈلدى ئورەدىنىك ۋە دەرھاللا قەغەز ئاختۇرۇپ يانچۇغىنى كولىدى.

— قېنى چەتنىڭ تاماكىسىنى چېكىپ باق! — دەپقاقىلىدى سىلانتېپ.

كازاكلار تاماكا ئوراپ چېكىشتى. مۇشتەكتە چېكىدىغان كۆچلۈك تاماكىنىڭ ئىسى دەرھال مىڭىگە چىقتى.

— ئۇنىڭ مىلتىغى قېنى؟ — دەپ سورىدى ئورەدىنىك تاماكىنى قاتتىق شوراپ.

— مانا، مىلتىغى، — كوكۈلا چاچ يەلكىسىگە ئېسىۋالغان مىلتىقىنىڭ سىرىق تاسمىسىنى كورسەتتى.

— بۇنى ئىشتاپقا ئېلىپ بېرىش كېرەك، ئىشتاپتىكىلەرگە بەلكى «تىل» بەك زورۇردۇ. كىم ھەيدەپ بارىدۇ، يىگىتلەر؟ — دەپ سورىدى ئورەدىنىك يوتىلىپ، ئاندىن ھارغىن كوزلىرى بىلەن كازاكلارغا بىر بىرلەپ قاراپ چىقتى.

— مەن ئېلىپ باراي، — دىدى كوكۈلا چاچ تەلەپ قىلىپ.

— بولۇپتۇ، ھەيدە.

چىرايىدىن قارىغاندا، ئەسىر چۈشەندى بولغاي، لەۋلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ، ئېچىنىشلىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى؛ ئوزىنى تەمكىن تۇتۇپ، ئالدىراش يانچۇغىنى ئاختۇردى ۋە ئېزىلىپ كەتكەن ھول شاكىلاتنى كازاكلارغا بىر بىرلەپ سۇندى.

— رۇسىن ئىخ... رۇسىن... نىخت ئاۋستىرىتس!① — دەپ كالدىرلىدى، ئۇ كۈلكىلىك ئىما - ئىشارەتلەرنى قىلىپ، ھامان كازاكلارغا ئېزىلگەن خۇش پۇراق شاكىلاتلارنى سۇناتتى.

— يەنە قورالىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئورەدىنىك، — سەن بىكارلا كالدىرلاۋەرمە، بەرىبىر سوزۇڭنى چۈشەنمەيمىز.

---

①مەن رۇس، ئاۋستىرىيىلىك ئەمەس — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لىۋورۋېرت بار؟ پاڭ ــ پاڭ بار؟ ــ ئۇ رەدىنىڭ مىلتىق تەپكىسىنى بېسىپ كۆرسەتتى.

ئەسىر ئۇللا ــ بىللا يوق دېگەندەك قىلىپ، بېشىنى چايقىدى.

ــ يوق! يوق!

ئۇ ھەممە يېرىمنى ئاختۇرۇڭلار، دېگەندەك ئىشارە بىلدۈردى. ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزى تىترەپ تۇراتتى.

قانغا بويالغان شىمىنىڭ تىزىدىكى يىرتىقتىن قان ئاقاتتى، قىزغۇچ بەدىنىنىڭ شۇلۇنگەن يېرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ھەدەپ قولىياغلىقىنى يارىسىغا باساتتى، چىرايىنى پۈرۈشتۈرەتتى، لەۋلىرىنى شالاپلىتىپ بىر نېمىلەرنى دەيتتى... ئۇنىڭ شەپكىسى ئۆلگەن ئىتىنىڭ يېنىدا قالغان ئىكەن. ئۇ ئەدىيال، شەپكە ۋە خاتىرە دەپتىرىنى ئەپكېلىۋېلىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى. دەپتەرنىڭ ئىچىدە ئۆرۈك ــ تۇققانلىرى بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەت بار ئىكەن، ئۇ رەدىنىڭ قانچە قىلغان بىلەن ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى چۈشەنمىدى، كېيىن ئۇمىتسىزلىنىپ قول شىلتىدى:

ــ ھەيدە!

كوكۇلاچاچ كوشېۋويدىن ئىتىنى ئېلىپ مىندى ۋە مىلتىقنىڭ تاسمىسىنى ئوڭلاۋېتىپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى:

ــ قېنى ماڭ، ئەسكەرچاق، سېنىمۇ ئۇرۇش قىلالايدۇ دەپ ئەۋەتىپتۇ تېخى، ۋاي ئانىمەي!

ئۇنىڭ ھىجايغىنىنى كۆرۈپ، ئەسىرمۇ كۈلۈمسىرىدى، ھەتتا ئاتنىڭ يېنىدا كېتىۋېتىپ، تەكەللۇپسىزلىق بىلەن كوكۇلاچاچنىڭ تىزىنى ئۇرۇپ قويىدى. ئەمما كوكۇلاچاچ ئاچچىغى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى سىلكىپ تاش-

لىدى، ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئۇنى ئالدىغا سالدى.
— ماڭ، ئەبلەخ! تېخى مەن بىلەن چاقچاقلىشىۋاتامسەن؟
ئەسىر ئەيىپكارلىقنى سەزگەندەك ئالدىراش مېڭىپ كەتتى، ئۇ دەرھال ھۇشىنى تېپىپ، ئارقىدا قالغان كازاكلارغا پات - پات قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئاچ سېرىق جىنگىلەك چاچلىرى چوقچىيىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئاشۇ تۇرقى — ئۇچىسىغا ئارتىۋالغان گۇسارچە كەشتىلىك كەمزۇلى، ھورپىيىپ تۇرغان ئاچ سېرىق چاچلىرى، بەردەم ۋە چاققان قەدەم تاشلاشلىرى گىرىگورىينىڭ ئېسىدا شۇ پېتى قالدى.
— مېلېخوپ، ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئېگەر - جابدۇقىنى ئەپكەل، — دەپ بۇيرۇدى ئورەدنىك ۋە بارماقلىرىنى كويدۇرۇۋاتقان تاماكا قالدۇقىنى ئېچىنغاندەك تۇكۇرۇپ ئوچۇردى.
گىرىگورىي ئۆلگەن ئاتنىڭ ئېگىرىنى ئالدى، نىمشىقىدۇ، نېرىراقتا ياتقان شەپكىنى قولىغا ئېلىپ قارىدى. ئەستىرىنى پۇراپ باقتى، ئەرزان ئەتىر سوپۇن بىلەن تەرنىڭ پۇرىقى بۇرنىغا پۇرىدى. ئېگەرنى قولتۇقىغا قىسىپ، سول قولى بىلەن گۇسارچە شەپكىنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ قايتىپ كەلدى. كازاكلار قارىغاينىڭ تۈۋىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، سومكىلىرىنى ئاختۇرۇشتى، ئومرىدە كورۇپ باقمىغان غەلىتە ئېگەرنى قاراپ چىقىشتى.
— تاماكىسى ياخشى ئىكەن، يەنە بىر چېكىم سورىساقمۇ بولۇپتىكەن، ئاپلا، — دەپ ئارمان قىلدى سىلانتېپ.
— ئېيتقىنىڭ توغرا، ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن.
— شۇنداق يېقىملىق، تاماقنى قىرماي ياغدەك ئوتۇپ كېتىدۇ... — ئورەدنىك بىر ئۇھ تارتىپ تۇكرۇگىنى يۇتتى.
ئارىدىن بىر نەچچە مىنۇت ئوتكەندىن كېيىن قارىغايلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

ىنىڭ ئىچىدىن ئاتىنىڭ بېشى كۆرۈندى. كوكۇلا چاچ قايتىپ كەلدى.
— خوش نىمە بولدى؟ — ئورەدىنىڭ ئەنسىرەپ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، — قاچۇرۇۋەتتىڭمۇ؟
كوكۇلاچاچ قامچىسىنى ئوينىتىپ يېقىن كەلدى - دە، ئاتتىن چۈشتى، يەلكىسىنى سوزۇپ كېرىلدى.
— ئاۋستىرىيەلىك قېنى؟ — دەپ سورىدى ئورەدىنىڭ ئۇنىڭغا دىۋەيلەپ.
— نىمە ئانچە ئەزۋەلەيسەن؟ — دەپ غودۇڭشىدى كوكۇلا چاچ، — قاچتى، ... قېچىپ قۇتۇلماقچى بولدى...
— قاچۇرۇۋەتتىڭمۇ؟
— يولغا چىققانتۇق، ئۇ هاي - هايلىدى... ئۇنى چېپىپ تاشلىدىم.
— يالغان ئېيتىسەن! — دەپ ۋاقىرىدى گىرىگورىي، — بىكاردىن بىكار ئۆلتۈرگەنسەن!
— سەن نىمە چوقان كوتىرىسەن؟ سېنىڭ نىمە كارىڭ بار؟ — كوكۇلا چاچ مۇزدەك كوزلىرىنى گىرىگورىيغا تىكتى.
— نى - م - ە؟ — گىرىگورىي ئاستا ئورنىدىن تۇردى ۋە تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن يانلىرىنى كولىدى.
— ساڭا مۇناسىۋىتى يوق ئىشقا ئارىلاشما! چۈشەندىڭمۇ؟ ئارىلاشما! — دىدى كوكۇلا چاچ قەتئىلىك بىلەن.
گىرىگورىي مىلتىقىنىڭ تاسمىسىنى شارتلا تۇتۇپ، قوندىغىنى دەرهاللا مۈرىسىنىڭ ئۈستىگە قويدى.
ئۇنىڭ بارمىغى تىترەپ، تەپكىنى تاپالماي، رەڭگى ئوچۇپ، يۈزى قىيپاچ بولۇپ قالغان ئىدى.
— هوي - هوي نىمە قىلىۋاتىسەن؟ — ئورەدىنىڭ ۋاقىراپ گىرىگورىينىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

ئورەدىنىڭ مىلتىقنى بىر ئىتتىرىۋىدى، ئېتىلغان ئوق پاشقا تەرەپكە كېتىپ، قارىغاي شاخلىرىنى تېشىپ ئۆتتى.

— بۇ نىمە ئىش؟ — دەپ ۋاقىرىدى كوشېۋوي.

سىلانىتىپ ئاغزى ئېچىلىپ قالغان پېتى داڭ قېتىپ ئولتۇراتتى.

ئورەدىنىڭ گىرىگورىينىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ، قولىدىن مىلتىغىنى تارتىۋالدى، پەقەت كوكۇلا چاچ چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن، بىر پۇتىنى كەينىگە تىرەپ، سول قولىنى كەمىرىنىڭ ئىچىگە تىقىپ، هامان جايىدا تۇراتتى.

— يەنە ئات.

— ئولتۇرۇۋېتىمەن! — دەپ دېۋەيلەپ كەلدى ئۇنىڭغا گىرىگورىي.

— نىمە بولۇشتىڭلار؟ ... بۇ قانداق ئىش؟ سوتقا تارتىلماقچىمۇ؟ ئېتىلىشنى خالامسىلەر؟ قورالنى قوي!... — دەپ ۋاقىرىدى ئورەدىنىڭ، ئۇ گىرىگورىينى ئىتتىرىۋېتىپ، قوللىرىنى كېرىپ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا كىردى.

— بىكار گەپ، ئولتۇرەلمەيسەن! — دەپ مىيىغىدا كۈلدى كوكۇلا چاچ، كەينىدىكى پۇتىنى لىكىلدىتىپ.

ئۇلار ئارقىغا قايتىپ، يولغا چىققاندا گۈگۈم چۈشكەن ئىدى، گىرىگورىي ئورمان ئىچىدىكى تار يولدا چېپىپ تاشلانغان ئولۈكنى ئەڭ ئاۋال كوردى. ئۇ باشقىلاردىن بالدۇرراق ئات چاپتۇرۇپ باردى ـ دە، پىشقىرغان ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن تارتىپ، ئولۈككە قارىدى: ئولۈك كوك مايسا ئۈستىدە، قوللىرىنى كېرىپ، يۈزىنى كوكاتنىڭ ئىچىگە قويۇپ دۈم ياتاتتى. كۆزدە غازاڭ بولغان ياپراقتەك سارغىيىپ كەتكەن ئالقىنى ئوتنىڭ ئۈستىدە خىرە پارقىراپ كورۈنەتتى، دەھشەتلىك ئۇرۇل-

غان زەربە — ئېھتىمال، ئارقا تەرەپتىن تەككەن قىلىچ زەربىسى ئەسىرنى يەلكىسىدىن تاكى بېلىگىچە قىيپاچ كېسىپ ئىككى نىمتە قىلىپ تاشلىغان ئىدى.

— ھەي، ئۆنى نابوت قىلىپتۇ-دە، — دەپ قويدى ئورەدىنىڭ ئولۇكىنىڭ قېيشىيىپ قالغان بېشىغا، ھورپىيىپ تۇرغان ئاچ سېرىق چاچلىرىغا قورقۇمسىراپ قاراپ.

كازاكلار ئۆز قىسىملىرى تۇرغان جايغىچە ئۈنچۈقماي مېڭىشتى. ئەتراپ بارغانسېرى قاراڭغۇلاشتى. شامال غەرب تەرەپتىن قارا بۇلۇتلارنى ھەيدەپ كېلەتتى. ساسلىقنىڭ بىر يېرىدىن ئېچىغان قارا لاينىڭ پۇرىغى، سېسىغان زەيكەشنىڭ قانسىق ھىدى پۇرايتتى؛ يىراقتا سۇ بۇقىسى مورەيتتى. ئات جابدۇقلىرىنىڭ جىرىڭلىشى، قىلىچلارنىڭ تۇساتتىن ئۈزەڭگىگە تېگىپ تاراقلىشى ياكى قارىغاي شاخلىرىنىڭ ئاتنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا قاسىرلىشى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشنىڭ يول ئۈستىدىكى قارىغاي غوللىرىغا چۈشكەن شولىسى قاراڭغۇدا غايىپ بولماقتا ئىدى. كوكۇلا چاچ ئارقا ئارقىدىن تاماكا چېكەتتى، تۈتەپ تۇرغان تاماكا ئوتى تاماكا نەيچىسىنى مەھكەم قىسىپ تۇرغان تىرناقلىرى قارىيىپ كەتكەن يوغان بارماقلىرىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

بۇلۇت ئورمان ئۈستىنى قاپلاپ، ئاخشام پەيتىنىڭ تەسۋىرلەپ بولمايدىغان مۇڭلۇق، غەمكىن مەنزىرىسىنى يەنىمۇ مەيۈس تۈسكە كىرگۈزۈپ كورسىتەتتى.

## 13

شەھەرنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن باشلانغان جەڭ تاڭ سەھەردە باشلاندى. ئىككى قاناتتا ۋە ئارقا تەرىپىدە ئاتلىق ئەسكەرلەر مەدەتىگە ئىگە بولغان پىيادە قىسىملار تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ئورمان تەرەپتىن ھۇجۇم باشلىشى كېرەك ئىدى. قەيەردىدۇ بىر يەردە ئۇقۇشۇلماسلىق يۈز بېرىپ، ئىككى پولك پىيادە ئەسكەر ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىدى؛ 211 - پىيادىلەر پولكى سول قاناتتىن ئوتۇش توغرىسىدا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى؛ باشقا بىر پولك ئايلىنىپ ئوتۇۋاتقاندا ئۆز توپچى قىسىملىرى ئۇنى ئۇقماستىن توپقا تۇتتى؛ قاملاشمىغان قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى، ھالاكەتلىك باشباشتاقلىق پىلاننى بەربات قىلىۋەتتى، ھۇجۇمغا ئوتكۇچىلەر تارمار كەلتۈرۈلمىگەن تەقدىردىمۇ، ھەر ھالدا بۇ قېتىمقى ھۇجۇم مۇۋەپپەقىيەتسىز ئاياقلىشىش خەۋپى ئاستىدا قالدى. پىيادە قىسىملار ئۆز سەپلىرىنى ئوڭلىۋالغىچە بىرسىنىڭ بۇيرۇغى بويىچە كېچىسى ساسلىقتا ماڭغان توپلارنى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلغان ئاتلارنى توپچىلار لايدىن چىقىرىپ بولغىچە، 11 - دىۋىزىيە ھۇجۇمنى باشلىۋەتكەن ئىدى. پۈتۈن ئەتراپ ئورمانلىق ۋە ساسلىقتىن ئىبارەت بولغانلىقتىن، دۈشمەنگە كەڭ كولەمدە ھۇجۇم قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. بەزى جايلاردا بىزنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىمىز ۋىزۋوت ۋىزۋوت بويىچە ھۇجۇم قىلىشقا مەجبۇر بولدى. 12 - پولكنىڭ 4 - ۋە 5 - بولۇنملىرى زاپاستا قالدۇرۇلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولۇپ، قالغان بولۇنمىلىرى ھۇجۇمغا قاتناشقان ئىدى، ئارىدىن چارەك سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ۋەھىمىلىك گۈمبۈرلەش باشلاندى، جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان ھۇررا ساداسى ئارقىدا قالغانلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ كەلدى:

«رر - ئا - ئا - ئا - را - ئا - ئا - ررر - ئا - ئا - ئا!...»

— بىزنىڭكىلەر قوزغالدى!

— ھۇجۇمغا ئۆتتى.

— پىلىموت تارتىلداۋاتىدۇ.

— بىزنىڭكىلەرنى قىردۇۋاتامدۇ نىمە؟...

— جىم بولۇپ قېلىشتىغۇ؟ بۇ نىمە گەپ؟

— دىمەك، يېقىنلاپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

— بىزمۇ دەرھال باشلىساق كېرەك، — دەپ قويۇشاتتى، ئاندا - ساندا كازاكلار.

ئىككى بولۇنمە كازاك ئورمان ئىچىدىكى چىمەنزارلىقتا تۇراتتى. ئىگىز ئۆسكەن قارىغايلار كوزنى چاقناتتۇراتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدىن بىر روتا سولدات شىپىرلاپ ئۆتتى، ئەپچىل كىيىنگەن سالاپەتلىك بىر فېلدفېبېل① ئارقىدىراق قېلىپ، ئەڭ ئاخىرقى قاتارلارنى يېنىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ۋاقىراپ قويىدى:

— سەپنى بۇزما!

روتا سۇدانلىرىنى تاراقلىتىپ، توقايلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ئەڭ يىراقتا، ئويمانلىقتىكى دەرەخلەرنىڭ نېرىسىدىن كېلىۋاتقان چوقان ئاۋازى بارغانسېرى يىراقلىشىپ ئاستا ئاڭلىناتتى: «را - ئا - ئا - ئا - ئۇررر - را - ئا - ئا!...

① فېلدفېبېل — روتا كوماندىرىنىڭ ياردەمچىسى.

ئا ـ ئا ـ ئا!...». شاۋقۇن ـ ۋاقىراشلار بىردىنلا جىمىپ قالـ
دى. جانغا تېگىدىغان دەھشەتلىك تىمتاسلىق باشلاندى.

ـــ مانا ئەمدى يېتىپ بېرىشتى!

ـــ بىر بىرىنى قىرىۋاتىدۇ... نەيزە سانچىشىۋاتىدۇ!

كازاكلار پۈتۈن دىققىتى بىلەن يىراققا قۇلاقسېلىشاتتى، ئەمما جىمجىتچىلىق ئىدى. ئوك قاناتتا ھۇجۇم قىلىۋاتقانلارـ نى ئاۋستىرىيە توپچىلىرى توپقا تۇتۇۋاتقانلىغى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، پىلىموتلار توختىماي تارتىلىداپ، قۇلاقنى زىڭىلداتاتتى.

گىرىگورىي مېلېخوپ ۋىزۋوتنىڭ سەپداشلىرىغا سىنچىلاپ قارىدى، كازاكلار ئەسەبىلەشكەن، ئاتلار خۇددى كوكۇيۇن چاقـ قاندەك بىزاۋىتا بولۇشاتتى. كوكۇلا چاچ شەپكىسىنى ئىگەرـ نىڭ قېشىغا ئىلىپ قويۇپ، تەردىن كوكىرىپ كەتكەن ياغاق بېشىنى ئېرتەتتى، گىرىگورىينىڭ يېنىدا تۇرغان مىشكا كوشېـ ۋوي تاماكا ئىسىنى تەشنالىق بىلەن ئىچىگە سۇمۇرەتتى. ئەتـ راپتىكى ھەممە نەرسە يوغىناپ قالغاندەك، كوزگە ئېنىق كوـ رۈنەتتى. كىشى تۈن بويى ئۇخلىماي چىقسا خۇددى شۇنداق ئەھۋال بولىدۇ.

كازاكلارنىڭ بولۇنمىلىرى 3 سائەت ۋاقىتنى زاپاستا ئۆتكۈزدى. ئېتىشىش بىر پەس توختاپ، يەنە قايتىدىن كۈـ چەيدى.قانداقتۇر بىر ئايرۇپىلانغارقىراپ ئۇچۇپكەلدى ـ دە، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن بىر نەچچە قېتىم ئايلاندى. ئۇ، ئوق يەتـ مەيدىغان ئېگىزلىكتە چوگىلەپ، بارغانسېرى يۇقۇرى ئورلەپ، شەرق تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى؛ سەل پەسرەكتە كوپ ـ كوك ئاسمان قويىنىدا پارتلىغان توپ ئوقلىرىنىڭ ئېقىش تۈتۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋال - ۋۇل قىلىپ ياندى؛ زېنىت توپلار ئايروپىلاننى ئوققا تۇتقان ئىدى.

زاپاستىكىلەر چۈشكە يېقىن جەڭگە كىردى. بىر ئاتلىق ئەسكەر چاپارمىنى ئات چاپتۇرۇپ كەلگەندە، موخۇركىنىڭ ھەممىسى تۈگەپ، كازاكلار تولا كۈتۈپ جىلە بولۇشقان ئىدى. شۇ پەيتتە 4 - بولۇنمىنىڭ كوماندىرى كازاكلارنى ئورماندىكى تار يولغا ئېلىپ چىقتى - دە، نەگىدۇ بىر ياققا باشلاپ كەتتى (گىرىنگورىيغا ئارقىغا قايتقاندەك بولۇپ تۇيۇلدى). جاڭگالنىڭ ئىچىدىن 20 مىنۇتچە يۈرۈشتى، سەپ بۇزۇلغان ئىدى، ئۇلارغا جەڭ سادالىرى بارغانسېرى ئېنىقراق ئاڭلىنىشقا باشلىدى؛ يېقىن بىر جايدا ئارقا تەرەپتىن توپچىلار ئۈزۈلدۈرمەستىن ئوق ئېتىشقا باشلىدى، توپ ئوقلىرى چۇرقىراپ، ھاۋانى يېرىپ، كازاكلارنىڭ ئۈستىدىن غۇيۇلداپ ئۇچۇپ ئۆتەتتى. ئورماندا ئېزىقىپ، چېچىلىپ كەتكەن كازاكلار تەرتىپسىز ھالدا بىردىن-ئىككىدىن ئوچۇق جايغا چىقىشىۋالدى. ئۇلاردىن يېرىم چاقىرىم نېرىراق بىر جايدا ۋېنگىر گۇسارلىرى رۇس توپچىلىرىنى قىلىچ بىلەن قىرماقتا ئىدى.

— سەپكە تىزىلىڭلار!

كازاكلار سەپكە تىزىلىشقا ئۈلگۈرمەستىن:

— قىلىچنى سۇغار، ئالغا قاراپ ھۇجۇمغا مارش! — دېگەن كوماندا بېرىلدى.

قىلىچنىڭ ھاۋارەڭ بىسلىرى يالت - يۇلت قىلىپ كەتتى. كازاكلار چېپىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئات ئۈستىدە شامالدەك ئۇچۇپ، ياراتتى.

ئەڭ چەتتىكى زەمبىرەكنىڭ ئاتلىرى يېنىدا 6 ۋېنگىر گۇسارى توپلار بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى، ئۇلاردىن بىرسى ئۇر-

كۆپ تۇرغان شاش ئاتنىڭ تىزگىنىدىن تارتىپ سۆرەيتتى؛ ئىك-
كىنچى بىرسى ئاتنى قىلىچ بىلەن ئۇرۇپ ھەيدەيتتى، قالغانلىرى
ئاتتىن چۈشۈپ، توپنى جايىدىن قوزغاتماقچى بولۇپ، چاققا
يېپىشۋېلىپ، ئۇنى ئىتتىرەتتى. بىر چەتتە كالتە قۇيرۇق
جەرەن بايتال مىنگەن ئوفىتسېر ئات ئويىنىتىپ بۇيرۇق بېرىپ
تۇراتتى، ۋېنگىرلار كازاكلارنى كورۇش بىلەن توپنى تاشلاپ
قېچىشتى.

گىرىگورىي ئاتنىڭ سەكرىگەن ھەربىر قەدىمىنى «مانا
شۇنداق ھە-ھە، ماناشۇنداق، مانا شۇنداق!» — دەپ خىيالىدا
ساناپ باراتتى. ئۇنىڭ پۇتى تۇساتتىن ئۈزەڭگىدىن چىقىپ
كېتىپ قالدى - دە، ئىگەرنىڭ ئۈستىدە تۇراقسىز ئەھۋالدا
قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. كوڭلىدە ۋەھىمە پەيدا بولۇپ، پۇتى
بىلەن ئۈزەڭگىنى تېپىشقا تىرىشتى؛ ئىڭىشىپ تۇرۇپ، ئاخىر
ئۈزەڭگىنى تاپتى - دە، پۇتىنىڭ ئۇچىغا ئىلىۋالدى.
ئاندىن بېشىنى كوتىرىپ، زەمبىرەككە قوشۇلغان 6 ئاتنى كور-
دى؛ ھەيدىگۈچىسى چېپىپ تاشلانغان بولۇپ، ئالدىنقى ئاتنىڭ بوي-
نىنى قۇچاقلىغان پېتى تۇراتتى، كوينىكى قانغا بويالغان، مى-
گىسىنىڭ قېتىغى چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئات تۇياقلىرى جان-
سىز جەسەتنى غىچىرلىتىپ دەسسەپ ئوتتى. دۇم كومتۈرۈلگەن
ئوق ساندۇغىنىڭ يېنىدا يەنە ئىككى توپچى ياتاتتى، ئۈچىن-
چى بىرسى توپنىڭ شوتىسى ئۈستىگە ئوڭدا يىقىلغان ئىدى.
سىلانتىپ گىرىگورىيدىن ئۆزۈپ كەتتى، ئۇنى كالتە قۇيرۇق
بايتال مىنگەن ۋېنگىر ئوفىتسېرى يېقىندىنلا ئېتىپ تاشلىدى.
سىلانتىپ ئىگەرنىڭ ئۈستىدە بىر ئىرغىپ كوتىرىلدى - دە،
كوپ - كوك چەكسىز ھاۋانى قۇچاقلىماقچى بولغاندەك قوللى-
رىنى كېرىپ، پۇلاڭگىدە يەرگە يىقىلدى... گىرىگورىي قىلىچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇرۇشقا قولايراق تەرەپتىن كېلىشنى كوزلەپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتتى، ئەمما ئوفىتسېر ئۇنىڭ ھەركىتىنى سېزىپ قېلىپ قولىنىڭ ئاستىدىن ئوق ئۈزدى. ئۇ تاپانچىسىدىكى ھەممە ئوقنى ئېتىپ تۈگىتىپ، قىلىچىنى سۇغاردى. ئوفىتسېر ماھىر قىلىچۋاز بولسا كېرەك، گىرىگورىينىڭ ئۈچ قېتىم ئۇرغان قاخشاتقۇچ زەربىسىنى ئويۇنچۇقتەكلا ياندۇردى. گىرىگورىي ئاغزىنى قىيشايتۇرۇپ، ئۆزەڭگىگە ئايىغىنى تىرەپ تۆتىنچى قېتىم زەربە ئۇردى (ئىككىسىنىڭ ئاتلىرى دىگۇدەك يانمۇ يان ئۇچۇپ باراتتى، گىرىگورىي ئوفىتسېرنىڭ ساقىلى قىرىلغان، رەڭگى ئۆڭگەن يۈزىنى ۋە مۇندىرىنىڭ ياقىسىغا تىكىلگەن نومۇرىنى كوردى)، ئۇ ۋېنگىرنى غەپلەتتە قالدۇرۇپ، ئۈستىدىن قىلىچ ئۇرماقچى بولغاندەك قولىنى ئېگىز كوتىرىپ قويۇپ، شارتتىدە قىلىچ ئۇچىنى مەيدىسىگە تىقىۋەتتى، ئىككىنچى قېتىم گەدىنىگە — ئۇمۇرتقا سوڭىكى تۇتاشقان يەرگە زەربە ئۇردى. ۋېنگىرنىڭ قىلىچ تۇتقان قولى بوشىشىپ كەتتى، تىزگىنىنىمۇ قويۇۋەتتى، يىلان چاققاندەك تولغىنىپ، كوكسىنى كېرىپ، قەددىنى رۇسلىغاندەك بولدى - دە، گۇپپىدە ئېگەرنىڭ قېشىغا يىقىلدى. گىرىگورىي ئوزىنى ئادەتتىن تاشقىرى يېنىكلىشىپ قالغاندەك ھىس قىلىپ، ئۇنىڭ بېشىغا يەنە قىلىچ ئۇردى، قىلىچ قۇلىغىدىن يۇقۇرىراق باش سوڭىگىگە تېگىپ خېلىلا چوڭقۇرلاپ كىرگەنلىكىنى كوردى.

شۇ پەيتتە گىرىگورىينىڭ بېشىغا ئارقا تەرەپتىن ئۇرۇلغان دەھشەتلىك زەربە ئۇنى ھوشىدىن كەتكۈزدى. ئۇ ئاغزىغا ئىسسىق، تۇزلۇق قان ئېقىپ چۈشكەنلىكىنى ھىس قىلدى ۋە ئوزىنىڭ يىقىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى،

يان تەرەپتىن ئېرىلغۇ يەرلەر چوگىلەپ، شىددەت بىلەن تۆس- تىگە بېسىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

گىرىگورىي كۆپ قىلىپ يىقىلغاندا بىر سېكۇنت ھوشىغا كەلدى، كوزىنى ئاچتى؛ ئەمما قان كوزلىرىنى قاپلاپ كەتتى، قۇلىغىنىڭ ئاستىدا توكۇر-توكۇر تۇياق ئاۋازلىرى ۋە ئاتنىڭ ئېغىر ھاسىراشلىرى ئاڭلىناتتى، گىرىگورىي ئاخىرقى قېتىم كوزىنى ئاچتى، بىر ئاتنىڭ بۇرتۇپ چىققان قىزغۇچ بۇرۇن توشۇكلىرىنى، بىرسىنىڭ ئۈزەڭگىدىكى ئوتۇگىنى كوردى، «تۈگەشتىم» دىگەن پىكىر كاللىسىدىن ئوتۇپ، يېنىكلىشىپ قالغاندەك بولدى، قۇلاقلىرى غوڭۇلدىدى، ئالەم كوزىگە قاراڭ- غۇ كورۇندى.

## 14

ئاۋغۇست ئېيىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە يۈزبېشى يېۋگې- نىي لىستىنىتسكى ئىمتىيازلىق ئاتامان پولكىدىن بىرەر كازاك ئارمىيىسى پولكىغا يوتكىلىۋېلىشقا نىيەت بېكىتتى، بۇتوغرىلىق مەلۇماتنامە يېزىپ، ئۈچ ھەپتىگىچە پالاقلاپ، ئاخىر ئۇرۇشقا قاتنىشىۋاتقان ئارمىيىنىڭ بىر پولكىغا تەيىنلەندى، تەيىنلىنىش رەسمىيىتىنى ئوتىگەندىن كېيىن، پېتروگرادتىن يولغا چىقىش ئالدىدا دادىسىغا قىسقىچە خەت يېزىپ، ئوز قارارىنى چۈشەندۈردى:

«دادا، مەن ئاتامان پولكىدىن فرونتتىكى ئارمىيە سېپىگە كوچۈرۈلۈشنى ئىلتىماس قىلىپ، ئەرز بەرگەن ئىدىم. بۈگۈن

تەيىنلەش قەغىزىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئەمدى 2 - كورپۇس كوماندىرىنىڭ ئىختىيارىغا كېتىۋاتىمەن، مېنىڭ بۇ قارارىم ھەرھالدا سىزنى ئەجەپلەندۈرۈشى مۇمكىن، ئەمما بۇنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن: مەن ياشاۋاتقان مۇھىت مېنى مۇشەققەتكە سالدى. ئەسكەر كورەكلىرى، قارشى ئېلىشقا چىقىشلار، قاراۋۇللۇقتا تۇرۇش — مانا شۇنىڭغا ئوخشاش ئوردا خىزمىتى جېنىمغا تەگدى، مۇنداق ئىشلاردىن تويدۇم، جانلىقراق ئىش قىلاي دەيمەن... ئەگەر ماقۇل دېسىڭىز، باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، نام چىقارغۇم كېلىدۇ. ئويلاش كېرەككى، مېنىڭ تومۇرۇمدا شانلىق لىستىنىتسكىلەرنىڭ شەرەپلىك قېنى جۇش ئۇرسا كېرەك، بۇ ئەۋلات ۋەتەن ئۇرۇشىدىن① تارتىپ تاھازىرغىچە رۇس قۇراللىنىڭ گۈلچەمبىرىگە ھەمىشەم زەپەر گۈللىرىنى تاقاپ كەلدى. مەن فرونتقا بارىمەن، سىزدىن پاتىھە سورايمەن، ئۆتكەن ھەپتە ئىمپېراتورنى باش قوماندان قارارگاھىغا قاراپ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن كوردۇم، مەن بۇ زاتنى خۇدادەك كۆرىمەن، مەن ئوردىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرغان ئىدىم، ئۇ رودزيانكو② بىلەن بىللە كېلىۋېتىپ، مېنىڭ يېنىمدىن ئۆتتى، ئۇ كۈلۈمسىرەپ مېنى كوز ئىشارىسى بىلەن كۆرسەتتى ۋە ئىنگلىز تىلىدا: ، مانا مېنىڭ شانلىق گۋاردىيەم، ۋاقتى كەلگەندە شۇ گۋاردىيەمنى ئىشقا سېلىپ، ۋىلھېلمنىڭ پىلانلىرىنى بەربات قىلىمەن، — دېدى. مەن ئۇنى ئىنستىتۇتنىڭ بىر قىز ئوقۇغۇچىسىدەك ياخشى كۆرىدىمەن. يېشىم 28 دىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇنى سىزگە

① ۋەتەن ئۇرۇشى — 1812 - يىلدىكى رۇس - فرانسىيە ئۇرۇشىنى كۆرسىتىدۇ — ت.

② رودزيانكو (1859 — 1924) — نىكولاي II دەۋرىدىكى ئەكسىيەتچى سىياسەتۋاز — ت.

يېزىشتىن ئۆيالمايمەن. پادىشانىڭ مۇبارەك نامىنى ئۇمۇ-
چۇك تورىدەك ئورنۇالغان سارايدىكى غەيۋەتسوزلەر مېنى
قاتتىق غەزەپلەندۈردۇ، مەن بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەيمەن
ۋە ئىشىنىشىم مۇمكىنمۇ ئەمەس، يېقىندا مەن ياساۋۇل گىرو-
موپنى ئېتىپ تاشلاشقا تاس قالدىم، چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئال-
دىمدا بىھۆرمەتلىك قىلىپ، ئىمپېراتور ھەزرەتلىرىنىڭ
شەنىگە تېگىدىغان گەپلەرنى قىلىشقا جۈرئەت قىلدى. بۇ
ئۇچىغا چىققان رەزىللىك، مەن ئۇنىڭغا: „تېگى پەس ئادەم-
لەرلا مۇشۇنداق ئىپلاس گەپلەرنى ئاغزىغا ئېلىشى مۇمكىن“
دېدىم. بۇ جىدەل يۈز بەرگەندە بىر نەچچە ئوفىتسېر بار
ئىدى. ۋۇجۇدۇمنى چەكسىز غەزەپ قاپلىۋېلىپ، تاپانچامنى
چىقاردىم - دە، بۇ تۈز كور قىلىدىغانغا بىر پاي ئوقنى
زايا قىلسام مەيلى، دەپ، تاس قېلىپ ئاتىماقچى بولۇۋىد-
دىم، ئەمما يولداشلىرىم ئارىغا چۈشۈپ، تاپانچىنى قولۇم-
دىن تارتىۋالدى. بۇنداق پاسكىنا مۇھىتتا ياشاش مەن ئۈ-
چۈن كۈندىن كۈنگە ئېغىر بولماقتا، گۋاردىيە پولكلىرى-
دا، بولۇپمۇ ئوفىتسېرلەر ئارىسىدا ھەققى ۋەتەنپەرۋەرلىك-
تىن ئەسەر قالمىدى، ھەممىدىن يامىنى شۇكى، پادىشا خان-
دانىغا مۇھەببەت يوق، بۇلار ئالى تەبىقە كىشىلىرى ئە-
مەس، ئەسكى - تۈسكى چۈپرەندىلەر، مېنى ئۇز پولكىمدىن
ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلغان سەۋەپلەر ئەسلىدە ئەنە شۇلار-
دىن ئىبارەت. مەن ئوزەم ھورمەت قىلمايدىغان كىشىلەر
بىلەن ئارىلىشىپ ئوتتۇشكە ئىمكان قالمىدى، خوش، گەپنى
شۇنىڭ بىلەن تامام قىلاي، بەزىبىر باغلاشمايدىغان يەرلىرى
بولسا ئەپۇ قىلىڭ، چۈنكى ئالدىراپ يازدىم. چامدانلىرىم-
نى چېكىپ، كارنىزون باشلىغىنىڭ قېشىغا بارىدىغان ئىشىم
بار ئىدى. سالامەت بولۇڭ، دادا، ئارمىيىگە بارغاندىن كې-
يىن تەپسىلى خەت يازىمەن“.

ئوغلىڭىز يېۋگېنىي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پويىز ۋارشاۋاغا كەچقۇرۇن سائەت 8 دە يۈرۈپ كەتتى، لىستىنىتىسكى ۋوگزالغا ئىزۋاشقا چۈشۈپ كەلگەن ئىدى. پېترو-گراد ئارقىدا، مىتىلداپ تۇرغان كوكۇش - هاۋارەڭ چىراقلار-نىڭ خىرە - شىرە يورۇقى ئىچىدە ياتاتتى، ۋوگزال بەك تىقىن هەم ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولغان ئىدى. ئادەملەرنىڭ تولىسى هەربىلەر ئىدى، بىر هامماڭ لىستىنىتىسكىنىڭ چامدىنىنى ۋاگونغا ئېلىپچىقىپ جايلاپ بەردى ۋە بىر نەچچە تىيىن چاي پۇلى ئېلىپ، ئوفىتسېر جاناپلىرىغا ئاق يول تىلىدى. لىستىنىتىسكى قىلىچ ئاسىدىغان تاسما كەمەرلىرى-نى يەشتى، ئۈستىدىن شىنېلىنى سالدى، بوخچىسىنى ئاچتى، كاپكازچە گۈللۈك يېپەك ئەدىيالىنى ئېلىپ ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە سالدى. تۆۋەنكى قەۋەتتە، تەركى دۇن-يا بولغان زاهىتقا ئوخشايدىغان ئورۇقىنا بىر پوپ ئويىدىن ئالغاچ كەلگەن يىمەكلىكلىرىنى دەرىزىنىڭ ئالدىدىكى كىچىك جوزىغا يېيىپ غىزالىنىۋاتاتتى. ئۇ ساقىلىغا يېپىشىپ قالغان نان ئۇۋاقلىرىنى چۇشۇرۇۋېتىپ، ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان گىمنازىيە كىيىمى كىيگەن قارا قۇمچاق ياداڭغۇ بىر قىزنى مېهمان قىلماقچى بولاتتى.

— ئېغىز تېگىپ باقامسىز هە؟

— سىزگە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن.

— تازا تارتىنچاق ئىكەنسىز، سىز ئوزىڭىزنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىڭىزغا لايىق كوپرەك تاماق يېيىشىڭىز كېرەك.

— رەهمەت.

— قېنى، مۇنۇ بەلىشتىن يەپ بېقىڭ. بەلكى سىز، جانابى ئوفىتسېر مەرهەمەت قىلارسىز؟

لىستىنىتىسكى بېشىنى ساڭگىلىتىپ سورىدى:

— بۇ گەپنى ماڭا دەۋاتامسىز؟

— ھە، ھە، — پوپ مەيۈس كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى-دە، تىترەپ تۇرغان چاشقان بۇرۇتلىرى ئاستىدىكى يۇپقا لەۋلىرى بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— رەھمەت، كۆڭلۈم تارتمايدۇ.

— ئۇنداق قىلمىسىڭىز بولاتتى. قوساققا كىرگەن نەرسە ھالال. سىز ئارمىيىگە كېتىۋاتامسىز؟

— ھە ئە.

— خۇدا يار بولسۇن.

لىستىنتسكى ئۈگدەك ئىچىدە پوپنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى قۇلىقىغا گويا يىراقتىن كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا بۇنداق يوغان ئاۋازدا زارلىنىپ سۆزلەۋاتقان كىشى گويا پوپ ئەمەس، بەلكى ياساۋۇل گىرومىپ ئىدى.

— ... بىلەمسىز، ئائىلەمگە كىرىدىغان كىرىم بەك ئاز، شۇنىڭ ئۈچۈن پولكتا روھانىي بولۇپ خىزمەت قىلىشقا كېتىۋاتىمەن. رۇس خەلقى دىنسىز ھايات كەچۈرەلمەيدۇ. بىلەمسىز، دىن يىلدىن يىلغا مۇستەھكەملىنىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، دىندىن يۈز ئۆرۈيدىغانلارمۇ يوق ئەمەس، ئەمما بۇنداق ئادەملەر زىيالىلارنىڭ ئارىسىدا بار، دېھقانلار ھەر زامان خۇدا دەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئېتىقادى كۈچلۈك. ھە ... مانا شۇنداق ...، — ئۇ بىر ئۇھ تارتتى - دە، يەنە گۈرۈڭلاشقا باشلىدى، بىراق ئۇنىڭ سۆزلىرى قۇلاققا كىرمەيتتى.

لىستىنتسكى ئۇيقۇغا كەتتى. ئەڭ كېيىن ھىس قىلغانلىرى ۋاگوندىكى تار تاختايلاردىن ياسىلىپ، يېڭىدىن سىرلانغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاكچىلارنىڭ ھىدى ۋە تاشقىرىدا بىرسىنىڭ ۋاقىرىغان مۇڭلۇق ئاۋازى بولدى:

— يۇك - تاق بولۇمى قوبۇل قىلغان، بۇنىڭ بىلەن مې-نىڭ ئىشىم يوق!

«يۇك - تاق بولۇمى ئىمنى قوبۇل قىلغانىدۇ» — دې-گەن پىكىر ئۇنىڭ مېڭىسىدە لىپپىدە پەيدا بولۇپ، ئاستا - ئاستا غايىپ بولدى. ئىككى كېچە ئۇخلىماي چىققاندىن كېيىن بۇگۈن راسا ئۇخلىدى. پويىز پېتروگىرادتىن چىقىپ 40 چاقى-رىمچە يول ماڭغاندا، ئاندىن لىستىنىتىنسكى ئۇيقۇدىن ئويغان-دى. چاقلار بىر ۋەزىندە تاراقلايتتى، پاراۋوز ھەر بىر سىلكىن-گەندە ۋاگون تەۋرىنىپ كېتەتتى، ياندىكى خانىدا كىشىلەر ئاس-تا ناخشا ئېيتىشاتتى، پانۇستىن پەسكە قىيپاچ بىنەپشەرەڭ سايە چۈشەتتى.

يۈز بېشى لىستىنىتىنسكى خىزمەتكە تەيىنلەنگەن پولك كېيىنكى جەڭلەردە زور چىقىمغا ئۇچرىغانلىقتىن، جەڭ مەيدانىدىن چېكىندۇرۇلگەن بولۇپ، ئات - ئۇلاقلىرىنى ئال-دىراشلىق بىلەن يېڭىلاپ، ئادەملەر بىلەن تولدۇرۇلماقتا ئىدى.

پولكنىڭ ئىشتاۋى بېرېزناگى دېگەن چوڭ يېزا بازىرى-دا ئىدى. لىستىنىتىنسكى بىر نامسىز بېكەتتە پويىزدىن چۈشتى. كوچمە ھەربى دوختۇرخانىمۇ شۇ يەرگە چۈشۈرۈلدى. لىستىن-تىنسكى دوختۇردىن سوراشتۇرۇپ، بۇ دوختۇرخانىنىڭ غەربىي - جەنۇبى فورونتتىن مۇشۇ ياققا ئەۋەتىلگەنلىكىنى ۋە شۇئان-دىلا بېرېزناگى - ئىۋانوپكا - كىرشوۋىنىسكويى ئىستانسىلىرى ئارقىلىق يۈرۈپ كېتىشنى بىلىۋالدى. گەۋدىلىك، يۈزلىرى قى-زىل دوختۇر ساقىلىنى تۇتاملاپ، ئالتۇن كوزەينەكنىڭ ئاستى-

دىن غەزەپلىك كوزلىرىنى پاللىدىتىپ، ئۇز باشلىغىنىڭ يامان گېپىنى قىلاتتى، دېۋىزىيە ئىشتاۋىدا ئولتۇرغانلارنى ئايىماي تىللايتتى، تەسادىپى يولۇققان بىر كىشىگە دەرت توكەتتى.

— مېنى بېرىزناگىنچە ئالغاچ كېتىشىڭىزگە بولارمۇ؟ — لىستىنىتىسكى ئۇلارنىڭ گېپىنى بولدى.

— مەيلى، ئىككى چاقلىق ئىزۋاشقا ئولتۇرۇڭ، يۈز بېشى، — دوختۇر ماقۇل بولدى ۋە قەدىناس دوستىدەك تەكەللۇپسىزلىق بىلەن يۈز بېشىنىڭ شىنېلىدىكى تۇگمىنى ئويناپ، ئۇنىڭ ھىسسىداشلىغىغا ئېرىشمەكچى بولغاندەك، گۇدۇڭ - گۇدۇڭ يوغان ئاۋاز بىلەن يەنە شىكايەت قىلىشقا باشلىدى: — ئوزىڭىز بىر ئويلاپ كۈرۈڭچۇ، يۈز بېشى، 200 چاقىرىم يەردىن چارپايلارنى سولايدىغان ۋاگونلاردا نى - نى ئازاپلارنى تارتىپ بۇ يەرگە كېلىشىمىز ئىشىمىز لاغايلاپ يۈرۈش ئۈچۈنمۇ، ئاخىر؟ ھالبۇكى، مېنىڭ دوختۇرخانام كوچۇرۇپ كېلىنگەن ئاشۇ ئۇچاستىكىدا ئىككى كۇنگىچە ئېغىر، قانلىق جەڭلەر داۋام قىلغان بولۇپ، سان ساناقسىز يارىدار قېلىپ قالدى، شۇلارغا جىددى ياردەم كورسىتىشىمىز كېرەك ئىدى، — دوختۇر: «ئەڭ ئېغىر، قانلىق جەڭلەر» دىگەن سوزنى زەھەرخەندە بىلەن تەكرارلىغاندا «ر» ھەرپى دىرىلداپ ئاڭلاندى.

— بۇنداق تېتىقسىز بۇيرۇقنىڭ بېرىلىشىگە نىمە سەۋەپ بولغاندۇ؟ — دەپ ئەدەپ بىلەن قىزىقىپ سورىدى يۈز بېشى.

— نىمە سەۋەپ بىلەن دەمسىز؟ — دوختۇر ئىستىھزا بىلەن كوزەينىكى ئۈستىدىن قاشلىرىنى لىكىلداتتى. — سەۋەۋى ئەقىلسىزلىق، باشباشتاقلىق، باشلىقلارنىڭ ئەخمەقلىغى، مانا مۇشۇ! ئۇ يەردە ئولتۇرغان ئەبلەخلەر ھەممە ئىشنى بۇ-

www.uyghurkitap.com

زىدۇ. ئىشىنىڭ كوزىنى بىلمەيدۇ، ئاددىسى ئۇلاردا ساغلام ئەقىل يوق، ۋىرسايېۋنىڭ «دوختۇرنىڭ خەتلىرى» دىگەن ئەسىرى ئېسىڭىزدىمۇ؟ خۇددى شۇنداق! بىز شۇ ئەھۋالنى تەكرارلاۋاتىمىز.

لىستىنىتىسكى چاس بىرىپ هارۋا تەرەپكە كەتتى؛ مىجەزى چۇس دوختۇر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاقىلداپ قالدى:

— ئۇرۇشتا بىز ئۇتتۇرۇپ قويىمىز، يۈز بىشى! ياپونلارغا ئۇتتۇرۇپ قويۇپ ئەقلىمىزنى تاپمىغان ئىدۇق. هايت-هۇيت بىلەن بىر هۇجۇم قىلىپلا بىنتچىت قىلىۋىتىمىز، بىزگە تەڭ كېلەلمەيدۇ، دىگەن ئىدۇق ... — شۇنىڭ بىلەن ئۇ رەڭگا رەڭ نېفىت داغلىرى پارقىراپ تۇرغان توختام سۇلاردىن ئاتلاپ ئوتۇپ، بېشىنى ئىككى يانغا ئىغاڭلىتىپ، تومۇريول بويلاپ مېڭىپ كەتتى.

كوچمە دوختۇرخانا بېرېزناگىگە يېتىپ بارغاندا قاش قارايغان ئىدى، سارغىيىپ كەتكەن باشاقلارنى شامال يەلپۈتەتتى. غەرپتە قارا بۇلۇتلار هورپىيىپ تۇرۇشاتتى. بۇلۇتلارنىڭ ئۈستى تەرىپى توق سۇسۇن رەڭگە بويالغان، پەسرەگى شالاڭلاپ، ۋەھىمىلىك تۇسىنى يوقاتقان، ئاسمان باغرىغا ئاچ بىنەپشەرەڭ شولا چۈشۈپ تۇراتتى؛ ئوتتۇرىدىكى بۇلۇتلار، خۇددى دەريادا مۇز كوچكەن چاغدا تىقىلىشىپ قالغان چوڭ مۇز پارچىلىرىغا ئوخشاش ئاستا-ئاستا تارقىلىپ كېتىۋاتقانلىغى سېزىلىپ تۇراتتى، ئۇ يەر بۇ يەردىكى ئوچۇق جايلاردا پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئەپلىسىن رەڭگىدىكى نۇرلىرى كورۇنۇپ قالاتتى. بۇ نۇرلار يەلپۈگۈچ شەكلىدە ھەر تەرەپكە تارىلىپ كەتكەن، بەزىسى ۋاللىداپ بۇلۇتقا سانجىلىپ قالغاندەك ئىدى. بۇلۇتسىز ئوچۇق جاينىڭ تۇۋەنرەگى تەس-

ۋىرلەپ بولمايدىغان دەرىجىدە رەڭمۇ رەڭ تۈسكە كىرىپ تاۋلىناتتى.

يول ياقىسىدىكى ئېرىقنىڭ بويىدا ئوق تېگىپ ئۆلگەن بىر جەرەن ئات ياتاتتى. ئارقا پۇتى غەلىتە ھالەتتە يۇقۇرىغا كۆتىرىلگەن بولۇپ، ئۇپراپ كەتكەن تاقىسى پارقىراپ تۇراتتى. ئىككى چاقلىق يېنىك ھارۋىدا دوقۇس - دوقۇس سىلكىنىپ كېلىۋاتقان لىستنىتسكى ئۆلگەن ئاتقا قارىدى، يېنىدا بىللە ئولتۇرۇپ كەلگەن سانىتار ئاتنىڭ ئېسىلىپ قالغان قوسىقىغا تۈكۈردى ۋە يۈز بېشىغا قايرىلىپ:

— ئاچ كۆزلۈك قىلىپ يەمنى جىق يەپ قويۇپتۇ، — دېدى، يەنە بىرنى تۈكۈرمەكچى بولۇۋىدى، ئەمما بىئەدەپلىك بولمىسۇن، دەپ تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ، گىمناستيوركىسىنىڭ يېڭى بىلەن لەۋلىرىنى ئېرتتى، — ھارام بولۇپ قېلىپتۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم تەگمەيدۇ ... گېرمانلاردا بۇنداق ئادەت يوق.

— بۇنىسەن نەدىن بىلىسەن؟ — دەپ سورىدى ئورۇنسىز غەزەپلەنگەن لىستنىتسكى، ئۇ شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ بىلەرمەنلىك قىلغان ۋە سەسكىنىپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرگەن سانىتارنىڭ بىپەرۋا يۈزىدىن يەنە ئورۇنسىز نەپرەتلەندى.

كۆكىرىپ كەتكەن بۇ روھسىز چىراي 9 - ئايدىكى ئىگىسىز قالغان ئېتىزنى ئەسلەتتى: باشقا مىڭلىغان دېخان - سولداتلارنىڭ رەڭگى-روھىدىن ئۇنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق، يۈز بېشى پېتروگرادتىن تارتىپ تاكى فۇرونتقا كەلگىچە يوللاردا بۇنداقلارنىڭ نەچچە مىڭىنى ئۇچراتقان ئىدى. ھەممىسىنىڭ رەڭگى سۇلغان: ساغۇچ، كۆك، يېشىل ۋە باشقا تۈستىكى كۆزلىرى نۇرسىز، شىشىدەك قېتىپ قالغان بولۇپ، سومەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ كەتكەن كونا مىس تەڭگىلەرگە ئوخشايتتى.

— مەن ئۇرۇشتىن ئىلگىرى گېرمانىيىدە 3 يىل تۇر-دۇم، — دەپ جاۋاپ بەردى سانىتار ئالدىرىماستىن. يۈزبېشى ئۇنىڭ تاۋۇشىدا، بايا يۈزىدە كۆرۈلگەن بىلەرمەنلىك ۋە يىر-گىنىچ ئاھڭى بارلىقىنى بايقىدى، — مەن كېنىسبېرگدە تا-ماكا فابرىكىسىدا ئىشلىدىم، — سانىتار زېرىككەن كىشىدەك خوشياقماسلىق بىلەن سۆزلەيتتى، چۈلۋۇر بىلەن پاكار ئاتنى ئۇرۇپ قويۇاتتى.

— سۆزۈڭنى بولدى قىلساڭچۇ! — دېدى لېيتېنانتسكى قەتئىي قىلىپ ۋە قايرىلىپ ئۆلگەن ئاتنىڭ بېشىغا، كوزىگە چۈشۈپ تۇرغان كوكۇلىسىغا، ئېچىلىپ قالغان چىشلىرىغا قاراپ قويدى.

ئاتنىڭ يۇقۇرىغا كوتىرىلىپ قالغان پۇتى تىزىدىن پۇ-كۈلگەن بولۇپ، تۇيىغى تاقىنىڭ مىخى بىلەن دەز كەتكەن، ئەمما تۇياقلىرىنىڭ ئىچى كوپ - كوك پارقىراپتۇراتتى، يۈز بېشى ئۇنىڭ پۇتى ۋە ئىنچىكە تۇياق بوغۇنىغا قاراپ، ياش ھەمدە نەسىللىك ئات ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

ئىككى چاقلىق ھارۋا ئوڭغۇل - دوڭغۇل يولدا سەك-رەپ - سەكرەپ بارغانسېرى ئۇزاقلاپ كەتتى. غەرپتە ئاس-ماننىڭ ئاخىرقى رەڭگا رەڭ تۇسى ئۆچۈشكە باشلىدى، شا-مال بۇلۇتلارنى توزۇتىۋەتتى. ئولگەن ئاتنىڭ چوقچىيىپ تۇرغان پۇتى يىراقتىن گۇمبىزى يوق كىچىك چېركاۋدەك قارىيىپ كورۈنەتتى. لېيتېنانتسكى ھامان ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى، تۇساتتىن ئاتنىڭ ئۇستىگە يالت قىلىپ بىر پارچە شولا چۈشتى - دە، ئۇنىڭ ساپ - سېرىق

تۆك باسقان ئايىغى ياپراقسىز نوتا شاختەك كارامەت يالتىراپ، ئەپلىسىن پوستىدەك تاۋلىنىپ كەتتى.

بېرىزناگىگە كىرىشكە يېقىن قالغاندا يارىدارلار چۈشكەن هارۋىلار ئۇچرىدى.

دەسلەپكى هارۋىنىڭ ئىگىسى — ساقىلى قىرىلغان بىلورۇس چال ئاغامچا، چۇلۋۇرنى قولىغا ئوراپ ئاتنىڭ يېنىدا پىيادە كېتىۋاتاتتى. هارۋىنىڭ ئۈستىدە بېشى تېڭىلغان شەپكىسىز كازاك جەينىگىنى تىرەپ يانپاشلاپ ياتاتتى. ئۇ هارغىنلىق بىلەن كوزلىرىنى يۇمۇۋالغان، نان چايناپ، سۈيىنى يۇتۇپ، تىلپىنى تۇكۇرۇپ تاشلايتتى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر سولدات دۇم ياتاتتى. ئۇنىڭ جۇلغى چىقىپ كەتكەن شىمى قانغا مىلىنىپ قېتىپ قالغان ئىدى. سولدات بېشىنى كوتەرمەستىن ئەسكى سوزلەر بىلەن ئاغزىنى بۇزاتتى. لىستنىتسكى ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ يامانلىغىغا ۋە تاۋۇشىغا قۇلاق سېلىۋېتىپ قورقۇپ كەتتى: ئۇ، ئېتىقادى كۈچلۈك دىندار ئادەم دۇئا ئوقۇۋاتقاندەك جان-جەهلى بىلەن يامان سوزلەرنى قىلاتتى. ئىككىنچى هارۋىدا 6 ئەسكەر تىقىلىشىپ ياتاتتى. ئۇلارنىڭ بىرسى ئىنتايىن شوخ بولۇپ، ئىششىق كوزلىرىنى قىسىپ بىر ئىشنى سوزلەپ بېرىۋاتاتتى:

— ... ئۇلارنىڭ پادىشاهىدىن ئەلچى كەلگەنمىش، سۇلهى تۈزسەك، دىگەن تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتىمىش، بۇنى مەن ئەڭ مۇهىم ئىشەنچلىك ئادەمدىن ئاڭلىدىم، ئۇ هەرگىز يالغان سوزلىمەيدۇ، بۇنىڭغا ئىمانىم كامىل.

يەنە بىر سولدات تاتۇق بولۇپ قالغان چومۇچ بېشىنى چايقاپ:

— ناتايىن، — دەپ شۇبهىلەندى.

— توختاپ تۇر، فىلىپپ، بەلكى كەلگەنلىكى راس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇر، ــ دىدى كەيىننى قىلىپ ئولتۇرغان ئۇچىنچى بىر سول-دات؛ ئۇ يۇمشاققىنە ۋولگا شىۋىسىدە سوزلەيتتى.

بەشىنچى هارۋىدا قاسقىنىغا قىزىل جىيەك تۇتقان كا-زاكچە شەپكە كىيگەن ياردارلار چۈشكەن ئىدى. 3 كازاك چوڭ بىر هارۋىدا ئازادە ئولتۇرۇشۇپ، ئۇنچۇقماستىن لىستنىتسكىگە قارىشاتتى، ئۇلارنىڭ چاڭ باسقان، تەرى تۇرۇلگەن چىرايلىرى-دا هورمەت دىگەن نەرسىدىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى.

ــ سالام، يۇرتداشلار! ــ دەپ ئەھۋال سورىدى يۈز بېشى.

ــ سالامەت بولۇڭ! ــ دەپ خوشياقماسلىق بىلەن جا-ۋاپ بەردى هارۋىدىكەشىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كۆمۈشتەك ئاپپاق بۇرۇتلۇق، قېلىن قاشلىق سالاپەتلىك بىر كازاك.

ــ سىلەر قايسى پولكتىن؟ ــ دەپ سورىدى لىستنىتسكى ئۇنىڭ كوك پاگونىدىكى نومۇرىغا قىزىقىپ قاراپ.

ــ 20 ـ پولك.

ــ پولكىڭلار هازىر قەيەردە؟

ــ بىلمەيمىز.

ــ خوش، نەدە ياردار بولدۇڭلار؟

ــ ئاۋۇ يېزىنىڭ يېنىدا ... يىراق ئەمەس.

كازاكلار بىرنىمە دەپ پىچىرلاشتى، ئۇلارنىڭ بىرسى ماتا بىلەن تېڭىلغان ياردار قولىنى ساق قولى بىلەن تۇتۇپ هار-ۋىدىن سەكرەپ چۈشتى.

ــ جانابى ئالى، ئازراق توختاڭچۇ، ــ ئۇ ئوق تېگىپ ئېششىپ كەتكەن قولىنى ئاۋايلاپ تۇتقان پېتى، لىستنىتسكى-گە كۆلۈمسىرەپ، يالاڭاياق پۇتلىرى بىلەن لىكىلداپ ماڭاتتى.

— سىز ۋېشېنسكايا بازىرىدىنغۇ؟ لىستىنىتىسكى ئەمەسمۇ؟

— ھە، خۇددى شۇ كىشى بولىمەن.

— راست تونۇپتۇق، جانابى ئالى تاماكىڭىز يوقمۇ؟ ئەيسا ھەققى، تاماكىڭىزدىن بېرىڭ. تاماكا تۈگەپ قېلىپ ئۆلگىدەك بولدۇق!

كازاك ئىككى چاقلىق ھارۋىنىڭ سىرلانغان يان تەرىپىنى تۇتۇپ ئۇنىڭ يېنىدا بىللە ماڭاتتى؛ لىستىنىتسكى پاپىروس قۇتىسىنى يانچۇقىدىن ئالدى.

— مۇمكىن بولسا 10 تال بەرسىڭىز...بىز 3 كىشى، — دەپ كۈلۈپ تۇرۇپ ئىلتىماس قىلدى كازاك.

لىستىنىتىسكى ئۇنىڭ جىگەررەڭ چاڭگىلىغا يېنىدىكى تاماكىنىڭ ھەممىسىنى توكتى ـ دە:

— پولكتا ياردارلار كوپمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— 20 چە كىشىلەر.

— چىقىم كوپمۇ؟

— قىرىلغان ئادەم كوپ، ئوتىڭىزنى مەرھەمەت قىلىڭ، جانابى ئالى، تاماكىنى تۇتاشتۇرۇۋالاي، سالامەت بولۇڭ، — كازاك تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇۋېتىپ ئارقىدىراق قالدى ۋە يۈز بېشى چۇشكەن ئىزۋاشنىڭ ئارقىسىدىن توۋلاپ:

— سىزنىڭ مۇلكىڭىزنىڭ يېنىدىكى تاتار يېزىسىدىن كەلگەنلەردىن 3 كىشى بۈگۈن قازا تاپتى. كازاكلار كوپ چىقىم تارتىۋاتىدۇ، — دىدى.

ئۇ قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ، ھارۋىسىغا يېتىۋېلىش ئۈچۈن يۈگۈردى. شامال ئۇنىڭ كەمەرسىز ماشرەڭ گىمناستيوركىسىنى يەلپۈللىتەتتى.

لېيتېنانتسكى خىزمەتكە تەيىنلەنگەن پولكنىڭ كوماندىرى بېرېزناگىدە بىر پوپنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى. يۈز بېشى مەيدانغا يەتكەندىن كېيىن مېهماندوستلۇق بىلەن ئىككى چاقلىق سانىتار هارۋىسىدىن ئورۇن بەرگەن دوختۇر بىلەن خوشلاشتى-دە، كىيىمىنىڭ توپىسىنى قېقىپ، ئالدىغا ئۇچرىغانلاردىن پولك ئىشتاۋىنىڭ جايلاشقان يېرىنى سوراپ ماڭدى. بىر سولداتنى قاراۋۇللۇققا باشلاپ كېلىۋاتقان قىزىل ساقال فېلدفېبېل ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالدى. ئۇ يۈرۈشنى توختاتماستىن قولىنى شەپكىسىگە تۇتۇپ سالام بەردى- دە، سوئالغا جاۋاۋەن بىر ئۆينى كۆرسەتتى. ئىشتاپ بىناسىنىڭ ئىچى ئالدىنقى سەپتىن يىراقتا جايلاشقان باشقا هەر قانداق ئىشتاپتىكىگە ئوخشاش جىمجىت ئىدى. كاتىپلار چوڭ بىر شىرەنىڭ ئۈستىگە بېشىنى ئېگىشتۈرۈپ ئولتۇرۇشاتتى، دالا تېلېفونى تىروپكىسى ئالدىدا ياشانغان بىر ياساۋۇل نامەلۇم بىر كىشى بىلەن كۈلۈپ سۆزلىشىۋاتاتتى، بۇ ئازادە ئۆينىڭ دەرىزىلىرىدە چىۋىنلەر غوڭۇلدىشاتتى، يىراقتىكى تېلېفون قوڭغۇراقلىرى چېكەتكىدەك چىرىلدايتتى. بىر مۇلازىم يۈز بېشىنى پولك كوماندىرى تۇرغان ئۆيگە باشلاپ باردى. ئۇزۇنتۇرا پولكوۋنىك لېيتېنانتسكىنى دەھلىزدە ئۇچۇق چىراي ئاچمايلا كۈتۈۋالدى؛ ئۇنىڭ ئىڭىكىدە ئۈچ بۇرجەك تاتۇغى بولۇپ، بىر نەرسىدىن كۆڭلى پەرىشان ئىدى.

— پولك كوماندىرى مەن بولىمەن، — دېدى ئۇ سوئالغا جاۋاۋەن. يۈز بېشىنىڭ، مەن ئىختىيارىڭىزغا ئۆتۈش شەرىپىگە ئىگە بولدۇم، دېگەن گېپىگە قۇلاق سېلىپ بولۇپ، ئۇنچۇقماستىن ئۇنى قول ئىشارىسى بىلەن ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ

قىلدى. ئۇ ئىشىكنى يېپىۋېتىپ، چەكسىز ھارغىنلىق بىلەن چاچـ
لىرىنى تۈزەتتى ـ دە، بىر خىل ئاھاڭدا:

— تۇنۇگۇن، مەن بۇ گەپنى ئىشتاپ بىرىگادىسىدىن ئاڭلىغان ئىدىم. قېنى ئولتۇرۇڭ، — دېدى.

ئۇ لىستىنىتسكىدىن نەدە خىزمەت قىلغانلىقىنى بىلگەنـ
دىن كېيىن، پايتەخت يېڭىلىقلىرى ۋە يولدىكى ئىشلار توغرىـ
لىق گەپ سورىدى، ئەمما ئاشۇ قىسقا سوھبەت داۋامىدا ھارـ
غىن كۆزلىرىنى بىرەر قېتىممۇ كوتىرىپ، ئۇنىڭغا قارىمىدى.

لىستىنىتسكى پولكوۋنىكنىڭ كەڭ ئەقىللىق پىشانىسىگە قاراپ: فۇرونتتا بولغان بولسا كېرەك، ئۇلگىدەك چارچاپ كېتـ
تىپتۇ، دەپ ھېسداشلىق بىلەن ئويلىدى. ئەمما پولكوۋـ
نىك، گويا بۇ ئويلىشىڭىز توغرا ئەمەس، دېگەندەك قىلىپ قىلىچىنىڭ سېپى بىلەن قاڭشىرىنى قاشلاپ دېدى:

— بېرىلىڭ، يۈز بېشى ئوفىتسېرلەر بىلەن تونۇشۇڭ، بىـ
لەمسىز، مەن 3 كېچە ئۇخلىغىنىم يوق. بۇ قاقاس يەردە بىزـ
گە قارتا ئويناش ۋە ھاراق ئىچىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش يوق.

لىستىنىتسكى قولىنى شەپكىسىگە تۇتۇپ چاس بېرىۋېـ
تىپ، مىيىقىدا كۇلدى ـ دە، بۇنىڭ بىلەن ئۆز نەپرىتىنى سەزدۇرمىدى. ئۇ ئۆيدىن چىقىۋېتىپ، پولكوۋنىكنىڭ ئۆزىنى قانداق كۆتۈۋالغانلىقىنى ئەلەم بىلەن ئەسلىـ
دى، پولكوۋنىكنىڭ ھارغىن قىياپىتى ۋە ئىگىگىدىكى تاتۇغىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ھۆرمەت قىلغانلىقىغا ئىـ
چىدە راسا كۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 15

دېۋىزىيە سېتىر دەرياسىدىن ئۆتۈپ، لوۋشىچى يېنىدا دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدىن چىقىش توغرىلىق تاپشۇرۇق ئالدى.

لېستىنىتىسكى بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا پولكىتىكى ئوفىتسېرلەر بىلەن ئاغىنە بولۇپ قالدى؛ راھەت - پاراغەت ۋە تىنىچ ھاياتقا ئۆگىنىپ قالغان كۆڭلى تېز ۋاقىت ئىچىدە جەڭ شارائىتىغا كۆنۈكۈپ كەتتى.

دەريادىن كېچىپ ئۆتۈش پىلانى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاندى. دېۋىزىيە دۈشمەن قوشۇنىنىڭ چوڭ بىر گۇرۇپپىسىغا سول تەرەپتىن زەربە بېرىپ، ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈۋالدى. لوۋشىچى بوسۇغىسىدا ئاۋستىرىيىلىكلەر ماجار① ئاتلىقلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، ئەمما كازاك توپچى قىسىملىرى ئۇلارنى توپقا تۇتۇپ، بىتچىت قىلىپ تاشلىدى؛ ماجار ئىسكادىرونلىرى قالايمىقان ھالدا ئارقىغا چېكىندى، ئىككى قاناتتىن ياغدۇرۇلغان پىلىموت ئوقلىرى بىلەن قىرىلدى. كازاكلار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى.

لېستىنىتىسكى پولك بىلەن بىللە قايتۇرما ھۇجۇمغا قاتناشتى، ئۇلارنىڭ بىر ئاتلىق بۆلۈنمىسى چېكىنىۋاتقان دۈشمەن ئۈستىگە ھۇجۇم قىلدى. لېستىنىتىسكى كوماندىرلىق قىلغان

① ماجار — ۋېنگىر مىللىتىنىڭ يەنە بىر نامى.

3 - ۋىزۋوتتىن بىر ئادەم ئۆلدى، 4 كىشى يارىدار بولدى.
ئۇ تاشقى كورۇنۇشتە ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇپ، ئاتتىن غۇلاپ چۈشكەن لوشچىنوپىنىڭ يېنىدىن كارى بولماستىن ئۆتۈپ كېتىۋەردى، ئۇنىڭ خىرىلدىغان بوش ئاۋازىغا قۇلاق سالماسلىققا تىرىشتى. لوشچىنوپ كىراسنوكۇتسكايا يېزا بازىرىدىن كەلگەن قاڭشالىق ياش كازاك بولۇپ، ئۇلگەن ئاتنىڭ ئاستىدا قالغان ئىدى. ئۇنىڭ پوزىسىغا ئوق تەككەنلىكتىن جىم ياتاتتى، ۋاي - ۋايلاپ، يېنىدىن ئوتكەن كازاكلارغا:

— بۇرادەرلەر، مېنى تاشلاپ كەتمەڭلار! تۇرغۇزۇپ قويۇڭلار، بۇرادەرلەر... — دەپ يالۋۇراتتى.

ئۇ كوپ ئازاپلىنىپ، دەرمانى قالمىغانلىقتىن ئاۋازى ئاران چىقاتتى، ئەمما يېنىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقان كازاكلارنىڭ يۇرىگى تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن، رەھىمدىللىرى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسى ھىسداشلىقىنى بېسىپ كەتكەن ئىدى، ۋىزۋوت تولا چېپىپ ھاسىراپ كەتكەن ئاتلىرىنى ئازراق ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن 5 مىنۇتچە ئاستا ماڭدى. ئۇلاردىن يىرىم چاقىرىم كېلىدىغان يەردە ماجار ئىسكادىرونلىرى ھەر يانغا چېچىلىپ قېچىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ قۇندۇز پەۋاز تۇتقان چىرايلىق كالتە كەمزۇل كىيگەن ئاتلىقلىرى ئارىسىدا، ئاچكوك مۇندىر كىيگەن پىيادە ئەسكەرلىرىمۇ كوزگە چېلىقاتتى. دوڭدىن چۈشۈۋاتقان ئاۋستىرىيە ھارۋىلىرى ئۈستىدە توپ ئوقى پارتلاپ، ئاپپاق تۇتۇنى ئاسمانغا كوتىرىلدى. سول ياقتا بىر يەردىن بىر باتارىيە ئۇلارنىڭ ھارۋىلىرىنى توپقا تۇتۇۋاتاتتى. گۈمبۈرلىگەن ئاۋازدىن كەڭ دالا لەرزىگە كېلىپ، ئۇنىڭ ئەكس ساداسى يېقىن ئەتراپتىكى ئورمان ئىچىدە تارقىلىپ كېتەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاتلىقلار بولۇنمىسىنى باشلاپ كېتىۋاتقان قوشۇن ستارشىناسى سابرونوپ، ئاتلارنى «يورغا» بىلەن ماڭدۇرۇشقا كوماندا بەردى، 300 ئاتلىق يېيىلىپ، تېز يۈرۈپ كېتىشتى. كازاكلارنىڭ ئاستىدىكى ئاتلار لوكىلداپ تەۋرىنىپ ماڭاتتى، ئۇلاردىن ساغۇچ كوپۈكلەر تامچىلايتتى.

شۇ كېچىسى كىچىككىنە بىر يېزىدا قونۇشتى.

پولكتىكى 12 ئوفىتسېر تار بىر ئۆيگە تىقىلىشىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلار ھېرىپ — چارچاپ ئاچ قوساق يېتىپ ئۇخلاشتى. يېرىم كېچە بولاي دېگەندە كوچمە ئاشخانا يېتىپ كەلدى. پودپورۇچىك چۇبوپ بىر قازان كاپوستا شورپىسى ئېلىپ كەلدى. ياغلىق تاماقنىڭ پۇرىقىدىن ئوفىتسېرلەر ئويغىنىپ كەتتى؛ چارەك سائەتتىن كېيىن ئۆيىقۇدىن قاپىقى ئىششىغان ئوفىتسېرلەر 2 كۈندىن بۇيان جەڭدە تۈزۈك تاماق يېمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن گەپ — سۆز قىلماستىن راسا يېگىلى تۇردى. تاماق كېچىكىپ كەلگەنلىكتىن ئۆيىقۇلىرىمۇ قېچىپ كەتتى. قوسىقىنى لىق تويغۇزۇۋالغان ئوفىتسېرلەر يەڭسىز يۇڭ چەكمەنلىرىنى ئاستىغا سېلىپ، پاخالنىڭ ئۈستىدە سوزۇلۇشۇپ پاپىروس چېكىشەتتى.

دوغىلاقتىنا كەلگەن ئوفىتسېر — ياساۋۇل قالماقوپنىڭ يالغۇز پەملىسىلا ئەمەس، بەلكى چىراي شەكلىمۇ ئۇنىڭ موڭغۇل ئۇرۇغىدىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ قوللىرىنى تېز — تېز مىدىرلىتىپ گەپ قىلاتتى.

— بۇ ئۇرۇش ماڭا باپ ئەمەس، مەن 4 ئەسىر كېچىكىپ دۇنياغا كەلگەنمەن. بىلەمسەن، پېتىر، — دەيتتى ئۇ يۈز بېشى تېرسىنسېۋقا قاراپ، «پيوتىر» سۆزىدىكى «يو» ھەرپىنىڭ

ئورنىغا ئەتەي "ب" ھەرپىنى ئىشلىتىپ، — مەن بۇ ئۆرۈشنىڭ ئاخىرىغىچە تىرىك قالمايمەن.

— پالچىلىغىڭنى قوي، — دىدى پيوتىر چەكمەن ئاستىدىن خىرىلداپ.

— مەن پالچىلىق قىلىۋاتقىنىم يوق، بۇ — ئالدىنئالا ئۆزەمگە ئايان بولغان خۇلاسە، مەندە ئاتاۋىزىم① بار، خۇددا تۇرۇپتۇ، مەن بۇ يەردە ئوشۇقچە ئادەممەن. بۇگۈن بىز ئوق يامغۇرى ئىچىدە كېتىۋاتقىنىمىزدا غەزىۋىم تۇتۇپ تىترەپ كەتتىم، دۈشمەننى كورۈپ قالساملا چىداپ تۇرالمايمەن، بۇ بىر قورقۇنچقا ئوخشاش يامان كەيپىيات. دۈشمەن ساڭا بىر نەچچە چاقىرىم يەردىن زەربە بەرسە، سەن ھامان ئۇستىدە كېتىۋەرسەڭ، خۇددى دالىدىكى ياۋا ئۆدەككە ئوخشاش ئوۋچىنىڭ نىشانىغا چۈشۈپ قالغانلىغىڭنى بىلمىسەڭ، شۇمۇ ئۇرۇش بولدىمۇ...

— مەن كۆپالكا دىگەن يەردە ئاۋستىرىيىلىكلەرنىڭ كالتا ئىستوۋۇللۇق بىر زەمبىرىكىنى كوردۇم. ئاراڭلاردىن كورگەنلىرىڭلار بارمۇ، جاناپلار؟ — دەپ سورىدى ياساۋۇل ئاتامانچۇكوپ، ئۇ ئېنگىلىزچە قىلىپ قىرقىلغان سېرىق بۇرۇتىغا يېپىشقان گوش كونسېرۋاسىنى يالاپ قويدى.

— راست، كارامەت توپ ئىكەن! نىشانغا ئالىدىغان كامېراسى ۋە ھەممە مېخانىزىملىرى ئادەتتىن تاشقىرى مۇكەممەل، — دەپ ھاياجان بىلەن سوز ئاچتى پودپورۇچىك چۇبوپ، ئۇ ئىككىنچى كورىدىكى كاپوستا شورپىسىنىمۇ پاك - پاكىز ئىچىپ تۇگەتكەن ئىدى.

— مەنمۇ كوردۇم، ئەمما ئوزتەسىراتىمنى سوزلىگىم كەل-

① ئاتاۋىزىم — يىراق ئوتمۇشتىكى ئەجداتلارغا خاس بولغان بىرەر ئالامەتنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلاردا كورۇلۇشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەيدۇ. چۈنكى ئارتىللېرىيە ھەققىدە ساۋادىم يوق. مېنىڭچە، زەمبىرەك دېگەن يەنىلا زەمبىرەك، پەقەت ئاغزى چوڭراق.

— ئوز ۋاقتىدا ئېپتىدائىي ئۇسۇل بىلەن ئۇرۇش ئېلىپ بارغان كىشىلەرگە ھەۋىسىم كېلىدۇ، — دېدى قالماقوپ بايىقى سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپ؛ ئۇ ئەمدى لېيتېنانتسكىگە قاراپ سوزلىدى، — ھەقىقى جەڭدە دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ، قىلىچ بىلەن ئىككى نىمتە قىلىپ تاشلىساڭ، مانا بۇنى جەڭ دەپ چۈشىنىمەن! ھازىرقى جەڭلەر جەڭ بولامدۇ؟

— كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشلاردا ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ھېچقانداق رولى قالمايدۇ.

— توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئاتلىق ئەسكەرنىڭ ئۆزى مەۋجۇت بولمايدۇ.

— ياق، بۇ قۇرۇق پەرەز!

— بۇنىڭدا ھېچقانداق گۇمان يوق!

— ماڭا قارا، تېرىدىنسېۋ، ماشىنا ئادەمنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. بۇ تولىمۇ چېكىدىن ئاشقانلىق بولدى.

— مەن ئادەمنى دەۋاتمايمەن، گەپ ئات ئۈستىدە بولۇۋاتىدۇ. ئاتنىڭ ئورنىنى موتوتسىكلىتياكى ئاپتوموبىل ئىگەللەيدۇ.

— مېنىڭ مۇلاھىزەمچە، ئاپتوموبىل ئىسكادىرونى بولىدۇ.

— بىكار گەپ! — دەپ قىزىق قانلىق قىلدى قالماقوپ، — ئارمىيىدە ئات تېخى ئىشلەيدۇ. بىھۇدە خام خىياللارنى قىلىۋاتىسەن! 300 – 200 يىلدىن كېيىن نىمە بولىدىغانلىغىنى بىلمەيمىز، ئەمما ھازىر ھەر ھالدا ئاتلىق ئەسكەر...

— ھەي دىمىترىي دونىسكوي ①، فۇرونتنى باشتىن ئاياق خەندەكلەر ئوراپ تۇرغان شارائىتتا سەن نېمىمۇ قىلالايسەن؟ قېنى، بۇ سوزۇمگە جاۋاپ بەرگىنە!

— خەندەكلەرنى بوسۇپ ئوتۇش، شامالدەك ئۇچۇپ ئوتۇش، ھۇجۇم بىلەن دۇشمەننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش — مانا بۇ ئاتلىق ئەسكەرنىڭ ۋەزىپىسى.

— بىھۇدە گەپ!

— بولۇپتۇ، ئۇ تەرىپىنى كېيىن كورەرمىز، جاناپلار.

— ئەمدى ئۇخلايلى.

— ماڭا قاراڭلار، تالاش - تارتىشنى قويايلى، ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئىنساپ قىلايلى، ھەممەيلەننىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ تۇرۇپتۇ.

قىزىپ كەتكەن تالاش - تارتىش بېسىلىپ قالدى، چەكمەن يېپىنىۋالغان بىر ئوفىتسېر ئىسقىرت چېلىپ قاتتىق خورەك تارتاتتى. پاراڭغا ئارىلاشمىغان لىستىنىتىسكى ئاستىغا سېلىنغان پاخالنىڭ ئوتكۇر ھىدىنى پۇراپ ئوڭدا ياتاتتى، قالماقوپ چوقۇنۇۋېلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ياتتى.

— سىز، بۇنچۇك دېگەن ئىختىيارىي ئەسكەر بىلەن بىر سوزلىشىپ كورۇڭچۇ، يۇز بېشى، ئۇ سىزنىڭ ۋىزۋودىڭىزدا، ئاجايىپ يىگىت!

— نېمىسى ئاجايىپ؟ — دەپ سورىدى لىستىنىتىسكى قالماقوپقا ئارقىسىنى قىلىۋېلىپ.

— رۇسلاشقان كازاك، موسكۋادا تۇرغان، ئاددى بىر ئىشچى، ئەمما تۇرلۇك مەسىلىلەردە بىلىمى بار، ئىنتايىن شوخ يىگىت، ماھىر پىلىموتچى.

① دىمىترىي دونىسكوي(1350 — 1389) — 1359 - يىلى موسكۋا كىنەزلىكىنىڭ تەخت ۋارىسى بولغان.

— قىنى تۈخلايلى، — دەپ تەكلىپ قىلدى لىستىنىتىسكى.

— توغرا — دەپ ماقۇل بولدى قالماقوپ، ئەمما كوڭلىدە بىر نىمىلەرنى ئويلايتتى، ئۇ پۈتىنىڭ بارماقلىرىنى مىدىرلىتىپ قويدى ۋە ئوڭايسىزلىنىپ چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، — مېنى ئەپۇ قىلىڭ، يۈزبېشى، پۈتۈم بەك پۈرايدۇ... بىلەمسىز، ئۈچ ھەپتىدىن بۇيان ئۆتىكىمنى سالغىنىم يوق، پايپىغىم تەردىن چىرىپ كېتىپتۇ... شۇنداق ئىپلاسلىشىپ كەتكەن... كازاكلاردىن پايتىما تېپىۋالمىسام بولمايدۇ.

— شۇنداق قىلىڭ، — دېدى ئۇيقۇ ئارىلاش لىستىنىتىسكى.

لىستىنىتىسكى قالماقوپ بىلەن قىلغان پارىڭىنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدى، ئەمما ئەتىسى ئىختىيارىي ئەسكەر بۇنچۇك بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، تاڭ ئاتار چاغدا يۈزبېشى ئۇنى رازۋېتكىغا چىقىشقا، ئەگەر ئىمكانىيەت يار بەرسە، سول قاناتتا ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان پىيادە ئەسكەرلەر پولكى بىلەن ئالاقە باغلاشقا بۇيرۇق قىلدى. لىستىنىتىسكى تاڭقاراڭغۇسىدا ھويلىنىڭ ئىچىنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، ئۇخلاپ ياتقان كازاكلارنىڭ ئارىسىدىن ۋىزۋوت ئورەدنىگىنى تاپتى.

— مەن بىلەن رازۋېتكىغا چىقىشقا 5 كازاكنى تەييارلاپ بەرسەڭ، ئېيتىپ قوي ئېتىمنى ئىگەرلەپ قويسۇن، تېز بول!

5 مىنۇتتىن كېيىن ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا ئوتتۇرا بويلۇق بىر كازاك پەيدا بولدى.

— جاناپلىرى، — دەپ مۇراجەت قىلدى ئۇ تاماكا قۇتىسىغا پاپروس قاچىلاۋاتقان لىستىنىتىسكىگە، — ئورەدنىك مېنى ئەۋەتىشكە ئۇنىمايۋاتىدۇ، سىزنىڭ نوۋىتىڭ ئەمەس، دەيدۇ. مەنمۇ بارسام رۇخسەت قىلامسىز؟

— نىمە خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئىدىڭ؟ خاتالىقىڭنى يۇماقچىمۇ سەن؟ — دەپ سورىدى لىستىنىتىسكى، غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا كازاكنىڭ يۈزىگە سىنچىلاپ قاراپ.

— ھېچقانداق خاتالىق ئۆتكۈزگىنىم يوق.

— ئۇنداق بولسا، بارساڭمۇ بولىدۇ... دەپ جاۋاپ بەردى لىستىنىتىسكى ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ھەي، توختا، — دەپ قىچقاردى چىقىپ كېتىۋاتقان كازاكنىڭ ئارقىسىدىن توۋلاپ، — قايتىپ كەل!

كازاك يېقىن كەلدى.

— ئورەدىنىككە ئېيتىپ قوي...

— مېنىڭ پەمىلەم بۇنچۇك، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بولدى كازاك.

— سەن ئىختىيارىي ئەسكەرمۇ؟

— شۇنداق.

— ئورەدىنىككە ئېيتىپ قويۇڭ، — لىستىنىتىسكى خىجىل بولغانلىقتىن بىر پەس جىم بولۇپ قالدى ـ دە، دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى، — ئۇچۇ... بولۇپتۇ كېيىن ئۆزەم ئېيتارمەن.

تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. رازۋېتچىكلار يېزىدىن چىقتى، ئۇلار قاراۋۇللار ۋە قاراۋۇلخانىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، خەرىتىدە بەلگىلەنگەن يېزا تەرەپكە يول ئالدى.

يېرىم چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن يۈزبېشى ئاتنىڭ يۈرۈشىنى ئاستىلاتتى.

— ئىختىيارىي ئەسكەر بۇنچۇك!

— بار.

— يېقىنراق كېلىڭا، مەرھەمەت قىلىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇنچۇك كورۇمسىز ئىتىنى تېزلىتىپ، يۈز بېشىنىڭ نەسىللىك ئىتىغا يانداشتۇردى.

— سىز قايسى يېزا بازىرىلىق؟ — دەپ سورىدى لىستىنىتسكى بۇنچۇكنىڭ يۈزىگە يان تەرەپتىن قاراپ.

— نوۋوچېركاسكايا بازىرىدىن بولىمەن.

— ئىختىيارىي ئەسكەر بولۇشقا سىزنى نىمە مەجبۇر قىلدى، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە بولارمۇ؟

— مەرھەمەت، — بۇنچۇك گېپىنى سوزۇپ، بىر ئاز ئىستەھزا بىلەن جاۋاپ بەردى ۋە زەڭگار كوزلىرى بىلەن يۈز بېشىغا تىكىلىپ قارىدى، ئۇنىڭ تىكىلىپ قاراشلىرى ئادەمگە تىكەندەك سانچىلاتتى، — مەن ھەربى سەنئەتكە بەك قىزىقىمەن، ئۇنى ئۇگىنىۋالماقچىمەن.

— بۇنىڭ ئۇچۇن ھەربى مەكتەپلەر بارغۇ.

— شۇنداق، بارلىغى بار.

— خوش، ئۇنداق بولسا، نىمىشقا ئۇنىڭغا كىرمىدىڭىز؟

— ئالدى بىلەن تەجرىبىدە سىناپ كورمەكچىمەن. نەزەرىيە جەھەتتىكى بىلىملەرنى كېيىن ئۇگەنسەكمۇ بولىدۇ.

— ئۇرۇشتىن بۇرۇن سىز نىمە كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان؟

— ئىشچى.

— قەيەردە ئىشلىگەن؟

— پېتېربورگدا، دون ياقىسىدىكى روستوپتا ۋە تولادىكى قورال زاۋۇدىدا... پىلىموت كوماندىسىغا ئوتكۇزۇلۇشۇمنى ئىلتىماس قىلماقچىمەن.

— سىزنىڭ پىلىموت ئىشلىرىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

— بىلىمەن، شوش، بېرتىي، مادسىن، ماكسىم، گوچكىس،

بېرگمان، ۋىككېرىس، لىيۇئىس، شىۋارتىسلوزېي مـاركىلىك پىـ لىموتلارنى بىلىمەن.

— ئوههۇي! مـەن پـولك كوماندىرى بىلەن سوزلىشىپ كورەي.

— ئوبدان.

يۇز بېشى ئوتتۇرا بويلۇق بۇنچۇكنىڭ سېمىز گەۋدىسىنى يەنە بىر قېتىم كوزدىن كەچۇردى. ئۇ، خۇددى دون بويىدىكى قـارىيـاغاچ دەرىخىگە ئوخـشايتـتى؛ ئۇنىڭدا كوزگە تاشلىنىپ تـۇرىدىغان ئالاھىدە بىر خۇسۇسىيەتمۇ يوق، ئادەتتىكىچە بىر يىگىت ئىدى، پەقەت ئېگىلىپ تۇرغان ئىڭىگىنىڭ سوڭەكلىرى ۋە كوزىگەقارىغان كىشىنى بىگىز دەك قارىشى بىلەن يېڭىپ تاشلايدىغان ئوتكۇر كوزلىرى ئۇنى باشقا ئادەملەردىن ئاجرىتىپ تۇراتتى.

ئۇ ئاز كۇلەتتى، پـەقەت لېۋىنىڭ بىر بـۇرجىگى بىلەن ھىجىيىپ قوياتتى، ئەمما شۇنداقتىمۇ كوزلىرىمۇلايىملاشمايتتى، خىرە پارقىراپلا تۇراتتى، ئۇ ئوزىگە ئـالاھىـدە تۇس بېرىشنى ياقتۇرمايتتى، خۇددى دون بويىدىكى يېقىمسىز بوز تـۇپراقتا ئوسكەن قـارىياغاچقا ئـوخشاش تـومـۇردەك قـاتتىق، ۋەزمىن ئىدى.

ئۇلار خېلى ۋاقىتقىچە ئۇنچۇقماستىن مېڭىشتى. بـۇنچۇك كەڭ ئالقانلىرىنى سىرى چۇشۇپ كەـتكەن يـېشىل ئـىگەرنىڭ قېشىغا قويۇۋالغان ئىدى. لىستنىتسكى يېنىدىن پاپىروس ئالدى. بۇنچۇكنىڭ سەرەڭگىسى بىلەن تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ قولىدىن سىقىچقا ئوخشاش چۇچۇك پۇراىدىغان ئاتنىڭ تەرلـ گەن ھىدىنى سەزدى. ئالقىنىنىڭ دۇمبىسىنى خۇددى ئاتنىڭ يۇڭىدەك قېلىن قىزغۇچ تۇك باسقان ئىدى. لىستنىتسكى ئىخـ

www.uyghurkitap.com

تىيارسىز ئۇنىڭ قوللىرىنى سىلىغۇسى كېلەتتى، ئۇ تاماكىنىڭ ئاچچىق تۈتۈنىنى ئىچىگە بىر تارتىپ دېدى:

— سىز بىر كازاك بىلەن مۇشۇ ئورماندىن چىقىپ، ئاۋۇ يول بىلەن مېڭىپ سولغا بۇرۇلسىز. كوردىڭىزمۇ؟

— ھە، كوردۇم.

— ئەگەر يېرىم چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن بىزنىڭ پى-يادە ئەسكەرلەر كورۇنمىسە، قايتىپ كېلىڭ.

— خوپ.

ئۇلار ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ كېتىشتى. ئورماننىڭ بىر چېتىدە تەكشى ئوسكەن ياش قېيىن دەرەخلىرى زىچچىدە بىر توپ بولۇپ تۇرۇشاتتى. بۇ دەرەخلەرنىڭ نېرىسىدا كوكۇلسىز سارغايغان پاكار قارغايلار ۋە ئاۋستىرىيىلىكلەرنىڭ ھارۋىسى چەيلەپ تاشلىغان شالاڭ ئوسكەن ئۇششاق دەرەخلەر چىڭگىلىك-لىشىپ كوزگە تاشلىناتتى. ئوڭ تەرەپتىن يىراق يەردە گۇل-دۇرلىگەن زەمبىرەك ئاۋازى يەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرەتتى، ئەمما بۇ يەردىكى قېيىنزارلىق جىمجىت ئىدى. يەرنىڭ باغرى شەبنەمگە قانغان، ئوت - چوپلەر قىزغۇچ تۇس ئالغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى كوز كىرىش ئالدىدىكى يارقىن رەڭدە تاۋ-لىنىپ، گويا ئەجەلنى يېقىنلاشقانلىغىنى سەزگەندەك غۇۋۇلداپ تۇراتتى، لىستىنتىسكى قېيىن دەرىخىنىڭ قېشىدا توختاپ، ئورماننىڭ كەينىدە تومپىيىپ كورۇنگەن ئېگىز دوڭنى دۇر-بۇن بىلەن كوزدىن كەچۇردى. بىر ھەسەل ھەرىسى قانىتىنى كېرىپ، ئۇنىڭ قىلىچىنىڭ مىس قاپلانغان سېپىغا قوندى.

— دوت ئىكەن، — دېدى بۇنچۇك ئاۋازىنى پەس چى-قىرىپ، گويا ھەرىنىڭ ئېزىقىپ قونغانلىغىغا ئەپسۇسلانغاندەك.

— نېمە؟ — دەپ كـوزىنى دۈربۈندىن ئـالدى لىسـ
تىنىتىسكى.

بۈنچۈك كوز ئىشارىسى بىلەن ھەرىنى كورسەتتى، لىسـ
تىنىتىسكى كۈلۈپ قويدى:

— ھەسەلنى ئـاچچىق بـولـۇپ قـالسا كېرەك، قـانداق
دەيسىز؟

بۈنچۈك جاۋاپ بەرگىچە يىراقتىكى قارىغايلارنىڭ ئارقىـ
سىدىن پىلىموت ئوت ئېچىپ قالدى. ئۇنىڭ تاتىلدىغان ئاۋا-
زى جىمجىتلىقنى بۇزدى، چىرقىراپ كېلىپ تەككەن ئـوقلار قېـ
يىنلارنى ئوتمە - توشۇك قىلىۋەتتى، ئوق ئۈزۈپ تاشلىغان بىر
شاخ لەپەڭلەپ، يۈز بېشى مىنگەن ئـاتنىڭ يـايلى ئـۈستىگە
كېلىپ چۈشتى.

ئۇلار ئاتنى ھە دەپ قامچىلاپ، «چۇ» دەپ ۋاقىراپ يېزا
تەرەپكە قېچىشتى. ئـاۋستىرىيىلىكلەرنىـڭ پىلىموتى ئۇلارنىڭ
ئارقىسىدىن قالايمىقان ئوق ئېتىپ لىپتىسىنى تۈگەتتى.

كېيىنرەك لىستىنىتىسكى ئىختىيارىي ئەسكەر بۈنچۈك بىـ
لەن بىرنەچچە قېتىم ئـۇچراشتى ۋە ھەر قېتىمقى ئـۇچرىششتا
ئۇنىڭ ئوتكۈر كـوزلىرىدە ئەكس ئـەتكەن سۈناس ئىرادىنى
كورۈپ ھەيران قالدى، تاشقى كورۈنۈشتە سادda كورۈنگەن بۇ
ئادەمنىڭكوڭلىدە قانداق ئىچكىسىرىبارلىقىنى، نىمىشقا قاپـ
قىدىن قاريا غىدىغانلىقىنى بىلەلمەي، تەئەججۈپلىنىپ يۈرەتتى،
بۈنچۈك قانداقتۇر بىر سوزنى قىلغاندا ئايىغىنى تۈگەتمەستىنلا
لىۋىنىڭ بىر بۇرجىگىنى قىيشايتۇرۇپ، كـۈلۈپ قـوياتتى، پەـ
قەت ئوزىگىلا ئايان بولغان بىر ھەقىقەتنى يوشۇرماقچى بولـ
غاندەك، دەرھال گېپىنى باشقا ياققا بۇرايتتى. ئۇنى پىلىموت
كوماندىسىغا ئـوتـكۈزۈپ بەردى. بىر يېرىم ھـەپتىدىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىستىنىتسكى بولۇنمە كوماندىرىنىڭ قېشىغا كېتىۋېتىپ (پولكقا بىر سوتكا دەم ئېلىش بېرىلگەن ئىدى) يولدا بۇنچۇكنى كورۇپ، ئۇنىڭغا يېتىۋالدى. بۇنچۇك سول قولىنى ئويىنىتىپ، ئوت كەتكەن بىر ئامبارنىڭ قېشى بىلەن كېتىۋاتاتتى.

— هوي، ئىختىيارىي ئەسكەر!

بۇنچۇك قايرىلىپ قارىدى ـ دە، قولىنى شەپكىسىگە تۇتۇپ سالام بېرىپ، چەترەك تۇردى.

— يول بولسۇن؟ — دەپ سورىدى لىستىنىتسكى.

— كوماندا باشلىغىنىڭ قېشىغا كېتىۋاتىمەن.

— يولىمىز بىر ئوخشامدۇ، نىمە؟

— شۇنداقتۇر، بەلكىم.

ئۇلار ۋەيران بولغان يېزىنىڭ كوچىسىدا خېلى ۋاقىتقىچە ئۈنچۈقماستىن مېڭىشتى. ئاندا ـ ساندا ساق قالغان هويلىلاردا، باشتىرمىلارنىڭ ئالدىدا كىشىلەر پايپاسلاپ يۇرۇشەتتى، ئاتلىقلار ئوتۇپ تۇرۇشاتتى، كوچىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا توختىغان كوچمە ئاشخانىدىن تۇتۇن كوتىرىلەتتى؛ كازاكلار تاماق ئېلىش ئۇچۇن نوۋەتتە تۇرۇپ خېلى ئۇزۇن يەرگىچە تىزىلىشقان ئىدى؛ هاۋادىن ناهايىتى ئۇششاق هول بىر نەرسە ياغاتتى.

لىستىنىتسكى ئارقىدىراق كېلىۋاتقان بۇنچۇكقا كوز قىرى بىلەن قاراپ:

— قانداق، ئۇرۇشنى تەتقىق قىلىۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— هە، ... ئانچە ـ مۇنچە ئۇگىنىۋاتىمەن.

لىستىنىتسكى ئۇنىڭ يۇك باسقان قولىغا كوز سېلىپ، ئىمىشقىدۇ:

— ئۇرۇشتىن كېيىن نېمە قىلاي دەيسىز؟ — دەپ سو-راپ قالدى.

— زىرائەت تېرىغانلار ھوسۇلنى يىغىۋالسۇن، مەن... قاراپ باقاي، كېيىن بىر گەپ بولار، — بۇنچۇك كوزىنى قىسىپ قويدى.

— كېيىنكىزنى قانداق چۈشەنسەك بولار؟

— يۇز بېشى، — دىدى بۇنچۇك يەنە كوزلىرىنى قىسىپ، — «زىرائەتنى شامال تېرىسا، ھوسۇلنى بوران يىغىۋېلىپتۇ» دىگەن تەمسىلنى ئاڭلىغانمۇسىز؟ مانا شۇنداق دەپ چۈشىنىپ قويۇڭ.

— سىز كىنايە قىلماستىن ئوچۇقراق سوزلىسىڭىزچۇ.

— گەپنىڭ ئوچۇغى شۇ. خەير - خوش، يۇز بېشى مەن سولغا كېتىمەن.

بۇنچۇك يۇڭ باسقان بارماقلىرىنى كازاكچە شەپكىسىنىڭ چېتىگە قويۇپ چاس بەردى - دە، سولغا بۇرۇلدى.

يۇز بېشى ئىككى مۇردىسىنى قىسىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئار-قىسىدىن خېلى ۋاقىتقىچە قاراپ قالدى.

ئۇ قانداق ئادەم، ئۆزىنى غەلىتە قىلىپ كور-سەتمەكچىمۇ ياكى ئوزى ئادەم بولسىمۇ قىزىق بىر يېرى بارمۇ؟» دەپ ئويلىدى تېرىكىپ قالغان لىستنىتسكى بولۇنمە كوماندىرىنىڭ ئەپچىل گەمىسىگە كىرىپ كېتىۋېتىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# 16

ئىككىنچى نوۋەتتە ئەسكەرلىككە ئېلىنغان كازاكلار بىلەن بىللە ئۈچىنچى نوۋەتتىكىلەرمۇ ئالدىنقى سەپكە يولغا چىقتى، دونىدىكى ھەممە يېزا بازارلىرى ۋە يېزىلار ئادەمسىز قالدى، گويا ئۇ ما ۋاقىتىدىكى قاتىلاشچىلىقتا پۈتۈن دون خەلقى دالىغا كەتكەندەك تۇيۇلاتتى.

شۇ يىلى چېگرىدا ئەجەلنىڭ بازىرى راسا قىزىدى، ئەجەل ئىگىلىكنى ماڭغۇزۇپ تۇرغان كىشىلەرگە چاڭگال سالدى. «ۋاي، قەدىردانىم ـ ەي! ... مېنى كىملەرگە تاشلاپ كەتتىڭ؟» دەپ دات ـ پەريات كوتەرگەن، ھازا تۇتقان، يالاڭباشتاق كازاك ئايالىرىنىڭ ھەددى ـ ھېساۋى يوق ئىدى.

قەدىردان كىشىلەرنىڭ ئەزىز باشلىرى قىزىل قانغا مىلىنىپ، ھەرتەرەپتە يۇمۇلۇپ ياتاتتى، ئۇلارنىڭ كوزلىرى يۇمۇلۇپ، ئەبەدى ئۇيقۇغا كەتكەن، ئۇلار زەمبىرەكلەرنىڭ ماتەم ساداسى ئىچىدە ئاۋستىرىيە، پولشا ۋە پىرۇسىيە تۇپراقلىرىدا چىرىپ ياتاتتى ... شەرقتىن چىققان شامال ئانىلارنىڭ ۋە ئايالىرىنىڭ يىغىسىنى ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا يەتكۈزەلەمدۇ!...

كازاكلارنىڭ گۈلى، سەرخىل يىگىتلىرى ئۆيىنى تاشلاپ چىققان، يات ئەللەردە ئەجەلنىڭ قوينىدا، پىتقا يەم بولۇپ، دەھشەت ئىچىدە ھالاك بولماقتا.

ھاۋا ئوچۇق سېنتەبىرنىڭ بىر كۈنى تاتار يېزىسىنىڭ ئۈستىدە دەرەخلەردىن توزىغان ئۇمۇچۇك تورىدەك ئىنچىكە،

مامۇقتەك ئاپپاق، پارقىراق يىپلار ئۇچۇپ يۈرەتتى. رەڭگى ئۆڭۈپ، قېنى قاچقان قوياش تۇل خوتۇندەك ھىجىياتتى، كۆپ - كۆك مۇسەپپا ئاسمان ئىپپەتلىك مەسۇم قىزدەك نازلىنىپ، ئۇزىگە تەمەننا قويغان ئىدى. دونىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ساغۇچ تون يېپىنغان ئورمان شۇۋىرلاپ ھەسرەت چېكەتتى، تېرەكلەر سارغىيىپ خازان بولغان، دۇپ دەرەخلىرىنىڭ جىمجىمەدار ياپراقلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىغان، پەقەت ئولخا دەرىخىلا ئۆزىنىڭ يېشىللىغىنى كوز - كوز قىلىپ، ۋالاق تەككۈر سېغىزخاننى خۇشال قىلاتتى.

شۇ كۈنى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ مېلېخوپ جەڭدىكى ئارمىيەدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. بۇ خەتنى پوچتىدىن دۇناشكا ئېلىپ كەلدى. پوچتا باشلىغى خەتنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىپ، تاقىر بېشىنى پارقىرىتىپ تازىم قىلدى، تۇۋەنچىلىك بىلەن قوللىرىنى كېرىپ قويدى:

— خۇدا ھەققى، مېنى ئەپۇ قىلىڭ، خېتىڭىزنى ئېچىپ قويۇپتىمەن. دادىڭىزغىمۇ ئېيتىپ قويۇڭ: فىرمىس سىدرووۋىچ خەتنى ئېچىپ قويۇپتۇ دەڭ. ئۇرۇش توغرىلىق نىمە يېڭىلىقلار بارلىغىنى تولىمۇ بىلگۈسى كېلىپتۇ، دەڭ... سىز مېنى ئەپۇ قىلىڭ، دادىڭىز پانتېلېي پروكوفيېۋىچقا شۇنداق دەپ ئېيتىپ قويۇڭ.

ئۇ ھەرقاچانقىدىنمۇ پەرىشان ئىدى، ھەتتا دۇناشكىنى ئۇزاتقىلى چىققاندا بۇرنىغا سىيا تەككۈزۈۋالغانلىغىنى سەزمىگەن ئىدى.

— مەندىن خاپا بولۇپ يۈرمەڭلار، خۇدا ھەققى، مەن... تونۇش بولغانلىغىم ئۈچۈن ... — ئۇ قولاشمىغان سۆزلەرنى قىلىپ، دۇناشكىنىڭ ئارقىسىدىن قايتا - قايتا تازىم قىلاتتى؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەت ئادرېسى

دۇناشكا ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن سەگەك بولۇپ، يۈرىكى ئارقىسىغا تارتىپ كەتتى.

قىز ئۆيگە ھاياجان بىلەن قايتىپ كەلدى ۋە خەتنى قويىنىدىن خىيلى ۋاقىتقىچە ئالالماي تىپىرلاپ قالدى.

— تېزرەك ئالساڭچۇ!... — دەپ ۋاقىرىدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ تىترىگەن ساقىلىنى سىلاپ.

دۇناشكا لىپا پىنى قويىنىدىن ئېلىۋېتىپ، ئالدىراپسوزلەپ كەتتى:

— پوچتا باشلىقى قىزنىقىپ خەتنى ئېچىپ قويۇپتۇ، دادىڭىز خاپا بولمىسۇن دەيدۇ.

— مەيلى ئوقۇسا، ئوقۇمامدۇ! گىرىشكىدىنمۇ؟ — دەپ سورىدى چال جىددىيلىشىپ، دۇناشكىدىن كۆزىنى ئالماي، — گىرىگورىيدىن كەلدىمىكىن؟ ياكى پېترودىن كەلگەنمىدۇ؟

— ياق، دادا... باشقا بىرسى يازغاندەك تۇرىدۇ.

— ئوقۇساڭچۇ ئادەمنى قىينىماي! — دەپ ۋاقىرىدى، شىرە يېنىغا سۇرۇلۇپ كەلگەن ئىلىنىچنا (ئۇنىڭ ئايىغى ئىششىپ كەتكەن بولۇپ، ئاران - ئارانلا سورۇلۇپ ماڭاتتى).

ناتالىيە ھويلىدىن ھاسىراپ كىرىپ كەلدى، قوللىرىنى كوكسىگە قويۇپ، تاتۇق بويىنىنى قىسىپ، مەشنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ لەۋلىرىدە ئاپتاپنىڭ شولىسى چۈشكەندەك بىلىنەر بىلىنمەس تەبەسسۇم تىترەپ تۇراتتى، ئۇ گىرىشكىدىن سالام كۈتەتتى، ئۇ ئېرىنىڭ ئىنتىقا ئوخشاش ۋاپادار بولغانلىقى بەدىلىگە، ھېچبولمىغاندا ئۇزى ھەققىدە بىرەر ئېغىزسوز ئاڭلاشنى تولىمۇ خالايتتى.

— دارىيە قېنى؟ — دەپ پىچىرلىدى موماي.

— جىم! — دەپ چالۋاقىدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ (ئۇ

تېرىكىپ، كوزلىرى چانىغىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغان ئى-
دى)، دۇناشكىغا: «ئوقۇ!» — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

— سىزگە مەلۇم قىلىمەنكى ...، — دەپ باشلىدى دۇ-
ناشكا ۋە شۇ زامان ئورۇندۇقتىن يەرگە سىرىلىپ چۈشۈشكە
باشلىدى، تىترەپ سەت ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدۋەتتى: «دادا!
جېنىم دادا! ... ۋايجان، ئا - نا! بىزنىڭ گىرىشانى!...
ئاھ! ئاھ! گىرىشىنى ... ئۆلتۈرۈشۈپتۇ!»

دەرىزە يېنىدىكى سۇلاشقان چىنەگۈل بەرگىلىرى ئارىسىدا
ئېزىقىپ قالغان قاپاق ھەرە غوڭۇلداپ ئۆزىنى ئەينەككە ئۇ-
راتتى، ھويلىدا توخۇلار تىپ - تىنچ قېقىلداپ يۈرۈشەتتى،
ئوچۇق قالغان ئىشىكتىن يىراقتا ئوينا ۋاتقان باللارنىڭ قوڭ-
غۇراقتەك كۈلۈشكەن ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

ناتالىيىنىڭ يۈزىنى تىترەك بېسىپ كەتتى، بايىقى لەۋ-
لىرىنىڭ بۇرجىكىدىكى تەبەسسۇم تېخى يوقىلىپ ئۈلگۈر-
مىگەن ئىدى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ پالەچ بولغان ئادەمدەك بېشىنى
گىلدىڭلىتىپ ئورنىدىن ئاران تۇردى، بوغۇنۇپ قالغان دۇ-
ناشكىغا داڭ قېتىپ قاراپ قالغان ئىدى.

سىزلەرنى خەۋەردار قىلىمەنكى، ئوغلىڭىز، 12 -
دون كازاكلار پولكىنىڭ كازاكى — گىرىگورىي پانتېلېيېۋىچ
مېلېخوپ، مۇشۇ يىل 16 - سېنتەبىرگە ئۆتەر كېچىسى كا-
مېنكا - ستروۋمىلوۋو شەھىرى يېنىدىكى جەڭدە قازا تاپتى.
ئوغلىڭىز قەھرىمانلارچە ھالاك بولدى، ئۇنىڭ قەھرىمانلىقى
بېشىڭىزغا چۈشكەن مۇسىبەتلىك شۇ ئېغىر كۈنلەردە تەسەللى
بەرگەي، ئۇنىڭ نەرسە - كېرەكلىرى بىر تۇققان ئاكىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەن ئادرىسى

پېترو مېلېخوۋقا تاپشۇرۇلىدۇ. مېنگەن ئېتى پولكتا قالدى.
تونىنچى بولۇنمە كوماندىرى يا ساۋۇل پولكوۋنىكوپ.
جەنۇبىي ئارمىيە، 1914 - يىل، 18 - سېنتەبىر.

گىرىگورىينىڭ ئولۇم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كوپ ئۆتمەي پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بىردىنلا بېشى ساڭگىلاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆندىن كۆنگە قېرىپ كېتىۋاتقانلىقى قەۋم - قېرىنداشلىرىنىڭ نەزىرىدە ئوچۇقلا سېزىلىپ تۇراتتى. ئېغىر مۇسىبەت ئۇنى تولىمۇ مۇشكۇل ئەھۋالغا سالدى؛ خاتىرىسى ئاجىزلاشتى، كاللىسى ئايلىنىپ كەتتى، چىرايى قارىيىپ، ئۇينىڭ ئىچىدە مۇكچەيگەن ھالدا ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى؛ ئىسسىتما بىلەن كوزلىرى خىرەلىشىپ، روھىي جەھەتتىن ئېزىلىپ ئىچىدە قالغان ئىدى.

بولۇنمە كوماندىرىدىن كەلگەن خەتنى چال ئوز قولى بىلەن بۇتىنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويدى، ھەر كۈنى بىر نەچچە قېتىم دەھلىزگە چىقىپ، دۇناشكىنى بارمىغى بىلەن ئىملاپ چاقىراتتى.

— قېشىمغا كەل، — دەيتتى ئۇ.

قىزى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقاتتى.

— گىرىگورىي توغرىسىدىكى ھېلىقى خەتنى ئېلىپ كەل. ئوقۇ! — دەپ بۇيرۇيتتى ئۇ، مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىگە ئېھتىيات بىلەن قاراپ قوياتتى؛ قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە قالغان ئىلىنىچنانىڭ تىنىمسىز ناله - زارىنى شۇ ئىشىكتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى، — ئاستىراق ئوقۇ، ئاۋازىڭنى چىقارماستىن ئوقۇ، — دەپ ئۇستىلىق بىلەن كوزىنى قىسىپ، پۈتۈن بەدىنى بىلەن ئېگىلىپ، كوز ئىشارىسى بىلەن ئىشىك تەرەپنى كورستەت-

تى، — ئاستىراق ئوقۇ، ئاناڭ ئاڭلاپ قالسا، ... خۇدا كورسەتمىسۇن...

دۇناشكا كوز يېشىنى ئاققۇزماسلىققا تىرىشىپ، بىرىنچى جۇملىسىنى ئوقۇيتتى، ئوز ئادىتى بويىچە چوقچىيىپ ئولتۇرغان پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بولسا ئاتىنىڭ تۇيىغىدەك يوغان ئالقىنىنى ئىگىز كوتىرىپ:

— توختا! ئۇ تەرىپىنى بىلمەن... خەتنى جايىغا ئېپىرىپ قوي... ئاستىراق ماڭ، ئاناڭ بىزنى... — ئۇ يەنە چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، كوزىنى قىساتتى ۋە ئوتتا كويۇۋاتقان دەرەخ قوۋزىغىدەك تولغىنىپ، ئىككى پۈكۈلۈپ كېتەتتى.

چالنىڭ چاچلىرى يوگەم- يوگەم ئاقىرىشقا باشلاپ، تېز ۋاقىت ئىچىدە بېشى ئاپپاق قاردەك پارقىراپ قالدى، ساقىلىغا ئاق ئارىلىدى. ئۇ نەپسى تويماس بولۇپ قالدى، تاماقنى كوپ يەيتتى ۋە توكۇپ، چېچىپ يەيتتى.

ماتەم مۇراسىمىدىن كېيىن 9 كۈن ئوتكەندە، ئۇرۇشتا قازا تاپقان ئەسكەر گىرىگورىينىڭ نەزىرىسىگە پوپ ۋىسسارىئونىنى ۋە قەۋم - قېرىنداشلىرىنى چاقىردى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ تاماقنى تېز ۋە ئاچكوزلۇك بىلەن يەيتتى، ساقىلىغا ئۇگرە ئاشنىڭ چوپى يېپىشىپ قالسىمۇ كارى بولمايتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، سىنچىلاپ قاراپ يۈرگەن ئىلىنىچنا يىغلاپ تاشلىدى:

— دادىسى! ساڭا نىمە بولغاندۇ؟...

— نىمە بولدى؟ — دەپ ھودۇقۇپ قالدى چال، سىرلانغان قاچىدىن بېشىنى ئاران كوتىرىپ.

ئىلىنىچنا قولىنى شىلتاپ، كەشتە تىكىلگەن قولياغلىغى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نى مىجىقلاپ كوزلىرىنى ئېرتتى ـ دە، باشقا ياققا قارىۋالدى.

ــ ئۇزىڭىزمۇ، دادا، خۇددى ئۈچ كۈندىن بۇيان تاماق يىمىگەندەك ئالدىراپ يىدىڭىز! ــ دىدى زەردە بىلەن دارىيە كوزلىرىنى ئالايتۇرۇپ.

ــ مەنمۇ؟ ھە، ماقۇل، خوپ...ئەمدى يىمەيمەن ...ــ پانتېلېي پروكوفيېۋىچ خىجىل بولدى. ئۇ گاڭگىراپ شىرە يېنىدا ئولتۇرغانلارغا قاراپ قويدى ـ دە، لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ، جىم بولۇپ قالدى؛ ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، سوئاللارغا جاۋاپمۇ بەرمەيتتى.

ــ ئوزەڭنى بەردەم تۇت، پروكوفيېۋىچ، ئوزەڭنى نىمەئانچە تاشلىۋېتىسەن؟ ــ دەپ نەزىردىن كېيىن ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى پوپ ۋىسسارىئون، ــ ئوغلۇڭ شىھىتكەتتى، چال سەن خۇدانىڭ قەھرىنى كەلتۈرمە. ئوغلۇڭ پادىشا ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلدى، سەن بولساڭ... گۇنا بولىدۇ، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ، يامان بولىدۇ، ... خۇدا كەچۈرمەيدۇ!

ــ ئەمدى قاندااق قىلاي، ھەزرەت... ئوزەمنى بەردەم تۇتۇۋاتىمەنغۇ، «قەھرىمانلارچە ھالاك بولدى» دەپ يېزىپتۇ ئۇنىڭ كوماندىرى.

چال پوپنىڭ قولىنى سويگەندىن كېيىن ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا يولىنىپ قالدى ـ دە، ئوغلىنىڭ ئولۇمى توغرىسىدىكى خەۋەر كەلگەندىن بۇيان بىرىنچى قېتىم ھوكرەپ يىغلىۋەتتى.

شۇ كۈندىن تارتىپ ئوزىنى ئوڭلىۋالدى ۋە روھىي جەھەتتىن تۈزەلگەن بولدى.

ئائىلىدە ھەر كىم ئۆزىنىڭ جاراھىتىگە ئۆزى مەلھەم قويدى.

ناتالىيە دۇناشكىدىن گىرىگورىينىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەنلا ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. «ئەمدى ئۆزەمنى ئۆلتۈرىمەن! ئەمدى ماڭا ھاياتنىڭ نېمە كېرىكى بار! تېزرەك!» دېگەن ئوي - پىكىر ئۇنى ئۆلۈمگە قىستايتتى. ناتالىيە دارىيىنىڭ قولىدىن چىقالماي، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇراتتى، ھوشىدىن كەتكەن چاغدىلا جېنى ئارام تاپاتتى، ئىلاج بار ھوشۇمغا كەلمىسەم، يۈز بەرگەن ئەھۋالنى قايتا ئەسلىمىسەم دەيتتى. بىر ھەپتىگىچە ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ يۈردى، كېيىن ئۆزىگە كەلدى؛ ئۇ ئەمدى ھالسىزلىنىپ، سۇلىشىپ كەتكەن ئىدى... مېلېخوپلار قوراسىدا مەرھۇم بولغان بىر كىشىنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان شەپىسى كېزىپ يۈرگەندەك بولاتتى.

## 17

گىرىگورىينىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى خەۋەر كەلگەندىن كېيىن 12 كۈن ئۆتكەندە مېلېخوپلار ئائىلىسى بىر يولى ئىككى پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. دۇناشكا پوچتىخانىدىلا ھەر ئىككىسىنى ئوقۇپ چىقتى ۋە قۇيۇن ئۇچۇرغان خەستەك، بىر دەلدەڭلەپ، بىر قاشا تامغا يۆلىنىۋېلىپ، ئۆيگە قاراپ چاپتى، يېزىنى تازا بىسەرەمجان قىلىپ، ئۆيىنىڭ ئىچىنى مىسلىسىز ھاياجانغا سالدى.

— گىرىشا تىرىك ئىكەن! ... ئۆلمەپتۇ! ئاكام تىرىك ئىكەن!... — دۇناشكا يىراقتىنلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەلدى، — پېترو شۇنداق يېزىپتۇ!... گىرىشا يارىدار بولۇپتۇ، ئۆلمىگەن ئىكەن، تىرىك ئىكەن، تىرىك!...

„قەدىردان دادىمىزغا، مېھرىۋان ئانىمىزغا سالام، — دەپ يازغان ئىدى پېترو 20 - سېنتەبىردىكى خەتتە — سىزلەرگە مەلۇم بولسۇنكى، بىزنىڭ گىرىشكا خۇداغا جان تاپشۇرۇشقا تاس - تاماس قالدى، لېكىن خۇداغا شۈكۈر، تىرىك قالدى، ھازىر ساق - سالامەت، سىزلەرگىمۇ خۇداۋەندە. كېيىنمىدىن سىھھەتلىك ۋە خاتىرجەملىك تىلەيمىز، كامېنكا-سېتروۋمىلوۋو شەھىرى يېنىدا ئۇلارنىڭ پولكى جەڭدە بولغان ئىكەن، ھۇجۇمغا ئۆتكەن چاغدا بىر ۋېنگىر گۇسارى ئۇنى قىلىچ بىلەن چاپقانلىقىنى ۋە گىرىگورىينىڭ ئاتتىن غۇلاپ چۈشكەنلىكىنى ئۇنىڭ ۋىزۋودىدىكى كازاكلار كۆرۈپتۇ، ئۇندىن كېيىنكى ئەھۋال بىزگە مەلۇم بولمىغان ئىدى، مەن ئۇلاردىن كۆپ سۈرۈشتە قىلغان بولسامۇ، ئۇلار ھېچنىمە دەپ بېرەلمىدى. كېيىنرەك مىشكا كوشېۋويدىن ئەھۋالنى بىلدىم، — مىشكا ئالاقە باغلاش ئۈچۈن بىزنىڭ پولكقا كەلگەن ئىكەن، — گىرىگورىي كەچكىچە بىھوش يېتىپتۇ، كەچ كىرگەندىلا ھوشىغا كېلىپ ئۆمىلەشكە باشلاپتۇ، يۇلتۇزغا قاراپ يولنى ئېنىقلاپ، ئۆمىلەۋېرىپتۇ، ئاخىرىدا بىزنىڭ يارىدار بولغان بىر ئوفىتسېرىمىزگە توساتتىن دۇچ كېلىپ قېلىپتۇ، بۇ ئوفىتسېر يەردە جەڭ قىلىدىغان ئاتلىق ئەسكەرلەر پودپولكوۋنىكى ئىكەن، توپ ئوقى پارتلىغاندا، قوسىقى ۋە پۇتى يارىلانغان ئىكەن، گىرىگورىي ئۇنى 6 چاقىرىم يەرگىچە ھاپاشلاپ سۆرەپ ئېلىپ بېرىپتۇ، شۇ ئىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا گېئورگىي كرېستى مېدالى بېرىلىپتۇ ھەمدە گىرىشكىنى مىلادشىي ئۇرەدنىك دەرىجىسىگە كۆتىرىپتۇ، ئەھۋال مانا شۇنداق!

گىرىشكىنىڭ جاراھىتى ئانچە ئېغىر ئەمەس، دۈشمەن قىلىچى
بېشىمغا سەل - پەللا تېگىپ، ئازراق تېرىسى شىلىنىپ
كېتىپتۇ؛ پەقەت ئاتتىن يىقىلغاندا ھوشىدىن كېتىپ قېلىپتۇ،
ئۇ ھازىر سەپكە كىردى، دەيدۇ مىشكا، خېتىم قالايمىقان
يېزىلغانلىقى ئۈچۈن مېنى ئەپۇ قىلىڭلار، ئىگەر ئۈستىدە
يازدىم، لىڭشىپ كېتىۋاتاتتىم».

ئىككىنچى خەتتە پېترو «قەدىردان دوندىكى ئوزبېغىمىزنىڭ قۇرۇتۇلغان ئالۇچە قېقىدىن ئەۋەتىڭلار» دەپ ئىلتىماس قىلغان ۋە ئۇنتۇماستىن پات - پات خەت يېزىپ تۇرۇشنى تاپىلىغان ئىدى؛ بۇ خەتتە گىرىگورىينى تىللىغان. كازاكلارنىڭ سوزىگە قارىغاندا، گىرىشكا ئاتقا ياخشى قارىماس ئىمىش، بۇ ھال ئۇنىڭغا، يەنى پېتروغا بەك ئەلەم قىلىپتۇ، چۈنكى تورۇق ئات ئۇنىڭكى، يەنى پېترونىڭ ئوز پۇلىغا ئالغان ئات، بۇ توغرىلىق ئۇ گىرىگورىيغا خەت ياز، دەپ دادىسىغا ئىلتىماس قىلغان.

«مەن كازاكلار ئارقىلىق قاتتىق تاپىلىدىم: ئەگەر ئاتقا ئوز ئېتىدەك ياخشى قارىمايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالسام، ئاغزى - بۇرنىنى قان قىلىۋېتىمەن، ئۇنىڭ كىرېست مېدالى ئالغان چەۋەندازمەن دەپ يۇرگىنىگە بىر تىيىن»، — دەپ يازغان ئىدى پېترو ۋە خېتىنىڭ ئاخىرىدا تۇگىمەس سالاملار ئېيتقان. پۇرلاشقان ۋە يامغۇردا نەملىشىپ كەتكەن خەتنىڭ قۇرلىرىدىن ئىنتايىن خاپا بولغانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى، خەتتىن قارىغاندا، ھەربى خىزمەت پېتروغا بەك ئېغىر كەلگەندەك كورۇنەتتى.

خوشاللىقتىن ئوزىنى يوقىتىپ قويغان پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ تەققى - تۇرقىنى كورگەندە كىشىنىڭ ئىچ ئاغ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رىتقۇسى كېلەتتى، ئۇ ھەر ئىككىلا خەتنى چىڭگا ئىللىۋېلىپ يېرىا كوچىلىرىنى كېزىپ يۈرەتتى، ساۋاتلىق كىشىلەرنى تۇتۇۋېلىپ، خەتنى ئوقۇتاتتى، ــ ياق، ئوقۇتۇپ ئاڭلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كېچىكىپ كەلگەن بۇ خۇش خەۋەر بىلەن چال پۈتۈن يېزا ئالدىدا ماختىنىماقچى بولاتتى.

ــ ھە ـ ئە! كوردۇڭمۇ مېنىڭ گىرىشكامنى؟ ــ ئۇ، پېترونىڭ خېتىدىكى گىرىگورىينىڭ پىداكارلىقىنى تەسۋىرلەپ: «6 چاقىرىم يەرگىچە يارىدار پودپولكوۋنىكنى ھاپاشلاپ ئېلىپ بېرىپتۇ» دىگەن يەرگە كەلگەندە، دەرھال يوغان ئالقىنىنى ئېگىز كوتىرىپ قوياتتى.

ــ يېزىمىزدا ئەڭ دەسلەپكى كىرىست مېدالىنى گىرىشا ئېلىپتۇ، ــ دەپ ماختىناتتى چال ۋە قىزغانغاندەك خەتنى دەرھال قايتۇرۇۋالاتتى، ئۇنى پۈرلىشىپ كەتكەن شەپكىسىنىڭ ئەستىرىگە سېلىپ قوياتتى، ئاندىن يەنە باشقا ساۋاتلىق كىشىلەرنى تېپىشقا ئالدىرايتتى.

سېرگەي پلاتونېۋىچ ئۇز دۇكىنىنىڭ دەرىزىسىدىن ئۇنى كورۇپ قېلىپ، دەرھال شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ ئالدىغا چىقتى.

ــ قېنى، بىز تەرەپكە كىرگىنە، پروكوفىيېۋىچ.

ئۇ ئاپپاق ۋە گوشلۇك قوللىرى بىلەن چالنىڭ قولىنى سىقىپ كورۇشتى.

ــ خوش، تەبرىكلەيمەن، مۇبارەك بولسۇن ... مۇشۇنداق ئوغۇل بىلەن پەخىرلەنسە ئەرزىيدۇ، ئەمما سىلەر نەزىرى ئوتكۇزۇپ يۈردۇڭلار، مەن ئۇنىڭ پىداكارلىقىنى گېزىتلەردىن ئوقۇپ بىلگەنمەن.

ــ گېزىتلەردىمۇ يېزىلىپتىمۇ؟ ــ دىدى پانتېلېي پرو-

كوفېيېۋىچ قۇرۇپ كەتكەن تامىغىنى ئىچىگە قىرىپ.

— شۇ توغرىلىق خەۋەر بار، مەن ئوقۇدۇم، ئوقۇغانمەن.

سىرگېي پلاتونوۋىچ ئۈچ بولاق تۇركىيىنىڭ ئەڭ ياخشى تاماكىسىنى جاۋەندىن ئۆز قولى بىلەن ئالدى، ئاندىن جىگدا تارتماستىنلا، بىر مۇنچە قىممەتباھا كەمپىتنى قەغەزگە ئورىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پانتېلېي پروكوفىيېۋىچقا سۇنۇۋېتىپ:

— گىرىگورىي پانتېلېيېۋىچقا خەت - خالتا ئەۋەتكەندە مەندىن سالام ئېيت، بۇ نەرسىلەرنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتكىن، — دېدى.

— يا خۇدا! گىرىشكىنىڭ ھۆرمىتىنى قاراڭلار! ... پۈتۈن يېزىدىكىلەر ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتىدۇ... شۇنداق كۆڭلەرگىمۇ ئۇلاشتىم... — دەپ پىچىرلايتتى چال موخوپنىڭ ماگىزىنى پەلەمپەيدىن پەسكە چۈشۈۋېتىپ. ئۇ بۇرنىنى قېقىپ، چەكمەنىڭ يېڭى بىلەن يۈزىنى قىچىشتۇرغان ياشنى ئېرتتى - دە، ئويلىنىپ قالدى: «قېرىغان ئوخشايمەن، ئازلا ئىش ئۈچۈن كۆزۈمدىن ياش كېلىدۇ... ئېھ، پانتېلېي، پانتېلېي، كۈچ - قۇۋۋىتىڭ نەگە كەتكەندۇ؟ ئىلگىرى تاشتەك مەھكەم ئىدىڭ، 8 پۇت كېلىدىغان قاپلارنى كېمىدىن دەس كۆتىرىپ پەسكە ئېلىپ چۈشەتتىڭ، ئەمدىچۇ؟ گىرىشكا مېنى تۈگەشتۇرۇۋەتتى...»

ئۇ قەغەزگە ئورالغان كەمپىتنى باغرىغا بېسىپ، كوچىدا ئاسقاقلاپ ماڭاتتى، ئەمما پىكىر - خىيالى سالىقىنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرىدىغان بېلىق ئالغۇچتەك يەنىلا گىرىگورىينىڭ ئەتراپىدا ئايلىناتتى. پېترونىڭ خېتىدىكى سۆزلەر يادىغا كېلەتتى. شۇ ئەسنادا قۇدىسى كورشۇنوپ ئۇچرىشىپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالدى بىلەن ئۇ پانتېلېي پروكوفيېۋىچنى توۋلىدى:

— ھەي، قۇدام، توختىغىنا!

ئۇلار ئۇرۇش ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان كۆرۈشمىگەن ئىدى. گىرىگورىي ئۆيدىن كەتكەندىن تارتىپ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاداۋەتتۇتۇش دەرىجىسىگە يەتمىسىمۇ، ھەر ھالدا سوغاقچىلىق چۈشكەن ئىدى. ناتالىيە ئۆزىنى گىرىگورىي ئالدىدا خورلۇققا سېلىپ، ئۇنىڭغا يېلىنغانلىقى ئۈچۈن مىرون گىرىگورىيېۋىچ قىزىدىن بەك خاپا ئىدى. چۈنكى مىرون گىرىگورىيېۋىچنىڭ خەلقى ئالەم ئالدىدا مۇنداق خورلۇق تارتىشى قىزىنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغان ئىش ئىدى.

— شەرمەندە قانچۇق، — دەپ تىللايتتى ناتالىيىنى ئۆي ئىچىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا، — دادىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋەرمەي، قېيناتىسىنىڭ قېشىغا بېرىۋالغىنىنى قارىمامدىغان، ئۇلارنىڭ ئاش - نېنى بەك لەززەتلىك ئوخشايدۇ، بۇ تەنتەكنىڭ دەستىدىن خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا بولدۇم، كىشىلەرگە تىكىلىپ قارىيالمايمەن.

مىرون گىرىگورىيېۋىچ قۇدىسىنىڭ قېشىغا يېقىن كېلىپ، سەپكىل باسقان قولىنى ئۇزارتتى.

— سالامەت تۇرۇۋاتامسەن، قۇدام!

— خۇداغا شۈكۈر، قۇدا.

— سودىلىق قىلىپ قايتتىڭمۇ، نېمە؟

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بوش قالغان ئوڭ قولىنى سىلكىتىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ياق، قۇدا، بۇ، بىزنىڭ قەھرىمانغا بېرىلگەن سوغات، ساخاۋەتلىك سېرگەي پلاتونوۋىچ ئۇنىڭ قەھرىمانلىقىنى گې-

زىتتىن ئۇقۇپ خەۋەردار بولۇپتۇ، ئەمدى مۇنۇ كەمپىت بىلەن ئېسىل تاماكىنى ئۇنىڭغا تارتۇق قىلدى. ئۇ ماڭا تاپىلاپ: «بۇسوغاتىنى قەھرىمان ئوغلۇڭغا ئەۋەتكىن ھەمدە مەندىن سالام ئېيت، مۇندىن كېيىنمۇ ئۇزىنىڭ قەھرىمانلىغىنى كۆرسەتسۇن» — دېدى. كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى، چۈشىنىۋاتامسەن، قۇدام؟ — پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن ماختىناتتى ۋە سۆزىنىڭ تەسىر قىلغانلىغىنى بىلمەكچى بولۇپ، قۇدىسىنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قارايتتى.

قۇدىسى يەرگە قاراپ تۇرغاچقا قاپىغىنىڭ ئاستىغا كىرپىكلىرىنىڭ سايىسى چۈشۈپ تۇراتتى، بۇ ھال ئۇنى خۇددى بىرسىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك قىلىپ كۆرسەتتى.

— شۇنداق دېگىن، — كورشۇنوپ تامىغىنى قىرىپ قويۇپ، كوچىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى قاشا تامىنىڭ تۈۋىگە ئۆتتى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ ئاچچىغى كېلىپ، تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن كەمپىت ئورالغان قەغەزنى ئېچىپ، ئارقىسىدىن يۈگۈردى.

— مۇنۇ كەمپىتنى تېتىپ كۆرسەڭچۇ، ھەسەل ئارىلاش ئىكەن!... — ئۇ قۇدىسىنى زەھەرخەندە بىلەن تەكلىپ قىلدى. — ئال قۇدا، مەرھەمەت قىل، كۈيوغۇلنىڭ سوغىسىدىن يەپ كۆر. تۇرمۇشۇڭ كوڭۇللۇك ئەمەس، تارتىنماي ئال، ئوغلۇڭغا بۇنداق شان - شەرەپ نېسىپ بولامدۇ - يوقمۇ، كىم بىلسۇن.

— مېنىڭ تۇرمۇشۇم بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ئۇنى مەن ئۆزەم بىلىمەن.

— قېنى، تېتىپ كۆر، مەرھەمەت قىل! — پانتېلېي

پروكوفىيېۋىچ ئۇ شۇنچە تەكەللۇپ بىلەن يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ قۇدىسىنىڭ ئالدىدا پايپاسلاپ يۈرەتتى. ئېگىلگەن بارماقلىرى بىلەن يۇپقا كۈمۈش قەغەزگە ئورالغان كەمپىتنى چاڭگاللاپ، قۇدىسىغا تەڭلەيتتى.

ــ بىز تاتلىق نەرسىلەرگە ئۆگەنمىگەن، ــ دەيتتى مىرون گىرىگورىيېۋىچ قۇدىسىنىڭ قولىنى ئىتتىرىپ، ــ بىز ئۇنداق نەرسىلەرگە ئۆگەنمىگەن، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى يىسەك چىشىمىز سۇنىدۇ، ساڭچۇ، قۇدا، ئوغلۇڭ ئۈچۈن سەدىقە يىغىپ يۈرۈش لايىق ئىش ئەمەس. قىيىنچىلىقىڭ بولسا، مېنىڭ قېشىمغا كەلسەڭمۇ بولاتتى. كۈيوغلۇم ئۈچۈن ھېچنىمىنى ئايىمىغان بولاتتىم... ناتاشكا سىلەرنىڭ نىنىڭلارنى يەۋاتىدىغۇ، كەمبەغەللىشىپ كەتكەن بولساڭ مەن ياردەم بېرەتتىم.

ــ بىزنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىمىزدىن ھېچكىم تىلەمچىلىك قىلغان ئەمەس، قۇدا. ئاغزىم باردەپ كەلسە ـ كەلمەس گەپلەرنى قىلىۋەرمە! ئۆزەڭگە تولىمۇ تەمەننا قويىۋاتىسەن، قۇدا!... ماختىنىشمۇ جايىدا بولغىنى ياخشى! ... تۇرمۇشۇڭ باياشات ئوتكەنلىكى ئۈچۈن قىزىڭ بىزنىڭكىگە كېلىپ قالغان ئىكەن ـ دە؟

ــ توختا! ــ دېدى مىرون گىرىگورىيېۋىچ قەتئىيلىك بىلەن، ــ گەپ تەگىششىنىڭ پايدىسى يوق. مەن سەن بىلەن تىللىششقا كەلمىدىم. ئۆزەڭنى بېسىۋال قۇدا، يۈر، بىر ئىش بار ئىدى، سوزلىشەيلى.

ــ ئارىمىزدا سوزلىشىدىغان ھېچ ئىش يوققۇ.

ــ سوزلىشىدىغان ئىشلار بار، قېنى، يۈر.

مىرون گىرىگورىيېۋىچ قۇدىسىنىڭ چەكمىنىنىڭ يېڭىدىن

تۇتۇپ، تار كوچىغا سورەپ ماڭدى. ئۇلار قورالاردىن ئۆتۈپ دالىغا چىقىشتى.

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ئاچچىقىدىن يېنىپ ئۆزىنى تۈزىۋالدى.

— قانداق ئىش توغرىلىق؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

ئۇ، كورشۇنوپنىڭ سەپكىل باسقان سېرىق يۈزىگە كۆز قىرى بىلەن قاراپ قويدى. كورشۇنوپ ئۇزۇن چاپىنىنىڭ پېشىنى قايرىپ، ئېرىقنىڭ چېتىدىكى دۆڭگە ئولتۇردى، چېتىگە پېرىپۆك تۇتقان كونا تاماكا خالتىسىنى يانچۇقىدىن ئالدى.

— ماڭا قارا، پروكوفىيېۋىچ، ھېچنىمىدىن ھېچنىمە يوق، سوقۇشقاق خورازدەك سەن ماڭا چاڭ سالماقچى بولۇۋاتىسەن، بۇنداق قىلىق ئۆز كىشىلىرىمىز ئۈچۈن ياخشى ئەمەس. قانداق بولمىسۇن ياخشى ئەمەس، شۇنداقمۇ؟ مەن شۇنى بىلىشنى خالايمەنكى، — ئۇ باشقىچىرەك، قوپاللىراق ئاۋازدا قەتئىي قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ئوغلۇڭ ناتالىيەنى قاچانغىچە خورلىماقچى؟ سەن ماڭا شۇنى ئېيتقىنا!

— بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن سورا.

— مېنىڭ ئۇنىڭدىن سورىشىمنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق، ئائىلىنىڭ باشلىقى سەن ئۆزەڭ، مەن سەن بىلەن سۆزلىشىمەن.

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ بىرسىقىم يالىڭاچلانغان كەمپىتنى مىجىقلىدى. ئېرىگەن شاكىلاتنىڭ شىرنىسى بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئېقىپ چۈشتى، قېشىدىكى دوۋىلىشىپ تۇرغان چالمىلارغا قولىنى ئېرتتى، ئۈنچۇقماستىن تاماكا يوگەشكە كىرىشتى. قەغەزنى بىر قاتلاپ، تۈركىيە تاماكىسىنىڭ قەغەز قېپى ئىچىدىن بىر چىمدىم تاماكىنى سالدى ۋە بولاقنى ئۇدىسىغا سۇندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىرون گىرىگورىيېۋىچ ئىككىلەنمەستىن بولاقنى ئالدى، ئۇمۇ موخوپىنىڭ سوغىنى ھىساۋىغا، موخوركا يوگىدى، تاماكىلىرىنى تۇتاشتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئاپپاق كوپۈكتەك كوكسى كېرىلگەن بىر پارچە بۇلۇت ئېسىلىپ تۇراتتى، دەرەختىن توزىغان ئومۇچۇك تورىدەك ئىنچىكە ۋە نازۇك يىپلار شامالدا لەپەڭلەپ يەردىن ئاسمانغا كوتىرىلىپ، كوز يەتمەس ئېگىزلىكتىكى ئاشۇ بۇلۇت قېشىغا ئۇچۇپ باراتتى.

كۈن قايتقان پەيت، كۈزنىڭ تەسۋىرلەپ بولمايدىغان تىپ-تىنىچ، ئارامبەخش سۈكۈناتى ھەممە يەرنى قاپلىغان، ئاسمان ياز پەسلىدىكى مۇسەپپالىقىنى يوقىتىپ، خىرە نىلرەڭ تۈسكە كىرگەن، ئېرىقنىڭ ئۈستىنى، نەدىن كەلگەنلىكى خۇداغا مەلۇم، قىزغۇچ ئالما ياپراقلىرى بېسىپ كەتكەن. دولقۇنسىمان تاغ ئوركەشلىرى ئارقىسىدا ھەر تەرەپكە شاخچىلاپ كەتكەن بىر يول بار بولۇپ، بۇ يول زۇمرەتتەك جۇلالىنىپ، ئادەمنى چۇشكە ئوخشاش غۇۋا كورۇنگەن ئۇپۇق تەرەپكە ئىملاپ چاقىرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئەمما ئادەملەر ئوي-جايىغا باغلانغان، تۇرمۇش مەشغۇلاتى بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەن، تىرىكچىلىك پۇتىنى كىشەنلەپ قويغان ئىدى، تۇرلۇك تۇمەن ئىشتىن ئورە كېلەلمەيتتى، ئومرى ئاشلىق ئوروش، خامان تېپىش بىلەن ئوتەتتى، ئۇ كورۇنگەن يول ئۇپۇق سىزىقىنى كېسىپ، ئادەمسىز كەڭ بوشلۇقتا ئىز قالدۇرۇپ كوزدىن غايىپ بولاتتى، شامال ئۇنىڭ ئۈستىدە چاڭ توزۇتۇپ جەۋلان قىلاتتى.

— بوش تاماكا ئىكەن، پاخالدەكلا، — دېدى مىرون گىرىگورىيېۋىچ ئاغزىدىن بۇلۇتتەك قويۇق تۇتۇن چىقىرىپ.

— بوشراق ئىكەن، ئەمما ... تەمى يېقىملىق، — دەپ ئۇنىڭ سوزىگە قوشۇلدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ.

— ماڭا جاۋاپ بەر، قـۇدا، — دىدى كورشـۇنوپ پەس ئاۋاز بىلەن ۋە تاماكىسىنى ئوچۇردى.

— بۇ توغرىلىق گىرىگورىي ھىچنىمە يازمىدى، ئۇ ھازىر يارىدار.

— ئاڭلىدىم...

— ئۇندىن كېيىن نىمە بولىدۇ — بۇنى مەن بىلمەيمەن. تىرىك قالامدۇ — يوقمۇ، بۇنى كىم بىلسۇن؟

— بۇ نىمە دىگىنىڭ، قۇدا؟ — مىرون گىرىگورىيېۋىچ، دەككە - دۇككە بولۇپ، كـوزلىرىنى ئىچىنغا نىدەك پىرىلدىتىپ قويدى، — ئۇ شۇ كۆنلەردە يا قىز ئەمەس، يا ئـايال كىشىگە ئوخشاشمايدۇ، يا پۇتۇنلەي تۇل ئەمەس، بۇ نىمە دىگەن سەتـچىلىك. بۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام، سىلەردەك ساۋچـلارنى بوسۇغامغا يولاتماس ئىدىـم. بـۇ نىمە كـورگۈلۈك؟... ھەي، قۇدام، قۇدام... ھـەر كىم ئوز پـەرزەندىگە ئىچىنىدۇ... مىڭ قىلغان بىلەن ئوز پۇشتۇڭ ئەمەسمۇ...

پـانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئاچچىغىنى بېسىپ، ھـۇجـۇمغا ئوتتى:

— مېنى نىمە قىل دەيسەن؟ قېـنى ئـوزەڭ بىر نەرسە دىمەمسەن! ئوغلۇمنىڭ ئويدىن كېتىپ قالغانلىقىغا مەن خوش ئىكەنىمەنمۇ؟ بۇنىڭدىن مەن پايدا تېپىپتىمەنمۇ؟ قىزىق خـەق ئىكەن بۇ!

— سەن ئۇنىڭغا خەت ياز، — دىدى مىرون گىرىگورىيېۋىچ؛ ئۇنىڭ ئالقىنىدىن ئېرىقىغا چۇشۇۋاتقان قىزىل تۇپا شىرىلداپ ئۇنىڭ سوزىگە جور بولاتتى، — ئۇ ئۇزۇل - كېسىـل كېلىپنى ئېيتسۇن.

— ھىلىقىدىن بالىسى بارئىكەن ئەمەسمۇ...

www.uyghurkitap.com

— بۇنىڭدىنمۇ بالا كورىدۇ! — دەپ ۋاقىرىدى كورشۇنوپ قىپ - قىزىل بولۇپ، — تىرىك كىشىگە شۇنچە ئازاپ قىلغان بارمۇ ھە؟... بىر قېتىم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ، مەجرۇھ بولۇپ قالدى... ئەمدى ئۇ بىچارىنى گورگە تىقماقچىمۇ؟ ھە؟ ئۇنىڭ يۈرىكى... — مىرون گىرىگورىيېۋىچ بوغۇق ئاۋاز بىلەن پىچىرلاپ سوزلەيتتى، بىر قولى كوكسىنى تاتىلاپ، يەنە بىر قولى بىلەن قۇدىسىنىڭ ئېتىكىدىن تارتتى، — ئوغلۇڭنىڭ يۈرىكى بورىدەك رەھىمسىزمۇ؟

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ پىشىلداپ، يۈزىنى باشقا تەرەپكە قىلىۋالدى.

— ... ئانىسى بىچارە ئۇنىڭ دەردىدە قۇرۇپ قاخشال بولۇپ قالدى، ئۇنىڭسىز جاھان كوزىگە قاراڭغۇ، ئۇنىڭ ھاياتىمۇ باشقىچە بىر گەپ بولۇپ قالدى. ئۇ، بەلكى سېنىڭكىدە قول - دىدەكتەك ھايات كەچۈرۈۋاتقاندۇر...

— ئاغزىڭنى يۇم! ناتالىيە بىزگە ئۆز بالىمىزدىن ئەۋزەل! — دەپ ۋاقىرىدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئۇلار خوشلاشماستىنلا ئىككى ياققا كېتىشتى.

## 18

ھايات ئۆز ئېقىمىدىن چىقىپ كەتسە، بۇلاققا ئوخشاش كوپلىگەن تارماقلارغا بولۇنۇپ كېتىدۇ. لېكىن، بۇ ۋاپاسىز، مەككار ئېقىمنىڭ قايسى تارماققا بۇرۇلۇشىنى ئالدىنالا

بىلىۋېلىش تەس گەپ، ئەگەر ھايات بۈگۈن جىلغىدا ئوخشاش تېيىزلىشىشقا باشلىسا، شۇ دەرىجىگە يېتىدۇكى، ئاستىدىكى پۈتۈن ئىپلاسلىقلار كورۇنۇپلا قالىدۇ. ئەتىسى يەنە دەريادەك تاشقىن بولۇپ ئاقىدۇ.

بىر كۈنى ناتالىيە تۇيۇقسىز ياگودنويىغا، ئاكسىنىيىنىڭ قېشىغا بېرىپ — ئۇنىڭغا يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ، گىرىگورىينى قايتۇرۇۋالسام دىگەن قارارغا كېلىپ قالدى. نىمىشقىدۇ ئۇ ھەممە گەپ ئاكسىنىيىگە باغلىق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى گەپكە كوندۇرسەم، گىرىگورىي بىلەن بۇرۇنقى بەختلىك ھاياتىم قولۇمغا قايتىپ كېلىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئەمما بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشامدۇ - يوقمۇ، بۇ ئاجايىپ ئىلتىماسنى ئاكسىنىيە قوبۇل قىلامدۇ - يوقمۇ، بۇنىسىنى ناتالىيە ئەسلا ئويلىمايتتى. تۇيۇقسىزلا كوڭلىدە پەيدا بولغان ۋە ئۆزىگە يېقىپ قالغان بۇ قارارنى ئۇ تېزرەك ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئالدىرايتتى. ئاينىڭ ئاخىرىدا مېلېخوپلارغا گىرىگورىيدىن خەت كەلدى. ئاتا - ئانىسىغا سالام ئېيتقاندىن كېيىن ناتالىيە مىرونوۋناغىمۇ سالام يوللىغان ۋە چەكسىز ئېھتىرام بىلدۇرگەن ئىدى. گىرىگورىي بۇ قېتىم ئۇنى مۇنچىلىك تىلغا ئالغانلىغىنىڭ سەۋەبىنى ناتالىيە بىلمەيتتى، ئەمما بۇ خەت ئۇنىڭغا تۈرتكە بولدى: دەسلەپكى يەكشەنبە كۈنىلا ئۇ ياگودنويىغا بېرىشقا جابدۇندى.

— نەگە كېتىۋاتىسەن، ناتاشا؟ — دەپ سورىدى دۇناشكا، ئۇنىڭ بىر پارچە سۇنۇق ئەينەك ئالدىدا سىنچىلاپ ئوزىنى كورۇۋاتقانلىغىغا نەزەر تاشلاپ.

— بىزنىڭ ئويگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلەي، — دەپ يالغان سوزلىدى ناتالىيە، ئەمما شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زاماتلا قىزىرىپ كەتتى. ناتالىيە ئۆزىنى خورلۇققا سېلىپ، جېنىنى قاتتىق ئازاپلاۋاتقان ئالغىنىنى بىرىنچى قېتىم ھېس قىلدى.

— ناتالىيە، سەن ئۆمرۈڭدە بىر قېتىم بولسىمۇ، مەن بىلەن تاماشىغا بارساڭ نېمە بولاتتى؟ — دەپ سورىدى دارىيە يانسىنىۋېتىپ، — قانداق، كەچقۇرۇن بارامسەن؟

— قانداق قىلسام بولىدىكىن، بارالمايمەنغۇ، دەيمەن.

— ۋاي بۇۋى خوتۇن! ئېرىمىز ئۆيدە يوقلار پەقەت بىزغۇ، — دەپ كۆز قىسىپ، شوخلۇق قىلدى دارىيە، ئۇ، ئۆچىسىدىكى يېڭى تىكىلگەن سۇس ھاۋارەڭ يوپكىسىنىڭ كەشتە تۇتۇلغان ئېتىكىنى ئەيىنەكنىڭ ئالدىدا لەپەڭلىتىپ قاراپ، تال چىۋىقتەك ئۇيان بۇيانغا ئېگىلەتتى.

پېترو كەتكەندىن بۇيان دارىيە پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى: ئېرىنىڭ يوقلۇغى ئۇنىڭغا يامان تەسىر قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى جايىدا ئەمەسلىگى كۆزلىرىدىن، يۈرۈش - تۇرۇش، ھەركەتلىرىدىن مەلۇم ئىدى. ئۇ ھەر يەكشەنبە كۈنى ياسىنىپ، ئۆزىگە پەداز قىلىپ، سەيلىگاھتىن كەچ قايتاتتى ۋە كۆزىنىڭ بېزىنى چىقىرىپ، زەھەرخەندە بىلەن شىكايەت قىلاتتى:

— ۋاي خۇدا، نېمە بالا بۇ! ... يارامىلىق قازاكلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ، يېزىدا پەقەت بالىلار بىلەن قېرىلار قېلىپتۇ.

— بۇنىڭ ساڭا نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

— نېمىشقا مۇناسىۋىتىم بولمايدىكەن؟ — دەپ ئەجەپلەندى دارىيە، — سەيلىگاھتا كۆڭۈل ئاچاي دېسەڭ بىرمۇ

ئادەم تېپىلمايدۇ، ھەتتا تۇگمەنگىمۇ يالغۇز بارغىلى قويمايدۇ، قېپىنا تامدىن بىر غېرىچ نېرى ئاجرىيالمايمەن ...

دارىيە نومۇسنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ناتالىيەدىن ئوچۇقلا سورىدى:

— ماڭا قارا، سويۇملۇكۇم، كازاكسىز قانداقمۇ مۇنچە ئۇزۇن چىدىيالايدىغانسەن؟

— قوي بۇ گېپىڭنى، ئۇيياتسىز! — دەيتتى ناتالىيە، قىپ - قىزىل بولۇپ.

— كوڭلۇڭ تارتمامدۇ؟

— سېنىڭ كوڭلۇڭ بەك تارتىپ تۇرىدىغان ئوخشايدۇ؟

— تارتمايچۇ، خېنىمچاق! — دەپ قاقاقلاپ كۇلەتتى دارىيە؛ يۇزى قىزىرىپ كامان قاشلىرى تىترەپ تۇراتتى، — يوشۇرۇپ نىمە قىلىمەن، سېغىنىدىم ... شۇ تاپتا بىرەر چال ئۇچرىسىمۇ ئىشقا سالاتتىم، خۇدا تۇرۇپتۇ! ئوزەڭ ئويلاپ باقمامسەن، پېترونىڭ كەتكىنىگە ئىككى ئاي بولۇپ قالدى.

— سەن، دارىيە، ئاخىر بىر بالاغا ئۇچرايسەن...

— بولدى قىل، ھورمەتلىك موماي! سەندەك يۇۋاشلارنى خوپ ياخشى بىلىمىز. ھېچ ئىقرار قىلغۇڭ كەلمەيدۇ!

— مەندە ئىقرار قىلىدىغان ھېچنىمە يوق.

دارىيە ھىجىيىپ، كوز قىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قويدى - دە، ئۇششاق يىرتقۇچ چىشلىرى بىلەن لېۋىنى چىشلەپ بىر گەپنى سوزلەپ كەتتى:

— ئاۋۇ كۇنى سەيلىگاھلىقتا ئاتامانىنىڭ ئوغلى تىموشكا مانتىسكوپ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالدى، تەرلەپ كېتىپتۇ. قارىسام، بىر نەرسە دەپ سوز ئېچىشتىن ئەيمىنىپ تۇرىدۇ... كېيىن قولىنى قولتۇغىمدىن ئاستا ئوتكۇزدى، قولى تىترەۋا-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

تىدۇ. مەن ئۇنچىقماستىن، قانداق قىلىدىكىن دەپ، ئولتۇرۇ-
ۋەردىم، ئاچچىغىم كەلسىمۇ چىدىدىم. كاشكى يىگىت دىگۈچىلە-
گى بولسىچۇ، بۇرنىنى ئېرتالمايدىغان ماڭقا!... كوپ بولسا
16 ياشقا كىرگەندۇ، ئۇنىڭدىن چوڭ ئەمەس، قارىغىنا،
مۇشتەك تۇرۇپ قىلغان قىلىغىنى... لام ـ جىم دىمەستىن ئول-
تۇرۇۋەردىم، ئۇ يىرىمنى چىمدايدۇ، بۇ يىرىمنى چىمدايدۇ، كې-
يىن: «يۇر، بىزنىڭ خاماتغا بارايلى»- دەپ قولىغىمغا پىچىر-
لىماسىمۇ، ئۇنى مەن شۇنداق!...

دارىيىنىڭ گۇلقەقەلىرى ئىچىلىپ كۇلۇپ كەتتى، قاش-
لىرىنى ئوينىتىپ، كوزلىرىدىن ئوت چاقنىتىۋەتتى.

— مەن ئۇنىڭ ئەدىۋىنى راسا بەردىم! ئورنىمدىن
چاچراپ تۇردۇم ـ دە: «ۋاي هارامزادە، تىلىڭنى كېسىپ تاش-
لايمەن! هەي سېرىق تۇك! ماڭا شۇ گەپنى قىلامسەن؟ تېخى
يېقىندىلا ئورنىڭغا سىيىپ ياتاتتىڭ، ئەمدى ئادەم بولۇپ قال-
دىڭمۇ؟» — دەپ راسا تىللىدىم!

ناتالىيە بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىل سىغماي-
دىغان يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان ئىدى. دارىيە كىچىك
كېلىنگە نىسبەتەن تۇتۇپ كەلگەن بۇرۇنقى ئاداۋەتنى يۇيۇپ
تاشلىغان بولۇپ، مىجەز ـ خۇلقى ئوخشاش بولمىغان بۇ ئىككى
ئايال ئىناق بولۇپ قېلىشقان ئىدى.

ناتالىيە كىيىنىپ بولۇپ ئويدىن چىقتى.

دەھلىزدە دارىيە ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى.

— بۇگۇن ئىشكىنى ئىچىپ بەرمەمسەن؟

— مەن دادامنىڭ ئويىدە قونۇپ قالىمەن.

دارىيە ئىككى قېشىنىڭ ئارىلىغىنى تاغاق بىلەن قاش-
لاپ، بىر دەم ئويلاندى ـ دە، بېشىنى سىلكىپ قويدى.

— بولۇپتۇ، بېرىۋەر، بۇ توغرىلىق دۇناشكىغا يالۋۇرۇشنى خالىمىغان ئىدىم، ئەمدى يالۋۇرۇشقا توغرا كېلىدىغان ئوخشايدۇ.

ناتالىيە ئىلئىنىچناغا دادامنىڭكىگە بارىمەن، دەپ ئېيتىپ قويۇپ، كوچىغا چىقتى، مەيداندا بازاردىن قايتقان ھارۋىلار كېتىۋاتاتتى، چېركاۋدىن چىققان كىشىلەر يۈرۈشەتتى. ناتالىيە ئىككى تار كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ يولغا قايرىلدى. ئالدىراپ دوڭنىڭ ئۈستىگە چىقتى، ئەڭ ئېگىزگە چىققاندىن كېيىن ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىدى: تۆۋەندە كۈن نۇرىغا چۆمـ گەن يېزا، ئۇنىڭدىكى ئاپپاق ئاقارتىلغان ئۆيلەر كۆرۈنەتتى، تۈگمەننىڭ قىيا ئۆگزىسىدە ئاپتاپ ئالتۇندەك چاقناپ ئەكس ئېتەتتى، تۈنىكىسى قىپ-قىزىل چوغدەك پارقىرايتتى.

## 19

ئۇرۇش ياگودنويىدىكى ئادەملەرنىمۇ سۈپۈرۈپ ماڭغان ئىدى. ۋېنئامىن بىلەن تىخون كېتىپ قېلىشتى. ئۇلار كەتكەنـ دىن كېيىن بۇ جاي تېخىمۇ قاقاس، تىمتاس، كوڭۈلسىز بوـ لۇپ قالدى. ئاكسىنىيە ۋېنئامىننىڭ ئورنىغا ئۆتۈپ قېرى گېنېرالغا خىزمەت قىلىپ تۇردى. ئاشخانىدىكى پۈتۈن قارا ئىشنى ۋە ئۆي قۇشلىرىغا قاراشنى ساغرىسى كەڭ، يادىمايدىغان لۇكېرىيە ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى. ساشكا بوۋاي ئاتباقارـ لىق ۋە زېمىستىگە قوشۇمچە باغنىڭ قاراۋۇللۇقىنى بىللە ئېلىپ باراتتى، پەقەت ئىزۋاش ھەيدەيدىغان كوچېر يېڭى ئىدىـ

ياشىنىپ قالغان ئىكتىنچ دېگەن بىر كازاك ئىدى.

بۇ يىل پان خوجايىن تېرىلغۇ يەرنى ئازايىتتى. 20 گە يېقىن ئاتنى ھەربى ئېھتىياج ئۈچۈن ئالايىتەن بېقىشقا قويدى؛ پەقەت مىنىدىغان ئاتلار بىلەن ئېگىلىكتە ئىشلەپ تۇرغان 3 نەسىللىك دون ئېتى قالغان ئىدى. پان كۆپ ۋاقتىنى ئوۋ ئوۋلاش بىلەن ئۆتكۈزەتتى، ئىكتىنچ بىلەن ياۋا ئۆدەك ئاتقىلى چىقاتتى، ناگان ناگاندا ئوۋنى قوغلاپ، ھاي - ھايلاپ ئات چاپتۇرۇپ، ئەتراپتىكىلەرنى بىسەرەمجان قىلاتتى.

ئاكسىنىيىگە گىرىگورىيدىن ئاندا - ساندا قىسقا يېزىلغان خەت كېلەتتى، گىرىگورىي بۇ خەتلەردە: ھازىرچە تىرىكمەن، سالامەتلىكىم ياخشى، خىزمىتىم ئالدىراش، دەپلا خەۋەرلەندۈرۈپ قوياتتى، ئۇ دادىللىشىپ قالغانلىقىنىمۇ ياكى خەتتە ئەھۋال ئېيتىشنى خالىمىغانلىقىنىمۇ، ئىش قىلىپ ھالىنىڭ ئېغىرلىقى، زېرىككەنلىكى توغرىسىدا بىرەر قېتىممۇ ئېغىز ئاچمايتتى، خەتلىرى سوغۇقلا بولۇپ، گويا مەجبۇرەن يېزىۋاتقاندەكلا پۇراق چىقىپ تۇراتتى، پەقەت كېيىنكى بىر خېتىدە: «... ھەممە ۋاقىت سەپتە، ئۇرۇش شۇنداق جانغا تەگدىكى، كېچە - كۈندۈز ئەجەلنىڭ دامىنى ھاپاشلاپ يۈرگەندەك ئۆتۈۋاتىمەن» دېگەن جۈملىلەرنى قىستۇرغان ئىدى. ھەر قېتىمقى خېتىدە قىزىنىڭ ئەھۋالىنى سورايتتى، قىزى توغرىلىق يېزىشنى تاپىلايتتى: «... مېنىڭ تانيۇشام چوڭ بولۇپ قالدىمۇ؟ قانداقراق كېتىۋاتىدۇ؟ يېقىندا ئۇ چۈشۈمگە كىردى، چوڭ قىز بولۇپ، قىزىل كۆينەك كىيىۋالغان ئىمىش».

ئاكسىنىيە تاشقى كۆرۈنۈشتە ھىجرانغا بەرداشلىق كۆرسىتىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭ گىرىشكىغا بولغان پۈتۈن مۇھەببىتى قىزىغا ئۆتكەن ئىدى، بولۇپمۇ بالا گىرىشكىنىڭ ئۆز

پۈشتىدىن بولغانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئاك-
سىنىيىنىڭ قىزىغا بولغان مېھرى كۈچەيدى، ھايات بۇنى ئاغ-
دۇرۇلماس دەلىللەر بىلەن ئىسپات قىلاتتى: بالىنىڭ دەسلەپ-
كى قارا - قوڭۇر چاچلىرى چۈشۈپ، توم قارا جىڭگىلەك چاچ
چىقتى؛ كوزىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ، قاپ - قارا شەھلا كوزگە
ئايلاندى. قىز كۈندىن كۈنگە ھەيران قالارلىق دەرىجىدە
دادىسىغا ئوخشاپ چوڭ بولاتتى، ھەتتا كۈلۈشلىرىمۇ ئېلىپخوپىلار-
نىڭكىگە ئوخشايتتى، گىرىشكىدەك چىشلىرىنى ھىجايتىپ كۈلەتتى،
ئەمدى ئاكسىنىيە بالىنىڭ دادىسى كىم ئىكەنلىكىنى شۈبھىسىز
بىلىۋالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بوۋاقنا ئاتەشتەك قىزغىن مۇھەب-
بەت قويدى؛ ئىلگىرى بولەنچۈكنىڭ قېشىغا كەلسە، ئۇخلاۋات-
قان قىزىنىڭ يۈزىدە ستېپانىنىڭ يىرگىنىچلىك ئەپت - بەش-
رىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان سەل - پەل ئالامەتلەر بارلى-
قىنى بايقاپ سەسكىنىپ كېتەتتى، ئەمدىلىكتە بۇنداق شۈبھە -
گۇمانلار تامامەن قالمىدى.

كۈنلەر ئارقا ئارقىدىن ئۆتمەكتە، كۈن ئۆتكەنسېرى
ئاكسىنىيىنىڭ يۈرەك - باغرى قان بولاتتى. سۆيۈملۈك كىشى-
سىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن تەشۋىشلىنىپ، ۋەھىمىلىك خىياللار
مېڭىسىنى قاپلىۋالاتتى، كېچە - كۈندۈز بۇ پىكىر - خىياللارنى
كاللىسىدىن چىقىرىپ تاشلىيالمايتتى، تا شۇ كەمگىچە ئۆزىنى
بېسىپ كەلگەن ئاكسىنىيە بۇنداق پەيتلەردە چىدىيالماي قا-
لاتتى: كېچىچە ئۆزىنى چىقارماستىن نالە - پەريات قىلىپ،
ھەممە يەرنى كوز ياشلىرىغا غەرق قىلاتتى، بوۋاقنى ئويغىتى-
ۋەتمەسلىك ئۈچۈن قوللىرىنى چىشلەپ، ئۈن چىقارماسلىققا
تىرىشاتتى، روھىي ئازاپ ئۇنى جىسمانى جەھەتتىن قىينايتتى،
گوردەكلىكى تۇتۇپ كېتىپ، كوز ياشلىرىنى قىزىنىڭ يوگەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لاتىسىغا سۈرتەتتى؛ بالا گىرىشكىنىنىڭ بولغاچقا، مۇشۇنداق قىلسام، ئۇنىڭ يۈرىكى سېغىنغانلىقىمنى سېزىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

كېچىنى مۇشۇنداق تاڭ ئاتتۇرغاندىن كېيىن تاياق يېگەندىنمۇ بەتتەر ئېزىلىپ ئورنىدىن تۇراتتى: پۈتۈن بەدىنى سىرقىراپ، ئىككى چېكىسى تىنىمسىز قاتتىق قىسىلىپ، لوقۇلداپ ئاغرىيتتى، بىرچاغلاردا گىلاستەك پارقىراپ بۇرتۇپ تۇرىدىغان لەۋلىرى پۈتۈنلەي سولغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇرجەكلىرىدە قايغۇ-ھەسرەت ئىزلىرى — قورۇق پەيدا بولغان ئىدى، ئاشۇ ئازاپلىق كېچىلەر ئاكسىنىيىنى قېرىتىپ باراتتى.

بىر يەكشەنبە كۈنى ئاكسىنىيە پان خوجايىنىغا ئەتىگەنلىك تاماقنى بېرىپ، پىشايۋانغا چىقىپ تۇرۇشىغا، دەرۋازىنىڭ قېشىغا بىر ئايال كېلىپ توختىدى. ئاق داكا رومال ئاستىدا پارقىراپ تۇرغان كوزلىرى ئاكسىنىيىگە ئىنتايىن تونۇشتەك كورۇندى... ئايال دەرۋازىنىڭ لوكىنى بېسىپ ھويلىغا كىردى، ئاكسىنىيە ناتالىيىنى تونۇپ، چىرايى ئاپپاق ئاقىرىپ كەتتى، ئۇ ئاستا بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى، ئىككىسى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈزلەشتى. ناتالىيىنىڭ پۈتىدىكى كەشىنىڭ ئۈستىگە قىلىن چاڭ - توزاڭ قونغان ئىدى. ئۇ توختىدى، ئىشتا پىشقان چوڭ - چوڭ قوللىرى جانسىزدەك ئېسىلىپ قالدى؛ ئۇ پىشىلداپ نەپەس ئالاتتى، مېيىپ بولۇپ قالغان بويىنىنى رۇسلاشقا تىرىشاتتى، ئەمما رۇسلىيالمايتتى؛ شۇڭلاشقا باشقا ياققا قاراۋاتقاندەك كورۇنەتتى.

— مەن سىنىڭ قېشىڭغا كەلدىم، ئاكسىنىيە، — دېدى ئۇقۇرۇپ كەتكەن تىلى بىلەن لەۋلىرىنى يالاپ.

ئاكسىنىيە ئۆينىڭ دەرىزىلىرىگە تېزلا بىر قارىۋالدى ـ دە، ئۇنچۇقماستىن، خىزمەتكارلار قوراسىدىكى ئۆزىنىڭ ھوجـ رىسىغا قاراپ ماڭدى. ناتالىيە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. ئاكسىنىيىنىڭ كوينىگىنىڭ شىتىرلىغان ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىغـ نى قاملاۋاتقاندەك بولاتتى.

بەلكـى قۇلاقلىرىم ئـىسسىقتىن ئـاغرىۋاتقانـدۇ دەپ ئويلىدى،تۇرلۇك ـ تۈمەن خىياللارغا پاتقان ناتالىيە.

ئاكسىنىيە ناتالىينى ئۆيگە كىرگۈزگەندىن كـېيىن ئىـ شىكنى ياپتى. ئاندىن ئىككى قولىنى ئاق پەرتۇقنىڭ ئـاسـ تىغا تىقىپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختىدى.

ـــ نېمىشقا كەلدىڭ؟ ـــ دەپ پىچىرلاپ سـورىدى ئاكـ سىنىيە تولكىلىك بىلەن.

ـــ بىر يۇتۇم سۇ ئىچسەم بولاتتى...ـــ دىدى ناتالىيەۋە بىگىزدەك نـەزەرلىرى بىلەن ئۆيىنى بـاشتىـن ئـاياق قاراپ چىقتى.

ئاكسىنىيە بىر نىمە دىمەي كۈتۈپ تۇردى، ناتالىيە ئاـ ۋازىنى ئاران چىقىرىپ گەپ باشلىدى:

ـــ سەن ئېرىمنى مەندىن تارتىۋالدىڭ... گىرىگورىينىـ قايتۇرۇپ بەر! ... سەن ... ئۆمرۈمنى خازان قىلدىڭ... كورۇپ تۇرۇپسەن، مەن قانداق بولۇپ قالدىم...

ـــ ئېرىمنى قايتۇرۇپ بەر دىدىڭما؟ ـ ئاكسىنىيە چىشـ لىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ياغۇر تامچىلىرى تاشقا تەككەندەك ھەر بىر سوزىنى تارسىلدىتىپ چىقىراتتى، ـــ ساڭا ئەر نېمەك بوـ لۇپ قالـدىمۇ؟ كىمدىن سوراۋاتىسەن؟ نىمىشـقا كەلـدىڭ؟... سورايدىغان ۋاقتىڭ ئوتۇپ كەتتى! ... كېچىكىپ قالـدىڭ! ...

ئاكسىنىيە پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن تەۋرىنىپ، زەھەرلىك

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆلكىسى بىلەن ناتالىيىنىڭ ئۈستىگە بېسىپ كەلدى.

ئۇ ئەمدى ئۆز رەقىبىنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قاراپ، مازاق قىلىشقا باشلىدى. مانا ئالدىدا — گىرىگورىيىنىڭ قانۇنىي تاشلاندۇق خوتۇنى تۇرۇپتۇ، ئۇ هازىر قايغۇغا چۆمۈپ، يەربەلەن يەكسەن بولۇپ، شۈمشىيىپ قالغان؛ مانا شۇ خوتۇننىڭ كاساپىتى بىلەن ئاكسىنىيە گىرىگورىيدىن ئاجرىلىپ،زار - زار يىغلاپ، قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ، يۈرىكىنى قان قىلغان شۇ ئايال ئەمەسمۇ؟ ئاكسىنىيە گىرىگورىيىنىڭ ئىشقىدا سارغىيىپ سامان بولۇپ، ئۇلەر هالەتكە يەتكەن چاغلاردا گىرىگورىيىنىڭ قويىنىدا راھەتلىنىپ ياتقان خوتۇن شۇ ئەمەسمۇ. بەلكى ئۇ ئاكسىنىيىنىڭ تەلىيى كاج كەلگەنلىكىگە كۆلۈپ «تاشلىۋېتىلگەن ئويىناش» دەپ مەسخىرە قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

— سەن تېخى مېنى گىرىگورىيدىن ۋاز كەچ، دەپ تەلەپ قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟ — ئاكسىنىيە هاسىراپ سۆزلەيتتى،— هەي، يىلان يېغىنى يالايدىغان مەككار يىلان!... گىرىشكىنى مەندىن دەسلەپ سەن تارتىۋالدىڭ! مەن ئەمەس، سەن... مەن بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقىنى سەن بىلەتتىڭغۇ، نېمىشقا ئۇنىڭغا تەگدىڭ؟ مەن ئۆزەمنىڭ گىرىشكامنى قايتۇرۇۋالدىم، ئۇ مېنىڭكى، ئۇنىڭدىن مېنىڭ بالام بار، سەنچۇ...

ئۇ ناتالىيىنىڭ كۆزىگە قاتتىق ئۆچمەنلىك بىلەن تىكىلەتتى، قوللىرىنى شىلتىپ، ئاغزىغا كەلگەن يامان سۆزلەرنى ئۇنىڭغا ياغدۇراتتى:

— گىرىشكا مېنىڭ، ئۇنى هېچكىمگە بەرمەيمەن! ...مېنىڭ! مېنىڭ! ئاڭلىدىڭمۇ؟ مېنىڭ!... كەشكىنى توغرىلا، نومۇسسىز قانچۇق، سەن ئۇنىڭ خوتۇنى ئەمەس. سەن تېخى با-

لىنى يىتىم قىلماقچىمۇ؟ ئوھۇي! نېمىشقا بۇرۇنراق كەلمىدىڭ؟ خوش، نېمىشقا بالدۇرراق كەلمىدىڭ، دەيمەن؟

ناتالىيە ئورۇندۇقتا يېنىچە پايىپاسلاپ كېلىپ، ئۈستىگە ئولتۇرۇپ قالدى، بېشى قولىنىڭ ئۈستىگە ساڭگىلاپ چۈشتى، يۈزىنى ئالقىنى بىلەن توسۇۋالدى.

— سەن ئۆزەڭنىڭ ئېرىنى تاشلاپ كەتكەنسەن... تولا غەۋغا كوتەرمە...

— مېنىڭ ئېرىم گىرىشكا، باشقا ئېرىم يوق، ئالەمدە ھېچنىمەم يوق!...

ئاكسىنىيە يۈرىكىدە پۈتمەس - تۈگىمەس ئاچچىق ئەلەم كېزىپ يۈرگەنلىكىنى ھېس قىلدى، ناتالىيىنىڭ رومىلىنىڭ ئاستىدىن قولىنىڭ ئۈستىگە ساڭگىلاپ چۈشكەن بىر تۇتام قارا چېچىغا تىكىلىپ قالدى.

— ئۇ ساڭا بەك ئىنتىزار بولۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ ئۆزەڭگە بىر قاراپباققىنا، بويىنىڭ مايماق بولۇپ قېلىپتۇ! ئۇ نېمەڭگە خۇشتار بولىدۇ؟ سېنى ساق ۋاقتىڭدا تاشلىۋەتكەن، ئەمدى تارتۇغىڭغا ئىچى كويەمدۇ؟ گىرىشكىدىن ئۈمىدىڭنى ئۈز. مېنىڭ گېپىم شۇ! قېنى، كەشىڭنى توغرىلا!

ئاكسىنىيە ئۆز ئۇۋىسىنى قوغداۋاتقان قۇشتەك چىرىلداپ، بۇرۇنقى تارتقان كۈلپەتلىرىنىڭ ئاچچىغىنى چىقىراتتى، ناتالىيىنىڭ بويىنى سەل - پەل قىڭغىرلىشىپ قالغانلىقىغا قارىماستىن، يەنىلا بۇرۇنقىدەكلا چىرايلىق ئىكەنلىكىنى، ئىككى مەڭزى بىلەن لەۋلىرى گۈلدەك ياشناپ تۇرغانلىقىنى كورۈپ، زەردە گوش بولاتتى، ئۆزىنىڭ كوزلىرى ئاستىغا بىمەزگىل قورۇق چۈشكەنلىكىگە ئاشۇ ناتالىيە سەۋەپ بولمىدىمۇ؟

— سىڭىلچە، مەن ئۇنى قولۇڭدىن قايتۇرۇۋېلىش ئۈمى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دى بىلەن كېلىپتىمەن ـ دە؟ — دېدى ناتالىيە قاتتىق ئازاپتىن خىرەلەشكەن كوزلىرىنى يۇقۇرىغا تىكىپ.

— ئەمىسە، نىمىشقا كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئاكسىنىيە ئاچچىغى بىلەن.

— ھەسرەت مېنى بۇ يەرگە سورەپ ئېلىپ كەلدى.

ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋاز بىلەن كارۋاتتا ياتقان بوۋاق ئويغىنىپ كەتتى ۋە بېشىنى كوتىرىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئاكسىنىيە بالىنى قولىغا ئېلىپ، دېرىزە تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ ئولتۇردى. ناتالىيىنىڭ پۈتۈن ئەزايى تىترەپ، يالىغا كوز تىكتى، گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولدى. بوۋاق بىر نەرسىگە پەمى يەتكەندەك ناتالىيىگە قىزىقىپ قارىدى، ناتالىيىگە گويا گىرىگورىي قاراپ تۇرغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئۇ ھوكرەپ يىغلاپ، دەلدەڭلەپ، پىشايۋانغا چىقتى، ئاكسىنىيە ئۇنى ئۇزاتقىلى چىقمىدى.

بىر ئازدىن كېيىن ساشكا بوۋا كىردى.

— بۇ قايسى ئايال ئىكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ، ئەھۋالنى پەملىگەندەك.

— يېزىدىن كەلگەن شۇنداق بىر ئايال.

ناتالىيە قورغاندىن 3 چاقىرىم يىراقلاشقاندىن كېيىن تاغ ئالمىسىنىڭ ئاستىغا كېلىپ يانپاشلىدى. ئۇ ھېچنىمىنى ئويلىمايتتى، تەسۋىرلەپ بولمايدىغان غەم ـ غۇسسىغا پاتقان ئىدى ... بالىنىڭ ئۇماقىنا يۈزىدە گىرىگورىينىڭكىگە ئوخشاش قاپ ـ قارا غەمكىن كوزلىرى مولدۇرلەپ تۇرغانلىقى ئۇنىڭ كوز ئالدىدىن كەتمەيتتى.

# 20

ئاشۇ كېچە گىرىگورىينىڭ مېڭىسىدە مەڭگۇ ئۆچمەيدى-
غان بىر خاتىرە بولۇپ ئورۇنلاشقان ئىدى. ئۇ تاڭ ئاتار
چاغدا ھوشىغا كېلىپ، قولى بىلەن ئۇ يەر بۇ يېرىنى تۇتۇپ
كوردى، قولىغا بوغداينىڭ قىلتىرىغىدەك بىر نەرسە سانچىلدى،
بېشى زىڭىلداپ ئاغرىغانلىقتىن[1] ۋاي - ۋايلاپ ئىڭرىدى، قو-
لىنى تەسلىكتە كوتىرىپ، پېشانىسىنى تۇتۇپ باقتى. مونەك -
مونەك قان ئۇيۇپ قالغان بىر تۇتام چېچىنى سىلىدى. يارى-
لانغان يەرگە بارمىقىنى تەككۈزۈۋىدى، يارىسى بىر پارچە
چوغنى باسقاندەك تويۇلدى، چىشىنى مەھكەم چىشلەپ ئوڭدى-
سىغا يېتىۋالدى. ئۇنىڭ بېشىدا ئەتىگەنكى ئۇششۇك تەككەن
دەرەخ ياپراقلىرى شىلدىرلاپ تۇراتتى. قارىيىپ كەتكەن شاخ-
لارنىڭ ئارىسىدىن كوپ - كوك ئاسمان ۋە چىمىرلاپ تۇرغان
يۇلتۇزلار كورۇنەتتى. گىرىگورىي كىرپىك قاقماستىن، كوزلى-
رىنى يوغان ئېچىپ ياتاتتى؛ ئۇنىڭغا بۇلار يۇلتۇز ئەمەس،
بەلكى ياپراقلارنىڭ بېغىشىدا ئېسىلىپ تۇرغان كوككۈش - سې-
رىق مۇۋىلەردەك تويۇلاتتى.

ئۇ، ئوزىنىڭ نىمە بولغانلىغىنى پەملەپ ۋە چوقۇم بىر
دەھشەتنىڭ يۈز لىنىدىغانلىغىنى ھىس قىلىپ، ۋەھىمە ئىچىدە
چىشىنى مەھكەم چىشلەپ ئومىلەشكە باشلىدى. ئومىلەپ - ئومى-
لەپ ئاغرىق بىر تۇتقاندا چىدىيالماي يەرگە موككىدە يېتى-
ۋالاتتى ... ئۇنىڭغا بەك ئۇزۇن ئومىلىگەندەك تويۇلۇپ كېتەت-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تى؛ ئۇ كۆچۈپ ئارقىسىغا قاراپ باقتى؛ 50 قەدەم يەردىكى دەرەخنىڭ قارىسى كۆرۈندى، تېخى بايىلا شۇ دەرەخنىڭ ئاستىدا مۆزلاپ ھوشسىز ياتقان ئىدىغۇ ... بىر قېتىم ئۇ، ئۆلگەن ئادەمنىڭ جەسىدىگە دۈچكېلىپ، تارشىدەك قېتىپ كەتكەن قوسىقىغا جەينىكىنى تىرەپ، ئۈستىدىن ئۆمىلەپ ئۆتتى. قان كۆپ كەتكەنلىكتىن كۆڭلى ئاينىپ، ئۆزىنى تۇتالماي، كىچىك بالىدەك يىغلىۋەتتى، ھوشىنى يوقاتماسلىق ئۈچۈن شەبنەم چۈشكەن ئاچچىق - چۈچۈك كۆكتاتلارنى چايناشقا باشلىدى. دۈم كۆمتۈرۈلگەن ئوق - دورا ساندۇقىنىڭ قېشىغا يەتكەندە ئورنىدىن تۇردى ۋە خېلىغىچە جايىدا دەلدەڭلەپ قوزغالالماي تۇرۇپ قالدى، ئاندىن مېڭىپ كەتتى. ئۇنىڭغا كۈچ - مادار كىرىپ، قاتتىق - قاتتىق دەسسەپ قەدەم تاشلاشقا باشلىدى. ئۆكەر يۇلتۇزىغا قاراپ شەرق تەرەپنىڭ يۆنۈلۈشىنى بىلىۋالدى.

ئورماننىڭ ياقىسىدا بىرسىنىڭ خىرىلدىغان ئاۋازى ئۇنى توختاتتى:

— ھەي، يېقىن كەلمە، ئېتىپ تاشلايمەن!

تاپانچىنىڭ شاراقلىغىنى ئاڭلاندى. گىرىگورىي ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قارىدى: قارىغاينىڭ ئاستىدا بىر ئادەم بېشىنى كۆتىرىپ ياتاتتى.

— سەن ئۆزەڭ كىم؟ — دەپ سورىدى گىرىگورىي. ئۆزىنىڭ ئاۋازى ئۆزىگە باشقا ئادەمنىڭ ئاۋازىدەك ئاڭلاندى.

— سەن رۇسمۇ؟ ياخۇدا! ... — كەل. كېلىۋەر! — دېدى قارىغاينىڭ ئاستىدىكى ئادەم يەرگە يېتىۋېلىپ.

گىرىگورىي ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئىنگۇش، — دېدى ئۇ.

— ئىگىشەلمەيمەن، — دېدى گىرىگورىي.

— نېمىشقا؟

— يىقىلىپ چۈشسەم، قوپالمايمەن، چۈنكى بېشىمغا قىلىچ تېگىپ يارىدار بولغانمەن...

— سەن قايسى قىسىمدىن؟

— 12 - دون پولكىدىن.

— ماڭا ياردەم قىل، كازاك...

— ئۆزەم ئارانلا تۇرىمەن، يىقىلىپ چۈشىمەن، جانابىي ئالىي (گىرىگورىي شىنېلىنىڭ مۈرىسىدىكى ئوفىتسېرلىك پاگونىنى بايقىغان ئىدى).

— قولۇڭنى بولسىمۇ بەر.

گىرىگورىي ئوفىتسېرگە ياردەملىشىپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئۇلار مېڭىپ كېتىشتى. ئەمما ھەر بىر قەدەم باسقاندا يارىدار ئوفىتسېر پۈتۈن ئېغىرلىقىنى گىرىگورىيغا سېلىپ، ئۇنىڭ قولىغا مەھكەم ئېسىلىۋالدى. ئويماندىن يۇقۇرى چىققاندا، ئۇ، گىرىگورىينىڭ يېڭىدىن چىڭ تۇتۇۋالدى - دە، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:

— مېنى تاشلاپ كەت كازاك ... يارام ئېغىر ... قوسىقىمدىن ئوق تېشىپ چىققان، — دېدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆزەينەكنىڭ ئاستىدىن خىرە پارقىراپ تۇراتتى. ئاغزى يوغان ئېچىلغان بولۇپ، خىرىلداپ ئارانلا نەپەس ئالاتتى. ئوفىتسېر ھوشىدىن كەتتى. گىرىگورىي ئۇنى ھاپاشلىۋالدى، گاھى يىقىلىپ، گاھى قوپۇپ، يەنە يىقىلاتتى. يارىدارنى ئىككى قېتىم تاشلاپ كېتىپ، يەنە قايتىپ كېلىپ، كۆتىرىۋالدى. ئۇ چۈش كورۇۋاتقاندەك ئەتراپنى غۇۋا كورۇپ كېتىۋەردى.

www.uyghurkitap.com

ئەتىگەن سائەت 11 لەردە ئالاقە كوماندىسى بۇلارنى كورۇپ قېلىپ، داۋالاش پونكىتىغا يەتكۈزۈپ قويدى.

بىر كۈندىن كېيىن گىرىگورىي داۋالاش پونكىتىدىن يوشۇرۇن چىقىپ كەتتى. يولدا بېشىدىكى لاتىنى ئېلىۋېتىپ، قان داغلىرى باسقان داكىنى بىمالال پۇلاڭلىتىپ، قەدەم تاشلاپ كېتىۋەردى.

— ۋۇي، ئاسماندىن چۈشتۈڭمۇ؟ — دەپ ھەيران بولدى بولۇنمە كوماندىرى.

— سەپكە قايتىپ كەلدىم، جانابى ئالى.

گىرىگورىي يۈز بېشىنىڭ قېشىدىن چىققاندىن كېيىن ۋىزۋوت ئورەدنىگىنى كوردى.

— ئېتىم قېنى؟... تورۇق نەدە؟

— بۇرادەر، ئېتىڭ ھېچنېمە بولمىدى، ساق تۇرۇپتۇ. ئاۋستىرىيىلىكلەرنى سۈرۈپ - توقاي قىلغاندىن كېيىن بىز ئۇنى ئاشۇ يەردىن تۇتۇۋالدۇق. ئۆزەڭ قانداق؟ بىز سېنى جايى جەننەتتە بولسۇن، دەپ ياد ئېتىپ يۈرگەن ئىدۇق.

— ئالدىراپ كېتىپسىلەر، — دەپ، كۈلدى گىرىگورىي.

بۇيرۇقتىن كوچۈرۈلگەن نۇسخە.

«12 - دون كازاكلار پولكىنىڭ كازاكى گىرىگورىي مېلېخوپ 9 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ پودپولكوۋنىكى گوستاۋ گىروز-بېرگنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يېفرېيتورلۇق دەرىجىگە كوتىرىلسۇن ھەمدە 4 - دەرىجە گېئورگى كرېستى مېدالى بىلەن مۇكاپاتلاشقا تەقدىم قىلىنسۇن».

بولۇنمىدىكى كازاكلار كامېنسكا - ستروملوۋشەھىرىدە ئىككى سوتكا تۇرغاندىن كېيىن، كېچىلەپ يولغا چىقىشقا ھازىر-

لىق كورۇۋاتاتتى. گىرىگورىي ئۆز ۋىژۇودىدىكى گازاكلار چۈشكەن ئۆينى ئىزلەپ تاپتى، ئاندىن ئىتنى كورگىلى چىقىپ كەتتى.

سومكىسىدىن بىر جۈپ ئىچ كىيىم بىلەن لوڭگىسى يوقىلىپ كېتىپتۇ.

— كوز ئالدىمدىلا ئوغرىلاپ كېتىشتى، گىرىگورىي، — دەپ ئۆززە ئېيتتى مىشكا كوشېۋوي؛ ئاتمۇ شۇنىڭ قولىدا ئىدى، — بۇ هويلىغا پىيادە ئەسكەرلەر توشۇپ كەتكەن ئىدى، شۇلارنىڭ بىرەرسى ئوغرىلىغان.

— باش - كوزۇمنىڭ سەدىقىسى، مەيلى، نىمە قىلسا قىلسۇن. ئەمما بېشىمنى تېڭىۋالمىسام بولمايدۇ، داكا هول بولۇپ كەتتى.

— مېنىڭ لوڭگەمنى ئال.

ئۇلار ئامباردا شۇ سوزلەرنى قىلىپ تۇرغاندا كوكۇلا چاچ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدا هېچ ئىش بولمىغاندەك گىرىگورىيغا قولىنى ئۇزىتىپ كورۇشتى.

— هە، مېلېخوپ! تىرىكمۇسەن، سەپرا؟

— يېرىم - ياتا.

— پىشانەڭدە قان بار، ئېرتىۋەت.

— ئېرتىمەن، تېخى.

— قېنى بىر كورەي، قەيىرىڭنى بىر نىمە قىلغاندۇ.

كوكۇلا چاچ، گىرىگورىينىڭ بېشىنى مەجبۇرى ئېگىپ، بۇرنىنى تارتىپ قويدى.

— بېشىڭنى ئالماي، چېچىڭنى ئېلىپ نىمە قىلىدىغاندۇ؟ سۇنى قارا، ئەبجىغىنى چىقىرىشىپتۇ!... دوختۇر داۋالايدىغان بولسا، ئۇزاققا كېتىسەن، كەل، ئوزەم داۋالاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گىرىگورىيىنىڭ رازىلىقىنى ئالماستىنلا، ئۇقدانىدىن بىر تال ئوقنى ئېلىپ، قوغۇشۇننى چىقىرىپ تاشلىدى، ئاندىن ئىچى- دىكى مىلتىق دورىسىنى قاپ - قارا ئالقىنىغا توكتى.

مىخايلو كىچىككىنە ئومۇچۇك تورى تېپىپ كەلگىنە.

كوشېۋوي قىلىچىنىڭ ئۇچى بىلەن تورۇستىكى ياغاچلار- نىڭ ئارىلىقىدىن بىر پارچە ئومۇچۇك تورىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ- غا بەردى. كوكۇلاچاچ ئاشۇ قىلىچنىڭ ئۇچى بىلەن يەرنى ئو- يۇپ، بىر چىمدىم توپىنى ئالدى - دە، ھېلىقى ئومۇچۇك تورى بىلەن دورىنى توپىغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇزاق چاينىدى. ئۇنى خېمىردەك مەلھەم قىلغاندىن كېيىن گىرىگورىيىنىڭ بېشىدىكى قان چىقىپ تۇرغان يارىسىغا چېپىپ قويدى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— ئۈچ كۈندىن كېيىن سەللىمازا ساقىيىپ كېتىسەن، ماڭا قارا، ياراڭغا مەن ئۆزەم پەرۋىش قىلىۋاتىمەن، سەن بولساڭ، مېنى ئېتىپ تاشلاشقا تاس قالغان ئىدىڭ.

— پەرۋىش قىلغىنىڭ ئۈچۈن رەھمەت، ئەمما سېنى ئۆلتۈرگەن بولسام، ساۋۋىنى تاپاتتىم.

— سەن تولىمۇ ساددا، جومۇ، يىگىت!

— بارىم شۇ، بېشىمنى نېمە قىلىپتۇ؟

— قىلىچنىڭ بىسى چارەك ئىلىك كېسىپتۇ، بۇ ساڭا ئۇنتۇلماس خاتىرە.

— ئۇنتۇمايمەن.

— مەيلى خالىغىن، خالىمىغىن. بۇنى ئۇنتۇيالمايسەن؛ ئاۋستىرىيىلىكلەر قىلىچنى چاقلىمايدۇ، گال قىلىچ بىلەن چېپىپتۇ، ئەمدى ئومۇر بويى تاتۇق بولۇپ قالىدۇ.

— بەختىڭ بار ئىكەن، گىرىگورىي، قىلىچ تېيىلىپ كېتىپتۇ، ئۇنداق بولمىغاندا، ئۆلۈكۈڭ ياقا يۇرتتا قېلىپ قالاتتى، — دەپ كۈلدى كوشېۋوي.

— شەپكەمنى نېمە قىلىمەن ئەمدى؟

گىرىگورىي ئۈستى كېسىلىپ، قانغا بويالغان شەپكىسىنى ھەيرانلىق بىلەن ئايلاندۇراتتى.

— ئىتقا تاشلاپ بەر، يەيدۇ.

— يىگىتلەر تاماق كەلدى، بولۇڭلار! — ئۆينىڭ ئىشىكىدىن توۋلىغان ئاۋاز كەلدى.

كازاكلار ئامباردىن چىقىشتى، تورۇق ئات گىرىگورىينىڭ ئارقىسىدىن كۆزلىرىنى مولدۇرلىتىپ كىشنىدى.

— ئۇ سېنى بەك سېغىنىپتۇ، گىرىگورىي! — كوشېۋوي بېشى بىلەن ئاتنى كۆرسەتتى، — مەن ئۇنىڭغا ھەيران قالدىم، ھېچنېمە يېمەيدۇ، پەقەت ئاندا - ساندا كىشنەپلا قويىدۇ.

— مەن ھوشىمغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى تولا چاقىرىپ كەتتىم، — گىرىگورىي باشقا تەرەپكە قارىۋېلىپ، پەس ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى، — مېنى تاشلاپ كېتىپ قالماس دەپ ئويلىغان ئىدىم، ئۇنى تۇتۇش قىيىن، يات ئادەمگە تۇتتۇق بەرمەيدۇ.

— توغرا، بىز ئۇنى ناھايىتى تەسلىكتە تۇتتۇق. ئارقان تاشلاپ تۇتۇۋالدۇق.

— قالتىس ئات، ئاكامنىڭ ئېتى، پېترونىڭ، — گىرىگورىي بۇياققا ئۆرۈلۈپ، نەملەنگەن كۆزلىرىنى يوشۇردى.

ئۇلار ئۆيگە كىرىشتى، دەھلىزدە يەرنىڭ ئۈستىگە كارۋاتتىن ئېلىنغان پۇرژىنىلىق توشەكنىڭ ئۈستىدە يېگور ژاركوپ خورەك تارتىپ ياتاتتى، ئۇنىڭ مۇنچىلىك قالايمىقان بولۇشى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇنىڭدىن دالالەت بېرەتتىكى، ئۇي ئىگىلىرى ئۆينى ئالدىراپ تاشلاپ كېتىشكەن ئىدى. سۇنغان قاچا ـ قۇچىلارنىڭ پارچىلىرى، يىرتىلغان قەغەزلەر، كىتاپلار، ئۈستىگە ھەسەل توكۈلۈپ كەتـكەن مۇۋۇت رەختلەر، باللار ئويۇنچۇقلىرى، ئەسكى ـ تۇسكى ئاياق كىيىملىرى، چېچىلغان ئۇن ـــ مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى يەرنىڭ ئۈستىدە ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ، ئۇرۇشنىڭ دەسـتىدىن ناله قىلىۋاتقاندەك ئىدى.

يېمىلەن گىروشوپ بىلەن پىروخور زىكوپ ئۇزلىرى ئولـتۇرغان جاينى تازىلاپ، چۈشلۈك تاماق يېيىشىۋاتاتتى. گىرـگورىينى كورۇش بىلەنلا زىكوپنىڭ ئاھۇ كوزلىرى چانىغىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى.

ـــ گىرىشكا! نەدىن كېلىپ قالدىڭ؟

ـــ ئېرىقى دۇنيادىن.

ـــ ھەي، يۇگۇر، گىرىگورىيغا شورپا ئېلىپ كەل، نىـمىشقا كوزۇڭنى چەكچەيتىسەن؟ ـــ دەپ ۋاقىرىدى كوكۇلاچاچ.

ـــ مانا ھازىر. ئاشخانا يېقىن، ئاۋۇ تار كوچىدا.

پىروخور بىر پارچە ناننى چاينىغان پېتى هويلىغا چىـقىپ كەتتى.

ھېرىپ كەتكەن گىرىگورىي ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇردى.

ـــ قاچاندا تاماق يېگەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن، ـــ دەپ كۇلدى ئۇ خىجىل بولۇپ.

3 ـ كورپوس قىسىملىرى شەھەر ئىچىدىن ئوتۇۋاتاتتى. تار كوچىلار پىيادە ئەسكەرلەر بىلەن تولغان، سان ساناقـسىز هارۋىلار، ئاتلىق قىسىملار توت كوچىدا تىقىلىشىپ توختاپ قېلىشقان، ئوينىڭ ئىشىگى يېپىقلىق تۇرسىمۇ، تالادىكى ۋاراڭـچۇرۇڭ، تاراق ـ تۇرۇق ئاۋازلار ئوينىڭ ئىچىگە ئاڭلىنىپ تۇـ

راتتى، كوپ ئۆتمەي، پىروخور بىر كورا شورپا ۋە بىر خالتىدا قارا بۇغداي يامىسىدىن پىشۇرۇلغان شويلاكوتىرىپ كەلدى.

— شويلىنى نىمىگە ئالىمەن؟

— مۇنۇ ساپلىق كورىغا ئال، — گىروشوپ دەرىـزىدە تۇرغان بىر قاچىنى كورسەتتى، ئۇنىڭ نىمىگە ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلمەيتتى.

— بەك سىسىق پۇرايدىغۇ، سىنىڭ بۇ كوراڭ، — پىروخور چىرايىنى پۈرۈشتۈردى.

— خالتىسى بىلەن قويۇپ تۇر، كېيىن بىرگەپ بولار.

پىروخور خالتىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى، راسا پىشقان قويۇق شويلىدىن هورچىقىپ تۇراتتى، كەھرىۋادەك ساپ - سېرىق يېغى چوردىسىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇلار گەپ - سۆز بىلەن راسا يېگىلى تۇردى. پىروخور كونىراپ كەتكەن شالۋۇرىغا يۇققان ياغنىڭ دېغىنى تۆكۈرۈگى بىلەن سۈرتۈپ پاراڭغا ئارىلاشتى:

— بىز تۇرغان مۇشۇ هويلىنىڭ يېنىدا ئاتلىق تاغ دىۋىزىيىسىنىڭ توپچى قىسىملىرى تۇرىدۇ، هازىر ئاتلىرىنى بېقىشىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر تونۇش دەرىجىلىك ئوفىتسېرى كېزىنتە كورۇپتۇ: نېمىسلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىتچىت بولۇپ كېتىپتۇ.

— تېخى سىنىڭ خەۋىرىڭ يوق، مېلېخوپ، ئەتىگەن بىز بۇ دىۋىزىيىنىڭ مىننەتدارلىغىنى تاپشۇرۇۋالدۇق، — دەپ غىڭىلدىدى كوكولاچاچ ئاغزىدىكى شويلىنى چاينىۋېتىپ.

— كىمدىن؟

— دىۋىزىيە باشلىغى گېنېرال لېيتېنانت فون دىۋىد بىزنى كورەكتىن ئوتكۈزدى، ۋېنگىر گۇسارلىرىنى تارمار كەلتۈرۈپ، ئوز زەمبىرەكلىرىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىغىمىز ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۈن بىزگە تەشەككۈر بىلدۈردى. بىر ئاز كېچىككەن بولساق توپلىرىمىزنى ئېلىپ كېتىشەر ئىكەن. «ئاپىرىن، كازاكلار، پادىشا ۋە ۋەتەن سىزلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ» — دىدى.

— شۇنداق دىگىن!

كوچىدا «پاك» قىلىپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى، ئارقىسىدىن يەنە بىر پاي ئېتىلدى، شۇنىڭ بىلەن پىلموتنىڭ تارتىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— چىد ـ قىد ـ ڭلار! — دەپ دەرۋازا تېشىدىن ۋاقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

كازاكلار قوشۇقلىرىنى تاشلاپ، دەرھال ھويلىغا چىقىشتى. ئۆلارنىڭ ئۈستىدە بىر ئايروپىلان پەس ئۇچۇپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ گۈركىرىگەن قۇدرەتلىك ئاۋازى ھەممە يەرگە دەھشەت سالدى.

— قاشانىڭ ئاستىغا يېتىۋېلىڭلار، ھازىر بومبا ياغدۇرىدۇ، يېنىمىزدا توپچى قىسىملار بار ئەمەسمۇ! — دەپ ۋاقىرىدى كوكۇلا چاچ.

يېگوركىنى ئويغىتىۋېتىڭلار! يۇمشاق توشەك ئۈستىدە ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلمىسۇن!

— مىلتىقنى قولغا ئېلىڭلار!

كوكۇلاچاچ پىشايۋاندا تۇرۇپ، ئايروپىلاننى نىشانغا ئېلىپ ئوق ئاتتى.

كوچىدا سولداتلارنىڭ شىقىلدۇ ئىگىنىشىپ، يۈگۈرۈپ يۈرۈشەتتى. ياندىكى قورادا ئاتنىڭ كىشنىشى ۋە چىرقىرىغان كومانداڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. گىرىگورىي بىر شازا ئوقنى ئېتىپ تۈگىتىپ، ئامنىڭ ئۈستىدىن مارىلىدى: توپچىلار پايپاسلاپ توپنى ئىتتىرىشىپ ئامبارنىڭ باستۇرمىسى ئاستىغا كىرگۈزۈۋاتاتتى. گىرى-

گورىي كوپ ـ كوك ئاسماندىن كوزى چاقنىپ، غۇيۇلداپ پەس ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ساغا تەسلىكتە كوز تىكەتتى؛ شۇ ئەسنادا ئايروپىلاندىن بىر نىمە شىددەت بىلەن ئۈزۈلدى، ئاپتاپنىڭ نۇرىدا يالت قىلىپ كەتتى. گۈلدۈرلىگەن دەھشەتلىك ئاۋازدىن ئوي ۋە پىشايۋاننىڭ ئاستىغا چاپلىشىپ يېتىۋالغان كازاكلار لەرزىگە كەلدى، ياندىكى هويلىدا بىر ئات جان ئۈزۈش ئالدىدا خولۇپلاپ چىرقىرايتتى. تامنىڭ تېشىدىن گۈڭگۈرت پوقىنىڭ ئاچچىق ئىسى كېلەتتى.

— ئۆزەڭلارنى دالدىغا ئېلىڭلار! — دەپ ۋاقىردى كوكۈلا چاچ پىشايۋاندىن قېچىپ.

گىرىگورىي ئۇنىڭ كەينىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، تامنىڭ تۈۋىگە يېتىۋالدى. ئايروپىلان قانىتىنىڭ ئالىيومىنىدىن قىلىنغان بىر يېرى ۋالىلداپ كەتتى؛ ئۇ ئەمدى قۇيرۇغىنى ئاستا ئاستا كوتىرىپ، ئەگىۋاتاتتى، كوچىدىكىلەر توپ ـ توپ بولۇشۇپ ئايروپىلاننى ئوققا تۇتۇشاتتى، ئاۋال نۇرغۇن مىلتىقلاردىن بىر يولى ئوق چىقتى، ئاندىن تەرتىپسىز ئېتىلغان ئوقلار ئۈزلۈكسىز ئاڭلىنىپ تۇردى. گىرىگورىي بىر شازا ئوقنى ئەمدىلا مىلتىقىقا بېسىپ تۇرۇشىغا بايىقىدىنمۇ دەھشەتلىك پارتلاش يۈز بېرىپ، ئۇنى تامنىڭ تۈۋىدىن بىر سارجىن نېرىغا ئۇلاقتۇرۇپ تاشلىدى، بىر پارچە چالما بېشىغا دۇملاپ چۈشتى. ئۈستىنى چاڭ ـ توپا بېسىپ، كوزىنى ئاچالماي قالدى...

كوكۈلاچاچ ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ قويدى، گىرىگورىينىڭ سول كوزى قاتتىق ئېچىشقانلىقتىن ئەترا پقا زادىلا قارىيالمايتتى؛ ئوڭ كوزىنى تەسلىكتە ئېچىپ، ئۇيان بۇيان قارىدى: ئوينىڭ يېرىمى ۋەيران بولۇپتۇ، خىشلىرى چۇل ـ چۇل بولۇپ دوۋىلىنىشىپ كېتىپتۇ، قىزغۇچ چاڭ ـ توزاڭ بۇۋەيرانلىق

نى قاپلىۋالغان ئىدى، پاچاقلىنىپ كەتكەن ۋەيرانىلىقنىڭ ئاس-
تىدىن يېگورۋاركوپ ئاران ئومىلەپ كېلىۋاتاتتى. يۈزىنىڭ ھەم-
مە يېرى ئىتماكاتالڭ بولۇپ كەتكەن، ئۇ ھە دەپ دات - پەر-
يات كۆتىرەتتى، قۇيۇلۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن مەڭزىگە قان-
ياش ئاقاتتى، ئۇ بويىنىنى قىسۋېلىپ، ئولۇكتەك قارىيىپ كەت-
كەن لەۋلىرىنى كېرىپ ۋاقىرايتتى:

— ۋاي - ۋاي - يەي! ۋاي - ۋاي - يەي!...

يوتىسىدىن سۇنۇپ، بىرپارچە تېرىسىگە ئېلىنىپ قالغان
بىر پۇتى كويگەن شىمىنىڭ پاقالچىغى ئۈستىدە توغرىسىغا سورۇ-
لۇپ قالغان ئىدى، يەنە بىر پۇتى تامامەن يوق ئىدى، ئۇ قول-
لىرىنى ناھايىتى تەسلىكتە مىدىرلىتىپ ئومىلەيتتى، بالىدەك
چىرقىرايتتى. تۇساتتىن ئاۋازى توختاپ قالدى ۋە ئاتىنىڭقىغى
بىلەن خىش پارچىلىرى چېچىلىپ ياتقان قاتتىق يەرگە يۈزىنى
يېقىپ يانپاشلاپ ياتتى، ئۇنىڭ قېشىغا ھېچكىم كەلمىدى.

— ئۇنى ئېلىپ كېتەيلى! — دەپ ۋاقىرىدى گىرىنگورىي
سول كوزىدىن قولىنى ئالماي تۇرۇپ.

ھويلىغا پىيادە ئەسكەرلەر يۈگۈرۈشۈپ كىردى. دەرۋازا
ئالدىدا تېلېفۇنچىلار ھارۋىسى توختىدى.

— ھارۋىنى ھەيدە، نىمىشقا توختىدىڭلار! — دەپ ۋاقى-
رىدى بىر ئوفىتسېر ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، — ھەي ھايۋانلار،
بىنومۇسلار!

قەيەردىندۇ ئۇزۇن قارا كەمزۇل كىيگەن بىرچال بىلەن
ئىككى ئايال كېلىپ قالدى، بىر توپ ئادەملەر ۋاركوپنى ئو-
رىۋالدى، گىرىنگورىي توپنى يېرىپ ئوتۇپ، ۋاركوپنىڭ تېخى
نەپەس ئېلىۋاتقانلىغىنى، خىرقىراۋاتقانلىغىنى، قاتتىق تىترە-



www.uyghurkitap.com

ۋاتقانلىغىنى كوردى. ئۇنىڭ ئولـۇكتەك سـارغىـيىپ كەتكەن پىشانىسىدە تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى.
ــكوتىر ئۇپلىڭلار ئۇنى! نىمەقاراپتۇرۇش...سىلەر ئادەممۇ ياكى هايۋانمۇ؟
ــ نىمەئانچە قاۋايسەن؟ ــ دەپ گۇركىرىدى ئۇزۇنتـۇرا بىر ئەسكەر، ــ ئىپلىڭلار، ئىپلىڭلار دەيسەن، نەگە ئىپلىپبىرىش مۇمكىن؟ قارىمامسەن، هازىر جان ئۇزىدۇ.
ــ هەر ئىككى پۇتى ئۇزۇلۇپ كىتىپتۇ.
ــ ئىقىۋاتقان قاننى كورمەمدىغان!...
ــ سانىتارلار نەدە ئىكەن؟
ــ بۇ يەردە سانىتار نىمە قىلىدۇ؟
ــ ئۇنىڭ تىخى هۇشى بار ئىكەن.
كوكۇلاچاچ گىرىگورىينىڭ يەلكىسىنى نوقىدى؛ گىرىگـو-رىي ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىدى.
ــ ئۇنى مىدىرلاتما، نىرىقى تەرىپىگە ئوتـۇپ قـاراپ باققىنا، ــ دەپ پىچىرلىدى كوكۇلاچاچ.
ئۇ گىرىگورىينىڭ يىڭىدىن تۇتۇپ، ئادەملەرنى ئىكـكى يانغا ئىتتىرىپ، نىرىقى تەرەپكە ئوتتى. گىرىگورىي بىر قارى-دى ـ دە، مۇكچىيىپ، دەرۋازىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ۋار-كوپىنىڭ قوسىغىدىن ئۇچەي ـ باغرى چۇۋۇلۇپ چىققان بولۇپ، ئالا ـ يىشىل رەڭدە پارقىراپتۇراتتى. چىرمىشىپ كەتكەن ئۇ-چەينىڭ بىر ئۇچى قۇم بىلەن تىزەك ئارىسىدا يىلانـدەك سو-زۇلۇپ كەتكەن ئىدى، بىچارە جان ئۇزۇش ئالدىـدا قولىنـى يىنىغا قويۇپ، گويا ئۇچەي ـ باغرىنى يىغىشتۇرۇۋالماقچىدەك بولاتتى...
ــ يۇزىنى يىپىپ قويۇڭلار، ــ دىدى بىرسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋاركوپ تۇساتتىن قوللىرىنى يەرگە تىرەپ، يۈزىنى ئاسمانغا قىلىپ، بېشىنى كۆتەردى، گەردىنى شالاققىدە ئىككى تاغىغى ئوتتۇرىسىغا ئۆرۈلدى، ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا خىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدى:

— بۇرادەرلەر، مېنى ئېتىپ تاشلاڭلار!... بۇرادەرلەر!... بۇرادەرلەر!... نېمە قاراپ تۇرۇسىلەر؟... ئا-ھا-ا-ا-ا!... بۇرادەرلەر! ... مېنى ئېتىپ تاشلاڭلار!...

## 21

ۋاگون يۇمشاق تەۋرىنەتتى، چاقلارنىڭ ئەللەي ئەتكۈچى تاقۇر-تۇقۇرى كىشىنى ئۆگدىتەتتى. ۋاگوندىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا پانۇستىن ساغۇچ يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. ئىككى ھەپتىدىن بۇيان پۇتتىن ئاجرالمىغان ئۆتۈكنى سېلىپ تاشلاش، ئۇيۇشۇپ قالغان پۇتلارغا ئارام بېرىش، سوزۇلۇپ يېتىش نېمە دېگەن ياخشى: ئۈستۈڭدە ھېچقانداق مەجبۇرىيەت بارلىقىنى ھېس قىلمىساڭ، ھاياتىڭ خەۋپ-خەتەردىن خالى بولۇپ، ئەجەل يىراق-يىراقتا قالغانلىقىنى بىلىپ تۇرساڭ — بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت بارمۇ؟ بولۇپمۇ، چاقلارنىڭ ئۆز ئارا گۈدۈك-گۈدۈكلىرى تولىمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ: چۈنكى چاقلارنىڭ ھەر بىر ئايلىنىشى، پاراۋۇزنىڭ ھەر بىر سىلكىنىشى — ئالدىنقى سەپتىن بارغانسېرى يىراقلىشىش دېگەن سۆز. مانا گىرىنگورىيمۇ شۇ ئاۋازغا قۇلاق سېلىپ يېتىپتۇ، يالىڭاياق پۇتلىرىنىڭ بارماقلىرىنى مىدىرلىتىپ قوياتتى، پاكىز ئىچ كىيىم-

لىرىنى بايىلا يەڭگۈشلىۋالغان بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى راھەتلىـ
نەتتى. ئۇ ئۆزىنى گويا بىر قات ئىپلاس تېرىسىنى تاشلاپ، غۇبارسىز، پاك باشقا بىر ھاياتقا قەدەم قويغاندەك ھېس قىلاتتى.

ئەمما سول كۆزىنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىشى تىنچ، ئارامبەخش خۇشاللىقىنى بۇزاتتى. ئاغرىقى تۇرۇپلا بېسىلىپ قالاتتى، تۇ- يۇقسىز يەنە قوزغىلاتتى - دە، كۆزلىرى ئۇتتەك يېنىپ، تېڭىقـ نىڭ ئاستىدىن ئىختىيارسىز ياش تامچىلىرى توكۈلەتتى. كا- مېنكا - سىترۇمىلىۋودىكى داۋالاش پونكىتىدا ياشقىنا بىر يە- ھۇدى دوختۇر گىرىنگورىينىڭ كۆزىنى تەكشۈرۈپ، بىر پارچە قەغەزگە بىر نىمىلەرنى يازغان ئىدى.

— سىزنى ئار قاسەپكە ئەۋەتىشكە توغرا كېلىدۇ، كۆز- ڭىزنى داۋالاتمىسىڭىز ناھايىتى چاتاق بولىدۇ، — دىگەن ئىدى دوختۇر.

— ئالغاي بولۇپ قالامدىمەن؟

— ياقەي، ئەندىشە قىلماڭ، — دەپ مۇلايىملىق بىلەن كۈلدى دوختۇر، چۈنكى گىرىنگورىينىڭ سوئالىدىن قورققانـ لىقى بىلىنىپ تۇراتتى، — كۆزىڭىزنى داۋالاش زورۇر، بەلـ كى ئوپېراتسىيە قىلىشقا توغرا كېلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى يىراق ئارقا سەپكە، پېتروگرادقا ياكى مەسىلەن، موسكۋاغا ئەۋەتىمىز.

— رەھمەت.

ھەرگىز قورقماڭ، كۆزىڭىز پۈتۈنلەي ساقىيىپ كېتىدۇ، — دوختۇر ئۇنىڭ يەلكىسىگە قېقىپ قويىدى ۋە قولىغا بىر پارچە قەغەزنى بېرىپ، گىرىنگورىينى ئاستا ئىتتىرىپ كورىدورغا چىقار- دى. ئۇ يەڭلىرىنى تۇرۇپ ئوپېراتسىيىگە تەييارلىنىۋاتاتتى.

گىرىگورىي بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىكتىن كېيىن سانىتار پويىزىغا ئاران ئېلىنىشالىدى، بىرسوتكا ئارام خۇدا دەم ئېلىپ، راھەتلىنىپ ياتتى. كونىراپ شالاقلاپ قالغان پاكار بىر پاراۋۇز كوپ ۋاگون چېتىلغان پويىزنى بار كۇچى بىلەن ئاران - ئاران تارتاتتى، موسكۋاغا ئاز قالغان ئىدى.

پويىز كېچىسى يېتىپ كەلدى. ئېغىر يارىدارلارنى زەمبىلگە سېلىپ ۋاگوندىن ئېلىپ چۇشۇشتى؛ ئوزى ماڭالايدىغانلار تىزىمغا ئېلىنغاندىن كېيىن ۋوگزال سۇپىسىغا چىقىشتى: شۇ پويىزدا بىللە كەلگەن دوختۇر تىزىملىككە قاراپ گىرىگورىينى قىچقاردى، ئۇنى تىببى ھەمشىرىگە كورسىتىپ:

— بۇ كىشىنى دوختۇر سىنېگىرېپنىڭ كوز شىپاخانىسىغا تاپشۇرىسىز! كولپاچنى كوچىسىدا، — دىدى.

— نەرسە - كېرەكلىرىڭىز ئوزىڭىز بىلەن بىللىمۇ؟ — دەپ سورىدى ھەمشىرە.

— كازاكتا نەرسە - كېرەك نىمە قىلسۇن؟ سومكام بىلەن بىر شىنېلىم بار، باشقا نەرسەم يوق.

— قېنى يۇرۇڭ.

ھەمشىرە چېچىنىڭ قىسقۇچ قىسقان يېرىنى تۇزەپ، كوينىگىنىڭ ئېتىگىنى شىلدىرلىتىپ ئالدىدا ماڭدى. گىرىگورىي ئىشەنچسىزرەك قەدەم تاشلاپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇلار ئىزۋاشقا چۇشۇپ يولغا راۋان بولدى، ئۇيقۇغا كېتىۋاتقان چوڭ شەھەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى، تىرامۋايلارنىڭ جىرىڭلىشى، رەڭگا - رەڭ ئېلېكتىر چىراقلىرىنىڭ كوزنى چاقنىتىدىغان يورۇغى گىرىگورىينى ھاڭ - تاڭ قىلىپ قويدى. ئىزۋاشنىڭ ئارقا يولەنچۇگىگە يولىنىپ ئولتۇرغان گىرىگورىي كوچىلارغا قاراپ تويمايتتى، يېرىم كېچە بولۇپ قالغان بولسىمۇ،

ئادەم مىغ ـ مىغ ئىدى، يېنىدا بىللە ئولتۇرغـان ھەمشىرىنىڭ ئىللىق بــەدىنى، بەدىنىگە تەككەندە ئۆزىنى غەلىتە ھىس قىــلاتتى. موسكۋادا كۆز ھاۋاسى سېزىلىپ تۇراتتى. چوڭ كـوچىــلاردىكى دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى چىراق يورۇغىدا ئـاچ سېـرىق تۇس ئالغان، تۇن سوغۇق نەپەس ئالاتتى، چەت يـوللار نەم تارتقان، ھەتتا بۇلۇتسىز ئاسمان قەرىدە چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارمۇ كۆز پەسلىگە خاس سوغۇق نۇر چاچاتتى، ئۇلارشەـھەرنىڭ مەركىزىدىن ئۇتۇپ، ئادەمسىز تار كوچىغا كىرىپ كېـلىشتى، ئات تۇياقلىرى تاشقا تېگىپ تاراقلاشقا باشلىدى،پوپـلارغا ئوخشاش كوك ئۇزۇن چاپان كىيگەن ئـىزۋاشچى ئـىگىز ئورۇندۇقنىڭ ئۇستىدە تـەۋرىنىپ ئـولتۇراتتى؛ تــىزگىنىنىڭ ئىككى ئۇچىنى سىلكىپ، سالپاڭ قۇلاق ئېتىنى ھـەيدەپ بـاـراتتى. شەھەرنىڭ چەت بىر يېرىدە پاراۋۇزنىڭ مورىگەن ئـاـۋازى ئـاڭلىناتتى، شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ بىرەرسى دونغـا قـاـراپ يولغا چىققان بولسا ئەجەپ ئەمەس، دەپ ئويلىدى گىرىـگورىي قايغۇغا چومۇپ.

ــ ئۇگدەك باستىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى ھەمشىرە.

ــ ياق.

ــ ھازىر يېتىپ بارىمىز.

ــ بىر نەرسە دىدىڭىز مۇ؟ ــ ئىزۋاشچى قايرىلىپقارىدى.

ــ ھەيدەۋەر!

تومۇر شالاسۇن بىلەن ئورالغان كـولنىڭ سۇيى ياغدەك پارقىراپ كورۇندى، ئىككى تەرىپى پەنجىرىلىك كوۋرۇككە باغـلاپ قويۇلغان قېيىق كوزگە چېلىقتى، ھـولچىلىكنىڭ پـۇرىقى دىماققا ئۇرۇلاتتى.

«سۇنىمۇ ئەركىگە قويۇۋەتمەستىن، تومۇر رىشاتكا ئىچىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېلىپ قاماپ قويۇپتۇ، دون دەرياسىنىڭ سۈيى ...» — گىرىگورىي غۇۋا ئۈي ئۈيلايتتى، ئىززاشنىڭ، رېزىنكە چاقلىرى ياپراقلارنى شىلدىرلىتىپ بېسىپ ئۆتەتتى.

ئۈچ قەۋەتلىك بىنا ئالدىدا ئىززاش توختىدى، گىرىگورىي شىنېلىنى بىرقۇر ئوڭلاپ ئىززاشتىن سەكرەپ چۈشتى.

— قولىڭىزنى بېرىڭ، — دەپ ھەمشىرە ئىڭىشتى.

گىرىگورىي ئۇنىڭ يۇمشاق، نازۇك قولىدىن تۇتۇپ پەسكە چۈشۈرۈپ قويدى.

— سىزدىن سولداتقا خاس تەرىنىڭ پۇرىقى كېلىپتۇرىدۇ، — دەپ ئاستا كۈلۈپ قويدى ئالىپتە ھەمشىرە، ئاندىن ئىشىكنىڭ قېشىغا كېلىپ قوڭغۇراقنى باستى.

— سىزمۇ بىزبارغان يەردە بولسىڭىز، بەلكى سىزدىن تۈنىگىدىنمۇ بەتتەر پۇراق چىققان بولاتتى، — دەپ ئاستا گەپتە چېقىۋالدى گىرىگورىي.

ئىشىك باقار ئىشىكنى ئاچتى، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن نەقىشدار پەنجىرىلىك پەلەمپەي بىلەن ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىشتى؛ ھەمشىرە يەنە قوڭغۇراقنى باستى، ئاق خالات كىيگەن بىر ئايال ئۇلارنى ئىشىكتىن كىرگۈزدى، گىرىگورىي يۇمۇلاق شىرەنىڭ قېشىدا ئولتۇردى، ھەمشىرە ئاق خالات كىيگەن ئايالغا پەس ئاۋاز بىلەن بىرنىمىلەرنى دەپ بەردى، ئۇ ھەممىنى يېزىۋالدى.

ئۇزۇن كەتكەن تار كورىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىشىكلەردىن ھەر خىل كوزەينەك تاقىغان باشلار قاراپ تۇرۇشاتتى.

— شىنېلىڭىزنى سېلىۋېتىڭ، — دېدى ئاق خالاتلىق ئايال.

يەنىلا ئاق خالات كىيگەن بىر خىزمەتچى گىرىگورىينىڭ قولىدىن شىنېلىنى ئېلىپ ۋاننا ئۆيگە باشلاپ كىردى.

— ھەممە كىيىم - كېچەكلىرىڭىزنى سېلىپ تاشلاڭ، — دېدى ئۇ.

— نېمىشقا؟

— يۇيۇنۇش كېرەك.

گىرىگورىي يېشىنىپ، ھەيرانلىق بىلەن ئۆيى ئىچىنى ۋە دەرىزىنىڭ ئاپپاق ئەينەكلىرىنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغىچە، ھېلىقى خىزمەتچى ۋاننىغا سۇ توشقۇزدى. سۇنىڭ ھارارىتىنى تەكشەپ، گىرىگورىينى سۇغا چۈشۈشكە تەكلىپ قىلدى.

— بۇ تەگنىگە پاتماسمەنمىكىن، — گىرىگورىي ئىزا تارتىپ، قاپ - قارا يۇڭباسقان پۇتىنى ئاستا سۇغا سالدى.

خادىم ئۇنى ئوبدان يۇيۇندۇرغاندىن كېيىن، شىدشاپ، ئىچ كىيىم، پۇتقا ساپىدىغان كەش، بەلۋاغلىق كوك خالات بەردى.

— ئوزەمنىڭ كىيىمىمچۇ؟ — دەپ ھەيران بولدى گىرىگورىي.

— مۇشۇ كىيىم بىلەن يۈرىسىز، سىزنىڭ كىيىمىڭىزنى شىپاخانىدىن چىققاندا قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

گىرىگورىي دەھلىزدىكى چوڭ تاش ئەينەكنىڭ يېنىدىن ئوتۇپ كېتىۋېتىپ، ئوزىنى تونۇيالماي قالدى: يۈزلىرى قارىيىپ، ئىككى مەڭزى ئىسسىقتىن قىزىرىپ كەتكەن، كوزىنى تاڭغان لاتىنىڭ ئاستىدىن قارا چاچلىرى ھورپىيىپ تۇرغان، كوك خالات كىيگەن ئىگىز بويلۇق بۇ يىگىت ئاۋالقى گىرى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى

گورىيغا ئازراقلا ئوخشايتتى، ئۇنىڭ بۇرۇتى، جىنگىلەك سا-قىلى ئوسۇپ كەتكەن ئىدى.

«ئاشۇ ۋاقىت ئىچىدە خېلى ياشىرىپ قېلىپتىمەن جۇمۇ»— گىرىگورىي مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى.

— 6 - پالاتا، ئوڭ قولدىكى 3 - ئىشىك، — دەپ كور-سىتىپ قويىدى خىزمەتچى.

گىرىگورىي چوڭ، ئازادە ئاپپاق ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا، ئاق خالات كىيگەن، كوك كوزەينەك تاقىغان پوپ ئورنىدىن تۇردى.

— يېڭى كەلدىڭىزمۇ؟ ناھايىتى ياخشى، ئەمدى زېرىك-مەيمىز، مەن زارايىسك دىگەن يەردىن كەلدىم، — پوپ تە-كەللۇپ بىلەن گىرىگورىيغا ئورۇندۇق كورسەتتى.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن يۈزى تەۋەككەك سېمىز بىر قېلدىشىر ئايال كىرىپ كەلدى.

— مېلېخوپ، يۇرۇك، كوزىڭىزنى كورىمىز، — دىدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن ۋە شۇ زامان گىرىگورىيغا يول بېرىپ، بىر چەتكە ئوتۇپ تۇردى.

## 22

ئارمىيە قوماندانلىقى غەربىي جەنۇپ فرونتىنىڭ شېۋېل رايونىدا كولىمى غايەت زور ئاتلىقلار ھۇجۇمىنى باش-لاش ئارقىلىق دۇشمەن سېپىنى يېرىپ ئوتۇپ، ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىگە چوڭ ئاتلىقلار ئەترىدىنى ئوتكۇزۇۋېلىشى قارار قىل-

غان ئىدى؛ بۇ ئەترەتكە فرونت بويلاپ ئىچكىرىلەپ كىرىش، ئالاقە يوللىرىنى بۇزۇش، تۇيۇقسىز بېسىپ كىرىپ، دۈشمەن قىسىملىرىنى تېرە-پېرەن قىلىش ۋەزىپىلىرى يۈكلەنگەن ئىدى. بۇ پىلاننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا قوماندانلىق زور ئۈمىد باغلىغان ئىدى؛ مەزكۇر رايونغا ناھايىتى كۆپ ئاتلىق ئەسكەر كەلتۈرۈلدى؛ باشقا ئاتلىقلار پولكلىرى قاتارىدا يۈز بېشى لىستنىتسكى خىزمەت قىلغان كازاكلار پولكىمۇ شۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىنگەن ئىدى. 28-ئاۋغۇستتا ھۇجۇم باشلاش كېرەك بولسىمۇ، يامغۇر يېغىش سەۋەبلىك 29-ئاۋغۇستقا كېچىكتۈرۈلدى.

ھۇجۇمغا تەييارلانغان دىۋىزىيە ئەتىگەندىن بۇيان چوڭ مەيداندا سەپكە تىزىلىشقا باشلىغان ئىدى.

پىيادە قىسىملار دۈشمەننىڭ ئوت كۈچىنى ئۆزى تەرەپكە قارىتىپ تۇرۇش مەقسىدىدە ئوڭ قاناتتىن 8 چاقىرىم نېرىدا يالغان ھۇجۇم باشلىدى؛ بۇ ساختا ھۇجۇمغا ماسلىشىش ئۈچۈن يەنە بىر ئاتلىق دىۋىزىيىنىڭ قىسىملىرى باشقا تەرەپتىن ھەركەت قىلدى.

ئەڭ ئالدىدا، بىر نەچچە كوز يېتىم جايدا دۈشمەننىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. لىستنىتسكى بولۇنمىسىدىن بىر چاقىرىم نېرىدا دۈشمەن تاشلاپ كەتكەن قاپ-قارا ئاكوپلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ نېرىسىدا دوڭلۇقتە تېرىلغۇ يەرلەر، شامال توزىتىۋەتكەن تاڭ ئالدىدىكى كۆكۈش تۇمان كۆزگە تاشلىناتتى.

تەييارلىنىۋاتقان بۇ ھۇجۇمنى دۈشمەن قوماندانلىقى بىلىۋالدىمۇ ياكى ئالدىن سېزىپ قالدىمۇ، ئەمما 29-ئاۋغۇستقا ئۆتەر كېچىسى دۈشمەن قوشۇنلىرى ئاكوپلىرىنى تاش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لاپ، 6 چاقىرىم ئارقىغا چېكىنگەن، مەلۇم ئەسكەرلەرنى پىلىموتلار بىلەن پىستىرمىغا قويغان، پىستىرمىدىكى پىلىموتلار ھەممە يەردە بىزنىڭ پىيادىلىرىمىزگە ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىمكان بەرمەيتتى.

ئۇپۇقتىن كوتىرىلىۋاتقان قۇياش نە ـ نەلەردە، توپ ـ توپ بۇلۇتلارنىڭ ئارقىسىدا نۇر چاچاتتى، ئەمما ۋادىنى ھامان ساغۇچ تۇمان قاپلاپ تۇراتتى، ھۇجۇم كوماندىسى بېرىلدى، پولكلار قوزغالدى، قانچە مىڭلىغان ئات تۇياقلىرىنىڭ گۇلدۇرلىگەن ئاۋازى يەر ئاستىدىن ئاڭلانغاندەك بولاتتى. لىستنىتسكى ئۆزىنىڭ نەسىللىك ئېتىنى تىزگىنىدىن مەھكەم تارتىپ چاپقىلى قويمايتتى. بىر يېرىم چاقىرىم يول ئارقىدا قالدى. توپ ـ توپ سەپ تارتىپ ھۇجۇم قىلىۋاتقانلار بارغانسېرى ئاشلىق ئېتىزلىرىغا يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئېگىزلىكى بەلدىن ئاشىدىغان بۇلۇق بۇغدايلارنى يوگىمەچ ئوت چىرمىۋالغانلىقتىن، ئاتنىڭ چېپىشىنى ناھايىتى قىيىنلاشتۇراتتى. ئالدىدا يەلپۈنۈپ تۇرغان ئالتۇن باشاقلار ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا چەيلىنىپ يېتىپ قالاتتى. 4 چاقىرىم ئالغا ئىلگىرىلىگەندىن كېيىن ئاتلار مۇدۇرۇشكە باشلىدى، خېلىلا تەرگە پاتتى، — دۈشمەن يەنىلا كورۈنمەيتتى، لىستنىتسكى كوماندىرغا تىكىلىپ قارىدى: ياساۋۇلنىڭ چىرايىدا ئۈمىتسىزلىك ئالامىتى پەيدا بولغان ئىدى.

ئاتلار 6 چاقىرىمچە مىسلىسىز چاپالىق يولنى بېسىپ ئۆتكىچە، كۈچ ـ قۇۋۋەت، دەرمانى قالمىدى، بەزى ئاتلار يىقىلىشقا باشلىدى؛ ئەڭ چىدامىلىق ئاتلارمۇ سەنتىرەكلەپ ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ ئالغا ئىنتىلەتتى، نەق شۇ پەيتتە ئاۋستىرىيىلىكلەرنىڭ پىلىموتلىرى تاتىلداپ ئوت ئېچىشقا

باشلىدى. مىلتىقلاردىن باپ-باراۋەر ئوق ئېتىلدى ... تەجەل
ياغدۇرىدىغان ئوقلار ئالدىنقى قاتاردىكىلەرنى ئۈژمىدەك تو-
كۈۋەتتى، ھەممىدىن بۇرۇن ئولانلار① ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ئار-
قىغا بۇرۇلۇپ قېچىشقا يۈز تۇتتى، كازاكلار پولكى بىتچىت
بولۇپ كەتتى؛ ئالاقزادە بولۇپ قاچقان ئادەملەر ئۈستىگە پى-
لىموتلار مولدۇر ياغدۇردى، توپلار ئوقۇقا تۇتۇشقا باشلىدى.
مىسلى كۆرۈلمىگەن كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم، قوماندانلىقنىڭ
جىنايەتكارانە بىپەرۋالىقى تۈپەيلىدىن تولۇق تارمار بولۇش
بىلەن ئاياقلاشتى، بەزى پولكلاردا ئادەملەر بىلەن ئاتلارنىڭ
تەڭ يېرىمى قىرىلىپ كەتتى. لىستنىتسكىنىڭ پولكىدىن ئۆل-
گەن ۋە يارىدار بولغانلارنىڭ سانى 400 گە يېقىنلىشىپ قالدى
ۋە 16 ئوفىتسېردىن ئايرىلدى.

لىستنىتسكىنىڭ ئاستىدىكى ئات ئۆلدى، ئۆزىنىڭ ئىككى
يېرىگە ئوق تەگدى: بىر ئوق بېشىغا، يەنە بىر ئوق پۇتىغا
تەككەن ئىدى. ۋاخمىستىر چېبوتارېپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ،
لىستنىتسكىنى كوتەرگەن پېتى ئىگەرنىڭ ئۈستىگە ئالدى-
دە، بەدەر قاچتى.

دىۋىزىيە ئىشتاۋىنىڭ باشلىقى، باش ئىشتاپ پولكوۋنى-
كى گولوۋاچېپ، بۇ ھۇجۇمنىڭ بىر نەچچە مەنزىردىنى سۆ-
رەتكە ئالغان ئىدى، كېيىن بۇ سۈرەتلەرنى ئوفىتسېرلەرگە كور-
سىتىۋىدى، يارىدار بولغان يۈز بېشى چېرۋەكوپ بىرىنچى بو-
لۇپ ئۇنىڭ يۈزىگە مۇشت بىلەن بىرنى سالدى ۋە يىغلاپ تاش-
لىدى. كازاكلار بېسىپ كېلىپ گولوۋاچېپنى قىيما-چىيما قىلى-
ۋەتتى ۋە ئۆلۈكىنى ئۇزاققىچە دەسسەپ-يەنچىپ، يولنىڭ

① ئولانلار — يېنىك ئاتلىق قىسىملار.

چىپىدىكى يۇندا ئېرىقىغا تاشلىۋەتتى. ئۇزىنىڭ شەرمەندە بولغانلىقى بىلەن نام چىقارغان بۇ ھۇجۇم ئەنەشۇنداق ئاياغلاشتى.

لىستىنىتىسكى ۋارشاۋادىكى ھەربىي شىپاخانىدىن ئاتىسىغا خەت يېزىپ، بىر ئاز ساقىيىش بىلەنلا سىزنىڭ قېشىڭىزغا بارىمەن، ئاتپوسكامنى ياگودنويىدا ئۆتكۈزىمەن، دەپ خەۋەر قىلىۋەتتى. چال خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇزكابىنېتىنىڭ ئىشىگىنى تاقاپ، ئۇ يەردىن ئەتىسى قاپىقىدىن قار ياققان ھالدا ھويلىغا چىقتى. نىكىتىچقا يورغا ئاتنى 4 چاقلىق پوچتىغا قوشۇشقا بۇيرۇق قىلدى، ئەتىگەنلىك تامىقىنى يەپ بولۇپ، ۋىشېنىسكاياغا يۈرۈپ كەتتى. ئوغلىغا تېلېگىراف ئارقىلىق 400 سوم پۇل ئەۋەتتى ۋە قىسقىچە خەت يازدى:

«سەن ئەزىز بالام ئوت بىلەن ئېلىشىپ، يارىدار بولۇپسەن، بۇ پەقەت مېنى خوشاللاندۇرىدۇ، خالاس. سېنىڭ ئالىجاناپ قىسمىتىڭ پادىشا سارىيىدا ئەمەس، ئاشۇ جەڭ مەيدانىدا. سەن ئىنتايىن نومۇسچان ۋە ئەقىللىق ساغلام بولغانلىقىڭ ئۈچۈن خوشامەتكويلۇق قىلالمايسەن، ۋىجدانىڭ بۇنىڭغا يول قويمايدۇ. بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىزدىن ھېچكىم خوشامەتكويلۇقنى ئۆزىگە راۋا كۆرگەن ئەمەس. بىر زامانلاردا شاھنىڭ غەزىۋىگە ئۇچراپ، سارايدىن چەتلەنگەنلىكى ۋە ياگودنويىدا ھايات كەچۈرگەنلىكى ئاشۇ خىسلەتنىڭ تۈپەيلىدىن بولغان، ئۇ، تاجىداردىن ھەرگىز مەرھەمەت كۈتمىدى ۋە ئۇمىتۋارمۇ بولمىدى. سالامەت بول، ژېنە، تېزرەك ساقايغىن، ئالەمدە سەندىن باشقا ھېچنىمەم يوق، بۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇن. ھامىناڭ سالام ئېيتتى، ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى. ئۇۆزەم توغرىسىدا يازىدىغانلىرىم يوق، قانداق ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقىم ئۆزەڭگە مەلۇم. فرونتتا يەنە نىمە ئىشلار بولۇۋات-

مۇ؟ ئۆيەردە ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا بىرەر كىشى يوقمۇ؟ مەن گېزىت خەۋەرلىرىگە ئىشەنمەيمەن، — باشتىن ئاياق يالغان. مەن بۇنى ئۆتمۈش يىللارنىڭ مىسالىدىن بىلىمەن. يېۋگېنىي، شۇنداق قىلىپ، بىز بۇ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالارمىزمۇ؟

ئۆيگە قايتىپ كېلىشىڭنى ئىنتايىن سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتىمەن!»

دەرۋەقە قېرى لىستىنىتسكىگە ئۆز تۇرمۇشى ھەققىدە يازغۇدەك ھېچنىمە يوق ئىدى، ھاياتى بۇرۇنقىدەكلا بىر خىل ئوتۈپ كېتىپ باراتتى، پەقەت ئىشچى كۈچىنىڭ باھاسى ئۆسكەن ھەمدە ئىچىملىككە مىچىل بولۇپ قالغان ئىدى. پان پات ـ پات ئىچىپ تۇراتتى، ئۆزى تېرىككەك ھەم ئىنچىق بولۇپ قالدى. بىر كۈنى كېچىسى بىمەزگىل ئاكسىنىيىنى قىچقارتتى.

— سەن خىزمەتنىڭ ھوددىسىدىن چىقالمايۋاتىسەن، — دېدى ئۇ، — تۈنۈگۈن نېمىشقا ئەتىگەنلىك تاماقنى سوۋغاق ئېلىپ كىردىڭ؟ قەھۋە ئېلىپ كىرگەن ئىستاكان نېمىشقا پاكىز يۇيۇلمىغان؟ بۇندىن كېيىن بۇ ئىش يەنە تەكرارلىنىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا مەن سېنى، ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئىشتىن بوشىتىۋېتىمەن. پاسكىنىچىلىققا تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن! — پان كەسكىن قىلىپ قولىنى سىلكىدى، — ئاڭلىدىڭمۇ؟ چىداپ تۇرالمايمەن.

ئاكسىنىيە لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلەپ تۇردى ۋە تۇساتتىن يىغلاپ تاشلىدى:

— نىكولاي ئالېكسېيېۋىچ! قىزىم ئاغرىپ قالدى، ھازىرچە ماڭا بىر نەچچە كۈنلۈك رۇخسەت بەرسىڭىز ... يېنىدىن پەقەت ئاجرىيالماي قالدىم.

— نېمە بولۇپتۇ ئۇ؟

— گېلى بوغۇلۇپ نەپەس ئالالمايدۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بوغما كېسەل ئوخشىمامدۇ؟ نىمىشقا دىمىدىڭ، ئەخ-
مەق؟ ۋاي جىن ئۇرىدىغان خام كاللا! يۈگۈر، نىكىتىچقا بې-
رىپ ئېيت، ھارۋىنى قوشسۇن، يېزا بازىرىغا بېرىپ دوختۇرچا-
قىرىپ كەلسۇن، چاققان بول!

ئاكسىنىيە يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى؛ چال ئۇنىڭ
ئارقىسىدىن ۋالاقلاپ قالدى:

— ۋاي ئەخمەق خوتۇن! ۋاي تەنتەك! ئەخمەق!

ئەتىسى ئەتىگەن نىكىتىچ فېلدشېرنى باشلاپ كەلدى.
فېلدشېر قىزنىمىسى ئېشىپ، ھوشسىز ياتقان قىزنى تەكشۇردى،
ئاكسىنىيىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بەرمەي، پانىنىڭ قېشىغا
كىرىپ كەتتى. ئىستىنىتىسكى دەھلىزدە ئۇنى ئورە تۇرۇپلا قو-
بۇل قىلدى، ئەمما قول بېرىپ كورۇشمىدى.

— بالىنىڭ كېسىلى قانداق ئىكەن؟ — دەپ سورىدى
فېلدشېرنىڭ سالامىغا مەنسىتمىگەندەك بېشىنى ئېگىپ قويۇپ:

— بوغما كېسەل، جانابى ئالىيلىرى.

— ساقىيارمۇ؟ ئۈمىت بارمۇ؟

— دەرگۇمان، قىزئولۇپ كېتىدۇ... يېشىنىمۇ كوز ئال-
دىڭىزغا كەلتۈرۇپ بېقىڭ.

— ئەخمەق! — پان قىزىرىپ كەتتى، — سەن نىمىنى
ئوقۇدۇڭ؟ داۋالىمامسەن!

گاڭگىراپ قالغان فېلدشېرنىڭ يۈزىگە ئىشىكنى جالاقلى-
تىپ ياپتى - دە، زالغا كىرىپ كەتتى.

ئاكسىنىيە ئىشىكنى چېكىپ كىردى.

— فېلدشېر ئات سوراۋاتىدۇ، يېزا بازىرىغا بېرىۋالسام
دەيدۇ.

چال پاشىنىسىنى تاق قىلىپ، ئارقىسىغا قايرىلدى.

— بىرىپ ئېيت، مېنىڭمۇ يوق نېمە ئىكەن! ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوي، قىزنى ساقايتمىغىچە، بۇيەردىن كەتمەيدۇ! چەتتىكى بىر ئۆينى ئۇنىڭغا راسلاپ بەر، قوسىغىنى باق!— دەپ ۋاقىرىدى چال مۇشتىنى تەڭلەپ،— يىگۈز، ئىچكۈز، ئاغزى - بۇرنىدىن تىق، ئەمما بۇ يەردىن كەتمەيدۇ! — ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ، دەرىزىنىڭ قېشىغا كەلدى، ئەينەكنى بارماقلىرى بىلەن تاكىلدىتىپ، كېيىن ئوغلىنىڭ چوڭايتىلغان فوتو سۈرىتىنىڭ قېشىغا كەلدى، بۇسۈرەت ئىنىكئانىسىنىڭ قولىدا تۇرغۇزۇپ تارتىلغان ئىدى؛ چال ئىككى قەدەم ئارقىغا چېكىنىپ، گويا ئۇز بالىسىنى تونۇمىغاندەك ئۇزاق قاراپ كەتتى.

قىزچاق ئاغرىغانىنىڭ دەسلەپكى كۈنلا يېتىپ قالغان ئىدى، ئاتا لىيىنىڭ: «كوز ياشلىرىم ياقاڭدىن تۇتار...» دېگەن قاغىشى ئاكسىنىيىنىڭ ئېسىگە چۈشتى - دە، ئۇ: شۇ كۈنى مەن ئاتا لىينى مەسخىرە قىلغان ئىدىم، ئەمدى خۇدا مېنىڭ جاجامنى بېرىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى.

بالىسىنىڭ هاياتىدىن ئەنسىرەپ، روھى چۈشكەن ئاكسىنيە خۇدىنى يوقىتىپ، ئۇزىنى نەگە قويۇشنى بىلمەي قالدى، قىلىۋاتقان ئىشى قولىدىن چۈشۈپ كېتەتتى.

«خۇدا ئۇنى مەندىن ئايرىپ ئېلىپ كېتەرمۇ؟» — دېگەن پىكىر ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئورتەيتتى، ئاكسىنيە شۇنىڭغا ئىشەنمىسىمۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشىنىشنى خالىمىسىمۇ، ھەدەپ چوقۇناتتى، خۇداغا يالۋۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرقى شەپقىتىنى ئايىماسلىقنى — بالىنىڭ ئۆمرىنى بېرىشنى تىلەيتتى.

«خۇدايا ئەپۇ قىل!... بالىنى مەندىن ئايرىما! رەھىم قىل، ئىلاھ، گۇناھىمنى كەچۈرگىن!»

كىچىككىنە جاننى كېسەل بوغۇۋالغان ئىدى. بالا مىدىر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىماستىن سوزۇلۇپ ياتاتتى، ئىششىپ كەتكەن بوغۇزىدىن تى-
نىغى خىرىلداپ ئاران چىقاتتى. بازاردىن كەلگەن فېلدشېر
چەتتىكى ئويگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، ھەر كۈنى 4 قېتىم كېلىپ
قارايتتى، كەچقۇرۇنلىرى خىزمەتكارلار تۇرىدىغان ئوينىڭ پې-
شايۋىنىدا تاماكا چېكىپ، كۆز ئاسمىنىنىڭ چاقناپ تۇرغان
يۇلتۇزلىرىغا ئۇزاق ۋاقىتقىچە تىكىلىپ قارايتتى.

ئاكسىنيە تۈن بويى كىرپىك قاقماستىن كارۋاتنىڭ
ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ چىقاتتى. خىرقىراق ئاۋاز يۇرە-
گىنى تىلىملاپ تاشلايتتى.

— ئا - نا...، — دەيتتى قۇرۇپ كەتكەن يۇمران
لەۋلەر.

— جىگەر پارەم، قىزچىقىم! — دەپ ئىڭرايتتى ئانى-
سى،— گۇلۇم، كەتمە، تانيۇشكا! ماڭا قارا، چىرايلىق قىزىم،
كوزۇڭنى ئاچ، بىر قارىغىنا! قارا كوز بالام... بۇ نىمە كور-
گۇلۇك، پەرۋەردىگارا؟...

بوۋاق ئاندا - ساندا قان ئۇرۇپ تۇرغان، ئىششىغان
قاپىقىنى ئاران كوتىرىپ، نۇرسىزلانغان خىرە كوزلىرىنى
ئاچاتتى، لېكىن كوزلىرى ئىچىگە تارتىپ كېتەتتى. ئاپىسى
شۇ قاراشقا بەك تەشنا ئىدى، ئەمما قىزچاقنىڭ غەمكىن كوزلى-
رى ئاستا - ئاستا يۇمۇلۇپ، تەقدىرگە تەن بېرىپ، خوشلىشى-
ۋاتقاندەك بولاتتى.

بالا ئانىنىڭ قولىدا جان ئۇزدى. ئاخىرقى قېتىم ئۇك-
سۈپ يىغلىدى - دە، كوكىرىپ كەتكەن كىچىككىنە ئاغزىنى
ئېچىپ ئەسنىدى، تومۇرى تارتىشىپ، بەدىنى سوزۇلۇپ كەتتى؛
تەرلەپ كەتكەن كىچىككىنە باش ئاكسىنيەنىڭ قولىغا لاسسى-
دە تاشلىنىپ، قىيشىيىپ قالدى. مېلىخوپلارنىڭكىگە ئوخشاي-

دىغان كىچىككىنە كوزلەر يېرىم يۇمۇلغان بولۇپ، جانسىز قارچۇغى ھەيران بولغاندەك مەيۇس قېتىپ قالدى.

ساشكا بوۋا كولىنىڭ يېنىدىكى قېرى قاپاق تېرەكنىڭ ئاستىدىن كىچىككىنە گور قازدى، ئاندىن كىچىككىنە تاۋۇتنى قولتۇقلاپ شۇ يەرگە ئاپاردى، ئوزىگە خاس بولمىغان ئالدىراشچىلىق بىلەن جەسەتنى كومدى، ئاندىن ئاكسىنىيىنىڭ دۇمبەچەك تۇپراق بېشىدىن تۇرۇشنى سەۋىرسىزلىك بىلەن خېلى ئۇزۇنغىچە كۇتۇپ تۇردى. ئاخىر بولماي، بۇرنىنى قېقىپ، ئات ئېغىلى تەرەپكە كەتتى... سامانلىققا تىقىپ قويغان بىر قۇتا ئەتىرنى تاپتى، ئۇنى يېرىمراق بىر شىشە سۇپىتى ئوزگەرتىلگەن ئىسپىرت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، راسا چايقىدى، ئاندىن رەڭگىگە قىزىقىپ قاراپ باقتى.

— ئۇنىڭ خاتىرىسىنى قىلايلى،جايى جەننەتتە بولسۇن. روھى پەرىشتىلەر مۇقامىغا يەتتى.

شۇ سوز بىلەن بوۋاي ئىسپىرتنى گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى، ئېزىلگەن شوخلىنى زاكۇسكا قىلدى، ئاندىن شىشىگە پەرىشان ھالدا نەزەر تاشلاپ، بېشىنى تەلۋىلەرچە لىڭشىتتى.

— مېنى ئۇنتۇما، قەدىرلىكىم، سېنى مەن ئەسلا ئۇنتۇمايمەن! — دىدى ـ دە، يىغلاپ تاشلىدى.

3 ھەپتىدىن كېيىن يېۋگېنىي لىستنىتسكى دادىسىغا تېلېگىراما ئەۋەتىپ، ئاتىپوسكا ئالدىم، ئويگە قاراپ يولغا چىقتىم، دەپ خەۋەر قىلدى. ئۇنى ئەپكېلىش ئۇچۇن ئىستانسىغا 3 ئات قوشۇلغان ئىزۋاش ئەۋەتىلدى، پۇتۇن قورا، ئوي ئىچى ئورە ـ توپە بولۇشتى: توخۇ، غازلار سويۇلدى؛ ساشكا بوۋا بىر قويىنى بوغۇزلاپ، ئىچ قارنىنى تازىلاپ بولدى، گويا

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەتى www.uyghurkitap.com

تۈرغۈن مېھمان قاتنىشىدىغان چوڭ زىياپەت ئۆتكۈزۈلىدىغانـ
دەك تەييارلىق كورۈلدى.

بىر كۈن بـۈرۈن كـامىنكا يېزىسىغا بىر نـەچچە ئـات
ئەۋەتىلگەن ئىدى. ياش خوجايىن كېچىسى كـەلدى، ئـۈششاق
يامغۇر يېغىۋاتاتتى، يولدىكى توختام سۇلارنىڭ ئۈستىگە پـاـ
تۇسلارنىڭ خىرە يورۇغى چۈشەتتى. قوڭغۇراق ئېسىلغان ئـاتـ
لار پىشايۋاننىڭ ئـالـدىغا كېلىپ تـوختىدى. هـاياجانلانغان
يېۋگېنىي كـۈلۈمسىرەپ سـايىۋەنلىك ئىزۋاشتىن چـۈشتى. ئـۇ
يامغۇرلۇق چاپىنىنى ساشكا بوۋىغا بېرىپ، بىر ئـاز ئـاقساپ
پەلەمپەيدىن چىقتى. قېرى پان ئالدىراشچىلىقتا ئورۇندۇق ـ
مېبىللارنى ئۇيان بـۇيانغا يىقىتىپ، يۈگۈرگەن پېتى زالدىن
چىقتى.

ئاكسىنىيە ئاشخانىغا كەچكى تـاماقنى راسلاپ، خـوجاـ
يىنلارنى چاقىرغىلى باردى، ئاۋال قـۇلۇپنىـڭ تـوشۇگىدىن
مارىلاپ قارىدى: چال ئـوغلىنى بـاغرىغا بېسىپ، مۈرىسىدىن
سويەتتى؛ قېرىلارغا خاس قـورۇق بـاسقان بـوينى دىر ـ دىر
تىترەيتتى. ئاكسىنىيە بىر دەم توختىۋېلىپ، يـەنە مـارىلىدى:
ئالدى ئـوچۇق ماش رەڭ مـۇندىر كىيگەن يېۋگېنىي يـەرگـە
يېيىلغان چوڭ خەرىتە ئالدىدا تىزلىنىپ قاراپ تۇراتتى.
چوڭ پان، تاماكا تىرورپكىسىدىن هالقا ـ هـالقا تۈتۈن
چىقىرىپ، بـارماق سوڭگى بىلەن ئـورۇندۇقنى تـاكىلدىتىپ،
غەزەپلىنىپ سوزلەۋاتاتتى!

ـ ئالېكسېيېۋ دىدىڭمۇ؟ ياق، مۇمكىن ئـەمەس! مـەن
ئىشەنمەيمەن.

يېۋگېنىي پەس ئاۋاز بىلەن ئـۇزۇن سـوزلـەپ كەتتى.
بىر نىمىلەرنى ئىسپات قىلماقچى بولۇپ، بارماقلىرىنى خەرىتە

ئۈستىدە ئۇيان بۇيان يۆرگۈزدى، چال ئۇنىڭغا جاۋاۋەن سالماقلىق بىلەن گەپ قىلاتتى:

— بۇنداق پەيتتە ئالى قوماندانىنىڭ قىلغىنى توغرا ئەمەس، ناھايىتى كالتا پەملىك قىلىپتۇ! كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن، يېۋگېنىي، ساڭا مەن رۇس - ياپون ئۇرۇشىدىن خۇددى شۇنداق بىر مىسال كۆرسىتەي، توختاپ تۇر! ... ئالدىرىما، ئالدىرىمىغىن!

ئاكسىنىيە ئىشىكنى چەكتى.

— ھە، تاماق تەييار بولدىمۇ؟ مانا ھازىر چىقىمىز.

چال كۆتىرەڭگۈ روھ بىلەن، خۇشال - خۇرام زالدىن چىقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشىرىپ قالغاندەكلا چاقناپ تۇراتتى. ئاتا - بالا ئىككىيلەن يەرگە كۆمۈلگەن شاراپتىن بىر شىشىنى ئىچىپ بولۇشتى. ئۈستىگە چاپلانغان ماركىسى كۆكىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۈستىدىكى «1879 - يىل» دىگەن رەقەم روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

داسقان ئۈستىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئاكسىنىيە ئاشۇ شات-خۇرام ئاتا - بالىنىڭ يۈزلىرىگە قارىغانسېرى ئۆزىنىڭ يالغۇزلىغىنى چوڭقۇر ھىس قىلدى. يىغلاپ تۆگىتەلمىگەن ھەسرىتى يۈرىكىنى پارە - پارە قىلاتتى. قىزى ئۆلگەنىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە يىغلىغۇسى كەلسىمۇ، كۆزىدىن ياش چىقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ دات - پەريادى بوغۇزىغا تىقىلىپ قالاتتى، ئەمما كۆزىدە تامچە ياش يوق ئىدى، شۇ سەۋەپتىن تاشتەك ئېغىر غەم - قايغۇ ئۇنى قاتمۇ - قات باساتتى. ئۇ ئۇيقۇدىن ئارام تاپارمەنمىكىن دەپ كۆپ ئۇخلايتتى، لېكىن چۈشىدىمۇ بالىنىڭ قوڭغۇراقتەك ئاۋازى قۇلىقىدىن كەتمەيتتى. گايىدا ئۇنىڭغا بالىسى يېنىدا بىللە ئۇخلاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى - دە، دەرھال ئۆزىنى

www.uyghurkitap.com

ئارقىغا تارتىپ، كورپىنى قولى بىلەن سىلايتتى، — گاھىدا قىزىنىڭ: «ئاپا، سۇ» دىگەن ئۇماققىنە پىچىرلىشى ئاڭلانغاندەك بولاتتى.

— جىگەر پارەم ... — دەيتتى ئاكسىنىيە مۇزدەك لەۋلىرى بىلەن.

بەزى چاغدا ھەتتا ئۇخلىدىمۇ قىزى تىزىغا ئېسىلىپ، ئەركىلىگەندەك بولاتتى. شۇ چاغدا ئاكسىنىيە ئۇنىڭ جىڭگىلەك چاچلىرىنى سىلاپ ئەركىلەتمەكچى بولۇپ قولىنى ئۇزىتاتتى - دە، دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالاتتى.

يېۋگېنىي قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 3 - كۈنى ئات ئېغىلدا ساشكا بوۋاينىڭ ئالدىدا كەچكىچە ئولتۇرۇپ، ئۆتمۈشتىكى ئادەملەرنىڭ دوندىكى ئەركىن ھاياتى توغرىسىدا ئېيتىپ بەرگەن ساددا ھىكايىلىرىنى ئاڭلىدى، سائەت سەككىزدىن ئاشقاندا ئۆيەردىن چىقتى؛ ھويلىدا شامال غۇيۇلدايتتى، ھەممە يەر چىلىپ - چىلىپ پاتقاق بولۇپ، ئاياقنىڭ ئاستىغا لاي يېپىشۋالاتتى. يېڭى چىققان ئاي ئالتۇندەك ساپ - سېرىق بۇرۇتىنى تولغاپ، بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن مارىلايتتى. يېۋگېنىي ئاي يورۇقىدا سائىتىگە قاراپ، خىزمەتكارلار تۇرىدىغان ئۆي تەرەپكە ماڭدى، پەلەمپەينىڭ ئالدىغا بارغاندىن كېيىن پاپىروس تۇتاشتۇردى، بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن مۇرىسىنى سىلكىپ - سىلكىپ دادىل قەدەم بىلەن پەلەمپەيدىن يۇقۇرىغا چىقتى. ئىشىكنىڭ لوكىسىنى ئاۋايلاپ باستى، ئىشىك «غىچ» قىلىپ ئېچىلدى. ئۇ ئاكسىنىيىنىڭ ھوجرىسىغا كىرىپ سەرەڭگە ياقتى.

— كىم بۇ؟ — سورىدى ئاكسىنىيە يوتقانىنى ئۈستىگە تارتىپ.

— مەن.

— مەن هازىرلا كىيىنىۋالاي.

— هېچ ۋەقەسى يوق، بىردەم ئولتۇرۇپلا چىقىپ كېتىمەن.

يېۋگېنىي شىنېلىنى سېلىپ تاشلاپ، كارۋاتنىڭ بىر چېتىگە ئولتۇردى.

— سېنىڭ قىزىڭ ئۆلۈپ كېتىپتۇ...

— هە، شۇنداق بولدى، — دېدى ئاكسىنىيە.

— سەن بەك ئۆزگىرىپ كېتىپسەن، ھېلىمۇ سەن ئۆرە يۈرۈپسەن، پەرزەنتنىڭ داغ-ھەسرىتىنى مەن ياخشى چۈشىنىمەن. ئەمما مېنىڭچە، سەن بىكاردىن ئۆزەڭنى قىينايسەن، مىڭ قىلغان بىلەن قىزىڭ تىرىلمەيدۇ. سەن تېخى ياش، ئۇن گۈلۈڭدىن بىرى ئېچىلمىدى، پەرزەنت كورىسەن تېخى. ئۇنداق قىلىش كېرەك ئەمەس! ئۆزەڭنى قولۇڭغا ئال، تەقدىرگە تەن بەر... بالام ئۆلدى دەپ ھەممە نەرسىدىن ئادا-جۇدا بولۇش كېرەكمۇ؟ ئۆزەڭ ئويلاپ باق! پۈتۈن ھايات تېخى ئالدىڭدا.

يېۋگېنىي ئاكسىنىيەنىڭ قولىنى سىقىپ، سىلاپ-سىپاپ، يېقىملىق پەس ئاۋاز بىلەن نەسىھەت قىلغان بولاتتى. ئۆئەمدى پىچىرلاپ سوزلەشكە باشلىدى، ئاكسىنىيەنىڭ پۈتۈن ئەزاسى تىترەپ، بوغۇق ئاۋاز بىلەن يىغلىغىنىنى، بارا-بارا ئېسەدەپ، ھوگرەۋاتقانلىغىنى كورۇپ، يېۋگېنىي ئۇنىڭ ياشتىن نەملىشىپ كەتكەن يۈز-كوزىدىن سويۈشكە باشلىدى...

ئايال كىشى دېگەن شىرىن سوزگە، ئەركىلىتىشكە ئاسانلا ئېرىپ كېتىدۇ. دىلخەستىلىك بىلەن ئېغىر كۈلپەت چەككەن ئاكسىنىيە ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى، ئاللىقاچان خىيالىدىن چىقىرىۋەتكەن ئېھتىراسلىق ھىس-تۇيغۇلىرى قايتىدىن قوز-

www.uyghurkitap.com

غىلىپ، يېۋگېنىيگە تەسلىم بولدى. شەرمەندە شەھۋانى لەززەتنىڭ شىددەتلىك دولقۇنى پەسىيىش بىلەنلا ھوشىغا كېلىپ، بىرلا چىرقىرىدى - دە، ئىچ كوينەك بىلەن يېرىم يالىڭاچ پېشايۋانغا يۈگۈرۈپ چىقتى. يېۋگېنىي ئىشىكنى ئوچۇق قويۇپ ئالدىراش ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقتى. ئۇ مېڭىپ كېتىۋېتىپ شىنېلىنى كىيدى، ئۇ تېز - تېز مېڭىپ، ئۆز ئۆيىنىڭ پىشايۋىنىغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن مۇرادى ھاسىل بولغانلىقىغا خوشال بولۇپ، ھىجىيىپ قويدى. ئۇنىڭ كەيپى چاغ بولۇپ، خوشاللىقى ئىچىگە سىغمايتتى. ئۇ يوتقانىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ياتقاندىن كېيىن مىق - مىق كوكرىكىنى سىلاپ تۇرۇپ، خىيال سۈردى: «ۋىجدانلىق ئادەمنىڭ نۇقتىنەزىرىدىن قارىغاندا، بۇ ئىش ئەڭ رەزىل، ئەخلاقسىزلىق بولدى. گىرىنگوري... يېقىن بىر كىشىنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلدىم، ئەمما مەن ئۇ يەردە، ئالدىنقى سەپتە، ھاياتىمنى خەۋپ ئاستىغا قويغان ئىدىمغۇ. ئوق سەل - پەل ئوڭغىراق تەككەن بولسا، بېشىمنىڭ مىجىغىنى چىقىرىۋەتكەن بولاتتى. شۇ تاپتا مەن سېسىپ ياتقان بولاتتىم، ئولۇگۇم قۇرۇت - قوڭغۇزغا يەم بولاتتى... ئەمدى ھەر بىر دەمنى غەنىمەت بىلىپ كەيپىنى سۈرۈش كېرەك. ھازىر نىمە قىلسام قىلالايمەن!» ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ پىكىرلىرىدىن دەرھاللا قورقۇپ كەتتى، ئەمما ھوجۇم ۋاقتىدىكى دەھشەتلىك مەنزىرە كوز ئالدىغا كەلدى، شۇچاغدا ئۇ ئولگەن ئېتىنىڭ ئاستىدىن سالامەت قوپۇپ، يەنە ئوق يەپ يىقىلغان ئىدى. شۇ مەھەلدە ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىپ: «ئەتە بىر گەپ بولار، ھازىر ئۇخلاش كېرەك، ئۇخلاش...» دەپ ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەن ئۇ تاماقخانىدا ئاكسىنىيە بىلەن يال-

غۇز قالغان پەيتتە ئەيىپدار كىشىدەك كۈلۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، ئەمما ئاكسىنىيە تامغا يۆلىنىۋېلىپ، ئىككى قولى بىلەن ئىتتىرىپ، ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمىدى ۋە قەھرى بىلەن پىچىرلىدى:

— يېقىن كەلمە، لەنىتى!...

لېكىن ھايات ئۆزىنىڭ يېزىلمىغان قانۇنلىرىنى كىشىلەرگە سۆزسىز ئىجرا قىلدۇرىدۇ، 3 كۈندىن كېيىن يېڭۈگىنى كېچىدە ئاكسىنىيىنىڭ ھوجرىسىغا يەنە كىرگەن ئىدى، ئاكسىنىيە قارشىلىق كۆرسەتمىدى.

## 23

دوختۇر سىنېگىرېۋنىڭ كوز شىپاخانىسىنىڭ يان تەرىپىكە جايلاشقان كىچىككىنە بېغى بار ئىدى.

بۇنداق دەرەخلىرى كېسىپ تاشلانغان پەيزى يوق باغلار موسكۋانىڭ چەت ياقىسىدىكى تار كوچىلاردا كۆپ ئىدى، بۇ باغچىلاردا ئولتۇرغاندا كوزلەر ھامان شەھەرنىڭ ئېگىز تاش ئىمارەتلىرىدىن قاتتىق زېرىكىپ، ھاردۇق چىقىرالمايدۇ، بۇنداق باغچىلارنى كورگەنسېرى ياۋايى ئورمانلار ئېسىگە چۈشۈپ، يۈرىگى ئېزىلىپ كېتىدۇ. شىپاخانىنىڭ باغچىسىدا كۈز پەسلى ھۆكۈم سۈرەتتى: تاريوللارنى ساپ - سېرىق ياپراقلار كۆمۈپ تاشلىغان، ئەتىگەندىكى ئۈششۈك گۈللەرنى سولدۇرغان ۋە گۈلزاردىكى يېشىل ئوتلارنى شەبنەم ھول قىلىۋەتكەن ئىدى. ھاۋا ئوچۇق كۈنلەردە ئاغرىقلار باققا چىقىپ، يوللاردا سەيلە قى-

لىشاتتى، تەقۋادار موسكۋا چېركاۋلىرىنىڭ قوڭغۇراق سادالى-رىنى ئاڭلايتتى. ھول - يېغىنلىق كۈنلەردە (شۇ يىلى ھول - يېغىن ناھايىتى كوپ بولغان ئىدى) ئۇلار تالاغا چىقالماستىن بىر ياتاقتىن يەنە بىر ياتاققا كىرىپ چىقىشىپ ياكى كارۋات-تا سوزۇلۇپ يېتىپ، ۋاقىت ئوتكۈزۈشەتتى. جىلە بولۇشۇپ، سوزلەشكىسىمۇ كەلمەيتتى، ھەممىسى زېرىكىپ، ئوز ئوزىنى ۋە بىر - بىرلىرىنى خاپا قىلىشاتتى.

شىپاخانىدا داۋالىنىۋاتقانلارنىڭ كويچىلىگى ئادەتتىكى ئاھالە ئىدى. ئۇرۇشتا يارىدار بولغانلار پەقەت بىر ياتاق-قىلا ئورۇنلاشقان ئىدى؛ بۇلار 5 كىشى ئىدى: لاتىش خەلقى-دىن بولغان ئۇزۇنتۇرا، سېرىق چاچ، كالتا ساقال، كوك كوز-يان ۋارەيكىس؛ ۋلادىمىر ئولكىسىدە تۇغۇلۇپ ئوسكەن 28 ياشلىق كېلىشكەن ئاتلىق ئەسكەر — ئىۋان ۋرۇبلېۋسكى؛ سى-بىرىيىلىك مەرگەن — كوسىخ؛ تىنىم تاپمايدىغان شوخ، ئەپت-بەشىرىسى ساپ - سېرىق — بۇردىن ۋە مېلېخوپ گىرى-گورىي. سىنتەبىرنىڭ ئاخىرىدا يەنە بىر يارىدارنى ئېلىپكېلىش-تى. كەچلىك چاي ۋاقتىدا بىرسى ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىغىنى ئۇزاق جىرىڭلاتتى. گىرىگورىي ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ كورىدورغا قارىغان ئىدى، دەھلىزگە 3 كىشى كىردى: شەپقەت ھەمشىرىسى بىلەن چېركەسچە چەكمەن كىيگەن ئادەم بىر يا-رىدارنى قولتۇقلاپ يولەپ ئېلىپ كىردى. يارىدار يېڭىلا ۋوگزالدىن كەلگەن بولۇشى ئېھتىمال: سولداتچە گىمناستوركىسىنىڭ مەيدىسىدىكى قان داغلىرى ئەنە شۇنىڭدىن دالالەت بېرەتتى. ئۇنى شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلا ئوپېراتسىيە قىلىدىغان بولۇشتى. قىسقىلا تەييار-لىقتىن كېيىن (ئەسۋاپلارنىڭ قايىنىتىلىۋاتقانلىغى ياتاققا ئاڭ-

لىنىپ تۇراتتى) يېڭى كەلگەن يارىدارنى ئوپېراتسىيە بولۇمىگە ئېلىپ كىرىشتى، بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئاشۇ بولۇمدىن ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى: خلوروفورمنى① پۇراش بىلەنلا ئۇيقۇغا كەتكەن يارىدار، توپ ئوقىنىڭ پارچىسى تېگىپ ئېقىپ چۈشكەن كوزىنىڭ قالدۇغىنى ئېلىپ تاشلىغانغا قەدەر ناخشا ئېيتتى ۋە بىر نىمىلەرنى دەپ ئاغزىنى بۇزۇپ تۇردى. ئوپېراتسىيە تۈگىگەندىن كېيىن ئۇنى يارىدارلارنىڭ ياتىغىغا ئېلىپ كىرىپ ياتقۇزۇشتى. بىر سوتكىدىن كېيىن خلوروفورمنىڭ ئېغىر تەسىرى مېڭىسىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتتى - دە، ئۇ، گېرمان فۇرونتىدىكى ۋېربېرگ دېگەن يەرنىڭ قېشىدا يارىدار بولغانلىغىنى، ئەسلى يۇرتى چېرنىگوپ ئولكىسى ئىكەنلىگىنى، پەملىسى گارانژا، ئوزى پىلموتچى ئىكەنلىگىنى سوزلەپ بەردى. بىر نەچچە كۈن ئىچىدە گىرىنگورىي بىلەن ئالايتەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ قالدى؛ ئىككىسىنىڭ كارۋاتلىرى يانمۇ يان بولۇپ، ئۇلار دوختۇرلارنىڭ كەچكى كوزدىن كەچۈرۈشىدىن كېيىن پىچىرلىشىپ ئۇزۇن مۇڭدىشاتتى.

— خوش، كازاك، ئىشلار قانداق؟

— ناهايىتى يامان.

— كوزۇڭنى داۋالاپ بولدىمۇ؟

— ئوكۇل ئۇردۇرۇۋاتىمەن.

— قانچە قېتىم ئوكۇل ئۇردى؟

— 18 قېتىم.

— سانچىغاندا ئاغرىمدۇ؟

— ياق، خوشياقىدۇ.

① خلوروفورم — بىھوش قىلىپ ئوخلىتىدىغان رەڭسىز سۇيۇق-لۇق دورا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— دوختۇرلارغا ئۇلتىماس قىل، كۆزۈڭنى ئويۇپ تاشلىسۇن.

— مەن سىڭا كوز بولۇپ قېلىشنى خالىمايمەن.

— شۇنداق دىگىن.

گىرىگورىينىڭ ئاچچىغى يامان، تىلى زەھەر خوشىنىسى ھەممە نىمىدىن نارازى ئىدى: ھوكۇمەتنى، ئۇرۇشنى، پىشانىسىگە پۈتۈلگەن قىسمەتنى، دوختۇرخانا تامىغىنى، ئاشپەزنى، دوختۇرلارنى — ھەممە ھەممىنى ئاغزىغا كەلگەننى تىللايتتى.

— بۇرادەر، سەن بىلەن بىز كىم ئۈچۈن ئۇرۇش قىلدۇق؟

— باشقىلار كىم ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان بولسا — بىزمۇ شۇلار ئۈچۈن.

— ياق، بۇرادەر، ئۇچۇقراق ئېيت، ئۇچۇقراق.

— بولدى قىلساڭچۇ!

— ھەي، ئەخمەق ئىكەنسەن، بۇ ئىشنى ئېنىقلاش كېرەك. بىز بۇرژۇيلار ئۈچۈن ئۇرۇش قىلدۇق، چۈشەندىڭمۇ؟ بۇرژۇي دىگەن نىمە، بىلەمسەن؟ كەندىرنىڭ شادىسىدا ياشايدىغان قۇش...

ئۇ گىرىگورىيغا چۈشىنىكسىز سوزلەرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرەتتى. ئوز سوزىنى قىزىل مۇچەتەك ئاچچىق تىل بىلەن تولدۇراتتى.

— ۋاتىلداۋەرمە، مەن خوخولچە سوزۈڭنىڭ بىرىگە چۈشەنسەم كاشكى، — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بولەتتى گىرىگورىي.

— مانا قاراڭ، ھەي، موسكال، ئىمىشقا چۈشەنمەيسەن؟

— ئالدىرىماي، ئايرىپ - ئايرىپ سوزلىمەمسەن.

— ھەي، بۇرادەر ئەزىز، ئالدىرىماي سوزلەۋاتىمەنغۇ. سەن پادىشا ئۈچۈن دەيسەن، پادىشا دىگەن كىم؟ پادىشا — ھاراقكەش،

مەلىكىسى ــ پاھىشە. ئۇرۇش بولۇپ تۇرسا پانىلارنىڭ - پو-
مىششىكلارنىڭ پۇلى كوپىيىدۇ. بىزنىڭ بويىنىمىزغا سىرتماق
چۈشىدۇ ... چۈشەندىڭمۇ؟ فابرىكىچى ھاراق ئىچىدۇ، ئىشچى
پىتلاپ ياتىدۇ، ھەر ئىككىسىگە قىيىن ... فابرىكىچى پايدا
تاپىدۇ، ئىشچى يالىڭاچ قالىدۇ، ئىش ماناشۇنداق بارىدۇ ...
خىزمەت كورسەت، كازاك، خىزمەت قىل! يەنە بىر كىرىستكە
ئىگە بولىسەن، دۇپ ياغىچىدىن قىلىنغان كىرىستكە① ئىگە بولى-
سەن... ــ گارانژا ئوكراينچە سوزلەيتتى، ئەمما ئاندا - سانى-
دا ھاياجانلانغان مىنۇتلاردا رۇسچىمۇ سوزلەپ قوياتتى. تىل-
لىغان چاغداساپ رۇس تىلىدا سوزلەيتتى.
ئۇ، مۇشۇكەمگىچە گىرىگورىيغا مەلۇم بولمىغان بىر ھەقى-
قەتنى كۇنمۇ كۇن ئۇنىڭ مىڭىسىگە قۇيۇپ، ئۇرۇشنىڭ پەيدا بو-
لۇشىنىڭ ھەقىقى سەۋەپلىرىنى ئېچىپ تاشلايتتى، ھاكىم مۇتلەق
ھوكۇمەتنى ئوتكۇر تىل بىلەن مەسخىرە قىلاتتى، گىرىگورىي ئېتىراز
بىلدۇرمەكچى بولسا، گارانژا ئۇنى ئاددى سوئاللار بىلەن ئاغ-
زىنى تۇۋاقلاپ مات قىلىپ قوياتتى - دە، گىرىگورىينىڭ ماقۇل
بولماي ئىلاجى يوق ئىدى.
ئەڭ قورقۇنچلۇغى شۇئىدىكى، گىرىگورىي گارانژانىڭ
ھەر بىر سوزى توغرا ئىكەنلىكىنى كوڭلىدە سېزىپ تۇرغاچقا
ئېتىراز بىلدۇرەلمەيتتى، ئېتىراز بىلدۇرۇشمۇ مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. مانا شۇ ئەقىللىق ۋە ئاچچىغى يامان ئوكراين
ئۇنىڭ پادىشا ۋە ۋەتەن توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى، كازاكلارنىڭ
ھەربى بۇرچى توغرىسىدىكى بۇرۇنقى چۈشەنچىلىرىنى بارا - بارا

① بۇ يەردىكى كىرىست ــ قەۋرىنىڭ ئۇستىگە قېقىلىدىغان كىرىستنى
كورسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەر بىلەن يەكسەن قىلغان ئىدى، گىرىگورىي بۇنى سېزىپ ۋە-ھىمىگە چۈشتى.

گارانژاكەلگەندىن بۇيان بىر ئاي جەريانىدا گىرىگورىينىڭ بۇرۇنقى ئاڭ سېزىمىدا ئورنىشىپ قالغان بارلىق چۈشەنچىلەر بىتچىت بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ چۈشەنچىلىرىنىڭ ئاساسىي ھۇلى مۇدھىش ئۆرۈش تۈپەيلى چىرىپ، لىگشىپ قالغان ئىدى، شۇڭا سەللا ئىتتىرىۋەتسە يەر بىلەن يەكسەن بولۇپ كېتەتتى. بىر تۈرتكە بىلەن گىرىگورىينىڭ پىكرى ئويغاندى، بۇ پىكىرلەر ئۇنىڭ ھىلە - مىكرىنى بىلمەيدىغان ساددا ئەقلىنى ئىشقاسىلىشقا مەجبۇر قىلدى. گىرىگورىي بىارام بولۇپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمايتتى، ئۇنىڭ ئەقلى ئاجىزلىق قىلغان بۇ مۇشكۇل مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىش يولىنى ئىزلەيتتى، ئۇنىڭ جاۋاۋىنى گارانژانىڭ سوزلىرىدىن تېپىپ قانائەتلىنەتتى.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە گىرىگورىي ئورنىدىن تۇرۇپ، گارانژانى ئويغاتتى - دە، كارۋىتىنىڭ بىرچېتىگە ئولتۇردى. سىنتەبىر ئېيىنىڭ كوكۇش شولىسى دەرىزە پەردىسىدىن ئۆتۈپ ئۆي ئىچىگە چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇيقۇچان گارانژانىڭ ئىككى مەڭزى قاراڭغۇدا ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولۇپ كورۇنەتتى، چانىغىنىڭ ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كوز قارچۇقلىرى ھول، خىرە پارقىرايتتى. ئۇ بىر ئەسنەپ قويۇپ، پۇتلىرىنى يوتقان بىلەن يۆركىدى.

— نىمىشقا ئۇخلىمايسەن؟

— پەقەت ئۇيقۇم يوق. ئۇيقۇ مەندىن قېچىپلا تۇرىدۇ، سەن ماڭا شۇنى چۈشەندۇرۇپ بەرگىنە: ئۇرۇشتىن بىرسى پايدا تاپىدۇ، كوپچىلىك خانىۋەيران...

— خوش؟ ئاھ - ھ - ا - ا ...، — دەپ ئەسنىدى گارانژا.

— توختا! — دەپ پىچىرلىدى زەردىسى قاينىغان گىرىگورىي، — سىنىڭ گېپىڭگە قارىغاندا، بايلارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن بىزلەرنى ئەجەلنىڭ ئالدىغا ھەيدەيدىكەن، ئۇنداق بولسا، خەلق جىم كېتىۋېرەمدۇ ياكى ئۇلار ھېچنىمىنى چۈشەنمەمدۇ؟ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان كىشىلەر راستىنلا يوقمىدۇ؟ بىرەرسى ئوتتۇرىغا چىقىپ: «بۇرادەرلەر، سىلەر زادى كىم ئۈچۈن قېنىڭلارنى تۆكۈپ ھالاك بولۇۋاتىسىلەر؟» دىسە بولاتتى.

— بىرسى ئوتتۇرىغا چىقىپ دىدىڭمۇ؟ نىمە دەۋاتىسەن؟ قېنى، سەن چىقىپ گەپ قىلىپ باقمامسەن، مەن بىر كورەي. ئىككىمىز خۇددى قومۇشلۇقتىكى غازلارغا ئوخشاش غاقىلداپ ئولتۇرىمىز، قېنى ئۇنىڭنى چىقىرىپ باققىنا، بىر تال ئوق تەييار. خەلق غەپلەت - جاھالەت ئىچىدە قالغان. ئۇرۇش ئۇلارنى ئويغىتىدۇ، بۇلۇتنىڭ ئىچىدىن چاقماق چىقىپ، قاتتىق يامغۇر ياغىدۇ...

— نىمە قىلماق كېرەك؟ ئېيتمامسەن، ئەبلەخ؟ يۈرىكىمگە ئوت ياقتىڭغۇ؟

— يۈرىكىڭ ساڭا نىمىنى بۇيرۇۋاتىدۇ؟

— نىمىنى دەۋاتقانلىغىنى چۈشەنمەي قالدىم، — دەپ ئېتىراپ قىلدى گىرىگورىي.

— كىم مېنى ھاڭغا ئىتتىرمەكچى بولسا، مەن ئۇنى ئىتتىرىمەن. گەپ سېتىپ ئولتۇرماستىن، مىلتىقنىڭ ئۇچىنى ئارقىغا قارىتىش كېرەك، كىم ئادەملەرنى قىرغىن قىلىشقا ھەيدەۋاتقان بولسا، ئوقنى شۇنىڭغا ئېتىش كېرەك. شۇنى بىلىپ قويىكى، — گارانژا ئورنىدىن تۇرۇپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، قوللىرىنى سوزدى، — قۇدرەتلىك بوران چىقىپ، ھەممىسىنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ.

www.uyghurkitap.com

— سىڭنىڭچە، ئەمدى... ھەممىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىش كېرەك ئىكەن - دە؟

— ھە! ھاكىمىيەت دېگەن نەرسىنى ئېپلاس پايتىمىدەك ئەخلەتكە تاشلاش كېرەك. پانىلارنىڭ تېرىسىنى شىلىش كېرەك، ئاغزىنى يىرتىۋېتىش لازىم، ئىمىشقا دېسەڭ. ئۇلار خەلقنى قان - قاخشاتتى.

— ئەمدى يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا ئۇرۇشنى نەگە يىغىشتۇرىسەن؟ يەنە شۇنداقلا ئۇرۇش بولۇۋېرىدىغۇ. سىز ئەمەس، بالىلىرىمىز ئۇرۇشىدۇ. ئۇرۇشقا قايسى ئۇسۇل بىلەن چەك قويۇش كېرەك؟ ئۇرۇش ئەزەلدىن بار نەرسە، ئۇنى قانداق قىلىپ يوق قىلىش مۇمكىن؟

— توغرا، ئۇرۇش ئەزەلدىن بار نەرسە، ئەگەر دۇنيادا شۇ قانخور ھۆكۈمەت بىر كۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، ئۇرۇش ئاپىتىدىن قۇتۇلالمايسەن. بىلىپ قوي! ھەر بىر دۆلەتتە ھاكىمىيەت ئىشچىلارنىڭ قولىدا بولسا، ئۇ چاغدا ھەرگىز ئۇرۇش بولمايدۇ. ئەنە شۇنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. بۇ نەرسە ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ. شۇ چاغدا بۇ ئانىسى بايتاللار كۆرگۈلۈكنى كۆرىدۇ!... بۇ ئىش چوقۇم! گېرمانلاردىمۇ، فرانسۇزلاردىمۇ — ھەممە ئەلدە ئىشچى - دېھقان ھۆكۈمىتى قۇرۇلىدۇ، ئۇ چاغدا بىز نېمىنى تالىشىپ ئۇرۇش قىلىمىز؟ چېگرا دېگەن نەرسە بولمايدۇ! ئۆچمەنلىك - ئاداۋەت بولمايدۇ! پۈتۈن دۇنيادا بىردەك پاراۋان تۇرمۇش بولىدۇ. ئېھ! — گارانژا چوڭقۇر نەپەس ئالدى، بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ، ساق كۆزىنى چاقنىتىپ، خىيالچانلىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى، — ھەي، گىرىشكو، مەنچۇ، ئاشۇ كۈنلەرگە ئۇلىشىپ، بىر كۆرەلىسەم، قۇربان بولۇشقا تەييار ئىدىم، ئۆلسەم

ئارمىسىم قالمايتتى، ... يۈرىگىمدە ئاشۇ ئارزۇ يالقۇنلايدۇ ...

ئۇلار تاڭ ئاتقىچە گەپلىشىپ چىقتى. ئاسمان غۇۋا يورۇغان چاغدا گىرىگورىي تەسلىكتە ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەن ئۇ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ۋە يىغا ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى، ئىۋان ۋرۇبلېۋسكىي كارۋاتتا دۈم يېتىۋېلىپ، ئىسەدەپ يىغلاپ، بۇرنىنى تارتاتتى؛ ئۇنىڭ ئەتراپىدا فېلدشېر ئايال، يان ۋارەيكىس ۋە كوسىخ ئورە تۇرۇشاتتى.

— ئۇ نېمىشقا بۇرنىنى شىلىپىلىتىدۇ؟ — دەپ سورىدى بۇردىن يوتقاندىن بېشىنى چىقىرىپ.

— كوزىنى سۇندۇرۇپ قويۇپتۇ. ئىستاكاندىن ئىلىۋاتقاندا يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، — كوسىخ ئىچ ئاغرىتىش ئورنىغا، ئىچى يامانلىق قىلىپ دەرھاللا جاۋاپ بەردى.

رۇسلىشىپ كەتكەن بىر نېمىس سۇنئى شىشە كوز ساتاتتى، بۇ سودىگەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھىسسىياتى قوزغىلىپ، سولداتلارغا ئۇز مېلىنى بىكارغا بەرگەن ئىدى. بىر كۇن بۇرۇن ۋرۇبلېۋسكىيگە ئىنتايىن نازۇك ئىشلەنگەن، خۇددى ئوزىنىڭ راست كوزىگە ئوخشاش ھاۋا رەڭ، چىرايلىق شىشە كوزنى تېپىپ بەرگەن ئىدى. بۇ كوز شۇنچىلىك ماھىرلىق بىلەن ياسالغان ئىدىكى، ھەر قانچە سىنچىلاپ قارىغاندىمۇ، ئوزىنىڭ راست كوزى بىلەن سۇنئى كوزنى بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلغىلى بولمايتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن ۋرۇبلېۋسكىي كىچىك بالىدەك كۇلۇپ، بەك خوشال بولۇپ يۇرەتتى.

— ئويگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، — دەيتتى ئۇ ۋىلادىمىر لەھجىسىدە، — ھەر قانداق قىزنى ئالداپ، توي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىۋالىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر كوزۇمنىڭ سوۇنئى شىشە ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىمەن.

— ئۇ مەككار نىمە، ئالدىسا، ئالداۋېرىدۇ! — دەپ كۆلدى بۇردىن! ئۇ دائىم دونە بىلەن ئۇنىڭ كوينىكىنى يەپ قويغان كۆيە توغرىسىدا ناخشا ئېيتاتتى.

مانا ئەمدى تاسادىپى بۇ بەختسىزلىك يۈز بېرىپ، شۇنداق كېلىشكەن بىر يىگىت ئۆز يېزىسىغا سىڭا كوز دىگەن يامان ئاتاق بىلەن قايتىدىغان بولدى.

— هوگرەۋەرمە، باشقا كوز بېرىپ قالار، — دەپ تەسەللى بەردى گىرىنگورىي.

ۋرۇبلېۋسكى بېشىنى كوتەردى، ئۇ تولا يىغلىغاچقا قاپىغى ئىششىپ، كوز قارچۇغىنىڭ ئورنى قىپ - قىزىل كامار- دەكلا بولۇپ قالغان ئىدى.

— بەرمەيدۇ، بىر كوز 300 سوم تۇرسا، قاندا قمۇ بەرسۇن.

— ئىست، كارامەت كوز ئىدى! هەربىر تومۇرى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن سىزىلغان ئىدى، دەپ ماختايتتى كوسىخ.

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ۋرۇبلېۋسكى فېلدشېر ئايال بىلەن هىلىقى نېمىسنىڭ ماگىزىنىغا باردى، نېمىس ئۇنىڭغا يېڭى بىر كوز تېپىپ بەردى.

—نېمىسلار بىزنىڭ رۇسلاردىن كوپ ياخشى! — ۋرۇبلېۋسكىنىڭ شاتلىغى ئىچىگە سىغماي قالدى، — رۇس سودىگەرلىرى بىر تال يۇمغاقسۇتنى بىكارغا بەرمەيدۇ، نېمىس سودىگەرلىرىگە بولسا بىرەر ئېغىز گەپ لازىم كەلمەيدۇ.

سىنتەبىر ئوتۇپ كەتتى. ۋاقىت ئىنچىقلىق بىلەن كۆنـ

لەرنى ساناپ ئـوتكۈزمەكتە. كۈنلـەر بـەك ئۇزۇن تـۇيۇلۇپ، ئادەمنى ئولگىدەك زېرىكتۈرەتتى. ئەتىگەن سائەت ٩ دا چاي ئىچىلەتتى. چۈشلۈك تاماققا ھەربىر كېسەل ئۈچۈن كىچىككىنە بىر تەخسىدە ئىككى تىلىم قۇرۇپ كەتكەن فرانسـۇز بـولكىسى ۋە ئازغىنا سېرىق ياغ بېرىلەتتى. تاماقتىن كېيـىن كېسەللەر ھېچنېمە يېمىگەندەك ئـاچ قوساق تارقىلاتتى. كەچقۇرۇنلـۇغى چاي ئىچىشەتتى، ئارقىدىنلا ھەر خىل بولسۇن ئۈچـۈن سوغاق سۇ ئىچىشەتتى. داۋالانغۇچىلارنىڭ ساقايغانلىرى شىپاخانىدىن چىقىپ كەتسە، ئورنىغا باشقىسى كىرىپ تۇراتـتى، «ھـەربى پالاتا»دىن (ياردار سولداتلار ياتقان پالاتانى كېسەللەر شۇنـداق دەپ ئاتىشاتتى) ئەڭ ئـاۋال سېبىرلىك سولدات كوسىخ تىزىمدىن ئۆچۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن لاتىش مىللىتىدىن بولغان ۋارەيكىس چىقىپ كەتتى. ئوكتەبىر ئېيىنىڭ ئـاخىرقى كۈنلىرىدە گىرىگورىيمۇ شىپاخانىدىن چىقتى.

شىپاخانىنىڭ باشلىقى ــ كېلىشكـەن، ساقـىلى دۇكات بىلەن قـىرقىلغان دوختۇر سىنېگىرېپ گـىرىگورىينىڭ كوزىـنى ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرگەندە، داۋالىنىش نەتىجىسىنى قانائەتـلىنەرلىك دەپ تاپتى. قاراڭغۇ ئۆيدە گىرىگورىيغا يـورۇتۇلـغان چوڭ ھەرپ ۋە رەقەملەر مەلۇم مۇساپىدىن كورسىتىلگەن ئىدى. ئۇنى شىپاخانىدىن چىقىرىپ، تۋېرىسكايا كوچىسىدىكى ھەربى دوختۇرخانىغا يوللاپ بەردى؛ چۈنكى بېشىدىكى ساقايـتىلغان يارىسى تۇيۇقسىز ئېچىلىپ، ئازراق يىرىڭداپ قالـغان ئىدى. گىرىگورىي گارانژا بىلەن خوشلىشىۋېتىپ:

ــ يەنە كورۇشەرمىزمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ تاغ بىلەن تاغ يېقىنلاشماس، ئادەم...

ــ خەير ـ خوش، خوخول، كوزۇمنى ئېچىپ قويغانلىغىڭـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غا رەھمەت. ھازىر مەن ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيمەن...
يۈرىكىم غەزەپ بىلەن تولغان!
— پولكىڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن كازاكلار بىلەن
شۇ توغرىلىق سۆزلىشىپ كۆرگىن.
— بولىدۇ.
— مۇبادا چېرىنگوپ شىچىنادىكى گوروخوپكى يېزىسىـ
دىن ئۆتۈپ قالساڭ، ئاندرەي گارانژا تاقىچىنىڭ ئۆيى
قايسى دەپ سورىغىن، خۇرسەنچىلىك بىلەن كۈتۈۋالىمەن.
خەير - خوش، يىگىت!
ئىككىسى قۇچاقلىشىپ ۋىدالاشتى، سىڭا كوز جەسۇر
ئوكرايىنىنىڭ چىراي شەكلى، ئاغزىنىڭ بۈرجەكلىرىدىكى
ياغلىشىپ تۇرغان ئىككى مەڭزىدىكى يېقىملىق سىزىقلار گىرى-
گورىينىڭ خاتىرىسىدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالدى.
ھەربى دوختۇرخانىدا گىرىگورىي بىر يېرىم ھەپتە ياتـ
تى. ئۇنىڭ قەلبىدە تېخى غەيرى رەسمىي پىكىر - نىيەتلەر قايـ
ناپ تاشاتتى، گارانژانىڭ تەلىماتى يۈرىكىنى ئۆرتەيتتى.
پالاتادىكى ياتاقداشلىرى بىلەن كەمدىن كەم سۆزلىشەتتى،
ئۇنىڭ ھەر بىر ھەركىتىدىن گاڭگىراپ، تەشۋىشلەنگەنلىكى
سېزىلىپ تۇراتتى. دوختۇرخانا مۇدىرى گىرىگورىينى قوبۇل
قىلغان چاغدا ئۇنىڭ رۇسقا ئوخشىمايدىغان يۈزىگە بىر قا-
راپلا «بىمارام» دەپ خاراكتېرىستىكا بەرگەن ئىدى.
دەسلەپكى كۈنلەردە گىرىگورىينى بەزگەك تۇتقانلىقتىن،
ئۇ كارۋاتىنىڭ ئۈستىدە قۇلاقلىرىنىڭ تىنماي غوڭۇلداپ تۇر-
غانلىقىغا قۇلاق سېلىپ ياتتى.
شۇ چاغدا مۇنداق بىر ھادىسە يۈز بەردى:
ۋورونېژدىن پويىزدا قايتىپ كېتىۋاتقان پادىشا خاندانىغا

مەنسۇپ بولغان بىرزات دوختۇرخانىنى زىيارەت قىلىشقا ئىلتىپات
قىلىپ قالدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان دوختۇرلار ئەتىگەندىن
بۇيان ئوت كەتكەن ئامباردىكى چاشقاندەك يۈگۈرۈشۈپ يۈر-
دى. يارىدارلارنى قايتىدىن كىيىندۈرۈشتى؛ ئۇلارنى بىزاۋىتە
قىلىپ، يوتقان - كورپە، كىرلىكلىرىنى نوۋەتتىن تاشقىرىيەڭ-
گۈشلىدى، ھەتتا بىر كىچىك دوختۇر ھىلىقى زات گەپ سوراپ
قالسا قانداق جاۋاپ بېرىش ۋە ئۇزىنى قانداق تۇتۇش لازىملى-
غىنى كېسەللەرگە ئۆگەتمەكچى بولدى. يارىدارلار گاڭگىراپ
قېلىشتى: بەزىلىرى بالدۇرلا پىچىرلاپ ياد ئېلىشقا كىرىشتى.
چۈش ۋاقتىدا پەلەمپەيىنىڭ ئالدىدا ئاپتوموبىلنىڭ دۈدۈگى
ئاڭلاندى، كوپ ئۇتمەي دوختۇرخانىنىڭ داغدام ئوچۇق تۈر-
غان ئىشىگىدىن ئالى كىشى بىر توپ مۇلازىملىرىنى ئەگەشتۈ-
رۈپ كىرىپ كەلدى (يارىدارلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ شوخ، مازاۋ-
چى بىر يىگىت كېيىنرەك ئۇز يولداشلىرىغا: «نامدار مېھمانلار
دوختۇرخانىغا كەلگەن چاغدا دوختۇرخانىنىڭ قىزىل كىرىپىست
بايرىغى، ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق، شامالسىز تىپ - تىنچ تۇرۇق-
لۇق ئۇزىچە قاتتىق يەلپۈنۈپ كەتتى، ھەتتا كوچىنىڭ نېرىقى
تەرىپىدىكى سەتراچخانا ۋىۋىسكىسىنىڭ ئۇستىگە سىزىلغان
جىنگىلەك چاچ، ئالىپتە بىر كىشىنىڭ سۈرىتى تازىم قىلدى»
دەپ راسا كۈلدۈرگەن ئىدى). پالاتالارنى كوزدىن كەچۈرۈش
باشلاندى. «ئۇلۇغ كىشى» ئۇز مەۋقەسىگە يارىشا ۋە ئەينى شا-
رائىتقا مۇۋاپىق قولاشمىغان سوئاللارنى سورىدى؛ يارىدارلار
بايىقى كىچىك دوختۇرنىڭ مەسلىھىتى بويىچە، كوزلىرىنى ھەر-
بى سەپتە تەلىم بېرىلگەندىنمۇ چوڭراق ئېچىپ: «خۇددى شۇن-
داق ئىمپېراتور ھەزرەتلىرى» ياكى «يۇقسۇ، ھەزرىتى ئالىلىرى»
دەپ جاۋاپ بېرىشتى. دوختۇرخانا مۇدىرى ھەر بىر جاۋاپقا

ئىزاھ بېرىپ تۇردى، يەنە كېلىپ ھەر بىر سوزىدە ئارىغا سانـ
چىلغان يىلاندەك تولغىنىپ تۇردى، ئۇنىڭغا يىراقتىن قارىغانـ
دىمۇ كىشىنىڭ ئىچى ئاغرىيتتى. شاھانە كىشى كارۋاتتىن كارـ
ۋاتقا ئوتۇپ، كېسەللەرگە بىر بىردىن بوت ئۇلەشتۇردى.
پارقىراپ تۇرغان مۇندىر كىيگەن بىر توپ كىشىلەر گۇپۇلدەپ
تۇرغان قىممەت باھا ئىپىسل ئەتىرلەرنى تارىتىپ، گىرىگورىيـ
نىڭ ئۇستىگە كېلىشتى. ساقىلى ئېلىنمىغان، كوزلىرى ئىششىپ
قىزىرىپ كەتكەن گىرىگورىي ئوز كارۋىتىنىڭ قېشىدا تۇراتتى؛
دىر ـ دىر تىترەپ تۇرغان جىگەررەڭ ياغاچ سوڭەكلىرى ئۇـ
نىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى بىلدۇرۇپ تۇراتتى.
«بىزنى كىندىك قېنىمىز توكۇلگەن ئوي ـ ماكانىمىزدىن
ھەيدەپ كېلىپ ئەجەلنىڭ ئاغزىغا تاشلىغانلىقى ــ مانا شۇ كىـ
شىلەرنىڭ خوشاللىقى ئۇچۇنمۇ. ئەجدىھالار! لەنىتىلەر! ئەبـ
لەخلەر! بەدىنىمىزگە چاپلىشىۋېلىپ، قېنىمىزنى شورىغان پىتـ
لار ــ ئەنە شۇلارنىڭ نەق ئوزى! ... بىز باشقىلارنىڭ ئاشـ
لىقلىرىنى ئاتقا دەسسىتىپ، ئادەملىرىنى ناھەق ئولتۇرۇۋاتـ
مىز ... بۇ ــ ئەنە شۇ ئىسپلاسلار ئۇچۇن ئەمەسمۇ؟ بۇغدايلىقـ
نىڭ ئىچىدە ئومىلەپ، ۋاقىرىغانلىرىمچۇ؟ ئەجەل قورقۇنچىسـ
چۇ؟ ئائىلىمىزدىن ئايرىدى، گازارمىنىڭ ئىچىدە قىيناپ، ھاـ
لىمىزنى قويمىدى ...» ــ دىگەن پىكىرلەر گىرىگورىينىڭ كالـ
لىسىدا قايناپ تاشاتتى. غەزەپتىن ئاغزى كوپۇكلەشتى.
«ھەممىسىنىڭ قوسىغى توق، شۇڭا چىرايى پارقىرايدۇ. سىزلەرـ
گە مىڭ لەنەت بولسۇن! سىزلەرنى شۇ تەرەپكە ئەۋەتىش كېـ
رەك! ئاتقا مىندۇرۇپ، مىلتىق تۇتقۇزۇپ، پىتلەرگە يەمقىلىش
كېرەك، سىزلەرگە كوكەرگەن نان، قۇرۇتۇلغان گوشنى يىگۇزۇش
كېرەك!...»

گىرىگورىي يالتىراق ئوفىتسېرلەرگە قاراپ كۆزلىرى بىلەن تېشىۋەتكىدەك بولاتتى، خىرەلەشكەن كۆز قارچۇغىنى شاھانە كىشىنىڭ خالتىدەك ئېسىلىپ تۇرغان يۈزلىرىگە تىكەتتى.

بۇ دون كازاكى، گىئورگىي كىرېستى بىلەن مۇكاپاتلانغان ئوردېنلىق ئەسكەر، — دوختۇرخانا باشلىقى ئىككى پۈكۈلۈپ گىرىگورىينى ئالىي كىشىگە تونۇشتۇردى، ئۇ بۇ سۆزلەرنى شۇنداق ئاۋاز بىلەن ئېيتتىكى، گويا بۇ ئوردېنغا ئۆزى سازاۋەر بولغاندەك.

— قايسى يېزىدىن؟ — دەپ سورىدى بۇ زات قولىدىكى بۆتىنى بەرمەكچى بولۇپ.

— ۋېشېنىسكايادىن، ئىمپېراتور ھەزرەتلىرى.

— كىرېست مېدالىنى قانداق خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىڭ ئۈچۈن ئالدىڭ؟

بۇ زاتنىڭ پارقىرىغان مەنىسىز كۆزلىرىدە زېرىككەنلىك، بىزارلىق ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ساغۇچ سول قېشىنى ھە دەپ يۇقۇرىغا لىككىلدىتىپ كۆتىرەتتى، بۇ ئادەت ئالىي كىشىنىڭ يۈزىنى مەنىلىك قىلىپ كۆرسەتەتتى. گىرىگورىي بىر دەم ئىچىدە كۆكرىكىنى مۇزدەك سوغۇق تەر باسقانلىغىنى، سانچىق تۇتقانلىغىنى ھىس قىلدى، بۇنداق ئەھۋال ھۇجۇمغا ئۆتۈشنىڭ دەسلەپكى پەيتلىرىدە يۈز بېرەتتى، ئۇنىڭ لەۋلىرى بارغانسېرى قېيشىيىپ، دىرىلداپ كەتتى.

— مەن... مۇمكىن بولسا... تەرەتكە بېرىپ كەلسەم... تەرەت... ئىمپېراتور ھەزرەتلىرى... قىستاپلا قالدى... — گىرىگورىي بېلى سۇنۇپ كەتكەن ئادەمدەك بىرلا مۈكچىيىپ، كارۋاتىنىڭ ئاستىنى قولى بىلەن كۆرسەتتى.

«ئۇلۇغ» زاتنىڭ سول قېشى دىڭگىيىپ، بۆتىنى سۇنغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قولى يېرىم يولدا توختاپ قالدى، ئۇ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ، قىپـ
لدىن كالپۇكلىرىنى دومسايتتى، يېنىدا ھەمرا بولۇپ يۈرگەن
ئاقۋاش گېنېرالغا قايرىلىپ، ئېنگىلىزتىلىدا بىر نىمە دېدى،
مۇلازىملارنىڭ ئۇگايسىزلىنىپ قالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى:
كوكرىكىگە كالۋىتوۋن بوغۇچ تاقىغان ئۇزۇنتۇرا ئوفىتسېر ئاق
پەلەي كىيىۋالغان قولى بىلەن كوزىنى سۇرتكەندەك بولدى؛
ئىككىنچى بىرسى بېشىنى توۋەن قىلىۋالدى، 3 ـ ئوفىتسېرسو-
ئال نەزىرى بىلەن 4 ـ ئوفىتسېرنىڭ يۈزىگە قارىدى...مويىسـ
پىت گېنېرال ئىمپېراتور ئالىلىرىغا تەبەسسۇم بىلەن ئېھتىرام
بىلدۇرۇپ، ئېنگىلىز تىلىدا بىر نىمىلەرنى دېدى، شۇندىن كېـ
يىن « ئۇلۇغ زات» ئىلتىپات كورسىتىپ، گىرىگورىينىڭ قولـ
غا بۇتنى تۇتقۇزدى، ھەتتا لۇتىپ ـ مەرھەمەت كورسىتىپ،قولى
بىلەن مۇردىسىنى قىيقىپ قويدى.

ئالى مېھمانلار كەتكەندىن كېيىن گىرىگورىي ئوزىنى
كارۋاتقا تاشلىدى، بېشىنى ياستۇققا تىقىۋېلىپ، ئىككى مۇ-
رىسىنى تىترىتىپ، خېلى ۋاقىتقىچە ياتتى. ئۇنىڭ يىغلىغانـ
لىقىنى ياكى كۇلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى، ئەمما ئورنىـ
دىن تۇرغاندا كوزلىرى قۇرۇق ھەم ناھايىتى روشەن ئىدى،
ئۇنى دوختۇرخانا باشلىقى دەرھاللا ئىشخانىسىغا چاقىرتتى.

— سەن لۇكچەك ئىكەنسەن!... — دەپ گەپباشلىدى ئۇ،
ھورۇن توشقاننىڭ يۇڭىغا ئوخشاش ساقىلىنى تۇتاملاپ.

— مەن سەن دېگەن لۇكچەكلەردىن ئەمەسمەن، ئېپلاس! —
دېدى گىرىگورىي ۋە توۋەنكى ئېڭىكىنى ساڭگىلىتىپ، دوخـ
تۇرنىڭ ئۇستىگە بېسىپ كەلدى، — فۇرونتتا سىزلەرنىڭ قاراڭـ
لارنى كورگىلى بولمايدۇ! — ئۇ يەنە ئوزىنى تۇتۇۋالدى ـ دە:
— مېنى ئويۈمگە يولغا سېلىڭلار! — دېدى.

دوختۇر ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتۈۋالدى ۋە مۆلايىملىق بىلەن:

— يولغا سالىمىز، كۆزىمىزدىن يوقال! — دېدى.

گرىگورىي كۆلكىسىنى توختىتالماي ئىشخانىدىن چىقتى، ئەمما كۆزلىرى غەزەپتىن چاقنايتتى.

ئالىي زاتنىڭ ھوزۇرىدا مۇدھىش، ئەدەپسىز قىلىقلارنى سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن، دوختۇرخانا مەمۇرلىرى گرىگورىينى 3 كۈن تاماقتىن مەھرۇم قىلدى. ئۇنى ياتاقداشلىرى بىلەن بوۋاسىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان رەھىمدىل ئاشپەز بېقىپ تۇردى.

## 24

4 - نويابىرغا ئۆتەر كېچىسى گرىگورىي مېلېخوپ پويېز ئىستانسىسىغا ئەڭ يېقىن بولغان نىژنىي يابلونوۋسكىي يېزىسىغا يېتىپ كەلدى، بۇ يېزا ۋېشېنسكايا بازىرىغا قاراشلىق ئىدى. ياگودنويې قورغىنىغا بىر نەچچە ئون چاقىرىم يول قالغان ئىدى. گرىگورىي ئاندا - ساندا ئۇچرايدىغان قورالارنىڭ يېنى بىلەن قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى، ئىتلار قاۋايتتى؛ دەريانىڭ نېرىقى ياقىسىدىكى تاللىق ئارىسىدا ياش بالىلارنىڭ ناخشا ئېيتقان ئاۋازى ئاڭلىناتتى:

ئورمانلىقنىڭ كەينىدە نەيزە ۋال - ۋال قىلىدۇ،
بۇرۇت قويغان يۈز كازاك ئات چاپتۇرۇپ كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياش ئوفىتسىر چاپماقتا ئەڭ ئالدىدا ئىلگىرىلەپ،
يۈز كازاكنى كەينىدىن ئەگەشتۈرۈپ، يېتەكلەپ.

ئاۋازى ئىنچىكە، جاراڭلاپ چىقىدىغان بىرسى ناخشىنى جانلاندۇرۇۋەتتى:

بۇرادەرلەر، ئارقامدىن قورقماي چېپىپ كېلىڭلار.

ئاۋازى بىر بىرىگە ماس ئاھاڭداش يىگىتلەر ناخشىغا تەڭلا قوشۇلۇشتى:

شۇ كورۇنگەن توساقنى دەرھال بىتچىت قىلىڭلار.
كىم ئالدىدا ئۇچقاندەك يېتىپ بارسا توساققا،
ئىگە بولۇر مېدالغا، باتۇر دېگەن ئاتاققا.

قەدىمدىن قالغان بۇ كازاك قوشىغىنىڭ تونۇش سوزلىرى گىرىگورىيغا ئاجايىپ يېقىملىق ۋە ئىللىق بولۇپ ئاڭلاندى، بۇ ناخشىنى ئۇ، ئۇرغۇن قېتىم ئېيتقان ئىدى. نەشتەردەك سوغۇق كوزلىرىگە سانچىلاتتى، كوكسى قىسىلاتتى. ئويىنىڭ مورىلىرىدىن پۇرقىراپ چىققان ئاچچىق تېزەك تۇتۇنلىرىنى گىرىگورىي تەشنالىق بىلەن پۇراپ، يېزىنىڭ ئىچىدىن ئوتمەكتە ئىدى، ناخشا سادىسى ھامان قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى:

ئىستىھكامىنىڭ ئۈستىدە تۇردۇق گويا سېپىلدەك،
ئۈستىمىزدىن ۋىژىلداپ ئوقلار ئۇچتى ھەرىدەك.
دون كازاكى خەتەردىن قورقۇپ قالماس ھېچقاچان،
لەيزە سانچىپ مەردانە، قىلىچ ئۇرار بىئامان.

يېگىتلىك چېغىمدا ناخشىنى مەنمۇ ئوبدان ئېيتاتتىم،
ھازىر ئاۋازىم قۇرىدى، تۇرمۇش ناخشىنىڭ يىلتىزىغا پالتا
چاپتى، مانا يات خوتۇننىڭ يېنىغا پانا ئىزلەپ كېتىۋاتىمەن،
بارىدىغان يېرىم، تۇرىدىغان ماكانىم يوق، ئاچ بورىدەك يۈ-
رىمەن... گىرىگورىي مانا شۇلارنى ئويلاپ، ھارغىنلىق بى-
لەن بىر خىلدا قەدەم تاشلايتتى. ئۆز يېشىغا كەلگەن بۇ غەلىتە
ھاياتقا ئېچىنىپ، ئاچچىق - ئاچچىق كۈلۈپ قوياتتى. يېزىدىن
چىقىپ، دوڭنىڭ يان باغرى بىلەن يۇقۇرىغا كوتىرىلدى، ئاندىن
ئەتراپقا بىر قاراپ چىقتى: ئەڭ چەتتىكى ئۆينىڭ دەرىزىسى-
دىن تورۇسقا ئېسىلغان چىراقنىڭ ساغۇچ يورۇغى چۈشۈپ تۇ-
راتتى، دەرىزە ئالدىدا بىر ياشانغان كازاك ئايال چاق ئىگى-
رىپ ئولتۇراتتى.
گىرىگورىي يولدىن چەتكە چىقىپ، ئۆششۈك تېگىپ سو-
لاشقان ھول ئوتلارنىڭ ئۈستى بىلەن ماڭدى. ئۇ ئەتىسى
تاڭ يورۇش بىلەنلا ياگودنويىغا يېتىۋېلىش ئۈچۈن چىر دەر-
ياسى بويىدىكى دەسلەپكى يېزىدا قونۇپ ئۆتۈش قارارىغا
كەلدى، يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە گىراچېپ يېزىسىغا كەلدى،
چەتتىكى ھويلىدا قونۇپ قالدى: ئەتىگەنكى بىنەپشەرەڭ شە-
پەق سوزۇلۇشى بىلەنلا يولغا چىقتى.
كېچىدە ياگودنويىغا يېتىپ كەلدى. ھېچكىمگە تۇيدۇر-
ماستىن تامدىن ئارتىلىپ چۈشتى - دە، ئات ئېغىلىنىڭ
يېنى بىلەن ماڭدى، ئېغىل تەرەپتىن ساشكا بوۋىنىڭ قاتتىق
يوتەلگەنلىكى ئاڭلاندى. گىرىگورىي توختاپ توۋلىدى:
— ساشكا بوۋا، تېخى ئۇخلىمىدىڭمۇ؟
— توختىغىنا، سەن كىم؟ ئاۋازىنى تونۇۋاتىمەن... بۇ
كىمدۇر؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساشكا بوۋا چەكمىنىنى يېپىنىپ ھويلىغا چىقتى.

— ياخەۋلىيا - پىرى كامىللار! گىرىشكا! سېنى بايىسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ مانا مېھمان!

ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ كورۇشتى. ساشكا بوۋا گىرىگورىي-نىڭ كوزىگە يەر ئاستىدىن قاراپ:

— قېنى ئىچكىرىگە كىر، تاماكا چېكەيلى، — دېدى.

— ياق، ئەتە كىرىمەن، ھازىر باراي.

— كىر دەۋاتىمەن، ساڭا گەپ باز.

گىرىگورىي خالار - خالىماس بويسۇندى. ئۇ تاختا كار-ۋاتنىڭ بىر چېتىگە ئولتۇردى، ساشكا بوۋا يوتىلىۋالغىچە كۈتۇپ تۇردى.

— خوش، بوۋا، ھايات بارمۇسەن؟ يەرنى چىڭداپ تۇردۇڭمۇ؟

— ئىش قىلىپ، مىدىرلاپ تۇرۇۋاتىمىز، مەن — چاقماق مىلتىقتەكمەن، ھازىرچە بۇزۇلمايمەن.

— ئاكسىنىيىچۇ؟

— ئاكسىنىيىگە نېمە بولاتتى ... ئاكسىنىيە يۇرۇپتۇ، خۇداغا شۇكۇر.

بوۋاي زورمۇ - زور يوتىلىپ قويدى. گىرىگورىي ئۇنىڭ ئەتەي يوتەلگەنلىكىنى ۋە ئۆز خىجىللىقىنى يوشۇرغانلىقىنى چايقىدى.

— تانيوشكىنى نەگە دەپنە قىلدىڭلار؟

— باغدىكى تېرەكنىڭ ئاستىغا.

— خوش، قېنى سوزلەۋەر.

— يوتەل مېنى بەك قىيناۋەتتى، گىرىشا ...

— شۇنداقمۇ!

— ھەممە ساق - سالامەت، پان ئىچكۈلىككە بېرىلىپ كەتتى ... ئىچكىنى ئىچكەن، ئەخمەق ئادەم، ئەقلى يوق.
— ئاكسىنىيە قانداق؟
— ئاكسىنىيەمۇ؟ ھازىر ئۇي خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.
— بۇنى بىلمەمەن.
— تاماكا چېكەمەسەن؟ چېكىپ باق، مەندە 1 - دەرىجىلىك ياخشى تاماكا بار.
— چەككىم يوق، گېپىڭنى قىلىۋەرگىنە، ئۇنداق بولمىسا كېتىمەن. مەن ھەممىنى سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن، — گىرىگورىي قاتتىق بىر قوزغىلىپ يان تەرەپكە ئۆرۈلگەن ئىدى، تاختا كارۋات غاراسلاپ كەتتى، — سەن قويىنىغا تاش سېلىۋالغان ئادەمدەك تۇرىسەن، بىر گەپنى مەندىن يوشۇرۇۋاتىسەن، بۇنى سېزىپ تۇرۇپتىمەن، ئۇرماقچى بولساڭ، ئۇر.
— ئۇرىمەن.
— ئۇر.
— ئۇرىمەن. ئېيتسام تىلىم كويىدۇ، گىرىشا، ئېيتمىسام دىلىم.
— ئېيتىۋەر، — دەپ يالۋۇردى گىرىگورىي ۋە بەكمۇ مېھرىۋانلىق بىلەن ئالقىنىنى بوۋايىنىڭ مۈرىسىگە قويدى. ئۇ مۈكچىيىپ بوۋايىنىڭ گېپىنى كۈتەتتى.
— سەن قويىنۇڭدا يىلان ئاسراپ يۈرگەن ئىكەنسەن!— ساشكا بوۋاي بىردىنلا قوللىرىنى غەلىتە كېرىپ، ۋىچىرلاپ كەتتى— يىلان بىقىپ يۈرۈپسەن ئەمەسمۇ. ئۇ، يېڭىگىنى بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتتى. ئەھۋال مانا شۇنداق.
بوۋايىنىڭ لېۋىدىكى قىپ - قىزىل تاتۇغىدىن ئېڭىكى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇستىگە يىلىمدەك شالى ئېقىپ چۈشتى. بوۋاي ئۇنى سىپاپ تاشلىدى ـ دە، قولىنى ماتا ئىشتىنىغا ئېرتتى.

ــ راست ئېيتىۋاتامسەن؟

ــ ئۆز كوزۇم بىلەن كوردۇم،ھەر كېچە يېۋگېنىي شۇ خۇتۇننىڭ قېشىدا، بېرىپ باق، ئۇ، ھازىرمۇ شۇ يەردە بولسا كېرەك.

ــ ھە ـ ھە، شۇنداق دىگىن...، ــ گىرىگورىي بارماقلىرىنى قاسىلدىتىپ، تىترەپ تۇرغان مەگزىنى سىلاپ، مۇكچەيگەن پېتى ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. قۇلاقلىرى قاتتىق زىڭىلدايتتى.

ــ خوتۇن كىشى دىگەن ــ مۇشۇكتەك بىر نىمە، كىم سىلاپ قويسا، شۇنىڭغا ئەركىلەيدۇ، سەن ئۇنىڭغا ئىشەنمە، ھەرگىز ئىشەنگۈچى بولما! ــ دىدى ساشكا بوۋا.

ئۇ گىرىگورىيغا تاماكا يوگەپ، تۇتاشتۇردى ـ دە، ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

ــ چەك، قېنى.

گىرىگورىي ئىككى قېتىم شوراپ، تاماكىنى بارمىغى بىلەن ئېزىپ ئوچۇردى، ئۇنچۇقماستىن تاشقىرىغا چىقتى، ــ خىزمەتكارلار تۇرىدىغان ئۆينىڭ دەرىزىسى ئالدىدا توختىدى؛ چوڭقۇر ۋە تېز ـ تېز نەپەس ئالاتتى، دەرىزىنى تاكىلداتماقچى بولۇپ، قولىنى بىرنەچچە قېتىم كوتەرگەن بولسىمۇ، ئەمما قولى سۇنۇپ كەتكەندەك، پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئاخىرى بارمىغىنى پۈكۈپ، دەسلەپ ئاستىراق تاكىلداتتى، كېيىن ئۆزىنى تۇتالماي، تامغا يولىنىپ تۇرۇپ، كىشەكنى قەھرى ـ غەزەپ بىلەن مۇشتلاشقا باشلىدى. كىشەك تىترەپ، ئېي-

نىڭ جاراڭلاپ كەتتى. ئەينەكتە كېچىنىڭ كۆكۈش نۇرى ئەكس ئېتەتتى.

ئىچكىرىدىن ئاكسىنىيىنىڭ قورقۇنچىدىن سوزۇنچاق بولۇپ قالغان يۈزى يالت قىلىپ كۆرۈندى. ئۇ ئىشىكنى ئاچتى - دە، «ۋاي» دەپ چىرقىرىۋەتتى. گىرىگورىي ئۇنى دەھلىزنىڭ ئوزىدىلا قۇچاقلىدى، كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى.

— سەن ئىشىكنى تاقىلداتقاندا، مەن قاتتىق ئۇخلاۋاتاتتىم... كېلەر دەپ كۈتمىگەن ئىكەنمەن... قەدىردانىم!

— بەك توڭلاپ كەتتىم.

ئاكسىنىيە، گىرىگورىينىڭ يوغان گەۋدىسىنىڭ ھەممە يېرى لاغىلداپ تىترەۋاتقانلىقىنى بايقىدى، قوللىرى چوغدەك قىزىپ كەتكەن ئىدى. ئاكسىنىيە ئىنتايىن ئالدىراپ قالدى، دەرھال چىراقنى ياقتى، ئاپپاق ماموقتەك يەلكىسىگە تىۋىت رومالىنى يېپىنىپ، ئۆينىڭ ئىچىدە پايپاسلاپ يۈرۈپ، مەشكە ئوت ياقتى.

— كېلىشىڭنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن... ئۇزاقتىن بۇيان خەت يازمىدىڭ ئەمەسمۇ... سېنى كەلمەسمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن... سەن مېنىڭ كېيىنكى خېتىمنى تاپشۇرۇۋالدىڭمۇ؟ ساڭا سوغات ئەۋەتمەكچى ئىدىم، كېيىن بىر ئاز تۇرۇپ تۇراي، بەلكى خېتى كېلىپ قالار، دەپ ئويلىدىم...

ئاكسىنىيە گىرىگورىيغا ئاندا - ساندا بىر قاراپ قويۇپ ياتتى. قىپ - قىزىل لەۋلىرىدە مۇزدەك قېتىپ قالغان تەبەسسۇمى ئېرىمەيتتى.

گىرىگورىي شىنېلىنى سالماستىنلا بەندىڭنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. ساقىلى ئۆسۈپ قالغان، ئىككى مەگزى ئوتتەك ياناتتى. پەسكە قاراپ تۇرغان كۆزلىرىگە بېشىدىكى باشلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ① سايىسى چۇشۇپ تۇراتتى. گىرىگورىي باشلىقنى بوشىتىپ، بېشىدىن ئالماقچى بولدى ـ يۇ، لېكىن توساتتىن بىسەرەمجان بولۇپ تاماكا خالتىسىنى ئالدى، يانچۇغىدىن قەغەز ئاقتۇردى. ئۇ چەكسىز قايغۇ بىلەن ئاكسىنىيىنىڭ يۈزىگە ئالمان ـ تالمان بىر قاراپ چىقتى.

گىرىگورىي بۇ يەردە بولمىغان جەرياندا ئىچىدە ئاكسىنىيە راسا تولىشىپ، بەكمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەن ئىدى.

ئۇنىڭ گۈزەل بېشىنىڭ ھالىتىدە قانداقتۇر يېڭى بىر نەرسە، خوجايىنلىق تۇسى ئىپادىلىنەتتى، پەقەت ھالقا ـ ھالقا جىنگىلەك چاچلىرى ۋە كوزلىرى... ئاۋالقىدەكلا ئىدى، ئەمما بۇ جاننى ئالىدىغان، چوغدەك يالقۇنلاپ تۇرغان ھوسنى مالاھەت ئەمدى گىرىگورىينىڭ ئەمەس. شۇنداق بولمايچۇ،چۈنكى ئۇ ئالىقاچان پاننىڭ ئوغلىنىڭ مەھبۇبىسى بول پ قالغان.

ـ سەن ھېچبىر خىزمەتكارئايالغا ئوخشىمايسەن،بۇئويىنىڭ خېنىمى بولۇپ قېلىپسەن.

ئاكسىنىيە قورقۇمسىراپ بىرقاراپ قويدى ـ دە، زورمۇـ زور كۈلدى.

گىرىگورىي سومكىسىنى سورەپ، ھويلىغا قاراپ ماڭدى.

ـ نەگە بارىسەن؟

ـ تاماكا چەككىلى چىقىمەن.

ـ كېيىن چىق، قۇيماق پىشتى.

ـ ھازىر كىرىمەن.

گىرىگورىي پىشايۋانغا چىققاندىن كېيىن ئەسكەرلىك

① باشلىق (تۇرۇكچە سوز) قۇلاقچا، تۇماقنى ياكى شەپكىنىڭ ئۇستىگە كىيىۋالىدىغان ئىسسىق باش كىيىمنى كورسىتىدۇ.

سومكىسىنىڭ تېگىدىن پاكىز كويىنەكـكە ئاۋايـلاپ ئوراپ قوـ يۇلغان گۇللۇك رومالنى ئالدى. بۇنى ئۇ ژىتومىر شەھىرىدە بىر يەھۇدى سودىگەردىن 2 سومغا سېتىۋالغان بولۇپ، كوز قارچۇغىدەك ساقلاپ كەلگەن ئىدى، ھەربىي يۈرۈش مەزـ گىللىرىدە ئۇنى يات ـ يات بوخچىسىدىن سۇغىرىۋېلىپ، ھەسەن ـ ھۈسەندەك جىلۋىلىنىپ تۇرغان گۇللىرىگە زوقلىنىپ قاراپ قوياتتى. ئۇ ئۇيگە قايتقاندا، بۇ رەڭدار رومالنى ئاكـ سىنىيىنىڭ ئالدىغا ئېچىپ قويۇشنى، ئاكسىنىيىنىڭ خوشاللانـ غانلىقىنى كورۇپ مەزە قىلىشنى كوز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. بۇ سوغىنىڭ ھالىغا ۋاي! گىرىگورىي سوغات جەھەتتە يۇقىرى دوندا ئەڭ باي پومىششىكنىڭ ئوغلى بىلەن بەسلىشەلەمدۇ؟ گىرىگورىينىڭ پىغانى تۇتۇپ، يىغلىۋېتىشكە تاس قالدى؛ رومالنى يىرتىپ پارە ـ پارە قىلىۋەتتى ـ دە، پەلەمپەينىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدى.سومكىسىنى بەندىگىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ، ئۇيگە كىردى.
— ئولتۇر، گىرىشا، ئوتتۇگىنى تارتىپ قوياي.
ئاكسىنىيە ئاللىقاچان قارا ئىشنىڭ يۈزىنى كورمىگەن ئاپپاق قوللىرى بىلەن گىرىگورىينىڭ قوپال سولداتچە ئوتتۇـ گىنى تارتتى. ئاندىن گىرىگورىينىڭ تىزىغا يۈزىنى يېقىۋېـ لىپ، ئۇزۇنغىچە يىغلىدى. ئۇ يىغلاپ ئىچىنى بوشىتىۋالغىچە گىرىگورىي گەپ قىلماي تۇردى، كېيىن:
— نىمىگە يىغلايسەن؟ كەلگىنىمگە خوشال بولمىدىڭمۇ ـ يە؟ — دەپ سورىدى.
گىرىگورىي تېزلا ئۇخلاپ قالدى.
ئاكسىنىيە كىيىمىنى كەيمەستىنلا پېشايۋانغا چىقتى ۋە نەم تۇۋۇرۇكنى قۇچاقلىغان پېتى قۇلاقنى تەشكىدەك چىرقىراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۇرغان ئىزغىرىن شامالدا مىدىر قىلماستىن تاك ئاتقىچە تۇردى.

ئەتىسى ئەتىگەن گىرىگورىي شىنېلىنى كىيىپ، پاىنىڭ ئويىگە قاراپ ماڭدى. قېرى پانپىشايۋاندا تۇراتتى، ئۇستىگە تېرە كەمزۇل، بېشىغا سارغىيىپ كەتكەن قاراكۇلا پاپاخ كىيىگەن ئىدى.

ــ مانا ــ مانا، گىئورگىي كىرىستمېدالىنىڭ قەھرىمانى. ئەمما سەن چوپ ــ چوڭ كىشى بولۇپ قېلىپسەنغۇ، ئىنىم!

ئۇ قولىنى چېكىسىگە تۇتۇپ سالام بېرىپ، قولىنى سۇندى.

ــ خېلى ئۇزاق تۇرامسەن؟

ــ ئىككى ھەپتە تۇرىمەن، جانابى ئالىلىرى.

ــ قىزىڭنىمۇ دەپنە قىلدۇق، ئىست، ۋاي ئىست...

گىرىگورىي ئۈنچۈقمىدى. يېۋگېنىي قولىغا پەلەي كىيىۋېتىپ، پىشايۋانغا چىقتى.

ــ گىرىگورىيمۇ سەن؟ نەدىن سورايمىز؟

گىرىگورىينىڭ كوز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى، ئەمما ئۇ كۈلۈمسىرىدى.

ــ موسكۋادىن كېلىشىم، دەم ئېلىشقا كەلدىم...

ــ شۇنداق دىگىن. كوزۇڭدىن يارىدار بولغانمىدىڭ؟

ــ شۇنداق.

ــ ئاڭلىغانمەن. ئۇ، ياش ئەزىمەت بولۇپ قېلىپتىغۇ، دادا؟ ــ يۈز بېشى بېشىنى ئىرغىتىپ گىرىگورىينى كورسەتتى، ئاندىن ئېغىل تەرەپكە كوز تىكتى. ــ نىكىتىچ ئاتنى ئېلىپ كەل!

ئۇزىگە تەمەننا قويغان مەغرۇر نىكىتىچ ئىزۋاشنى قوشۇپ بولدى ــ دە، گىرىگورىيغا كوز قىرى بىلەن ھومىيىپ، قېرى

بوز يورغىنى پەلەمپەينىڭ قېشىغا يېتىلەپ كەلدى. يېنىڭ ئىزۋاشىنىڭ چاقلىرى ئاستىدا توڭ يەرنىڭ بېتى غاراسلىدى.

— جاناپلىرى، رۇخسەت قىلسىڭىز، سىزنى بۇرۇنقى خاتىرە يۈزىسىدىن بىر ئايلاندۇرۇپ كەلسەم، قانداق؟ — گرىگورىي خۇشامەتكۈيلۈق بىلەن ھېجىيىپ يېۋگېنىيگە مۇراجەت قىلدى.

«بۇبىچارىنىڭ ھېچنىمىدىن خەۋىرى يوق» — دەپ كوڭلى توق ھالدا كۈلۈمسىرەپ قويدى يېۋگېنىي ۋە كوزەينەكنىڭ ئاستىدىن كوزلىرى چاقناپ كەتتى.

— مەيلى، مەرھەمەت قىل، بارساق بارايلى.

— بۇ نىمە قىلغىنىڭ، بۇ يەرگە كېلىپ ئۇھ دىمەستىنلا، ياش ئايلىڭنى تاشلاپ كېتەمسەن؟ ئۇنى سېغىنمىدىڭمۇ؟ — قېرى پان ئىلتىپات كورسىتىپ ھېجىيىپ قويدى.

گرىگورىي كۈلدى.

— خوتۇنۇم ئېيىق ئەمەسقۇ، ئورمانغا قېچىپ كەتمەس.

ئۇ، ئىزۋاشىنىڭ ئالدى ئورۇندۇغىغا چىقىپ ئولتۇردى؛ قامچىنى ئولتۇرغان يېرىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويۇپ، تىزگىننى تارتىپ تۈزىدى.

— ئېھ، يېۋگېنىي نىكولايېۋىچ، سىزنى بىر ئايلاندۇرۇپ كېلەي.

— سەيلە قىلدۇرۇپ كەل، چاي پۇلى ئالىسەن.

— مەن سىزدىن ئىنتايىن مىننەتدار. يەنە شۇنىڭغىمۇ رەھمەت ئېيتىمەنكى، مېنىڭ ئاكسىنيەمنى... بېقىۋاتىسىز... يىدۇرۇۋاتىسىز... ئىچتۇرۇۋاتىسىز... بۇنىڭ ئۈزىمۇ چوڭ ئىش.

گرىگورىينىڭ دۇدۇقلاپ، ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سوزلىشىدىن يۈز بېشىنىڭ كوڭلىدە گۇمان پەيدا بولدى. «بىلىپ قالغاندىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نېمە؟ ياق، بۇ ئەخمىقانىلىك! نەدىن بىلىدۇ؟ مۇمكىن ئەمەس». ئۇ ئىزۋاشنىڭ ئورۇندۇغىغا ئارقىسىنى قىلىپ تاماكا تۇتاشتۇردى.

— تېزرەك قايتىپ كېلىڭلار! — دەپ توۋلىدى قېرى پان ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن.

چاقلارنىڭ ئاستىدىن يىڭنىدەك مۇز پارچىلىرى چاچرىدى.

گىرىگورىي تىزگىنىنى سىلكىپ-سىلكىپ تارتىپ يورغا ئاتنىڭ ئاغزىنى يېرىپ، ناھايىتى تېز ھەيدەپ كەتتى. چارەك سائەت ئىچىدە ئۇلار دوڭدىن ئېشىپ پەسكە چۈشتى. دەسلەپكى سايلىققا يەتكەندە، گىرىگورىي ئىزۋاشتىن سەكرەپ چۈشتى-دە، ئورۇندۇقنىڭ ئاستىدىن قامچىنى سۇغۇرىۋالدى.

— نېمە قىلماقچىسەن؟... — يۈز بېشى ھومايدى.

— نېمە قىلاتتىم، مانا شۇنداق قىلىمەن!

گىرىگورىي قامچىنى ئايلاندۇرۇپ، بار كۈچى بىلەن يۈز بېشىنىڭ يۈزىگە بىرنى سالدى. ئۇ قامچىنى دەستىسىگە جۈپلەپ، يېۋگېنىينىڭ يۈزىگە، قوللىرىغا ئۇرۇۋېرىپ، ئۇنى كۆز ئاچقىلى قويمىدى. كوزەيىنىكىنى سۇنۇپ، بىر پارچىسى قېشىنىڭ ئۈستىنى تىلىۋەتتى. كۆزىنىڭ ئۈستىگە شىرقىراپ قان ئېقىشقا باشلىدى. يۈز بېشى دەسلەپ يۈزىنى قولى بىلەن ئېتىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۈستى-ئۈستىگە تاياق تېگىۋەردى. يۈز-كۆزى تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن يېۋگېنىي چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، جان-جەھلى بىلەن ئۆزىنى قوغداشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما گىرىگورىي ئارقىسىغا چېكىنىپ تۇرۇپ، بىلىكىگە كەلتۈرۈپ بىرنى سالدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى ئىشتىن چىقاردى.

— ماۋۇ ئاكسىنىيە ئۈچۈن! ماۋۇ مەن ئۈچۈن! ماۋۇ ئاكسىنىيە ئۈچۈن! مۇنۇ بىرسى يەنە ئاكسىنىيە ئۈچۈن! ماۋۇ مەن ئۈچۈن!

قامچا غۇيۇلداپ كېلىپ، چاس - چاس تېگەتتى. كېيىن مۇشت بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى ۋە يولنىڭ چېتىدىكى قىتىپ كەتكەن چىملىقنىڭ ئۈستىگە يىقىتتى - دە، يەرگە يۇمىلىتىپ، كەلگەن يېرىگە ئۇرۇۋەردى، ئېغىر ناھال قېقىلغان سولداتچە ئۇتۇگى بىلەن تېپىپ، دەسسەپ - چەيلىۋەتتى. ئۇنى ئۇرۇپ ھالىدىن كەتكۈزگەندىن كېيىن ئىزۋاشقا ئولتۇردى - دە، ھاي - ھۇيلاپ، ئاتنىڭ جېنىنى قويماستىن، قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ كەتتى. ئىزۋاشنى دەرۋازا ئالدىغا تاشلاپ قويۇپلا، تۈگمىسى ئېتىلمىگەن شىنېلىنىڭ پېشىگە ئورىلىۋېلىپ، قامچىنى مىجىقلىغان پېتى خىزمەتكارلار قوراسىغا چېپىپ كىردى.

ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلىش بىلەنلا ئاكسىنىيە ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىدى.

— رەزىل ئىپلاس!... قانچۇق!...

قامچا غۇيۇلداپ كېلىپ ئاكسىنىيىنىڭ يۈزىگە يوگۇشۇپ كەتتى.

گىرىگورىي ھاسىرىغان پېتى ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتى؛ ساشكا بوۋىنىڭ گېپىگە جاۋاپ بەرمەستىن، قورادىن چىقىپ يولغا راۋان بولدى. بىر يېرىم چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن، ئاكسىنىيە ئۇنى قوغلاپ يەتتى.

ئاكسىنىيە قاتتىق ھاسىراپ، ئۇنچۇقماستىن ئۇنىڭ بىلەن يانمۇ يان ماڭدى ۋە ئاندا - ساندا گىرىگورىينىڭ قولىدىن تارتتى.

ئاچا يولغا كەلگەندە، دالىدىكى قارىيىپ كەتكەن كى-

www.uyghurkitap.com

چىككىنە چېركاۋنىڭ قېشىدا يات بىر ئاۋاز بىلەن؛

— گىرىشا، كەچۈرگىن! — دېدى.

گىرىگورىي چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، ئېگىشىپ تۇرۇپ، شىنېلىنىڭ ياقىسىنى يۇقۇرى كوتەردى.

ئاكسىنىيە چېركاۋنىڭ نېرىسىدا قېلىپ قالدى. گىرىگورىي بىرەر قېتىممۇ ئارقىسىغا قايرىلىپ قويمىدى. ئاكسىنىيىنىڭ ئۇزىگە سوزغان قوللىرىنى كورمىدى.

دوگدىن چۈشۈپ تاتار يېزىسىغا كېتىۋاتقىنىدا قولىدىكى قامچىنى كورۈپ هاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى-دە، ئۇنى نېرىگە چورۇۋەتتى، ئاندىن چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ، تار كوچا بىلەن ماڭدى.

ئادەملەر دەرىزىدىن ئۇنى كورۈپ قېلىپ، هەيران بولۇشتى، يولدا ئۇچرىغان ئاياللار ئۇنى تونۇش بىلەنلا پەس ئېگىلىپ سالام بېرىشتى.

ئوز قوراسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا زىلۋا، قارا كوز چىرايلىق بىر قىز چىرقىرىغان پېتى يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ بويىنىغا مەهكەم ئېسىلدى. گىرىگورىي ئىككى ئالقىنى بىلەن ئۇنىڭ مەڭزىنى قىسىپ، بېشىنى كوتىرىپ، دەرهاللا دۇناشكىنى تونۇدى.

پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ پەلەمپەيدىن ئاقساقلاپ چۈشتى. ئويىنىڭ ئىچىدە ئانىسى ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. گىرىگورىي سول قولى بىلەن دادىسىنى قوچاقلىدى، ئوڭ قولىنى دۇناشكا سويۈۋاتاتتى.

پەلەمپەينىڭ تاختايلىرى ئاۋالقىدەكلا غىچىرلاپ كەتتى، بۇ تونۇش ئاۋازدىن گىرىگورىينىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. ياشانغان ئانا قىز بالىدەك چەبدەسلىك بىلەن يۈگۈرۈپ كې-

لىپ، ئوغلىنى باغرىغا باستى، شىنېلىنىڭ پەتلىسىنى كوز يېشى بىلەن چوپ قىلىۋەتتى؛ ئانا بىچارە ئوزىچە بىر نىمىلەرنى دەپ چۇلدۇرلايتتى، نىمە دەۋاتقانلىغىنى سوز بىلەن ئىپادىلەش تەس ئىدى؛ دەھلىزدە بولسا يىقىلىپ چۇشمەسلىك ئۇچۇن ئىشىككە مەھكەم يېپىشىۋالغان، رەڭگى ئاقىرىپ كەتكەن، قىيىن ئەھۋالدا كۆلۈمسىرەپ قالغان ناتالىيە تۇراتتى. گاڭگىراپ قالغان گىرىگورىينىڭ بىر نەزەر تاشلىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، پۇتلىرى تىترەپ يىقىلىپ چۇشۇشكە تاس قالدى...

× ×

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ كېچىدە ئىلئىنىچنانىڭ بېقىنىنى ئوقۇپ پىچىرلىدى:

— ئاستا بېرىپ قاراپ باققىنا، بىللە يېتىپتىمۇ ـ يوقمۇ؟

— مەن ئىككىسىگە كارۋاتتا ئورۇن سېلىپ بەرگەن ئىدىم.

— قاراپ باقماسەن، بېرىپ قارا!!

ئىلئىنىچنا مېھمانخانا ئىشىگىنىڭ يوچۇغىدىن قاراپ بېقىپ قايتىپ كەلدى.

— بىللە يېتىپتۇ.

— شۇنداقمۇ، خۇداغا شۇكۇر، خۇداغا شۇكۇر! — چال جەينىگىگە يولىنىپ، چوقۇنۇشقا باشلىدى، ئوپكىسى تىقىلىپ خىرىلداپ قالدى.

**静静的顿河（1）** （维吾尔文）

肖洛霍夫著

译者：热合木吐拉·加里　责任编辑：贺加克

---

新疆青年出版社出版　（乌鲁木齐市建设路九号）

新疆新华书店发行　新疆“八一”印刷厂排版

新疆日报社印刷厂印刷

850×1168毫米　32开本　23.875印张

1984年10月第1版　1984年10月第1次印刷

印数：1——10,300

---

统一书号：M10124·80　定价：1.60元